

جالالىدىن بەھرام

# ئامەت ۋە ئاپەت

2

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ھازىر زەھەرلىك چېكىملىك ياشلىرىمىزدا
بارغانسېرى ئېغىر ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانماقتا.
بۇ ئاپەت خەلقىنىڭ ئۈمىدى بولغان ياشلارنى
بەختسىزلەر، مەھبۇسلار، ساراڭلار، جەسەتلەر
لاگېرىغا ئىتتىرمەكتە. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى،
مىللەتنى يالغۇز تۆپ - زەمبىرەكلا ئەمەس، چې-
كىملىك نەيچىسى، ئىچىملىك رومكىسى بىلەن
بۇزۇقچىلىقمۇ خار- زەبۇن قىلالايدۇ !

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

جالالىدىن بەھرام

# ئامەت ۋە ئاپەت

ئىككىنچى توم

( رومان )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

ISBN 7-228-09997-4
9 787228 099979

ISBN 7-228-09997-4
(民文) 定价: 32.00 元

# يىگىرمە بىرىنچى باب

قەدىردان ، ئەسەت ئەرۋاھ ، زۇلئايلار خوتەنگە كەلگەنگە 20 كۈندىن ئاشتى . لېكىن ، ئاباق توختى ، ھۆسنارخانلار كەلمەي ، 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈندىكى توي ئارقىغا سۈرۈلمەكتە ئىدى . ئەسەت ئەرۋاھنىڭ چېكىشى ، ھەرخىل سەتەڭلەرنى ئويىنىشى ، ئېسىل كىيىنىشى قەدىرداندىن بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئارتىلىپلىۋالغانىدى . ھازىر قەدىردان قۇرۇق سۆلەت «بالا سەيگۈيۈەن»گە ئايلىنىپ ، ھېچنېمىسى قالمىدى . خوتەنگە ماڭىدىغان كۈنى مېھرىبانغا 30 مىڭنى بېرىپ ، ئۆزى توي قىلىش ئۈچۈن 20 مىڭنى ئېلىپ كەلدى . ھازىر ئۇنىڭدىن 10 مىڭ سومدەك خەجلىنىپ تۈگىدى . قەدىرداننىڭ خىرۇئىنغا ئۆگىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئوبۇلھەسەن ئۈرۈمچى بانكىسىدا قالغان پۇل چەكلىرىنى ئېلىۋېلىشتىن سىرت ، ئۇنى سەيگۈيۈەنلىكتىن قالدۇرۇپ ، مائاشىنى توختاتتى . قەدىردان : «رەسمىيلەشتۈردۇق دېگەنتىڭىزغۇ ؟» دەپ سورىۋىدى ، ئوبۇلھەسەن : «ئىسلاھات دەۋرىدە ھەتتاكى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرسىمۇ توختاملىق بولىدۇ ، رەسمىيلىشىش مەۋجۇت ئەمەس » دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى . ئوبۇلھەسەننىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ ئۆزى مەسئۇل بولغان «ياشلار بىناسى»نىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئىدى . چۈنكى ، خىرۇئىن چەككەن ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى ھەممە بىلەتتى . ھازىر قەدىردان «سەيگۈيۈەن»لىك خىزمىتىدىن ، بانكىدىكى پۇللىرىدىن ، خوتەندىكى زېمىنلىرىدىن ، چىرايلىق «لادا» ماشىنىسىدىن ئايرىلدى . ئەڭ ئاخىرقى 200 مىڭ سومنى ھۆسنارخان ئېلىۋالدى . پەقەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى شام چىراغتەك يورۇتۇپ تۇرغىنى ، دوستلۇقتىكى ئۆي ھەم سۆيۈملۈك ئايالى مېھرىبان ئىدى . قەدىردان ھۆسنارخاندىكى 200 مىڭ سوم-

ـنىڭ گېپىنى قىلىپ باقماقچى بولدىيۇ ، لېكىن يالتايدى . چۈنكى ، ھۆسنارخاندىن ئىبارەت سېرىق چايان خوتەندىكى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىپىز بىلەن بىرلىشىپ قەدىردانىنى سولىتىۋېتىشتىن يانمايتتى . قەدىردان ھۆسنارخان بىلەن ئابلىپىز-نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەتكە ھەيران بولاتتى . ئابلى-پىز ئۇرۇمچىگە بارسا ھۆسنارخاننىڭ «جەننەت نېمەتلىرى» ئاشخا-نىسىنى تاپاتتى . ھۆسنارخان خوتەنگە كەلدىمۇ ، ئابلىپىزنىڭ ئىش-خانىسىدا پەيدا بولاتتى . قەدىردان خوتەنگە كەلگەن يىگىرمە نەچچە كۈن ئىچىدە ئابلىپىز ئىككى قېتىم كېلىپ ، ئەسەت ئەرۋاھتىن ھۆسنارخاننىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلدى .

ئۇلار خوتەنگە كېلىپ ئاتباس بوجاڭنىڭ ئۆيىگە چۈشكەندىن كېيىن ، قەدىردان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھقا خەيرىگۈل مەخسۇس بىر ھوجرىنى جابدۇپ بەردى . زۇلئاي بولسا تېببىي مەكتەپتە ئوقۇۋات-قان گۈلنۇرنىڭ ياتىقىدا ياتاتتى . مانا ئەمدى ئەسەت ئەرۋاھ : «ئۇزۇكنىڭ ياقۇت كۆزىدەك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدىم . مەن ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم توي قىلىمەن» دەپ ، ھەپتىدىن بېرى نەلەردى-دۇر قونۇپ ، ئۆيگە ئاز كېلىدىغان بولۇۋالدى . ئەمما ، پۇلى تۈگى-گەن ھامان قەدىردانىنى غاجاش ئۈچۈن يېتىپ كېلەتتى . مانا بۈگۈن-مۇ ئەسەت ئەرۋاھ قەدىردانىنى قىزىق دەرۋازىدىكى بىر ئاشخانىغا چاقىرىپ ، ھېلىقى «ياقۇت كۆز»نى تونۇشتۇردى . توۋا دەپ ياقىنى تۇتماقتىن باشقا چارە يوق ، خىروئىن چەككەنلىكى ئادەم ئادىمىيلى-كىنى ، غۇرۇرىنى ، ۋىجدانىنى ئاق تۇتۇندە ئېرىتىۋېتىپ ، پەس-كەش ، چۈكىنەم ، ئادىمىيلىك ، ئەرلىك خىسلەتلەردىن ئايرىلىپ قالامدۇ نېمە ، ھېلىقى «ياقۇت كۆز» ئەسەتنىڭ ئۈلپەتلىرى بولغان قىمارۋاز ئەھەد تاۋكا ، ئىمىر ئۈچ بارماق ، ئۆمەر غالتەكلەر قەدىر-دان ھەر قېتىم كەلگەندە سولاپ بېرىدىغان رۇقىيە ئىدى ! لېكىن ئەسەت ئەرۋاھ قىزنى : «مېنىڭ سۆيۈملۈك پەرىشتەم ئاسىيە !» دەپ تونۇشتۇردى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئاسىيە قەدىرداندىن ئەسلىي ئىسمىنى يوشۇرغانلىقى ئېنىقلا تۇراتتى . كەچتە ئەسەت ئەرۋاھ

قايتىپ كەلگەندە ، قەدىردان ئۆزىنىڭ بولغۇسى قىيناكىسىنى ئا-
گاھلاندۇردى :
— ئەسەتكا ، ئۇ قىزنى ئۇنتۇپ كەت ، ساڭا ھەرگىز خوپ
كەلمەيدۇ .
— ھــەي ، ئاســيەنىڭ چىرايــلىقــلىقىغا پايلىــماي قىزغىد-
نىۋاتامسەن ؟
— نىمىلەرنى دەيدىغانسەن ، ئاسيەنىڭ جەمئىيەتتە نامى ياخ-
شى ئەمەس .
— ھەي ، خوتۇن ئالساڭ كوچىدىن ئال ، تۇزىۋىلىشىڭ ئۆ-
زۈڭدىن ، دىگەن گەپنى ئاڭلىمىغانما ؟
— ئا ••• قويغىنا ئۇنداق ماز گەپلىرىڭنى ، ئاسيە ئۇنىڭغا
لايىق قىزلاردىن ئەمەس .
— كونىلار : «ئوغرىنى تۇتساڭ مىلى بىلەن ، زىناخورنى
تۇتساڭ جۇپتى بىلەن تۇت » دەپتىكەن ، سەن ئۇنىڭ بىر ئەرنىڭ
ئاستىدا ياتقانلىقىنى كۆرگەنمۇ ؟
— مەن ••• مەنغــۇ كۆرمىگــەن ، — قەددىــردان دۇدۇقلاپ
كەتتى ، — بىراق نامى ياخشى ئەمەسلىكىنى ئاڭلىغان .
— قەدىردان ، ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسى راست بولىدىغان بول-
سا ، بۇ دۇنيادا بىرمۇ ئىشەنچلىك ئادەم تېپىلماس . بولدى قوي ،
كۆزۈڭگە ئۇخلا .
قەدىردان ياتقان بولسىمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئەسەت ئەرۋاھ
ئاسيەنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ ، ئۆمۈرلۈك جۈپتى ـ ھەمراھ
قىلىش ئۈچۈن ئالمايتتى . چۈنكى ، ھەر قانداق خروئىن چەككۈچد-
لەر يوشۇرماي ، ھېچكىمدىن تەپ تارتماي ، نومۇسنى قايرىپ قو-
يۇپ : «بىرىنچى خوتۇنۇم خروئىن » دىيەلەيدۇ ، ئەسەت ئەرۋاھ
ئاسيەنى ئۆزىنىڭ خروئىن بىلەن تەمىنلىنىشىنىڭ ئارقا تەمىنات-
چىسى قىلىش ئۈچۈن ئالاتتى ، ھەتتا گۇاڭجۇغا ئەكىرىپ ، تۇرمىگە
تۇتۇپ بېرىپ ، ئۆزى شىنجاڭغا قېچىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى .
ھېلىقى ماجەننىڭ ئەختەرنىساغا : «سىز ئىشقا سالغان قىز ـ

يىگىتلەردىن نەچچىسى تۇتۇلۇپ، قانچىسى كېسىلىپ كەتتى. بىر پاي كارتىڭىز بولمىغان، بۇ سولتەككە ئەجەب ئۆچكە ياغلىرىڭىز ئېرىپ كەتتى» دېگەن سۆزدىنلا، ئۇلارنىڭ نىيىتى ئېنىقلا تۇرمامدۇ.

قەدىردان ئەتىسى ئاسىيەنى ئىزلەپ تېپىپ، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كىچىك بېغىغا باشلاپ كىرىپ، سېمونت ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇردى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي ئاياغ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ لايىق تاللاشنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىش ئىكەنلىكى، بىردەملىك قىزغىنلىق ۋە ھەۋەس ئارقىسىدىن ماڭغاندا ئەڭ ئېغىر پاجىئەلىك قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىپ، ئەبەدىلئەبەد پۇشايمان ئىسكەنجىسىگە بوغۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، كۆڭلىگە «ئۇرۇمچى ئىشتىياقى» چىرمىشىۋالغان بۇ قىزغا قەدىرداننىڭ گەپلىرى خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك ئاڭلاندى.

— قەدىردان، كۇندەشلىك قىلمايۋاتقانسىز؟ — دېدى ئاسىيە ھاياسىزلىق بىلەن ھىجىيىپ، — بىر چاغلاردىكى ئىشلار يولدا كېتىۋېتىپ پارچە پۇل ئۇچراپ قالغاندەكلا گەپلەر، ئۇ ھەرگىز ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە پايلىمىغۇدەك ياخشى كۆرۈش ياكى مۇھەببەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ماڭا تولا ۋاززۇھا سۆزلەپ، زەردەمنى قايناتماڭە، بولامدۇ؟

— مەن سىزنىڭ تەقدىرىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ئەسەت مېنى خوتۇن قىلماي، ھاپلا قىلىپ يۇتۇۋالمايدىغاندۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك.

— تولا ئادەم قورقاتماڭە، — ئاسىيە قولىنى سىلكىدى، — بىزدەك سېسىق نامى پۇر كەتكەن قىزلارغا ئەر چىقمىقى ئاسانما؟ «ئەمدى ئادەملەرنىڭ سېپىگە قېتىلىۋالىدىغان بولدۇم» دەپ خۇش بولسام، نېمانداق گەپلەرنى قىلىدۇ، ئادەمنىڭ قولتۇقىدىنى تەرلىتىپ.

قەدىردان ئاسىيەنىڭ ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلـ-
گەندىن كېيىن ، ھۆسنارخان ، ئەختەرنىسا ، ئەسەت ئەرۋاھلارنىڭ
قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى دەۋەتتى . ئاسىيە خېلىغىچە گەپ
قىلماي ، بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ : «خەپ» دەپ قويدى .
— ھە ، نېمىگە خەپ دەيسىز ؟ — قەدىردان ھېچنېمىنى ئۇقالـ-
مىغاندى ، — ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچىما ؟ مەن سىزدىن ئەنسىرە-
ۋاتقىنىم ، سىزنى گۇاڭجۇلارغا ئاپىرىپ شۇ يەرنىڭ تۈرمىلىرىگە
تاشلاپ بەرمىسىلا بولاتتىغۇ .
— مەن ··· مەن ··· بۇ ئىشلارنى ئىنقىلاپ باقسام بولغۇدەك .
— ئەگەر بۇ گەپلەرنى مېنىڭ دېگەنلىكىمنى دەپ سالسىڭىز ،
مەندىن رەنجىمەڭ .
— نېمە دېمەكچى سىز ؟
— ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى دېيىشكە مەجبۇر بو-
لىمەن . ئۇ چاغدا ئەسەت ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت-
مۇ تەبىئىي ھالدا ئۈزۈلىدۇ ،
— مۇشۇنداق ئىپلاسلىقنىمۇ قىلارسىزمۇ ؟
— سىز ئەقىللىق قىز ، — دېدى قەدىردان گەپنى مىخ
قاققاندەك قىلىپ ، — ئەسەت مېنىڭ قېيناكام بولىدۇ ، ئۇ : «سەن
مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىپسەنغۇ» دەپ ياقامدىن ئالسا ، سىز دەپ
بېقىڭا ، مەن ئۆزۈمنى ئاقلىشىم كېرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ ؟
— بولدى ، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى چىقارماي ئىنقىلايمەن .
قەدىردان بىلەن ئاسىيە سۆزلىشىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، ھۆس-
نارخان بىلەن ئاباق توختى كەلدى .ئۇلار تامباغدىكى ئۆزلىرىنىڭ
ئۆيىگە چۈشتى . ئارىلىقتا شەھەرگە كىرىپ ئاباس ، خەيرىگۈللەر
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، توي كۈنىنى 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە
بېكىتتى . ئەمما ، ئۇ كۈنى ئەسەت ئەرۋاھ تامباغدىكى ئۆيىگە چىـ-
قىپ ، ھۆسنارخانغا دەردىنى تۆكۈپ يىغلىۋەتتى . چۈنكى ، ئۇ ئالـ-
دىنقى كۈنى ئاسىيە بىلەن سۆھبەتلىشىپ ، بەكمۇ ئۈمىدسىزلىككە
چۈشۈپ قالغانىدى .

— ئۇ ... ئۇ ... قىز بولمىسىمۇ مەيلى، دەپ كۆڭلۈمگە ئالمىسام، لېكىن: «سىلەر خىرونىن ساتىدىكەنسىلەر» دەپ قوش-قۇنغا ئولتۇرۇۋالدى.

— قىز بولمىسا تېخى ياخشى، ئاشۇنداقلىرى ئىشەنچلىك بولىدۇ، نېمىشقا دېسەڭ، «مېنىڭ قىز ئەمەسلىكىمنى يۈزۈمگە سالمىدى» دەپ، خۇشلۇقىدا تازا سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، — ھۆسنارخاننىڭ چېقىر كۆزلىرى ئالايدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەن ئۇنى «ھۈنەر»گە سېلىپ، ئارىلىقتىن چېكىمدىغىنىڭنى تاپە-سەن، شۇنداقمۇ، ئۇ قىزنى ئەتىلەتىن باشلاپ كەل، مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي.

ئەسەت ئەرۋاھ ئەتىسى چۈشلەر بىلەن ئاسىيەنى باشلاپ كەل-دى. ھۆسنارخان قىزنى كۆرۈپ، ئاق سېرىق ياپيا يۈزى خۇددى ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ كەتتى:

— ۋاي خۇدايىم، دۇنيادا بىر تال ئەتىۋارلىق، يالغۇز ئوغ-لۇمنىڭ گۈلى كېلىپ قاپتۇ ئەمەسما، مانا! ئانوش - ئانوش، تۇمۇچۇقنىڭ ئۆزلىكەيىيا بۇ مانتا، — ھۆسنارخان ئاسىيەنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، پېشانىسىگە شاپىلداپ سۆيدى، — ئاڭلىسام ئەسەتجانغا بىر نېمىلەرنى دەپسەن، بۇنداق ھەررەڭ - سەررەڭ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

— خەقلەردىن.

— قايسى خەقلەر ئۇ؟ ئوچۇقراق دېگىنە.

— بىر - ئىككى قېتىم رېستوراندا توي بولغاندا، ئەسەتجان بىلەن بىللە تۇرغىنىمنى كۆرگەنلەر سوراپتى، مەن دەپ بەرسەم، ئەتراپىمدىكىلەر شۇنداق دېيىشتى.

— ئۇلارنى تونۇمامسەن؟

— ياقەي، تونۇشمايمەن.

— توۋا قىلدىم، توۋا، بىز ئۇ «خۇدۇيۇم» دېگەن نەرسىنى كۆرۈپ باقمىساق.

— ئانا، «خۇدۇيۇم» ئەمەس، «خىرونىن»، — ئەسەتنىڭ

قەستەن چۈشەندۈرۈشىدىن ئاسىيە ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈۋەتتى ، — ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن ، ئۇنداق دېسەڭ خەقلەر مەسخىرە قىلىدۇ .

— ھە ، شۇ ئەمەسمۇ ، ئۇ نەرسە قارىمۇ ، قىزىلمۇ ، چىپارمۇ ئۇقمىساق ، مانا ئەمدى ئېشىمدا يوق پۇرچاق ، پوقۇمدا نېمىش قىلسۇن ، دېگەندەك ، ماۋۇ گەپنىڭ چىققىنىنى كۆرەيمۇ . ھەي ، ھەي··· بىز خەقنىڭ ئەسكىلىكى ، كۆرەلمەسلىكى قاچانمۇ تۈگەر ؟ نامرات بولساڭ «قوشنى ئىچىلىپ قاپتۇ ، ھويت ـ ھويت» دەپ كۈلۈشۈۋاتقان ، باي بولساڭ خۇدۇيۇمچى ، ئەتكەسچى ، پارىخور دەپ غاجىشىۋاتقان . بوپتۇ ، قىزىم ، سەن ئاشۇ ئۆسەك گەپلەرگە ئىشەنـ گەن بولساڭ ، بىر تال يالغۇزۇمغا خوتەندىن قىز چىقماي قالماس . ئايروپىلانغا سېلىپ ئۈرۈمچىگە پادىشاھنىڭ مەلىكىسىدەك ئېلىپ كېتەمىنا .

— ياقەي ، ئانا ، — ئاسىيە ئۈرۈمچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھاللا خىمىغا ياندى ، — مەن شۇ ئەسەتجانغا خەقلەرنىڭ گېپىنى دەپ بەردىم ، مەن ··· مەن ئىشەنگىلى ساراڭمۇ !

— ئەگەر كۆرسەڭ ، قىزىم ، كۆزلىرىڭگە ئىشەنمەيلا قالـ سەن ، — ھۆسنارخان ئاسىيەنى كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلار بىلەن باغلىماقتا ئىدى ، — خۇددى ئايروپىلاننىڭ قانىتىدەك يو ··· غان تاختىدىكى : «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» دېگەن ئالتۇن يالىتىلغان خەت بەش كۈنلۈك يەردىن پال ··· پال ، پار ··· پار ··· پار پارقىراپ تۇرىدۇ .

ئايروپىلاندا پادىشاھنىڭ مەلىكىسىدەك ئۈرۈمچىگە كېتىۋاتقان مەنزىرە كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان ئاسىيە ، بىردەمدىلا قەدىردانىنىڭ گەپلىرىنى ئۇنتۇدى . ئۇ بولغۇسى ئېرى ئەسەت ئەرۋاھ بىلەن بىر تەخسىدىن لەڭمەن يەپ شەھەرگە كىردى . ئۇلار كىنوخانىلارنى ئارىلاپ ، مەدەنىيەت يۇرتى ئالدىغا كەلدى ، ئېلان تاختىسىغا يېزىلـ غان چەت ئەلنىڭ مۇھەببەت كىنوسى ئېلانىنى كۆرۈپ ، سىنئالغۇ- خانىغا كىرەيلى دەپ تۇرۇشى ، يولنىڭ ئۇ چېتىدە ئىتتىك كېتىۋاتـ

قان قەدىرداننى كۆرۈپ قالدى . ئاسىيە : «چاقىرايلىمۇ ؟» دېيىد-
شى ، ئەسەت : «بولدىلا ، ئۆزىمىز كىرىلى» دەپ ، سىنئالغۇخانىغا
كىرىپ كەتتى . قەدىردان ئالدىراش قەدەملەر بىلەن پوچتىخانىغا
كىرىپ ، ئۇرۇمچى دوستلۇق يولى دوقمۇشىدىكى هاراق ، تاماكا ،
سوغۇق ئىچىملىك ساتىدىغان بوتكىنىڭ خوجايىنى ۋاڭ گولىڭ
دېگەن چوكانغا تېلېفون قىلدى . بۇ چوكاننىڭ ئانىسى زىققا كېسىلى
بولۇپ ، بەزىدە نەپەس ئالالماي كۆزلىرى ئالىيىپ كېتەتتى . قەدىر-
دان ئىككى قېتىم ئۇنىڭ ئانىسىنى هاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى
ۋە خەلق دوختۇرخانىلىرىغا كېچىدە ماشىنىسىدا ئاپىرىپ قويغاند-
دى . ئۇنىڭ بوتكا تىجارىتى سىرتىدا «ئاممىۋى تېلېفون» مۇلازى-
مىتى بار ئىدى . قەدىردان ئىشەنچلىك هالدا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت
قىلدى :

— ۋەي ··· ۋەي ، ۋاڭ هەدەمما ؟ مەن قەدىردان ··· مېھرىباننى
چاقىرىپ قويسىڭىز ، مەن يېرىم سائەتتىن كېيىن يەنە تېلېفون
قىلىمەن ، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم .

قەدىردان سائىتىگە قاراپ قويۇپ ، پوچتىخانىنىڭ تېلېفون
كۇتۇش ئۆيىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى . ئۇ پات - پاتلا قول
سائىتىگە قاراپ قوياتتى . كۆڭلىدە : «ۋاڭ هەدەم خالتا كوچىدا
ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ ، ئەنە بىنا هويلىسىغا كىردى ، مانا ،
ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى ، پاھ ۋۇي !
قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىدا كۆزلەر داۋامەت خۇمارلىشىپ تۇرىد-
غان هېلىقى مۇلايىم قىز بوسۇغىدا كۆرۈندى !»

قەدىردان ئەنە شۇنداق خىيالىي پەرەزلەر بىلەن يېرىم سائەتنى
تەستە توشقۇزدى . ئۇ مېھرىباننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تەقەززا
بولۇپ ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى ، ئاندىن نومۇرلا-
رنى بىر - بىرلەپ باستى .

— ۋەي ، ۋەي ، مېھرىبانما ؟ بولدى يىغلىماڭ . سىز ··· سىز
يىغلىسىڭىز ، مەن ··· مەن بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن . سالامەت-
لىكىڭىز قانداق ؟ دادامنىڭچۇ ؟

— ۋەي قەدىردان ··· دادام ··· دادام بەك خاپا قىلىپ كېتىۋا-تىدۇ ، «قەدىردان ساڭا چوقۇم جىق پۇل قويۇپ قويدى» دەپ ، كۈندىلا مېنى قىستايدۇ .

— مېھرىبان ، ھەرگىز ئەخمەقلىق قىلىپ بېرىپ سالماڭ ، بىر قېتىملا بەرسىڭىز ، «پۇل بار» دەپ كۈندە سىزنى ئاۋارىچىد-لىككە سالىدۇ . بەك قىستاپ كەتسە ، كۆكتات ، چاي ، تۇزغا تۇش-لۇق 300 سومىلا قويۇپ قويدى دەپ تۇرۇۋېلىڭ .

— قەدىردان ، سىز قايتىپ كەلسىڭىز ياخشى بولاتتى . دادام سىزدىن تەپ تارتاتتى .

— مەن سىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن تېلېفون بەردىم ، ھۆسنارخان ، ئاياق توختىلار كەلدى . توي 23 ـ چېسلا بولماقچى ، بىراق دادام بىلەن ئانام تويدىن كېيىن خوتەندە تۇرىسەن دەۋاتىدۇ ، ئەگەر سەل ھايال بولۇپ قالسام ئۈمىدسىزلەنمەڭ ، يىغلىماڭ ، مەن چوقۇم بارىمەن ، مېنى سۆيۈپ قويۇڭ .

— قانداق سۆيىمەن ؟

— تۇرۇپكىغا سۆيسىڭىز ئاڭلايمەن .

— ئاڭلىدىڭىزمۇ ؟

— ئاڭلىدىم ، رەھمەت ، مەن سىزگە داۋاملىق تېلېفون قىلىد-مەن ، خەير ـ خوش .

دەرۋەقە ، كاۋاپچى ئابابەكرى قىزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ، كىيىم ـ كېچىكى ، تۇرمۇش چىقىملىرىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ ، يەنىلا كاۋاپچىلىقتىن تاپقان پۇلىنى كۈندە ئىككى قېتىم چەككۈدەك خىروئىنغا يەتكۈزەلمەي ، قىزى مېھرىبانغا تاۋان تاشلاپ ، ئارتىلد-ۋالغانىدى . ھېلى پۇل بەر دېسە ، ھېلى قەدىرداننىڭ گۇاڭجۇدىن ئېلىپ كەلگەن ئاق تاماكىسىنى ماڭا ئاچىقىپ بەر ، دەپ قىستايتد-تى . مېھرىبان قانچە قېتىم : «جېنىم دادا ، مېنىڭ خاپا بولىدىغاند-لىقىمنى بىلىپ ، قەدىردان ئۇنداق نەرسىنى ئۆيگە ئەكىرمەيدۇ» دېسىمۇ ، يەنىلا بىزەڭلىك قىلىپ تۇرۇۋالاتتى .

ئابابەكرى مۇشۇ كۈنلەردە پات ـ پاتلا مەست بولۇپ قېلىپ ،

قىزىنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالىدىغان بولۇۋالدى . تۇن نىسبىدە غەلىتە شەپىلەر قۇلىقىغا كىرىپ قالغان مېھرىبان يۇمشاق كىلەمگە يالاڭ ئاياغ دەسسەپ مېھمانخانىغا چىقىپ ، دادىسىنىڭ ئۆمىلەپ يۈرۈپ دىۋان ، چوڭ ئىشكاپ ، تىكلىمە سائەت ، ئىسسىق - سوغۇق ھاۋا تەڭشىگۈچ ، ھەتتا تام ئىشكاپلىرى ئىچىنى ئاختۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى . شۇڭا ، مېھرىبان 29 مىڭ سوملۇق چەكنى ئىچ كىيىمگە يانچۇق تىكىپ ، شۇ يەردە كېچە - كۈندۈز ئۆزىدىن ئايرىمىدى ، خەجلەش ئۈچۈن ئېلىپ قويغان مىڭ سوم پۇلنى قارا چاي قۇتىسىنىڭ ئاستىغا سېلىۋەتتى . بىر قارىغان ئادەم ئەينەك قاچىدىكى قارا چاينى ئېنىق كۆرەلەيتتى ، لېكىن تېگىدىكى پۇل كۆرۈنمەيتتى . بىر كۈنى ئابابەكرى : «پۇل بەرمىسەڭ ئۆيدىن چىقمايمەن» دەپ ، مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىۋالدى . مېھرىبان ئۇنىڭغا قانچە يېلىنىپ باقسىمۇ ، ئۇ كاجلىق قىلىپ ئورنىدىن تۇرمىدى . شۇڭا ، مېھرىبان ئۇنىڭغا :

— قەدىردان تاماق راسخوتى ئۈچۈن 300 سوم قويۇپ قويغان . چاي ، تۇز ، كۆكتات ئېلىپ ئۇنىڭدىن 230 سوم قالدى ، شۇنى بېرەي ، ئەمما مېنىڭ ئۈچ ۋاخ تاماقىمنى سەن بېرىسەن ، — دېيىشى ، ئابابەكرى ياتقان يېرىدىن خۇددى بۆرگە چېقىۋالغاندەك چاچراپ تۇرۇپ كەتتى :

— ھوي ، مەن 230 سوم پۇلغا خەقنىڭ خوتۇنىنى قانچىلىك باقىمەنا ؟ ئۇ ئوغرى يېڭى ئالغان خوتۇنى بىلەن جاھاننىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كەلمەي قالسا ، سېنى يەنىلا باقامدىم ؟ ئۆتەپ بارە نېرى ، تازىمۇ بىر...

— جېنىم دادا ، سىز ئۇنداق ئەمەستىڭىز ، ئاشۇ نىجىس سىزنى نېمىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى . سىز ئۆز بالىسىغا پەسلىك قىلىدىغان ، بالىسىنىڭ يېگەن - ئىچكىنى بىلەن ھېسابلىشىدىغان ئادەممىدىڭىز ؟ ! سىز ... سىز ... ئانام ھايات چاغلىرىدا قانداق دادا ئىدىڭىز ؟ ھېيت - بايراملاردا بىزنى باغچىلارغا ئاپىرىپ ئويناتتىڭىز ، بازاردىن ئالغان يېڭى كىيىملەرنى ئانامغا كىيگۈزۈپ ،

ئۇنى قوچاقلاپ كۆتۈرگەنچە ، ئەينەك ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتىڭىز ، مېنى تۆگە ـ تايلاق قىلىپ نە ـ نەلەرگە ئاپىراتتىڭىز ، قېنى شۇ ئادىمىيلىكىڭىز ؟ قېنى شۇ پاك ئىمانىڭىز ؟ نەلەرگە يوقالدى مې- نىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك دادام !

ئىشىك بوسۇغىسىغا بېرىپ بولغان ئابابەكرى ئىشىككە يۆلەن- گىنىچە هۆركىرەپ يىغلىدى :

— جېنىم قىزىم ، بۇ ... بۇ مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس . مەن قاچانكى شۇنىڭغا داخىل بولدۇم ، ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم ، ئۇنى چەكمىسەم مەن مۇشۇ پانىي دۇنيانىڭ ئۆزىدە دوزاخ ئازابىنى تارتىمەن ، خۇمارىم راسا تۇتقاندا ، ئىتتىك پالتا بىلەن مېنى چاند- غان بولسىڭىز ، بەك ... بەك ئارام تاپقان بولاتتىم .

ئابابەكرى سەنتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى ، مېھرىبان يۇم ـ يۇم ياش تۆككىنىچە خۇداغا نالە قىلدى :

— ئاھ خۇدا ! بارلىق بالا ـ قازالارنىڭ ئاچقۇچى بولغان ئاشۇ قاباھەتنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان مەخلۇقنى جازالا ! يەتتە دوزاخ ئازابىدا قىينا ! ئۇنىڭ كۈللىرى 18 مىڭ ئالەم ئاسمىنىدا توزۇپ كەتسۇن !

مېھرىبان كۆيۈمچان دادىسىنىڭ هازىرقى مەلئۇنلۇقىنى ، ئۆ- زى ياخشى كۆرگەن ئېرىنىڭ دۇم يېتىپ نەيچە بىلەن ئاقۇش ئىسنى سۇمۇرگەنلىكىنى كۆرگەندە ، كىچىچە ئەنە شۇنداق ئاللاغا ئىلتىجا قىلىش ، كىملەرنىدۇر قارغاپ ، تىللاش بىلەن كۆڭلىگە تەسكىن تاپاتتى . خەيرىيەت ، مېھرىبان دېگەندەك ، ئابابەكرى كۆيۈمچان ، ئاق كـۆڭۈل ، بىر سـاددا ئـاتا ئىدى . هازىر ئۇ «ئاق» ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسى ، هەتتا پەرزەنتىنىڭ قېنىنى ئىچىدىغان ياۋۇزغا ئايلاندى ! ئۇ ئەرلىك هەم ئاتىلىق غۇرۇرىنىڭ ئۈستىگە سىيىپ تۇرۇپ ، ئۆز قىزىنى قەدىردانىنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردى . بىر چىرايلىق ئوماق هەم كىچىك بىر قىزنى بىر بوينىنىڭ قويىنىغا تاشلاپ بەرسە ، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەمدا ؟ بىلىدۇ ! بىلىپ تۇرۇپ قىلدى ! ئاشۇ لەنىتى ئاق تۇتۇن ئۈچۈن ! ھېلىمۇ

ياخشى ، بۇ ئىككى ئۆسمۈرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ خالىسلىقىدىن ئاللا ئۇلارنى بالدۇر ئۇچراشتۇرۇپ ، دىل رىشتىلىرىنى ئالدىن باغلاپ قويغانىدى ! شۇڭا ، بۇ كىچىك ناتىۋان خارلانمىدى ، ئەكسىچە ھۆرمەت ـ تۆسىبى ئۇلۇغلاندى ! ئىمانى پاك ھەرقانداق بەندە ئاللانىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالمايدۇ . شۇڭا ، دانىشلىرىمىز :

سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى ،
خار ئېتەلمەيدۇ كىشى .
سەن ئەگەر خار ئەيلىسەڭ ،
ھەر جايغا بارسا خار كىشى ...

دەپ ، ئەھلى ئىنسانلارغا بېشارەت بەرگەنىدى .

مېھرىبانىنىڭ ئېرى قەدىردانى : «چاپسانراق قايتىپ كېلىڭ» دېيىشىدىكى سەۋەب ، ئۇ راستىنىلا دادىسىدىن قورقۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ خومارى تۇتقاندا ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ، ئاغزىدىن قانداق گەپ چىقىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى ، ھەتتا مېھرىبانىنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ : «ماڭ ، پۇل تاپ ، تېنىڭنى سات ! تەن دېگەن قانچىلىك نېمىتى ! ئادەم ئۆلسە بىر سىقىم توپا» دەپ يەرلەردە يۇمىلايتتى ، چىرقىرايتتى ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايىنىتىپ خارقىرايتتى ، ئەگەر شۇنداق چاغلاردا قولىغا پىچاق ياكى چەيدو چىقىپ قالسا ، «بالام» دېمەي چانىشى ياكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى ، ھەتتا ئۇ ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان قەدىردانىنىمۇ غايىۋانىسىگە تىللاپ ، كاسات بازاردا بىر كۆشۈككە ئالغۇسىز قىلىۋېتەتتى . ئەلۋەتتە ، قەدىردان خروئىنىنىڭ خومارىنىڭ يامانلىقىنى بىلىدۇ . شۇڭا ، ئۇ دەسلەپتە ئىچى ئاغرىپ ياخشىلىق قىلغان بولسا ، كېيىنچە مېھرىباندىن ئەنسىرەپ قالدى . ھالىغا باقماي خروئىنغا ئۆگىنىپ قالغان بۇ كاۋاپچى خومارى تۇتقاندا قىزىنىڭ كۆكسىنى سېتىشى ، ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، ھەتتا قاتىللىق قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . شۇڭا ، قەدىردان ئۇنى خروئىن بىلەن

تەمىنلەپ تۇردى ، قىزىڭىزنىڭ ئىش ھەققى دەپ ، يانچۇقىغا پات ـ پات پۇل سېلىپ قويدى ، ئەمما بۇنى چەككەن ئادەم ۋەھشىي قانخور بولۇپلا قالماي ، بارا ـ بارا قارا كۆڭۈل ، بەتنىيەت بولۇپ كېتىدىكەن . ھازىر ئابابەكرىنىڭ پىكىر ـ خىيالى قىزى مېھرىبان ئولتۇرغان 140 كۋادرات مېتىرلىق ئۆي ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى 40 ـ 50 مىڭ سوملۇق بىساتتا قالغانىدى . ئەگەر قەدىردان ئولتۇرغان ئايروپىلان ئاسماندا پارتلاپ كەتسە ، ئۇنىڭ تېنى كۆيۈپ ، كۈلىمۇ قالمىسا ، چۈشكەن ئاپتوبۇسى تاغدىن يۇمىلاپ ، نەچچە 100 مېتىر ھاڭ ئاستىدا بىر دۆۋە كۆيۈندىگە ئايلانسا ، ياھ ، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە ؟ ! ئۇ چاغدا مۇنۇ 280 مىڭ سوملۇق ئۆي ، خاڭجۇنىڭ قاپارتما گۈللۈك بىر يۇرۇش گىلەملىرى ، ياپونىيىنىڭ 35 دىيۇملۇق تېلېۋىزورى ، توڭلاتقۇ ، ئالىي دەرىجىلىك كىرئالغۇ ، ئىسسىق ـ سوغۇق ھاۋا تەڭشىگۈچ ، ھەيۋەتلىك دىۋان ، ئورۇندۇق ، نەچچە ھۇجرىدىكى قىممەت باھالىق چەت ئەل جابدۇقلىرى… ئالە شەرىڭنى ، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئامەتقۇ بۇ ! نەچچە يىل ئوڭدا يېتىپ چەكسەڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ .

نىيىتى بۇزۇلغان ئابابەكرى پات ـ پات قىزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، دىۋاندا ئولتۇرغىنىچە ھەممە نېمىنى كۆڭلىدە دەتلاپ چىقاتتى ، ھۇجرا ، ئاشخانا ئۆيلەردىكى جابدۇقلارنى باھالايتتى . ئۇ شۇنداق قىلغانسېرى ، قەدىردانغا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىۋاتاتتى . مانا ، قەدىرداننىڭ خوتەنگە كەتكىنىگە ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى . بەلكىم ئۇنىڭ قېيناتا ـ قېيىنانىلىرىمۇ قايتىپ كەلگەندۇ . ئەگەر ئۇلار قەدىرداننىڭ خروئىن چېكىدىغانلىقىنى ھەم ساتىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسا ، چوقۇم قىزىنى ئاجراشتۇرۇۋېلىپ ، قەدىرداننى سولىتىۋېتىشى مۇمكىن .

خروئىن زەھىرىدىن ئەقلىنى يوقاتقان ئابابەكرى نەشىكەش بەڭگىنىڭ خام خىياللىرىنى تولا قىلىپ ، چوققىسىدىكى شالاڭ چاچلىرىمۇ چۈشۈپ ، پېشانىسىدىن گەدەنگىچە تاقىرلىشىپ كەتتى .

ئۇ بىر كۈنى مايلىشىپ كەتكەن شىلەپىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا باردى. بۇ چۈش ۋاقتى بولغاچقا، خېرىدارلار كۆپ ئىدى. ئابابەكرى بىر تەخسە لەڭمەن بۇيرۇتۇپ قويۇپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى. ئۇ كاسسىدا ئولتۇرغان هۆسنارخاننىڭ سۈرلۈك هالرەڭ ياللپا يۈزىگە، چېكىدىۋالغان كۆپكۆك ئىنچىكە قاشلىرىغا، ئاچچىق بىر چېقىن چىقىۋاتقان چېقىر كۆزلىرىگە قاراپ تېنى شۈركەندى. ئىچىدە: «پاھ، ئەزرائىلنىڭ تۈكى بارمۇ بۇ خوتۇندا، نېمانچە سۈرلۈك!» دەپ ئويلىدى. ئاشخانىدا 20 نەچچە ياشلىق بىر يىگىت بىلەن چىرايلىققىنا بىر چوكان خېرىدارلارغا تاماق توشۇپ، چىنە ـ قاچىلارنى يىغىپ يۈرەتتى، هۆسنارخان پات ـ پاتلا بويىنىنى سوزۇپ ۋارقىرايتتى:

— هەي ئاسىيە، نېمە ئەزمەڭنى ئېزىسەن، مېهمانلارغا ئاش سۈيى ئاچىقىۋەت.

— توختىيار، يېڭى مېهمانلارغا چاي قۇي، شىرەلەرنى سۈرت، ۋۇي ئەزمە قوتا...

— توۋا ماۋۇ ئاسىيەنى، ئادەم بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتسا، ئەينەككە قاراپ، قېشىنى ھىمىرىۋاتقىنىنى! بول دەيمەن، توخۇ پوقى، جۇۋاينىمەك.

ئاسىيە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى، ئابابەكرى ئاسىيە هۆسنارخاننىڭ قىزى، خىزمەتچىسى ياكى كېلىنى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. لېكىن، ئۇ قىز ئەكېلىپ بەرگەن بىر تەخسە لەڭمەننى ئاغزىغا تولدۇرۇپ تىقىپ، سۈمۈرۈشكە باشلىدى. چۈشتىكى قاتلاڭچىلىق ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن، ئاشخانىدا خېرىدارلار سېلىكىپ قالدى. بارا ـ بارا ئاشخانىدا هۆسنارخان هەم مۇلازىملاردىن باشقا ئادەم قالمىدى. سوۋۇپ قالغان ئاش سۈيىنى ئەزمىلىك بىلەن ئىچىپ بولغان ئابابەكرى سەل دوكراق دۈمبىسىنى قىسماقتەك ئېگىپ پەشتاختا ئالدىغا كېلىپ لەڭمەننىڭ پۇلىنى تۆلىدى، ئاندىن ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، هۆس-

ـنارخانغا بوينىنى سوزدى :
— خوجايىن ، مەشەدە قەدىردان دېگەن ئېگىز ، چىرايلىققىنا بىر بالا بارما ؟ — دېدى ئابابەكرى پەس ئاۋازدا ، — ئۇنى مەشەدە دەپ ئاڭلىغان .
— ئۇنىڭدا نېمە ئىشلىرى بار ئىدى ؟ — ھۆسنارخاننىڭ قوشۇمىلىرى بىر يەرگە يىغىلدى ، — ئۇ مېنىڭ كۈيئوغلۇم بولىدۇ .
— شۇنداقمۇ ؟ ئاپلا ، ما ئىشنى كۆرۈڭ ، قانداق بولۇپ ئۇ كاززاپ سىلىنىڭ كۈيئوغۇللىرى بولۇپ قالغاندۇ ؟
— زادى نېمە ئىشتى ، تولا تىلىڭنى چاينىماي گاچ - گاچ گەپ قىلمامسەن ، — ھۆسنارخان جىددىيلەشتى ، — ھە ، دېگىنە ؟
— مەن خروئىننى داۋاملىق شۇنىڭدىن ئالاتتىم ، — ئابابەكرى دۇدۇقلىدى ، — ئۇ ئۆتكەندە مەندىن خېلى جىق پۇل ئېلىپ ، قېينانامدىن ئېلىپ بېرىمەن ، ئۇنىڭدا قانچىلىك خروئىن دېسە بار ، دېگەنىدى .
ھۆسنارخاننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى . بۇ كۆرۈمسىز ئاپپاق دۆك ھۆكۈمەتنىڭ ئايغاقچىسىمۇ ياكى قورقاق سېلىپ ئارىدىن نەپ ئالىدىغان ساختىپەز قويمىچىمۇ ؟ ئەجەب قەدىردانىنى تونۇيدىكەن ھەم ئاشخانىنىڭ ئىچكى سىرىدىن خەۋىرى باركەن . توختا ، بۇ ئوغرى نېمانداق دەككە - دۈككە ئىچىدە تۇرغاندەك ، كۆز قارىچۇقـ ـلىرى پىلدىرلاپ بىر يەردە توختىمايدۇ ، تۇرقىمۇ توخۇ ئوغرىسىدـ ـدەك ئەنسىز كۆرۈنىدۇ . ئۇ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، بىزنى ھەم ئاشخانىمىزنى چېكىپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇشى مۇمـ ـكىن . شۇڭا ، ئۇنتۇمىغۇدەك ، بىر ئۆمۈر يادىدا قالغۇدەك ئەدىپىنى بېرىش كېرەك .
— ھاي كازىم ، ئەسەت ، توختىيار ، قېنى سىلەر ؟ — ھۆسنارخاننىڭ ئاۋازىدىنلا قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنى سەزگەن مۇلاـ زىملار يەڭلىرى تۈرۈلگەن ھالدا پەيدا بولدى ، — مۇنۇ يىكەن تـوخۇسى بىزنى «خروئىنچى» كـۆرۈۋاپتـۇ ، نېمىگە قاراپ تۇردـ

سىلەر...

ئىش ئاشخانىنىڭ ئىچىدىلا باشلىنىپ كەتتى، ئوت، تەپ، دەسسەلەر بىلەن يۇمىلىنىپ، ئۆمىلەپ سىرتقا چىققان ئابابەكرى «ۋايجان» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى، بىر دەمدىلا قاش - قاپاقلىرى يېرىلىپ، ئاغزى - بۇرۇنلىرى قاناپ، كەڭ يولنىڭ ئۇ قانتىدىكى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۆتۈۋالدى. ئەمما، قارچىغىدەك تىكىلىپ تۇرغان ھۆسنارخان ئاچچىقىدا ھېلىھەم ھاسىراپ تۇراتتى، خوتەندىن كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ كەيپىياتى چىگىش ئىدى. تويمۇ قىلماي، بىر ئاخۇنۇمنى ئەكىرىپ نىكاھ قىلىپلا ئوغلىغا چېتىپ قويغان ئاسىيە بىرنەچچە كۈنلەردىن بېرى مۈڭگۈز چىقىرىۋالغان بولۇپ، كۆڭلىنى ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. ئۇ: «چوڭ توي قىلىمەن»، «زىبۇزىننەت ئېلىپ بەرمىدى»، «يۇندىپۇرۇشلۇققا سالدى»، «ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بەرمىدى» دەپ، ئېرى ئەسەت ئەرۋاھ بىلەن ئۇرۇشۇپ، قېينانىسىغا باتناپ يۈرەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئامراق قىزى زۇلئاينى كۆرگۈسى كېلىپ جىلە بولۇپ تۇرغان ھۆسنارخان ئۇچۇن ئاسىيەنىڭ بۇ يولسىزلىقلىرى خۇددى دادىسىنىڭكىدىن ئانىسىنىڭ ئۆزىراپ كەتكەندەكلا ئاچچىقىنى كەلتۈردى، بولۇپمۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئېپى - جېپى بىلەن باشقۇرىدىغان، ئايىغى تېز، قولى چاققان، كۆزى ئىتتىك زۇلئاينىڭ قاراپ تۇرۇپ خەقنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىچى تارتىلاتتى. تەرەببا بېرىپ ئاجراشتۇرۇۋالاي دېسە، تۇتقۇدەك ساپاق، ئىلىندۇرۇۋالغۇدەك باھانە - سەۋەب يوق، ھازىر قەدىردان دېگەن دۇنيانىڭ ھېچ ئارزۇلىغۇدەك يېرى قالمىدى! ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھەيۋىسى، ھۆرمەت - ئىناۋەتلىرى، سۆلەت - ئابرۇيلىرى، بانكىدىكى پۇل - پۇچەكلىرى توزغاقتەك توزۇپ، تالا - مەجنۇن پوتلىسىدەك نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتتى! ھۆسنارخان ئەنە ئاشۇنداق بەڭگىدەك گاراڭ يۈرگىنىدە، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تەپكەندەك، مۇنۇ يىگەن توخۇسى ئايپاڭۋاشنىڭ، سىلىدە خروئىن چىققەن دەپ، بىلجىرلاپ يۈرگىنىنى كۆر-

مەمدىغان ! ئاپلا ، بۇ ئەبلەخنىڭ ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويغۇلۇق. كەن ، ئەگەر بولمىسا ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالسىمۇ ، بەزى خەتەرلەر. نىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ ! خەپ ، ئۇ يەنە بىر قېتىم پەيدا بولسۇن قېنى ! سەندەك ئايپاڭۋاش دوكقا بوزەك بولىدىغان هۆسنارخان تېخى تۇغۇلمىدى !

هۆسنارخان ئەنە شۇنداق «كىمنى چاقسام بولاركىن» دەيدى. غان ئۇششۇك ھەرىسى بولۇۋالدى ، بۇلۇپمۇ گۇاڭجۇدىكى قىزى ئەختەرنىسانىڭ 500 مىڭ سوملۇق مىلىنىڭ مۇسادىرە قىلىنىشى هۆسنارخاننى نەچچە ئون قەۋەتلىك نام ـ مەنپەئەت ، شان ـ شۆھ. رەت بىناسىدىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى . شۇڭا ، ئۇ گېزى كەلسە قەدىرداننىمۇ ، مۇنۇ سەتەڭ كېلىنىنىمۇ چايناپ يۇركۇۋەتكۇسى كېلەتتى . ئەنە شۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . ئاسىيەنىڭ كۆندىن ـ كۆنگە چىرايى ئېچىلماي ، غوتۇلدىغىنى غوتۇلدىغاندى . تاقىتى تاق بولغان هۆسنارخان بىر كۈنى ئوغلىنى چاقىرىپ ئەكىرىپ ، تاناۋىنى تارتتى :

— ھەي لامزەللە ، مۇنۇ سەتەڭ جالىپىڭغا تېتامسەن ـ يوق ؟ ياكى بىر نېمىسىنى ئىككى پارە قىلىۋېتەمەنمۇ ؟ — هۆسنارخاننىڭ ئاغزىدىن تۇكۇرۇكلەر چاچرىدى ، — ئۇ … ئۇ مېنى جىلە قىلىپ ئۆلتۈرمەكچىما ؟

— ئانا ، ئۇ كۈندىلا مەن بىلەن ئۇرۇشىدۇ ، ئاجرىشىپ خوتەن. گە كېتىمەن دەيدۇ .

— باھانىسى نېمىكەن ؟

— سىلەر خرۇئىن ئەتكەسچىسى ئىكەنسىلەر دەيدۇ .

— بىز ئۇنىڭ قىز چىقمىغانلىقىنى ئېغىز ئالمىساق ، قارا بۇ شاپاقچىنىڭ ھەددىدىن ئاشقىنىنى .

— ئانا ، ئەھەد تاۋكا ، ئىمىر ئۈچ قۇلاق ، ئۆمەر غالتەكلەر. نىڭ گېپىگە قارىغاندا ، قەدىردان ھەر قېتىم خوتەنگە بارغاندا ، ئاسىيە بىلەن مېھمانخانىدا بىللە يېتىپتىكەن .

— نېمە ؟ ! — هۆسنارخاننىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ

كەتكۈدەك بولۇپ چەكچەيدى ، — سەن نەدىن ئۇقتۇڭ ؟
— قەدىردان بىلەن زۇلئاينىڭ تويىدا ، ھېلىقى قىمارۋازلار چاقچاق قىلغان بولۇپ ، ئاسىيەنى ئالساڭ جاپا تارتمايسەن ، قەدىردان ئاللىقاچان ساڭا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ قويغان ، دېيىشتى . تويىدىن كېيىن ئىمىر ئۈچ بارماقتىن سوردىسام ، راست گېپىدىنى قىلدى .
— ھىم ، ماقۇل ، — ھۆسنارخان ھاسىرىدى ، — ماڭە ئاۋۇ جالىپىڭنى چاقىر .
ئەسەت ئىشىك بوسۇغىسىدا تۇرۇپلا ۋارقىرىغانىدى ، ئاسىيە ئاشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ، چوڭ ھۇجرىغا كىردى ، لېكىن ئۇ ، مېنى نېمە قىلالايتتىڭ ، ھەر قايسىڭنىڭ تىتاڭ تومۇرى مېنىڭ قولۇمدا ، دېگەندەك ، قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ، كالپۇكلىرىنى مىتىلدىتىپ ، نەلەرگىدۇر سىڭايان قاراپ تۇراتتى .
— ھەي ، سەن بىزنىڭ خىروئىن ئەتكەسچىسى ئىكەنلىكىمىزنى نەدە كۆرگەن ؟ — دېدى ھۆسنارخان ئۇستەلگە پاققىدە ئۇرۇپ ، — بۇنى ساڭا كىم دېدى ؟
— خەقلەر شۇنداق دېگەن .
— خەقلەر شۇنداق دېدىمۇ ياكى قەدىردانمۇ ؟ — ھۆسنارخان مىختەك قادالدى ، — ئەگەر راست گەپ قىلمايدىكەنسەن ، مېنىڭ قولۇمدىن ھەر بالا كېلىدۇ .
— راست ... مەن ... مەن ... — ئاسىيەنىڭ كۆزلىرى غىل - پاللىدى ، — تويدىكى خەقلەردىن ئاڭلىغانىدىم .
— ئەسەت ! — ھۆسنارخاننىڭ ۋارقىرىشىدىن ئەسەت چۆچۈپ كەتتى ، — قەدىردان ساڭا نېمە دېگەن بولسا ، پەردىشەپنى يىرتىۋېتىپ مۇشۇ جەرەستاندا ئوچۇق دە !
— قەدىردان ماڭا : «سەن بىلەن تۇغقان بولۇپ قالدۇق ، ئاسىيە بۇزۇق قىز ، مەن بىلەن بىر قانچە قېتىم بىللە ياتقان ، ئۇنى ئالساڭ بولمايدۇ» دەپ ئەسكەرتكەنىدى .
— يالغان ! ئۇ ... ئۇ ... تۆھمەت قىپتۇ ...

— ئۈچ قىمارۋاز سىزنى مېھمانخانىدا سولاپ بەرگىنىمۇ يالغانما ؟

— يالغان !

— ئەمىسە سەن نېمە ئۈچۈن قىز ئەمەس ؟

— ساياھەتكە چىققاندا ئاتتىن قاتتىق يىقىلىپ، قىزلىقىم بۇزۇلغان، قولۇمدا دوختۇرنىڭ خېتى بار ؟

— دوختۇرنىڭ خېتى بار ؟ ھېھى، — ھۆسنارخان دىمىقىنى قاقتى، — دوختۇرنىڭ قۇچىقىغا لىپپىدە بىر چىقساڭ، ئۇنداق خەتتىن ئوننى قىلىپ بېرىدۇ، ئۇقتۇڭما ؟ بوپتۇ، بالام ئەسەت، بۇ كېتىمەن دېسە كەتسۇن، لېكىن بىر شەرت بار.

— قانداق شەرتلىرى بولسا دېسىلە، — ئاسىيە خۇشلۇقىدا قىزىرىپ كەتتى، — مەن ماقۇل دەي ...

— سەن خوتەنگە بارغاندىن كېيىن : «مېنى ئۇنداق قىلىندى، بۇنداق ئېغىر ئىشقا سالدى» دەپ دادلاپ يۈرىشىڭ ئېنىق، بىزنىڭ جەمئىيەتتە ھۆرمەت - ئىناۋىتىمىز بار ئائىلە.

— ياق، مەن ھەرگىز ئۇنداق دېمەيمەن.

— بوپتۇ، سەن دېمىگىنىڭ بىلەن خەقلەر گەپ تاپىدۇ. ئىككى ئاي مۇتقا ئىشلىتىۋېلىپ قوغلىۋېتىپتۇ، ئوغلى بۇزۇلۇپ باشقا خوتۇن تېپىۋاپتۇ، ھۆسنارخان پاتقۇزماپتۇ، دېگەندەك گەپلەر تېرىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتىمەن.

— نېمىشقا ئەمدى ؟ — ئاسىيە تاتىرىپ كەتتى، — مەندە كېسەل بولمىسا.

— سېنىڭ ئەنداماڭ ئاتتىن يىقىلىپ يىرتىلدىمۇ ياكى بىر غېرىچ پاتاڭدا يىرتىلدىمۇ، شۇنى ئېنىقلايمىز، دوختۇرلار بىرلا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خوتەنگە بىللە بېرىپ، ئاتا - ئاناڭغا، قولۇم - قوشنىلارغا، دوستلىرىڭغا دوختۇرنىڭ خېتىنى كۆرسىتىمىز، شۇندىلا ئۇلار بىزدىن كۆرمەيدىغان بولىدۇ، شۇنداق قىلساق ئىللا بولار ؟

— ۋاي خۇدايىم ، مېنى ئۆلۈۋالسۇن دېمەكچىمۇ ؟

— ئۆلۈۋالماقچىمۇ ؟ ئۇنداقتا تېخىمۇ رەسۋاچىلىققا قالىسەن ، ئاتا - ئاناڭ ئەل - مەھەللە ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەي مەڭگۈ لەنەت - نەپرەتكە قالىدۇ ، چۈنكى «ئاسىيەنى دوختۇرخانىدا تەكشۈرتمەكچى بوپتىكەن ، ئۆلۈۋاپتۇ» دېسە ، خەقلەر نېمە دەپ ئويلاپ قالار ؟ گېپىمنىڭ تەكتىنى چۈشەندىڭمۇ ؟ ئەسەت بالام ، ئۆيدىن پۇل ئاچىق ، ئاسىيەنى تەكشۈرتۈپ كېلىمىز .

— ياق ··· ياق ، ئاتا ، مەن ··· مەن يوق يەپتىمەن ، — ئاسىيە يىغلاپ سالدى ، — قەدىردان ھەرقايسىلىرىنى خىرويىن ئەتكەسچىلىرى ، «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» كۆرۈنۈشتە ئاشخانا بولغان بىلەن ، ئەمەلىيەتتە خىرويىن تارقىتىش ، سېتىش ئورنى ، سىزنى گۇاڭجۇغا ئەكىرىپ تۇرمىگە تۇتۇپ بېرىدۇ ، دېگەندەك جىق گەپلەرنى قىلغاچقا ، مەن ··· مەن ئىشىنىپ كېتىپتىمەن .

— ياخشى ئويلان ، كەتسەڭمۇ ، كەتمىسەڭمۇ ، كۆتۈڭنىڭ پەجىمىنى جۇپ يۇملاق قىسىپ ئاندىن جاۋاب بەر ، ماڭە چىق !

ئاسىيە چىقىپ كەتتى . ئاتا - بالا ئىككىسى ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈشتى .

— يائاللا ، ئانا ، ئەزرائىلغا دەرس بەرگۈدەك كاللا بار جۇمۇ سەندە ، — دېدى ئەسەت ئاپىسىدىن زوقلىنىپ ، — بىردەمدە يىلىكتەك يۇمشىتىۋەتتىڭ .

— ئەمدى خوتەنگە بىر بېرىش توغرا كەلدى ، — ھۆسنارخان ئاستا پىچىرلىدى ، — بۇمۇ راست ئېپىدە كەلگىنى .

— خوتەنگە نېمىشقا بارىمىز ، ئانا ؟

— زۇلئاينى ئاجراشتۇرغىلى .

— ئۇلار توي قىلغىلى ئەمدىلا ئىككى ئاي بولغان تۇرسا .

— ئىككى كۈن بولغان تەقدىردىمۇ ، قەتئىي ئاجراشتۇرۇۋېتىمەن .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— ھەي مېڭىسىنىڭ سۈيى بار موت ـ موت ، شۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭما ؟ — ھۆسنارخان ئەسەتنىڭ پېشانىسىنى نوقۇدى ، — بىرىنچىدىن ، قەدىردان سىڭنىڭ خوتۇنۇڭنى ئەپلىگەن تۇرسا ، ئىك-كىنچىدىن ، ئۇ بىزنى سىياسىي جەھەتتىن سېستتى ، ئەمدىلىكتە ئۇ بىزنىڭ يەندىلا كۈيئوغلىمىز بولسا ، خەتەرلىكمۇ ـ ئە-مەسمۇ ؟ — ھۆسنارخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى .

— توغرا ، بۇ تەرىپىگە سەل قارىغىلى بولمايدىكەن ، — ئەسەت نېمىدىندۇر ئىككىلەندى ، — ئانا ، ئەگەر ئاسىيە قېچىپ كەتسە قانداق قىلارمىز ؟

— دېۋەڭ ، — ھۆسنارخان ئوغلىغا سىڭايان قارىدى ، — شۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭ يەتمىدىما ؟ ئۇنىڭغا ھېلىقى ھۈنەرنى ئۆگىتىپ قويساڭ ، بوسۇغىدىن كەتمىگەن ئىتتەك ھېچ يەرگە بارالمايدۇ . ئۇ دېگەن ھەقسىز مەدىكار .

بۇ غەلىتە سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، غەزەپ ئوغىسىنى ئىچكەن ھۆسنارخان خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى .

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئابلىپىز بىلەن ھۆسنارخان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىدا پەس ئاۋاز بىلەن كۆسۈرلاشماقتا ئىدى . ھۆسنارخان ، قەدىردانىنىڭ ئوغلىنىڭ خوتۇنىغا چېقىلغانلىقى ، ئۆزىدە «ئەتكەسچى» دەپ بەتنام چاپلىغانلىقى ، لېكىن قەدىردان ئۆزى نەچچە يىللاردىن بېرى چېكىدىغانلىقى ھەم شۇنى سىتىپ بېيىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى . خىزمەت كۆرسىتىش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ئابلىپىزنىڭ سەل سەپكۈنى بار سىپىمىز قاراموتۇق يۈزى جىددىيلەشكەنلىكىدىن داتلاشقان مىس تەلەڭگىدەك داغ - داغ بولۇپ كەتتى .

— بۇ لوكچەكنىڭ ئەسەتنىڭ خوتۇنىغا چېقىلغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئىسپات بارمۇ ؟ — دېدى ئابلىپىز بىلىدىكى تاپانچىسىنى سىلاپ قويۇپ ، — قارا بۇ گۆينىڭ تەلۋىلىكىنى ، ئۆزىنىڭ قېيىناكىسىنىڭ خوتۇنىغىمۇ كۆز قىزارتقىنىنى .

— مانا بۇ ئاسىيە يېزىپ بەرگەن ئىسپات ، — ھۆسنارخان قول پوپكىسىدىن تۆت قاتلانغان قەغەزنى ئېلىپ بەردى ، — قارىسىلا ، جۇجاڭ ، بۇ قىزنىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋېتىدۇ .

— ۋۇي ، بۇ قەدىردان بىلەن زۇلئاينىڭ توپى بولىدىغان چاغدىكى ئىشكەنغۇ ، — ئابلىپىز خەتنى ئۈستەلگە قويىدى ، — قارا ماۋۇ مۇناپىقنى ، سىڭلىسى بىلەن توي قىلىش ئارىلىقىدا قېيىناكىسىنىڭ يۇرۇۋاتقان قىزىغا چېقىلغانلىقىنى .

— مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كېلىۋاتقىنى شۇ ئەمەسمۇ ، — ھۆسنارخان قايناپ سۆزلىمەكتە ئىدى ، — ئاسىيەنى «ھازىر ياتاققا

ئەسەت كەلمەكچى» دەپ ئالداپ ئەكىرىپ، سوغۇق ئىچىملىككە ئۇيقۇ دورىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ، ئىككى كۈن ياتاقتىن چىقارماي بىللە يېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— سىلىچە بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولا؟ — ھۆسنارخاننىڭ ئاغزىدىكى گەپپى بىلەن كۆڭلىدىكى مەقسىتى تولا ھاللاردا ئوخشىمىغاچقا، ئابلىپىز كوچىلاپ سورىدى، — بىر ئىشنى باسقۇنچىلىقتا، يەنە بىر ئىشى بولسا قانۇنغا...

— ھازىرچە قىزىمنى ئاجراشتۇرۇۋالساملا بولدى، — قەدىردان دېگەن شاۋچىنى سولىتىۋەتكۈم يوق، ئۇ نېمىلا بولسا زۇلئاي ياخشى كۆرىدىغان ئەر.

— چۈشەندىم، ئۇنداقتا ھازىر زۇلئاينى تامباغقا ئەكەتكىلىرى بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەببەللى، قىزىمنى ئاۋۋال ئەكىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇلار بىلەن سوتلىشىمەن.

ھۆسنارخان بىلەن ئابلىپىز ئىككىسى ناھىيىلىك پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇلىرى ئورۇنلاشقان چوڭ ھويلىغا باردى. ئابلىپىز تاملىرىغا ناۋات رەڭ چاقچۇق چاپلانغان چەتتىكى قورۇنىڭ دەرۋازا ھالقىسىنى ئۇرۇشى، دەرۋازا ئېچىلىپ زۇلئاي چىقتى. ئۇ: «ئانا» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىپ ھۆسنارخاننى قۇچاقلىدى. ئاڭغىچە قەدىردانمۇ دەرۋازا ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئانا، ھارمىسىلا، ئوبدان تۇردىلىما؟ — قەدىردان ھۆسنارخاننىڭ چىرايىدىن ئەيمىنىپ تۇراتتى، — يۈرسىلە، ئۆيگە كىرىلى، ئۇسساپمۇ قالغانلا؟

— مەن ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن، ۋۇي يۈزسىز! — قەدىردان بىلەن زۇلئاي تىكىلىپلا قالدى، — سەن ئاسىيەگە نېمىلەرنى دېدىڭ، بىزنى ئەتكەسچى، خىروئىنچى، «جەننەت نېمەتلىرى» ئۇزىدىغەي، مۇندىغەي دەپ، بىزنى قولغا ئالدۇرماقچى بولدۇڭما؟ تېخى ئەسەتنىڭ ئايالى ئاسىيەنى مېھمانخانا ياتىقىغا سولىۋېلىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈن بىللە يېتىپسەن، سېنىڭ نەرىڭ ئادەم، ھەي

ئىپلاس ! ئاسىيە بىلەن بىللە ياتتىڭمۇ ـ ياتمىدىڭ ، مۇشۇنىڭغىلا جاۋاب بېرە ؟

— ئانا ، خاپا بولمىسىلا ، بۇ ئىشلارنى ئايرىم پاراڭلىشايلى ، بولامدۇ ؟

— زادى بىللە ياتتىڭمۇ ـ يوق ؟

— بۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ .

— بىر ئېغىز بىلەن ياكى ئون ئېغىز بىلەن چۈشەندۈر ، ھەتتا مىڭ ئېغىز بىلەن چۈشەندۈر ، شۇنداق ئىش بولغانمۇ ـ يوق ؟

— بولغان !

— ئاڭلىدىلىما ، ئابلىپىز جوجاڭ ؟ — ھۆسنارخان قىزىغا قارىدى ، — ھوي دەيۈز ، ئەرگە دۇم چۈشكەن ئاچ پاقا ، ئۇ ئامراق ئېرىڭ ئاكاڭنىڭ خوتۇنىنى كۆلگە پۇچىلاپتۇ ئەمەسما ، يۈز ماڭ ، يەنە تارتىشىسەنغۇ ؟

— سېنىڭ بىلەن سوتتا بىر نېمە دېيىشەيلى ، — دېدى ئابلىپىز قولىنى جونۇپ ، — سېنىڭ توقسۇنىڭ تولدى .

ھۆسنارخان بىلەن ئابلىپىز زۇلئاينى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە ئاباس كاتىپى كەرىمنى ئېلىپ ، ماشىنىسى بىلەن تامباغقا باردى . ئاباس بىلەن كەرىم خۇددى پىلىموتنىڭ ئوقىدەك چىقىۋاتقان ھاياسىز گەپلەر دەستىدىن قولىقى گاس بولۇپ قالغىلى تاسلا قالدى . پەقەت ئۇلارنىڭ ئېسىدە قالغىنى : «قەدىردان دېگەن ھىشىق ئوغلۇمنىڭ خوتۇنى بىلەن ئوينىدى» ، «بىزنى يامان كۆرسىتىپ سولتىۋەتمەكچى بولدى» ، «بىزنىڭ ئاشخانىمىزنىڭ نامىنى بۇلغىدى» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى . ئاباس بىلەن كەرىم ئۆيدىن پالاق ـ پۇلۇق قىلىپ تالاغا چىقتى ـ دە ، ئۆزلىرىنى ماشىنىغا ئارانلا ئالدى . ماشىنا ئوت ئېلىپ ئەمدىلا قوزغىلىشى ، قورۇ ئىچىدىن ھۆسنارخاننىڭ مايمۇندەك سەت چىرقىرىشى ئاڭلاندى :

— ۋاي جېنىم ، زۇلئاي قېچىپتۇ ، ئەرگە دۇم چۈشكەن جالاپ قېچىپتۇ ! ۋۇي بېشىنى يەيدىغان پاسكىنا ، ئۆگزىدىن تاشلىۋەتسە

توپتەك قاڭقىيدىغان جالاپ، مېنىڭ يۈزۈمنى تاپلىما تېزەك قىلدىڭغۇ رەسۋا، قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن، پۇتلىشىپ يۇلۇنۇڭ ئۈزۈلۈپ كېتەر ئىلاھىم!

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئابباس سوتنىڭ چاقىرىق قەغەزىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ كۈنى ئابباسنىڭ ماشىنىسىنىڭ ماي تەڭنىسى ئېقىپ قېلىپ رېمونتخانىدا ئىدى. شۇڭا ئابباس، خەيرىگۈل، زۇلئاي، قەدىردانلار ناھىيىلىك پارتكوم ئالدىدىكى بېكەتتىن ئاپتوبۇسقا چىقتى. كاتىپ كەرىممۇ رېمونتخانىغا بېرىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقىۋالدى. لېكىن، ئاپتوبۇس گۈلباغ بېكەتتە توختىشى، ھۆسنارخان، ئابلىپىزلار چىقتى. بۇ ئازازۇل خوتۇن ئادەملەرنى ئىتتىرىپ-يىقىتىپ ئۇچقاندەك كەلدى-دە، زۇلئاينىڭ چېچىنى قامىللىدى، زۇلئايمۇ چىرقىراپ ماشىنا ئىچىنى بېشىغا كىيدى.

— ھوي پاسكىنا، ئۆلۈشكۈن قېچىپ كېتىپ، ئېشىكىڭ تۆت چىشلىق بولدىما؟ مېنىڭ يۈزۈمنى يوق قىلدىڭغۇ، پاخپاق.

ماشىنا ئىچىدىكى قىيا-چىيادىن ئاچچىقى كەلگەن شوپۇر يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— بۇ جەڭگى-جېدەل قىلىدىغان ئىت بازىرى ئەمەس، ماشىنىدىن چۈشۈپ كېتىڭلار!

ماشىنا ئىچى جىمىدى، لېكىن شوپۇر ئورنىغا بېرىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشى، ماشىنا ئىچىدە يەنە بوران كۆتۈرۈلدى. چۈنكى، ھۆسنارخان ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەنچە كاتىپ كەرىمنىڭ چېچىنى قامىلاۋالغانىدى:

— ھوي دوشۇسىڭ[1] تاز، ئۆلۈشكۈن مېنى گەپكە تۇتۇپ، قىزىمنى قاچۇرۇۋەتكەن سەنغۇ؟ سەن دوشۇسىڭ تاز ھېلىغۇ پۆپۈچەكلىرىڭنى قاپقارا مايلىۋاپسەن، بىر قازان مايغا چىلىۋالساڭمۇ، سەندەك دوشۇسىڭ تازنى تونۇيالايمەن.

ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى مەسخىرە بىلەن كۈلسە،

---

① دوشۇسىڭ — داشۆسىڭ (ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى) دېمەكچى.

بەزىلىرى غودۇڭشىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتى ، ھەتتا بەزىلەر : «قانداق دېگەن مەدەنىيەتسىز نېمىلەر بۇ !» دەپ ۋارقىراشتى . ھۆسنارخان بىلەن بىللە ئاپتوبۇسقا چىققىنىدىن نومۇستا قىزىرىپ كەتكەن ئابلىپىز ھۆسنارخاننى بىلىكىدىن تارتىپ ئېلىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈشتى . سوت باشلىقى كامال نىياز ئاباسىنى ئايرىم چاقىرىپ قولىقىغا كۇسۇرلىدى :

— ئا بۇجاڭ ، ھەرقايسىلىرى بۇ خوتۇن بىلەن تەڭ بولالمايلا ، بۇ ئىنتايىن بىشەم ، ئاغزى ئەسكى ئازازۇل خوتۇن . شۇڭا ، قىزىنى بېرىۋېتىپلا قۇتۇلسىلا .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، مەن ئانىسى بىلەن قەدىردانغا ئېيتاي .

ئاباسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلىغان خەيرىگۈل بىلەن قەدىردان دەرھاللا قېتىلدى . بۇ نىكاھ ماجىراسى سوت ئېچىلمايلا ، سوت سىرتىدا ھەل بولغان بولسىمۇ ، زۇلئاي ۋارقىراپ يىغلاپ سوت مەيدانىنى بېشىغا كىيدى ، ھەممىنىڭ دىققىتى زۇلئايغا مەركەزلەشتى .

— ھۆرمەتلىك سوتچىلار ، سوت باشلىقى ، مېنى ئانامغا قېتىپ بەرسەڭلا ، مېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىم نېمە بولىدۇ ؟ — زۇلئاي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، ھەدەپ ئېسەدىمەكتە ئىدى ، — يولدىشىم ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ، مەن ھەرگىز ئاجراشمايمەن .

— ھەي ئەر سارىڭى ، ئۇرۇمچىدىن ساڭا پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغاندىن بىرەرى چىقماسما ، يالاندا ؟

سوت ئەھلى ۋە باشقىلار «ئوۋ !» دېيىشىپ ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى .

— بولدى ، مەن بۇ قانجۇقنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتتىم ، تويىنىڭ پۇتۇن چىقىمىنى تۆلىسۇن ، — ۋارقىرىدى ھۆسنارخان ، — ۋوي ئاناڭنى ، ئاقچى ، سەن جالاپنى بىر نېمەمنى ئاغرىتىپ تۇغقۇچە ، ئاقىلىققا چىقىپ يوغانغىنا چىچىپ قويسامچۇ !

ھەممە ئادەم ئاغزىلىرىنى تۇتقانچە ئاستا ـ ئاستا تارقاپ كېتىشتى . ئەمما ، شۇ كۈنى كەچتە ئابلىپىز تامباغدىكى ھۆسنارخاننىڭ ئۆيىگە كەلدى ، بىراق ئۇلار ئۆيدە پاراڭلاشماي ، باغقا كىرىپ كەتتى ، ئابلىپىز قاتمۇ قات قەغەزلەرگە ئورالغان كاللەك بىر نېمىنى ھۆسنارخانغا تۇتقۇزدى ،

— ئاران مۇشۇما ؟ — پىچىرلىدى ھۆسنارخان ، — 50 گرام كەلمەيدىغان ئوخشىمامدا ؟

— 42 گرام ، ھازىر ساپلا چېكىدىغانلار تۇتۇلۇۋاتقاچقا ، ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىدىن ئارانلا بىر ـ ئىككى گرامدىن چىقىدىكەن ، — ئابلىپىز ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — ساتىدىغانلار تۇتۇلسا خېلىلا جىق بىر نېمە يىغىۋالغىلى بولاتتى ، بولۇپمۇ 26 ـ ئىيۇن «زەھەر تاشلاش كۈنى»دە ئىشلىرىمىز ئاجايىپ كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ .

— ئالدىنقىسىنىڭ پۇلىنى ئەۋەتىپ بەرگەنتىم ، كۆڭۈللىرى تىنغاندۇ ؟

— بولدى ، بولدى ، — ئابلىپىز قولىنى شىلتىدى ، — بىر نەچچە يىلدىن بېرى ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتىمىز ، بىر ـ بىرىمىزگە ئىشەنمىسەك بولامدۇ ـ ھە ، ئۇرۇمچىگە قاچان ماڭىدىلا ؟

— ئابباس بۇجاڭدىن توي چىقىملىرىنى ئۇندۇرۇۋېلىپ ئاندىن ماڭىمەن ، — ھۆسنارخاننىڭ كۆڭلىدىن تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كەچتى ، — ئۆتكەندە تاقىرباش ، سەل دوكراق ، 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئادەم ئاشخانىمىزغا كىرىپ : «مەن داۋاملىق قەدىردان دېگەن بالىدىن خروئىن ئالاتتىم . ئۇ بالا ، قېيىنانام ھۆسنارخانغا ئىچكىرىدىن خروئىن كېلىپ تۇرىدۇ ، مەن شۇنىڭدىن ئېلىپ بېرەي ، دەپ ، مەندىن خېلىلا جىق پۇل ئالغانىدى ، خەۋەرلىرىدە بارمىكىن» دەيدۇ ، بىزنىڭ بالىلار ئۇرۇپ چىقىرىۋەتتى .

— بىر بولسا ئۇ سىلىنى چېكىپ بېقىشقا كەلگەن ، يەنە بىر پەرەز ، ئۇ قەدىردانغا قەرزدار ، شۇڭا سىلىنىڭ قوللىرى بىلەن قەدىردانىنى يوقاتماقچى بولغان .

— شۇنداقتىمۇ ، قارا بۇ ئىپلاس ئايپاڭۋاش دوكنى…

ھۆسنارخان بىلەن جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىپىز ئىككىسى ئايپاڭۋاش دوك توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە ، ئابابەكرى ئايال كىشىنىڭ چىۋەر قوللىرىسىز ۋەيرانچىلىققا ئايلانغان غېرىبانە ئۆيىدە يالغۇز ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى . خروئىن زەھىرى ئادەم بەدىنىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ئېلىپ كېلىدىغان ، بۇرۇندىن سۇ ، كۆزدىن ياش ئاقىدىغان ، كۆپ ئەسنەيدىغان ، بەدەنلەر كىرىشىپ قالىدىغان ئاسارەتلەر ئىچىدە «ئىش خۇشياقماس» بولۇپ قېلىش ئىنتايىن ئېغىر ئىدى . مانا ھازىر ئابابەكرى بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ ، ھۈنەردىن قېلىۋاتاتتى . ئۇ ئاش قالماسلىق ۋە بىرەر چېكىم خروئىنغا پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بازارغا چىقاتتى . گۆش توپ سېتىش بازارلىرىغا بېرىشقا ئېرىنىپ ، كاۋاپچى باللارغا پۇل بېرىپ قوياتتى . ئۇلار گۆش ، جىگەر ، ئۈچەي ، بۆرەكلەردىن قانچە پۇلدىن ئېلىپ ، قانچىلىكىنى قايرىۋالدى ، ئۇنىڭدىن كارى يوق ئىدى . ئۇ كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ، غەللىدىكى پۇلنى ھېسابلاپ بىر كۈنلۈك تامىقى ئۈچۈن بەش سوم (ئىككى نان ، بىر سۇيۇقئاش ) ، دەسمايىگە بىرەر 100 سوم ئېلىپ قېلىپ ، قالغىنىغا بىر سەرەڭگىلىك ياكى ئىككى سەرەڭگىلىك خروئىن سېتىۋالاتتى ، بولمىسا سەكرات ئازابىدىن بەتتەر قىينىلىپ كېتەتتى . ئۇ بىر كېچىسى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىپ باقماقچى بولدى ، بىراق پاقا يىلاننىڭ ئالدىنى توسقاندەك بىر ئىش يۈز بەردى . ھېلىقى سومكا كۆتۈرۈۋالغان توغراقتەك ئادەم بىر تەپكەندى ، ئابابەكرى ئالدىنى قامالىغانچە ئىنجىقلاپ دۈملا چۈشتى . ئۇ شۇ ياتقانچە ئۈچ كۈن ياتتى ، دوۋسۇنى قاپقارا قان ئۇيۇپ ئىششىپ كەتكەندى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ بارلىق ئەخمىقانە ھەرىكەتلىرى خروئىن ئۈچۈن بولۇۋاتاتتى . قەدىردانىنى قېيىنانىسى ھۆسنارخاننىڭ قولى بىلەن سولىتىۋېتىش سۇيىقەستىمۇ ئۆزىگە يېنىپ قالدى . تاياق زەربىسىدە بىر نەچچە كۈن ئورنىدىن تۇرالمىدى ، قىزى

مېھرىبانىنىڭ مېھمانخانىسىنى بىر كىچە ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپال-مىدى .

بىراق ئابابەكرى قەدىرداندا خروئىن بارلىقىغا چوقۇم ئىشەن-نەتتى . ھېلىقى بىر قېتىدا ، تۆت - بەش مىڭ سوملۇق گادا خروئىننى تۇتقۇزۇپ قويغاندىلا ، ئۇ ھەممىنى پەملەپ بولغانىدى . ئۇندىن كېيىن ھۆسنارخان بىلەن گۇاڭجوغا بېرىپ ، خروئىن سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى . خروئىن چەككۈچىلەردىن ئۆز غېمى-نى قىلمايدىغان كىم بار ؟ چۈنكى ئۇ بولمىسا جانغا تاقىلىدىغانلىقى ئېنىقلىغۇ ، ئەمىسە قەدىرداننىڭ خروئىنى زادى نەدە ؟ !

ئابابەكرى سىركايغا يېرىم قويۇلغان ئاق ھاراقنى غورتۇلدى-تىپ ئىچىۋەتتى . ئۇنىڭ مېڭىسى سەل ئېچىلغاندەك بولدى ۋە بىردىنلا قىزى مېھرىبان بىلەن قەدىرداننى ياتىدىغان «كاتتا ھوجرا» كۆز ئالدىغا كېلىشى ھامان ، پىت كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئويۇقتىن-كى يۇيۇقسىز قاچىغا تىكىلىپ قالدى ، راست ، ئۇ ھوجرىنى قانداق قىلغاندا بىرەر كۈن مېھرىبانسىز قالدۇرغىلى بولار ؟ توغرا ، نىقاب-لىنىپ كىرىپ ، مېھرىباننىڭ بېشىغا بىر كالتەك ئۇرۇپلا ھوشسىز-لاندۇرسا بولمىدىمۇ ! يا ... ياق ، بولمايدىكەن ، دەرۋازا تۈۋىدىكى قاراۋۇل ھويلىغا كىم كىردى ، كىم چىقتى ، زەن سېلىپ تۇرسا ... بۇ ... بۇ ... ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالمامدۇ كىشى ! ئەگەر ئېغىر مەست بولۇۋېلىپ ، ئاشۇ ھوجرىدا ياتىمەن دەپ تۇرۇۋالسى-چۇ ؟ ياق ، مېھرىبان ئەقىللىق قىز ، ئاسانلا گۇمانلىنىپ قالىدۇ . تېخى دادىسىنى كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزى پەسكە ئورۇن سېلىپ يېتىشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئابابەكرى قىزىغا بەش قولدەك ئايان !

ئابابەكرى ئۇيان ئويلا ، بۇيان ئويلا ، ئاخىر تېلېۋىزورلاردا كۆپ كۆرگەن ئۇخلىتىش دورىسىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ئىكەن-لىكىنى ئويلاپ تاپتى ، لېكىن ئۇ دورىنى نەدىن تېپىش كېرەك ؟ چوقۇم خروئىن ساتقانلاردا بولۇشى مۇمكىن . ئەگەر پۇللا بولسا ، ئۇلاردىن خروئىندىن تارتىپ ، گىلدىڭباش كۆمىلچى ، ئۇيقا دورى-

سى ، نەشە ، روھلاندۇرۇش ئوكۇللىرىغىچە تېپىلىدۇ .
ئابابەكرى ئۇيغۇ دورىسىنىڭ ئامالىنى قىلالماي ، ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى . ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە قەدىردان كېلىپ قالسا ، نازۇك پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرماق تەس بولۇپ قالاتتى ، شۇڭا : «قەدىردان كەلدىمۇ ـ يوق » دېگەن گۇمان بىلەن بىر كۈنى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى » ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈردى . كاسسىدا يېپىلىپ ئولتۇرغان كېلەڭسىز خوتۇن ھۆسنار-خاننى يىراقتىن كۆرۈپ ، خوتەندىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ، لېكىن قەدىردان بىلەن زۇلئايىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلەلمىدى . شۇڭا ، ئۇ ئاشخانىدىن تاماق يەپ چىقىۋاتقانلاردىن چاندۇرماي سورىدى :
— مەشەدە «بالا سەيگۇيۈەن » دېگەن بىرى بارمىش ، — دېدى ئابابەكرى كۆچۈكلىنىپ ، — مەندە ساتىدىغان قاق بار ئىدى مانا .
— ھازىرچۇ قاراڭ ، ئاكا ، — دېدى ياشقىنا بىر بالا ، — مەندە «قاق » بار دېمەي ، مەندە «ئاق » بار دېسىڭىز ، «بالا سەيگۇ-يۈەن » قانات ياساپ ئۇچۇپ چىقىدۇ .
يىگىت ئىككى قولىنى قاناتتەك لەپەڭلىتىپ ، قۇشنىڭ ئۇچ-قىنىنى دورىشى ، ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى . ئەمما ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقان ھېلىمجان ئاۋاق بىلەن نۇر-مەت پاكار ئابابەكرىنى چەتكە تارتتى .
— ئاكا ، بىز سىلى ئىزدىگەن «بالا سەيگۇيۈەن »نىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى ، — ھېلىمجان ئاۋاق ئابابەكرىنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ، — قانچىلىك قاقلىرى بولسا مانا بىز سېتىپ بېرەيلى .
— ئۇنداقتا ، «بالا سەيگۇيۈەن » يوقكەن ـ دە ؟
— ئۇ خوتەندە ، تېخى كەلمىدى .
— بۇگۈن ئەسەت ئەرۋاھتىن ئاڭلىشىمچە ، — دېدى نۇرمەت پاكار ، — پات يېقىندا قەدىردان بىلەن زۇلئايىنى قايتۇرۇپ ئەكەل-گۈدەك .
— مېنىڭ 20 ماشىنا مېلىم يولدا كېلىۋاتىدۇ ، — ئابابەكرى

ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — مەن «بالا سەيگۇيۈەن»گە ساقلالماي-مەن ، ئەتە سىلەر بىلەن ئالاقىلىشاي ، بولامدۇ ؟

— بولىدۇ ، ئاكا ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ ، ھېلىمجان بىلەن نۇرمەت دېسىڭىز ، ھەممىسى ياتىقىمىزنى كۆرسىتىپ قويىدۇ .

ھېلىمجان ئاۋاق ، نۇرمەت پاكار ئىككىسى ئابابەكرى بىلەن خوشلىشىپ ، ئەمدىلا مېڭىشى ، زوھۇر گاسىيا بىر نەچچە ئادەمىلە-رنى باشلاپ ، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى . يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالغان ئىككى ئاغىنە بىر - بىرىگە قاراشتى .

— بىر يىلى قەدىردان ئۈچۈن «قوڭۇرتاش» شىركىتى توپ سېتىش بازىرىنى قانغا بويىغان زوھۇر گاسىياغۇ .

— تونۇدۇم ، — نۇرمەت بېشىنى لىڭشىتتى ، — شۇندىن بېرى مەتتۇرغۇن شىلىم ، تۇرسۇن كاللا ، نۇرادىل پاناقلار يوقاپلا كەتتىغۇ ، ئىچكىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بىلمەيدىكەن .

— ئۇلارنى يۈننەنگە بارغانلاردىن كۆرگەنلەر بارمىش ، خىرو-ئىن ئەتكەسچىلىرى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ئوخشايدۇ .

— ئەمىسە زوھۇر گاسىيانىڭ يېقىن چاپانچىلىرى بولغان غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار ، ئەيسا خېنەنجىرلەرمۇ يۈننەنگە كەت-كەنمىدۇ ؟

— ياقەي ، — ھېلىمجان باش چايقىدى ، — ئۇلار ھازىر بېيجىڭدىكەن ، ئەمما كونا كەسپىنى تاشلىماپتۇ .

— ئەمىسە بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بېشىنى يەيدى-كەن - دە ، ھەي قارا ، — نۇرمەت ھېلىمجاننى جەينەكلىدى ، — زوھۇرگاسىيا «جەننەت نېمەتلىرى»گە كىرىپ كەتتى .

— ئۇلار ھۆسنارخاندىن ئاق تاماكا ئېلىشى مۇمكىن ، بولمىسا قەدىردانىنى ئىزلەيدۇ .

زوھۇرگاسىيا ئۈلپەتلىرى بىلەن ئاشخانىغا كىردى - دە ، پەشتاختىنىڭ ئالدىدا توختىدى . چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ھۆسنارخان ئورنىدىن تۇرۇپ ، سۇس تىترىگىنىچە قول قوشتۇرۇپ

تۇردى . شۇ تۇرقىدا زوھۇرگاسىيا : «كاسسىدىكى پۇلنى چىقار» دېسە ، خۇش بولۇپ ئېلىپ بېرىشى كېرەككى ، قاپىقىنى تۈرۈشكە بولمايتتى ، شۇنداقتىمۇ ھۆسنارخان خۇشامەت قىلىشقا ئۈلگۈردى :

— ۋىييەي ، زوھۇر پالۋىنىمكەنغۇ بۇ ، نېمە يېيىشىدىلا ، بۇگۈن ھەرقايسىلىرىنى بىر قوللۇق كۈتۈۋالمىسام بولمايدۇ ، پايى قەدەملىرىگە مۇبارەك بولسۇن .

— بىز تاماق يېگىلى كەلمىدۇق ، — زوھۇرگاسىيانىڭ ئاۋازى بەك سۇرلۇك ئىدى ، — قەدىردان ئىنىمىزنى يوقلاپ كەلگەندۇق ، ئاڭلىساق ئۇنىڭغا قىزلىرىنى بېرىپلا .

— ۋاي شۇنداق بولمىدىغان ، مەن ئۆزىڭ ئۆز ئاندىسىدىنمۇ…

— بولدى ، بولدى ، — زوھۇرگاسىيا گەپنىڭ بىلىگە تەپتى ، — ئۇ بارمۇ - يوق ؟

— خوتۇنى بىلەن خوتەنگە كەتكەن ، تېخى كەلمىدى .

— بۇگۈن ئاغىنىلەر ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ ، تەرەببا ئۇ ئىنىمىزنى ئەسلەپ قالدۇق ، — زوھۇرگاسىيا ئالىقىنىنى پەشتاختىغا پاققىدە قويۇشى ، ھۆسنارخان چۆچۈپ كەتتى ، — قەدىردان قولى ئوچۇق مەرد يېتىمتى ، شۇڭا ئۇنى ئاتايتەن يوقلاپ كېلىشىمىز .

— ۋاي بەك ئوبدان بوپتۇ ، ئەمدى بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بەرسىلە ، ئاران بىر كەلگەندە ، — ھۆسنارخان پەشتاختىدىن چىقىپ پالاقلىغىلى تۇردى ، — بىرەر قېتىم بولسىمۇ خىزمەتلىرىنى قىلىۋالاي .

زوھۇرگاسىيا ئۈلپەتلىرىنى باشلاپ ، خوشمۇ دېمەي قايتتى . لېكىن ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئارقىسىغا قايرىلىپ ، ھۆسنارخانغا تىكىلدى :

— سىلىنى خېلىلا يامان خوتۇن دەپ ئاڭلايمەنغۇ ؟

— ياق ، ياق ، زوھۇر پالۋىنىم ، ئۇلار سىلىگە چاقچاق قىپتۇ ، — ھۆسنارخان يوغان ئەمچەكلىرىنىڭ ئۈستىگە قوللىرىنى

قويدى ، — دۇنيادا ياخشى خوتۇن بولار ، مەندەك بولار .
— شۇنداقمۇ ؟ ئەمىسە ياخشى ، ئەمما كىمىكى ياۋاش ئىنىمىز قەدىردانىنى بوزەك قىلىمەن دەيدىكەن ، مەندىن رەنجىپ يۈرمىسۇن .
زوھۇرگاسىيا ئۈلپەتلىرى بىلەن چىقىپ كەتتى . ھۆسنارخان كۆڭلەك ياقىسىنى كۆتۈرگىنىچە : «پاھ ··· پاھ ··· پاھ ··· » دەپ يېنىپ كىردى ـ دە ، قاتتىق ۋارقىرىدى :
— ئەسەت ، ھاي ئەسەت ! چۆمۈچتە سوغۇق سۇ ئەكەل .
— نېمە ، ئىچەمتىڭ ؟
— ياقەي ، مەيدەمگە ئاغزىڭدا سۇ پۈركە ، جېنىم تۇمشۇقۇمـ دىن چىقىپ كېتىپ ، يەنە قايتىپ كىردى .
زوھۇرگاسىيا ئاشخانىغا كىرىپ كېلىشى بىلەن ، تاماق تەييارـ لاش بۆلۈمىدىكى ئاباق توختى ، كازىم كۆپۈك ، ئەسەت ئەرۋاھ ، ئاسىيە ، يەنە مۇلازىم ئەخمەتلەر دەرھاللا تام تۈۋىدە جىمجىت ئولـ تۇرۇۋالغانىدى . مانا ئەمدىلىكتە ئەركىن تىنىپ ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ھۆسنارخان زوھۇرگاسىيا كېتىپ نەچچە كۈنلەرگىچە ئۇخسۇلىنى تاپالماي چۆچۈپ ، ئەندىكىپ يۈردى . ئۇ ئاپباس بۇجاڭـ دىن توي چىقىمى ئۈچۈن 10 مىڭ سوم ئۈندۈرۈپ كېلىپ بولغانـ دىن كېيىنمۇ ،گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولۇپ يۈردى . چۈنكى چاققان ، چېۋەر ، قولى ئىشلىق قىزىنى 10 مىڭ سومغا سېتىۋەتكەن بولدى ـ دە ! ئەگەر زۇلئاي بولغان بولسا ، ئاشخانىنىڭ ئاۋاتچىلىقىنى دېمەيلا قويۇڭ ، تاماق يېگۈسى يوق ، قورسىقى توقلارمۇ ، بىر قاچا تاماق ئېلىپ زۇلئاينىڭ قاسلداپ مېڭىشلىرىغا ، دۈپدۈگىلەك كاسىسلىرىغا ، مۆڭگۈزدەك چىڭ كۆكـ سىلىرىگە ، كالتە يەڭلىرى ئېرىسىدە ئېتىلىپ كەتكۈدەك تولغان بىلەكلىرىگە ئېڭەك تىرەپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان يىگىتلەر ئازمۇ ؟ ! ھەي ، ھەي··· «جەننەت نېمەتلىرى»نىڭ بىر گۈلى ئىددىـ غۇ ! ھۆسنارخاننى ئۈنىڭدىنمۇ بەتتەر بىئارام قىلغىنى ، ئاشۇ قەـ دىرداندەك بىر سويىمىغا يېڭىلىپ قېلىپ ، بارمىقىنى بۇرنىغا تىقىپ قايتىپ كېلىشى بولدى ! پۈتۈنسۇرۇك «جەننەت نېمەتلىرى» ئاشخاـ

نىسىنى ئالىقىنىدا پىرقىرىتىۋاتقان، چوڭ ـ كىچىك ئەر ـ ئاياللارنى ئېتىكىدە ئوينىتىۋاتقان بىر خوجايىن ئۆزىنىڭ كۆيئوغلىغا تەسلىم بوپتۇ دېسە، بۆشۈكتىكى، تۆشۈكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتەر! مانا ئەمدى زوھۇرگاسىيا كېلىپ، ھەپتىدىن بېرى ھۆسنارخان نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. قەدىردان تەرەپتا كېلىپ قىلىشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. چۈنكى، زۇلئايىنى 10 مىڭ سومغا سېتىۋالغانىكەن، ھۆسنارخاننىڭ «ئۇ ـ بۇ» دېيىشكە ھەددىمۇ؟ قەدىردان بەلكىم: «مەن ئۆز ئالدىمغا ئوقەت قىلىمەن، 200 مىڭ سومنى بەرسىلە» دېيىشى ساتىراشنىڭ ئەينىكىدەك ئېنىقلا بىر ئىش. ئەگەر بەرمىسە، ئاچچىقىغا پايلىماي سوتقا ئەرز قىلىشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا قانۇن ھۆسنارخان ۋە ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ توپىسىنى تۇرپانغا سورۇۋېتىدۇ. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەت قەدىردانىنى «ئەگەشكۈچى»، ئۇنىڭ ئۇستىگە «مەسىلە پاش قىلغۇچى» دەپ، يېنىك بىر تەرەپ قىلىدۇ. بولغان زىيان ھۆسنارخانغا قوشلاپ بولىدۇ، زوھۇر گاسىيا قەدىرداننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلىسىلا يېتىپ كېلىدۇ. خۇدا پاناھىدا ساقلىسۇنكى، 200 مىڭ سومنىڭ گېپىنى ئۇ قانخور ئاڭلاپ قالسىلا، ھۆسنارخاننىڭ كانىيىنى دەسسەپ تۇرۇپ بىردەمدىلا قۇستۇرىدۇ، شۇڭا قەدىرداننىڭ ئورۇمچىدىگە كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، ئالدىن خېرىدارلىق قىلىش كېرەك، قىلغاندىمۇ ئۇلار ئېرىپ كەتكۈدەك ھەم دەرھال يولغا چىققۇدەك خۇشامەتنى قاملاشتۇرۇش كېرەك. كونىلاردىمۇ، باشتىكى مۇشتتىن قايتما، دېگەن گەپ بارغۇ؟

ھۆسنارخان بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىسا ياكى ھەل قىلالمىغان دوقالغا دۈچ كەلسە، دەرھال ئەسەت ئەرۋاھنى چاقىرىپ، بارمەسلىھەت ئىش قىلاتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ ئوغلىنى مېھمانخانىغا چاقىرىپ، كۆڭلىدىكى ئەندىشە، كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپ، تاقابىل تۇرۇش چارىلىرى، قەدىردانىنى ئالداپ ئەكېلىپ قانۇن تورىغا تۈيدۈرماي چۈشۈرۈش ئۇسۇللىرى، بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ بولغۇچە ئىككىسىدىن باشقىسى بىلمەسلىك قاتارلىق سۆيدە-

قەستلىك ھەرىكەت پىلانى تۈزۈپ چىقتى !
— ئەمىسە ، بالام ، خەتنى مۇنداق ياز ، — ھۆسنارخان بىردەم ئويلاندى ، — «جېنىم بالىلىرىم قەدىردان ، زۇلئاي ! كونىلار : ‹ئايال كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا › دەپ بىكار ئېيتماپ-تىكەن ، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ، قۇدىلارنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈ-سىز سەت ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ ، ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇۋاتىمەن ، مېنى ئەپۇ قىلساڭلار . قەدىردان ، زۇلئاي ، سىلەر ئۆرۈمچىگە كۆنۈپ قالغان ، بۇ يەردە ئوقەتمۇ ياخشى . شۇڭا ، سى-لەرگە ئاتاپ پويىز ئىستانسىسىدىن 86 كۋادرات مېتىرلىق چوڭ بىر ئاشخانىنى ئېلىپ قويدۇم . كېلىپلا ئىش ماڭدۇرساڭلا بولى-دۇ . ئۇ يەر ئىنتايىن ئاۋات ھەم سودىسى ياخشى . ئەلۋەتتە ، مېنىڭ گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن قىلغان بۇ خالىس نىيىتىمنى قۇدىلارمۇ چۈشىنەر ، دەپ ئويلايمەن… »
ھۆسنارخان ، ئەسەتلەر ئەنە شۇنداق «ئورا» كولاۋاتقاندا ، بىر بولاق ئۇيقۇ دورىسىنى قىممىتىگە سېتىۋالغان ئابابەكرى شاپتۇل ، ئالما ، ئاپېلسىندە ئىشلەنگەن بىر نەچچە قۇتا سوغۇق ئىچىملىك سېتىۋېلىپ ، سۇلياۋ خالتىغا سالدى ـ دە ، قىزى مېھرىبانىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . مېھرىبان دادىسىنىڭ قولىدىكى سوۋغاتلىق نەرسى-لەرگە قاراپ ھەيرانلا قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كىرىشى ئىدى . قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن مېھرىبان دادىسىنىڭ قولىدىن سۇلياۋ خالتىنى ئېلىپ : «رەھ-مەت ، دادا» دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى . ھازىر ئۇنىڭ قورسىقىغا يەتتە ئايلىق بولۇپ قالغاچقا ، ھاسىراپ ئارانلا ماڭاتتى .
— مېھرىبان ، قولىڭىزدىكى نەرسىنى توڭلاتقۇغا سېلىپ قو-يۇڭ ، — دېدى ئابابەكرى مۇلايىملىق بىلەن ، — كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئىچىمىز !
— بۇگۈن بۇ نەرسىلەرنى ئەجەب ئەكەلگۈڭىز كېلىپ قاپتۇ ، بېشىڭىزدىن تەمەچ ئۇشتۇۋەتسەم بوپتىكەن .
— ۋاي قىزىم ، مەنمۇ شۇ ئۇنچىلىك گىرى ، پىخسىق ئادەم-

لەردىن ئەمەستىم ، ھەممىنى قىلغىنى نامراتچىلىق ، — ئابابەكرى غەلىتىلا كۇلۇپ قويدى ، — بۇگۇن شاگىرت بىلەن ئىككى قوينىڭ گۆشىنى تۇگەتتۇق ، قارىسام بىر كاللەكلا پۇل پايدىسىغا قاپتۇ .
— ھۇنەر ، قىلساڭ ئۇنەر ، دەپ بىكار دېمىگەن ، — مېھرىبان بولەكچىلا خۇشال ئىدى ، — مانا قارىڭا ، بۇگۇن چىداپ ئىككى قوينىڭ گۆشىنى تۇگىتىپتىكەنسىز ، بىر مۇنچە پۇلغا ئىشلەپسىز .
خۇشاللىق دېگەن باشقا گەپتە ، كۆزلىرىڭىزمۇ نۇرلىنىپ ، چىرايىڭىز پارقىراپ كېتىپتۇ .
— قىزىم ، شۇنداق ئۆي پولۇسى يېگۇم بار ، — ئابابەكرى ئورنىدىن تۇردى ، — مەن بىر كىلو گۆش ئەكىرەي .
— بولدى ، دادا . ئۇشۇقچە چىقىمدار بولماڭ ، توڭلاتقۇدا گۆش بار .
مېھرىبان ئاستا مېڭىپ يۇرۇپ ، پولۇ تەييارلىقىنى قىلدى . ئابابەكرى توڭلاتقۇدىكى گۆشنى ئېلىپ پارچىلاپ بەردى ، ئاندىن مېھمانخانىدا تېلېۋىزور كۆردى . ياپونىيىنىڭ «سونى» ماركىلىق 35 ديۇملۇق بۇنداق چوڭ تېلېۋىزورلىرى ماگىزىنلاردا ئون نەچچە مىڭ سوم ئىدى . ئېھتىمال ماۋۇ پولغا سېلىنغان خاڭجۇنىڭ گۇل-لۇك گىلىممۇ 7 ـ 8 مىڭ سومدىن كەم ئەمەس . مۇنۇ بىر يۇرۇش ياغاچ ئويما نەقىشلىك بۇلغار دىۋانلار ھازىر ماگىزىنلاردا تېپىلمايدۇ . بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا 12 مىڭ سوم ئەتراپىدا سېتىلغانىدى . ئەمدى مۇنۇ ئەينەك ئىشكاپتىكى خرۇستال پار ـ پۇرلار چوقۇم قىممەت باھالىق بۇيۇملار... توۋا ، ھەممىسى ساپلا قىممەت باھالىق ماللاركەن ئەمەسمۇ ، پاھ ، بۇلارنى سېتىپ پۇل قىلىپ بولغىچمۇ بىر ـ ئىككى ئاي كەتكۇدەك .
ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ، كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، ئەسكىنىڭ كۆزى جەننەتتە ، كۆڭلى دوزاختا ، دېگىنى شۇ . ئابابەكرى قورسىقىدا قىزىنىڭ ئۆيىنى قانداق ۋەيران قىلىشىنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتىدۇ . ئۇنىڭ كۆزى تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرغان نەۋرىسىنىمۇ كۆرمىدى . ئەگەر مېھرىبان دادىسى ئىچۇرگەن دورا بىلەن ئۇ دۇنياغا رەھلەت

قىلسا ، بۇ لەنىتى خىروئىن ئاشىقىنىڭ قېتىغىمۇ كىلەرمۇ ؟ ياق ، ئۇ سەكراتتا جان تالىشىۋاتقان قىزىنىڭ كانىيىنى سىقىپ تۇرۇپ : «پۇل نەدە ؟ » دەپ سورىشى تۇرغانلا گەپ !

كەچلىك گۇگۇم چۈشتى ، دېرىزىلەر قاراڭغۇلاشتى . ئابابەكرى بىلەن مېھرىبان تامىقىنى يەپ بولۇپ دىۋانغا ئۆزلىرىنى تاشلىغىنىچە تېلېۋىزور كۆرمەكتە ئىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئەينەك شىرەدە بىر نەچچە تەخسىگە تىزىلغان ئالما ، نەشپۈت ، ئاپېلسىن ، بانانلار تۇراتتى ، شۇنداقتىمۇ مېھرىبان دادىسىنىڭ تەلىپى بويىچە توڭلاتقۇدىن شاپتۇلنىڭ سوغۇق ئىچىملىكىنى ئېلىپ بەردى .

— ۋۇي ، ئۆزىڭىزگە ئالماپسىزغۇ ، بەللى ، يالغۇز ئىچسەم گېلىمدىن قانداقمۇ ئۆتىدۇ ، — دېدى ئابابەكرى كۈلۈپ ، — قېنى ، سىز ئالمىنىڭكىنى ئىچىڭ ، قورساقىتىكى بالىغا پايدا قىلىدۇ .

ئابابەكرى توڭلاتقۇدىن ئالمىنىڭ سوغۇق ئىچىملىكىدىن بىر قۇتا ئالدى ، ئاندىن دىۋانغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە ، ئىككى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، شاپتۇلنىڭكىنى كۆتۈردى ۋە قەستەن ئاغزىنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن تۆكۈۋەتتى .

— قىزىم ، ھۇجرىڭىزدا ئەينەك بوكاللىرىڭىزدىن تۇراتتى ، ئاچىقىڭا ، — ئابابەكرى ئاغزىنى سۈرتتى ، — بۇنى قۇتا بىلەن كۆتۈرسە تۆكۈلۈپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ .

مېھرىبان ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كېتىشى ، ئابابەكرى مەيدە يانچۇقىدىكى قەغەز بولاقنى ئېلىپ ئالما شەربىتى قۇتىسىغا تۆكتى ـ دە ، دەرھاللا قەغەزنى پۈرلەپ يانچۇقىغا سېلىۋەتتى ھەم قۇتىنى بىر قانچە قېتىم چايقاپ جايىغا قويۇپ قويدى . ئاڭغىچە مېھرىبان ھۇجرىدىن چىقىشى ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئىككى بوكالنى ئېلىپ ، شەربەتلەرنى بۇلۇقلىتىپ قۇيدى .

— ئېغىربوي ۋاقتىدا ئالما يېسە ياكى ئالما شەربىتى ئىچسە ، قىزىم ، قورساقتىكى بالا ئالىم بولارمىش ، — ئابابەكرى قىزىغا بوكالنى تۇتقۇزدى ، — قېنى ، پولۇدىن كېيىن مۇزدەككىنە ئىچە-

ۋېلىلداپ .

— بەك سوغۇقكەن ، دادا ، — مېھرىبان بىر يۇتۇم ئىچ-تى ، — بالىغا تەسىر قىلارمۇ ؟

— ئىچىۋال ، قىزىم ، ئىچىۋال ، پايدا قىلىدۇ . ئالما شەربىتى ئەمەسمۇ .

ئابابەكرى قىزىنىڭ قولىدىكى بوكال يېرىملاشقان ھامان يەنە تولدۇرۇپ قويدى .

— مېھرىبان ، قاراڭ ، قىزىم ، مۇنداق بىر رىۋايەت باركەن . گۇرۇچ بىر ئۆمۈر سۇغا چىلىشىپ ئۇسسىمۇ ، ئۇسسۇزلۇقۇم قاند-مىدى ، دەيدىكەن ، ھە ، قولىڭىزدىكىنى ئىچىۋېتىڭ ، ھەببەللى ، مەن يەنە تولدۇرۇپ قوياي ، قازاندا سۇ ئىچىدە قايىنىسىمۇ ، يەنە سۇغا قانمىدىم ، دەيدىكەن ، ئەمما قورساققا كىرگەندىن كېيىن ، ئادەم ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋەتسە ، ئاندىن گۇرۇچ : «ئۇھ ، ئۇسسۇزلۇ-قۇم ئەمدى قاندى» دەيمىش .

ئابابەكرىنىڭ قەستەن گەپكە تۇتۇپ ئىچۈرۈش ھىيلىسى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى بولغاي ، مېھرىباننىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ ، كۆزلىرىنى ئاچالمايلا قالدى . ئۇ بوكالدا قالغان ئازغىنا ئىچىملىك-نىڭ ئايىغى ئاستىغا توكۇلۇۋاتقانلىقىنى تۇيمىدى . ئابابەكرى ئۇ-نىڭ قولىدىكى بوكالنى ئېلىۋېتىپ ، ئەينەك شىرە ئۇستىگە قويۇپ قويدى ، ئاندىن بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ ، قىسماقتەك قاتلىشىپ قالغان مېھرىباننى كۆتۈرۈپ ، دىۋاندا ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ، بېشىغا ياستۇقمۇ قويۇپ بەرمىدى .

ئابابەكرى كۈيئوغلى بىلەن قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا ئېتىلىپ كىردى - دە ، شىددەت بىلەن تىنتىشنى باشلىۋەتتى . ئۇ ئالدى بىلەن تامدىكى پار قاپقاقلىرىنى يىرقىرىتىپ تاشلاپ ، قوللىرىنى نەلەرگىدۇر ئۇزىتىپ ، سىيپاشتۇردى ، سىيپاشتۇرغانسېرى قوللى-رى قاپقارا ئىسلىشىپ تونۇر كۆسىيدەك بوپقالدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ تام ئىشكاپلىرى ، ئىشكاپ ئىچىگە تىزىلغان نەپىس بويۇملارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ئىچىگە قارايتتى ياكى يەرگە تۆكەتتى ، ئىككى

بۇلۇڭدىكى كىيىم ئاسقۇنى يېقىتىپ، كوپتا، يوپكا، چاپان، ئىشتانلارنىڭ بارلىق يانچۇقلىرى تەتۈر ئۆرۈلدى. تام ئىشكاپىنىڭ يوتقان - كۆرپە قويۇش ئورنىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى سۆرەپ ئاچىقىپ، ئەستەر تاشلىرى سۆكۈلۈپ، تور پاختىلىرى تېشىلدى. تامغا ئېسىلغان، يەرگە سېلىنغان گىلەملەر قايرىلىپ، ئۆي ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەندى.

ئابابەكرى تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتى. ئۇ كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، قايتا ئىشقا كىرىشىپ كەتكەندە، ئوتتۇرا كېچە بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھۇجرىدىكى ئالىي كارىۋاتقا ھۇجۇم باشلىدى. ئەڭ ئالدى بىلەن تۈركىيە ئەدىياللىرى، كارىۋات ياپقۇلىرى، مامۇق ياستۇقلىرى، ياستۇق قاپلىرى بىر - بىرلەپ يەرگە تاشلاندى، لېكىن جېنى سۆيۈنگۈدەك بىر نېمە تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئايپاڭۋاشلىرىدىن، سىدام يۈزلىرىدىن تۆكۈلگەن تەر تارتىشىپ تۇرغان ئىنچىكە بويۇنلىرى ئارقىلىق تار كۆكرەكلىرىدىن، گارمونىدەك قاتلىشىپ تۇرغان قورساق تېرىلىرىدىن ساقىپ، ئىشتان كارەكلىرىگە ئېقىپ كىرمەكتە ئىدى. دۇمچەك دۇمبىسى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، مەيدىسى ھەم يۈزلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن پەيلەر ئۇنى ھېلىلا كاتەكتىن قېچىپ چىققان توخۇ ئوغرىسىغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ئابابەكرى ئەمدىلىكتە تاۋار يوتقان، يىپەك كۆرپىلەرنى سۆكۈپ، قوللىرىنى نەلەرگىدۇر تىقماقتا ئىدى، بىراق شۇ چاغدا ئۇ پۈرژىنىلىق ماتراس قېپىنىڭ قول پاتقۇدەك يىرتىقىنى كۆرۈپ قالدى ھەم شادلىق ھاياجاندىن يۈرىكى قارتلا قىلدى، قولىنى تىقتى. ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرى يەنە بىر قېتىملىق ھاياجاندىن چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ شۇ ھامان قاتمۇ قات نىلون پايپاققا ئورالغان بىر گادا نېمىنى تارتىپ چىقاردى ۋە شاپۇر - شۇپۇر قىلىپ ئاچتى. راست دېگەندەك ئۇنىڭ ئىچىدىن 20 گراملىق كېسەكچە خروئىندىن ئىككىسى چىقتى. بۇ ئەلۋەتتە ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغان گۇاڭجۇنىڭ بېيجىڭ يولىدىكى ئەخلەت ساندۇقىدىن يىغىۋالغان ئۈچ پارچە خروئىننىڭ ئىككىسى ئىدى. ئابابەكرى ئاۋازىنى

قويۇپ بېرىپ يىغلىغۇەتكىلى تاسلا قالدى . دېمىسىمۇ پۈتۈن بىر كېچە تارتقان جاپاسى ئۈچۈن ، قايسى شەيتاننىڭ ئىچى ئاغرىدىكىن بىلمىدۇق ، ئاشۇ بالايىئاپەت ئاچقۇچىنى ئابابەكرىنىڭ قولىغا تۇت-قۇزدى .

تاڭ سوزۇلۇپ كېلىۋاتاتتى . ئابابەكرى مېھمانخانىغا چىققاندا ، دېۋاندا ئوڭدىسىغا ياتقان مېھرىبان بېشىنى ئىككى تەرەپكە ئېتىپ : «سۇ ... سۇ ...» دەپ نالە قىلماقتا ئىدى . 40 گرام خروئىنىنىڭ خۇشلۇقى ئالدىدا قىزىنىڭ نالىسى قانچىلىك نېمىتتى ! ئابابەكرى غىپپىدە تىكىۋەتتى . بېشى چىڭقىلىپ ، يېرىلىپ كەتكۇدەك ئاغرى-ۋاتقان مېھرىبان كۆزىنى زادىلا ئاچالمىدى . ئۇ ئۇسساپ تاماقلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ ، بىر كېچىدىلا كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى . مېھرىبان بارلىق كۈچىنى يىغىپ يانغا ئۆرۈلدى ــ دە ، گىلەمگە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى . ئۇ گىلەمدە بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۆمىلەپ تازىلىق ئۆيىگە كىردى . ئۇ تاملارنى سىيپىلاپ يۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى ھەم ناھايىتى تەستە بېشىنى كۆتۈرۈپ سوغۇق سۇنى قويۇۋەتتى .

ھېلىھەم ھۇ بولۇپ ، بېشى قېيىۋاتقان مېھرىبان ئىلەڭ ــ سىلەڭ ماڭغىنىچە ئاشخانىغا چىقىپ ، توڭلاتقۇنىڭ ئاستىنقى قەۋە-تىدىكى بىر كورا سۈتنى ئالدى ــ دە ، ئىككى تىنىغانچە ھەممىنى كۆتۈرۈۋەتتى . ئارىدىن بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمىدى بولغاي ، ئۇ تازىلىق ئۆيىگە ئارانلا ئۈلگۈردى . ئۇ خۇددى ئىچ ــ باغرى تۆكۈلۈپ چۈشكەندەك ئارقا ــ ئارقىدىن قەي قىلدى . مېھرىبان كۆپكۆك ۋە ساپسېرىق ، قان ئارىلاشقان سۇيۇقلۇقتا قاراپ ، كونىلار : «كۆك سۈت زەھەرنى ياندۇرىدۇ» دەپ راست ئېيتىپتىكەن ، دەپ پىچىر-لىدى . ئۇ بىر ئاز ئارام ئېلىۋېلىپ ، بىرنەچچە ئىستاكان ئىلمان قايناق سۇ ئىچىشى ، يەنە ھۇ قىستىدى . خېلىلا كۆپ زەھەرنى ياندۇرۇۋېتىپ كۆڭلى لىپپىدە يورۇپ قالغان مېھرىبان قورسىقىنى سىلىدى ھەم بالىسىنىڭ ئامانلىقىنى بىر خۇدادىن تىلىدى .

مېھرىبان سەل ئەسلىگە كېلىپ ، ئىلەڭ ــ سىلەڭ ماڭغىنىچە

دادىسى ئېلىپ كەلگەن سوغۇق ئىچىملىكنىڭ ھەممىسىنى سۇلىياۋ خالتىغا سېلىپ ئاغزىنى چىڭ چىگدى ـ دە ، ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىدى . ئاندىن ھۇجرا ئۆيگە كىردى . ئەمما ، بىر قاراپ بېشى پىررىدە قايدى ـ دە ، تامغا يۆلىنىپ قالدى . ئۇ مۆلدۈرلەپ ياش تۆككىنىچە : «مۇشۇمۇ دادا بولدىمۇ ؟ !» دەپ پىچىرلىدى . دېمى- سىمۇ ھۇجرا ئۆيدە پۇت باسقۇدەك يەر يوق ئىدى . ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن يوتقان ـ كۆرپە ، گىلەم ، ئەدىيال ، كارىۋات يايقۇچ ، كىيىم ـ كېچەك ، چىنە ـ قاچا ، لوڭغا ھەم پار ـ پۇرلار يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ۋەيرانچىلىقنى ئەسكە سالاتتى . ئېغىربوي مېھرىبان يامغۇردەك ياش تۆكۈپ ، ئىچىدە : «ئەي مەرھەمەتى ئۇلۇغ ئاللا ، ئاتىلارنىڭ قارىداپ كەتكەن كۆڭلى- نى شىۋى قەدرى نۇرلىرىڭ بىلەن يورۇتقايسەن . ئۇلار قايسا بەكمۇ ئۇزاپ كېتىدىكەن» دەپ زىكرى قىلىۋاتقاندا ، ئابابەكرى ئىككى پارچە خروئىن پارچىسى ئورالغان ئايالىلار نىلون پايپىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيۈۋاتاتتى . قەدىردان ھېلىقى قىشتا ئابىخان لومپا تاشلاتقۇزۇۋەتكەن بىر كاللەك خروئىننى بەرگەندە ، ئۇ ئەنە شۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەن ، ھەتتا نەچچە پۇللۇق ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىپ ، مېھرىبانغا قەدىردانىنى ماختاپ ھېچ ھالى قالمى- غانىدى . مانا ئەمدىلىكتە مۇنۇ ئىككى پارچە خروئىن ئارقىلىق قەدىردانىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ . راست ، قولىدىكى بۇ نىجىسنى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بەرسە ، ھازىرلا قاسقان شەپكىلىكتىن بىر قانچىسى كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ . قىزى بولسا بىر قانچە كۈن يىغلاپ ئاخىر پەسكارىغا چۈشمەي ئامالى يوق .

ئابابەكرى خۇشاللىقىدا كېچىچىمۇ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى . ئۇ دەم ـ دەم كۆزى ئۇيقۇغا كەتتىيۇ ، يەنە لاپپىدە ئېچىپ يوكىنىغا بېسىپ ياتقان «گۆھەر»گە قارايتتى ياكى جۆيلۈپ ۋارقىراپ تۇرۇپ كېتەتتى . چۈشىدە ھېلىقى گۆھەرنى كىملەردۇر بۇلاپ ئېلىپ ماڭغۇدەك ، ئابابەكرى بولسا ئۇلارنى قوغلاپ ، بىر ياقتىن يىغلاپ : «سىلەر گۆھىرىمنى بېرىۋېتىڭلار ، ئۇ مېنى جەننەتكە ئاپىرىدۇ»

دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك ، ئىشقىلىپ ئۇخلىسۇن ، ئۇخلىمىسۇن ، جۆيلۈسۇن ـ جۆيلۈمىسۇن ، ھەر ھالدا ساق ـ سالامەت تاڭنى ئاتقۇزۇۋالدى . گۆھەرنىڭ خاسىيىتىمۇ نېمە ، قورسىقىنىڭ ئاچقان ـ ئاچمىغانلىقىنى زادىلا بىلەلمىدى ، شۇنداقتىمۇ «ئەتىگەندىلىك ناشتا تەننىڭ كاپالىتى» دېگەن ئەقىدىنى ئويلاپ ، بىر پارچە قاتتىق ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەۋالدى . ئارقىدىن «گارتىندە» بىرنى كېكىرىپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ دەرھال «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» غا بېرىپ ، قەدىردانىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى بىلىشى كېرەك . ئۇ قانچە تېز يوقالسا ، ئۆي ، مال ـ مۈلۈك شۇنچە تېز ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ ـ دە ! ئاپلا ، شۇنداق ئالدىراشچىلىقتا ئىشىك قاققان كىمدۇ ؟ تازىمۇ بىر...

ئابابەكرى نىلون پايپاقتا ئورنۇۋالغان ئىككى «گۆھەر »نى قويىدىغان يەر تاپالماي ، تامدىكى چاشقان تۆشۈكىگە تىقىپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن يىرتىق پايپاقتىن بىرنى كەپلىدى ، ئاندىن بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى . لېكىن ، ئۆزىنىڭ ئىككى قەدەم ئارقىغا داجىغانلىقىنى سەزمەي قالدى . ئۇنىڭ ئالدىدا كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك چېقىن چېقىپ ، مېھرىبان تۇراتتى . ئۇنىڭ پاكىز رۇخسارىدىن ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك بىر خىل سۇر يېلىنجايتتى . خۇددى ئىشتانغا چىققان كۆكۈلگە ئايان بولغاندەك ، بۇ پاسىق بەندىنىڭ پاسكىنا تېنى سۇس تىترىدى ، ئۆزىمۇ گاچىلىشىپ ، كۆزلىرى غىل ـ پاللىدى :

— ئە ... ئەتىگەندىلا ... كې ... كېلىپ قاپسىزغۇ ؟

— ھەي ئىمانسىز كاپىر ! دۇنيادا ئۆلۈمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما ؟ ! — مېھرىبان دادىسىنى تۇنجى قېتىم «سەن» لىدى ۋە ھويلا ئىچىگە قەدەم ئالدى ، — سەن خۇدادىن قورقامسەن ؟ سەنمۇ ئىككى مۇسۇلمان پۇشتىدىن تۆرەلگەنغۇ ! سېنىڭ نىيىتىڭ نېمانچە يامان ! قانداق ئاتا ئۆز پەرزەنتىگە ، ئاجىز بىر قىزىغا ، ئېغىربوي مەزلۇمەگە زەھەر ئىچۈرۈپ ، قىزىنىڭ ئۆيىنى بۇلايدۇ !

— مېھرىبان ، ئۆي ··· ئۆيگە كىرىڭ ، قىزىم ، ئۆيدە سۆزلە-
شەيلى .

ئابابەكرى قىزنى يۆلىۋالماقچى بولۇۋىدى ، مېھرىبان شارتلا ئۆزىنى تارتتى .

— ئىپلاس قوللىرىڭنى تەگكۈزمە ، پاك تەرىتىم بۇزۇلىدۇ !

مېھرىبان ئۆزى چوڭ بولغان ، ئانىسىنىڭ ھىدلىرى سىڭگەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى . مېڭىپ قانچىلىك ماڭدۇ دەيسىلە ، بىر كاۋاپدان ، قاتلانغان ئىككى شىرە ، بىرنەچچە ئورۇندۇق ئارانلا پاتقان كاتەكتەك ھويلىدىن ئىككى قەدەم ئارىلىقتىكى ئۆيگە كىر-دى ، ئۆي ئىچىدىكى ۋەيرانچىلىقتىن گەپ ئېچىش تەس ، بەتبۇي ، قاڭسىق بىر پۇراق دىماقلارنى ئېچىشتۇراتتى . ئابابەكرى دۈمبىسىد-نى لاي تامغا سۈركەپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى . مېھرىباننىڭ قەلەم-دەك قاشلىرى ئاستىغا يوشۇرۇنغان قارا كۆزلىرى ئابابەكرىگە تىكەندەك قادىلىپ تۇراتتى .

— سىنىڭ قارا كۆڭلۈڭ ماڭا ئايان ! — مېھرىبان ۋارقىرد-دى ، — قېنى قەدىردانىنى قاچان ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپ ، ئاندىن مېنى لەھەتكە ئۇزىتىپ قويىسەن ؟

— قىزىم ، قەدىردانغا شۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىمدۇ ؟ — ئابابەكرىنىڭ تاۋۇشى پەس ئىدى ، — سىزدەك بىر چىرايلىق ئايالنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئالدى ··· بۇ ··· بۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزگە يۈندا چاچقانلىق ئەمەسمۇ ؟

— ئەمىسە ئۆز ۋاقتىدا : «بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا ، پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ تۆت خوتۇنى بولغان» دەپ ماڭا يېلىنغانلىرىڭ-نى قانداق چۈشەندۈرىسەن ؟

— ئەمدى ··· ئەمدى ئۇ چاغدا شۇنداق دېمەي بولمايتتى ، — ئابابەكرى يەردىن ئۈستۈن قارىماي سۆزلەۋاتاتتى ، — قىزىم ، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ، قەدىردانىنى مەن تۇتۇپ بەرمىسەممۇ ، ھۆكۈمەت بەرىبىر تۇتىدۇ . ئىشقىلىپ ، خىروئىن ساتقانلار ئۆلۈم ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالمايدۇ .

— ئۇنىڭ خروئىن ساتقانلىقىنى سەن كۆرگەنمىدىڭ؟ ئۇ پەقەت چېكىدۇ، ئەمما ساتمايدۇ.

— بۇ قېتىم ماتراس ئىچىدىن چىققان 40 گرام كېسەكچە خروئىن ئۇنى ئۇدۇل ئۆلامبايدىكى تاشلىق سايغا سۆرەپ بارىدۇ. ئەڭ بولمىسا مۇددەتسىز ياكى 20 يىللىق تۈرمە جازاسىنى تارتىدۇ. چۈنكى، يېنىدىن 50 گرام خرۇئىن چىققان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئېتىلىشى ھەممىگە ئايان!

— ئۇنداقتا، قەدىردانىنى راستىنىلا تۇتۇپ بېرىش خىيالىغا كەپسەن - دە؟ — دېدى مېھرىبان زەردە بىلەن، — ئۇنىڭ ساڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما؟

— قىزىم، دېدىمغۇ، ھۆكۈمەت ئۇنى بەربىر ئاتىدۇ ياكى سولايدۇ، ئەمما بىز تۇتۇپ بەرسەك ئۇنىڭ مۇكاپاتى بار ئەمەسمۇ! كاللىسى ئېلىنىدىغان ئادەمگە چاچنىڭ نېمە ھاجىتى! ئۆي - بىساتتىن باشقا پۇلغىمۇ ئېرىشىمىز، ئوشۇق دۇنيا ھەرگىز باشنى يارمايدۇ.

— ۋۇي ۋىجدانسىز تۇزكور! سىنىڭدەك قارانىيەت دادام يوق! — مېھرىبان ئورنىدىن تۇردى، — قەدىردانىنى تۇتۇپ بەرگەن كۈنۈڭ مەنمۇ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىمەن.

مېھرىبان ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئابابەكرىمۇ ئىشكنى ئالمان - تالمان ئەتتى - دە، «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا يۈرۈپ كەتتى. قەدىردانىنىڭ ئۇرۇمچىگە كېلىشى ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كېلەتتى، لېكىن قىرىشقاندەك ئۇ كەلمەيۋاتاتتى. ئابابەكرى كېيىكنىڭ ئىزىغا چۈشكەن ئوۋ ئىتىدەك ھەپتىدىن بېرى قاتراۋاتىدۇ، لېكىن كۆزلىگەن ئوۋنىڭ ئىز - دېرىكى تېخىچىلا يوق! كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ ۋاخلىق خۇمارى تۇتۇپ، يانچۇقىنى ھەم مادارىنى قۇرۇتتى، 20 گراملىق ئىككى كېسەكچە خروئىننى بۇزۇشقا كۆڭلى قىيمايتتى. چۈنكى، قەدىردانىنىڭ تەقدىرىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان بۇنداق ئەجەل ئوقىنىڭ بىرەر بۇرجىكىنى پۇچۇلدۇرۇۋەتسە، ساق-

چىلار ئاباﺑەكرىدىن گۇمانلىنىپ قالامدۇ؟ ئەتتىگىنەي، ئىككى دانە ئېسىل «گۆھەر» ئوتتۇرىدا قۇربان بولۇپ كېتىدىغان بولدى - دە! مەيلى، قەدىردانىنىڭ بىشىنى يەيدىغانلا بولسا، قانچە گۆھەر كەتسىمۇ كارايىتى چاغلىق، چۈنكى ئۇنىڭ بەدىلىگە نەچچە 100 مىڭ سوملۇق خەزىنە چىراي ئېچىپ تۇرۇپتۇ!

كۆرۈڭ! ماۋۇ كۆيۈمچان، سەممىي، ئاق كۆڭۈل، دىلكەش ئاتىنىڭ بولۇپ قالغىنىنى! ئۇ ئۆزىنىڭ جان - جىگەر قىزىنى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى، سۆيگەن ئېرىنى، ئىللىق ئائىلىسىنى، بەخت - ئىقبالىنى خىروئىن ئۈچۈن قۇربان قىلماقچى!

قەدىردانىنىڭ هايات پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىككى كاللەك خىروئىن ئاباﺑەكرىنىڭ قوينىدا ياتقىنىغا 13 كۈن بولدى. ئۇ بۈگۈنمۇ «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا تاڭ تىڭلاپ ماڭدى. ئەگەر قەدىردان كېلىپلا قالسا، بىر - ئىككى كۈنگە قالماي مېهرىبانىنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. هېلىمۇ ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن خوتۇنىنى سېغىنىپ ئۆلەي دېگەندۇ، ئەمما ئۇ كەلگەن هامان، ئىككى كاللەك خىروئىننى تاپشۇرۇپ ساقچىلارنى باشلاپ كېلىشى كېرەك.

ئاباﺑەكرى شېرىن - لەززەت خىياللار بىلەن «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆتكەنكىدەك بىرەر كىشىدىن سوراپ، قەدىردانىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ تۇرۇشى، قىپقىزىل بىر تاكسى ئاشخانا ئالدىدا توختىدى. ئاباﺑەكرىنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك ئۆزىنى دەرهاللا ئىستولىنىڭ دالدىسىغا ئېلىشى، تاكسىدىن قەدىردان چۈشتى، ئاندىن زۇلئاي: «ئانا» دېگىنىچە قولىدىكى سومكىنى تاشلىۋېتىپ هۆسنارخاننى قۇچاقلىدى. بۇ چاغدا ئەسەت ئەرۋاھ، قەدىردانلار تاكسىنىڭ ئارقا ساندۇقىدىكى چىرايلىق چىگىلگەن سوۋغاتلىق ئىككى گىلەمنى يەرگە ئېلىشتى.

يۈرىكىنىڭ سىلىشى ئۆزىگە ئاڭلىنىۋاتقان ئاباﺑەكرى ئاستا ئارقىغا چېكىندى. ئۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يولنىڭ ئۇ

چىتىگە ئۆتۈپلا ، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقمىۋالدى . ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دېگەندەك ، بىر كىم ئۇنى تۇتىۋالىدىغاندەك ، ئەتراپىـ
غا ، ھەممە يولۇچىلارغا خۇدۇكسىنىپ قارايتتى . ھازىر تېخى چۈش ۋاقتى بولمىدى ، قەدىردان باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ياكى بازار ئايلىنىمەن دېگەن بولۇپ دوستلۇقتىكى ئۆيىگە كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ساقچىنى باشلاپ كېلىش كېرەك . توغرا ، ئەتە مېھرىبان ئۆيدە بولامدۇ ـ يوق ، بۇنى تىلڭ تىڭلاپ باقمىسا بولمايدۇ . چۈنكى ، مېھرىبان ھەپتىدە بىر قېتىم دېگۈدەك قورسىقىنى تەكشۈرتكىلى دوختۇرخاـ
نىغا بارىدۇ .

ئابابەكرى چىگىش خىياللار بىلەن دوستلۇققا يېتىپ كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى . چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ماڭماي ، قىزىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى . ئابابەكرى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ تۇرۇشى ، مېھرىبان بوسۇغا ئالدىدا پەيدا بولدى . ئۇنىڭ چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتقاناـ
لىقى قولىدىكى پىچاق بىلەن ياغىيۇدىن بىلىنىپ تۇراتتى . مېھرىـ
بان غەزەپلىك كۆزلىرىنى دادىسىنىڭ خۇنۇك يۈزلىرىگە قادىغىنىـ
چە گەپمۇ قىلمىدى . ئابابەكرى سەتلا ھىجىيىپ دىۋاندا ئولتۇردى .

— نېمە تاماق ئېتىۋاتىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

مېھرىبان قاپىقىنىمۇ ئاچماي :

— باشقىلارغا ئورا كولاپ ، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەن ئوخـ
شىمامدۇ ؟ — دەپلا تەتۈر قارىۋالدى . ئابابەكرى ئۇنىڭ تەئەددىسىگە پەرۋامۇ قىلماي ، كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى ئېنىقلاپ كۆرمەكچى بولدى :

— دوختۇرخانىغا ئۆزىڭىزنى تەكشۈرتكىلى بارمىدىڭىزمۇ ؟

— بارسام ـ بارمىسام سىزنىڭ بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى ، — مېھرىبان دادىسىغا گەپ قىلىشتىنمۇ بىزار ئىدى ، — ئەجەب كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىپسەنغۇ ؟

— يا ئەمدى سوراپ قويدۇم ، ئەتىغۇ بارمايدىغانسىز ؟

مېھرىبانىنىڭ يۈرىكى جىغىلا قىلىپ قالدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيۇپ قالغانىدى . «ئەتىغۇ بارمايدىغانسىز ؟ » ئەگەر بېرىپ قالسا ئابابەكرىنىڭ قانداق مۇھىم ئىشىغا تەسىر يەتمەكچى ؟ توغرا ، قەدىردان كەلدى … ئۇ بۈگۈن كەلدى ، ئابابەك-ىرى ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئېنىق كۆردى ! قەدىردان ئەتە ئۆيدە ئولتۇر-غاندا ، دادىسى ئۇنى تۇتۇپ بەرمەكچى ! شۇڭا بۈگۈن كېچىلا ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تەييارلاپ قويۇشى ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىپ ئۇنى ساقلاش كېرەك .

— ئەتىغۇ بىر يەرگە بارمايدىغانسىز ؟ — تاقەتسىزلەنگەن ئابابەكرى يېنىشلاپ سورىدى .

— ھە ؟ يا… ياق ، ھېچ يەرگە بارمايمەن .

ئابابەكرى بىر تەخسە لەغمەن يەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى . مېھرىبان قاچا ـ قۇچا ، تاماق شىرەسى ھەم قازان باشلىرىنى يىغىشتۇرماي ، شۇ بويىچە تاشلاپ قويۇپ ، ھۇجرىسىغا يۈگۈرۈپ كىردى . ئۇنىڭ كۆڭلىدە قەدىردان ھېلىلا ئىشىكتىن كىرىپ كې-لىدىغاندەكلا بىلىنمەكتە ئىدى . شۇڭا ، ئۇ قەدىردانىنىڭ يازلىق ، قىشلىق كىيىملىرىنى كارىۋات ئۈستىگە بىر ـ بىرلەپ ئالدى . كۆڭۈل ھۆكمىگە ئىشىنىدىغان مېھرىبان تاقەتسىز سېغىنغان ئېرد-ىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان يات يەرلەرگە قاچۇرۇۋېتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ، قەدىردان زۇلئاينىڭ ھۇجرىسىدا مۇڭدى-شىپ ئولتۇراتتى . ئۇ گەرچە خوتۇنى بىلەن مۇڭداشقاندەك قىلسى-مۇ ، كۆڭلى مېھرىباندا ئىدى . ھازىر ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىسى يەتتە ئايدىن ئاشتى . ئەگەر مۇشۇ تۇرقىدا كېتىپ ، كېچىچە كەلمى-سە ، زۇلئاينىڭ گۇمانلىنىشى تۇرغانلا گەپ ، تېخى ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھقا تېپىلغۇسىزلا بىر ئىش بولىدۇ . ئەمدى ئەتە پويىز ئىستانسىسىدىكى دۇكاننى كۆرۈش ، ئۇستامىلارنى تېپىپ زىننەتلەشكە ھۆددىگە بېرىش ئىشلىرى بىلەن يەنە بىر كۈن كېتى-دۇ . شۇڭا ، دۇكاننى ھازىرلا كۆرۈپ كەلسە بولمىدىمۇ . تېخى چۈشتىن كېيىن يېرىم كۈن ۋاقىت تۇرسا .

— راست ، كەچكىچە ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرىمىزمۇ ؟ مەن ئانامغا دەي ، ئەسەت ئاكام هازىرلا دۇكاننى كۆرسىتىپ كەلسۇن ، — زۇلئاي قەدىرداننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى ، — قايتىپ كىرگەندىن كېيىن مەن سىزگە شۇنداق بىر خۇش خەۋەر يەتكۈزەيكىن ، هوشىڭىزدىن كەتمىسىڭىز بولدى .

زۇلئاي يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئاشخانىدىن ئانىسى بىلەن ئاكىسىنى تاپالماي ، ئاماق تەييارلاش بۆلۈمىگە كىردى . ئۇ يەردە ئاباق توختى ، كازىملار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنكى چىنە - قاچىلارنى چوڭ داسلارغا چىلاپ يۇيۇۋاتاتتى . زۇلئاي دادىسىنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتتى :

— دادا ، ئانامنى كۆردىڭىزمۇ ؟

— بايا بازارغا بارىمەن ، دەپ كەتكەن ، تېخى هېلىلا گاچىنى ئىت قوغلىغاندەك هاسىراپ - هۆمۈدەپ ئارقا هويلىغا ئۆتۈپ كەتتى .

— ئاكامچۇ ؟

— ئاكىڭىز ، قىزىم ، مېهمانخانىدىكى دىۋاندا تېقىمىغا ئوسۇرۇپ ئۇخلىغىنى ئۇخلىغان .

زۇلئاي ئارقا هويلىغا ئۆتۈپ دالان ئۆيگە كىردى ھەم كىملەرنىڭدۇر گۇدۇڭلاشقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇ داۋاملىق ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن تۇيدۇرماي كېلىپ «هاۋ !» دەپ چۆچۈتۈۋېتەتتى . ئۇنىڭ بۇنداق ئەركىلەشلىرىگە هۆسنارخانمۇ كۆنۈك ئىدى . زۇلئاي پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يېرىم ئوچۇق ئىشىكتىن مېهمانخانىغا قارىدى . مېهمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ دىۋانلار چۆرىدەپ قويۇلغان ، هۆسنارخان بىلەن ئەسەتنىڭ باشلىرىنىڭ ئارقىسى دىۋاننىڭ ئېگىز يۆلەنچۈكىدىن ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . زۇلئاي ئاستا ئۆمىلەپ دىۋاننىڭ ئارقىسىغا كېلىشى ، ئەسەت ئەرۋاهنىڭ : «ساقچىلار قاچان كېلىدىغان بولدى ؟ » دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى . زۇلئاي بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى غېرىچمۇ ئارىلىق بولمىغاچقا ، سىرتتىن هېلىلا تەرلەپ - پىشىپ

كەلگەن ھۆسنارخاننىڭ ھاسىراشلىرى ، ئەسەتنىڭ ئۇيقۇلۇق پۇ-
شۇلداشلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى :
— بارسام ساقچىلارنىڭ ھەممىسى شەھەرلىك ساقچىغا يىغىنغا
كېتىپتىكەن . نۆۋەتچى ساقچى : «بىز ئارقىڭىزدىنلا يېتىپ بارد-
ىمىز » دېدى .
— ئەمدى بويىنىمىزغا ئېسىلغان 200 مىڭ سوملۇق تاراڭگۇ-
دىن قۇتۇلىدىغان بولدۇق ، — ئەسەتنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئاڭلاند-
ىدى ، — قەدىردان تۇرمىدە ئۇ پۇلنىڭ گېپىنى قىلىپ يۈرمەس !
— ھەي ساراڭ ، بۇ قېتىمقى قولغا ئېلىشنى بىزدىن كۆرمەي-
دۇ ، «ئىزىمغا ئادەم چۈشۈپتىكەن» دەپلا قالىدۇ .
— ئۇياقتىن كېلىپ بولغۇچە ، بۇياقتىن تۇتۇلىدىغان
بولدى - دە ، بۇ بايقۇش .
— شۇنداق قىلمىساق ، زوھۇرگاسىيا چوقۇم ئىش تېرىپ
قويىدۇ . ئۆتكەنكى گېپىنى ئاڭلىغانسەن ؟ ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشە-
كىلى تاسلا قالدىم ، — دېدى ھۆسنارخان ، — ھە راست ، ئۇنىڭ
سومكىسىغا قانچىلىك بىر نېمە سالالىدىڭ ؟
— ئىككى قېتىم ئېتىلىشقا لايىق !
قورقىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالغان زۇلئاي دەرھاللا
ئاغزىنى تۇتۇۋالدى .
— 100 گرام مال گەرچە 30 مىڭ سوم بولسىمۇ ، ئەمما
قەدىردان دېگەن مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمىگە ئەرزىيدۇ ، ھېلىقى ... —
ھۆسنارخان دىمىقىنى قاقتى ، — مەن ئاشۇ ھەزىلەكتىن يىگىلىد-
غان خوتۇنما ! ئەگەر زۇلئاي دېگەن جالاپ ئۇنىڭ قېشىغا قېچىپ
بېرىۋالمىغان بولسا ، ئۇ خەقنى خوتەندىلا ۋەيرا - ۋەيرانە ، ھېلىم
دىۋانە قىلىۋېتەتتىم .
— ئەمدى زۇلئاي قانداق قىلار ؟
— ئۆزىگە ئاز ئۇ پاسكىنىنىڭ ، بۇ قېتىم قەدىردان دېگەن
شاۋچىدىن ئۇزۇل - كېسىل قۇتۇلمىساق ، 200 مىڭ سوم پۇل
ھەم زوھۇر گاسىيا خەۋپىدىن قۇتۇلالمايمىز .

— ساقچىلار ھېلىلا يېتىپ كەلسە، — دېدى ئەسەت ئەرۋاھ، — بىز ھېچنېمىنى بىلمىگەن، ئۇقمىغان بولۇپ، ئاشخانىدىن چىقمايلى.

ياشلىرى ئۇنىسىز تۆكۈلۈۋاتقان زۇلئاي ئارقىچە ئاستا ئۆمىلەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپلا، بوسۇغا تېمىغا يۆلىنىپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— قەدىردان، قېچىڭ، ھازىرلا قېچىڭ! بولمىسا ئۇلگۇرەلمەيسىز، ئانام ... ئانام ... ساقچىغا سىزنى چېقىپتۇ!

— زادى نېمە ئىش؟ — قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ئېنىقراق گەپ قىلىڭا.

— تېز، تېز بولۇڭ! ساقچىلار يولدا كېلىۋاتىدۇ، بىز ... بىز قايقانغا چۈشۈپتىمىز.

— ئەسلىدە «ئاشخانا ئېچىپ بېرىمەن» دەپ ئالداپ ئەكېلىپ بىزنى تۇتۇپ بەرمەكچىكەن - دە، — قەدىرداننىڭ تومقاشلىرى بىر يەرگە يىغىلدى، مۇشتۇملىرى چىڭ تۈگۈلدى، — ۋۇ ئاناڭنى! ھەممىڭ قارا نىيەت مۇناپىقلار، ئاناڭمۇ تالاق، سەنمۇ تالاق، ئۇقۇشتۇڭما، ھەممىڭ تالاق!

قەدىردان سومكىسىنى مۇرىسىگە تاشلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. پۇت - قوللىرى دىر - دىر تىترەپ تۇرغان زۇلئاي ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەكچى بولدىيۇ، مىسقالچە مادار قالمىغان ئاياغلىرىنى يۆتكىيەلمەي، ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇق «ھۆ» بولۇپ، مەيدىسىنى تۇتقىنىچە بوسۇغىغىلا يىقىلدى ۋە: «جېنىم بالام، خەۋىرىڭنى داداڭغا يەتكۈزەلمىدىم» دېدى - دە، ھوشىدىن كەتتى. بۇ چاغدا قەدىردان چۈشكەن تاكسى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» ھەم «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئەتراپلىرىدىن تېزلىكتە غايىب بولدى. ئۇ دوستلۇق رايونىغا كەلمەي تۇرۇپ تاكسىدىن چۈشتى - دە، پاسكىنا، پاتقاق يوللارنى ئايلىنىپ خالتا كوچىغا چىقتى. قەدىردان ھويلىغا كىرە - كىرمەيلا، بىراۋلارنىڭ جەننەت ھىدلىرى بۇرنىغا ئۇرۇلدى! ئۇ تىترىگەن قوللىرى بىلەن

ئىشىك قوڭغۇرىقى كۇنۇپكىسىنى باستى ! بوسۇغىدا پەرىشتىلەر سىيماسىدىن ئەندىز ئالغان بىر ھۆر كۆرۈندى !

كۇراپ دەرياسى ۋادىلىرىدا ئېچىلىدىغان بابۇنە گۈلىدەك مۇلايىم، چۆچەكلەردە مەدھىيىلەنگەن سەۋرىدەك نازۇك، ئانا سۈتىدەك پاك مۇشۇنداق قىزدىن يەنە بىرى مۇشۇ پانىي ئالەمدە بارمىدۇ؟ ! بولسىمۇ بولار، ئەمما مېھرىبان قىزدەك كەم سۆز، سەۋرچان، ئېرىگە ئەددەسىز ۋاپادار، ۋۇجۇدىدىكى ئاللا ئاتا قىلغان بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، ساخاۋەت ھەم شاپائەتلىرىنى ئېرىگە ئاتىغان بۇنداق ناتىۋان مىسكىنىنى يەتتە جەننەت بوستانلىرىدىنمۇ تاپماق بەسمۇشكۇل ! قاراڭ، ئۇنىڭ قىياندەك تۆكۈلۈۋاتقان ياش تارامىلىرى ئۇنى باھار يامغۇرى سۆيۈپ تامچىلاۋاتقان غۇنچىگە ئوخشىتىپ قويغانىدى . قەدىردانىنىڭمۇ كەلكۈندەك يامراپ كەتكەن ياشلىرى كۆزلىرىنى تۇتاش مانان پەردىسىگە ئورىۋالدى .

— مېھرىبان !

— قەدىردان !

ئەق بوسۇغىنىڭ ئۆزىدىلا، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى . ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ! مەڭگۈ مۇشۇنداق، راست، تاڭلا قىيامەتكىچە مۇشۇنداق ھالدا ئۇيۇپ قالغۇسى كەلدى ! قەدىردان مېھرىبانىنىڭ مۇرلىرىدىن قۇچاقلاپ دىۋاندا ئولتۇرغۇزدى ھەم ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا شىۋىرلىدى :

— سىزگە خۇش خەۋەر، مەن زۇلئايىنى تالاق قىلىۋەتتىم .

— راستما ؟ — مېھرىبان ئېرىنىڭ كۆكرىكىگە ئاستا باش قويدى، — ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ئەمدى سىز ماڭا، ماڭىلا تەئەللۇق بولۇپ قالدىڭىزمۇ ؟ نېمىشقا ئەمدى ؟

قەدىردان ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت ئەرۋاھىنىڭ قۇرغان قاپقانلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشى، مېھرىبانىنىڭ بېشى بىردىنلا چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى ھەم قايتىدىن يىغلىۋەتتى .

— مېھرىبان، خۇشال بولماستىن يىغلاۋاتىسىزغۇ ؟

— مېنمۇ تالاق قىلىۋېتىشىڭىزدىن قورقۇۋاتىمەن .
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

مېھرىبان دادىسى ئابابەكرىنىڭ ئۈچ ئايدىن بېرى قىلغان زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ، ھەتتا ئۆزىگە ئۇيقۇ دورىسى ئىچۈرۈپ ، بىھوشلاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ھۇجرىنى بىر كېچە ئاختۇرۇپ ، ئېلىپ چىقىپ كەتكەن نەرسىسى ، ھازىر ئۇ 40 گرام خروئىننى ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ، قەدىردانىنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق سۆزلەپ بەردى . قەدىردان تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى . توۋا ، شۇنچە كەڭ ئالەمدە قەدىردان پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك ئالىقاندەك يەر ياكى ماكان چىقماسمۇ ؟ چەرخى پەلەكنىڭ مىزانى زادى ياخشىلىققا يامانلىق بولامدۇ ؟ ! قەدىردان ھۆسنارخان ئائىلىسىگە ھىممەت قولىنى سوزمىغانمىدى ؟ 200 مىڭ سومنى بېرىپ ، سوراپ باقتىمۇ ؟ ئەسەتنىڭ چېكىشى ، ئىچىشى ، ئوينىشى زادى كىمدىن بولغان ؟ ! ئەمدىلىكتە 200 مىڭ سومنى بەرمەسلىك ، خوتەندىكى ماجىرادىن قايتا ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن ئويناشسا بولامدۇ ؟ بۇلار ئادەممۇ ياكى ئادىمىي ھايۋانمۇ ؟ ئەدناسى ، مۇنۇ ئابابەكرى دېگەن غۇرۇرسىز ئەبلەخ قەدىردانىنىڭ شۇنچە شاپائەت ھەم ساخاۋەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ، نېمە ئۈچۈن دۈشمەنلىك خەنجىرىنى تەڭلەيدۇ ؟ ھۆسنارخانمۇ قىزىنىڭ ئىزگۈ تىلەكلىرىنى ئويلىماي ، ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئاتقۇزۇۋەتمەكچى بولىدۇ ؟ ئابابەكرىمۇ قىزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى پايخان قىلىپ ، قەدىردانىنى يوقاتماقچى بولدىغۇ ؟ ! يەنىلا شۇ كونا گەپ ، مەنپەئەت ئۈچۈن ! بۇ دۇنيادا مەن تۇراي ، سەن يوقال ، مەن ياشاي ، سەن ئۆل ، دېگەندىن باشقا نەرسە ئەمەس .

— نېمە بولدىڭىز ، قەدىردان ؟ بەكلا جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ؟
— بۇ دۇنيانىڭ رەزىللىكىگە ھەيران قېلىۋاتىمەن .
— مەنمۇ سىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى تەييار قىلىپ قويدۇم .

— سىزمۇ مېنى زۇلئايدەك قوغلىماقچىمۇ؟

— ئامالىم يوق، قەدىردان، ئاشۇنداق نىجىس پۇشتىپاناھتىن تۆرىلىپ قاپتىمەن! — مېھرىبان ئېرىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى، — مەن سىزنى ھازىرلا ئۇزىتىپ قويىمىسام بولمايدۇ، ئەتە ... ئەتە ... بەكمۇ خەتەرلىك.

— بولىدۇ، مېھرىبان، مەن كېتىمەن، سىزنىڭ كۆز ياشلىرىڭىزنىمۇ كۆرگۈم يوق، — قەدىردان مېھرىباننى قۇچاقلىدى، — لېكىن قاراڭغۇ چۈشسۇن، شۇنچە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقسام، ھەممىلا ئادەم قارىشى تۇرغانلا گەپ.

قاراڭغۇ چۈشتى. مېھرىبان بىرنەچچە گۆشنان ھەم قاتلىما پىشۇرۇپ گېزىتلەرگە ئورىدى. ئۇ يەنە يولدا يېيىش ئۈچۈن گۆش قورۇماقچى بولدى. مېھرىباننىڭ راسا ئىشقا بېرىلگەن ۋاقتىدا، قەدىردان ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ، پەي ياستۇقنىڭ كىچىككىنى يېرىنى سۆكۈپ قولىنى تىقتى ـ دە، پايپاقتا ئورالغان ئىككى دانە كاللەكنى چىقىرىۋالدى، ئاندىن ئەينەكلىك ئىشكاپ ئىچىگە تىزىپ قويغان غىلاپلىق خەنجىرنى ئالدى ۋە ئىشتان كەمىرىگە قىستۇرۇپ، ئۇستىدىن كۆڭلەك ئېتىكىنى چۈشۈرۈۋەتتى. نۇرغۇن تاتلىق خاتىرىلەرنىڭ شاھىتى بولغان بۇ چىرايلىق ھۇجرىدا بىر كېچىمۇ ياتماي كېتىدىغىنىنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى ئەلەمزىدە بولغان قەدىردان كۆزى قىيمىغان ھالدا قايتىپ چىقتى. ئېغىرلىشىپ قالغان مېھرىبان ئاشخانىدا گۆش قورۇۋاتاتتى.

— مېھرىبان، سىز گۆشنى قورۇپ بولغۇچە دوقمۇشتىكى ۋاڭ ھەدەمنىڭ بوتكىسىدىن تاماكا ئەكىرىۋالاي، — دېدى قەدىردان، — ھازىرلا كىرىمەن.

— تېز كىرىڭ، — مېھرىبان ئەنسىزلىك ئىچىدە تىترەپلا تۇراتتى، — ئېھتىيات قىلىڭ، دادام كۆرۈپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بولۇڭ.

قەدىردان چىقىپ كەتتى. ئۇ ۋاڭ ھەدىنىڭ بوتكىسىدىن چوڭ يولغا قايرىلدى ـ دە، دوستلۇق كېچىلىك بازار رەستىسىگە كىر-

دى . رەستىدىن ئۇدۇللا مېڭىپ ، يەنە ئوڭغا قايرىلىپ ، ئۈستى يېشىل سۇلىياۋ تاختاي بىلەن يېپىلغان ، ئىككى تەرىپى ھەرخىل دۇكان ، ئوتتۇرىنى كاۋاپچى ، لەڭپۇڭچى ، زاسوپىيەزلەر ئىگىلىگەن بازار ئىچى بىلەن 300 مېتىر دەك مېڭىپ ، ئاھالىلەر مەھەللىسىگە كىرىپ كەلدى . بۇ يەردە قىڭغىر ـ سىڭغىر سىلىنىپ كەتكەن ئۆيلەر ئىنتايىن زىچ جايلاشقان بولۇپ ، كوچىلىرىمۇ ئۆمۈچۈك تورىدەك گىرەلىشىپ كەتكەنىدى . قەدىردان مېھرىبان بىلەن توي قىلىپ ، بىرنەچچە قېتىم ئابابەكرىنى يوقلاپ كەلگەن توخۇ كاتىكىدەك كىچىك قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى . كىچە بولغاچقىمۇ ، بۇ ئەتراپتىكى خالتا كوچىلار جىمجىت ھەم پىنھان ئىدى . قەدىردان ئاغزىغا ئىككى تال گۈلە ـ قاق ئۆرۈكچىسىنى سالدى ـ دە ، ھۆجرىدىن ئېلىۋالغان قارا رومالدا يۈزىنى نىقابلاپ چىگدى . ئۇ يېقىن ئارىدا ئادەم يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ، قوش قانات كىچىك ئىشىكنى بىرلا تېپىپ ، داتلىشىپ كەتكەن زەنجىر ئىلغىلىرىنى ئۈزۈۋەتتى . دەرۋازىنىڭ تۇيۇقسىز شاراقلاپ ئېچىلغانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەن ئابابەكرى چىراغنىڭ يېپىنى تارتىۋەتكەن بولسا كېرەك ، ئۆينىڭ دېرىزىسى ئاپئاق يورۇدى . قاپقارا نىقابلانغان ، قولىدا يالتىراپ تۇرغان خەنجەر تۇتقان ئادەمنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ، ئابابەكرى ئەسكى يوتقان ، كونا كۆرپىلەرنى قۇچاقلاپ كارىۋاتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ تىقىلىۋالدى . ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى توختىماي كاسىلدايتتى ، چىرايى كونا پەنجىر قەغىزىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى ، كۆزلىرى بولسا توختىماي چىمچىقلاپ ، بۇرنىنى تارتىپ تۇراتتى .

— مال ـ دۇنيا ، ئالتۇن ، زىبۇزىنىنەت بولسا چىقار ! — ۋارقىرىدى گېپىنى ئارانلا ئۇققىلى بولىدىغان «بۇلاڭچى» ، — تېز بول دەيمەن !

«بۇلاڭچى» خەنجىرىنى شارتلا بىر شىلتىگەنىدى ، ئابابەكرى «ۋايجان !» دەپ دەھشەتلىك بىر ۋارقىرىشى ، ئارقىسىدىنمۇ «تارت» قىلىپ چىقىپ كەتتى ، «بۇلاڭچى» : «مېنى مەسخىرە قىد-

لىپ ئاغزىدا ئەمەس ، كۆتىدە جاۋاب قىلدى» دەپ ئويلىدىمۇ ، ئىشقىلىپ قاتتىق غەزەپلەندى .

— ھەي تۇزكور دىۋانە ، نىماداق ئارقاڭدا سۇناي چالىسەن ؟

— قور ... قورقۇپ ... كىتىپ ...

— مەن ساڭا نىمە دىدىم ؟ — «بۇلاڭچى» ئابابەكرىنى كارىۋاتـ قا بىسىپ بوغۇزىغا خەنجەرنى تىرىـۋالدى ، — بايىلىـقىڭـنى تىز چىقار !

— مەن ... مەن ... بىر نامرات كەمبەغەل ، — ئابابەكرى يىغلاپ سالدى ، — مەندە نىمە بايلىق بولسۇن ...

— نىمە ، سەندە ھىچنىمە يوقما ؟ — قەدىردان ئابابەكرىنىڭ تۆت قاتلاپ بىشىغا قويغان چاپىنىنى بىرلا قىقىشتۇرۇۋىدى ، كارىـ ۋات ئۈستىگە پايپاققا يۆگەلگەن ئىككى كاللەك بىر نىمە چۈشتى . «بۇلاڭچى» ئۇنى ئالدىرماي ئىچىپ كۆردى ، پۇراپ باقتى ، تىلىنى تەگكۈزۈپ تۇكۇرۇۋەتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ كۆزى ئابابەكرىدە ئىدى .

— بۇ نىمە ؟ !

— ئـۇ ... ئـۇ ... — ئـابابەكرى دەمـال بىر نىمە دىيەلمىـ دى ، — ئۇ دىگەن دورا .

— نىمىگە پايدا قىلىدۇ ؟

— قو ... قورساق ... ئاغرىقىغا ...

— ياخشى ، مىنىڭ قورسىقىم ئاغرىيتتى ...

— ھەي ، ئۇ ... ئۇ ... — ئابابەكرى مىچچىدە يىغلىدى ، — ئۇ دىگەن ئاق تاماكا ...

— ئاق تاماكا دىگەن نىمە ئۇ ؟

— خروئىن ...

— ھەي كازراپ ، خروئىن دىگەن قىممەت نەرسە تۇرسا ، يەنە مەن كەمبەغەل دەيسىنا ؟ قالغىنىنى چىقار ، بولمىسا كاللاڭنى كىسىپ ھويلاڭغا ئىسىپ قويىمەن !

— جىنىم بۇرادەر ، بۇنى مەن ئوغرىلىغان .

— نەدىن ؟

— كۈيئوغلۇمنىڭ ئۆيىدىن .
— چېكىش ئۈچۈن ئوغرىلىدىڭما ، قېرى بەڭگى ؟
— يا ... ياق ... مەن ئۇنى مۇشۇ خرۇئىن بىلەن تۇتۇپ بەرمەكچى ئىدىم .
— شۇڭا قىزىڭغا ئۆيقۇ دورىسى ئىچۈرۈپ ، ئۆلۈپ ـ تىرىلىـ شى بىلەن كارىڭ بولماپتىكەن ـ دە ؟
— نېمە ؟ ! — ئابابەكرى چۆچۈپ سەگەكلەشتى ، — سەن ... سىز ...
قەدىردان بېشىدىكى نىقابنى ئېلىپ تاشلىشى ، ئابابەكرىنىڭ دۇمبىسى تامغا گۈپپىدە تېگىپ ، زوككىدا ئولتۇرۇپ قالدى .
— قەدىردان ؟ !
— شۇنداق ، مەن ، سىلى تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان قەدىردان مەن بولىمەن .
— جېنىم بالام ، مېنى كەچۈرسىلە ، مەن ئەسكى ، مەن ئىت ، — ئابابەكرى يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلىغىـ لى تۇردى . لېكىن ، قەدىردان ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى :
— مەن هازىر چەت ئەلگە ماڭماقچى ، ئەسلىدە مېهرىبانىنى ئېلىپ كەتمەكچى ئىدىم ، لېكىن ئۇ خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالدى . شۇڭا ، يەنىلا سىلىگە تاپشۇرۇشنى لايىق تاپتىم . مەن ئۇنى ئالتە ـ يەتتە ئاي ئىچىدە كېلىپ ئېلىپ كېتىمەن ، — دېدى قەدىردان خەنجىرنى يەرگە سانجىپ قويۇپ ، — بۇ چاغقىچە ئۇنىڭغا سالغان زۇلۇملىرىنى كەچۈردۈم . بۇندىن كېيىنكىسىنى مەن كەـ چۈرگىنىم بىلەن ، خەنجىرىم كەچۈرمەيدۇ ، ئۇقتىلىما ؟
— ئۇقتۇم ، ئۇقتۇم ...
— مەن مېهرىبانغا ئۆي خىراجىتى ئۈچۈن 500 سوم بەردىم . قالغىنىنى سىلى بېرىدىلا .
— مەن ؟ ! — ئابابەكرىنىڭ كۆزلىرى چەكمىچىقلاپ كەتـ تى ، — بۇ ... بۇ ...

قەدىردان ئىككى كاللەك خروئىننى قولىغا ئېلىپ ئابابەكرىگە تۇتقۇزدى ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادالدى .

— بۇ ئىككى كاللەك خروئىن ئەرزان ساتسىلا 12 مىڭ ، بولمىسا 16 مىڭ سوم بولىدۇ . سىلى بۇنىڭ ھېسابىنى ئوبدان بىلىدىلا .

— خوش ، خوش ...

— بىرىنى سېتىپ ئوقەتكە دەسمايە قىلسىلا ، يەنە بىرىنى نېمە قىلسىلا مەيلى ، لېكىن مېھرىباننى تەڭلىككە قويىدىغان ، «پۇل تاپ» دەپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماي-لا . مەن ئويلا - ئويلا ، يەنىلا مېھرىباننى سىلىگە تاپشۇرۇشنى لايىق تاپتىم ، سىلى دېگەن بەرىبىر ئاتا ، لېكىن بۇرۇن قىلغان ئىشلىرىنى ئۆزلىرىگە ساۋاق قىلسىلا . ئەگەر يەنىلا كونا خۇيلىرى-نى داۋام قىلسىلا ، راست گەپنى دەپ قوياي ، سىلىنى بوغۇزلاشنا ئالدى - ئارقامغا قاراپ ئولتۇرمايمەن ...

قەدىردان ئارقىسىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى .

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

«قىزىل يۇلغۇن» مېھمانخانىسىنىڭ ئالدى ئادەم قاينىمىغا ئايلانغانىدى . ساقچىلار قىزىل لېنتىلارنى تارتىپ پىيادىلەر يولىنى پۈتۈنلەي توسۇۋەتكەچكە ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئايلىنىپ مېڭىۋاتات-تى . رەڭدار خىشلار نەقىش شەكلىدە تىزىلغان پىيادىلەر يولىدا ياش بىر يىگىت دۈم ياتاتتى . ئۇنىڭ بۇرۇن ، ئېغىز ، قۇلاقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قان يېنىدىكى سېمونت ئېرىققا ساقىپ قېتىپ قالغانىدى . ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ ھەم بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ جەسەتكە قارىشاتتى . بەزىلەر ئاسمانباقتى بولۇشۇپ : «ئۆزىنى تۆتىنچى قەۋەتتىن تاشلاپتۇ» دېيىشىپ بىناغا قارى-شاتتى ... ئەنە شۇنداق قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئىچىدە بوتاكۆز ، قاپقارا قاش ، كىرپىكلىرى ئاپئاق يۈزىنى تېخىمۇ ئېچىۋەتكەن غۇز-چە بوي بىر قىز تۆت ـ بەش ئايلىق بولغان بۇدرۇققىنا بىر ئوغۇل بالىنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ ، ئۇمۇ يىگىتنىڭ جەسىتىگە قىزىقسى-نىپ قارىماقتا ئىدى . بۇ ئەسنادا ھال رەڭ يالپا يۈزلىرى تەرلەش-تىن ئېسىلىپ كەتكەن كېلەڭسىز بىر خوتۇن : «توسۇقنىڭ ئىچى-گە كىرمەڭ» دەپ ساقچىلار بىلەن ۋارقىراشماقتا ئىدى . ئۇنىڭ قېشىدىكى چىرايلىققىنا يەنە بىر قىزمۇ ساقچىلارغا يېلىنماقتا ئى-دى . ئۇنىڭ يۈزىدىكى قوڭۇر داغلاردىن ، ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قال-غان قورسىقىدىن ئېغىر بويلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى .

— مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭە ، ئۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ ، ئىسمى ئەسەت .

— جېنىمغىنا ساقچى بالام ، — دېدى كېلەڭسىز ئايال ، — مەن ئۆلگەن يىگىتنىڭ ئانىسى بولىمەن ، ئىسمىم ھۆسنارخان ...

بالا كۆتۈرۈۋالغان قىز توپ ئارىسىدىن ئارانلا چىقىپ ، «قد-

ـزىل يۇلغۇن» مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ ، ئاندىن ئۇـ چىنچى قەۋەت 308 ـ ياتاق ئىشىكىنى چەكتى . ئىچىدىن 25 ـ 26 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئىشىكنى ئاچتى ـ دە :

— سىز مېھرىبان بولامسىز ؟ — دەپ سورىدى . ئاندىن مېھرىبانىي دىۋانغا تەكلىپ قىلدى ، — مەن قەدىردانغا يەنە تېلېفون قىلاي دەپ تۇراتتىم . ئەسلىدە سىزنى ئەتىگەندە بارىدۇ ، دېگەنىدى . مانا سائەت 11 بولاي دېدى ...

— ساقچىلار ئۆتىدىغان يوللارنى توسۇپ ، ئادەملەرنى ئۆتكۈزـ مىگەچكە ، سەل ھايال بولۇپ قالدىم .

— جەسەتنى ئېلىپ كېتىپتىمۇ ؟

— ياق ، ياتىدۇ .

— بىر كىمگە زىيانكەشلىك قىلسا ئاشۇنداق بەدەل تۆلەيدىغان گەپ ، — دېدى يىگىت تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ، — ئۇ ئاداش بۇ قېتىم خوتۇننى گۇاڭجۇدا تۇرمىگە سولىتىۋېتىپ ، ئۆزى شىنجاڭـ غا ئاق يۆتكەپ كەپتىكەن . ئۇ خروئىننى ئۆيگە ئاپىرىش خەتەرلىك دەپ ئويلىغانمۇ ، مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ ئايرىم ياتاقتا چۈشۈپتۇ . لېكىن ، گۇاڭجۇدىن بىر كىم شىنجاڭدىكى ساقچى ئورۇنلىرىغا خەۋەر قىلغان بولۇشى كېرەك ، ساقچىلار ياتاقتا باستۇرۇپ كىرـ گەن ھامان ، ئۇ ئاداش دېرىزىدىن ئۆزىنى تاشلاپتۇ .

— خروئىن دېگەن بۇ بىر نېمە نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى ، — دېدى مېھرىبان خورسىنغان ھالدا ، — بىر كۆنۈپ قالغان ئادەم زادىلا تاشلىيالمايدىكەن .

— گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنۇتـ تۇپتىمەن ، — يىگىت تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ كۈلۈپ قويدى ، — گۇاڭجۇدا قەدىردان بىلەن رەختچىلىك قىلىمىز . ئىسـ مىم مۇنىردىن ، ئۆزۈم غۇلجىلىق . بۇ قېتىم قەدىردان ، ئايالىم بىلەن بالامنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ كەلمىسەڭ رەنجىيمەن ، دېگەچكە ، سىز ئۇچۇنلا بىر كۈنۈم ئۆلدى ...

— راست ، ئوقەت قىلىۋاتقانلار ئۇچۇن ۋاقىت ئالتۇندىن

قىممەت دېيىشىدىكەن .

— قەدىردان سىزگە 10 مىڭ سوم ئەۋەتكەنىدى ، — مۇنىردىن قول چامادىنىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ شىرەگە قويۇپ ، بالىغا قول ئۇزاتتى ، — ماڭا كېلە ، قوزام ، سېنى قولۇمغا ئېلىپ سۆيدۇم دېسەم ، داداڭ چوقۇم يىغلايدۇ .

مۇنىردىن بودرە چاچ ، ئاق توقاچ يۈزلۈك ، قوشما قاشلىق بالىنى كۆتۈرۈپ ياتاقنى بىر ئايلاندۇردى ، «بۇنى مەخسۇس ساڭا ئەۋەتتى ، ئاداش» دەپ ، سومكىسىدىن بىر چوڭ سۇلياۋ خالتىنى سۇغۇرۇپ ئالدى .

— مېھرىبان ، بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى نېمە؟

— قەيسەر ! بوۋىسى ، دادىسىدەك قەيسەر ئادەم بولسۇن دەپ ، شۇنداق قويۇپ قويغان .

— پاھ ، مەنىلىك ئىسىمكەن ! ھەقىقەتەن قەدىردان قالتىس نېمە ـ دە ، خوتەن پەدىسىدە دېگەندە « جىگىرى بار يېتىم» . ھە ، قەيسەر بىر ياشقا كىردىمۇ؟

— نەدىكىنى ، ئەمدى بەش ئايلىق بولدى .

— پاھ ، قەدىرداندەك گۆرۈي① ئادەم بولغۇدەك . قاراڭ ، كۆز تەگمىسۇن ، بىر ياشلىق بالىنىڭ بەستىمۇ بۇنچىلىك بولماس .

مېھرىبان بالىنى قولىغا ئېلىشى ، مۇنىردىن قولىدىكى چوڭ سۇلياۋ خالتىنى سۇندى ، لېكىن مېھرىبان خىجىل بولۇپ قول سۇنالمىغانىدى ، مۇنىردىن كۈلۈپ كەتتى .

— مېنىڭمۇ غۇلجىدا ئىككى ياشلىق ئوغلۇم بار ، — دېدى مۇنىردىن كۈلۈپ ، — قەدىردان ئىككىمىز بازارغا چىقىپ ئوخشاش ئالدۇق . ئۇنىڭ ئىچىدە تاتلىق ـ تۈرۈم ، ئۇندىن باشقا ئويۇنچۇقلار بار . قېنى سىڭلىم ، بۇ 10 مىڭ سومنى دەرھال بىر يەرگە سېلىۋېلىڭ .

— ماڭا پۇل لازىم ئەمەس ئىدى ، ئالدىنقى قېتىم بەرگەن پۇللىرىمۇ كۆپ خەجلەنمىدى . ئۆزى سالامەت بولسۇن ، —

---

① گۆرۈي — بەستلىك ، بويلۇق ، كۆچلۈك .

مېھرىبان يىغلىدى ، — ئۇنىڭغا : «ھازىر قېيناتاڭ ياخشىكەن» دەپ قويۇڭ ، مەندىن ئەنسىرىمىسۇن .

مېھرىبان مۇنىردىن بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ چىقتى . مېھمانخانا ئالدىدىكى دۈۋىلىشىۋالغان بايىقى ئادەملەر تارقىلىپ كەتكەن ، جەسەتنىمۇ ئېلىپ كەتكەنىدى . ھېلىقى ھۆسنارخان دېگەن ئايال كۆرۈنمەيتتى . لېكىن ، بىر ۋىجىك قېرى ، يەنە بىر تەمبەل يىگىت ئىككىسى : «ئۇ مېنىڭ ئاكام بولىدۇ» دېگەن چىرايلىق قىزنى قوچىقىغا ئېلىۋالغانىدى .

— قىزىم زۇلئاي ، جېنىم قىزىم زۇلئاي ، — قېرى ۋىجىك ئادەم يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى ، — كۆزۈڭنى ئاچقىنا ! سېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغىنى ئاشۇ ئازازۇل ئاناڭ !

— ئاباقكا ، دەرھال تاكسىغا سېلىپ ئېلىپ كېتەيلى ، زۇلئاينىڭ خۇمارى تۇتۇپ كەتتى ، — دېدى تەمبەل يىگىت كازىم ، — ئوكۇلنى سالمىغۇچە بەك ئازابلىنىپ كېتىدۇ .

دېمىسىمۇ ھېلىقى چىرايلىق قىزنىڭ ئاغزىدىن ئاپئاق كۆپۈك قايناپ ، قاتتىق سىلكىنمەكتە ئىدى . ئۇ ھەر قېتىم تىپىرلىغاندا ، دومسىيىپ قالغان قورسىقى كۆرۈنۈپ قالاتتى . مېھرىبان يولدا كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا توختاپ قالدى . چۈنكى ، قەدىرداندىن ئاڭلىغان ھۆسنارخان ، ئاباق توختى ، زۇلئاي دېگەن ئىسىملار ئۇنىڭغا بەكلا تونۇش ئىدى . ئاق كۆڭۈل مېھرىبان كېتىۋېتىپ ئاستا شىۋىرلىدى :

— بېچارە قىز ، قەدىرداندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، دەردكە چىدىماي ئاشۇ يامان ئىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ ـ دە . ۋۇي راست ، قەدىردان ئۇنىڭ ھامىلدارلىقىنى بىلەمدىغاندۇ ؟ بىر پارچە خەت يېزىپ تەييار قىلىپ قويسام ، مۇنىردىن قايتقاندا ئالغاچ كەتسە بولغۇدەك ...

مارت ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغاچقا ، دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى كۈندىن ـ كۈنگە قويۇقلاشماقتا ئىدى . زىلۋا ھەم نازۇك مېھرىبان ئوغلى قەيسەرنى كۆتۈرۈپ ، كوچا ئاپتوبۇسىغا ئارانلا

چىقىۋالدى . ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولسا كېرەك ، كىتاب تۇتۇپ تۇرغان بىر يىگىت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بەردى . مېهرىبان ئۇنىڭغا رەھمەت دەپ قويدى . ئۇ بالىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى . ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى باشقىلاردىن يوشۇرغىنى ئىدى . راست ، ئۇ يىغلاۋاتاتتى ، ئۇنىسىز يىغلاۋاتاتتى . بۇ زادى نېمە ئۈچۈن ؟ مېهرىبان قەدىردان گۇاڭجۇغا كەتكەن سەككىز ئايدىن بېرى تۇرمۇشتا سورۇقچىلىق تارتىپ قالدىمۇ ؟ ياكى ئەرسىز ، مېهرى سوغۇق ئۆيدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيۋاتامدۇ ؟ ! ياق ، ئۇ قىيىنچىلىق تارتىپ قالغىنى يوق ! قەدىردان ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشقۇدەك پۇل قالدۇردى ! بىراق دادىسى دېگەن كۆل بەڭگى بۇ سەككىز ئاي ئىچىدە قانچىلىك ئائىلە مۈلكى ، ئۆي - زېمىنلەرنى سېتىپ ، ئاق تۇتۇنگە تېگىشىۋەتمىدى دەيسىز !

دوستلۇق رايونىدىكى ئاھالىلەر مەھەللىلىرى بىر تۇتاش ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ ، چوڭ بازار مەيدانغا ئۆزگەرتىلدى . ئۆي - زېمىن ئىگىلىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە پۇل بېرىلدى . ئۇلارنىڭ كۆپلىرى تاۋار بىنالاردىن ئۆي سېتىۋالدى ، يەنە بەزىلىرى زېمىن سېتىۋېلىپ ئۆي سالدى . ئابابەكرىنىڭ قوڭ پاتسا ، پۇت پاتمايدىغان ، پۇت پاتسا ، باش پاتمايدىغان كاتەكتەك ئۆيىگىمۇ 80 مىڭ سوم بېرىلدى .

شەھەر سىرتىدىراق سېلىنغان تاۋار بىنالاردىن كىچىك ئۈچ ئېغىز ، چوڭ ئىككى ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆيلەرنى 60 ـ 70 مىڭ سومغا سېتىۋالغىلى بولاتتى . لېكىن ، ئابابەكرى پۇلنى كۆرۈپلا كۆزى قىزاردى ـ دە ، يىكەن كۆل ئاھالىلەر رايونىدىن بۇرۇنقى ئۆز زېمىنىدىنمۇ كونا ھەم كىچىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى 30 مىڭ سومغا سېتىۋالدى ، قالغان 50 مىڭ سوم پۇل ئىككى ئاي چېكىشكە ئارانلا يەتتى . ئەمدىلىكتە ئوي ـ خىيالى قەدىردان كېلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئۆي مۈلكى ھەم ئۆيىنى سېتىپ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىشتا قالغان ئابابەكرى قىزى مېهرىبانغا ھۆ-

جۇمنى باشلىۋەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ قورۇ ـ جايىنىڭ پۇلىنى چېكىپ تۈگىتىۋەتكەندىن كېيىن ، كۈندىلىك تاماكىنىڭ پۇلىنى تېپىش ئۈچۈن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كاۋاپچىلىق قىلاتتى . بۇنداق چاغلاردا ئۇ قىزىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى . يىكەن كۆل ئاھالىلەر رايونىغا ئۈچ ئاپتوبۇس ئالمىشىپ ئاخىرقى بېكەتكە باراتتى ، ئۇ يەردىن يەنە يېرىم سائەتتەك پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى . ئابابەكرى دوستى-لۇقتىكى ئۆيدە بىر نەچچە قېتىم قونۇش جەريانىدا ، قىزىنىڭ كۆكتات ، گۆش ئېلىشقا ياكى بالىسىنى دوختۇرخانىغا كۆرسىتىش-كە مېڭىشىنى كۈتۈپ ، ئورنىدىن تۇرماي ياتاتتى . قىزى چىقىپ كەتكەن ھامان ئۆيدە قولغا ئىلىغۇدەك ، پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى ئاچىقىپ ساتاتتى . ھازىر مېھمانخانا ئۆي ، ھۇجرىلار بارغانسېرى شالاڭشىپ ، قانات ـ قۇيرۇقى قىرقىۋېتىلگەن كەپتەرگە ئوخشاپ قالدى . ياپونىيىنىڭ 35 ديۇملۇق تېلېۋىزورى ، ئىككى ياڭراتقۇ ، ئىسسىق ھەم سوغۇق ھاۋا تەڭشىگۈچ ، كارىۋاتلارغا يېپىلغان تۈر-كىيە ئەدىياللىرى ، دىۋان ، دەستىلەنگەن چامادان ، ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىدىكى چەت ئەل تورلىرى ، تامغا تارتىلغان گىلەملەر ئاق تاماكىنىڭ تۈتۈنىگە ئايلىنىپ يوقالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئوغ-رىلىقچە ئاچىقىپ ساتتى ، بەزىلىرىنى خۇمارى راسا تۇتۇپ كەتكەن-دە ، قىزى مېھرىبانىنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپ ياكى چەيدو تەڭلەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى ...

ئۆتكەن ھەپتە ئاھالىلەر كومىتېتىدىن «باللارغا مۇداپىئە ئوكۇلى ئۇرۇش» ئۇقتۇرۇشىنى چىقاردى . مېھرىبان قەيسەرگە ئوكۇل ئۇردۇرۇپ قايتىپ كەلگەندە ، مېھمانخانا پولىغا سېلىنغان خاڭجۇنىڭ سەككىز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قاپارتما گۈللۈك يېشىل گىلەم يوق تۇراتتى . ھازىر مېھمانخانىدا پەقەت 12 مىڭ سوملۇق بۇلغار دىۋان بىلەن دېرىزىلەردىكى چەت ئەل پەردىلىرىلا قالدى . دىۋانلار ئۈچ كىشىلىكتىن ئىككى دانە ، بىر كىشىلىكتىن تۆت دانە ۋە چوڭ ئەينەك شىرەلەر ئېغىر ھەم كېلەڭسىز بولغانلىقى ئۈچۈنلا قېپقالدى . بولمىسا ئۇنىڭمۇ توپىسىنى تۇرپانغا سورۇۋەتكەن

بولاتتى ...

مېھرىبان يىغلىدى ، قاقشىدى ، يېلىندى ، يالۋۇردى ... ئۇ تۆككەن ھەسرەتلىك ياشلارنى ، شامۇ سەھەرلەردە ئۇرغان ئاھ ـ زارلىرىنى ، نالە ـ پىغانلىرىنى ئەگەر تاش ئاڭلىغان بولسا ، ئۇمۇ چاك ـ چاك يېرىلغان ياكى يۇمشاپ سىمابتەك بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى ، لېكىن خىروئىن چەككەن ئادەم بۇ دۇنيادا ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان يۈرەكسىز ، ۋىجدانسىز ، غۇرۇرسىز ، ئىمانسىز ، ھېسسىياتسىز ياۋۇز مەخلۇققا ئوخشاپ قالىدىكەن ...

مېھرىباننىڭ مۇشۇ كۈنلەردە تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى كۆرگەن ، ئاڭلىغان قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، ئابابەكرىنى ساقچىغا تۇتۇپ بېرىشنى ، شۇ ئارقىلىق «زەھەر تاشلاش» ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىشنى ئېيتتى . كۆڭلىدە : «بوپتىلا ، قانچە پۇل كەتسە مەيلى ، دادام ساقىيىپ چىقسا ، ماڭا ھەمراھ بولىمدۇ» دەپ ئويلىغان مېھرىبان دادىسىغا دېگەندى ، ئابابەكرى چىچاڭشىپ :

— ئاڭلىسام زەھەر تاشلاش ئورنىغا يىغىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى ياش بالىلاركەن . مەن ئۇلارغا دادا بولامدىم ، بوۋىمۇ ؟ بۇنداق ئىزايى مۆمىن بولغۇچە ، ئىشتان بېغىمغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىنىم تۈزۈك ، — دەپ ۋارقىراپلا كەتتى .

بىر كۈنى تۆتىنچى قەۋەتتە ئولتۇرىدىغان قوشنىسى ئىلغار ، زۇلپىيە ئەر ـ خوتۇنلار مېھرىباننى ئۆيىگە چاقىرىشتى . ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، 30 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىدى .

— مېھرىبان ، بالا بىلەن بەك قىينىلىپ كېتىۋاتىسىز ، — دېدى ئىلغار يۇمشاق تەلەپپۇزدا ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ، دادىڭىزنىڭ سىلىۋاتقان زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى . شۇڭا ، زۇلپىيە ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ ، ساقچىغا دېيىشنى توغرا تاپتۇق ...

— دادام يەنىلا مېنىڭدىن كۆرىدۇ ، — مېھرىبان بالىسىنى باغرىغا بېسىپ يىغلىدى ، — ئۇ ... ئۇ مېنىڭ دادام تۇرسا ،

ساقچىغا ئۆزۈم تۇتۇپ بېرىشكە …
— زەھەرنى تاشلاپ چىقسا، سىزگىلا ئەمەس، ئەل ـ مەھەل-لە، جەمئىيەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىمۇ ياخشى، — دېدى زۇلپىيە ئېغىر تىنىپ، — خاتىرجەم بولۇڭ، زەھەر تاشلاش ئورنىغا تۆلەي-دىغان 5 مىڭ سوم پۇلنى بىز بېرەيلى …
— زۇلپىيە ھەدە، ئىلغار ئاكا، بىلىمەن، سىلەر بەك ياخشى ئادەملەر، ئەگەر دادام مەندىنلا كۆرمىسە، پۇلنى ئۆزۈم بېرەلەي-مەن. قەدىردان ماڭا يېتىپ ئاشقۇدەك پۇل قالدۇرغان.
— ئەمىسە ياخشىكەنغۇ.
مانا شۇنىڭ بىلەن، بىر كۈنى كەچتە ساقچىلار ئابابەكرىنى ئۆز ئۆيىدىن تۇتۇپ كېتىشتى. ئەتىسى مېھرىبان زەھەر تاشلاش ئورنىغا 5 مىڭ سوم تۆلەپ بەردى. ئابابەكرى ئۇ يەردە بىر قارار تۇرۇپ، 40 كۈن بولغاندا، «زەھەرنى تاشلىدى» دېگەن ئىسپاتنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ كاۋاپچىلىق ھۈنىرىگە قايتا كىرىشكەنلى-كىنى كۆرگەن مېھرىبان ئالەمچە شادلىققا چۆمدى. لېكىن، ئۇنىڭ خۇشاللىقى تاڭدىكى تۇماندەك ئۆمرى تولىمۇ قىسقا بولدى. ئابابەك-رى ئۇزۇن ئۆتمەي ئاق تاماكىنى يەنە تېپىۋالدى. قىسقىسى، خروئىننى چېكىدىغىنى بولامدۇ ياكى ساتىدىغىنى بولامدۇ، مېھرى-بان ھەممىگە تەڭرىدىن ئۆلۈم تىلىدى، لېكىن قەدىردان ئېسىگە كېلىش بىلەن ئىچىدە «تۇۋا ـ ئىستىغپار» ئوقۇدى. مېھرىبان مىڭ پاتمان ئومۇتتەك ئېغىر خىياللار بازغىنىدا ئېزىلىپ، دوست-لۇق بېكەتكە كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ خالتا كوچىغا كىرىشى، بىنا دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان پاكار كوزۇپلۇق ماشىنىنى كۆرۈپ قالدى. ماشىنىغا بىر مۇنچىلى-غان خەنزۇ ئىشلەمچىلەر ئۈچ كىشىلىك ھەم بىر كىشىلىك ئالىي بۇلغار دىۋانلار ھەم ئەينەك ئۇستەللەرنى بېسىپ ئارغامچا بىلەن باغلاۋاتاتتى. ئۇ ئالدىراپ كېلىشى، دادىسى ئابابەكرى بىر تۇرتەك پۇلنى چاپىنىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا سالدى ـ دە، شوپۇرغا «ماڭ» دەپ ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە مېھرىبان ۋارقىراپ يىغلاپ غىـوۋغا

كـۆتۈرۈشى ، ئـابابەكرى ئۇنى ئىتتىرىپ ھويلىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى ...

مېھرىبان ئۆيگە كىرىش بىلەن بالىسىنى تاختايلىق پولدىكى كۆرپىگىلا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، دادىسىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ، ئۇن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى :

— ئېيتە ، سېنىڭ قەيىرىڭ ئاتىغا ئوخشايدۇ ! ھەي مەلئۇن ، سەنمۇ ئاتا بولۇپ قالدىڭمۇ ؟ بىر ئوبدان ئۆيۈمنى سورۇۋەتتىڭغۇ ، قەدىردانىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن ؟ ئۇنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارايمەن ؟ قاراپ باققىنا ، مېھمانخانا ، ھۇجرىلار مۇشۇنداق ۋەيرانمىدى ؟ ساڭا ، ماڭا ھەممەت قانتىنى ياپقان ئاشۇ سەرسان يىگىتكە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز ؟ زادى سەن ئادەممۇ ياكى غەيرىي ئالەمدىن كەلگەن ئاپەت ، مەلئۇنمۇ ؟ !

ئابابەكرى مېھرىباننىڭ دۈمبىلىرىدىن پەپىلەپ ، بالىسى ئولتۇرغان كۆرپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ، ئۆزى تاختايدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ چىرايىدا نە خىجىللىق ، نە نومۇس قىلىش ياكى ئۆكۈنۈش ئالامەتلىرى يوق ئىدى ، پەقەت تاش بېغىرلىق ، رەھىمسىزلىك ، قارا كۆڭۈللۈك ، دىيانەتسىزلىك قارا تامغىدەك يۈرىكىگە بېسىلىپ كەتكەنلىكى خۇنۇك كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .

— مېھرىبان ، ھەي ئەقىلسىز بالا ، — ئابابەكرى گېپىنى غۇلاچلاپ سوزۇپ باشلىدى ، — «يۈز كېلەلمەيمەن ، قارىيالمايمەن ، نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن ... » دېگەن قانداق گەپ ئۇ ؟ سودا ـ سېتىق ، ئېلىم ـ بېرىم ، تىجارەت ، قىسقىسى ، پۇلپەزلىك ئاساسىي ئېقىمغا ئايلانغانىكەن ، ئادەملەردىكى مېھىر ـ شەپقەت ، ئادىمىيلىك ، ئىنسانپەرۋەرلىك ھەم دىيانەتنىڭ ئورنىنى ئىنساپسىزلىق ، ئالدامچىلىق ، ھىيلە ـ مىكىر ، قۇۋلۇق ـ شۇملۇق ئىگىلەيدۇ ، چۈنكى پۇل دېمەكلىك مەنپەئەت دېمەكلىكتۇر . مەنپەئەت بولسا ئىنساپ ـ دىيانەت ، ئادىمىيلىكنى قوبۇل قىلالمايدۇ . چۈنكى ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئالدىيالىغان سودىگەر باي بولالايدۇ . ئەلۋەتتە ، ئون تەڭگىلىك نەرسىنى توققۇز تەڭگىگە ساتىدىغان سو-

پۇرگە زىيانكەش بولمىسا كېرەك .

— زادى سەن نېمە دېمەكچىسەن ؟ — ۋارقىرىدى مېھرىبان جىلە بولۇپ ، — ھازىرقى ۋاقىتتا دىيانەتلىك ئادەم قالمىدى دېمەك. چىمۇ سەن ! يوق يەپسەن ، ھەممىلا ئادەم ساڭا ئوخشاش ئىمانسىز بولمايدۇ …

— ئويلاپ كۆرۈڭ ، قىزىم ، سىزنىڭ ئېرىڭىز قەدىردانمۇ چېكىدىغۇ ، ئەمىسە ئۇمۇ ئىمانسىز مۇناپىقمۇ ؟

— ئـۇ سىزگە ئـوخشاش ئـاجىزلارنى بـۇلاپ ، قاقشاتقىنى يوق …

— چۈنكى ئۇنىڭ پۇلى بار ، ئەگەر پۇل بولماي باقسۇنچۇ ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى سېتىپ خروئىن چەكمىسە ، ئالدىڭىزدا ئۆ- لۈپ بېرىمەن .

مېھرىبان راستىنلا ئويلىنىپ قالدى . ئۇ ھازىر كۆزى كۆ- رۈپ ، قۇلىقى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . خروئىن چەككەنلەر خۇمارى تۇتقاندا ، ئاتا ـ ئانىسىنى پۇل تېپىپ بەرمىدىڭ ، دەپ پالتىدا چاناۋاتىدۇ ، خوتۇنلىرىنى پۇل تېپىشقا قىستاۋاتىدۇ . ئەگەر بىر چېكىم خروئىن بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىنى كۆز ئالدىدا ئاياغ ئاستى قىلسا ، ئۇ ئادەم ئۇلار بىلەن چاتىقى بولماي ، بەلكى ئاق تۇتۇننى ھوزۇرلىنىپ سۈمۈرىۋەرگەن بولاتتى … راست ، قەدىرداندا پۇل بولماي ، دادىسىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالسا ، ئۇ قانداق قىلاركىن ؟

— شۇڭا ، قىزىم ، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭ ، — مېھرىباننىڭ جىمىپ قالغانلىقىدىن ئاباھكرىگە جان كىردى ، — ماۋۇ ئۆيىڭىز ئەسلىدە 280 مىڭ سوم ، زىننەتلەنگەنلىكىنى قوش- ساق 320 مىڭ سومغا بارىدۇ . ئاشۇ پۇلنىڭ يېرىمىگە ساتساقمۇ ، ئىككىمىزنىڭ كۆنلىرى بەخۇدۇك راھەتتە ئۆتىدۇ …

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ ! — ۋارقىرىدى مېھرىبان ، — ئەگەر شۇنداق قىلماقچى بولىدىكەنسەن ، ساقچىغا بېرىپ ، سېنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىمەن !

— بۇنداق باغرىتاشلىقنى سىز ھەرگىز قاملاشتۇرالماي-سىز، — ئابابەكرى راست گەپنى قىلغانىدى، — سىز «ۋاي قەدىردان» دەپ ئۇلۇغلىغان ئاشۇ ئادەم كىم بىلىدۇ، گۇاڭجۇدا بىرەر خەنزۇ قىزنى نىكاھىغا ئېلىۋېلىپ كەلگۈسى كەلمەيۋاتامدۇ؟ تۆت - بەش ئايدا مېھرىبانىنى ئېلىپ كېتىمەن، دېگەنىدى، ھازىر سەككىز ئايدىن ئاشتى. مەيەردە سىز نىكاھىدا تۇرۇقلۇق ئۆيلەنگەن ئادەم، ئۇ ئاسمىنى كەڭ يەردە قىلماي قالارما ...

— مەن ئىشەنمەيمەن! بۇ ... بۇ سىزنىڭ كاسىسىڭىزغا ئۇرۇپلا تاپقان گېپىڭىز.

— جېنىم قىزىم، قەدىردان كېلىپ بولغۇچە، ساتىدىغاننى سېتىپ، ئېلىپ كېتىدىغاننى ئېلىپ كەتمىسەك، كېيىن پۇشايمان قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز ...

ئابابەكرى بىلەن مېھرىبان ئاتا - بالا ئىككىسى ئەنە شۇنداق ياقىلىشىپ ھەم تاكاللىشىپ تۇرغىنىدا، «ھۆسنارخان جەننەت نې-مەتلىرى ئاشخانىسى» ئارقا ھويلىسىغا بىر يۇرتلۇقلار توپلاشقان بولۇپ، ئەسەتنىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەن پەتىچىلەر ئىدى. ئەمما، ئىچكەركى مېھمانخانىدا ئاباق توختى بىلەن ھۆسنارخان بىر - بىرىنىڭ كانىيىنى بوغۇپ، قاباھەت سەت تىللار بىلەن تىللاشماقتا ئىدى.

— ھەي قېرى مادا، پۇل، پۇل، دەپ ئاخىر ئەسەتنىڭ بېشىنى يېدىڭ، قىزىمىز ئەختەرنىسا بىلەن كېلىنىمىز ئاسىيە گۇاڭجۇ تۇرمىسىدە، — ئاباق توختى ئۆزىدىن ئېگىز ھۆسنارخاننى سەكرەپ تۇرۇپ بىر سالدى، — 200 مىڭ سومنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ، قەدىردانىنى تۇرمىگە سولاتماقچى بولدۇڭ، ئېرىد-دىن ئايرىلغان زۇلئاي خروئىنغا بېرىلىپ، بىر تېرە - بىر سۆ-ڭەك بولۇپ قالدى. ئەمدى پاقاڭغا قاندىڭمۇ، شاۋچى!

— ھەي قوڭىدا ئوت پۇدەيدىغان ھېجىقىز! پۇل، پۇل دەپ يامان قىپتىمەنما؟ — ھۆسنارخان ئېرىنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈ-كۈردى، — ئاشۇ مەن تاپقان پۇللارنى ياش باللارغا خەجلەپ،

قىمشىپ تۇرغان يەرلىرىڭ ئارام تاپقاندۇ ! ۋۇي بىلىنىڭ ئاستىغا سۇيۇقئاش بارمىغان زەيپانى لۈم - لۈم ...

— ھەي كالىنىڭ پىشمىغان ئەندامىسى ، ئەقلىنى چىلىپ ئىچىدىغان ئىلىشما دېۋەڭ ! قەدىردانىنى يوقىتىمەن دەپ ئوغلۈڭنى ، قىزىڭنى ، كىلىنىڭنى يوقىتىپ ، زۈلئايدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇ-رۇپسەن . شۇنىڭمۇ تېگىگە يېتەلمىدىڭما ؟ قەدىردان «ئۇنداق قا-زانغا مۇنداق چۈمۈش» دەپ ، ئۈپكەڭنى ئىچىڭدىن قېقىۋەتكەن بولىسچۇ ...

راست ، ھۆسنارخان بۇ تەرىپىنى ئەجەب ئويلىماپتا ؟ قەدىردان بۇرۇنلا ئەختەرنىسانىڭ ئۆيىنى ، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولغان ، ھەتتا كىيىنچە خروئىن ساتقۇزغان ماجەن ئەمەس ، بەلكى پەردە ئارقىسىدا كىمنىڭ تىزگىن سىيرىپ تۇرغانلىقىنىمۇ ھېس قىلغان ، شۇڭا ئۇنى بۇ قېتىم ئۈچ ئالمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟ چۈنكى ھازىر ئۇ گۇۋاھچۇدا تۇرسا...

— خەپ قەدىردان ! خەپ ! بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ھۆسنارخان بولماي كېتەي ...

مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشكى غىچىلداپ ئېچىلىشى ، ھۆسنارخان بىلەن ئاباق توختىنىڭ قوللىرى بوشاپ ، ئۆي ئوتتۇرىسىدا خوش-لاشمىغان مېھماندەك ئۆرە تۇرۇپ قېلىشتى ... باياتىن بېرى دالان ئۆيدە ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ھېلىمجان ئاۋاق بوسۇغىدا پەيدا بولدى .

— ئاباقكا ، ھۆسنارخان ئاچا ، — دېدى ھېلىمجان ئاۋاق ئاچچىقلانغان ئەلپازدا ، — يۇغۇچىلار كەلدى ، مېيىتنى سۇغا ئال-ماقچى . داس ، چېلەك ، سوپۇن تەييارلاپ بەرسىلە ، ئاندىن كېپەن-لىك تىكىدىغان خوتۇنلا ساقلاپ ئولتۇرۇشىدۇ . خەسلەرنى ئېلىپ بەرگەن بولسىلا ...

— بولىدۇ ، ھېلىمجان بالام . مەن ھېلى چىقاي ، ھە ، مانا چىقتىم ...

ھۆسنارخان ھويلىغا چىقىش بىلەن : «ۋاي قانىتىم بالام ، شې-

ھىت كەتكەن بالام ... » دەپ ۋارقىرىغىنىچە يىغىنى باشلىۋەتتى . ئۇ بىلىگە ئاق پوتا باغلاپ ، ئۇزۇن ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئۇستىدىن بېشىنى چىكىلەپ ھويلا ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىپ يىغلاپ يۈرگەن قىزىنى قۇچاقلىماقچى بولۇۋىدى ، زۇلئاي ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى .

— ۋۇي بېشىڭنى يەيدىغان قاغدالما ، ئەر سارىڭى ، — ھۆسنارخان غوتۇلداپ يىغىسىنى داۋاملاشتۇرغىنىچە چاندۇرماي ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئەمما ، مېيىت كېپەنلىككە ئېلىنىپ ، تاۋۇتقا سېلىنغاندا ، زۇلئاي تاۋۇتنى قۇچاقلاپ قويۇپ بەرمىدى .

— جېنىم ئاكا ، نەپسانىيەتنىڭ قۇربانى قېرىنداشىم ! مەنمۇ ئارقاڭدىن يېتىپ بارىمەن ، ئاكا ... ئىككىمىز ئانىسىز دۇنيادا بىللە ياشايلى ، ئاكا ... ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى نەدە قالغاندۇ ، ئاكا...

دۇنيادا خىروئىن چەككۈچىدىن بىرى كېمەيدى ! بۇمۇ بىر سېرى ياخشى بولغىنى ! چۈنكى ئادەملەرنى قاقشىتىدىغان ، جەمئىيەتكە خەۋپ ، دۆلەتكە يۈك ، ئاتا ـ ئانىغا ئازاب ئەكېلىدىغان مۇنداق مەخلۇقلارنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى ! شۇنداقمىغۇ دەيمىز ، لېكىن بەزى پاجىئەلەرگە كۆڭۈلنىڭ چىدىمىقى بەك تەسكەن . ئەسەتنىڭ قىرىق نەزىرسى بېرىلگەن كۈنى ، قورسىقىدىكى سەككىز ئايلىق بولغان بالىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ زۇلئاي ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇ ئوكۇلنى نورمىدىن سىرت كۆپ ئۇرۇپ قېتىپ قالغاندى ... ئەپسۇس ، بىر ئاي تەخىر قىلغان بولسا ، قورسىقىدىكى بالا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ ھايات قالغان بولار ئىدى . لېكىن ، زۇلئاي بالىسىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ئىسكەنجىسىدە قىينىلىشىنى ، خارلىق ـ زارلىقتا قېلىشىنى خالىمىغانمۇ نېمە ، يۈرىكىگە تاشنى قويۇپ ، بالىسىغىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغاندى ... زۇلئاي يەرلىككە قويۇلغان شۇ كۈنى ، مېھرىبان بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزى قان ھالدا ئىلغار بىلەن زۇلپىيەنىڭ ئۆيىدە بالىسىنى قۇچاقلاپ ، يىغلاپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئوغلى قەيسەرگە قىزىل چىقىپ «ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى»

نىڭ بالىنىستىدا يېتىپ قالغىنى بىر ھەپتە بولغانىدى . ئۇ بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىنى تونۇيالماي قالدى : مېھمانخانا ، ئايلانما بالكونلاردىكى ئەڭ ئاخىرقى تەۋەررۈك چەت ئەل يىپەك پەردىلىرىنىڭ ھېچقايىسىسى يوق ... مېھرىبان ھوجرا ئۆيگە كىرىپ ، بېشى ئايلىنىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى . چۈنكى ، ئالىي دەرىجىلىك قوش كىشىلىك كارىۋات ، ئۈنىڭ ئۈستىدىكى تاۋار يوتقان ، يىپەك كۆرپىلەر ، قىممەت باھالىق ماموق ياستۇقلار يوق بولۇپلا قالماي ، ئەينەك ئىشكاپلار ئىچىدىكى نەپىس خرۇستال بۇيۇملىرى يوق ئىدى ... قىسقىسى ، ئۆي كۆچۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە ئوخشاپ قالغانىدى ...

— ئۆينىڭ ئاچقۇچلىرىنى سىلەرگە بېرەي ، قەدىردان كېلىپ قالسا بېرىپ قويارسىلەر ، — دېدى مېھرىبان يىغلاپ تۇرۇپ ، — خويمۇ ياخشى ئۆتۈشكەنىدۇق ... سىلەرنى تازا سېغىنىدىغان بولدۇم ...

— پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ ، — زۇلپىيە مېھرىباننىڭ بېشىنى سىلىدى ، — ھازىر بۇ ئۆيدە ھېچ نەرسە قالمىدىمۇ ؟

— چەيدو ، پىچاق ، دۆشە ، چاي قۇتىسى ، تۇز قاچىسى دېگەندەك ئاشخانا سەرەمجانلىرى قالدى ، ئارىلىقتا كېلىپ ئېلىپ كېتەرمەن .

— ئەمىسە ئاچقۇچنى شۇ چاغدا بېرىڭ ، سىز كەلگەندە بىز يوق بولۇپ قالساق ، بىكارلا جاپا تارتىپ قالىسىز ، — دېدى زۇلپىيە ، — ھە راست ، ھازىرقى يېڭى ئۆيۈڭلار نەدە ؟ !

— مەنمۇ تېخى بىلمىدىم ، لېكىن بەكمۇ يىراقكەن ، — مېھرىبان قەستەن يوشۇردى ، — كېيىن دادامدىن ئۇقۇپ دەپ بېرەي ...

مېھرىبان ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئوغلى قەيسەرنى كۆتۈرۈپ ، ئاشخانا سەرەمجانلىرىنى ئالغىلى كەلدى ... لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكى يېرىم ئوچۇق بولۇپ ، ئىچىدە بىر نەچچە ئادەمنىڭ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . مېھرىبان ئىشىكنى

ئاستا ئىتتىرىپ ئىشىكنى چوڭراق ئاچتى ـ دە، بولۇنۇۋاتقان سۆز-لەرگە قۇلاق سالدى.

— ئوغلۇمنىڭ خىزمەت ئورنىغا يىراق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، — بۇ ئابابەكرىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — باشقا يەردىن ئۆي ئېلىپ كۆچۈپ كەتتۇق. بولمىسا بۇ ئۆيلەر چوڭ، ئازادە ھەم كۆركەم زىننەتلەنگەنىدى.

— ئۆيلەر ھەقىقەتەن مىللىي پاسوندا سېلىنغانىكەن، بىزگە ياردى، — دېدى خىرقىراپ چىقىدىغان بىر ئاۋاز، — ئۆي ئېتىد-نى كۆرۈپ بېقىشقا بولامدىكىن؟

— ئۆي ئېيتى؟ — ئابابەكرى چاندۇردى، — نېمە خەت ئۇ؟

— ئۆي سېتىۋالغۇچىغا بېرىلىدىغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇ-رىيىتى ئۆي ئىگىدارلىق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى»چۇ؟

— ھە، ئۇ ... ئۇ خەت ...

— خەت ئەمەس، قىزىل تاشلىق چوڭ كىنىشكا ...

— ھە، ئۇ ... ئۇ ... ئۆي كۆچۈش جەريانىدا نەلەردە قالدىكىن تاڭ ...

— ئۇ كىنىشكىنىڭ ئىچىدە ئۆي ـ زېمىن تەكشىلىك خەرىتىد-سىمۇ بار، — دېدى خىرقىراق ئاۋاز، — سىلى كىنىشكىنى تاپقاندىن كېيىن رەسمىي سۆزلىشەيلى ...

— ئۆينىڭ ئىگىسى مەن، ئۆي سېتىلمايدۇ! — مېھرىبان ۋارقىراپلا كىرىپ كەلدى، — بۇ ئادەمدىن ئۆي ئالساڭلار سوتقا چۈشۈپ قالىسىلەر، ئۇ يولدىشىمنىڭ كاماندىروپكىغا كەتكەن پۇر-سىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە سېتىپ خىروئىن چەكمەكچى ...

ھەممىنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇلار خۇددى ۋابا ئىلاھد-دىن قاچقاندەك، بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى. ئابابەكرى ئېيتقۇسىز ئوسال بولۇپ، پوكانلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مېھرىباننىڭ كانىيىدىن سىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلدى، شۇنداق-تىمۇ ئۇ بۇ بەش ئېغىز ئۆيگە ۋەكىل بولۇپ ھېلىھەم چوڭ ھۆجرا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىخەتەرلىك پولات ساندۇققا قارىدى.

ئابابەكرىنىڭ تۈنۈگۈنكىدەك ئېسىدە تۇرۇپتۇ. قەدىردان بۇ ساند-
ۇقنى ئېلىپ كەلگەندە، ماشىنىدىن چۈشۈرۈش، ئىككىنچى قە-
ۋەتكە ئېلىپ چىقىشتا، بىخەتەرلىك پولات ساندۇقنى ساتقان شىر-
كەتتىن بىللە كەلگەن تۆت خەنزۇ ئىشلەمچى سىم ئارغامچىلاردا
باغلاپ كۆتۈرەلمەي، دەرۋازا قاراۋۇلى ھەم ئابابەكرى ھەمكارلى-
شىپ، بالداقلار ئارقىلىق بىر قەدەم مېڭىپ، بىر دەم ئېلىپ
يۈرۈپ بىر سائەتتەك ۋاقىتتا ئاران ئۆيگە ئاچىققانىدى. «ئۆي
ئىگىدارلىق ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى»نى قەدىردان كۆتۈرۈپ يۈر-
مەيتتى. شۇڭا، ئۇ نەرسە ئاشۇ بىخەتەرلىك ساندۇق ئىچىدە بولماي
نەدە بولاتتى؟ شۇنچە ئادەم ئوتتۇرىسىدا رەسۋايىئالەم بولغان ئابا-
بەكرى چىشىنى چىشىغا بېسىپ قايتىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ،
بىخەتەرلىك ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى ھەم مەخ-
پىي نومۇرلىرىنى مېھرىبان بىلىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ئەمما،
كېچىچە يالۋۇرۇپ، يىغلاپ ـ قاقشاپ، دۇنيادىكى ھەممە تاتلىق
گەپلەرنى قىلىپ، ئاچقۇچىنىڭ مېھرىباندا ئەمەسلىكىگە كۆزى يەت-
كەن ئابابەكرى ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتا قىلىپلا ئالدىراپ ماڭدى.
ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ يەنىلا بىخەتەرلىك ساندۇقتا ئىكەنلىكىنى ئوبدان
بىلگەن مېھرىبان ئوغلىنى قوشنىسىنىڭ قىزىغا ئاچىقىپ بېرىپ،
ئۇلارغا پېچىنە، شاكىلات، مۇز قايماق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئې-
لىپ بەردى ـ دە، كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن دوستلۇقتىكى ئۆيگە
قاراپ ماڭدى. ئۈچ ئاپتوبۇس ئالماشقان مېھرىبان بىرەر سائەت
ئۆپچۆرىسىدە مېھرى ئىسسىق خالتا كوچىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ
ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەس-
سەپ چىقىپ كەلگىچە، ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن كېلىۋاتقان «داڭ ـ
دۇڭ» ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇردى. بۇ ئاۋاز ئۈزۈلمەي داڭلىداپ
تۇرغاچقا، مېھرىباننىڭ ئىشىك قۇلۇپىنى ئېچىپ كىرگەنلىكىنى
ھەم ئۇنىڭ ھۇجرا ئىشىكىگە يۆلىنىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى ئابابەك-
رى سەزمەي تۇراتتى. ئابابەكرى كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ-
لىنىپ، يوغان بولقا بىلەن بىخەتەرلىك ساندۇقنىڭ ئۈستىگە ھەم

ئالدىغا ئۆراتتى ، بولقىنىڭ قاتتىق سىلكىشىدىن ئاغرىپ كەتكەن ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلايتتى . شۇ ئەسنادا ، مېھرىبان پولدا تۇرغان ئاچقۇچنى كۆرۈپ قالدى ـ دە ، ئاستا بېرىپ ئۇنى ئېلىۋالدى . ئابابەكرى ئوغرىلىقچە كۆپەيتىپ ياسىتىۋالغان بۇ ئاچقۇچلار نۇرغۇن زىيانلارنى سالغانىدى . غەزەپكە كەلگەن مېھرىبان قاتتىق ۋارقىرىدى :

— دادا ، دەرھال چىق !

— ھە ؟ ! — دەھشەتلىك چۆچۈپ كەتكەن ئابابەكرىنىڭ قولىدىكى بولقا پۇتىغا چۈشتى ـ دە ، نەچچە سەكرەپ كەتتى ، — سىز ... سەن ...

— دەرۋازا قاراۋۇلى ئۆيدىكى داڭلىدىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ساقچىغا تېلېفون بېرىۋېتىپتۇ !

— را ... راستىما ؟

— ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭگە .

مېھرىبان ئارقىغا قايرىلىپلا مېڭىشى ، ئابابەكرىمۇ كۆڭلىدىنى ئالغىنىچە تىكىۋەتتى ...

دادىسىدىكى ئاچقۇچنىمۇ قولىغا چۈشۈرۈپ كۆڭلى تەسكىن تاپقان مېھرىبان شۇ كۈنى ئىلغار ، زۇلپىيەلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ، ھەر ئىككىلا ئاچقۇچنى ئۇلارغا تاپشۇردى ھەم ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردلىرىنى تۆكۈپ ، بولدى دېگۈچە يىغلاپ ، ئىچ ـ قارنىنى بوشىتىۋالدى ... ئەمدىلا 16 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان كىچىك بىر ناتىۋاننىڭ ئازغىنا ئۆمرىدە كۆرگەن كۈنلىرىنى ئاڭلىغان ئىلغار بېشىنى چايقاپ خەيرخاھلىق قىلدى ، زۇلپىيە بولسا مېھرىبان بىلەن تەڭ ياش تۆكتى .

— راستىنلا دادىڭىز بىلەن بىللە ئولتۇرغۇڭىز يوقما ؟ — سورىدى زۇلپىيە ھەيران بولۇپ ، — نېمىشقا ئەمدى ؟

— نېمىشقا دەپ سورىغىنىڭىز نېمىسى ، — دېدى ئىلغار بېشىنى كۆتۈرۈپ ، — خروئىن خۇمارى تۇتقان ئادەم غالجىر شىر بولىدۇ ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ .

— ئىلغاركام توغرا دەيدۇ ، — مېھرىبان يۈزلىرىنى سۈرت-
تى ، — ئوغلۇم قەيسەردىن ئەنسىرەيمەن ... ئۇنى ... ئۇنى دادىسى
بىر قېتىممۇ كۆرمىدى ...

— ئۆي ئىجارە ئېلىپ يۈرگۈچە ، — دېدى زۇلپىيە ، —
مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرىۋەرسىڭىز بولمىدىمۇ ؟

— ئۆي ئىچىدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ . دادام ھەممىسىنى
سېتىپ خروئىن چېكىپ تۈگەتتى ، — مېھرىبانىنىڭ ئۆپكىسى
ئۆرۈلۈپ گەپ قىلالماي قالدى ، — ئەگەر ... ئەگەر ... قەدىردان
كېلىپ قالسا ، مەن ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ! سىلەر
بىلمەيسىلەر ، ئۇنىڭ دادامغا قىلمىغان ياخشىلىقى قالمىغان ، لې-
كىن دادام بەكمۇ قارا يۈزلۈك قىلدى ...

— ئۇقتۇم ، — ئىلغار شارتىلا بېشىنى كۆتۈردى ، —
سىز ... سىز قەدىردانغا مەڭگۈ كۆرۈنمەسلىك قارارىغا كەپسىز .
بۇنداق قىلسىڭىز ، بالىڭىزنىمۇ مەڭگۈ كۆرسەتمەمسىز ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، ناۋادا ئۇ كېلىپ قالسا ، بالامنى ئۇنىڭ
قېشىغا ئەۋەتىمەن . بالام ئۆزى تونۇشلۇق بېرىدۇ ...

— ۋاي - ۋۇي ، سىز تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارغا بەكمۇ
ئىنچىكىلىك بىلەن قارايدىكەنسىز ، — دېدى زۇلپىيە سەل تېرىد-
كىپ ، — ئېمانچە نازۇكلۇق بۇ ، قەدىردان سىزنى شۇنچە ياخشى
كۆرگەن يەردە ، «ئۆيىنى دادىڭىز ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ» دەپ
تاپا - تەنە قىلىپ يۈرەرمۇ ؟

— مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمدىن بەكرەك ئىشىنىمەن ، ئۇ ھەرگىز
ئۇنداق دېمەيدۇ ، — مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تۆ-
كۈلدى ، — مەن ئۆزۈم ئۇنىڭغا قارىيالمايدىكەنمەن ...

شۇ كۈنى مېھرىبان ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە يىغىسى توختىمى-
دى . كەچتە ئەتكەن سۈيۈقئاش كۆڭۈلسىزلا ئىچىلدى . ئابابەكرى
يەنە تاپا - تەنە قىلغىلى تۇرۇۋىدى ، مېھرىبان ، ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى
ئىلغار مۇئەللىم ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ
گەپنى ئۈزۈۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن ، قىزىغا بولغان ئۆچمەنلىك ئابا-

بەكرىنىڭ كۆڭلىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالدى . 320 مىڭ سوم ئاز پۇلما؟ بوپتۇ ، 300 مىڭ دېگەندىمۇ ، نەچچە يىل ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ سالماي تاماكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ ! ئەمدى ئابابەكرى نېمىسىگە تايىنىدۇ ؟قىزىنىڭ ئۆيىنى ئاق توپىلاڭغا ئايلاندۇرۇپ بولدى ، ئۆزى بولسا ئىش خۇشياقماس لىڭتاسىما بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ گېلىغا كىم تاماق بېرىدۇ؟ تاماكىسىنى قەدىردان تەمىنلەپ تۇراتتى . ئۇ بولسا ھازىر يوق . بولغان تەقدىردىمۇ قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ بارىدۇ؟ قەدىردان كېتىدىغان چېغىدا : «مېھرىبانغا زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلمىسىلا ، بولمىسا سىلىنى بوغۇزلاشتا ئالدى ـ ئارقامغا قاراپ ئولتۇرمايمەن··· » دېگەنىدى . توغرا ، ئۇ ئاچچىقى يامانلىقتا ئوق يىلان ، تەرسالىقتا بۆرە ، مېھرىبانلىقتا ئانا شىرغا ئوخشايدىغان بالا ···

ئابابەكرى ئەنە شۇنداق ھەم سېسىق ھەم ئېغىر ئىشەكنىڭ تاپىغا ئايلاندى ! ئۇنى دەمال كۆتۈرۈپ تاشلىۋېتەي دېسەڭ ، شىرشەم كۆتەكتەك قىمىرلاتقىلى بولمىغان ، تاشلىۋەتمىسەڭ ، ئۇنىڭ بەتبۇي پۇرىقى پۈتۈن ئادىمىزاتنى بىزار قىلىدىغان يىرگىنچلىك مەخلۇققا ئايلانغان ··· مېھرىبان يىكەن كۆلدىكى توخۇ كاتىكىدەك ئىككى ئېغىز ئۆيدە دادىسى بىلەن بەش ئاي بىللە ئولتۇرۇپ ، جېنىدىن جاق تويدى . بۇ لەنىتى نىجىس يەۋاتقان تامىقىنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى ، ئۆيگە كۈندە قالىنىۋاتقان كۆمۈرنىڭ پۇلى ھەم كىم تاغاردا يۈدۈپ ئەكېلىۋاتقانلىقى ، نەۋرىسى قەيسەرگە ئىچكۈزۈۋاتقان سۈت ، سۈت پاراشوكى ، قۇۋۋەتلىك دورىلارنىڭ قانچە پۇلغا كەلگەنلىكى بىلەن بىر پاي كارى يوق ئىدى . مېھرىبان بىر كۈنى تامىقىنى يەپلا تالاغا ماڭغان ئابابەكرىگە ئاچچىقلاپ قالدى :

— سەن قاچانغىچە تاماق يەپ ، قاچا بىكار قىلىپ ، تەرەتخانىغا كىرىپ ، قورساق بىكار قىلىپ يۈرىسەن؟ بازارغا چىقىپ ھۈنەر قىلساڭ بولمامدۇ؟ — مېھرىبان بۇلماققا ئۇن قورۇۋاتاتتى ، — ئەگەر توپ سېتىش بازىرىغا بېرىشقا ئېرىنسەڭ ، بالىغا قاراپ تۇرغىن ، گۆش ، جىگەر ، ئۈچەيلەرنى مەن ئەكېلىپ بېرەي .

— ۋاي... خۇشياقمىسا ، — ئابابەكرى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىدى ، — ئاق قۇشقاچنىڭ تەرگىنى يوق ، ئاچلىقتىن ئۆلگىنى يوق ، دەپتىكەن ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسمەن .
— نېمىشقا ئاچتىن ئۆلۈپ قالاتتىڭ ! بۇ يەردە تەييارغا ھەييار بولۇۋاتساڭ ...
— ھە ، ماقۇلە ، بەرگەن تامىقىڭنى مىننەت قىلىۋاتامسەن ؟ مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى ، دەپ ، يېمىسەمغۇ بولىدىغاندۇ ...
— يېمىسەڭ يېمە ! — مېھرىبان زەردە بىلەن ۋارقىردى ، — پۈتۈنسۈرۈك بىر ئەر كىشى تۇرۇپ ، تۇل قالغان كىچىككىنە قىزىڭنىڭ قولىغا قاراپ ياشاشتىن نومۇسمۇ قىلمىدىڭ .
— «يېمىسەڭ يېمە» دەۋاتقىنىنى قارا ماۋۇ قارا ئېغىزنىڭ ، — ئابابەكرى پايتىمىنى مەشكە قاقلىۋىدى ، ئۆي پۇراپ كەتتى .
— سېسىق پايتىماڭنى تارتە ، مەن مەيەردە بۇلماقتا ئۇن قورۇۋاتىمەن . پاھ ، پاھ ، سېسىتىۋەتتا ئۆينى ...
— سەن تامىقىڭنى تولا پەش قىلما ، — ئابابەكرى قوللىرىنى شىلتىدى ، — ماۋۇ ئۆي كىمنىڭ ئۆيى ، سەن كىمنىڭ ئۆيىدە يېتىپ ـ قوپۇۋاتىسەن ؟ ھەر كۈنلۈكىگە پۇل ئالمىغانغا خۇش بول .
— خەپ ، مۇشۇ ئۆيۈڭنى چېكەڭگە تېڭىپ قويمىسام ...
مېھرىبان دېرىزە ئويۇقىدىن ئەينەك قۇتىنى ئېلىپلا ۋارقىرىۋەتتى :
— ۋاي خۇدايىم ، قېنى بۇنىڭدىكى شېكەر ؟ ئەجەب نەپسىڭنى يىغالماس بولۇپ قالدىڭا ، — مېھرىباننىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى ، — ئۆلۈشكۈن بالىغا سۈتكە چىلاپ يېگۈزىدىغان پېچىنىلەرنىڭ ھەممىسىنى چايغا چىلاپ يەپ بوپسەن . سېنىڭ دەستىڭدىن بۇ بالىنى مەن باقامدىم يوق !
— ئازراق شېكىرىڭنى يەۋالغانغا نېمە بوپتۇ ؟
— سېنىڭ ئوغرى مۇشۈكتەك تىمىسقىلايدىغان ئىشىڭ بۇگۇن.

لىما؟ — مېھرىبان يىغلىۋەتتى، — بالىنىڭ يېپىملىكى دېمەي سۈت، سۈت پاراشوكى، شېكەر، پېچىنىلەرنى ئالا قويمايسەن، ئۆتكەندە ھويلىدىن كۆمۈر ئەكىرىپ مەشكە سېلىش ئارىلىقىدا چىنىدىكى بۇلماقنى يەۋاپسەن ··· تويدۇم بۇ ئۆيدىن، مەن سىرتتىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ كۆچۈپ كېتىمەن!

— سەن ··· سەن ··· داداڭدىن تاناماقچىما؟ — ئابابەكرى گاچىلىشىپ كەتتى، — ۋۇي تۇزكور قانجۇق! ھېلى مەن ئەتكەن تاماق دەيسەن، ھېلى بالامنىڭ يېپىملىكى دەپ ئەزۋەيلەيسەن! زادى سېنىڭ نىيىتىڭ بۇزۇق ···

— ھەي، مۇشۇ گەپلىرىڭنى تۆت ئادەم ئوتتۇرىسىدا دېيەلەمسەن؟ — مېھرىبان يىغلاپ كەتكەن قەيسەرنى قولىغا ئالدى، — ئۇن، گۇرۇچ، ماي، كۆكتاتلارنى ئۆزۈم ئەكىلىمەن. بىر نەچچە قېتىم تاغاردا كۆمۈرنى يۈدۈپ ئەكىلىۋاتسام، خەقلەر: «ئابابەكرىدىنى سەمرىتىپ قۇربانلىق قىلاي دەمسىز» دېيىشتى. مەن: «دادامنىڭ مىجەزى يوق» دەپ قويدۇم. ئۆيگە كەلسەم، بالا پوق - سۈيدۈككە چىلىشىپ قاپتۇ، ئاستىنى قۇرۇقداپمۇ قويماپسەن. سېنىڭ ماڭا پوقۇڭ دورا بولۇپ قالدىما؟

كۆرۈڭ بۇ ئائىلىنى! ئۇلار مۇشۇنداق «سېنىڭ، مېنىڭ، يېدىڭ - ئىچتىڭ» دەيدىغان ئاتا - بالىلارمىدى؟ ياق، بىر - بىرىنى «سىز»لەپ، تەركى ھۆرمەت بولىدىغان ئىشلارنى قىلماي، پەردىشەپ ئىچىدە ياشاپ كەلگەنىدى! ھەيھات! خروئىن دېگەن بۇ بىر نىمىنىڭ ئىپلاسلىقى چەككەن ئادەم بىلەنلا چەكلەنمەي، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار، ئەر بىلەن خوتۇن، قېرىنداشلار بىلەن قېرىنداشلار، قىسقىسى تۇغقانلار، يارۇ بۇرادەرلەر، يېقىن دوستلار، جەمئىيەت، قولۇم - قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىززەت - ھۆرمەت، ئىناقلىق، دوستلۇق، تۇغقانچىلىق، مېھىر - مۇھەببەتلەرنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۈشەندىلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچىدىكەن ···

قاتتىق قارا سوغۇقلار باشلاندى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرى بولۇپ

قالغان بولسىمۇ ، مېھرىبان بالىسىنى قىلىن يۆگەپ ، ئىجارە ئۆي ئىزلەپ چىقتى . ئۇ مەھەللە ـ كوچىلارنى ئايلىنىپ ، گەرچە يەر-لىك ئۆي بولسىمۇ ، لېكىن پارۋايلىق بىر ئېغىز ئۆينى تاپتى . مېھرىبانىنىڭ بالىسى بىلەن يالغۇزلۇقى ، ئۇشۇقچە قالايمىقىنىنىڭ يوقلۇقىنى كۆزدە تۇتقان تۇل خوتۇن خوجايىن ، قىشتا پار پۇلى بىلەن ئايلىقى 220 سوم ، پار توختىغاندا 150 سومدىن كېلىشتى .

مېھرىبان قەدىردان قالدۇرغان 30 مىڭ سومنى تۇغۇتىدا دوختۇرخانىغا ئىشلىتىپ ھەم بالىغا قۇۋۋەتلىك نەرسىلەرنى يېگۈ-زۈپ ، ئۆي خىراجىتىگە تېجەپ خەجلەپ ، بىر يىلدىن ئۇشۇق ۋاقىت ئىچىدە سەككىز مىڭ سوم تۈگىگەندى . مارتنىڭ ئوتتۇرد-لىرىدا گۇاڭجۇدىن كەلگەن مۇنىردىن يەنە 10 مىڭ سوم ئەكېلىپ بەردى . شۇڭا ، مېھرىبان بانكىدىكى 22 مىڭ سومغا تەگمەي ، 10 مىڭ سومنىڭ ئىككى مىڭ سومىنى قىش كىرگەندىن بېرى خەج-لەپ كېلىۋاتىدۇ ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا دادىسىدىن ئەنسىرەپلا تۇراتد-تى . شۇڭا ، ئۇ داۋاملىق تاتلىق ـ تۈرۈم ، چاي ، تۇز ئالىدىغان دۇكاننىڭ خوجايىنى ئاپئاق ساقال ئابدۇرۇسۇل ھاجىمغا 7 مىڭ سومنى ساقلاپ بېرىشكە بەردى . ئەھلى ـ ئىلىملىك ، دىيانەتلىك بۇ زات شەرم ـ ھايالىق مېھرىبانغا بەكمۇ خەيرخاھلىق قىلىپ ، داۋاملىق : «خۇدايىم ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭىزغا يەتكۈزگەي» دەپ ، تىلەكلىرىنى دۇئالىرىدا ئىزھار قىلاتتى .

ئوغلى قەيسەر بىر ياشتىن ئاشقان راسا سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئازغىنا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇچ چاقلىق هارۋىغا باسقان مېھرىبان ئىجارىگە ئالغان يېڭى ئۆيىگە كۆچۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆچۈشىدىن خەۋەرسىز قالغان ئابابەكرى بىرنەچچە كۈن ئىزلەپ ، دېرىكىنى ئالالمىدى …

# يىگىرمە تۆتىنچى باب

يەنە بىر يىل ئۆرۈلدى. مارتنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. سەپەر چامادىنىنى كۆتۈرگەن قەدىردان دوستلۇقتىكى ئائىلىلىكلەر قورۇ-سىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىنى خېلى بىر ۋاقلارغىچە باسقان بولسىمۇ، ئۆي ئىچىد-دىن سادا بولمىدى. «مېھرىبان نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى بازارغا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ياكى بالىنىڭ مىجەزى يوق دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتىمۇ تېخى» دېگەن ئوي بىلەن چامادانىنى ئىشىك ئالدىغا قويۇپ، ئۆزى پەلەمپەيدە ئولتۇردى. بىر چاغدىلا بىرىنچى قەۋەتتىكى تاقىلداپ پەلەمپەيگە چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ قەدىردان ئۈمىدسىزلەندى، چۈنكى مېھرىبان خۇددى يەرنىڭ جېنى ئاغرىپ كېتىدىغاندەك سىپايى ماڭاتتى. ئاڭغىچە قوشنىسى ئىلغار ئىككىنچى قەۋەتكە قەدەم ئېلىپلا، قەدىردانىنى تونۇپ قالدى. ئۇ قىزغىن قول ئېلىشىپ، ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۆيىگە باشلىدى. لېكىن، قەدىردان مېھرىبانىنى ساقلىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقاند-دى، ئىلغار راست گەپنى قىلدى:

— ئاۋۋال بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ، بىرەر چىنە چاي ئىچىپ ھاردۇقىڭىزنى چىقىرىڭ، — ئىلغار چامادانىنى ئالدى، — ئاندىن ئالدىرىماي سۆزلەشمەيمىزمۇ.

قەدىردان ئىلغار مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە قەدەم ئېلىش بىلەن، ئاچچىق - چۈچۈك ئۆي تامىقى قىيمىسىنىڭ ھىدى بۇرنىغا ئۇرۇل-دى. زۇلپىيە ئاشخانىدا تاماق ئېتىۋاتاتتى. ئۇ ئېرىنىڭ كەلگەنلىك شەپىسىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى، قەدىردانىنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، شۇندىقتىمۇ ھەر ئىككىسى چاندۇر-ماي ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— قەدىردان ، تاماق تەييار بولۇپ قالغاچقا ، — دېدى زۇلپىيە ئۆزرە ئېيتىپ ، — چاي قىلمىدىم ، خاپا بولمايدىغانسىز ؟

— شۇمۇ گەپمۇ ، زۇلپىيە ھەدە ، — قەدىردان ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى ، — مەن ئۆيدىكىلەرگە بىرىنچى قېتىم كىرىۋاتىمىسام .

قەدىردان بىلەن ئىلغار مۇئەللىم بىر تالدىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ، تاغدىن - باغدىن سۆزلىشىپ بولغۇچە ، بىر تەخسىدىن لەگمەن كەلدى . ئۇلار مۇچ قىيامى ، ئاچچىقسۇلاردىن قۇيۇپ مەززە قىلىپ يېيىشتى ، بولۇپمۇ ئۆي تامىقىنى كۆزلىگەن سۇرتكۇدەك بولغان قەدىردان قورۇنۇپ ئولتۇرماي بىر يېرىم تەخسە يەۋېتىپ ، ئاش سۈيى ئىچتى . ئۇ زۇلپىيەنىڭ تاماقتا ئۇستا ئىكەنلىكىنى ماختىدى ، لېكىن ئايالى مېھرىبانىنىڭ ئىسمىنى چىقىرالمىدى . بۇ ئەر - خوتۇن مۇئەللىملەرنىڭ چىرايىدىن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەرنىڭ بارلىقىغا كۆزى يەتكەن قەدىردان ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى .

تاماق يېيىلىپ شىرەلەر يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ، زۇلپىيە مېھرىبانىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۆلپەتلەرنى سۆزلەپ يىغلاپ سالدى . سۆيۈملۈك ئايالىنى ، ئوغلىنى تاقەتسىز سېغىنىپ ، ئەمدىلىكتە ئۈمىدسىزلىك تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغان قەدىردان يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى .

— مېھرىبان بەك كۆڭلى نازۇك قىزكەن ، — دېدى ئىلغار مۇئەللىم ، — ئۇنىڭ مۇنداق ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن سىزنىڭ خاپا بولمايدىغانلىقىڭىزنى بىلىدىكەن ، لېكىن : «قەدىرداننىڭ چىرايىغا قارىيالمايمەن» دەپ يىغلاپلا تۇرىدۇ ...

— خۇدايىم توۋا ، — زۇلپىيە ياقىسىنى تۇتتى ، — مۇنداقمۇ ئاتىلار بولىدىكەن ؟ بىر ئىناق ئائىلىنى ، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ روزىغارىنى بۇزۇۋەتتى ... مۇسۇلمانچىلىقتا قۇشقاچنىڭ چاڭگىسىنى بۇزسىمۇ قىيامەتتە سورىقى بارمىش .

— ئاممىزە ، ئوغلىڭىز قەيسەر شۇنداقمۇ تېتىك ، شوخ ، خۇددى سىزدەك بەستلىك ئادەم بولغۇدەك .

— ھېسابىمدا ، — قەدىردان بارماقلىرىنى ساندى ، — قەيسەر بىر ياش تۆت ئاي 21 كۈنلۈك بوپتۇ ··· بۈگۈن 3 ـ ئايغا 28 ئەمەسمۇ ···

ئۇلار تاماقتىن كېيىن قەدىرداننىڭ ئۆيىگە كىردى . يىراقتىن مەھبۇبىسىنى ، يۈرەك پارىسى ئوغلىنى كۆرۈشكە كېلىپ ، ئارمان-لىرى سۇغا چىلاشقان سەرگەرداں مۇساپىر ئۆيلىرىگە قارىدى . مېھرىبان بىلەن قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغان ، مۇڭداشقان ، ئويناشقان يەرلەرنى مۇسەللەپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى ···

— مېھرىبان زادى نەگە كېتىشى مۇمكىن ؟ — قەدىردان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە قارىدى ، — پەرىزىڭلارنى بولسىمۇ دەپ باقساڭلارچۇ ؟

— ئابابەكرى بىر قېتىم كەپتىكەن ، ئۇ چاغدا ئىلغار ئۆيدە يوق ئىدى ، — دېدى زۇلپىيە ، — ئۇ مېھرىباننىڭ بۇ يەرگە كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى سورىدى ، ئاندىن مېھرىباننىڭ تۇيۇق-سىزلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى ، ھازىرغىچە ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالمايۋاتقانلىقىنى دەپلا كېتىپ قالدى .

— ئابابەكرىنىڭ نەدە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىمىدىڭىز-ما ؟ — سورىدى ئىلغار ، — مەسىلەن ، قايسى رايون ، قايسى مەھەللە ئىكەنلىكىنى سوراپ بىلىۋالسىڭىز بولمامدۇ .

— ئۇ ئادەمگە ئۆچلۈكۈم كېلىپ گەپ سورىغىممۇ كەلمىدى .

— توۋا ، — ئىلغار ياقىسىنى تۇتتى ، — خوتۇن خەقزە ئەجەب بولىدۇ ـ دە ···

— بولدى ، مەن ئۆزۈم ئىزلەپ كۆرەي ، — دېدى قەدىردان ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە قاراپ ، — لېكىن سىلەرگە بىر ھاجىتىم بار ئىدى .

— قېنى دەڭ .

— بۇ ئاچقۇچلارنىڭ ھەممىسى سىلەردە تۇرسۇن ، — قەدىردان ئاچقۇچلارنى ئىلغار مۇئەللىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ، — ئەگەر ئىجارىگە ئولتۇرىدىغانلار بولسا ئۆزىڭىز بىر تەرەپ

قىلىڭ ...

— ھەي قەدىردان ، مېنىڭ هاراقكەش ئاغىنىلىرىم جىق ، ئىجارە پۇللىرىنى خەجلىۋېتىپ ، سىزگە يەنە قەرزدار بولۇپ قالماي جۇمۇڭ .

— هاراقتىن ئاشقىنىنى بېرەرسىز ، ئەگەر ئاشمىسا ، ماڭىمۇ بىر رومكا قۇيۇپ بەرسىڭىز پىرقىراپ چىقىپ كېتىۋېرىدىغىنىدىن مەن ...

ئۇلار بىر پەس كۇلۇشكەندىن كېيىن ، قەدىردان چامادىنىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇ ئۇستى يېشىل سۇلياۋ تاختاي بىلەن يېپىلغان بازار رەستىسى ئارقىلىق ئاهالىلەر مەھەللىسىگە چىقىپ ھەيرانلا قالدى . بۇ يەر كەڭ كەتكەن بازار مەيدانىغا ئايلانغان ، كۆكتات ، گۆش ، بېلىق ، ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يېمىش ، سەكسەن خالتا دېگەندەك ساندۇقلۇق دۇكانلار بىلەن توشقانىدى . بازارنىڭ ئىككى تەرىپىنى دۇكانلار ، كاۋاپچى ، زاسۇيپەز ، لەڭپۇڭچى ھەم ئاشخانىلار ئىگىلىگەنىدى .

قەدىردان تاكسى كىرا قىلىپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» غا كەتتى . ئۇ ۋىجىك قارا پاتەم بىلەن بىر نەچچە ئېغىز چاقچاقلاشماقچى ئىدى ، لېكىن باشقىلار ئۇنى خوتەنگە كەتتى دېيىشتى . قەدىردان بۇرۇنقى 30 سوملۇق ياتاقتا بىلەت كەستۇرۇپ ئورۇنلىشىۋېلىپ ، ئاندىن كەچلىك تامىقىنى بازاردىن يېدى . لېكىن ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى «هۆسنىارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» غا خېلى ئۇزاق قارىدى ، چۈنكى كونا تاتلىق ھەم ئاچچىق خاتىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغانىدى .

قەدىردان كەچ قاراڭغۇ چۈشۈش بىلەن بەشىنچى قەۋەتكە چىقتى . بۇ يەرنىڭ كونا خېرىدارلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭى خېرىدارلار پەيدا بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كونا كېسەللى يەنىلا ساقايمىغانىدى . بەزىلەر بۇلۇڭغا تىقىلىپ ، تۆت ئوشۇق ، دۇدۇزە ، شىشىخال ئوينىسا ، يەنە بىر بۇلۇڭدا توپلىشىپ هاراق ئىچىشەتتى ، يەنە بەزىلەر ھېچكىمدىن تەپ تارتماي پال ـ پال قەغەز ، نەيچە ، سەرەڭگىلەرنى

تىزىغا قويۇۋېلىپ ، ئاق تۇتۇنگە تەلمۈرەتتى ... قەدىردان بۇ يەردىن بىرمۇ تونۇشنى تاپالماي ئاستا چىقىپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ ئەمدىلا ياتىقىغا كىرىشى ، ھېلىمجان ئاۋاق ، نۇرمەت پاكارلار كىرىپ كەلـ دى . ئۇلار ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ ، قۇچاقلىشىپ كېتىشـ تى ، بىر ـ بىرىنىڭ دۈمبىلىرىگە ، مۈرىلىرىگە ئۇرۇشۇپ سەنلە شىپ ، قەدىناسلىق ، بۇرادەرلىك ، دوستلۇقنى ئىزھار قىلىشتى . قەدىردان ئۇلارنى ئاشخانىغا ئاچىقىپ مېھمان قىلىشنى ئېيتقانـ دى ، ھېلىمجان ھېلىلا تاماق يەۋالغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆززە سورىدى :

— سىزنى گۇاڭجۇدا رەختچىلىك قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئاڭلىـ دۇق ، — دېدى ھېلىمجان قىزىقىپ ، — بۇ ئوقەتكە قانداق كىرىـ شىپ قالدىڭ ، ئېيىنى ئالالىدىڭلىما ؟

— ۋاي ئاشۇ قاقچىلىقتا ئوخشاشلىكەن ، — دېدى قەدىرـ دان ، — مەيەردە قاق ئۆتكۈزۈۋالىدىغان خوجايىنلارنىڭ گېلىنى مايلىساق ، ئۇ يەردە مال بېرىدىغان ، ئوچاستىكىلار بويىچە ماگىـ زىنلارغا مال تارقىتىدىغان سەيگۇيۈەنلەرگە ئارقا ئىشىك قىلىمىز . ئۇلار پەقەت بىزگە قايسى ماگىزىنلارغا تەقسىم قىلىدىغانلىقىنى دەپلا بېرىدۇ ، كېچىدە ئاشۇ ماگىزىنلار ئەتراپىغا ئادەم قويىمىز ، ئىشىك ئېچىلغان ھامان ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋالىمىز ...

— پايدىسى ياخشىدۇ ؟ — سورىدى نۇرمەت پاكار ، — بولمىسا ئۇنداق ئۇزاق يېتىۋالمايسەن .

— بىر مېتىر رەختتە 20 تىيىن ئەرزان ئالالىساق ، بىر ماشىنا مالدا 20 ـ 30 مىڭ سوم قالىدۇ ... قانداق ، بولامدىكەن ؟

— ئۇ مالنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىلەر ؟ — دېدى ھېلىمـ جان ، — ۋاگونلارغا قاچىلاپ شىنجاڭغا يولغا سالامسىلەر ؟

— شىنجاڭدىكى توپ سېتىش خوجايىنلىرى بىلەن دىگۇارلاشـ ساققۇ ، پايدىغا كۆمۈلۈپلا قالىمىز . بىراق ، بىز بۇياقتىن ئاچىقىدـ مىز ، ئۇياقتىن ھايانكەشلەرگە ئۆتكۈزۈۋېتىمىز . بەزىدە بىر مېتىر رەختتە بەش تىيىن ، ئون تىيىن قالسىمۇ ، بىر تەرەپ قىلىۋېـ

تىمىز .

— بۇمۇ بولىدىغان گەپكەن ، — نۇرمەت پاكار بېشىنى گىلدىڭلاتتى .

— بەزىدە خەتىرىمۇ ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ .

— قانداق دەيسەن ؟ — ھېلىمجاننىڭ چوڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — ئەمىسە زىيانمۇ قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، بىز بار يەردە 15 ـ 20 يىللىق رەختچىلەر بار . ئۇلارنىڭ دېيىشىچە ، ئون يىلنىڭ ئالدىدا رەختچىلىكتىن شاڭخەيدە قانلىق ۋەقە تۇغۇلۇپتىكەن .

— ۋاي توۋا ، مۇنداق دېگىن ، — دېدى نۇرمەت پاكار ھەيران بولۇپ ، — قېنى دېگىنە .

— تۆمۈررەڭ دىچۆلياڭ راسا بازار تېپىۋاتقان چاغكەن ، — دېدى قەدىردان ھېكايىسىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ، — رەخت توپ تارقىتىش شىركىتىنىڭ سەيگۆيۈەنگە قەشقەرلىك رەختچى سودىگەرلەر خېلى نۇرغۇن پۇل سۇڭگۇتۇپتۇ . بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئاتۇشلۇق سودىگەرلەرمۇ شۇنداق قىپتۇ . ھېلىقى سەيگۆيۈەن ھەر ئىككى تەرەپكە قايسى ماگىزىنلارغا مال چۈشۈرۈلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ . ئەتىسى قەشقەرلىك سودىگەرلەر بىلەن ئاتۇشلۇق سودىگەرلەر مال تالىشىپ ئۇرۇشۇپ ، شاڭخەي ، نەنجىڭ كوچىسى ، ۋەيتەن ، سۇڭ خۇامياۋ تەرەپلەردە قوللىرىدا پىچاق ، تۆمۈر كالتەك ، تاسما بەلۋاغ ، تاياق دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ماگىزىنمۇ ماگىزىن ، كوچىمۇ كوچا قوغلىشىپ ، نەق بىر كۈن قانلىق ۋەقە تۇغدۇرۇپتۇ . ساقچىلار ئۇلارنى تەستە بېسىقتۇرغاندىن كېيىن نۇرغۇنلىرىنى شىنجاڭغا ھەيدەپ ، بەزىلىرىگە قانۇنىي جازا بېرىپتۇ . شۇندىن تارتىپ شاڭخەيلىكلەر «شىنجاڭ يىن»[①] دېسە ، ئوغرىغا قارىغاندەك قارىشىدىكەن ...

— قەشقەرلىكلەر : «بىز پۇل خەجلىگەن ، مالغا ئاتۇشلۇقلار ئىگە بولۇشتى» دەپ چۈشەنسە ، — ھېلىمجان مۇلاھىزىنى ئوتتۇرد-

① شىنجاڭ يىن — شىنجاڭ ئادىمى ، شىنجاڭلىق .

غا قويدى ، — ئاتۇشلۇقلارمۇ : «بىز پۇل سوڭگوتكەن ، مالغا قەشقەرلىكلەر تەييار ئىگە بولدى» دەپ غەزىپى كەلگەن گەپ .
— ھەي ، مېنىلا گەپكە سالماي ، — قەدىردان دوستلىرىغا قارىدى ، — سىلەرمۇ بۇ يەردىكى يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەرمەمسىلەر .
— بۇ يەردە سايلا كۆڭۈلسىز ۋەقەلەر يۈز بەردى ، — دېدى ھېلىمجان ، — ئەسەت بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالدى ...
— بۇ ئىشنى غۇلجىلىق مۇنىردىن دەپ بەرگەن ،خەۋىرىم بار ، — قەدىردانىڭ بۇ ئىشنى ئاڭلىغۇسى يوقتەك قىلاتتى ، — باشقا يەنە قانداق يېڭىلىقلار بار ؟
— ئاڭلىدىڭمىكىن ، — ھېلىمجان دەمال بىر نېمە دېيەلمەي دۇدۇقلىدى ، — ئەسەتنىڭ قىردىق نەزىرسى بېرىلگەن كۈنى ... زۇلئاي تۇگەپ كەتتى ...
— نېمە ؟ ! — قەدىردان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ، — نېمە بولۇپ ؟
— سەن كەتكەندىن كېيىن ئۇ چېكىشنى ئۆگىنىۋالدى ، يەنە كېلىپ ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇشنى دېگىنە ، — ھېلىمجان قەدىردانىڭ كۆزىدىكى لىپمۇلىپ ياشنى كۆرۈپ ، دېگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى ، — پۈتۈن جامائەت سەككىز ئايلىق بالىسىنى بىللە ئېلىپ كەتكىنىگە ئاجايىپ ئېچىندى ھەم خرونىن دېگەن بۇ بىر نېمىگە لەنەت - نەپرەت ئوقۇپ ، يىغا - زار قىلىشتى ...
قەدىردانىڭ ياش بىلەن تولغان كۆزى ئالدىدا تۇز كۆڭۈل ، خۇش پېيئىل ، قىلىقلىرى تاتلىق زۇلئاي ئايان بولدى .
— قەدىردان ، ئايىبلىق خرونىن چېكەمدىكەن ؟
— قانداق ، سىزنىڭمۇ چەككۈڭىز كېلىۋاتامدۇ ؟
— ياق ! ئۆلسەممۇ چەكمەيمەن ، لېكىن ...
— ھە ، لېكىن دەيسىزغۇ ؟
— مېنى تاشلىۋەتسىڭىز ، شۇ چاغدا چېكىمەن ... چەككەندىمۇ ئۆلۈۋېلىش ئۈچۈن چېكىمەن ...

قەدىردان ئىككى چىكىسىنى ئۇۋۇلاپ جىمىپ قالدى ھەم شۇ ھامان ئەڭ ئاخىرقى ئايرىلىش پەيتىدە زۇلئايىنىڭ : «بىر خۇش خەۋىرىم بار ، ئاڭلاپ ھوشىڭىزدىن كەتمەڭ » دېگەنلىكىنى ، قەدىردان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ، ئۇنىڭ قورۇق «ھۆ» بولۇپ بوسۇغىغا يىقىلغانلىقىنى ئەسكە ئالدى ...

— قەدىردان ، يەنە بىر ئىش بار ، ئاڭلىدىڭمىكىن ، — دېدى نۇرمەت پاكار ، — زوھۇرگاسىيانى تاشكەنتتىن تۇتۇپ ئەكېلىپ ، ئۇرۇمچىدە ئاتتى ...

— نېمە ، زوھۇرگاسىيانى ئېتىۋەتتى دەمسەن ، نېمىشقا ئەمدى ؟

زوھۇرگاسىيا ئەسلىدە خەلقئارالىق چوڭ قىمارۋاز ھالاۋۇدۇن تەيگوننىڭ قوغدىغۇچىسى ئىدى . ھالاۋۇدۇن تايلاندنىڭ نەچچە 10 مىڭ سوملۇق سورتلۇق خورازلىرىنى ئەكېلىپ چوڭ قىمارلارنى ئۇيۇشتۇراتتى . بىر قېتىملىق قىماردا ، بىر قىمارۋاز ئۇنىڭ بىر كۆزىنى قويۇۋېتىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كېتىدۇ . زوھۇرگاسىيا ئۇنى ئارقىسىدىن گۇاڭجۇغىچە قوغلاپ بېرىپ ، نەچچە مىڭ كىشىلىك چوڭ بازاردا 41 يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرىدۇ ـ دە ، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىدۇ . ھالاۋۇدۇن تەيگو ئۇنى شۇ كېچىسىلا سودىگەرلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا قاچۇرۇۋېتىدۇ ...

— ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم ، — دېدى قەدىردان بېشىنى چايقاپ ، — ئۇ بەكمۇ قارام ، تەۋەككۈلچى ئادەم ئىدى .

— پۇتۇنلەي گىلەمچىلىك بىلەن يول تېپىپ مىليونېر باي بولۇپ كەتكەن ئابدۇلباقى ياغاچ پۇتنىڭ بالىلىرى ئېسىڭىزدە بارمۇ ؟ — سورىدى ھېلىمجان ، — ئۇلارنىڭ لەقىمى نېمىدى خۇدايىم ...

— توغرا ، ئابىخان لومپا ، زاھىر لومپا ، بارى لومپا ئاكا ـ ئۇكىلار ، — جاۋاب بەردى قەدىردان ، — ھە ، ئۇلارغا نېمە بولدى ؟

— سەن گۇۋاھچۇغا كەتكەن بىر يىل ئىچىدە خىرۇئىنىدىن ئىك-كى ئىنىسى ئۆلدى ، ئابىخان لومپىنىڭ ئەھۋالىمۇ بەك ناچار ، بۈگۈن - ئەتىلىكى قالدى ، — دېدى ھېلىمجان ، — ئۇلارنىڭ مىليون بايلىقى خىرۇئىننىڭ تۈتۈنىگە ئايلىنىپ تۈزۈپ كەتتى !

ئەتىسى قەدىردان بىلەن ھېلىمجان ئىككىسى تاكسى كىرا قىلىپ گۇلساي قەبرىستانلىقىغا يۈرۈپ كەتتى . ئۇ يولدا بىر دەستە گۈل ئېلىۋالدى . بېغىررەڭ سانتانا يەنئەن يولى بىلەن بىردەمدىلا ئېدىرلىق يانپاش يوللارغا ياماشتى ھەم «ئەرۋاھلار مۇقەددەس دۆ-لىتى» بولغان گۇلساي قەبرىستانلىقىغا يېتىپ كېلىشتى . ھېلىم-جان تېخى باھار ئوتلىرى قاپلىمىغان دۇمچەك توپا دۆۋىسى ئالدىدا توختاپ : «مۇشۇ» دەپ قويدى . ئۇلار قەبرە بېشىدا تىزلىنىپ ئول-تۇرۇشتى ، قەدىردان ھېلىمجاننىڭ مۆكۈلۈق ھەم مىسكىن قىرائە-تى ئاخىرلاشقۇچە يىغلاپ چىقتى ...

— ئاۋۇ تۆتىنچى قەبرە ، — ھېلىمجان تۇمشۇقىدا ئىما قىل-دى ، — ئەسەتنىڭ ، قىرائەت قىلىۋېتەمدۇق ؟

— بولدىلا ، كېيىن كەلگەندە بىر گەپ بولسۇن ، — قەدىردان گۈل دەستىنى زۇلئاينىڭ قەبرىسى ئۈستىگە چاچتى ، — كېتەيلى ، ھېلىمجان ...

ھېلىمجان قەدىرداننىڭ ئاشۇ «بولدىلا» دېگەن سۆزىدىن تۇن-جى قېتىم قەدىرداننى خىرۇئىن پاتقىقىغا پاتقۇزۇپ ، دوزاخ ئىشىكى ئاچقان ئادەم ئەسەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇلار قەبرىلەر ئارا كېتىۋاتقاندا ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاباق توختى ، كازىم ، ھۆسنارخانلار يولۇقۇپ ، بىرەر دەقىقە بىر - بىرىگە تىكىلىپ قېلىشتى . ئاباق توختى بىلەن كازىمنىڭ چىرايىدىن بىر خىل خىجىللىق ھەم خەير-خاھلىق ئۇچقۇنلىرى يېلىنجىغان بولسىمۇ ، ھۆسنارخاننىڭ چىرايى ئۆپكىدەك ئېسىلغان بولۇپ ، چېقىر كۆزلىرى خۇددى چايان نەشتى-رىدەك قادىلىپ تۇراتتى .

— بۇ خوتۇنغا ئۇچراپ قېلىپ ياخشى بولمىدى ، — دېدى ھېلىمجان ، — خوتەنگە دەرھال كېتەيلى .

ئۇلار «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ھېلىمجان قاق بازىرىغا كەتتى . قەدىردان چوڭ يولغا چىقتى ـ دە ، ھەر خىل مېۋىلەرنى بىر سۇلياۋ خالتىغا ئېلىپ تاكسى توختاتتى . ئۇ بىر قېتىم ئابىخان لومپىنىڭ دۆڭكۆۋرۈك يەر ئاستى گىلەم دۇكىنىغا بارغىنىدا ، ئىككىسى بىللە ئاشخانىغا كىرىشكەن ، ئاشخانىدىن چىققاندا ئابىخان لومپىنىڭ خۇمارى تۇتتى بولغاي : «بىزنىڭ ئۆيگە بارىلى» دەپ تۇرۇۋالغان . ئۇلار قەدىردان- نىڭ «لادا» ماشىنىسىغا چۈشۈپ نەنلياڭ ساي كوچىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك ھەيۋەتلىك مىلىي پاسوندا سېلىنغان ئۆيگە كىرىش- كەندى .

قەدىردان تاكسى بىلەن كېلىپ ھېلىقى ھەيۋەتلىك قورۇ ئالدى- دا توختىدى . ئۇ دەرۋازا ھالقىسىنى ئۇرۇپ بولغۇچە ، يولدا كېتى- ۋاتقان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بادام دوپپىلىق بىر ئادەم يولدا توختاپ :

— ھەي يىگىت ، كىمنى ئىزدەيسىز؟ ئۇ دېگەن خەنزۇنىڭ قورۇسى ، — دېدى .

— ۋۇي ، بۇ ئابىخان ئاكامنىڭ قورۇسىدىغۇ؟

— ئىسۇ قاچانكى گەپ ، ئىنى ، — دېدى بادام دوپپىلىق ئادەم ، — بۇنداق قورۇدىن نەچچىسىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ ، تۇتۇنگە تېگىشىپ بولدى!

قەدىردان تۇرۇپلا قالدى . خىيال دېگەن شۇنچىلىك ئۇچقۇر نېمىكەن ، ئۇ دەقىقە ئىچىدە خوتەندىكى ئۈچ زېمىن ، قورۇ ـ جاي ، «لادا» ماشىنىسى ، بانكىدىكى مىليون پۇللىرىنىڭ خرويىن ھەم قىمار بىلەن توزۇپ كەتكەنلىكىنى ئەلەم بىلەن ئەسكە ئالدى ...

— ئەمىسە بۇ ئادەم نەگە كەتكەندۇ؟

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— مۇنداق ئىشتى ، — قەدىردان يالغاندىن بىرنى توقۇ- دى ، — مەن بۇلتۇر ئىچكىرىگە كىرىش ئالدىدا خوتەندىكى قورۇ ـ جايىمنىڭ يەر خېتى ، گۇۋاھنامىلىرىنى قالدۇرۇپ ، جاما- ئەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغانىدىم .

— خوتەنگە بېرىپ قورۇ ـ جايلىرىڭىزنى سېتىۋەتمىگەن بولـ
سا تەلىيىڭىز ، — بادام دوپپىلىق مەسخىرە بىلەن ھىجىيىپ قويدى ، — ئاڭلىسام ئۇ سەنشىخاڭزىدا پولۇ ساتىدىغان ئىسخار
دېگەن تۇڭگاننىڭ قورۇسىدا بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ
ئولتۇرۇۋېتىپتۇدەك ...

— رەھمەت ، ئاكا .

قەدىردان تاكسى بىلەن سەنشىخاڭزىغا يۈرۈپ كەتتى . پولۇ ساتىدىغان بۇ تۇڭگان قەدىردانغا بەكمۇ تونۇش ، ئەلۋەتتە . نەچچە
ئون مىڭلىغان پۇللىرىنى شۇنىڭ چۆنتىكىگە سېلىپ بەرگەن تۇرـ
سا ، تونۇش بولمامدۇ ئەمىسە ! ئېھتىمال ئابىخان لومپىمۇ ئۇ
تۇڭگاننىڭ پولۇسىغا ، ئاندىن «ئاق» پۇلۇسىغا پۇتلاشقان بولغىيدـ
تى ... توۋا ، بۇ خىروئىن دېگەن نەرسە ئاجايىپ گىگانت ئەرلەرنى ،
پۇل تاپقان مۆتىۋەرلەرنى ، قىران يىگىتلەرنى ، سەرخىل ئوغلانلارـ
نى ، پەرىشتە سۈپەت قىز ـ چوكانلارنى خۇددى دېنى تۆكۈلۈپ
كەتكەن قوناق شېخىدەك ھېچنېمىگە يارىماس بىر دۆۋە ئەخلەتكە
ئايلاندۇرۇۋېتىپ قويىدىكىنا ! مانا 14 يېشىدا «بالا سەيگۈيۈەن» دەپ
داڭ كۆتۈرۈپ ، نامى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارالغان قەدىردان نېمە
بولدى ؟ ئۇ بۇ قېتىم گۇاڭخۇغا بارغاندا ھېلىمۇ ياخشى غۇلجىلىق
مۇنىردىن بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ قالدى . ئۇلار سۆھبەتلەشتى ،
مۇڭداشتى ، تاماقتا بىللە بولدى ، ئاخىر ئېقى كېلىشىپ ، شېرىك
ئوقەت قىلدى . بىراق ، مۇنىردىن ئۇنى بارا ـ بارا چۈشەنگەنسېرى ،
كۆپ ئەيىبلەيدىغان ، ھەتتا تىللايدىغان دەرىجىگە يەتتى . سەۋر قاـ
چىسى تولغان مۇنىردىن بىر كۈنى پارتلىدى :

— مەن سېنى خېلى دىتى بار ، دەپ ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلسام ،
نېمانداق ئىش خۇشياقماس ، ھۇرۇن نېمىسەن ! ئولتۇرغان يېرىڭدە
بىر كۈن كەچكىچە مۈگدىگەن ، ئەسنىگەن ... ھەتتا ئاغزى ـ
بۇرنۇڭدىن ساقىپ چۈشكەن نەرسىنىمۇ تۇيمايسەن ، بىر ئۇخلىدـ
ساڭ ، ئەتىگەنلىكى قوپقىلى ئۇنىمىغان . ئوقەت قىلىدىغان ئادەم
سېنىڭدەك بولامدا ؟

— كەچۈرۈڭ ، مۇنىردىن ئاكا ، — قەدىرداننىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى ، — مەنمۇ ئۇنداق ئەمەستىم ، قانداق قىلاي ، ئامالىم يوق ...

مۇنىردىن كېيىن قەدىرداننىڭ خىرۇئىن چېكىدىغىنىنى بىلىپ قېلىپ ، ۋارقىرىمىدى ، تىللىمىدى ، بىراق چىرايىدىن خۇددى زەھەرلىك يىلانغان ئۇچراپ قالغان بىر ئىپادە چىقىپ تۇرغان ھالدا سىپايىگەرلىك بىلەن گەپ قىلدى :

— بولدى ، مەن ئادەمنى خاتا تاللاپتىمەن . رەختچىلىكنىڭ ئېپىنى ئېلىپ قالدىڭ ، شۇڭا سەنمۇ ئۆز يولۇڭدا ماڭ ، مەنمۇ ئۆز يولۇمنى تېپىۋالاي ... — دېدى ـ دە ، شېرىكلىكتىن ئايرىلىپ كەتتى . شۇنىڭدىن بېرى قەدىردان بىرىنچى بولۇپ چېكىدىغىنى ، ئىككىنچىسى قورساق ھەم ياتاق ئۈچۈن چىشىنى چىشلەپ بىرەر ئايدا بىرەر قېتىم ئوقەت قىلاتتى ھەم شۇنى كۆشەپ 15 ـ 20 كۈن ياكى بىرەر ئاي ئېزىلىپ ياتاتتى ، ھەتتا ئۇ مېھرىبانغا ئەۋەتكەن 10 مىڭ سوم پۇلنىمۇ مۇنىردىن بېرىپ تۇرغانىدى ...

تاكسى سەنشىخاڭزىدىكى ئىسخار پولۇخانىسى ئالدىغا كەلگەندە توختىدى . قەدىردان دۇكانغا كىرىشى ، سېرىق ئۆچكە ساقال ئىسخار كونا خېرىدارىنى تونۇپ قالدى بولغاي ، تېرىنىڭ يىرتىقىدەك كۆزلىرى خۇشلۇقتىن يوقاپلا كەتتى :

— ھەي ، سەن شۇ بامۇ ؟ نەچچە يىل بولدى ، يوقا كەتتىڭغۇ سەن ؟ يا ئىچكىرىدە ئوقەت قىلدىمۇ شۇ ؟

— ئىسخار ئاكا ، ئابىخان لومپا قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ ؟

— ھەي ، ئۇ مۇتتەھەمنى نېمە قىلىدۇ شۇ ؟

— ئاۋۋال دەپ بەرگىنە ، ئۇ نەدە ؟

— ئىچكەركى قورۇغا كىرسۇڭ . ئۇ ھويلىدا تەيياك سەي[①] قىلىپ ئولتۇرىدۇ ...

قەدىردان ئاشخانىنىڭ ئارقا ئىشىكى بىلەنلا چوڭ قورۇغا چىقتى . ئۇ ھويلىنىڭ ئەڭ چەت بۇلۇڭىدا ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرغان

① تەيياك سەي — ئاپتاپقا قاقلىنىش .

بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى . ئەبجەق يىرتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇ-رۇپ ، مۈگدەپ قالغان بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدىكى قىزىلكوس يۈزلىرى يارقىراپ تۇرغان ئېگىز ، قاۋۇل ، لوك ـ لوك قەدەم ئالىدىغان ، چۈس مىجەز ، مەرد ئابىخانغا زادىلا ئوخشىمايتتى . ئۇ شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكەنىدىكى ، جۇغى جەينەكتەك ، بەترەڭ يۈزلىرىنىڭ تېرىلىرى خالتىلاشقان ، كۆز ئاستى قاپاقلىرى سۇ كۆتۈرۈپ مۆ-لۇلدەپ تۇراتتى . قىسقىسى ، ئۇ دەسسەلگەن نىمجان قۇرتقىلا ئوخ-شايتتى . ئىككىلا تىزىغا قويۇۋالغان قوللىرىنىڭ بارماقلىرى خۇد-دى چىش كولىغۇچتەك ئورۇق ، ئىنچىكە ، رەزگى ئىدى . ئۇ قۇلاق-تىن كەتتىمۇ ياكى خروئىن زەئىپلەشتۇرگەن تېنىدە مىسقالچە مادار قالمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئالدىدا تۇرغان ئادەم بىر قانچە قېتىم : «ئابىخان ئاكا» دەپ چاقىرغان بولسىمۇ ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى كۆتۈرەلمىدى . خۇدايىم خروئىن چەككەن ئا-دەمنى مۇشۇ دۇنيادىلا دوزاخقا لايىق قىلىپ ، ئاندىن ئەزرائىلغا بېشارەت بېرىدىكەن ـ دە ، دېگەن ئەنسىز خىياللار بىر دەمدىلا كۆڭلىدىن كەچكەن قەدىردان ، مەنمۇ بىر كۈنى مۇشۇ ھالغا چۈ-شۈپ قالسام ، ئۇنىڭغا ئۆزۈن قالمىدى ، دەپ ئويلىدى .

— ئابىخان ئاكا ! — قەدىرداننىڭ ئاۋازى قاتتىقراق چىقتى ، — ئابىخان ئاكا !

— ھە ، ھە ، ھىم ··· — ئابىخاننىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتىيۇ ، كۆزى يەنىلا ئېچىلمىدى ، — سىز ··· سىز ··· كىم ··· كىم ئۇ ؟

— ئابىخان ئاكا ، مەن قەدىردان ، سىزنى يوقلاپ كەل-دىم ، — ئابىخان ئاكا ، مەن قەدىردان !

— قەدىردان ··· قەدىردان ··· ۋاي ، ۋاي خۇدايىم ، ھېچ يادىمغا ئالالمايۋاتىمەن ··· — خروئىن ئۇنىڭ مېڭە ، نېرۋىلىرىنىمۇ كار-دىن چىقارغانىدى ، — را ··· راست ··· تونۇشلا ···

— ئابىخان ئاكا ، «بالا سەيگۇيۇەن»نى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز ؟

— ۋۇي ··· توغرا ، توغرا ··· ئالىقانلىرى ھىممەت بىلەن ئېچىلىدىغان ، ئۆزى مەرد ، دوستلىرىغا قانات ياپىدىغان شۇنداق

بىر بالا بولىدىغان ، — ئابىخاننىڭ توغراق قوۋزىقىدەك قورۇقلار گىرەلىشىپ كەتكەن ئاتىراڭغۇ يۈزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى ، — قېنى ··· قېنى ··· مېنى يۆلە ، ئۇكا ··· ئۆيگە كىرىلى ··· يوقلاپ كەلگىنىڭنى قارا ··· ئۇنتۇماپسەن ـ ھە ··· توۋا ، جەننەتتىن خەۋەر كەلگەندەك خۇش بولۇپ كەتتىما ··· ئاھ خۇدا ، ئاھ خۇدا ! مۇشۇ تەرەپلىرىڭنى دېمىسە ، ياشاپ نېمە قىلىدۇ ، بۇ ۋاپاسىز راباتتا ···

قەدىردان ئابىخان لومپىنى يۆلەپ ، ئۆيگە ئېلىپ كىردى . بۇنى ئۆي دېيىشكىمۇ ياكى ياتاق دېيىشكىمۇ ئارتۇقلۇق قىلاتتى . ئەسكى ـ تۈسكىلەر سېلىنغان پاكار ياغاچ كارىۋات ، تۈۋلەنگەن كونا چېلەك ، ئۆيگە توغرا تارتىلغان سىمدا كىر ھەم يىرتىلغان لۆڭگە ئېسىلىپ تۇراتتى . قەدىردان ئابىخاننى ئاۋايلاپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى . شۇ چاغدىلا ئابىخاننىڭ خۇنۈك چىرايىنى جىن چىراغتەك بىر نۇر يورۇتۇپ ئۆتتى :

— قەدىردان ، «خۇدا ، خۇدا» لا دەپ كەتتىم ، بىزدەكلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ گەپكە باشقىلا قوشىدا كۈلەر ـ ھە ؟ — ئابىخان ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكۈدەك ئۇمچەيدى ، — بوپتۇ ، باشقىلار نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ ، ئەمما خۇدا مېھرىبان ··· بىزدەك ئازغۇنلارغىمۇ ۋاقتى يەتكەندە شاپائەت كۆزىدە قاراپ قويىدۇ .

قەدىردان ئابىخاننىڭ سۆزلىرىدىن يىغلىغۇەتكىلى تاسلا قالدى . ئۇ كۆزىگە يىغىلغان ياشلارنى كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ ئارانلا سىڭدۈرۈۋەتتى . راست ، ئابىخان ، قەدىردان ، زۇلئايلار نېمىشقا ئازدى ؟ باشقىلاردەك ئازمىسا بولمامدۇ ؟ دىۋاننىڭ كۆڭگە چۈشۈپ قالغان تەقدىرىدىمۇ ، يۈزى يورۇق ، كۆڭلى ئوچۇق ياشىمامتى !

ئابىخان ھەم قەدىردانلار ! ھەركىم ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ ھەم تەقدىرلىرىنىمۇ ئۆزلىرى بەلگىلىشىدۇ . سىلەر ئاڭلىغانمۇ ؟ چوقۇم ئاڭلىغان ھەم كۆرگەن ، دەز تۇخۇمغا چىۋىن ئولىشىدۇ ، بوش كۆتەكنى قۇرت يەيدۇ ، زېدىسى بار مېۋە ئاسان

سىسىيدۇ ، تۇرغۇن سۇنى لەش باسىدۇ ، بەتبۇي پۇراقنى چىرىندى-خورلار تېزلا تاپىدۇ ... ئەمدى سىلەر دوپپاڭلارنى ئالدىڭلارغا قويۇپ ، ئۇنىڭدىن : «خروئىن مېنى نېمە ئۈچۈن تېپىۋالدى ؟ !» دەپ سوراپ بېقىڭلار ...

— ئابىخان ئاكا ، مەن سىزگە تاماق ئەكىرەي ، بولامدۇ ؟ — دېدى قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ ، — قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ ؟

— قوي ، ئۇكا ، تامىقىمنى مۇشۇ تۇڭگان ئەكىرىپ بېرىدۇ . هازىر مەن قىپقىزىل بىر ئۇششۇقلا بولدۇم ، — ئابىخان غەلىتىلا هىجايدى ، — خوتەن پەدىسىدە «بىكار ، هەقسىز» دېگەننى قىسقا ، تاتلىقلا بىر نېمە دەيتتىغۇ ؟

— «مۇت »

— هەببەللى ، هازىر مېنىڭ هەممە نېمەم مۇت ، — ئابىخان كۈلۈۋىدى ، قورۇقلىرى تارتىشىپ كەتتى ، — شۇڭا ، پۇلۇڭ بولسا هېلىقىنىڭدىن ئەكىرە ، قانغۇچە چېكىۋالاي ... مېنىڭ هېچقانچە ۋاقتىم قالمىدى قارا ، ئۇكا ...

— ئەكىرمىسەممۇ يېنىمدا بار ، — قەدىردان قول پوپكىسىدىن پال - پال ، نەيچە ، سەرەڭگىلىرىنى چىقاردى ، — قېنى مەن سەرەڭگە چېقىپ بېرەي ، بالدۇر سىز تارتىڭ ...

ئابىخان ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ سەرەڭگىلىك چېكىپ ، نەيچىنى يېنىغا قويدى - دە ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە «ئۇھ ... »دەپ چوڭقۇر تىندى ، ئاندىن :

— پاھ ، پاھ ... ئاسماندا ئۇچۇۋاتىمەن ... ئاتا - ئانامنىڭ قۇچىقىدا يېتىۋاتىمەن ... ئۇلار مېنى قول پۇلاڭلىتىپ چاقىرىۋاتىدۇ ... ئاپا ، دادا ، ئەمدى سىلەرنى تەقەززا قىلمايمەن ... ئازلا قالدى ... ئازلا ...

— ئابىخان ئاكا ، يەنە تارتامسىز ، بولدىمۇ ؟

— بولدى ، ئۇكا ، بولدى ... راسا بىر قېنىۋالدىم ... رەھمەت ساڭا ...

خېلىلا كۆڭلى ئېچىلىپ قالغان ئابىخان قەدىردانغا باشقىدىن

سەپسالدى ، گەپلىرىمۇ راۋانلاشتى :
— بايا ساڭا ، «قىپقىزىللا ئۇششۇق بولدۇم» ، «ھەممە نەرسەم مۇت ...» دېسەم ، سەل ھەيران بولغاندەك بولدۇڭ ، شۇنداقمۇ ؟ — ئابىخان قەدىردانىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى ، — دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست ، ئاڭلىغۇڭ بولسا دەپ بېرىمەن .
... ئابىخان گىلەم سودىسى راسا يۇرۇشۇپ ، پۇل سۇدەك كىرىۋاتقان ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، 30 ياشلار ئەتراپىدىكى بوغداي ئۆڭ ، چاسا يۈز ، قاش - كىرپىكلىرى بوستاندەك قويۇق ، ئوتتۇرا بوي بىر چوكان بىلەن تونۇشۇپ قالدى . چوكان قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ، بىر كەچلىكى گىلەم دۇكىنىدا پەيدا بولدى . ئابىخان ئىككىسى ئۆيگە بېرىشنىڭ ئالدىدا سەنشىخاڭزىدا قورساق تويغۇزماقچى بولۇپ ئىسخارنىڭ پولۇخانىسىغا كىرىشتى . ئابىخان ئىسخارنىڭ كونا چۆپقىتى ئىدى ، شۇڭا خوجايىن دەرھاللا ئۇلارغا ئىككى تەخسە گۆشلۈك پولۇ كەلتۈردى . چوكاننىڭ قىزىرىپ يەرگە قاراشلىرىدىن ، خىجىل بولۇپ يۈزىنى قاچۇرۇشلىرىدىن ھەممىنى بىلىپ بولغان ئىسخار پۇل قايتۇرۇشنى باھانە قىلىپ ، ئابىخاننى ئاشخانىنىڭ ئىچكەركى بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كەتتى .
— ھەي ئاباخ ، ئاشۇ ئوماقنى يېڭى تاپتىڭما شۇ ؟
— ھەي قېرى پوخۇر ، شۇنى بىلىپ بوپسەن - ھە ؟
— مەن ئويلىسام ، خازىر سەن ئۇنى ئۆيگە ئاپىردۇ شۇ ...
— شۇنداق .
— ئۇنداق بولسا ئاززاق ئولتۇر .
ئىسخار پال - پال ئۇستىگە ئۇندەك نەرسىنى قۇيۇپ ، ئابىخانغا نەيچىنى تۇتقۇزدى - دە ، پال - پال ئاستىغا سەرەڭگە چاقتى :
— قېنى شورىسۇڭ ، تېز بولسۇڭ ... تۈتۈننى شورىسۇڭ ...
— ھەي ئىسخار ، نېمىش قىلىۋاتىسەن ؟
— ھەي ئاخۇڭ ، سىنىڭ يېشىدا شۇ بىر قېتىم ئاراڭ چىدايدۇ ... ئۇندىن كېيىن ئۇخلايدۇ ، بۇنى شورساڭ 18 ياش يىگىت بولىدۇ شۇ .

ئىسخار تۇخگان 58 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئابىخاننىڭ ئۇس-تىدە قاراپ تۇرغاندەك گەپ قىلغانىدى . شۇڭا ، ئۇ سەل ئىككىلەن-نىپ قالدى .

— مەن سىنى شۇ يىقىن ئاغىنە دەپ شۇنداق قىلىدۇ . ئەتە كىلىپ ماڭا رەھمەت دىمىسە ، مەن شۇ ئادەم ئەمەس .

راست ، شۇ كۈنى كەچ ئىككى سەرەڭگىلىك شورىغان ئابىخان بىر كىچە ئۇنىڭ لەززىتىنى تىتىدى ... مانا شۇنىڭدىن كىيىن چوكان بىلەن ۋەدە قىلىشقان كۈنى ئابىخان ئىسخارنىڭ پولۇخاند-سىغا يۈگۈرەيدىغان بولدى...

— مانا شۇ يىللاردىن باشلاپ ، — دىدى ئابىخان بىشىنى قامالىلىغان هالدا ، — نەچچە يۈز ، ھەتتا مىليونلاپ پۇللار مۇشۇ تۇخگاننىڭ تويماس داخۇر كالۋاسىغا كىرىپ كەتتى . خىروئىنغا كىرىشىش بىلەنلا ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدىم . بار گىلەمنى سىتىپ تاماكىغا ، تاماققا ئىشلەتتىم . ئايالىم ئەرز قىلىپ ، سوت-تىن ئۇنىڭغا بانكىدىكى پۇلدىن 400 مىڭ سوم ئاجرىتىپ بەردى . ئۇ بىر ئوغۇل ، ئىككى قىزىمنى ئىلىپ يۇرتىغا كەتتى ...

قەدىردان ئابىخاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، ئەسەت ئەرۋاھنى ئەسكە ئالدى . ئۇمۇ : «بۇنىڭ لەززىتىنى كىچىدە كۆرىسەن» دەپ پاتقاقتا سۆرەپ كىرگەنىدى .

— نەچچە مىليونلۇق گىلەم دۇكانلىرى ، قورۇ - جاي ، بانكىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى قانداق توزۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران-مەن ، — ئابىخان باش چايقىدى ، — ئاخىر مۇشۇ تۇخگاننىڭ بىر ئىغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئىلىپ ، ئاران ئىككى ئاي ئىجارە ھەققىنى تۆلىدىم . كىيىنكى چاغلاردا ئىجارە ھەققى دىسىلا ، چاپىنىمنى كۆتۈرۈپ : «ساقچىغا ماڭدىم» دىسەملا ، بۇ تۇخگان : «يەنە بىر ئاي ئولتاسۇڭ» دەيدۇ . بىر كۈنى ئاشخانىغا چىنەمنى كۆتۈرۈپ كىرسەم ، غىڭشىۋاتىدۇ ، ئاشۇ يەردىلا قوللىرىمنى شىلتىپ ۋارقى-رىۋىدىم ، قولۇمدىن تارتىپ ھويلىغا ئاچىقىپ ، ئارقامدىن بىر قاچا پولۇنى كۆتۈرۈپ ئۆزى ئەكىرىپتۇ . ئۇ ماڭا يالۋۇرۇپ : «ھەي

ئابىخان ، سەن شۇ خاپا بولمۇسۇڭ ، ئەمما ئاشخانىدا ئۇنداق ۋار-قىرمىسۇڭ ... خەقلەر ئاڭلىسا قانداق بولىدۇ شۇ» دەپ قورققانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى . مەن ئاچچىقىمدا : «ھەي ئىسخار ، خروئىن چېكىشنى بىرىنچى بولۇپ سەن ئۆگەتتىڭ ، شۇندىن كېيىن مىليونلاپ پۇلۇم سېنىڭ ئالقىنىڭغا ئۆتتى . ئەگەر بۇندىن كېيىن تامىقىمنى ، ياتىقىمنى كۆتۈرمىسەڭ قانۇن ئالدىدا سۆزلىشىمەن» دەپ بىرلا قورقاق سىلىغۇدىم ، ئۇ : «ھەي ئابىخان ، سېنىڭ قوسۇقۇڭ چوڭ ئىش ئەمەس ، خاتىرجەم بوسۇڭ» دەپ ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ . مەن قىلىنىلىق يېرىم دۆلەت ، دىگەن تەمسىلگە مەھكەم ئىسىلدىم ...

ئابىخان چارچىغاندەك بولۇپ كارىۋىتىغا يانپاشلىدى . ئاندىن قەدىردانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى :

— قەدىردان ئىنى ، راست «مۇت» مىكەن ، لېكىنزە ... — ئابىخان ھەسرەتلىك خورسىندى ، — بىز ئاشۇنداق بىر كىمگە تاۋان تاشلايدىغان ، ئۆلۈكنى ئارتىۋالىدىغان ئادەملەرمىدۇق ؟ ئويلاپ باق ، ھازىر ئىسخار ماڭا كۈنىگە بىر قېتىم ، بەزىدە ئىككى قېتىم ھەقسىز چەكتۈرىدۇ . بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى ؟

— ئۇقمىدىم ، ئېھتىمال بىر مىليونىر باينى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلىقىدىن ئازابلانسا كېرەك ...

— ئوسۇرۇق ! — ئابىخان شارتتىدە تۈكۈردى ، — خروئىن ساتقۇچىلارنى سەن نورمال ئادەملەر دەپ بىلەمسەن ؟ ئۇلاردا ئازابلىنىدىغان يۈرەك ، قىزىرىدىغان يۈز ، بىراۋغا ئېچىنغۇدەك پەزىلەت بولسا ، خروئىن ساتماس ئىدى ! چۈنكى بۇ ئاپەتنىڭ دەستىدىن ئاتا - ئانىلار ، باللار ، ئۇرۇق - تۇغقان ، قوۋم - قېرىنداشلار ، دوست - بۇرادەرلەر ، پۈتۈن جەمئىيەت ، ھەتتا دۆلەتمۇ پاراكەندىچىلىكتىن خالىي بولالمىسا ...

— ئەمىسە ، ئىسخار سىزنىڭ قانۇنغا بېرىپ پاش قىلىپ قويۇشىڭىزدىن قورقۇپ بېرىۋاتقان ئوخشىمامدۇ ؟

— بۇ ئەلۋەتتە تاشقى كۆرۈنۈشى ، ئىچكى كۆرۈنۈشى ، ئىسخار

مېنى ئۆلتۈرەلمەي ھەلەك ! مېنىڭ كۆزۈمنىڭ پىلدىرلاپ تۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ خەۋپ … ئەمما مەن ئۇنىڭ ھەممە جىنايەتلىرد-نى پاكىتلىرى بىلەن يېزىپ ، ياستۇقۇمدىكى توزغاق ئىچىگە تىقد-ۋەتتىم . بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا ، ئاشۇ كىر ياستۇقنى ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالما …

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ ، ئاكا ، ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەن …

— توۋا ، سىېنىڭدەك ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى تېمىپ تۇر-غان بىر بالىغىمۇ چاڭگىلىنى ئۇزاتتا ! — ئابىخانىنىڭ كۆزلىرى غەزەپ بىلەن قىسىلدى ، — ئەگەر دۇنياغا قايتا تۆرىلىش مۇمكىن بولسا ، پۈتۈن ھاياتىمنى خىروئىن ساتقۇچىلارنى بوغۇزلاشقا ئاتاپ قوياتتىم … ئەپسۇس ، مۇمكىن ئەمەس ! مېنىڭ بىر ئوغۇل ، ئىككى قىزىم بار ، بولۇپمۇ ئەڭ كىچىك قىزىم ماڭا قەۋەتلا ئامراق ئىدى . مەن ئۇلارنى چۈشۈمدە بولسىمۇ كۆرۈش ئۈچۈن ئويلاپ ياتىمەن ، بىراق چۈشلىرىمگىمۇ كىرمەيدۇ . توغرا ، خىروئىن چەك-كۈچىلەردىن پۈتۈن ئىنسانىيەت نەپرەتلىنىۋاتسا ، ئۇلار مېنى ئەس-لەپمۇ يۈرەرمۇ ؟ !

قەدىردان ئابىخان لومپا بىلەن خوشلىشىپ «مۇساپىرلار مېھ-مانخانىسى»غا يېنىپ كەلدى . ئۇ ئەمدىلا دەرۋازا ئالدىغا كېلىشى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»نىڭ ئاشپىزى كازىم لوڭگىدا پەيدا بولۇپ قالدى . قەدىردان دەسلەپتە سەل خاۋاتىرلەن-گەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ كۈلۈمسىرەپ كېلىپ قولىنى ئۇزاتتى :

— قەدىردان ئىنى ، مەنمۇ ھۆسنارخاننىڭ قولىدا ئىشلىگەچ-كە ، مېنىڭدىنمۇ ئېھتىيات قىلىشلىرى تامامەن يوللۇق ، — كازىم ئىپادىسىزلا كۈلۈمسىرىدى ، — لېكىن مەرھۇم زۇلئاي تا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ھەممە دەرد - ئەلەملىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرەتتى . ئۇ مېنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرەتتى . زۇلئاي ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ماڭا بىر پارچە خەت بەرگەنىدى . ھازىرغىچە ساقلاپ كەلدىم …

كازىم مەيدە يانچۇقىدىن تۇمارچە قاتلانغان خەتنى ئېلىپ قە-دىردانغا تۇتقۇزدى . قەدىردان ئاۋۋال خەتكە لەۋلىرىنى تەگكۈزدى ، ئاندىن پېشانىسىگە ياقتى .

— رەھمەت ، كازىم ئاكا ، سىز مەن ئويلىغاندىنمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنسىز ، — قەدىردان ياشقا تولغان كۆزلى-رىنى يوشۇردى ، — مەن ... مەن ئۇ رەھمەتلىككە يۈز كېلەل-مەيمەن ...

— ئۇنداق دېمەڭ ، ئىنى ، — كازىمنىڭ قەدىردانغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ، — بۇ ئىشلاردا سىز بىلەن زۇلئاي گۇناھسىز . ھەممە شۇملۇقنى ھۆسنارخان بىلەن ئەسەت پىلانلىغان ...

— رەھمەت ، كازىم ئاكا ، سىز ماڭا زۇلئاينىڭ ئاخىرقى كۆڭلىنى تەقدىم قىلدىڭىز . سىزنىڭ بۇ باھا يەتمەس ياخشىلىقى-ڭىزنى ئۆمۈرۋاقى ئۇنتۇمايمەن ...

— قەدىردان ئىنى ، خوتەنگە بارغاندا ئېھتىيات قىلارسىز . ھۆسنارخان كونا ئاشنىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باش-لىقى ئابلىپىزگە تېلېفون بېرىشى مۇمكىن . بۇ بىر پەرەز ، شۇن-داقتىمۇ ئۆزىڭىزگە پۇختا بولۇڭ ، سومكا ، چامادانلىرىڭىزغا ئو-شۇقچە بىر نېمە ئالماڭ ...

— چۈشەندىم ، كازىم ئاكا . بىرەر شەپىدىن خەۋىرىڭىز بولمى-سا ، مېنى ئاتايتەن ئىزدەپ كەلمەيتتىڭىز ... كۆڭۈل بۆلگىنىڭىز-گە مىڭ مەرتەم رەھمەت !

— خوتەنگە مېڭىپ قالسىڭىز ، ئاق يول بولسۇن ، ئى-نىم ، — كازىم خوشلىشىپ كېتىپ قالدى . قەدىردان ياتىقىغا ئۇچقاندەك كىردى ـ دە ، زۇلئاينىڭ تۇمارچە قاتلانغان خېتىنى ئاچتى . خەت ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ ، ئەمما سەھىپىلەرنىڭ شۇنچىلىك رەتلىك ھەم روشەنلىكىدىن قايتا ـ قايتا كۆچۈرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . مەرھۇم يۈرىكىدىكى قانغا مىلەنگەن ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئاق قەغەز بېتىگە يۇلتۇزدەك چېچىۋەتكەنىدى :

«مېنىڭ قەدىردانىم! سىزنىڭ ‹تالاق› دېگەن گېپىڭىز
ھەرگىز ھېساب ئەمەس! نېمىشقا دەپ سورىمايسىزغۇ؟ ئۇ
مۇنداق قارالڭ، جېنىم! سىز ئاچچىقىڭىزدا: «ئاناڭمۇ
تالاق، سەنمۇ تالاق، ئۇقۇۋشتۇڭمۇ، ھەممىڭ تالاق» دېدىڭىز.
مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ سىز
باشتا: ‹ئاناڭ تالاق› دېدىڭىز، ئاخىرىدا: ‹ھەممىڭ تالاق›
دەپ ۋارقىرىدىڭىز، تالاق قىلغانلىرىڭىز زادى كىملەر؟ ئۇلار
بىلەن ئاراڭلاردا ئەزەلئەبەد نىكاھ بولمىسا، نېمە دەپ بىلجىر-
لاپ يۈرۈيسىز! بۇ پەقەت ئاچچىق سەۋەبىدىن پارتلىغان تەلۋى-
لىك ھېسابلىنىدىكەن، ئەمدى مەن بايىقى ھەمدەمدە بار،
ھېسابتا يوق ‹تالاق› ئوتتۇرىسىدا: ‹سەنمۇ تالاق!› دېگەن
گەپنى ئاڭلاپ قالدىم. بۇ ‹سەن› دېگەن كىم ئۇ؟!
مېنىڭ ئىسمىم ‹سەن› ئەمەس، يەنە بىر قېتىم ئۇقۇۋېلىڭ،
سىزنىڭ ئايالىڭىز زۇلئاي! شۇڭا شەرىئەتتە ئىسمى ئاتالماي
مەۋھۇم دېيىلگەن تالاقلار تالاققا كىرمەيدۇ ... بەلكىم ئۇ
تەلۋىلىكتۇر! شۇڭا سىزنى خېتىمنىڭ بېشىدىلا ‹مېنىڭ قە-
دىردانىم!› دەپ يوغان يېزىپ قويدۇم ... ئۇقۇپ قويۇڭ،
سىز ھازىرمۇ مېنىڭ، يەنى مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان ئېرىم-
سىز! مەن مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى قانچىلاپ يېزىپ، قانچى-
لاپ ئۆچۈرگىنىمنى بىلەمسىز؟ ‹ۋىدالىشىش›نى گەرچە
ھېسسىيات جەھەتتە ئېتىراپ قىلساممۇ، ئەمما ئەقلىم زادىلا
تەن ئالمايتتى، شۇنداقتىمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپ، قولىقىمنى
ئېتىۋالدىم! ھېسسىيات ۋە ئەقلىمنىڭ چۇقانلىرىنى ئاڭلىماي
دېدىم! مېنىڭ بۇ قېتىمقى ھاياتقا جەڭ ئېلان قىلىشىم ئاساس-
لىقچە كەلگەن قارارىم ئەمەس! سىز بۇ چاغقىچە ئانام، ئاكام
ئەختەر ئاچاملار سالغان زىيانكەشلىكلەرنى كۆتۈردىڭىز،
كۆرمەسكە، ئاڭلىماسقا سالدىڭىز. بۇ مەن ئۈچۈن، پەقەت
مەن ئۈچۈنلا بولدى ... لېكىن بۇ قېتىمقى ئانامنىڭ 200
مىڭ سوم پۇلىڭىزنى بەرمەسلىك، شۇنداقلا خوتەن سوتتا

يېقىملىگەنلىك ئاچچىقى ئۇچۇنلا سىزنى ئاتتۇرۇۋېتىش ئۇچۇن ‹ئىككى قېتىم ئېتىش ›قا لايىق خىروئىننى ئاكام ئارقىلىق سومكىڭىزغا تىقىپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئانامنىڭ سىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ، نەقەدەر ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكىنىمدە ، بۇ ئالەم ماڭا قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى . قەدىردان ، مەن يەنە كۈرەش قىلىپ ، سىز-نى قايتا باغرىمغا تارتىپ ئېلىپ كېلەلەيتتىم ، لېكىن مەن ئانام ۋە ئاكامنىڭ سىزگە سۇيىقەست قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم ئۇلارنىڭ پەيلى يامان! تۇرۇپلا : ‹ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ ، جاھاننىڭ بىر چېتىدە بولسىمۇ تىرىكچىلىكىمىزنى قىلىۋېرەيلىچۇ › دەپمۇ ئويلىدىم ، ئەمما ئانام ، ئاكام ، ئاچام-لارنىڭ قىلغانلىرى يۈرىكىمگە ئورناپ كەتتى ، بۇندىن كې-يىن مېنىڭ بۇرۇنقىدەك ‹زۇلئاي › بولۇشۇم ناتايىن ، چۈنكى مەن ھۆسنارخاننىڭ قىزى ، ئەسەت بىلەن ئەختەرنىڭ سىڭلى-سى! شۇڭا مەن سىزنى قۇتقۇزۇش ھېسابىغا ئۆزۈم كېتەي دەپ ئويلىدىم . ئېسىڭىزدىمۇ ، بىر چاغدا سىزگە : ‹ئۆلۈۋې-لىش ئۇچۇن چېكىمەن ··· › دېگىنىم ··· ئانامنىڭ خىروئىننى قەيەرگە قويىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ھەر كۈنى چەكتىم ، سىزنى سېغىنغانسېرى شۇنچە كۆپ چەكتىم ، چۈشلىرىمگە كىرىسىڭىزمۇ ، كىرمىسىڭىزمۇ چېكىۋەردىم . خۇمارىم دەھ-شەت تۇتقانسېرى ، ئوكۇل قىلىشنى ئۆگىنىۋالدىم . شۇنىڭ بىلەن ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ ، كۈندىن ـ كۈنگە جۇدەپ ، بىر تېرە ، بىر سۆڭەككە ئايلاندىم ، قىسقىسى ، سىز مېنى تاشلاپ كەتكەن 17 ـ 18 ئاي ئىچىدە ئۇ دۇنيادىكى دوزاخقا لايىق تىرىك مۇردىغا ئايلاندىم . شۇ كۈنلەردە بالامغا ئوزۇقلۇق يېتىشمىدىمۇ ياكى ئازابقا تولغان پانىيغا كۆز قىيالمىدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، كۆپ تەۋرەيدىغان بولۇپ كەتتى . مەن بالامنىڭ ھايات قېلىشىنى شۇنچە كۆپ ئارزۇ قىلدىم ، لېكىن بۇ ئار-زۇيۇمغا يېتەلمەيدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان بولدى ···

*چۈشلىرىمدە بىر تال قىزىل ئالمىنى كۆتۈرۈپ ، بىر باغقا يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن ... كۈنلار ، قىزىل ئال-مىنى قىز پەرزەنت دېيىشىدىكەن ... كەچۈرۈڭ ، قەدىردان ، قىزىڭىز ماڭا ھەمراھ بولۇشنى لايىق تاپقان ئوخشايدۇ ... بەلكىم ئۇ : «ئانام بۇ دۇنيادىغۇ بەختىنى يىتتۇرۈپ قويدى ، ئەمدى ئۇ دۇنيادىمۇ يالغۇزسىراپ قالمىسۇن» دېگەن ئوخشاي-دۇ ... قەدىردان ، قىزىڭىزنى ئېلىپ كەتتىم ... شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇن ، مەن سىزنىڭ نىكاھىڭىزدا سەپەر قىل-دىم . شۇڭا ، مېنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ يوقلاپ قويۇڭ ... سىزنى ئۇ دۇنيادىمۇ سۆيۈپ قالغۇچى ، بەختى قارا ئاياليڭىز : زۇلئاي ... »*

قەدىردان خەتنى ئوقۇپ بولغۇچە يۈزلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى . ئۇ ئەتىسى ئەتىگەن تۇرۇپ ھېلىمجان ئاۋاقنى ياتىقىدىن چاقىرىپ چىقىپ ، ئابىخان لومپا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ھالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ، شۇنداقلا ياستۇق توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى . ھې-لىمجانمۇ پات - پات بېرىپ ئابىخاندىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى .

قەدىردان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭ قاتناش بېكىتىدىن خوتەنگە يۈرۈپ كەتتى...

# يىگىرمە بەشىنچى باب

خوتەن ئۆزۈن يوللۇق يولۇچى توشۇش قاتناش بېكىتىگە ئۈ. رۈمچىدىن كەلگەن بىر ئاپتوبۇس ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى . ئۇ رەتلىك تىزىلغان ئاپتوبۇسلار قاتارىغا كېلىپ توختىشى ، يولۇچىلار ئۆۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك قوزغىلىپ چىقىشقا باشلىدى . قە. دىردان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشۈشى ، ئىككى ساقچى كېلىپ ، ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدى . تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن مەڭدەپ قالغان قەدىردان نېمە دېيەرىنى بىلمەي ، ئاقىرىپ كەتتى . يولدا مۇڭدىشىپ كەلگەن تونۇش ۋە يېڭىدىن تونۇشقانلارمۇ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى .

— ھە ، ئالىيىسەنغۇ ؟ — دېدى توپتەك دىقماق ساقچى ، — قەدىردان دېگەن سەنغۇ ؟

— شۇنداق ، مەن ! مېنى نېمىشقا تۇتىسىلەر ؟

— تولا كاپىلدىماي ماڭ !

قەدىرداننىڭ ئىككى تەرىپىدىن يالاپ ماڭغان ئىككى ساقچى ئۇنى ساقچى ماشىنىسىغا سېلىشتى . سەپەرداش تونۇشلاردىن بىر نەچچىسى ئاببىاس بۇجاڭغا خەۋەر قىلماقچى بولۇشتى . قەدىردان ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ، كازىمنىڭ : «ھۆسنارخان كونا ئاشنىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىپىزگە تېلېفون بېرىشى مۇمكىن ، سومكا ، چامادانلىرىڭىزغا ئوشۇقچە بىر نېمە ئالماڭ ··· » دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى .راست ، ھۆسنارخان دېگەن سېرىق چايان بىلەن قاچانغىچە ئۆچەكىشىپ ئۆتەي؟ بۇ شەپىسىز كۈرەشتە كىمنى كىم يەر چىشلىتەر ؟ ئۇ ئەسەتنىڭ پاجى. ئەسىدە مېنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالدىمۇ قانداق؟ ياق ، مۇمكىن ئەمەس ! ئۇ سىرنى مەندىن ئۆزگە يەنە بىرى بىلمىسە ··· قېنى ،

سولاق جەريانىدا ھەممە ئىش ئايدىڭلىشىدۇ ...

قەدىردانىنىڭ گۇمان ھەم پەرەزلىرىنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپ-لا ، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشتى . ئۇنى كارىدور بويلاپ يالاپ كەلگەن ئىككى ساقچى خۇددى قەپەزگە ئوخشايدىغان بىر ئۆيگە دۈمبىسىدىن ئىتتىرىپ كىرگۈزدى - دە ، تۆمۈر ئىشىكلەرنى جاراڭ - جۇرۇڭ قىلىپ ئېتىشتى . قەدىردان ئەتىكى سوئال - سوراقنى ئويلاپ ئۇيقۇسى كەلمىدى . ئۇلار قەدىردانىنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپالمىدى . سومكىدىمۇ قورققۇدەك بىر نەرسە يوق ئىدى . كازىمىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بولۇپ تۇيۇلغاچقا ، چېكىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى ئىچ كىيىمىنىڭ ئادەم قول ئۇزاتقىلى بولمايدىغان يېرىدىكى يانچۇقلىرىغا يوشۇرغانىدى . «ئەمدى ئۇلارنىڭ قولىدا پاكىت يوق ئىكەن ، چوقۇم قويۇپ بېرىدۇ» دېگەن ئۈمىد قەدىردانىنىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . لېكىن ، ئەتىسى ئەتىگەن ئېلىپ بېرىلغان سوراق ئۇنىڭ ئۈمىدلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى . ئۇلار گۇاڭجۇدىن يۆتكىگەن خىروئىن ، ئەسەت بىلەن بولغان شېرىكچىلىك ، قوشقان پاي قاتارلىق سوئاللار ئىدى . بۇ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى جىنىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدى . ئابلىپىز ھۆسنارخانىنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقى بىلەن قەدىردانىنى چوڭ ئەتكەسچىلىكتە ئەيىبلەپ ، ئۇنى : «مەن ئەسەتنى تۇتۇپ بەرگەن تۇرسام ، قانداق قىلىپ ئەتكەسچى بولۇپ قالاي» دېگۈزمەكچى ئىدى .

بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى . قەدىردانغا تاماق توشۇيدىغان 50 ياشلاردىكى پېشقەدەم ساقچى تۇداجى ھەر كۈنلۈك ئىشلارنى قەدىردانغا يەتكۈزۈپ ، ئۇنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى . ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر قەدىردانىنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرەتتى .

— ھەي بالىمەي ، — دېدى بىر كۈنى ئۇ ، — ئابباس بۇجاڭ بۈگۈن ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى ، لېكىن ئابلىپىز باشلىق : «سوراق ئۈستىدىكى گۇماندارلارنى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە

بولمايدۇ» دەپ، ئابباس بۇجاڭنى كەتكۈزۈۋەتتى. ماڭا دەپ باققىنا، ئۇلار سىنى نېمىشقا شۇنچىۋالا چىڭ تۇتۇۋالىدۇ؟

— بۇ قارىسىلا، تۇداجىكا، شەخسىي ئاداۋەتتىن بولۇۋاتقان ئىش ...

قەدىردان قېينانىسى ھۆسنارخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئەسەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىشى، تۇداجى ئېڭەكلىرىنى قامال-لاپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

— بولدى، بولدى، ساي خەتمگە كەلدى، — دېدى تۇداجى، — ھۆسنارخان دېگىنىڭ ئاق سېرىق، يالپا يۈز، تەمبەل، ئېگىز خوتۇنمۇ؟

— نەق ئۆزى.

— توغرا، ئىككى يىل ئالدىدا ئۇ خوتۇن ئابلىپىز باشلىقنى بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ كەلگەنىدى.

ئابلىپىز قەدىردانىنى بىر سولىۋالغىنىچە قويۇپ بەرمىدى، تۆت - بەش كۈندە بىر قېتىم سوراققا تارتىپ: «گۇاڭجۇدىن قانچىلىك خروئىن يۆتكىدىڭ، قانچە قېتىم؟ ئۇرۇمچىدىكى، خو-تەندىكى ئالاقىلىشىش ئورۇن، شۇنداقلا ئادەملىرىڭنى پاش قىل، خىزمەت كۆرسەتسەڭ مۇكاپاتلىنىسەن، قارشىلىق قىلساڭ قاتتىق جازالىنىسەن ...» دېگەندەك تولا چاينىلىپ شاما بولۇپ كەتكەن گەپلەرنى قىلدى! قەدىردان بەزىدە تېرىكىپ، بەزىدە گاچا بولۇۋې-لىپ، تېخى سوراق قىلىۋاتسا مۇگدەپ قېلىپ، ئۇلارنىمۇ بىزار قىلىۋەتتى. بىر كۈنى تۇداجى: «ئاناڭ ئۆز قولىدا ئەتكەن» دەپ بىر قاچا پولۇ ئەكىرىپ بەردى، ئاندىن ئىشىك تەرەپكە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئاستا پىچىرلىدى:

— بۈگۈن ئەتىگەن ئابباس بۇجاڭ، سىياسىي قانۇن كومىتې-تىنىڭ شۇجىسى مۇتىللا ساۋۇت كېلىپ ئابلىپىز بىلەن ۋارقىرى-شىپ قالدى.

— ئۇلار نېمە دېيىشتى؟

— مۇتىللا ساۋۇت پوكانلىرىغىچە قىزىرىپ: «يېنىدىن

بىر گرامىنى خروئىن چىقىمىغان ئادەمنى گۇمان بىلەن سولىۋې-
لىش خاتا ... قانۇنىي جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلىك ھوقۇقى،
مەنپەئىتى، يۈز - ئابرۇيىغا دەخلى - تەرۈز يەتكۈزگەنلىك» دەپ
قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟ — قەدىردان ئۈمىدلىنىپ سورىدى.

— ئابلىپىز: «بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىڭلار، بىز مۇزاكى-
رىلىشىپ، بىر خۇلاسىگە كېلەيلى» دەپ بوشاپلا كەتتى.

تۇداجى راست ئېيتىپتىكەن، قەدىردان سولىنىپ 37 كۈن
بولغاندا، ئابباس 5 مىڭ سوم جەرىمانە تۆلەپ ئوغلىنى ئېلىپ
چىقىپ كەتتى. لېكىن، قەدىردان ئەتىسىلا نەرسە - كېرەكلىرىنى
يىغىشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە ماڭدى. ئانىسىنىڭ: «ھەپتە تۇرۇپ،
ئاچاڭنىڭ تويىغا قاتنىشىپ كەت» دېگىنىگىمۇ قۇلاق سالمىدى.

— بولدى، ئانا، خوتەندە تۇرماي، بۇ يەرنىڭ قانۇن - تۈزۈمى-
لىرى، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتى ھېچقانداق يەرگە ئوخشى-
مايدىكەن. ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشايدىكەن!

— راستىلا ئاچاڭنىڭ تويىغا قاتنىشالمامسەن؟

— ئاچام دوختۇرخانىدا ئىشلەۋېتىپتۇ، ئىنىم ئابدۇراخ-
مان 6 - ئايدا ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىدىكەن، مەن ئۇلاردىن
خاتىرجەم بولدۇم. ئۇكام ئۈرۈمچىلەرگە بېرىپ قالسا مېنى ئىزلى-
سۇن، خوش، ئانا، دادا ... مەندىن رەنجىمەڭلار ...

قەدىردان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتنىڭ ماشىنى-
سىدا ئۈرۈمچىگە مېڭىپ كەتتى، باشقىلارنىڭ ئۈزتىپ قويايلى
دېگىنىگىمۇ ئۇنىمىدى. ئابباس ئاچچىقىدا: «بولدى قويۇڭلار،
چاتىقىڭلار بولمىسۇن، بىر كۈنلىرى تۇمشۇقىنى قان قىلىپ كې-
لەر» دەپ قويدى. راست، قەدىردان قاچانغىچە سەرگەردان بولار؟
ھازىر ئىككىلا خوتۇندىن ئايرىلدى، دوستلۇقتىكى ئىشەنگەن ئۇي
بىساتلىرى بىر قېرى بەڭگىنىڭ قولىدا سورۇلۇپ تۈگىدى. يېنىدا
بىرەر كاللەكمۇ پۇل بولمىسا ... ئۇ كېچىدە بىرەر ماكاندا ياتام-
دۇ، يېمەمدۇ، ئىچمەمدۇ، چەكمەمدۇ؟ ئىشلەي دېسە كۆتى چىدى-

مىسا ! جاپا چەكمەي پۇل تاپىدىغان يەر بارمىدۇ ؟ ! بار ... دىۋانىچىلىك قىلسا بولىدۇ ... شەھەرنىڭ ئادەم ئاۋات دوقمۇشىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ، كىشىلەرگە : «سېخىي جەننىتى ، خۇدا رەھمىتى» دەپ قول سوزسا ، پارچە پۇلى بارلار 10 ، 20 تىيىندىن تاشلىمايدۇ ! قەدىردان بۇنداق قىلىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىدۇ ! قىززىق گەپ بولدى ـ دە بۇ ! بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن ، دەيدىغانغا ئۇ بىر كىمنىڭ كۈچۈكى بولمىسا ... ئۇ پۈتۈنسۇرۇڭ بىر ئادەم ! يەنە كېلىپ خەلقئالەم ئالدىدا «بالا سەيگۈيۈەن» دەپ نامى چىققان بىر بايۋەچچە ! ئەمىسە جاپا چەكمەي ، بەل ئاغرىتماي ، قول قاپارتماي ، كاللا ئىشلەتمەي ئاسانلا تاپىدىغان پۇل نەدىكەن ؟ گېلىغۇ كۈنىگە ئىككى ۋاخ قورۇق نان يەپ ئۆتۈپ كېتەر ، تاماكىسىچۇ ؟ ئۇ دېگەن كۈنىگە 5 ـ 6 يۈز سوملۇق ، ھەتتا بەزىدە مىڭ سوملۇق تاماكا چېكىدىغان نوچا تۇرسا ... بۇ پۇلنى بىر كىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرمەس ! خۇمارى تۇتۇپ بولالماي ، ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق قىلىپ ، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ ، ئۆلامبايىنىڭ تاشلىق سېپىدا ئېتىلىۋاتقانلارمۇ ئاشۇ خروئىن چەككۈچىلەرغۇ ...

ماشىنا چەكسىز قۇملۇقلار ، ياۋا قومۇشلۇق ، يۇلغۇنلۇق چۆللەر ، ئاپئاق شورلۇقلار ، باياۋان دەشتلەردە ئوت شارىدەك پېتىۋاتقان قۇياشنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئىلگىرىلىمەكتە . ماشىنا ئەينىكىدىن خۇددى ئۆزىنىڭ تەقدىرىدەك قاپقاراڭغۇ دەشتلەرگە قاراپ ئولتۇرغان قەدىردان چىقىش يولىنىڭ ، ئاسايىشلىق ھاياتنىڭ مەنزىلىنى كۆرەلمەي تۇنجۇقۇپ ئولتۇراتتى . بوپتۇ ، ئۇرۇمچىگە بارامدۇ ، چەت ئەلگە چىقامدۇ ، بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتسۇن ، ئەمما ئۇنىڭغا دەسمايە قېنى ؟ ! ئاھ خۇدايىم ، مۇشۇ كۈنلەردە ياقۇپ ھاجىم بوپقالسىچۇ ! ئۇ سورىمىسا ، 120 مىڭ سومنى بەرمەمدىكىنە ؟ تېخى 42 ماشىنىلىق «كارۋان» يۈك توشۇش ئەترىتىم بار ، دەپ ماختانغىنى قېنى ئۇ كاززاپ ھاجىمنىڭ ! ھە راست ، ھېلىقى تەپكۈچ ساقال خالمەت قارىم 60 مىڭ سومنى ئېلىپ كەتكەنچە نەچچە يىل بولدى ، يوقاپلا كەتتى ... ۋۇي ھاجىم ، قارىم بولماي

قۇرۇپ كەتكۈر نائەھلىلەر ! يىپنىڭ توم ۋاقتىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ كېتەلمىگەن، سەللا ھالىڭدىن كەتسەڭ، قولۇڭدىن تارتىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان. ئاجايىپ خەقتە بىز ... يىپىڭنىڭ ئاستىدىن، ئىپىغىرنىڭ ئۈستىدىن ماڭىدىغان ...

قەدىردان ئاخىر ئويلا - ئويلا، بىرەر ئاشخانىدا ياكى رېستورانىدا، يا ... ياق، رېستوران كېچە بىر ۋاقلارغىچە ئادەمنى تۇزچىنىڭ ئىشكىدەك ئىشلىتىپ ھالىنى قويمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئاشخانىدا قورۇمىكەش بولۇشنى ئويلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ كەسىپتە ئالتە ئاي ئوقۇغان، 32 خىل قورۇما، ئون نەچچە تۈرلۈك تاماقلارنى قىلالايدۇ ... ئەمما ئۇرۇمچىدە قەدىرداندەك ئاشپەزلەر ئىنتايىن كۆپ، ئەڭ ياخشىسى قەدىر - قىممىتىنى قىلىدىغان بېيجىڭغىلا بارسا بولمىدىمۇ. ھازىر غەيرەت جاڭدۇ، ئەيسا خېنەنجىر، ئەبەي گىتار، ئىدرىس مودىڭلار بېيجىڭ گەنجياكۇ، ۋېيگۇڭسۇنلەردە خېلىلا ھۆرمەت - ئىناۋەتتە بار تىجارەتچىلەرمىش. شۇلار بىرەر ئىش ئورنى تېپىپ بەرمەمدۇ. غەيرەت جاڭدۇ، بېيجىڭدىكى ۋېيگۇڭسۇن دېگەن بىر كوچىدىلا 30 دەك ئۇيغۇر ئاشخانىسى بار، دېگەندەك قىلغان ...

قەدىردان خوتەندىن قوزغىلىپ تا ئۈرۈمچى بوسۇغىسىغا كىرگۈچە ئەنە شۇنداق ۋەھىملىك خىياللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىك ئىسكەنجىلىرىدە قامالاپ كەلدى ... ئۇ چۈش ۋاقتى بىلەن ئۈرۈمچى گارازىغا چۈشۈپ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن كەتتى. ئۇ بەشىنچى قەۋەتتىكى سەككىز كىشىلىك ئەرزان ياتاققا بىلەت كەستۈرۈپ، بۇلۇڭدىكى غىچىرلاپ تۇرغان كارىۋاتقا ئورۇنلاشتى. دېمىسىمۇ، ۋىجىك قارا پاتەم دېگەندەك، ياتاقتىكى بەتبۇي پۇراقتىن دىمىقى ئېچىشىپ كەتكەن قەدىردان ئارقا - ئارقىدىن چۈشكۈرۈپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا نۇرمەت پاكار كىرىپ قېلىپ، ھەيران بولغىنىدىن ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇ قەدىرداننىڭ بۇنداق ياتاقتا ياتقى-

ىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېچنېمىنى چاندۇرماي كۆرۈشتى، خوتەندىكى تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. قەدىردانمۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالماي جاۋاب بەردى.

— سەن خوتەنگە مېڭىپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئابىخان لومپا تۇگەپ كەتتى، — دېدى نۇرمەت پاكار، — ئەل - ئاغىنىلەر ئاز - تولىدىن يىغىش قىلىپ ئۇلۇمىنى ئۇزاتتۇق...

— ئۇنىڭ ياستۇقىنى قانداق قىلدىڭلار؟

— بىز ئاغىنىلەر بارساق، ئۇنى داق كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويۇپتىكەن، يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلىرىنى بىر كىم ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. سۈرۈشتە قىلىپ تاپالمىدۇق.

— ئىسخار بەك ھوشيار نېمىكەن - دە، — دېدى قەدىردان خىيال بىلەن، — ئۇ ئاللىقاچان سېزىۋالغان چېغى...

— ھە راست، سېنى ھېلىقى ياقۇپ ھاجىم ئىككى قېتىم ئىزدەپ كەلدى.

— نېمە، ئۇ كەپتىما؟

— نەدىن كېلىدۇ؟

— ئۇ قاغىلىقتا «كارۋان» يۈك توشۇش - يۆتكەش كالونى قۇرغان ئەمەسمۇ...

— ھە، شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى. ئەگەر ئىككى كۈنگىچە قەدىردان كېلىپ قالسا، مېنى شىنجاڭ مېھمانخانىسىدىن ئىزلىسۇن، دېگەنىدى.

— قاچان؟

— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا.

— مەن بىر بېرىپ باقاي جۇمۇ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇشى، نۇرمەت ئۇنىڭغا كۆڭلۈكنى سۇندى:

— سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ، بۇنى ئېلىۋال...

قەدىردان بېشىغا ئامەت قۇشى قونغاندەك خۇشال چىقىپ كەتتى. ئۇ ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن قورقمايلا تاكسى-

غا چۈشتى . ئەلۋەتتە ، ھاجىم پۇل بېرىش ئۈچۈن ئىزدىمىسە ، بىكارغا ئىزدەمدۇ ؟ ئەلمىساقتىن تارتىپ قەرزدار قەرز ئىگىسىدىن قاچىدىغان گەپ بار . ھاجىمنىڭ بۇنداق قىلىشى ، باشقىلارنىڭ ھەققىنى كەينىگە سۈرۈپ بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى ئوغرىلىق قىلىغانغا ئوخشاش گۇناھ ، دەپ بىلىدىغان ئىمانى كامىل ھاجىملارنىڭ بىرى ... ئۇ بىر كىمنى ئۇڭدا قويۇۋېتىپلا ، ئارقىدىن ناماز ئۆتەپ ، خۇدايىم بىلەن ئالمىغان – بەرمىگەن بولۇپ يۈرۈيدىغان سۆلياۋ ھاجىملارغا ئوخشىمايدۇ . قەدىردان ھاراقنى «بىسمىللا» دەپ ئىچىدىغان بىر ھاجىمنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئوچۇقلا قالغانىدى . تېخى ئۇ بىر گىلەم سودىگىرى بۇرادىرىدىن 10 مىڭ سوم قەرز ئېلىپ ، يېرىم يىل ئۆتمەي «ئىللا – بىللا ئالمىدىم» دەپ تېنىۋالدى . بىرنەچچە تىجارەتچىلەر : «خۇدادىن قورق ، بىز بار يەردە ئالدىڭغۇ» دېسە ، ئۇ : «قەسەم قىلىپ بېرەي ، قۇرئان تۇتۇپ ، تۇزغا سىيىپ بېرەي » دەپ تۇرۇۋالدى ... مانا مۇشۇنداق كىشىنىڭ ھەققىدىن قورقمايدىغان تەقۋادار ، تېقىمى پوقلار كۆرمىڭ ، ياقۇپ ھاجىم داۋاملىق : «30 پارە قۇرئاننى سۇدەك ئىچىۋالغان ، ئۇنى مەسخىرە قىلساڭ يامان بولىدۇ ... » دەپ ماختايدىغان خالمەت قارىم 60 مىڭ سومنى ئېپقېچىپ ، قارىسىنى كۆرسەتمەي يۈرمەمدۇ !

مەنپەئەت دېگەن ئەجەب تاتلىق نېمە – دە . ياقۇپ ھاجىم قەدىردانىنى ئىزدەپ قويۇۋىدى ، ئۇ ھاجىمنى ئەۋرىشىم تىللىرىدا ماختاپ كەتتى . يولدا كېلىۋېتىپ كاززاپ ، نائەھلى دېگەندەك گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇدى . راست گەپنى قىلغاندا ، ئىككى يىلدىن بېرى قەدىردان ھاجىمنى سېغىنغانىدى . راستلاردىن بولسۇن ياكى ئەركىلىسۇن ، ھاجىمنى قەستەن تېرىكتۈرەتتى ، ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى ، ھەتتا بىر چاغدا قويۇۋالغان ساقىلىنىمۇ مەسخىرە قىلىپ چۇشۇرگۇزۇۋەتكەنىدى . بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە يىغلاپ سالمىسىلا بولاتتىغۇ ...

قەدىردان شىنجاڭ مېھمانخانىسى ھويلىسىدا تاكسىدىن

چۈشتى ـ دە ، بىنا زالىغا كىردى . ئۇ نۆۋەتچى خادىمدىن ياقۇپ ھاجىمنىڭ ياتىقىنى بىلىۋېلىپ ، ئۇدۇل ئىككىنچى قەۋەت «203» نومۇرلۇق ياتاقنىڭ توك قوڭغۇرىقى كۇنۇپكىسىنى باستى . ھايال بولمايلا كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا ھاجىم چىقتى . ئەسلىدە قەدىر-دان ئۇنى ئۇچقاندەك بېرىپ قۇچاقلىماقچى ئىدى ، لېكىن ھاجىم ئۇنىڭ چىرايىغا تۈزۈككىنە قارىماي : «ھە ، كەلدىڭما» دەپ قويۇپ-لا ، ئارقىسىغا قايرىلىپ ياتاققا كىرىپ كەتتى . قەدىردان تەكەللۇپ-سىزلا بىر كىشىلىك دىۋاندا ئولتۇردى . ئۇ ھاجىمنىڭ تېخى ئاق كىرىشكە ئۆلگۈرمىگەن بۇرۇتىغا ، بۇرۇنقىدىن ئوبدانلا ئەت قونغان سىن ـ سىپاتىغا ، سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغان ئاۋات رەڭ يىپەك كېچىلىك كىيىمىگە ، بولۇپمۇ تورسىمان شاپاق دوپپىغا قاراپ قويۇپ : «بۇ گادايمۇ قوۋۇرغىسىغا كىچىككىنە ماي قونۇپتىكەن ، ئادەم تونۇماس بولۇپ قاپتۇ . ئىت سەمرىسە ئىگىسىنى چىشلەيدۇ ، دېگىنى راستىكەن ـ دە . ساڭا شۇنچىلىك ھال پەيدا قىلدۇرغان مېنىڭ پۇللۇرۇمغۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى .

ياقۇپ ھاجىم قەدىردانغا قاراپمۇ قويماي ، پوپكىسىدىن قەغەز ـ قەلەم ھەم ئىككى باغلام پۇل ئېلىپ چاي شىرەسىگە قويدى .

— پۇلنى سانىۋېلىپ ، ھۆججەت يېزىپ بەر .

— ھۆججەت يازىمەنما ؟ — قەدىردان چەكچەيدى ، — ماڭا ئىشەنمەس بولۇپ قاپسىز ـ دە ؟

— بۇرۇن ئىشەنگەن ، ئەمدى ئىشەنگىلى بولمايدۇ …

— نېمىشقا ؟

— خىرويىن چەككەن ئادەم نورمال ئادەملەرگە ئوخشى-مايدۇ …

— چۈشەندىم ، مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە بىر ئىپلاس ئادەم !

— ئىپلاسلا بولغان بولساڭ كارى چاغلىقتى … سېنى تەربىيەلەشكە بىزنىڭ تىلىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ …

قەدىردان ئۆزى يېزىۋاتقان ھۆججەتكە قادىلىپ قالغاندەك قىل-

غان بىلەن ، كۆزلىرى ھۆججەتتىكى خەتلەرنى كۆرمەيۋاتاتتى . ئۇ ئەمدى نېمىمۇ دېسۇن ؟ ئۇيغۇر تىلىدا ئادەمنى تىللاپ ، سەتلەپ ، خۇن قىلىپ ، يۈرەك زېدىسى قىلىپ ، تونلەپ ـ كونلەپ ئۇخلىيالـ مايدىغان ، قان قۇستۇرۇپ ئۆلتۇرىدىغان ، ھەتتا سارائ قىلىۋېتىـ دىغان زەھەردەك تىللار تۇرۇقلۇق ، قەدىردانىنى تەرىپلىگۇدەك سۆز چىقماسما ؟ ! ئەمىسە ئۇ نېمىشقا ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىـ غۇدەك گەپ قىلالمايدۇ ؟ ئەلۋەتتە ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيـ دۇ ··· خۇمارنىڭ دەھشەتلىكلىكى قەدىردانغا ئايان ! خۇمارنىڭ ئازابىدىن ئـاتا ـ ئـانىسىنى ئـۆلتۇرۇۋەتكەنلەر خىروئىن چەككۇـ چىلەر ··· خۇمارنىڭ ئازابى ۋىجدان ، غۇرۇردىن ھالقىپ كەتكەچـ كە ، ئايالىنى سولاپ بەرگۇچىلەر خىروئىن چەككۇچىلەر ··· خۇمارنىڭ زەھـەردەك قىينـاقلىرى ئـالدىدا ، ئەخلاق ـ پەزىلەت ، ديانەت ، قانۇن ـ تۈزۈم دېگەنلەر گويا توپا ـ توزاندەك بىلىنگەچـ كە ، ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، قاتىللىق قىلىۋاتقانلارمۇ يەنىلا شۇ خىروئىن چەككۇچىلەر ··· شۇنداق تۇرۇقلۇق قەدىردان يەنە نېمىمۇ دېيەلىسۇن ؟

— مەن ··· بۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرارمەن دەپ ئويلىمىغانىـ دىم ، — قەدىردان قەلەمنى ئۇستەلگە تاراققىدە تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى ، — بولدى ، مەن كېتەي ···

— ئىبلىس لەئىنىگە بەيئەت قىلغۇچىلار بىلەن ھەقىقىي مۇسۇلمان بىر يەردە ئەسرا بولۇش تۇرماق ، چىرايىغا قاراشمۇ جايىز ئەمەس ، — ياقۇپ ھاجىم ئۇستەلدىكى قەلەمنى تازىلىق قەغىزىدە تۇتۇپ ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتتى ، — ھېلىمۇ سېنىڭ بىلەن بولغان بۇ قىتىملىق مۇئامىلەم چەكتىن ئېشىپ كەتتى ···

قەدىردان ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە يولنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئايانچلىق يىغا ئاۋازى ياقۇپ ھاجىمغا ئاڭلىنىپ تۇردى . ئۇمۇ كۆزلىرىدىن كەلكۈن سۇدەك ئېتىلىپ كەلگەن ياشـ لارغا ئاپئاق لۆڭگىنى باستى ھەم ئاستا پىچىرلىدى :

— ئاھ خۇدا ، ئەجەبمۇ ئېچىنىشلىق ، يېقىشلىق بىر بالىتى !

ئۇنىڭغا شاپائەت قوللىرىنى سوزۇپ، دوزاخ تۇتۇنلىرىدىن قۇتقۇزۇۋال ...

ياقۇپ هاجىم ئازغان بىر ياش ئۇچۇن تەڭرىدىن تىلەك تىلەۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان قەدىرداننىڭ يۈزى ياشتىن هۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ كۆڭلىدىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىدىن كەلگەن شاپائەت شۇ! ئۇنىڭ زەهەردەك تىللىرى يېتىپ ئاشمايتتىمۇ، قەدىردان تۇتقان قەلەمنى قەغەزدە تۇتۇپ، ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىغىنى نېمىسى؟ قەدىردان شۇنچە يىرگىنچلىك مەخلۇقتا ئايلىنىپ قالدىما ...

تۇغۇلغان يۇرتىدىن، شۇنداقلا ئۇرۇمچىدىن كۆڭلى قالغان قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندىلا هېلىمجان ئاۋاق، نۇرمەت پاكارغا خوش دېمەيلا، پويىز بىلەن بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى ...

# يىگىرمە ئالتىنچى باب

بېيجىڭدىكى گەنجياكۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئىگىلىگەن ئۇزۇن بىر كوچا. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاشخانا، كاۋاپخانا، رېستوران، سامسىخانا، قاۋاقخانا، يەل ـ يېمىش ماگىزىنى قاتارلىق ھەرخىل مۇلازىمەت دۇكانلىرى زىچ ئورۇنلاشقان بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز تىجارەت ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدۇ. كوچا ئېغىزىدىن 250 ـ 300 قەدەمدەك ئالدىغا ماڭغاندا، سول تەرەپتە تار، كۆرۈمسىز بىر كوچا بار. بۇ كوچىغا كىرىپ يەنە 50 ـ 60 قەدەم ماڭغاندا، چەمبەرلەنگەن قاپقارا بىر دەرۋازا كۆزگە چېلىقىدۇ. چەمبەرلەرگە قېقىلغان مىخلارنىڭ بېشى قارا قوڭغۇزدەك يوغان بولۇپ، قارىماققا تۈرمە دەرۋازىسىغا ئوخشايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەدىمكى زامان بايلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك قەسىر دەرۋازىلىرىنى ئەسكە سالاتتى. مانا بۇ ياشىنىپ قالغان كۆك خوجايىننىڭ ئىجارىگە بېرىپ، كۆكىنى يەيدىغان ھويلىسى. ئاستىغا ياپىلاق تاش يېيىتىلغان بۇ ھويلىغا قەدەم ئالسىڭىز، ئۇدۇلىڭىزدىكى تۆت قەۋەتلىك بىناغا قاراپ ئىچىڭىز سىقىلىدۇ. ئۇ ئەسلىدە قانداق رەڭدە سۇۋالغانلىقى ياكى ئاقارتىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىنا تاملىرىنىڭ كۆپ يەرلىرى زەيلىشىپ، سۇس مايسارەڭ موخ قاپلىغان بولسا، يېرىلغان، ئاجرىغان سېمونت ئارىلىقلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان قانداقتۇر گىياھ ۋە دەرەخ كۆچەتلىرى پاخپىيىپ تۇراتتى. بىنانىڭ ئىككى بىقىنىدىكى بىر ئېغىزلىقتىن سېلىنغان ئالتە ئېغىز ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قاراماي يېيىتىلغان بولۇپ، بۇ بىر قەۋەتلىك ۋەيرانە ئۆيلەر تىجارەتچىلەرگە تېگىدىن سېتىپ بېرىلگەنىدى. بۇ بىنا ئۆيلەر قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، غۇلجىلاردىن كەلگەن تىجارەتچىلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى

خارابىلىككە ياكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىكى ۋەيرانچىلىققا ئوخ-
شايدۇ . ئۇلار ئۇچۇن بەربىر ئىدى ، چۇنكى بۇنداق باھاسى ئەرزان
ياتاقنى نەدىن تاپىدۇ ؟ ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئۇچىنچى قەۋەتلىرىدە
ئوپچى تازىلىق ئۆي بىلەن ھاجەتخانىسى بار . ئەتىگەنلىكى تۆتىنچى
قەۋەتتىكىلەر ئۇچىنچى قەۋەتكە ، ئىككىنچى قەۋەتتىكىلەر بىرىنچى
قەۋەتكە چۇشۇپ جومەك تالىشىپ ، ھاجەتخانىغا ساقلاپ ئۆچىرەت
تۇرۇپ كېتىشىدۇ . بۇ تىجارەتچى بالىلارنىڭ كۆڭلى ياخشى بولغى-
نى بىلەن ، ئاغزى ئەسكى ئىدى . ئۇلارنىڭ ھاجەتخانا بىلەن جومەك
تالاشقان ۋاقتىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ، بىر تۇرۇپ كۇلگى-
ڭىز ، بىر تۇرۇپ غەزىپىڭىز كېلىدۇ . قاراڭ ، بىر ئورۇندا قىمى-
شىپ تۇرالماي ، ئىشتان بېغىنى تۇتۇۋالغان ئاۋۇ يىگىتنىڭ ئاچچى-
قىنى :

— ھەي ، كەتمەن دەستىسىدەك چىقىرىپ ئولتۇرىۋېرەمسەن ،
دەسسەپ ئۇزۇۋەت دەيمەن !

— يۇنداڭ چاچراپ كەتتى ، شاۋچى ، يۇزىنمۇ ئىستىنجا قىلى-
غاندەك شاقىلدىتىپ يۇيامدا ...

— نېمانداق سوپۇنۇمنى ئىشلىتىسەن ! سېنىڭ يۇزۇڭگە سو-
پۇن ئەمەس ، قىرىدىغان پىچاق كېتىدۇ دەيمەن ...

ئىشقىلىپ ، بۇ ئوپچى تازىلىق ئۆي بىلەن ھاجەتخانىنىڭمۇ
ئىشكلىرى ئاجراپ ، جومەك ، تۇرۇبىلىرىدىن سۇ ئېقىپ ، كىچىك
تاھارەت كۆلچەك تۆشۈكلىرىگە ھەرخىل نەرسىلەر كەپلىشىپ قال-
غان بولسىمۇ ، مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى .
كۆڭ خوجايىن بولسا ، بۇ ئۆي ، ھويلىلار شەھەرنىڭ چېقىش ،
كۆچۈرۈش پىلانىدا بار ، دېگەننى باھانە قىلىپ ، بىنا ئۆيلەرنى
رېمونت قىلىش ، ئەڭ بولمىسا ئاقارتىش ـ سىرلاشقىمۇ ھەپىلى-
سى يوق ئىدى .

تىجارەتچى مۇساپىرلار ئۆزلىرىچە «كۆك سارىيى» دەپ چى-
رايلىق ئىسىم قويۇۋالغان تۆت قەۋەتلىك بىنادا بىر كۇنى سەھەرلى-
كى تولىمۇ سۇرلۇك ئەنسىزچىلىك كۆتۈرۈلدى . تىجارەتچى يىگىتى-

لەر پالاق ـ پۇلۇق ، تاراق ـ تۇرۇق يۇگۇرۇشۇپ ئۇچىنچى قەۋەت تازىلىق ئۆي ئەتراپىغا توپلاشماقتا ئىدى . بىرنەچچە يىگىت ھاجەت-خانىدىن بىر يىگىتنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ چىقىپ ، كارىدورنىڭ تام تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويۇشتى . تازىلىق ئۆيىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان پاسكىنا يۇندا ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ جەسەتنىڭ ئاستىغا كىرىۋاتات-تى . ئۇ قولىدا قانداقتۇر بىر نېمىنى چىڭ سىقىمداۋالغانىدى . ئاڭغىچە كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بارماقلىرىنى قايرىپ ، ئالىقىنىدىكى قىزىل سۇلياۋ دەستىلىك شپىرىسنى ئالدى :

— ئوكۇلنى كۆپرەك ئۇرۇۋېتىپتۇ ، — ھېلىقى يىگىت شپى-رىسنى ئەخلەت سېۋىتىگە تاشلىۋەتتى .

— ئاغىنىلەر ، بۇ قەشقەرلىك قۇربان شاكالغۇ ، — ۋارقىرىدى غەيرەت جاڭدۇ ، — بىز ھازىر ھويلىغا چۈشۈپ قەدىر-داننىڭ ئۆيىگە يىغىلايلى . ئۇ يەر سەل ئازادە ...

ھەممىسى گۇلدۇرلىشىپ پەسكە چۈشتى ـ دە ، قەدىرداننىڭ كوچا پاسىلىغا تۇتاشقان بىر ئېغىزلىق ئۆيىگە كىرىشتى . ئۆيدە كونا ئەبجەق چوڭ دىۋان ، شالاقلاپ كەتكەن ئۈچ ئورۇندۇق ، كارد-ۋات ، «كونكا» ماركىلىق ئاستى قاپلىرى ئاجراپ كەتكەن 12 ديۇملۇق تېلېۋىزور قاتارلىق ئەسلىھەلەر بار ئىدى . قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ، ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ياش باللار ياتاقتا كىرىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغىنىچە ، ئورۇن يېتىشمىگەنلىرى ئۆرە ۋە زوڭزايغىنىچە جىمجىت يەر بېقىپ تۇرۇشتى . ئۇلار خوتەنلىك غەيرەت جاڭدۇ ، ئىدرىس مودىڭ ، ئەيسا خېنەنجىر ، قەدىردانلار ؛ قەشقەرلىك ئابلىكىم پولۇ ، دولقۇن دۇ-گىلەك ؛ غۇلجىلىق پەرھات رەزگى ، دىلشات چۈخەي ؛ ئاقسۇلۇق رەم مۇنچاق ، نۇرەخمەت توخلا ؛ كۇچالىق پولات خۇڭشۇ ؛ ئورۇم-چىلىك دىلمۇرات ماكاش ... قاتارلىق 20دىن ئارتۇق تىجارەتچى باللار ئىدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە خوتەنلىك غەيرەت جاڭدۇ بىلەن كۇچالىق پولات خۇڭشۇنىڭ كۈچىمۇ ، تەدبىرىمۇ ، نوپۇزىمۇ بولغاچ-قا ، ھەممە ئۇنىڭ سىزغان سىزىقىغا ، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا غىڭ ـ

پىلەك قىلالمايتتى . ئەگەر كىمكى ھۆرۈ ـ پۆرۈ دېسە ياكى چىقارغان «قارار»غا بويسۇنمىسا ، ئۇلارنى مەجبۇرلىمايتتى ، لېكىن بېيجىڭ-دەك مۇساپىرچىلىق شەھەردە ياتلاردىن تاياق يەيدىغان ، كەمسىتى-لىدىغان ، بوزەك قىلىنىدىغان ، قويۇلۇپ كېتىدىغان قاتارلىق ئىش-لاردا مىللىي بالىلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ كارى بولمايتتى . شۇڭا ، ئۇلار تەبىئىي ھالدا ئۇيۇشقان پىداكارلار كوللېكتىپى ئىدى .

— قۇربان شاكال ئوبدان بالىتى ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ ھەسرەت بىلەن ، — ئۇنىڭ قەشقەرلىك بۇرادەرلىرىدىن بارمۇ ؟

— مەن بار .

— مەنمۇ بار .

— ماۋۇ دۇبدۇگىلەك سېمىزى ، — پولات خۇڭشۇ تونۇشتۇر-دى ، — دولقۇن دۇگىلەك ، ماۋۇ ئېگىز بالا ئابلىكىم پولۇ ...

غەيرەت جاڭدۇ ئابلىكىمنىڭ دەم يېگەن پولۇدەك ئاق سېرىق ، ھۆپپىدە ئېسىلىپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ ، كۆڭلىدە : «پولۇ لەقىمى پىچىپ تىككەن كىيىمدەكلا قاملىشىپتۇ» دەپ ئويلىدى .

— ئابلىكىم ، قۇربان شاكال دوللارچىلىق قىلىدىغۇ دەي-مەن ؟ — سورىدى غەيرەت جاڭدۇ .

— بۇرۇن شۇنداق قىلغان ، — ئابلىكىم يىغلاپ سالدى ، — ئۇنىڭغا كۆپرەك دەسمايە بولمىغاچقا ، كېيىنچە «چوڭ ئوقەت»كە كىرىشئالىغان ...

— مۇشۇ ئاغىنىلەرگە ، ساتساڭ سات ، ئۆزۈڭ چېكىشمە ، دەپ قاقشاپلا ئۆتۈپ كەتتىم ، — غەيرەت جاڭدۇ جىرتتىدە تۇكۇر-دى ، — مۇساپىرچىلىق ، غېرىبلىقتا تاپقان پۇللىرىنىڭ ھەممىسى تاماكىسىغا يەتمەيۋاتقان...

— بولدى ، غەيرەت ، ھازىر بىر ـ بىرىمىزگە تاپا ـ تەنە قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس ، — دېدى پولات خۇڭشۇ ، — قۇربان شاكالنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزىتىشنىڭ غېمىنى قىلساق .

— ئاغىنىلەر ، ھەپتىدە بىر ـ ئىككى دېگۈدەكلا بالىلارنى ئۇزىتىۋاتىمىز . ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بالىلىرى ! — غەيرەت

جاڭدۇ تاماكا تۇتاشتۇردى ، — ئۇلارنىڭ بىيجىڭدا نوپۇسى بولمىغاچقا ، يەرلىكنى قىممەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭ تەرتىپى ئۆزۈڭلارغا ئايان . پولات ، تىزىملاشنى باشلا ، مەن مىڭنى ئاتىدىم ، مانا پۇل .

غەيرەت مىڭ سومنى پولاتقا تۇتقۇزۇشى ، پولاتمۇ يانچۇقىدىن مىڭ سوم چىقاردى . ئاندىن قالغانلارمۇ مىڭ ، 800 ، ئەڭ تۆۋەنلىرىمۇ 500 سوم ئەتراپىدا تىزىملىتىپ ، يىنىدا بارلىرى نەق بەردى ، يوقلىرى بۇگۇنلا ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى . قەدىردانىمۇ مىڭ سوم تىزىملاتقاندى ، غەيرەت سەل ئاچچىقلاپ قالدى :

— ھەي ، كەلگىنىڭگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى ، — غەيرەت قولىنى شىلتىدى ، — بىرەر ئىش ـ ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتمىدىڭ ، يەنە يوغانچىلىق قىلىپ مىڭ سوم دەيسىنا !

— غەيرەتكا ، مەن بىيجىڭغا كېلىپلا قۇربان بىلەن تونۇشۇپ ياخشى ئۆتكەنىدۇق ، — قەدىردان مىچچىدە يىغلىۋەتتى ، — مېنىڭ كۆڭلۈمنى قايتۇرما ...

پولات تىزىملىكتىكى پۇلنى ئوقۇپ ، جەمئىي 17 مىڭ سوم بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئاندىن ئۇ ئىش ئورۇنلاشتۇردى :

— قەدىردان بىلەن ئابلىكىم پولۇ گەنجياكۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا قاملاشتۇرۇپ ئىلتىماس يېزىپ ، خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇڭلار ، «چېكىپ ئۆلدى» دېگەن گەپنى قىلماڭلار ، بولمىسا يەرلىك يەر بەرمەيدۇ ...

— سىلەر ئىلتىماسنى يېزىپ بولۇپ ماڭا بېرىڭلار ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ ، — «ئىلى دەرياسى» رېستورانىنىڭ خوجايىنى سالىكامغا تەرجىمە قىلدۇراي .

سالى پاينەك رېستوران ، قاۋاقخانا ، كاۋاپخانىلىرى بار غۇلجىلىق كاتتا باي ئىدى . ئۇنىڭ گەنجياكۇ ، ۋېيگۇڭسۇنلەر بويىچە ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ ، ساقچىلارمۇ گېپىنى يىرمايتتى .

— ئىككىنچى مەسىلە ، — دېدى پولات خۇشخۇي ۋارقى-راپ ، — يەرلىك ھەل بولۇپ بولغۇچە ، قۇربانىنىڭ جەسىتىنى مۇز ئارىسىدا ساقلايمىز . جەسەت توشلىتىش ئورۇنلىرىدا بىر كېچىلىكتە پالانچى مىڭ سوم ئالىدۇ . شۇڭا ، دولقۇن دۇگىلەك ، پەرھات رەزگى ، كېرەم مۇنچاقلار چوكا مۇز زاۋۇتىدىن چاسا مۇز ئەكېلىشكە مەسئۇل بولىدۇ . ئۈچىنچى مەسىلە ، گەنجياكۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنى ، خەلق ئىشلار بۆلۈمى ، يەر ئىدارىلىرى مۇزاكىرىلىشىپ ، تەستىقلاپ بولغۇچە ئۈچ - تۆت كۈن ، بولمىسا بىر ھەپتە كېتىدۇ ، بۇنى سۆيلەشكە غەيرەت ، مەن ، دىلمۇرات ماكاشلار مەسئۇل بولىمىز . مۇز ئالغاندا ھۆججەت ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار .

دولقۇن دۇگىلەك ، پەرھات رەزگى ، كېرەم مۇنچاقلار بىر سائەت ئىچىدىلا ياپونىيىنىڭ پەس كوزۇپلۇق ماشىنىسىنى كىرا قىلىپ چاسا مۇز ئېلىپ كەلدى . داۋاملىق خىروئىندىن ئۆلۈپ تۇرىدىغانلار بولغاچقا ، ئۇلار بىرىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپەي ئاستىنى جەسەت ساقلاش ئورنى قىلىپ ، ئالدىنى ئەدىيال بىلەن توسۇۋەتكەندى . بىر نەچچە بالىلار قۇربانىنىڭ جەسىتىنى پۇت - قوللىرىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چۈشتى - دە ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ، قىپيالىڭاچ قىلغاندىن كېيىن ، بىر غېرىچ قېلىنلىقتىكى مۇزغا ياتقۇزۇپ ، ئاندىن ئۈستىدىن مۇزغا باستۇردى . بۇ مۇزلار بېيجىڭنىڭ سېنتەبىردىكى ئىللىق ھاۋاسىدا بىر كېچە ئاران چىدايتتى . ئۇنىڭ ئېرىگەن سۇلىرى ھويلىدىكى كۆلچەككە شىرقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى . شۇڭغىچە مۇزغا مەسئۇل بولغانلار داۋاملىق ئەكېلىپ مۇز ئالماشتۇرۇشقا ھەرگىز سەل قارىمايتتى . بولمىسا ، جەسەت ئىككى كۈن ئىچىدە سېسىپ بىناغا كىرگۈسىز بولۇپ كېتەتتى .

قەدىردان پولاتقا مىڭ سوم پۇلنى بېرىپ ياتاققا كىردى - دە ، كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى . ئۇنىڭ تورۇسقا تىكىلگەن كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالدى . راست ، كۈنىگە يېرىم داس ھاك قاسراقلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئۆينى قەدىردان بېيجىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم ئېلىپلا ئەبەي گىتاردىن 5 مىڭ سومغا سېتىۋالدى .

ئەبەي گىتار ئەسلىي كۆڭ خوجايىندىن بۇ ئۆينى 10 مىڭ سومغا سېتىۋېلىپ ، كارىۋات ، بىر نەچچە ئورۇندۇق ، دىۋان ، تېلېۋىزور دېگەندەك جابدۇقلار بىلەن بىر قۇر ئوڭشىۋالغانىدى . لېكىن ئۇ : «ئانام سەكراتتىكەن» دەپ ، بىر كېچىدىلا شىنجاڭغا مېڭىش هار- پىسىدا قەدىردان كېلىپ قالدى . ئەبەي ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان يەلگە بېرىۋەتتى … ئەلۋەتتە ، بىر مۇنچە ئادەم بىر ياتاقتا سېسىق پۇراقتا چىلىشىپ ياتقاندىن كۆرە ، ئايرىم ياتاق دېگەن باشقا گەپتە . قەدىردان بۇ تەرەپتىن كۆڭلى تىنغان بولسىمۇ ، بىراق غەيرەت جاڭدۇ دېگەندەك ، كەلگىلى ئۈچ ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالمىدى ، تۇتالمىدى ئەمەس ، ئۆزىنىڭ كۆتى چىدىمىدى . ۋېيگۇڭسۇندە بىر ئاشخانىدا هەپتە ئىشلىگەندىن كې- يىن ، خوجايىن تۇڭگان : «بەك هورۇنكەن ، باشقا باللاردەك ئۆز- لۈكىدىن ئىش قىلمايدىكەن» دەپ هەيدىۋەتتى . غەيرەت جاڭدۇ ئۇنى گەنجياكۇدىكى ئەڭ چوڭ كاۋاپخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى ، «بىر كۈن كەچكىچە زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزىدىغان گەپكەن ، بەك زېرىكىپ كېتىدىكەن كىشى … » دەپ ئۇ ئىشنى ئۆزى تاشلىۋەتتى . مانا شۇندىن بېرى ياقۇپ هاجىمدىن ئالغان پۇلنى خۇددى پىلە قۇرتى غازاڭ يېگەندەك ، قىرقىپ ، يونۇپ تۈگىتىۋاتىدۇ . هازىر ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — بار پۇلنى خەجلەپ تۈگىتىش … ئۇ هەر كۈنى چۈشكىچە لايدەك ئېزىلىپ ياتىدۇ . ئەگەر قورساق ئاچمىدىغان ئىش بولمىغان بولسا ، ئۇ مەڭگۈ قوپماي بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىپ يېتىۋەرگەنمۇ بولاتتى . ئەمما ، قورساق يەنىلا ئۇنى ئورنىدىن تۇر- غۇزاتتى . گەنجياكۇدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرەرىگە كىرىپ ، بىرەر قاچا تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ، ۋېيگۇڭسۇنگە قاراپ ماڭمىسا بولمايتتى . ئەلۋەتتە ، چېكىدىغىنىنىڭ غېمىنى قىلمىسا ، كەچتە خۇمارى تۇتۇپ كەتسە قانداق قىلىدۇ ؟ ۋېيگۇڭسۇن ، گەنجياكۇلاردا خروئىن ساتىدىغانلار توپ ـ توپ يۈرۈشىدۇ ،شۇڭا ئۇلارنى «قارا قاغىلار» دەپ قويۇشىدۇ . بۇنداق قارا قاغىلارنى تونۇۋالماق ئاسان . پەلەمپەي ، بىنا سۇپىلىرى ، يول قىرلىرىدىكى سېمونت توسمىلاردا

تىزنى جۇپلەپ ھەم قۇچاقلاپ ، ئىككى پۇتىنىڭ ئۇچىنى توختىماي بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ تۇرغانلارنى كۆرسىڭىز ، «قارا قاغا»كەن دەۋېرىڭ . ئۈچ ئايدىن بېرى قەدىرداان «قارا قاغىلار»نى ، «قارا قاغىلار» قەدىرداننى ئوبدانلا تونۇيدۇ ، خروئىننىڭ باھاسىمۇ ئۆرلەپ ـ پەسىيىپ تۇرىدۇ ⋯ ساقچىلار تۇتۇش ، سولاش ، ئېتىشنى كۇچەيتكەن ھامان ، بىر گرام خروئىن 400 ـ 500 سومغا ئۆرلەپ كېتەتتى . ساقچىلارنىڭ ھەرىكىتى سەللا جىمىپ قالدىمۇ ، «قارا قاغىلار» كۆپىيىپ ، بىر گرام خروئىن 250 ـ 300 سومغا چۈشەتتى . شۇڭا ، قەدىرداان كۈنىگە 5 ـ 6 يۈز سوملۇق ، بەزىدە مىڭ سوملۇق چېكەتتى . ئۇ بېيجىڭغا كەلگەن 90 كۈن ئىچىدە تاماق ، ياتاقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا 64 مىڭ سوملۇق خروئىن چېكىپتۇ . بۇ ئەلۋەتتە 90 كۈنگە چاچقاندا ھېچقانچە گەپ ئەمەس . نېمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ئۇنىڭدا گۇاڭجۇدىن ئېلىپ كەلگەن ، شۇنداقلا ھۆسنارخان ئۇنى قەستلەش ئۈچۈن سومكىسىغا سېلىپ قويغان 100 گراملىق خروئىن زاپاس بار ئىدى . بولمىسا تاماق ، ياتاق ، كۈنلۈك خىراجەت ھەم خروئىن بولۇپ ، ياقۇپ ھاجىم بەرگەن 120 مىڭ سوم پۇل تۈگىگەن بولاتتى . ھېلىمۇ ھازىر ئۇ پۇلدىن 40 مىڭغا يەتمىگەن ھېسابتا قالدى ، بۇمۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۈگەيدۇ . ئۇ چاغدا قەدىرداان قانداق قىلاركىن ؟ تېخى ئۇنىڭ كەيپىياتى ئۆرلەپ ، غەم ـ ئەندىشىگە چۈشكەنسېرى ، خۇمارى شۇنچە كۆپ تۇتىدۇ .

قەدىرداان بېيجىڭغا كەلگەندىن بېرى كۈنلىرى دەككە ـ دۈككە ئىچىدىلا ئۆتتى ، ھەتتا ئەتىگەنلىكلىرى ھاجەتخانىغا كىرىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالدى . چۈنكى ، بەزى كېچىلىرى بىر ياكى ئىككى بالا ھاجەتخانىدا ئۆرە تۇرغان ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قىيا ـ پەتتە ، قولىغا يىڭنە سانجىلغان ھالدا قېتىپ قالاتتى . ئۇلارمۇ مۇشۇ «كۆك سارىيى»دا يېتىۋاتقان تىجارەتچى ئۇيغۇر باللىرى ئىدى . ئۇلارنى ھەرگىز «خروئىن چېكىپ ئۆلدى» دېيىشكە بولمايتتى . قانداقتۇر جاننى تېز ئالىدىغان خەتەرلىك كېسەل دەپ

دىئاگنوز قويۇلاتتى ، بولمىسا ئۇنىڭغا يەرلىك بىرىلمەيتتى . قەدىر-
دان بۇنداق ئۆلۈملەرنىڭ بىر قانچىسىگە باشتىن - ئاخىر قاتناش-
تى . دەسلەپتە جەسەتنى قىپيالىڭاچ قىلىپ مۇز ئىچىگە ئالغاندىن
كېيىن ، گەنجياكۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا «تاسادىپىي» ياكى
«ئىغىر » كېسەللىك تۈپەيلىدىن بىر تىجارەتچى بالىنىڭ قازا قىلى-
غانلىقى ھەققىدە ئىلتىماس قىلىناتتى . ئىش باشقۇرۇش ئورنى
مۇزاكىرە قىلىپ بولۇپ ، ئاندىن خەلق ئىشلار بۆلۈمىگە يوللاپ
بېرەتتى . ئۇلارنىڭ قانچە كۈندە تەستىقلاپ يەر باشقۇرۇش ئىدارى-
سىگە ھاۋالە قىلىشى ئەلۋەتتە ئىنساپىغا باغلىق ئىدى . بۇ جەرياندا
جەسەت 7 - 8 قېتىم مۇز ئارىسىغا ئېلىناتتى . قەدىردان بۇرۇنلى-
رى ماكچىيىپ ، كۆزلىرى غەلىتىلا چەكچىيىپ ، ئېغىزلىرى يو-
غان ئېچىلغان جەسەتلەرگە قاراپ يۈرىكى ئاغاتتى ، جەسەتلەرنىڭ
كۆكىرىپ ، قارىداپ ، زەپەدەك سارغىيىپ كەتكەن شىلىمشىق بە-
دەنلىرىكۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى ، بولۇپمۇ ئۇنى ئەڭ دەھ-
شەتلىك ئىزتىراپقا سالغىنى ، كولانغان گۆرلەر ۋە جەسەتلەرنى
كۆمۈشتىكى ۋەھشىيلىكلەر ئىدى . بۇتخانا ئەتراپلىرىدىكى تاغلىق
جىلغىلار ، بامبۇكزارلىق ، ئورمان ، يانباغرى ئېدىرلاردىن كولان-
غان گۆرلەرنىڭ شەكلى ئۇلارغا بەرگەن پۇل بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئىدى . باھاسى يۇقىرى گۆرلەر كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر ئېلى-
نىپ ، 70 سانتىمېتىر كولانغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرى 60 سانتى-
مېتىر كەڭلىكتە كولىنىپ ، ئىككى تەرەپتىن ئون سانتىمېتىردىن
قىر قالدۇرۇلىدۇ . جەسەت ئاشۇ 60 سانتىمېتىر كەڭلىك ، 40
سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا قويۇلۇپ ، سېمونت ھەم گەج ئارىلاشتۇ-
رۇلۇپ ياسالغان بەش دانە تاختىنى ئون سانتىمېتىر قىرغا چىش-
لەشتۇرۇپ ، جەسەت ئۈستىنى ياپىدۇ . ئاندىن تاختا ئۈستىگە بام-
بۇك قوزىقىدىن توقۇلغان بورىنى سېلىپ ، توپا تاشلايدۇ …
بۇلارنى قىلىش ، ئورۇنلاشتۇرۇش بۇتخانىنىڭ شەيخى تەرىپىدىن
بىجىرىلىدۇ . پۇلى ئاز گۆرلەر بولسا 60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە ،
70 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ ، جەسەت كېپىنى بىلەنلا

ئاشۇ تار گۆرگە نىقتاپ كىرگۈزۈلۈپ، ئۈستىدىن توپا تاشلاپ كۆمۈۋېتىلىدۇ ... بىر قېتىم كۆكرەكلىرى كەڭ، بەستلىك ئۈرۈمچىلىك بىر يىگىتنى گۆرگە كەپلىگەندە مۈرىسى پاتماي قالغاندى، شەيخ بىر نەچچىنى دەسسەپلا گۆرگە پاتقۇزۇۋەتتى... قەدىردان ھېلىقى ئۇزۇن قارا كېيىملىك شەيخكە قاراپ قېتىپلا قالدى. بىر نېمە دەي دېسە، «ئۆلۈكۈڭنى نەگە ئاپارساڭ ئاپار» دەيدۇ ـ دە، نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك كېلىپ چىقىدۇ.

دەرۋەقە، قەدىردان قورقتى، قورققاندىمۇ خېلى بەك چۆچۈدى! ياقا يۇرتلارنىڭ قانداقتۇر تاغ ـ جىلغا، ئورمانلىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن ئاشۇ بالىلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى بىر ئايدىن كېيىن بارساڭ تاپالمايسەن. چۈنكى دەسسەپ، چىڭداپ تۈپتۈز قىلىنغان قەبرە ئۈستىنى يايپېشىل ئوت قاپلاپ، ئېدىرلار بىلەن بىر تۇتاش بولۇپ كېتىدۇ. «ئىز ـ دېرەكسىز، نامۇ نىشانسىز» غايىب بولدى دېگەن مۇشۇ ئىدى. ھاجەتخانىلاردا قېتىپ قېلىۋاتقان بالىلار، قىپيالىڭاچ مۇز تېگىدە ھەپتىلەپ يېتىپ، بەدەنلىرى ئادەمنىڭ تېنى تىكەنلىشىپ كەتكۈدەك قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن جەسەتلەر قەدىرداننىڭ ماڭسا خىيالىدا، ئۇخلىسا چۈشىدە، قورققانسېرى كۆز ئالدىدا ئايان بولاتتى. ئەجەب ئىش، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭغا سۇر كىرىپ، قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدىكەن. قەدىردان بېيجىڭگە كېلىپ ھەپتىمۇ ئۆتمەي قۇربان بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ قاراقۇمچاق، بادام يۈزلۈك، كۆزلىرى كىچىكرەك، بەكمۇ يېقىشلىق بالا ئىدى. قۇربان بىر كۈنى قەدىرداننىڭ ياتىقىغا كىرىپ بىرىنچى بولۇپ باشلىغان گېپى: «ئايرىم ياتاق بولسا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە» دېيىش بولدى، ئاندىن ئۇ يەردىكى سەرەڭگە كۆيۈندىلىرىنى كۆرۈپ، قەدىردانغا گۇمانسىراپ قاراپ: «ھەي، سەنمۇ چېكەمسەن؟» دەپ سورىدى. ئۇ «سەنمۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭمۇ چېكىدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويغاندى. قەدىردان «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرغىنىچە ئىككى چېكىسىنى قامالاپ ئۇزۇن جىممىپ

كەتتى . ئۇنىڭ ئىغىر - ئىغىر تىنغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .
— سەن قانداق ئۆگىنىپ قالغان ؟ — سورىدى قەدىردان ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ .
— ياتاقتىكى چوڭ بالىلار : «چەكسەڭ ئاسماندا ئۇچىسەن ، ئەڭ ئىسىل يېرى ، ئىمەىنى ئويلىساڭ ، شۇ كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولىدۇ ...» دېسە ، ئايتۇنەمىنى كۆرەمەنمىكىن دەپ چېكىپتىمەن ...
— ئايتۇنەم دېگەن ئاياللىڭما ؟
— نەدىكى ، مەن ئۆيلەنمىگەن تۇرسام ، ئۇ دېگەن قوشنىمىزنىڭ قىزى ، — قۇرباننىڭ كۆزلىرى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى ، — لېكىن ئىككىمىز بىر يېزىدا چوڭ بولۇپ ، 4 - سىنىپقىچە بىللە ئوقۇغان ... سەنچۇ ؟
— مەنمۇ چوڭلارنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئۆگىنىپ قالغان ...
— سەنمۇ كۆڭلۈڭدىكى قىزنى كۆرىمەن دەپما ؟
— مېنىڭ سەككىز ئايلىق بولغان بالام ئانىسى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى . ئىككى ياشلىق ئوغلۇم ئانىسى بىلەن يوقاپ كەتتى ...
بىردىنلا زۇلئاي بىلەن مېھرىبان ئېسىدىن كەچكەن قەدىردان بۇ گەپلەرنى ئۆزى ئۇچۇن دەۋاتامدۇ ياكى قۇربان ئۇچۇنمۇ ، ئەڭ بولمىسا زۆرۈرىيەت ئۇچۇنمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇ كىمگىمدۇر تويماي قاراۋاتقاندەك ، كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغاندى .
— بۇ ... بۇ ... — قۇربان ھەيرانلىق ئىلكىدە قىلىدىغان گېپىنىمۇ تاپالماي قالدى ، — ئۆلدى دەيسەن ، يوقاپ كەتتى دەيسەن ، سېنىڭ زادى قانچە خوتۇنۇڭ ، قانچە بالاڭ بار ؟
— ئىككى خوتۇنۇم بار ئىدى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوق ...
— نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟
— 22 ياشقا .
— ۋاي خۇدايىم ، مەن بىلەن تەڭكەنسەن . ئىككى خوتۇن ئېلىپ بولدۇڭما ؟
— ئىككى خوتۇننى بىرلا ۋاقىتتا ئالغان .

— ماڭە ، يوڭ پاپپاق ! هازىرقى زاماندا نەدە باركەن ئۇنداق ئىش !

— خۇدايىم ئوغۇل بالىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئامەت بېرىدىكەن ، — قەدىردان خۇددى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك گەپ قىلىۋاتاتتى ، — لېكىن شۇ ئامەتنى سېزەلىگەن ، تۇتالىغان ئادەم ئامەتلىك بولىدىكەن ، بولمىسا دېۋانىگە ئايلىنىدىكەن .

— سەن ئامەتلىك بولۇپ باققانمۇ ؟ — قۇرباننىڭ كۆزلىرى چۈمچۈقلاپ كەتتى ، — مەسىلەن ، هازىر دېگەندەك …

— بولغان ، بولغاندىمۇ ھەقدادىغا يەتكەن ، — قەدىردان ئىسسىق ئەيلىگەندەك بېشىنى چايقىدى ، — ئاستىمىدا سوۋېتنىڭ «لادا» ماشىنىسى ، هەيۋەتلىك ئۆي ـ سارايلىرىم ، ئۇيغۇر ، خەنزۇ خوجايىنلار «ۋاي» دەپ تۇرغان ، بانكىلارغا قويۇلغان مىليونلاپ پۇلنىڭ سانىنى بىلەلمىگەن ، 14 ـ 16 ياشلىق كىچىك قىزلار ئەتراپىمدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەنلىرىنى سورىمايلا قوي .

— هازىرچۇ ؟

— هازىر ئۇ ئامەتلەر ئاقۇش تۇتۇنگە ئايلىنىپ كەتتى ! ئويلاپ باقسام ، ئۇ چاغلاردا ئامەت هۇزۇرىغا چۆمۈپ تۇرۇپ ، ئاشۇ ئامەتنى بەرگەن ئىگىسىنى ئۇنتۇغانىكەنمەن !

قۇربان تۇيۇقسىزلا يۈزىنى قاماللاپ يىغلىۋەتتى . ئۇ ئىسەدەپ ـ ئىسەدەپ يىغلىغانسېرى ، ئىككى مۈرىسى سىلكىنىپ ، بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر چۆشەتتى . قەدىردان ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ بەزلىۋىدى ، ئۇ تېخىمۇ هۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى .

— قەدىردان ، سەن ئۇقمايسەن ، مېنىڭ دادام ئۆلۈپ كەتكەن ، هازىر ئايتۇنەم ئانامنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىۋېتىپتۇ ، — قۇربان ئۆپكىدەپ گەپ قىلالماي قالدى ، — ئۇ قىز پۈتۈن ئۇمىدلىرىنى ماڭا باغلىغان … ئويلاپ باقسا ، مەن مۇشۇ تۇرقۇم بىلەن ئۇنىڭغا ئامەت ئېلىپ كېلەمدىم ، ئاپەتمۇ ، بەخت ئاتا قىلامدىم ، ئازابمۇ ! ؟

— زەھەر تاشلاش ئورۇنلىرىغا كىرىپ باقساق بولامدى-

كىن تاڭ ...

— مېنى ئويلىمىدى دەمسەن ، — قۇربان بېشىنى كۆتۈرۈۋېلدى ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى ياشلارنى كۆرۈپ ، قەدىردانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى ، — ئۇ يەرگە تۆلەيدىغان 7 مىڭ سومنىغۇ بىر ئاماللاپ تاپقىلى بولار ، بىراق كۆپلىرى تاشلاپ چىقسىپلا يەنە كۆنۈۋالدى . خروئىن دېگەن بۇ ئاپەتنىڭ ئەجەللىك يېرى ، بىرەر تاماكا چېكىۋاتقان ئادەمنىڭ قېشىدا ئولتۇرساڭمۇ خۇمار تۇتىدىكەن . ياتاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى چېكىۋاتسا ...

— قۇربان ، — دېدى قەدىردان مەيۇس ھالدا ، — مەن ھازىر قورقۇۋاتىمەن ...

— مېنى قورقمىدى دەمسەن ، ئۆلۈكۈم مۇشۇ ياقا يۇرتلارنىڭ تاغ ـ ئېدىرلىرىدا قالىدىغاندەكلا بىلىنىدۇ ...

قەدىردان بىلەن قۇربان پات ـ پاتلا ئاشۇنداق مۇڭدىشاتتى . بەزىدە ئاقسۇلۇق نۇرەخمەت توخلا كىرىپ ئۇلارغا ھەمراھ بولاتتى . ئۇ بېشى ، يۈزى ، كۆزى ، ئىشقىلىپ ، ھەممە يېرى دۇپدۇگىلەك بالا بولۇپ ، بەكمۇ خۇش پېئىل ئىدى . «كۆك سارىيى» دىكى تىجارەتچى باللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكى شۇ بولغاچقىمۇ ، قويلار ئىچىدىكى توخلا ھېسابلىنىپ ، لەقىمى توخلا بولۇپ قالغانىدى . ئۇمۇ ياتىقىدىكى كونا بەڭگىلەرنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن خروئىنغا كۆنۈپ قالغىلى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ قالدى . ئۇنىڭ ساددىلىقى گەپ ـ سۆزلىرىدىنلا ئەمەس ، دۇپدۇگىلەك دىقماق تۇرقىدىنمۇ بىلىنىپ تۇراتتى .

— قاراڭلار ، ئاغىنىلەر ، ئاخشام چۈشۈمدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ، — دېدى نۇرەخمەت بىر كۆنى كۆزلىرىنى غەلىتىلا چەكچەيتىپ ، — سەن خروئىننى تاشلىۋەتسەڭ ، جەننەتكە كىرىدىسەن ، دەۋاتقۇدەك ... راست كىرەرمەنمۇ ؟

— ھەي ، جەننەتتە خۇمارىڭ تۇتۇپ قالسا قانداق قىلىدىسەن ؟ — دېدى قۇربان ھەزىل قىلىپ ، — يەنە شۇ «كۆك سارىيى» ياخشىكەن ، دەپ قېچىپ كېلەرسەن ... چۈنكى ئۇ يەردە «قارا

قاغىلار » بولمىسا ...
— جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويغان خۇدايىم خۇمارنىمۇ بىر ئامال
قىلار ...
— ھەي توخلا ، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە ، — ۋارقىرىدى قۇر-
بان ، — خۇدايىمنى سەن نېمە كۆرۈۋاتىسەن ؟
— نۇرەخمەتنىڭ دېگىنى ، — قەدىردان پىققىدە كۈلۈ-
ۋەتتى ، — خۇدايىمنى خىروئىن تېپىپ بېرىدۇ ، دېگەنلىك ئە-
مەس ، سەۋر - تاقەت بېرىدۇ ، دېمەكچى ، شۇنداققۇ ؟
— ھە راست ، ئەسلىدە شۇنداق دېمەكچى ئىدىم ، لېكىن ماۋۇ
قارىۋاي ئادەمنى ئىلەشتۈرۈپ ، — نۇرەخمەتنىڭ دۇپدۇگىلەك كۆز-
لىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى ، — ھەي ئاغىنىلەر ، مېنىڭچە ھېلىقى
ئاقساقال بوۋاي خىروئىننى تاشلىماقنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ تۇ-
رۇپ ، ئوينىشىپ دەپ قويدىمىكىن دەيمىنا ...
— ئەمدى ماۋۇ گېپىڭ چاك باسمىدى ، — دېدى قەدىر-
دان ، — چۈشۈڭدىكى ئۇ خىزىر بوۋاي سېنىڭ بىلەن ئوينىشىپ
يۈرگىلى بىكار قاپتىما ...
ئۆزلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق ساددا ، سەممىي پاراڭلىرى ئار-
قىلىق مۇساپىرلىق ، غېرىبلىقنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇيدىغان بۇ
بالىلار كۈنلىرىنى قىلىچ تىغىدا دار ئوينىغاندەك ئۆتكۈزەتتى .
ئوقەتنىڭ غېمى ، تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇلارنىڭ
گەجگىسىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ تاغ ئىدى ، بولۇپمۇ ئۈچىنچى تاغ
ياشلار ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇق . ئارىدىن بىرەرى كەتكەن ھا-
مان ، بىرەر ھەپتە ، ھەتتا بىرەر ئايغىچە ئۆزىنى تىڭشاپ ، خامۇش
بولۇپ قالاتتى . مانا قۇربان شاكال ئۆلۈۋىدى ، «كۆك سارىيى»
دىكى بالىلار ئېغىزلىرى ئەمەس ، كۆزلىرى بىلەن گەپلىشىپ :
«قانداقمۇ قىلارمىز ؟ » دېگەندەك ، بىر - بىرىگە نادامەتلىك بېقى-
شىدۇ ...
كەچ گۇگۇم بىلەن تەڭ سىرتتا شامال چىقىشقا باشلىدى .
سېنتەبىر ئايلىرى بېيجىڭنىڭ ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدىغان

ۋاقىتلىرى ئىدى . ھاۋانىڭ تۇتۇلۇشىغا ئەگىشىپ ، قەدىرداننىڭمۇ كەيپى سەل ئۆرلەپ قالدى ، شۇنداقتىمۇ كەچلىك تاماقتا «ئاتۇش لەڭمەن پادىشاھى»غا چىقتى ، بىر يۇمىلاق شىرەدە قەشقەرلىك ئابلىكىم پولۇ ، غۇلجىلىق پەرھات رەزگى ، ئاقسۇلۇق نۇرەخمەت توخلا قاتارلىق ئالتە بالا تاماق يەپ ئولتۇراتتى . ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قەدىردانمۇ ئورۇن ئالدى .

— ئاغىنىلەر ، بىر شۇم خەۋەر بار ، — دېدى ئابلىكىم پولۇ چوكىسىنى تەخسىگە يۆلەپ قويۇپ ، — يۇرتتىن تېلېفون كەلدى ، قۇرباننىڭ ئانىسى تۆگەپ كېتىپتۇ …

— بۇنى شۇم خەۋەر دېمەيمىز ، — دېدى كەيپى چىڭىش قەدىردان ، — خۇش خەۋەر دەيمىز … ھە ، نېمىگە ئالىيىسىلەر ؟

— مەن قۇربان شاكالنىڭ ئانىسىنى توي قىپتۇ دېمىدىم ، — تېرىكتى ئابلىكىم پولۇ ، — قازا قىپتۇ دەۋاتىمەن …

— مەنمۇ شۇڭا خۇش خەۋەركەن ، دەۋاتىمەنغۇ …

— سەن … سەن … — ئابلىكىم پولۇ قوللىرىنى شىلتىدى .

— ھەي… كونىلار : «ياشانغان چېغىدا بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۈچ بەختسىزلىكنىڭ بىرىدۇر» دېگەن ، — قەدىرداننىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — بىر موماي ياپياش بالىسىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىسا ، قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر ؟ ھەتتا شۇ ئازابتا جان بېرىشى مۇمكىن . مانا ئەمدى خۇدايىم ئازابتىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ … بۇنى خۇش خەۋەر دېمەي ، يەنە نېمىنى دەيتتىڭ ؟

— قەدىردان زەپ بەلەن گەپ قىلدى ، — دېدى بىر پەتنۇستا ئۈچ تەخسە لەڭمەن ئېلىپ كەلگەن پېشقەدەم ئۇستام ، — مومىنىڭ ئوقۇغان ناماز ، تۇتقان روزىلىرىنىڭ خاسىيىتى بولسا كېرەك ، «ھايات چىرىغىمنى ياندۇرىدىغان ئوغلۇم بار …» دېگەن ئۈمىد بىلەن كەتتى … ئەلۋەتتە ، ئۈمىدسىزگە ھايات دوزاخ دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ .

تاماق يەۋاتقان ۋە ساقلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى جىمجىت بولۇشتى . ئۇلاردا تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان بۇنداق ئىنچىكە مىزانلارنى

ئويلاپ كەتكۈدەك پاراسەت كەم ئىدى .

خەيرىيەت ، قۇربان ئۆلۈپ بەشىنچى كۈنى مۇز كېپەنلىكتىن قۇتۇلۇپ يەرلىكىدە قويۇلدى . ئەمدى ئۇنىڭ بىر سىقىم توپىسى ئۆز ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان قايسىدۇر تاغ ـ تۇزالارنىڭ ياۋا گىياھ ، دەل ـ دەرەخ ، قۇرت ـ قوڭغۇزلىرىغا يەم بولغۇسى ! مەرھۇم قۇربانىنى يەرلىكىگە قويۇپ قايتىپ كەلگەن كۈنى ، نۇرەخمەت توخلا قەدىردانىنىڭ ياتقىدا بىللە يېتىپ قالدى . ئۇلار ئىككىلىسى ھاياتىدىن ئەنسىرەپ ، ئۆزىنى تىڭشاپ قالغاندى . ئوپچە ياتاقتا ياتقان نۇرەخمەت كېچىلىرى ھاجەتخانىغا كىرىشتىن قورقاتتى ، خۇمارى تۇتۇپ كەتسە كىرمەي ئامال يوق ـ تە ! ئەمدى قەدىردانىنىڭ ياتقى بۇنداق ئىشلارغا ئەپلىك ئىدى . ئۇلار ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك بىر كارىۋاتتا يېتىپ ، ئوتتۇر كېچىلەرگىچە مۈگدىشىپ ، خروئىنىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تاشلىغاندىن كېيىنكى ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى سۆزلىشەتتى . نۇرەخمەت تولاراق كىچىك ئانىسىنىڭ قىزى رىسالەتخان توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى . بۇ سەھرا قىزى توغرۇلۇق سۆزلەنگەن نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ھېكايىلەر راست شۇنداق بولۇپ ئۆتكەنمۇ ياكى ئۇنىڭ خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلىرىمۇ ، ئىشقىلىپ ، شەھەر قىزلىرىدىمۇ كەم تېپىلىدىغان رومانتىك ھېكايىلەر ئىدى . ئەجەب ئىش ، قۇربان ئايتۇنەم ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنىدە ، قەدىردانىنىڭ كۆز ئالدىدا زۇلئاي پەيدا بولسا ، نۇرەخمەت رىسالەتنىڭ ئىسمىنى چىقاردىمۇ ، مېھرىبان ئايان بولاتتى . شۇڭا ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھېكايىلىرى لاپ بولسۇن ياكى راست بولسۇن ، ئۇنى ھاياجانغا سالاتتى ھەم ئۆزىنى شۇنىڭغا ئىشەندۈرەتتى ، كۆڭلىگە شەك كەلگۈدەك بولسا ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى …

— ھەي نۇرەخمەت ، — دېدى قەدىردان بىر كېچىسى چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ، — راست گەپنى قىلە ، زەھەر تاشلاش ئورنىغا زادى قاچام تىزىملىتىمىز ؟

— يەنە بىر ھەپتە سەۋر قىل ، قولۇمدىكى مالنى تۈگىتىۋېتەي …

— پۇلۇڭ كەملىسە مەن بېرىپ تۇراي دېدىمغۇ ...

— ئۇنىغۇ بىلىمەن . 50 مىڭ سوملۇق مالنى بىر يولىلا ئېلىۋاپتىمەن . ئازراق قالدى ، ئەمدى خوجايىنغا قايتۇرسام ئۇندىمايدۇ . ئارىمىزدا توختام بار .

— قانداق توختام ئۇ ؟

— 50 مىڭ سوملۇق خرۇئىن سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن 20 پىرسەنت ھەق بېرىش ، تۇتۇلۇپ قالسا ، ئالغان ئادەمنى پاش قىلماي ، تونۇماس بولۇۋېلىش ، ئەگەر ئۈچ قېتىم ئوڭۇشلۇق «تىجارەت» قىلالىسا ، ئۈچ قېتىملىق كىرىمنىڭ 15 پىرسەنتىنى مۇكاپات قىلىپ بېرىش ... دېگەندەك بىر مۇنچە توختام شەرتلىرى بار ...

— ئەمىسە بىر ھەپتە جۇمۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن خرۇئىن ساتمايسەن .

— مېنى خۇشتارمىكى دەمسەن ، ئامال يوق قىلىۋاتقان ئىش ، — نۇرەخمەت ئاستا شىۋىرلىدى ، — ھەي ، ئىككىلا خوتۇنۇڭ چىرايلىقمىدى ؟ ئەمما مېھرىباننىڭ گېپىنى تولاراق قىلغىنىڭغا قارىغاندا ، ئۇنى بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايسەن .

— ئۇنداق دېمە ، ئىككىلىسى گۆھەردەك باللار ئىدى ، — قەدىردانىنىڭ بۇرنىنى تارتقانلىقىدىن كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى بىلىپ قالغان نۇرەخمەت ، بۇ گەپنى سورىغىنىدىغا پۇشايمان قىلدى ، — ئەگەر زۇلئاي ھايات بولغان بولسا ، بالام 10 ـ 11 ئايلىق بولغان بولاتتى . ھازىر قەيسەر ئىككى ياشتىن ئاشتى ...

— خاپا بولما ، ئاداش ، خوتۇن ـ باللىرىڭنىڭ گېپى چىقسىلا يىغلايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم ، — دېدى نۇرەخمەت ، — لېكىن سورىغۇم كېلىپلا تۇرىدۇ ...

— سەن «نورمال ئادەم بولۇپ ، رىسالەتنى بەختكە ئېرىشتۇرىمەن» دېگەن ئارزۇيۇڭغا يېتىسەن .

— سەنمۇ ياۋاش ، ئوماق ، سەممىي بابۇنە گۈلۈڭ بىلەن قەيسەر ئوغلۇڭنى چوقۇم تاپالايسەن .

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن ، — قەدىردان بۇ قېتىم ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى .

قەدىردان بىلەن نۇرەخمەت بىر كارىۋاتتا مۇڭدىشىپ ياتقان بۇ ئۇنتۇلماس كېچە مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالدى ، ئۇلار ئەبەدىلئەبەد ۋىدالاشتى .

نۇرەخمەت شۇ كۈنى خىروئىننى بىرىگە توپلا ساتتى ـ دە ، پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن خوجايىنىنىڭ ۋاكېپۇجىندىكى پالما كۆچەتلىرى كۆكىرىپ تۇرغان ياغلىق هويلىسىغا باردى . قاياقتىندۇر پايپاسلاپ يېتىپ كەلگەن بىر چاكار ئۇنى باغ ئارقىسىدىكى راۋاققا باشلاپ ئاپاردى . نۇرەخمەت ئەمدىلا پۇلنى سومكىدىن ئېلىشى ، قاياقتىندۇر پەيدا بولغان ساقچىلار راۋاق ئەتراپىنى قورشىۋالدى . خوجايىن ، نۇرەخمەتنى باشلاپ كەلدى ، دەپ چۈشەندىمۇ ياكى قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى دەپ بىلدىمۇ ، ئىشقىلىپ ، نۇرەخمەتنىڭ كانىيىدىن قۇچاقلاپ ، تاپانچىسىنى ئۇنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ ئارقىچە داجىپ ، نۇرەخمەتنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى هەم : «قورالنى تاشلا ، بولمىسا بۇنى ئېتىۋېتىمەن» دەپ بار ئاۋازىدا كاكىردى . خوجايىن هەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتتىمۇ ، ئىشقىلىپ ، تاپانچا «ۋاڭلا» قىلىپ ئېتىلىپ ، نۇرەخمەت ئۇنىڭ قولىدا ساڭگىلاپ قالدى . بوينىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئاق كۆڭلەكنى قىپقىزىل بوياۋەتتى . ساقچىلا ئېتىلىپ كېلىشى ، خوجايىن تاپانچىسىنى ئۆزىنىڭ مېڭىسىگە نىقتاپ تۇرۇپ تەپكىنى بېسىۋەتتى ...

قەدىردان نۇرەخمەتكە هەمراھ بولۇپ بىر كېچە دوختۇرخانىدا ياتتى . نۇرەخمەت تاڭ سۈزۈلەرگە يېقىن كۆزىنى ئېچىپ تام ـ تورۇسلارغا بىر ئالايدى ، ئاندىن قەدىردانغا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دېگەندەك ، قەدىردان ئۇنىڭ ئاغزىغا قۇلىقىنى يېقىن ئېلىپ كېلىپ : «سېنىڭ كارىۋىتىڭدا بىللە يېتىپ بىر مۇڭدىشىۋالغۇم بار ئىدى ...» دېگەن گەپنى ئاڭلىيالىدى . شۇندىن كېيىنلا نۇرەخمەت بۇ دۇنيانىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنى تىرىكلەرگە قالدۇرۇپ ، 20

ياشلىق هايات مۇساپىسىنى ئاخىرلاشتۇردى ...

قەدىردان شۇ كۈندىن باشلاپ غەلىتىلا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆلۈملا پۇرايدىغان ، شۇنىڭدىن ئۆزگە يول يوقتەك ، بولغان تەقدىردىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەستەك بىلىنەتتى . ئادەم دىگەن بۇ دۇنيادا ناھايىتى كۆپ ، ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشمەكچى بولۇپ ، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ـ تىرمىشىدىكەن ، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ ھالىدىن كېتىدىكەن . بىر كۈنلەرگە كەلگەندە : «ئا ... بولدىلا ، نېمىگە شۇنچىۋالا قىلارمەن» دەپ تۇرغىنىدا ، تەقدىر بەخت ـ ئامەت گۆھەرلىرىنى يالتىتىدە قىلىپ ، يېنىڭدىلا كۆرسىتىدىكەن ، سەن يەنە قايتىدىن ئات سېلىپ قوغلايدىكەنسەن ... بۇ يولدا تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەت ، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىڭ كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدىكەن ، ئەمما ھېلىقى بەخت ـ ئامەت 40 يىلدا بىر كۆرۈنىدىغان قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك سەندىن ئۇزاپ كېتىدىكەن ، سەن ھارىدىكەنسەن ، ھېرىپ ھالىڭدىن كېتىدىكەنسەن ... «بولدى ، ئەمدى ئاشۇ لەنتى بەخت ـ ئامەتنى ھەرگىز قوغلىمايمەن ... ئۇزۇنغا چىقسۇن» دەپ ئۆزۈڭگە تەسەللى بېرىۋاتقىنىڭدا ، ھېلىقى يۈزى قېلىن ، تاۋى نازۇك بەخت ـ ئامەت يېنىڭدىلا كۆز قىسىدىكەن ... قىسقىسى ، ئادەم دىگەن بۇ ساددا ، ھىيلىگەر ، تويماس مەخلۇق بىر ئۆمۈر تەقدىرنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ ئۆتىدىكەن ...

قەدىردان كېچىچە قاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ قىلغان تۈمەن مىڭ خىياللىرىنىڭ ئىچىدە بىردىنبىر چىقىش يولى ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى ، شۇ ئارقىلىق يوقلۇق ئالىمىدە غايىب بولۇپ ، بۇ دۇنياغا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئوچىقىدا پۇچىلانىدىغانمۇ ياكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت قازىنىدا قاينىدىغانمۇ ، سەن كىملەرنى خار قىلغان ، كىملەر سېنى بېشىغا تاج قىلغان... ھەممە ـ ھەممىسىنى ئۇنتۇماقچى بولدى . بىراق ، تاڭ يورۇپ ، كۈن قىزىللىقى ياتىقىدىن مارىۋىدى ، ھاياتلىقنىڭ نەقەدەر گۈزەل ، ماتانەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . راست ، بۇ يېشىل كائىناتقا ، قۇياشلىق

ئالەمگە كىم تويۇپ ئۆتكەن؟ كىشىنىڭ تۆت كۆن بولسىمۇ كۆن سېرىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇزاقراق ياشىغۇسى كېلىدىغۇ! بولدى، قەدىردان ياشايدۇ، بېشىغا تاغ ئۆرۈلۈپ، ئاسمان ـ زېمىن ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۆلۈۋېلىشتەك چىدىماسلىقنى قىلمايدۇ ...

قەدىردان بازارغا چىقىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قايتىپ كىردى. ئۇ ئەمدىلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇشى، ئىشىك زەرب بىلەن تېپىلىشتىن جالاقلاپ ئېچىلدى. قورقۇپ كەتكەن قەدىردان ئورنىدىن دىڭگىدە سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ياتاققا سەككىز قورال-لىق ساقچى باستۇرۇپ كىردى ـ دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى قايرىپ كويزا سېلىشتى. بۇ ئەسنادا تۆت ـ بەش ساقچى قوللىرىدىكى لوم تۆمۈر، تۆمۈر كۈرەك، بولقىلار بىلەن تاملارغا ئۇرۇپ، يەرگە يېپىشتۇرۇلغان خىشلارنى قومۇرۇپ، بىردەمدىلا ياتاقنى ياڭيۇسى قې-زىۋېلىنغان ئېتىزغا ئوخشىتىپ قويدى. بىر ساقچى: «تاپتۇق» دەپ ۋارقىرىشى، باشقىلارمۇ يۇگۈرۈشۈپ بېرىشتى. قەدىردان بو-يۇنداپ بىر قاراپ چۆچۈپ كەتتى. راست دېگەندەك، ئۇلار دىۋان ئاستىنى كولاپ، قاپقارا سۇلياۋغا ئورالغان بىر تۇگۇنچەكنى سۇ-غۇرۇپ ئالدى ـ دە، ياتاق ئوتتۇرىسىدا ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچى رېزىنكىدا ياسالغان، سۇلياۋدا قۇيۇلغان ھەرخىل قېلىپلار، پولات-قا، ياغاچقا ئويۇلغان تامغىلار، شۇنداقلا ياسىلىپ تەييارلانغان پاسپورت، ئالىي مەكتەپ دىپلومى، شوپۇرلۇق پراۋا ھەم خىلمۇ-خىل تونۇشتۇرۇشلار بىلەن تولغانىدى.

— بۇ نېمىلەر؟ — سورىدى سېمىز ساقچى، — دېگىنە قېنى؟

— بىلمەيمەن ...

— بۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ تۇرسا، نېمىشقا بىلمەيسەن؟

— بۇ ئۆينى مەن سېتىۋالغان، بۇنى ھەممىسى بىلىدۇ.

— ئۆينى سېتىپ بەرگەن ئادەمنى تونۇمسەن؟

— ياق، تونۇمايمەن ...

قولىغا كويزا سىلىنغان قەدىردان گەنجياكۇ بازىرىغا چىقتى . بىر كوچا شىنجاڭلىق ئۇيغۇر بالىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى . ساقچىلار ئۇلارنى يالاپ ، گەنجياكۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ هويلىسىغا توپلاپ ، بىر چەتتىن تىزىملاۋاتاتتى . بۇ چاغدا غۇلجىلىق سالى پاينەكنىڭ كاۋاپخانىسىدا خوتەنلىك غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا خىنەنجىر ، ئىدرىس مودىڭ ، ئۈرۈمچىلىك دىلمۇرات ماكاش ۋە سالى پاينەكلەر چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . غەيرەت جاڭدۇ كاۋاپخانىنىڭ دەرپەردىلىك دېرىزىلىرىدىن گەنجياكۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ قورۇسىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋاتقان تۇتقۇنلار ئىچىدە تۈيۈقسىزلا قەدىردانغا كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇ كۆرگىنىگە ئىشىنەلمەي ، دېرىزە تۈۋىگە بېرىپلا چۆچۈپ كەتتى .

— سالىكا ، ئۆتكەندە مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن قەدىردانىنى تۇتۇۋاپتۇ ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ سىرتقا قاراپ قويۇپ ، — ئۇ بالا هەرگىز ساتمايدۇ .

— نەسىللىك تاي مېڭىشىدىن بىلىنەر ، دېگەندەك ، — دىلمۇرات ماكاش گەپ قىستۇردى ، — ئۇ پۇلنى ئانچە دوست تۇتمايدىغان ، ئالىقىنى كەڭرى ، هىممەتلىك ، بولىدىغان بالىكەن ئەمەسمۇ .

— سىلەر چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار ، مەن چىقىپلا كىرىمەن ...

سالى پاينەك يوغان ، گەۋدىلىك ئادەم بولغاچقىمۇ ، لوڭ - لوڭ دەسسەپ كەلدى - دە ، تۇتقۇنلارنى ئۇياقتا تۇر ، بۇياققا ئۆت دەۋاتقان سېمىز ساقچىنى «شياۋتاڭ» دەپ چاقىرىشى ، هېلىقى ساقچى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى . شياۋتاڭ سالى پەينەكنىڭ ئاشخانىسىدىن دائىم تاماق يەپ تۇرغاچقا ، ئىككىسى يېقىن تونۇشلاردىن بولۇپ قالغانىدى .

— شياۋتاڭ ، مېنىڭ ئىنىمنى تۇتۇپ مېڭىپسىلەرغۇ ؟ — دېدى سالى پەينەك ، — ئۇ بىرەر چاتاق چىقىرىپ قويۇپتىمۇ ؟

— قايسىسى سىزنىڭ ئىنىڭىز بولىدۇ ؟ — سورىدى شياۋ-

تاڭ .

— ئاۋۇ ئېگىز بوي يىگىت شۇ ، — سالى پەينەك توپ ئىچىدىكى قەدىرداننى كۆرسەتتى ، — ئىسمى قەدىردان .

— ھە ، — دېدى شياۋتاڭ ، — ئۇنىڭ ئۆيىدىن ساختا گۇۋاھنامە ياسايدىغان نەرسىلەر چىقتىمۇ ؟

— خاتالىشىپسىلەر ، — دېدى سالى پەينەك شياۋتاڭنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويۇپ ، — ئۇنىڭ بىرىنچىغا كەلگىنىگە تېخى ئىككى كۈن بولدى . ئۇ ئۆيىنى باشقىلاردىن سېتىۋالغان ، ساختا گۇۋاھنامە ياسايدىغان نەرسىلەرنى بۇرۇن ئولتۇرغانلار يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن . ئىنىم ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان بالا ئەمەس .

— ھى ... شۇنداقمۇ ؟ — شياۋتاڭ بېشىنى قاشلاپ سەل تۇرۇۋالدى ، — سالى چوڭ ئاكا ، سەل ساقلاپ تۇرۇڭ .

شياۋتاڭ ئالدىراپ كېتىپ قالدى . ئۇ گەنجياكۇ ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھويلىسىغا توپلىشىپ كەتكەن تۇتقۇنلارغا قاراپ : «كادىداڭ ... ھەي كادىداڭ !» دەپ بىر نەچچە قېتىم ۋارقىرىشى ، قەدىردان خۇددى بۇ يەرگە جاڭ يۇڭچىڭ ، لۇڭ داتۇ ، ياڭ مىڭسەن خوجايىنلار كېلىپ قالغاندەك ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى . «مەن» دەپ ۋارقىردى ئۇ . سېمىز ساقچى ئۇنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋېتىپ ، سىرتقا ئېلىپ چىقتى ـ دە ، سالى پاينەككە تاپشۇردى . قەدىرداندا چوقفىسىدا چېچى يوق ، لېكىن گەدىنىدىكى سارغۇچ بۇدۇرە چاچلىرى ئارقىسىغا قايرىلىپ تۇرغان بەستلىك ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى . ئۇلار كاۋاپخانىغا كىرگەندىن كېيىنلا ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا خېنەنجىر ، ئىدرىس مودىڭ ، دىلمۇرات ماكاشلارنى كۆرۈپ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى . قەدىردان بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغرى ھەم يانچۇقچىلارنىڭ پىر ئۇستازى ئىدرىس مودىڭدىن باشقىلارنى ياخشى كۆرەتتى . ئىدرىس مودىڭ توغرا كەلسە ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يانچۇقىغا قول سېلىشتىن يانمايدىغان نىيەتتى يامان ئادەم ئىدى .

— ھەي سىنى نىمىشقا تۇتتى؟ — دېدى غەيرەت قاپىقىنى ئاچماي، — نىمىگە ئۇنچىقماي تۇرىسەن، گەپ قىلە!
— ساقچىلار ياتاققا باستۇرۇپ كىرىپ، ساختا گۇۋاھنامە ياسايدىغان نەرسىلەرنى تېپىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تۇتۇپ چىقتى...
— ئەبەي گىتارنىڭ بالاسىغا قاپسەن - دە، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ.
— ھەيي ئۇكا، نىمانچە جۇدەپ كەتتىڭ؟ — دېدى سالى پەينەك قەدىردانغا سەپسېلىپ، — سەنمۇ چېكىددىغان ئوخشىمامسەن؟
— چېكىمەن ... — قەدىردان يەرگە قارىدى.
— ھەي بالا! — سالى پاينەكنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — زادى سېنىڭ تاشلايدىغان نىيىتىڭ بارمۇ - يوق؟
— بار ... تاشلىمىسام زادى بولمايدۇ ...
— غەيرەت، مەن 4 مىڭ سوم ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى سالى پاينەك گەدىنىدىكى بۇدۇرە چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — سىلەر ئۈچ خوتەنلىك مىڭ سومدىن 3 مىڭنى چىقىرىڭلار، 7 مىڭ سوم بىلەن ماۋۇ ئاداشنى زەھەر تاشلاش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرەيلى.
— مېنىڭ ئىش - ئوقىتىم ياخشى ئەمەس، — دېدى ئىدرىس مودىڭ قاپىقىنى ئۇششۇتۇپ، — مىڭ سوم پۇل چىقىرالمايمەن.
— بولدى، ئاغىنىلەر، — دىلمۇرات ماكاش ھەممىگە قارىدى، — ئىدرىستىن پۇل ئالماق قىدام كەكىگە ساپ تاپماقتىنمۇ تەس ...
ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. قەدىردان قىزىرىپ كەتكەن ئىدرىس مودىڭغا مىختەك قادالدى.
— غەيرەت، ئەيسا، مەن ئۈچىمىز مىڭ سومدىن 3 مىڭ سوم چىقىرىمىز، — دېدى دىلمۇرات ماكاش، — بۇ زەھەر تاشلاش ئورنىنىڭ رەسمىيەت پۇلىغا يېتىدۇ. ئەمدى بۇنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىغىچۇ؟
— ھەي جاڭدۇ، — سالى پاينەك غەيرەتكە قادالدى، — بۇ

بالا ، بىرنى بىر دېگۈلۈك ، يۇرتلۇقۇڭ بولغاندىن كېيىن سەنمۇ قاراپ تۇرما .

— چاتاق يوق ، سالىكا . ئاش ـ تاماق ، ئالماشتۇرىدىغان ئىچ كىيىملىرىڭچە يەتكۈزۈپ بېرىمەن .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا خېنەنجىر ئىككىسى قەدىردانىنى «بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى زەھەر تاشلاش ، ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورنى»غا 7 مىڭ سوم پۇل تۆلەپ كىرگۈزۈپ قويۇشتى . بۇ ئورۇننىڭ مۇھىتى ئىنتايىن پاكىز بولۇپ ، قەدىردان كىرگەن هامان مۇنچىغا چۈشۈپ ، مۇشۇ ئورۇننىڭ فورما كىيىمىنى كىيدى .

ئايدىڭ كېچە ، بېيجىڭ ئاسمىنى خۇددى ئەتتارلار ساندۇقىدىن تۆكۈلگەن ئىنجۇ مەرۋايىتلاردەك يۇلتۇزلارغا تولغان ، ئۆكتەبىر ئايلىرىنىڭ سالقىن شامىلى چىقىپ تۇراتتى . سەرگەردانلىق هاياتىدا بىرىنچى قېتىم كەڭ ،ئازادە ، پاكىز يوتقانلار ئىچىدە ياتقان قەدىردان دېرىزىدىن ماراپ تۇرغان ئايغا قارىغىنىچە شېرىن خىياللار قايىنىمىدا ئۆزمەكتە ئىدى ... راست ، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى سۇپسۇزۇك ياشلاردا سۆيۈملۈك ئايالى مېھرىبان ، ئىككى ياشتىن ئاشقان ئوغلى قەيسەر ئايان بولماقتا ئىدى . ئەنە ، بەدىنىدىن مۇشكى ـ ئەنبەر ھىدلىرىنى تارقىتىپ مېھرىبان ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ ... ئانا سۈتى تېنىگە سىڭىپ كەتكەن قەيسەر تاتلىق ، چۈچۈك تىللىرى بىلەن : «ئاپا ، دادامنىڭ ئېڭىكىگە ساقال چىقىپتۇ» دەپ ، كىچىك ئالىقانلىرىدا يۈزلىرىنى سىلاۋاتىدۇ ...

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

قەدىردان ئايالى بىلەن ئوغلىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ، ئۇ-
لارنى سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەپ تۇرغان مۇشۇ دەقىقىدە ، مېھرىبانـ
ـمۇ ئىككى ياشتىن ئاشقان ئوغلى قەيسەرنى پەپىلىگەچ ھېكايە
سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاۋاتقان
ئاي دېرىزىدىن سىڭايان ماراپ تۇراتتى . قەيسەر گەرچە «قاقچى
بالا » دېگەن بۇ ھېكايىنى ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا ئاڭلاپ تۇرسىـ
ـمۇ ، يەنە ئاڭلىغۇسى كېلەتتى ، مېھرىبانمۇ سۆزلەپ زېرىكمەيتتى .
ئەمما ، ئىككى يېرىم ياشلىق بالا قانچىلىك چۈشىنىپ كېتەر ؟
مېھرىبان بۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشمايتتى . ئۇ «قاقچى بالا » ، «بالا
سەيگۈيۇەن » دېگەن بۇ ھېكايىنى راست گەپنى قىلغاندا ئۆزى ئۇـ
ـچۈن ئېيتاتتى . مانا شۇ تۇرقىدىكى ئۇنىڭ خۇددى ئەللەي ناخشىسىـ
ـدەك بىر خىل چىقىۋاتقان مۇڭلۇق ئاۋازىدىن قەيسەرنىڭ كۆزى
ئۇيقۇغا كەتتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇيقۇلۇق غودۇڭشىدى :

— ئاپا ، قاقچى بالا ...

— بولدى ، قوزام ، ئەمدى ئۇخلىغىن . ئەتە ئىككىمىز قەلەي
دۇكىنىغا بارىمىز .

— ئاپا ، ئىككىمىز راستلا كاۋاپ ساتالامدۇق ؟

— ئاۋۋال كاۋاپدان پۇتسۇن ، ئۇندىن كېيىن كۆرەرمىز .

مېھرىبان راستىنلا كاۋاپچىلىق قىلىشقا بەل باغلىغانىدى .
ئۇ يېقى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگىنىگىمۇ بىر يىلدەك بولۇپ قالـ
ـدى . ئابدۇرۇسۇل ھاجىم ساقلاپ بېرىۋاتقان 7 مىڭ سوم پۇلدىن
تۇرمۇش چىقىمى ، ئۆي ئىجارىسىگە ئىشلىتىپ ، ھازىر 2 مىڭ
نەچچە يۈز سوم قاپتۇ . مېھرىبان بىكار يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايـ
ـدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمدى بانكىدا 22 مىڭ سوم بار دېگەن

بىلەن ، ئۇ بىر نەچچە يىل تۇرمۇش ، ئۆي ئىجارىسىگە ئاران يېتەر !
لېكىن مېھرىباننىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغان چوڭ ئىش ، قەيسەر
كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ . ئۈچ ياشقا كىرگەن ھامان
يەسلى تەربىيىسى ئېلىشى ، ئالتە - يەتتە ياشقا كىرگەندە ئوقۇشى
كېرەك . ئۇلارغا پۇل بولمىسا بولامدۇ ؟

ئۆي ئىگىسى تۇردىخاننىڭ بىر پۇتى ئاسقاقلاپ ماڭىدىغان 13
ياشلار چامىسىدا بىر ئوغلى بولۇپ ، ئىسمى ئەكبەر ئىدى . ئۇنى
مەكتەپتە باللار «توكۇر» دەپ مەسخىرە قىلغاچقا ، 5 - سىنىپنى
پۈتتۈرمەيلا چىقىۋالدى . مېھرىبان تۇردىخانغا ئەكبەرنى كاۋاپچىد-
لىققا ياردەملىشىپ بېرىشىنى دېۋىدى ، ئۇ ئايال بۆلەكچىلا خۇشال
بولۇپ كەتتى .

شۇڭا مېھرىبان قەلەيچى ئۇستامغا كاۋاپدانىنىڭ ئۆلچىمى ،
شەكلى قاتارلىقلارنى دەپ بۇيرۇتۇپ قويغانغا ھەپتە بولۇپ قالدى .
ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ دادىسى ، ئانىسى بىلەن كاۋاپچىلىق قىلغاچ-
قىمۇ ، كەسپىي جەھەتتىن ھۆددىسىدىن چىقىشقا كۆزى يېتەتتى .
لېكىن ، ھەممە كاۋاپ بازارلىرىنى قىدىرىپ يۈرۈيدىغان دادىسىنىڭ
كۆزىگە بىر كۈنى بولمىسا ، بىر كۈنى چېلىقىپ قېلىشىدىن ئەنسى-
رەيتتى . ئەگەر ئابابەكرى كۆرۈپ قالسا ، قىزىغا ھەرخىل بېسىم-
لارنى ئىشلىتىپ ئۆيىگە كۆنۈۋېلىشى ، خروئىن ئۈچۈن پۇل تەلەپ
قىلىشى مۇقەررەر ئىدى . ھازىر ئۇ خروئىن ئەتكەسچىلىرىنىڭ
گراملىق پارچە خروئىنلىرىنى سېتىپ بېرىپ ، پايدىسىغا قالغان
خروئىننى چېكىپ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ . قورۇنى ساتقان
پۇللارنى مېھرىبان بار چاغدىلا چېكىپ تۈگىتىشۋەتكەنىدى .

ئەتىسى ئەتىگەن مېھرىبان ، ئەكبەر ئىككىسى كاۋاپدانىنى ھار-
ۋىغا بېسىپ ئېلىپ كەلدى . كاۋاپدان شۇنچىلىك نەپىس ياسالغان-
كى ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى قەلەي نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ، چاي
دەملەيدىغان ، زىخ تاشلايدىغان ، لازا ، تۇز ، زىرە قاچىلىرى قويىد-
غان ئورۇنلىرى بار . شۇ كۈنىلا مېھرىبان بىلەن ئەكبەر ئىككىسى
قەيسەرنى تۇردىخانغا تاشلاپ قويۇپ ، گۆش توپ سېتىش بازىرىغا

بېرىپ ، گۆش ، جىگەر ، ئۆپكەي قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىشتى . مېھرىبان كېلىپلا گۆش ، جىگەر ، ئۆپكىلەرنى توغراپ تەييارلاپ ، ئەكبەر ئىككىسى زىخلارغا ئۆتكۈزۈپ تەييارلىدى . ئۇلار كەچكە يېقىن ھەممە سەرەمجانلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ كەچلىك بازارغا ئېلىپ ماڭدى .

— ھەي مېھرىبان ، بازار باشقۇرۇشنىڭ رەسمىيىتى يوقلا بازارغا چىقماقچى بولۇۋاتىسىلەر ، — تۇردىخان ئەنسىرەپ قالغاندى ، — ھەممە نىمەڭلارنى مۇسادىرە قىلىۋالمىسا بولاتتىغۇ ...

— خاتىرجەم بولۇڭ ، تۇردىخان ھەدە ، — دېدى مېھرىبان كۈلۈپ ، — مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ئامىنىدەم ئىككىمىز بازار باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بارساق ، ئۇلار ، ھازىرچە بازارغا چىقىۋېرىڭ ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تىجارەت كىنىشكىسىدىنى ھەل قىلىپ بېرىمىز ، دەپ ، رەسىم ۋە باشقا رەسمىيەتلىرىمنى ئېلىپ قالدى .

— مۇنداق دەڭ ... سىزمۇ پۇختىكەنسىز ، قىزىم .

شۇ كۈنى مېھرىبان بىلەن ئەكبەرنىڭ قولى قولىغا تەگمەي قالدى . ئۇلار دەسلەپ دۇكان ئاچقانلىقى ئۈچۈن ، گۆش ، جىگەر ، ئۆپكىلەرنى زىخقا جىق - جىق ئۆتكۈزدى ھەم دەملەنگەن چايلارنى قويۇپ ، مېھمانلارنىڭ نەزەر - كۆزىرىدىن ئۆتتى . ئەكبەر خۇددى كاۋاپچىلىققا يارالغاندەك ، زىل ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ ، كەچلىك بازاردا خېرىدار چىللاۋاتقان كاۋاپچى ، زاسۇيپەز ، لەڭپۇڭچىلارنىڭ سەردارى بولۇپ قالدى :

— ئالامەت ، ئاغىنىلەر ، ئالامەت ! ئوتنىڭ ئۆچىنى يېگەن ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچكەن ، خوتەننىڭ تاشتۇزىنى يالىغان پاخلاننىڭ دېيمە ! بىرنى يېسەڭ ئارماندا ، ئىككىنى يېسەڭ دەرماندا ، ئۈننى يېسەڭ ئۈچۈپ كېتىپ ئوڭداڭغا ...

بۇ ئەسنادا مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ئامىنەم ۋە بازار باشقۇرۇشنىڭ بىرنەچچە خادىمى - باشلىقلىرى كېلىپ مېھرىبانىنى مۇبارەكلىدى ، شۇنداقلا كىچىككىنە تۇرۇپ ، يۇقىرىغا

يۈلىنىۋالماي ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى چوقۇم قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . دەسلەپتە ئورۇن ، خېرىدار ، مەنمەنلىك تالىشىپ زوتالىق قىلغانلارنىڭ چال-مىسى سۇغا چىلىشىپ ، ئۇنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ...

شۇ كۈنى ئۇلار بارلىق ماتېرىيال پۇلىنى چىقىرىۋېتىپ 106 سوم پايدا ئېلىشتى . گەرچە ئەكبەرنىڭ بىر بازارلىقىنى 30 سوم-دىن سۆزلەشكەن بولسىمۇ ، مېھرىبان ئۇنىڭغا 36 سوم بېرىۋىدى ، ئۇ خىجىل بولغىنىدىن بىر هازاغىچە پۇلنى ئالالماي كەتتى .

— بۇنىدىن كېيىن ، — دېدى مېھرىبان پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، — هەر كۈنلۈكى كىرگەن پايدىغا قاراپ ، ئىش هەق-قىڭنى ئۆستۈرۈپ بېرىمەن .

— بولىدى قىلىڭە ، هەدە ، — ئەكبەرنىڭ خۇشلۇقتىن كۆزلى-رى يۇمۇلۇپ كەتكەندى ، — بىر بازارلىقىمنى 30 سومدىن بەر-سىڭىزمۇ ، ئايلىقىم 900 سوم توختايدىكەن ئەمەسمۇ .

مېھرىبان بۈگۈن كېچە خاتىرجەم ئۇخلىيالىدى ، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ 70 سوم پۇل تاپقانىدى . ئەلۋەتتە ، بۇ دەسلەپكى قەدەم ئۇنىڭدا تۈگىمەس بىر ئىشەنچنى تۇرغۇزدى . ئەگەر ئىنسان ئۆزىنى ئەمەس ، كۈچىنى ، ئەقلىنى خار قىلالىسا ، ئامەت هەر قاچان ئۇنىڭغا چىراي ئاچىدۇ . مېھرىبان ئەمدى بىرەر كىمگە : «بىر يېتىم بالام بار ، ماڭا ساخاۋەت قولۇڭلارنى سوزساڭ-لار . مەندىن يانمىسا ، خۇدايىمدىن يانار » دەپ ، ئۆزىنى خورلايدى-غان ، باشقىلارغا يېلىنىپ يۈزىنى سۆرۈن قىلىدىغان ئىشنى هەر-گىز قىلمايدۇ . كونىلاردا : «تىلىگەننىڭ هۇزۇرى تىلىگەن ۋاقتى-دىكى خورلۇققا يەتمەيدۇ» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ .

دەرۋەقە ، مېھرىبان بۈگۈنكىدەك خۇشال بولۇپ باقمىغانىدى . كىم بىلىدۇ ، بەزىلەر ، ئارانلا 70 سومغۇ ، تارتقان جاپاسىغا تۇش-لۇق مەنپەئەت بولمىسا ، دېيىشى مۇمكىن . راست ، ئۇ گۆش توپ سېتىش بازارلىرىغا باردى ، نەچچە قاسساپ ، نەچچە دۇكاندارلارغا چىرايلىق گەپ قىلىپ ، ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىنى ئالدى . ئۇنى

كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ ، توغراپ ، خۇرۇچلىرىنى تەڭشەپ تەييارلىدى ، كۆمۈر چېقىپ كاۋاپدانغا ئوت سالدى . كەچلىك بازاردا ئولتۇرا كىچىكچە ۋارقىراپ ، خېرىدار چاقىرىشتى ، ئۇلارغا چاي تۇتۇپ خىزمىتىدە بولۇشتى ... شۇنداق ، بۇ 70 سوم ئاشۇنداق كۆرمىگەن ئۆتكەل ، دەرۋازىلاردىن ئۆتۈپ ، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ، پېشانىلەردىن ئاچچىق تەر قۇيۇلغاندىلا كەلگەن 70 سوم ! شۇڭا ئۇ ئانىنىڭ سۈتىدىن ھالال ھەم شۇنچە تاتلىق ، شۇنچە بەرىكەتلىك ! چۈنكى پاكىز ئەجىر تەرىدە نەملەنگەن بىر سىقىم توپا ھارامىلىق سۆيىدە يۇغۇرۇلغان تاغدىن ئېغىر ھەم قىممەتلىكتۇر ...

مېھرىبان يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان قەلب سادالىرى تەسىرىدە ھاياجانلىق ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقان مۇشۇ كېچىدە ، ئابابەكرىمۇ ئۇخلىمىغانىدى . ئۇنىڭمۇ جىيەكلىرى قورۇقلار بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن يوغان ـ يوغان ياش تامچىلىرى سىرغىپ چۈشۈۋاتاتتى . توۋا ، ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ ؟ قىزى مېھرىباننى ، نەۋرىسى قەيسەرنى سېغىنىپ ئاھ ـ نالە قىلىۋاتامدۇ يا ؟ ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ . خام سۈت ئەمگەن ئىنسان ئەمەسمۇ ! بەلكىم بۇچاغقىچە قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە ئۆكۈنۈپ ، پۇشايمان زەردابلىرى ئىچىۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئەلۋەتتە ، مېھرىبان ئۆزىنىڭ پۇشتىدىن تامغان جىگىرى ـ دە ! ئۇنىڭدەك قائىدە ـ يوسۇنلۇق ، شەرم ـ ھايالىق ، پەردىشەپلىك قىزدىن بۇ ئىقلىمدا يەنە قانچىسى باردۇ ؟ مانا بىر يىلدىن بېرى ئۇ خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەكلا يوقاپ كەتتى . ئابابەكرىنىڭ بارمىغان ـ كەزمىگەن يېرى قالمىدى ، ئىزدە ـ ئىزدە ئاخىر زېرىكتى . قىزىنى داۋاملىق ئىزدەۋېرەي دېسە ، ئۇنىڭ گېلىنى كىم باقىدۇ ؟ چېكىدىغىنىنى ئۇتتۇرلۇق ئەكېلىپ بېرىدىغان ئۇنىڭ بىر يەرگە سېلىپ قويغان خىروئىن زاۋۇتى بارمۇ ؟ ! تېخى ئابابەكرىنىڭ خۇمارىنىڭ ئەسكىلىكىنى دېمەيلا قويۇڭ ! ئۇ قانچە ۋاقىت ، قانچە كۈن ئۆزىنى تاملارغا ئۇرۇپ ، يەرلەردە يۇمىلاپ ، ئۇتتۇر كەلگەن نەرسىلەرگە ئۇسۇپ ، قاش ـ قاپاقلىرىنى يېرىپ ، يۈزلىرىنى مۇرلاپ ، بىلەكلىرىنى

چىشلەپ ، غالجىر ئىتنىڭ ئۆزىلا بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ . ئاخىر تېنىدە مىسقالچە ماغدۇر قالماي ، ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالىدۇ . ئۇ بىر سائەتتە ھوشىغا كەلدىمۇ ياكى ئون سائەتتىمۇ ، ھەرگىز ئاڭقىرالمايدۇ ، پەقەت يىقىلغاندا قاراڭغۇ ، ھازىر يورۇق ئىكەنلىكىنى خىرە ـ شىرە ئەسكە ئالالايدۇ . ھوشىغا كېلىپ ئەي- نەككە قاراپ سالغۇدەك بولسا : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم !» دېيىشتىن يانمايدۇ . چۈنكى ئۇ ، ئەينەكتىكى باشقا بىر كىشى ئوخشايدۇ ، دەپ ، ئۆزىنى ئۆزى تونۇيالمايدۇ . بۇ ئاۋاق ئەبگاھ : «ھاياتىمدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ مۇشۇنداق سەمرىپ باققان بولسامچۇ» دەپ ھېجىيىدۇ تېخى ! دېمىسىمۇ ئۇنىڭ يۈزى نەلەرگىدۇر ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ، خۇددى پۇدىگەن دوۋساقتەك پارقىراپ ، ئىششىپ كې- تەتتى . ئەڭ يامىنى ، ئالچاڭلاپ ماڭالمايتتى . چۈنكى ، ئابابەكرى قاتتىق قىينىلىپ دوزاخ ئازابىنى تارتىۋاتقاندا ، چوڭ ـ كىچىك تەرىتىنىڭ قاچانلاردا يار كەتكەن ئازمىدەك كېتىپ قالغانلىقىنى تۇيمايتتى . مىلىشلاپ كەتكەن تامبالنى يوغان داسقا چىلاپ ئارقىغا قاراپ تۇرۇپ يۇياتتى . كونىلار ، ئۆزىنىڭ تېزىكى ئۆزىگە پۇرا- ماس ، دەيدىغان ، بىراق خىروئىن چەككەن ئادەمنىڭ نىجاستى نورمال ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بەتبۇي پۇرايدىغان چېغى ! ئەگەر قىزى مېھرىبان بولغان بولسا ، ئاشۇنداق چاغلاردا ئەسقاتىما- تى ... ئابابەكرىنىڭ بىر ئىشقا زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى : مېھرىبان بىر يىلدىن بېرى بالىسى بىلەن قانداق جان ئېتىۋاتقاندۇ ؟ يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەك ، ئۆي ئىجارىسى ، كىچىك بالىنىڭ ھەرخىل چىقىملىرى ، تېخى دوختۇرخانىنىڭ دورا ، داۋا- لاش پۇللىرى ئۆرلەپ كەتتى ... «قەدىردان ئۆي چىقىملىرىغا 400 سوم تاشلاپ قويۇپ كەتتى» دېسە ، خىروئىندا كولدۇرلاپ كەتكەن قاپاق كاللىسىنىڭ ئىشەنگىنىنى كۆرمەمدىغان ! ئۇ 400 سوم ھەر كېچىسى قوشكېزەك تۇغىدىغان نەسىللىك پۇل ئەمەستۇ ؟ ئەمىسە مېھرىبان ھېلىقى ...

خۇدايىم مۇشۇ ئايال خەقنىزە ئەجەب ئامەتلىك يارىتىپتىكەن .

راست ، ئۇلار دەسمايە سالمايلا پۇل تاپالايدۇ ، مەڭگۈ خورىماس بايلىق گۆھىرى بار . ئەسلىدە خىروئىننى مۇشۇ قىز - چوكانلار چەكسە تۈز تامغۇدەك . خۇمارى تۇتقان هامان پۇل ئۆزى بىلەن بىللە ... مۇشۇنداق زىل تەرەپلەرنى ئويلىغاندا ، ئادەمنىڭ خوتۇن كىشى بولۇۋالغۇسى كېلىدۇ .

ئابابەكرى مېھرىباننىڭ تۇرمۇش ئىشىنى تەھلىل قىلىپ ، ئۆزىچە پەلسەپىلىك پىكىرلەر قايىنىمىغا چۆككەندەك بولدى ، ئۆزىدىنىڭ ئەر يارىلىپ قالغىنىغا سەل ئېچىنغاندەك بولۇپ : «خۇدايىم ئېزىپتۇ ...» دەپ ئويلىدى . ئەمما ، قىزىنىڭ ئۇنداق يوللارغا قەدەم ئېلىشىغا ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى . مېھرىبان كىچىكىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا ئايان ، ئۇ ئۆلسىمۇ بۇنداق يولغا مېڭىشى مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنداقتا ئۇ نەدىن كەلگەن كىرىم بىلەن بىر يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتىدۇ ؟ ئېھتىمال قەدىردان ئۆزىنىڭ پات ئارىدا كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ نۇرغۇن پۇل قويۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن . چۈنكى ، ئۇ مېھرىباننى جېنىدىن ئەزىز ياخشى كۆرىدۇ ... ئۇنداق بولمىسا ، مېھرىبان دوستلۇق ئاھالىلەر رايونىدا ئولتۇرغاندا ، ھەر كۈنلۈكى كۆكتات ، گۆش ، تاتلىق - تۈرۈم ، يەل - يېمىشلارنى نەدىكى پۇلغا ئالىدۇ ؟ ئەمىسە مېھرىبان ئۇ پۇللارنى نەدە ساقلىغاندۇ ؟ ھەرگىز ئۆيگە قويمايدۇ . بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا قويغان تەقدىردە ، چاشقان يەپ كېتىدۇ . توغرا ، ئۇ بانكىغا قويۇۋېتىپ ، ھەر ئايدا ئاز - ئازدىن ئېلىپ ئىشلەتكەن گەپ . ئەمىسە چەك نەدىدۇ ؟ مېھرىبان ئەقىللىق قىز ، ئۇ بالىسىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن بولسىمۇ چەكنى ھەرقانداق ئادەم ئالالمايدىغان ھەم ئويلاپ يېتەلمەيدىغان يەرگە يوشۇرۇشى ئېنىقلا !

ئابابەكرىنىڭ كۆڭلىگە بىر گۇمان سايە سېلىشى ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . دېرىزىدىن چۈشكەن بىر دەستە ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ ئورۇقلاپ قىلتىرىقتەك بولۇپ قالغان سەت سىياقى ئۆي ئوتتۇرىسىدا چوقچايدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىزى مېھرىباننىڭ ئىچ كىيىملىرىدىن كالتە ئىشتىنى بىلەن باغىرىدىقى ئايان بولغاندا

دى . ھەي ئىسىت ! بۇ ئالتۇن ئەقىل نېمە ئۈچۈن شۇ چاغلاردا كەلمىگەن بولغىيتتى ! ئۇنى ئۇيقۇ دورىسى ئارقىلىق ، ئەگەر تۇيۇپ قالسا بىرەر نەرسىدە ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ ، ئالدى بىلەن كالتە ئىشتىنىنى ، ئاندىن باغىردىقىنى سالدۇرۇپ كۆرۈش كېرەك ئىدى . ئېنىقكى ، ئۇلارغا تىكىلگەن كىچىك يانچۇقلاردا نۇرغۇن پۇللۇق بىر قانچە چەك بولۇشى مۇمكىن . كىم بىلىدۇ ، قەدىردان تويدا ئېلىپ بەرگەن ئالتۇن بۇيۇملارمۇ ئاشۇ يانچۇقلارنىڭ بىرىدە- مۇ ؟ ! ۋۇي ھىيلىگەر قانجۇق ، مېنى ئېتىكىڭگە سېلىپ ياڭاقتەك ئوينىتىپسەن - دە ! خەپ ، مەن سېنى تاپماي قويمايمەن ...

ئەي جانابىي ئاللا ، ئابابەكرىمۇ سېنىڭ مۆمىن بەندىلىرىڭ تىزىملىكىدە بارمۇ ؟ ! ئۇنى سەن ئىككى مۇسۇلماننىڭ پۇشتىدىن ياراتقانمۇ ؟ قانداق بولۇپ ئېزىپ - تېزىپ يارىتىپ قويغانسەن ؟ «يارىتىشنى مەن ياراتتىم» دەپلا ، «يارىلىش ئۆزۈڭدىن» دېگەن گەپنى دېمىسەڭچۇ ! مانا ، «يارىلىش» دېگەن مۇنداق بولىدۇ ، دەپ ، بەندىلىرىڭ يۈگەنسىز ئاساۋئات ، چۇلۇكسىز بۇقا ، زەنجىر- سىز ئىتنىڭ ئۆزىلا بولدىغۇ ! ماۋۇ ئابابەكرى دېگەن نائەھلىنىڭ ئوي - خىيالى ، پىلان ، غەرەزلىرىنى ئاڭلىغانسەن ؟ ! ئەيمەنمەي ، ھايا قىلماي ، قىزىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ كۆرمەكچى بولۇ- ۋاتىدۇ ... توۋا ، بۇ لەنىتى بىر يىللىرى ئاق كۆڭۈل ، كۆيۈمچان ، سەممىي بىر ئاتا ئەمەسمىدى ! ئەمدىلىكتە بىر ئىمانسىز مەخلۇققا ئايلاندىغۇ !ئۇنى مۇشۇنداق ئىپلاسلىق ئەۋرەزلىرىگە پاتۇرغان زادى نېمە ؟ !

ئابابەكرى ئاستا ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ ، ساتىراشنىڭ كېپە- دەك پارقىراپ كەتكەن ياستۇققا بېشىنى قويدى . ئۇنىڭ كۆزىگە يەنىلا كىچىك كالتە ئىشتانغا ، باغىرداققا يوشۇرۇنغان 10 ، 20 ، 50 ، ھەتتە 100 مىڭ سوملۇق چەكلەر كۆرۈنمەكتە ئىدى ... ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، قەدىردان داۋاملىق پۇل ئەۋەتىپ تۇرۇ- ۋاتقان بولسا كېرەك ، بولمىسا مېھرىبان يالغۇزلۇق تارتىپ قې- لىپ ، ئەرگە تەگكەن بولاتتى .

ئابابەكرىنىڭ ئېسىگە دوستلۇقتىكى 320 مىڭ سوملۇق بىنا ئۆي كېلىشى ، كەيپى بىردىنلا ئۆرلەپ ، قىزى مېھرىبانىنى غايىۋا- نىسىگە تىللىتۋەتتى :

— ۋۇي زۇۋانىڭغا پوق يەيدىغان ، ئەقىلسىز قانجۇق ! بەردە- بىرمىغۇ ئۇ ئۆيگە بارالمايدىغان بولۇپ قالدىڭ ، شۇنداق بولغاندىن كېيىن مېنىڭ مەسلىھىتىمگە قۇلاق سالغان بولساڭ ، 320 مىڭ سوم پۇل پوكىنىڭنى تېشىپ چىقارمىدى ؟ ! ھازىرقىدەك خەقلەر- نىڭ بوسۇغىلىرىدا لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرمەيتتىڭ ، مەنمۇ كوچىدىكى چاشقاندەك «ئۇر - ئۇر »غا قالمايتتىم ...

دەرۋەقە ، ئابابەكرى بۈگۈن راستتىنلا كوچىدىكى چاشقاننىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ غەربىي شىمال يولى ئاسما كۆۋرۈك ئاستىدا خېرىدارلىرىغا «مال» بېرىۋاتقىنىدا ، خۇددى يەردىن ئۈن- گەندەكلا ئۈچ ساقچى پەيدا بولۇپ قالدى .كۆۋرۈك ئاستىدىكى ئال- غۇچىلار ھەم ساتقۇچىلار شۇنداق قاچتىكى ، ھەتتا سايىسىگىمۇ يېتىشەلمەي قالدى . شۇ ئەسنادا «گۇم - گۇم» قىلغان تاپانچا ئاۋازىدىن ئىشتانغا چىقىرىۋەتكىلى تاسلا قالغان ئابابەكرى سېمونت ئېرىق ئىچىگە دۈملا ياتتى - دە ، تاقىر بېشىنى سىلاپ باقتى . ئۇنىڭ ئالىقىنىغا ھۆل بىر نەرسە ئۇرۇنۇۋىدى : «ۋاي ئانامەي ، مەن ئۆلگەن چېغىم بار » دەپ يىغلاپ سالدى ، لېكىن ئالىقىنىدىكى قان ئەمەس ، تەر ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە : «ئۇھ ، خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكۈر ... » دېدى - دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە تىكىۋەتتى . ئۇ يۈگۈرۈش ، دۈم يېتىش ، يىقىلىش جەريانلىرىدا ئالىقىنىدىكى بىر گراملىق خروئىن خالتىلىرىدىن بىرى نەگىدۇر چۈشۈپ قالغا- نىدى .

— ئاھ خۇدا ، ئاھ خۇدا ، نەگىمۇ چۈشۈپ قالغاندۇ ؟ — ئابابەكرى ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى ، — مانا 350 سوم توزغاقتەك توزۇپ كەتتى ، بىر قېتىملىق خۇمار بېسىش ئەڭگۈشتەرىم يوقال- دى ، ئۇ قانداق نائەھلىگە ئۇچرىغاندۇ ؟

ھەي ئابابەكرى ! نېمانچىۋالا ئەزۋەيلەيدىغانسەن ؟ ساڭا ئەڭ-

گۆشتەر تۆيۆلغان ئۇ نەرسە باشقىلار ئۈچۈن يىلان ـ چاياندىن باشقا نەرسە ئەمەس ! سەن ئۇلارنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئالتۇننى قوشۇپ بەرسەڭمۇ ، ھەرگىز ئالمايدۇ . سەن خۇددى نەچچە يۈز يىللىق چاشقاننىڭ تاپىنى تېپىۋالغان ھۇقۇش ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان سۇمۇرغقا : «ھەي ، مەن بۇنى بۇرۇن تېپىۋالدىم ، بۇ دېگەن مېـ نىڭ !» دەپ قىززىغىنىۋاتقاندەك ئەخمىقانىلىك قىلىۋاتىسەن …

ئاق كۆڭۈل ئوقۇرمەنلىرىم ! ئابابەكرىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىـ غانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسىلەر ؟ بىز تېخى : «مېھرىبان بىلەن نەۋـ رىسىنى سېغىنىپ يىغلىغاندۇ» ، «ئەسكىلىكلىرىگە ئۆكۈنۈپ ياش تۆككەندۇ» ، «ئۇمۇ خام سۈت ئەمگەن ئىنسان» دەپ ياخشى تەرەپكە جورۇپتۇق ، لېكىن ئۇ ئاشۇ يىتۈپ كەتكەن بىر خالتا نىجىسقا يىغلاپتىكەن ئەمەسمۇ …

ئابابەكرى ئەتىسىدىن باشلاپ قىزى مېھرىباننى ئىزلەشنى باشلىۋەتتى . ئۇ «قىزىل تاغ» ، «دوستلۇق» ، «پويىز ئىستانسىـ سى» ، «يامالىق تېغى» قاتارلىق رايون ، مەھەللىلەرنى ئون نەچچە كۈن قاتراپ ، ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى ، كېيىن «داجەيگۇ» ، «لومەنچىڭ» ، «نۇرباغ» ، «يىقىلغان تاش» رايونلىرىدىكى ئاھالىـ لەر رايونلىرىغا بىر ھەپتىدىن ئوشۇق قاتناپ قۇرۇق قول قايتقىنىـ نى ئاز دەپ ، ئاسقاقلاپ ، ئارانلا كېلىۋالدى . ئۇ قىزىنى سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن بىر ھويلىغا ئۇسۇپلا كىرگەندى ، قاياقتىندۇر ئېتىلىپ كەلگەن بىر ئالا ئىت ئۇنى سۈر ـ توقاي قىلىپ قوغلاپ كەتتى . ئابابەكرى شۇنداق سەت چىرقىراپ قاچتىكى ، دەرۋازا بوسۇغىسىدىن تالاغا ئۆزىنى تاشلىشى ، ھېلىقى ئالا ئىت ئۇنىڭ پاقالچىكىگە ئىز سالدى … ئۇنىڭ پاچىقى ئىششىپ ، ھەپتىگىچە تالاغا چىقالمىدى ، لېكىن يەيدىغان نېنى ، چېكىدىغان نەرسىسى ئاخىرلىشىپ قېلىپ ، ئۆزىنىڭ كونا خوجايىنى ئىسخارنى تېپىپ ، ئۇنىڭدىن سېتىپ بېرىش ئۈچۈن «مال» ئالدى . ئۇ ئون نەچچە كۈن بازارغا چىقىپ يىگۈدەك نان ، چەككۈدەك ئاق تاماكىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن يەنە ئويلىنىپ قالدى . ئابابەكرى قاچانغىچە «مال

ساتىمەن» دەپ دەككە ـ دۈككىدە ياشايدۇ؟ ئەگەر مېھرىباننى تاپالىسا، ئۇنىڭدىن چوقۇم پۇل ئۈندۈرۈۋېلىشقا كۆزى يېتەتتى، كۆڭلىمۇ: «دەرھال ئاتلان!» دېگەندەك بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا، بىر كۈنى ئۇ قىزى بىلەن نەۋرىسىنى ئىزدەپ يەنە پىرقىراپ چىقىپ كەتتى. ئابابەكرى بۇ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇچتاش، ئات بەيگىسى مەيدانى، جەنۇبىي باغچا، ئۇن زاۋۇتى، سەنپەنگۇ قاتارلىق رايون، مەھەللىلەرنى 15 كۈن ئارىلاپ ئىزلىدى، لېكىن مېھرىباننىڭ يەنىلا خەۋىرىنى ئالالمىدى.

زەھەردەك قىش ـ زىمىستانلار ئۆزاپ، يەنە مارت ئايلىرى ئاخىرلىشىپ قالدى. لېكىن، ئابابەكرى مېھرىباننىڭ ھېچ يەردىن دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ قىزىنى تاپالماي، كەچلىك ئاپتوبۇس بىلەن يىگەن كۆلدىكى كۆرۈمسىز غەمخانىسىغا قايتتى. ئۇ ھەرقاچان ئۆيىگە قايتقاندا بالدۇرراق يولغا چىقاتتى. كوچا ئاپتوبۇسى توختاپ قالدىمۇ، پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆيىگە يىگەن كۆلنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدىن يەنە يېرىم سائەت پىيادە مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

ئۈرۈمچىنىڭ مارت ئايلىرى يەنىلا قىشقا تەۋە ئىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندۇقىدا چاپىنىنىڭ يېڭىگە قوللىرىنى كەپلەپ تىقىپ ئولتۇرغان ئابابەكرى سوُس تىترەۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بىر كىم ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، يېنىدا زوككىدا ئولتۇردى. ئابابەكرى ئۇنى تونۇيالمىدى، لېكىن چىرايى تونۇشتەكلا قىلاتتى. بىراق، زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى.

— ئاۋاكرىكا، مېنى راستىنىلا تونۇمىدىڭ ـ ھە؟ — دېدى قاراموُتۇق يىگىت، — مەن ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا دوستلۇقنىڭ كەچلىك بازىرىدا زاسۇيپەزلىك قىلغان نۇرى بولىمەن.

— ۋاي ـ ۋۇي، بولدى، بولدى، نۇرى تېكە بولىمەن دېگىنە.

— ھە، مانا ئاخىر ئېسىڭگە ئالدىڭ، — نۇرى تېكە سەل ئىچىۋالغانىدى، — ھازىرمۇ قىزىڭ بىلەن كاۋاپچىلىق قىلىۋاتامسەن؟

— نەدىكىنى ، بىر يېرىم يىل بولدى ، قىزىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن .

— نېمىشقا ئەمدى ؟ سەن قىزىڭنى كىچىك تۇرۇپلا ئەرگە بېرىۋەتكەنتىڭغۇ ؟

— ئېرى ئىچكىرىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مەن بىلەن تۇرۇۋاتاتتى ، — ئابابەكرى بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ، قىزىنىڭ ئىشىنى ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرگە دەۋېرەتتى ، — بىر كۈنى سەل جۇدۇنۇم ئۆرلەپ قاتتىقراق گەپ قىلىۋېتىپتىمەن ، شۇ ياماندلاپ چىقىپ كەتكەنچە بالىسى بىلەن يوق …

— ئېرى يوق خىجالەتچىلىكتە يۈرگەن قىزنى يېدىڭ ـ ئىچتىڭ دەپ مىننەت قىلغانسەن ، بولمىسا چىقىپ كېتەمدۇ .

— ھېلىمۇ ئىككى يىلدىن بېرى بالىسى بىلەن ئىككىسىنى مەن بېقىۋاتسام …

— ئۇ دېگەن قىز بالا ، ئاجىز ، ئەمىسە باقمىساڭ بولامتى ؟

— باقمايمەن دېمىدىمغۇ …

— ئاۋاكرىكا ، مەن قىزىڭنى بىر قېتىملا كۆرگەن ، ئېسىمدە بار ، — دېدى نۇرى تېكە ، — يۈزلىرى دۇپدۇگىلەك ، ئاپئاق قىز ، لېكىن يەردىن ئۇستۇن قارىمايدىغان بەكمۇ نومۇسچان ، شۇنداققۇ ؟

— شۇ ، شۇ .

— ئاۋاكرىكا ، بىرەر ئايدەك بوپقالدىغۇ دەيمەن ، ئەيتاۋۇر شۇنداقراق بىر قىزنى ئۇچراتتىم ، لېكىن كېيىن بىر نېمە دېيەلمەيمەن …

— ھە قېنى دېگىنە ، نەدىرەك ئۇچراتتىڭ ؟

— لېكىن شۇمىكىن دەپ ئۇمىدلىنىپ قالما ، گۇمانىمنى دەپ باقاي …

— دە ، دېگىن ، ئادەمنى رەللە قىلماي …

«سېرىق ئۆي» ئېچىۋېتىش رايونىنىڭ كەچلىك بازىرىدا نۇرى تېكىنىڭ بىر يۇرتلۇق شىرەم تۇغقىنى ئاشخانا ئاچقانىدى . بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن «سېرىق ئۆي» ئېچىۋې-

تىش رايونغا بېرىپ، تۇغقىنىنى ھەم ئۇنىڭ ئاچقان ئاشخانىسىنى كۆرۈپ، مېھمان بولۇپ كەچلەپ قايتتى. تۇيۇقسىزلا ئۇ زىلۋا، ئاق يۈزلۈك، ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك ئەرلەرنىڭ كۆزى چۈشكۈدەك بىر قىزنىڭ كاۋاپچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلدىيۇ، پەقەت ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ قىزمۇ سىنچىلاپ قارىغانسېرى يۈزىنى بەرمەي، بىردە يەرگە، بىردە خېرىدارلارغا قارىغان بولۇۋالاتتى. نۇرى تېكە قىزنىڭ ئىسمىنى سوراشقا تەمشەلدىيۇ، لېكىن تىلىنى تىيىدى. ئەگەر قىز بىردىنلا چېچىلىپ سەتلىشۋەتسە، خەقنىڭ ئالدىدا رەسۋا بولاتتى. نۇرى تېكە بۇ چىرايلىق ھەم سۇمباتلىق قىزنىڭ ئىسمىنى بىلمەي ئارماندا قايتىپ كەتتى...

— يۈزىنى بەرمىگەن بولسا چوقۇم شۇ، — دېدى ئابابەكرى كەسكىن ھالدا، — مېھرىبان ئادەتتە ئەرلەرگە تىكىلىپ قارىمايدۇ.

— بىراق، يېنىدا بىر بالا بار، — نۇرى تېكە گېلىنى قىرىپ قويدى، — ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ ساز ئېمىكەن، بازارنى بېشىغا كىيىپتۇ.

— بۇ قانچۇق ئەرگە تېگىۋالغان ئوخشىمامدۇ؟

— قويەۋاي، ئۇنداقتا موزاي يېگىت، ئىنەك كېلىن بوپقالار.

— نېمە، ئۇ بالا كىچىكما؟

— ئۇ: «ھەدە، ئانى ئېلىۋېتىڭا، ھەدە، بۇ پۇلنى ئېلىۋېلىڭ» دەۋاتسا، ئۇكىسىدەك بالا ئۇ.

— مۇنداق دېگىن...

ئابابەكرىنىڭ كۆزى ئاقىرىپ كەتكەن ئايىغىنىڭ ئۇچىغا قادالغىنىچە قېتىپلا قالدى. قارا ماۋۇ ئىشنى، چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ، دەپ، ئۇرۇمچىنىڭ بارمىغان ـ كەزمىگەن يېرى قالمىدى، قولتۇقىدا تۇرغان «سېرىق ئۆي» ئېچىۋېتىش رايونىغا بارمىغىنىنى قارا. توغرا، ئۇ يەرلەر تاۋار بىنالار چۈشۈپ ئەمدىلا ئاۋات بولۇۋاتقان رايونلار بولغاچقا، كۆزگە ئىلمىغان گەپتە...

«سېرىق ئۆي» ئېچىۋېتىش رايونىنى ئويلاپ كۆزگە ئۇيقۇ كەلمىگەن ئابابەكرى ئەتىسى سەھەر تۇرماقچى بولدىيۇ، بىراق تىجارەتچىلەرنىڭ كەچلىك بازارغا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ، سائەت 10 لارغىچە ياتتى. ئەمما، ئاچ قورساق ئۇيقۇنىڭ مەززىسى بولامدۇ؟ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈزىنى چالا - بۇلا يۇدى، ئاندىن بىر چىنە سوغۇق سۇنى دېرىزە تەكچىسىگە قويدى - دە، ئۆرە تۇرۇپلا ناشتا قىلماقچى بولدى، لېكىن ئۆيدىن قاراسلىتىپ يېگۈدەك بىرەر پارچە قاتتىق نانمۇ تېپىلمىدى. ئابابەكرى يەڭ، پەشلىرى قاسساپنىڭ پەشتامىسىدەك پارقىراپ كەتكەن بوغما چاپىنىنى كىيدى - دە، قىڭغىر - قىيسىق ئاھالىلەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، سۈيى تارتىلىپ قۇرۇپ كەتكەن سازلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ سازلىق ئىنتايىن چوڭ دائىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، باشتىن - ئاخىر ئەخلەت بىلەن قاپلانغانىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تەرەپ - تەرەپتىن تۆكۈلۈۋاتقان ئەخلەت بۇ زور مەيداننى سېسىقچىلىققا تولدۇرۇپ، دىماغلارنى ئېچىشتۇراتتى. ئابابەكرى ئەخلەتلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى ئاياغ يولى بىلەن يىكەن كۆل باش بېكەتكە يېرىم سائەتتە يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ئەمدىلا قوزغالغان ئاپتوبۇسقا چىقىۋالدى.

ئابابەكرى يول يۆنىلىشى ئۆزگىرىدىغان بېكەتتە چۈشۈپ قېلىپ، «قىزىل تاغ» ئەتىگەنلىك بازار مەيدانىغا كەلدى. بۇ بازار تىجارەتچىلىرى تاڭ سەھەردە پەيدا بولۇپ، سائەت 10 لارغىچە تارقاپ بولاتتى. ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتا ئۈچۈن ئەڭ يېنىك ھەم ئەرزان تاماقلارنى قىلاتتى. ئەتىگەندە ئىشقا ئالدىراپ ماڭغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار بىر - ئىككىدىن پىلتە قۇيماق بىلەن شۆشگۈرۈچ ياكى كۆكتات شورپىسى ۋە كۆدە مانتىسى يېيىشىپ، ئىشلىرىغا ئالدىراپ مېڭىشاتتى. تېخى بەزىلىرى بىر قاچا ئۇماچقا ھورنانىنى چىلاپ خولۇپلىتىپ ئىچكىلى تۇرسا، كېتىپ بارغانلارنىڭمۇ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلاتتى. ئابابەكرى ئەرزان تاماقنى كۆزلەپ كەلگەن

بولسمۇ ، لېكىن ئۇلار قازان ، گاز ئوچاق ، شىرە ـ ئورۇندۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ كېتىپ بولغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئاددىيغىنا بىر ئاشخانىغا كىرىپ ، سۇيۇقئاش بۇيرۇتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر ئادەم دوڭغىيىۋېلىپ بەكمۇ ئىشتىها بىلەن خولۇپلىتىپ بىر نېمە ئىچىۋاتاتتى ، بەلكىم ئۇمۇ پۇلى ئاز بولغاچقا ، مەنپەر ياكى ئۇگرە ئىچىۋاتقان بولسا كېرەك ، پات ـ پات بۇرنىنى تارتىپ قوياتتى . بىر چاغدا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، كاسسىنىڭ قېشىغا كېلىپ پۇل تۆلىدى . ئۇنىڭ ئېگىز ، قامەتلىك گەۋدىسىنى ئارقىسىدىن كۆرگەن ئابابەكرى ئىچىدە : «ئەجەبمۇ قاۋۇل يىگىتكىنا» دەپ پىچىرلىدى . ئاڭغىچە ھېلىقى يىگىت گەپ باشلاپ قالدى . ئۇنىڭ سۆزلىرى ئابابەكرىنى دەھشەتلىك ئىزتىراپقا سېلىپ ، چىلىق ـ چىلىق تەرلىتىۋەتتى :

— ئۇستام ، سىزنىڭ ئاشخانىڭىزدا مېھرىبان ئىسىملىك 18 ياشلاردىكى بىر قىز ئىشلىگەنمۇ ؟

— قىزمۇ ياكى جۇۋانمۇ ؟

— ئىككى يېرىم ياشلاردا قەيسەر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ...

— ئېسىمدە يوق ، كېلىم ـ كېتىم كۆپ بولغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ يادىدا قالمايدىكەن .

— ئۇستام ، ئەسلىرىدىن چىقىپ قاپتۇ ، — دېدى شىرەلەرنى سۈرتۈۋاتقان مۇلازىم بالا ، — بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئايىغى ، بۇدۇرە چاچ ئوغۇل بالىنى كۆتۈرگەن زىلۋا بويلۇق بىر چوكان كەلگەن ، سىلى : «كەچۈرسىلە ، خانقىز ، بالىسى بار ئاياللارنى ئىشلىتىپ باققان ، لېكىن ئۇلار ئاچقان يەرگە بارمايدىكەن» دەپ ئۇنىمىغان .

— توغرا ، توغرا ، بالىسى مەيدەمدىكى قەلەمگە ئېسىلىپ ئېلىۋالغانىدى ، خېرىدارلار : «بۇ بالا چوڭ بولسا ئالىم بولغۇدەك ، قەلەمگە ئېسىلىۋاتقىنىنى قاراڭلار» دېيىشىپ كەتمىدىمۇ .

ئابابەكرى قاچىسىنى ئېلىپلا ، بۇلۇڭدىكى بىر شىرەدە تەتۈر قاراپ ، بېشىنى چۆكۈرۈپ ئولتۇرۇۋالدى . ئۇ قەدىرداننىڭ ئۇرۇم-

چىگە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ دەھشەت قورقۇپ كەتتى . ئەگەر قەدىردان ئۇنى تونۇۋېلىپ : «قېنى مېنىڭ ئايالىم ، بالام ! ئۆيۈمنى قانداق ۋەيران قىلدىڭ ؟ » دەپ كانىيىنى سىقسا, ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ ... ئابابەكرى ھېلىقى كىچىدىكى نىقابلىق ئادەمنى ھەم ئۇنىڭ : «بۇندىن كېيىن مېھرىبانىنى يەنە پۇل تاپ دەپ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلساڭ ، سېنى بوغۇزلاشتا ئالدى - ئارقامغا قاراپ ئولتۇرمايمەن ... » دېگەن گەپلىرىنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق .

— ھەر قايسىلىرى باشقىچە ئويلاپ قېلىشمىسىلا ، — دېدى قەدىردان ئاشخانىدىكىلەرگە قاراپ ، — قېيناتام دېگەن مۇناپىق ھەر قېتىم خىروئىن خۇمارى تۇتسىلا ، ئايالىمنى «پۇل تاپ » دەپ قىيناۋېرىپ ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ . ئوغلۇم ئىككى يېرىم ياشقا كىردى ، تېخى چىرايىنى كۆرۈپ باقمىدىم . بايا : «ئاق يۈزلۈك ، بۇدۇرە چاچ ، ئوماق بالا » دېيىشىدىغلار ، يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدىم ...

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ ، — دېدى ئاشخانا خوجايىنى ، — خۇدا نېسىپ قىلسا ، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوتۇن - بالىلىرىڭىز بىلەن جەم بولىسىز ...

— رەھمەت ، ئېيتقانلىرى كەلسۇن ...

قەدىردان ئاشخانىدىن چىقىپ كەتكەن ھامان ، ئابابەكرى بېشىنى كۆتۈردى ، ئەمما ئاشخانىدىكى خېرىدارلار ، مۇلازىملار ھەم خوجايىنلار خىروئىن چېكىدىغان قېيناتىسىنى قارغاپ تىللىماقتا ئىدى .

— خىروئىن چەككەن ئادەمدە ۋىجدان ، غۇرۇر بولمايدۇ ، دېگىنى راستكەن ، قاراڭلار ، قىزىنى پۇل تاپ ، دەپ مەجبۇرلىغىنىنى ، — دېدى خېرىدارلاردىن بىرى .

— خىروئىن چەككەن ئادەم ، — ئاشخانا خوجايىنىمۇ غەزەپلەنگەنىدى ، — ھېلىغۇ قىزىكەن ، خۇمارى تۇتۇپ كەتسە ، ئۆز قولى بىلەن خوتۇنىنى سولاپ بېرىدۇ ...

— بىزنىڭ مەھەللىدە توي قىلغىلى تېخى ئىككى ئاي بولمىغان بىر ئاداش ، — دېدى مۇلازىم بالا ، — ياش خوتۇننى بىر چېكىم خروئىن ئۈچۈن سولاپ بېرىپ ، ئايالى ئەتىسىلا ئاجرىشىپ كەتمىدىمۇ...

تاياقتەك تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان تىل - ھاقارەتتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان ئابابەكرى پۇلنى تۆلەپ ئاستىلا چىقىپ كەتتى . ئۇ كوچىغا چىقىپلا تۆت ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى . ئەگەر بىرەر يەردە قەدىردان ماراپ تۇرغان بولسا ، قەيەرگە ھەم قانداق قېچىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئابابەكرى شۇ كۈنى چۈشكىچە شەھەرنى ئارىلاپ ، چۈشتىن كېيىن كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن «سېرىق ئۆي » ئېچىۋېتىش رايونىغا يۈرۈپ كەتتى .

ئابابەكرى ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ، تۆت ئەتراپقا چەكچىيىپ ھاڭۋېقىپلا قالدى . ئەسلىدە «سېرىق ئۆي» رايونى ئەتراپى شىۋاق ، قوڭغۇراق تىكەن ، پاكار ياۋا قومۇش قاپلاپ كەتكەن شورلۇق بىر يەر ئىدى . بىر - بىرىگە يۆلەپ ، نىقتاپ سېلىنىپ كەتكەن يەرلىك ئۆيلەر ، يوللارغا پۈسكايتىپ چىقىرىپ قورۇ ، ئاشخانا ، ئامبار قىلىۋالغان قورۇق تاملار ، خۇددى تازىنىڭ بېشىدىكى شالاڭ چاچلاردەك ئىمجان مايسىلار ئۈنۈپ كەتكەن ئېگىز - پەس ئۆگزىلەر ھەم ئۇنىڭغا دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئەسكى - تۇسكىلەر بۇ شورلۇق رايوننى گويا يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىككە ئوخشىتىپ قويغانىدى . مانا ئەمدىلىكتە كۆپكۆك ئاسمانغا بوي تارتقان گىل تاغدەك رەتمۇرەت سېلىنىپ كەتكەن رەڭدار بىنالار ، ئۇنىڭ كەڭ ، ئازادە سەيناسىدىكى تەتۈرسۆگەت كۆچەتلىرى ، قارلىرى ئېرىپ ئېچىلىپ قالغان چىملىقلار ، باللار ، قىرىلار بەدەن چېنىقتۇرىدىغان خىلمۇخىل تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ، ھويلىدىكى ئۆمۈچۈك توردەك گىرەلىشىپ كەتكەن چاقچۇق يوللار ، يول بەندەرلىرى ھەم دەرەخلەر تېگىدىكى شادا ئورۇندۇقلار ، چىملىقلار ئوتتۇرىلىرىغا ئورنىتىلغان بۇغا - مارال ، مۈشۈك ئېيىق ، پىل ھەم ئاتلارنىڭ ھەيكەللىرى بەجايىكى قەدىمكى زامان شاھلىرىنىڭ چاھار

باغلىرىنى ئەسكە سالاتتى . شۇنداقتىمۇ بۇ ئىچمۇيتىش رايونىنىڭ ئىككى يان تەرىپى ھەم ئارقىسىدا كىشىنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ ، ھېلىقى رەتسىز ، ئېگىز ـ پەس ، بىر ـ بىرىگە قىستىلىپ كەتكەن ئاھالىلەر مەھەللىلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ھېلىمەم بار ئىدى . بۇ يارقىن سېلىشتۇرما خۇددى شاھى تونغا پۈركەنگەن بىر شاھزادىدىن جۇلدۇر كىيىملىك بىر مەينەت دىۋانە سەدىقە تىلەۋاتقاندەك مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى . بۇ ئىچمۇيتىش رايونىنىڭ بازىرى بولسا تاۋار بىنالار ئالدىدىكى ئۇزۇن كەتكەن بىر كوچا بولۇپ ، بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاشخانا ، ناۋايخانا ، ماگىزىن ، پوچتىخانا ، داۋالاش پونكىتلىرى ، بانكا ، باجخانا دېگەندەك دۇكان ھەم ئىدارىلەر جايلاشقانىدى . تېخى ئۇششاق تىجارەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان كەچلىك بازار چوڭ مەيدانىدا نومۇر سېلىنغان تۆمۈر ساندۇقلار ، بوتكىلار رەتمۇرەت تىزىلىپ تۇراتتى... ئاغزى ئوچۇقلا قالغان ئابابەكرى ئۇزۇن كەتكەن چوڭ كوچا ھەم ئۇنىڭ تارماق خالتا كوچىلىرىغا كىردى . قىسقىسى ، بۇ يەرنى «سېرىق ئۆي» ئىچمۇيتىش رايونى ئەمەس ، يېڭىدىن بەرپا بولغان «سېرىق ئۆي شەھەرچىسى» دېسىمۇ بولغۇدەك . پاھ ـ پاھ ، بۇ نېمىدېگەن تەرەققىيات ! ئىسلاھات دېگەن زەپمۇ يامان نېمىكىنا ، ھايىنى ھۆي ، موزايىنى ئۆي دەپ بولغۇچە ، كونا ئەسكىلىكلەرنى ئەرەختەم ـ پەرەختەم قىلىپ ، بىر كېچىدىلا كاتتا شەھەرلەرنى تىكلەپ قويىدىكەن .

گۇگۇم چۈشمەيلا ، كەچلىك بازار مەيدانىغا كاۋاپچى ، زاسۇيپەز ، ئاشلەڭپۇڭچىلار ھەم ھەرخىل تىجارەتچىلەر غالتەكلىرىنى ئىتتىرىشىپ كىرىشكە باشلىدى . قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئابابەكرى ئىسسىق ناندىن بىرنى ئېلىپ قوينىغا سالدى ـ دە ، بىر چىشلەم ـ بىر چىشلەمدىن ئۈزۈپ يېگەچ ، كوچا بەندەرلىرىگە كۆز ئۈزمەي قارايتتى . ئۇ يۇمشاق ناننى ئاغزىغا كەپلەپ سېلىۋالغاچقىمۇ ، چاينىيالماي ياكى يۇتالماي كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەنىدى . ۋاي خۇدايىم ، ئۇ نېمىنى كۆردى ! ئۇنىڭ كۆرگەنلىرى راستىمۇ

ياكى شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ قىزى مېھرىبان بىلەن بىر ئوغۇل بالا رېزىنكا چاقلىق يېڭى ھارۋىنى ئىتتىرىشىپ، كەچلىك بازار مەيدانىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى ··· ئەنە، ئاۋۇ شوم مېھرىبانغا ھىجى. يىپ نېمىلەرنىدۇر دەۋاتىدۇ··· ھارۋىغا بېسىلغان نەرسىلەر نېمانچە پەيزى ـ ھە؟! ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يىللار كاۋاپچىلىق قىلىپ بۇنداق ھەيۋەت نەقىشلەنگەن كاۋاپدانىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. تېخى چاي دەملەيدىغان، زىخلارنى، خورۇچلارنى قويىدىغان يەرلىرىنىڭ ئەپ. لىكلىكىنى قارا! ئابابەكرى كاۋاپچىلىق قىلغاندا خېرىدارلار ئۇ. زۇن ئورۇندۇقلاردا قىسىلىپ ئولتۇرۇپ، يەيدىغانىنى يەپ بولۇپ، گارتىمدە كېكىرىۋېتىپ كېتىۋېرەتتى. ئەمما، بىر ـ بىرىگە قاتلاپ قويغانلىرى ئاپئاق سۇلياۋ شىرە ھەم ئورۇندۇقلارغۇ ··· خەپ قانجۇق، خەپ ··· ئاتىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى، دەپ، ئىچىمنى ئەجەبمۇ ئېچىشتۇردىڭا ···

ئابابەكرى نېمىنى ئۇزۇپ ئاغزىغا سالغاچ، دومچەك دومبىسى. نى لوكۇلدىتىپ ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. مېھرىبان بىلەن ئەكبەر قىستاڭچىلىقتا توختىسا، ئۇمۇ توختايتتى، ماڭسا، ئۇمۇ تەڭلا سوكۇلدايتتى. ئابابەكرىنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھالىتى خۇددى توپىدىن ئايرىلغان مارالنىڭ ئارقىسىغا چۈشكەن چىلبۆرىگە ئوخ. شايتتى.

مېھرىبان بىلەن ئەكبەر سېرىق سىر بىلەن سىزىلغان تىج. ارەت ئورنىغا كېلىپلا، ھارۋىدىن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى چۈ. شۈرۈپ جاي ـ جايىغا قويۇشتى. ئەكبەر كاۋاپداندىكى تۇتىشىپ تەييار بولغان قىپقىزىل چوغلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۈستىگە كۆمۈر سالدى، ئاندىن چوڭ چۆگۈنگە بىر سىقىم قارا چاي سېلىپ ئوت ئۈستىگە قويدى. مېھرىبان ئاپئاق سۇلياۋ شىرەلەرنى سۈر. تۈپ، سىركايلارنى يۇيۇپ تەييارلىماقتا ئىدى. ئاڭغىچە ئەكبەر قىپقىزىل قىزارغان چوغلارنى ئۇششاقلاپ كاۋاپدان شالاسىغا تەڭ. شەپ يېيىتتى.

— ھەدە، — دېدى ئەكبەر چوڭ داستىكى تەييار ئۆتكۈزۈلگەن

زىخ كاۋاپتىن بىر سىقىم ئېلىپ، — ئون نەچچە زىخنى بېسىپ، مەززىلىك ھىدىنى بازارغا بىر تارقىتسۇۋېتەيمۇ؟

— بوپتۇ، شۇ ئارقىلىق خېرىدارلارنىڭ كېلىشىنى بىر غىدىقلاي دېدىڭ ـ دە...

— ئالامەت، ئاغىنە باللا، ئوتنىڭ ئۇچىنى يېگەن، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچكەن، خوتەننىڭ تاشتۇزىنى يالىغان پاقلاننىڭ... بامۇ دېسەڭ، يوق دەيمەن، تۈگەپ كەتسە قالمايدۇ...

— نۇرى تېسكە دېگەندەك، — غودۇڭشىدى ئابابەكرى، — ئاۋازى سازكىنا بۇ شۇمنىڭ...

كاۋاپدان ئەتراپىدىكى شىرە ـ ئورۇندۇقلارغا بىردەمدىلا خېرىدارلار يىغىلىشقا باشلىدى. ئەكبەر ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كاۋاپدانغا گۆش، جىگەر، ئۇچەي كاۋاپلىرىنى قويۇپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ، خورۇچلىرىنى تەڭشەپ، ئۈستىگە نان بېسىپ ئۈلگۈرمەكتە ئىدى. ئۇ بىر ياقتىن ۋارقىرىسا، بىر ياقتىن: «مانا ماۋۇ ئون زىخ گۆش كاۋىپى»، «بۇ سىزنىڭ جىگەر كاۋىپىڭىز» دەپ نان ئارىسىغا، تەخسىلەرگە ئېلىنغان كاۋاپلارنى ئىككى قوللاپ سۇناتتى. مېھرىبان خېرىدارلارغا كاۋاپ توشۇپ، چاي قۇيۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى ۋە بىكارلانغان تەخسە ـ چىنىلەرنى غۇچۇرلىتىپ يۇيۇپ دەستىلەيتتى، بىر چەتتىن خېرىدارلارنىڭ پۇلىنى يىغىپ، خالتىنىڭ چوڭ يانچۇقىغا سالاتتى. ئۇ ھەر قېتىم خېرىدارلاردىن پۇل ئالغاندا، سانىغاندا، يانچۇقىغا سالغاندا، ئابابەكرى «غورتتىدا» يۇتۇناتتى، كۆزلىرى چاشقاننىڭ ھىدىنى ئالغان مۈشۈكنىڭ كۆزلىرىدەك يالتىراپ كېتەتتى...

ئابابەكرى: «بارايمۇ ـ بارمايمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ مېھرىباننىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى كۆرۈۋېلىش ئويى بار ئىدى. ھازىر بارغان تەقدىردە، ئۇ ئىككىسىنى چۆچۈتۈپ قويۇپ، بازاردىن ئۇتتۇرا كېچىگىچە كەتمەي تۇرۇۋالسا قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، ئابابەكرىنىڭ ئۇنىڭغا ئامال ـ چارىسى يوقمىكەن؟ بىرلا ۋارقىراپ ئادەم توپلاپ: «قاراڭلار، مانا

ماۋۇ ئاتىسىدىن تانغان بالا ... نامرات ، بىچارە ئاتىسىدىن نومۇس قىلىپ تاشلىۋەتكىلى بىر يېرىم يىل بولدى ... » دەپ يىغلاپ ، ئاھ ئۇرۇپ ، بىچارىلىك تونىنى بىرلا كىيسە ، مېھرىبان ھەممە خەقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قالمامدۇ ... شۇ چاغدا : «ۋاي جېنىم دادا ، يوق يەپتىمەن ... » دەپ يالۋۇرمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي ...

ئابابەكرى بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ، كاۋاپدانىنىڭ ئالدىغا كەلدى . ئۇ كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان ئەكبەرنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇردى ، ئاندىن سورىمايلا كاۋاپداندا تەييار پىشىپ قالغان كاۋاپتىن تۆت زىخنى ئىككى قولىغا ئېلىۋالدى .

— ھەي ئاكا ، بۇ باشقىلارنىڭ كاۋىپى تۇرسا ، — دېدى ئەكبەر ئۇنىڭغا ئالىيىپ ، — سىلىگە ئايرىم بېسىپ بەرسەم بولمامدۇ .

— ياق ! مۇشۇنى يەيمەن ، — ئابابەكرى ئىككى زىخنى بىر يولىلا چىشلەپ سىيرىغاندى ، ئاغزى كۆيۈپ كېتىپ ، گۆشلەر يەرگە تۆكۈلدى ، — سەن شۇمتەكنىڭ ئۇنى يە ، بۇنى يېمە دەيدىغان نېمە ھەققىڭ بار ؟

— قانداق ئۇششۇق نېمىسەن ؟ — ئەكبەر بىر سىقىم زىخنى قولىغا ئالدى ، — ھەي دوك قېرى ، ئادەم تىلىلىما ، بولمىسا ھېلى مۇشۇ زىخنى كۆزۈڭگە تىقىۋېتىمەن !

شىرەلەرنى ئارىلاپ چاي قۇيۇپ ، شىرەلەرنى سۈرتۈپ ، باشقىلارغا پۇل قايتۇرۇپ يۈرگەن مېھرىبان ئەكبەرنىڭ بىر كىم بىلەن ۋارقىرىشىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە ، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى .

— قاراڭا ، ھەدە ، ماۋۇ ئادەم باشقىلارنىڭ كاۋىپىنى بۇلاپلا يەۋالدى ...

ئەكبەر مېھرىباننىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ، پۇل سىقىمداپ تۇرغان قوللىرىنىڭ سۈس تىترەۋاتقانلىقىغا ، بولۇپمۇ جايىدا چوكا مۇزدەك قېتىپ قالغانلىقىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى . ئۇ دۈمچەك قېرىنىڭ سەت تەلەتىگە قارىدى . ئابابەكرى تەلۋە كۆزلىرىنى مىت قىلىپمۇ قويماي ، مېھرىبان بىلەن ئەكبەرگە تىكىلىپ

تۇراتتى .

— دادا ··· سەن ··· سەن ··· كەلگەنمىدىڭ ؟

— ۋۇي كەسىلە ، كەسىلە ، چوڭ دادا ، ئىچىگە كىرىپ ئول-تۇرسىلا ، — ئەكبەر ئورۇندۇق قويۇپ بەردى ، — ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ··· كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن ، خاپا بولمىسىلا ، چوڭ دادا ···

— دادا ، چاي ئىچ ، — مېھرىبان بىر سىركاي چاي قۇيۇپ شىرەگە قويدى ، — يۇمشاق نان بىلەن قوشۇپ يېگىن .

ئەكبەر مېھرىبانغا يالتىىدە قارىشى ، مېھرىبانمۇ : «گەپ - سۆزگە دىققەت قىل» دېگەندەك بىگىز بارمىقىنى لەۋلىرىگە باستى . مېھرىبان ئابابەكرىنى كۆرۈش بىلەن پۇت - قوللىرىدا گوياكى مىسقالچە مادار قالمىغاندەك بىردىنلا بوشاپ كەتتى ، شۇنداقتىمۇ خېرىدارلارنى كۈتكەچ ، چاي قۇيغاچ ، چىنە - تەخسە ، چۆگۈننى ئۇياق - بۇياققا يۆتكىگەچ ، پۈتۈن پۇللارنى قاتلاپ ئەكبەرنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى . ئابابەكرى كاۋاپداندا پىشقان كا-ۋاپلارنى «بۇ كىمنىڭ» دېمەي قول سوزۇپ يېگىلى تۇردى . قارنى يامان ھېيتتا ئۆلىدۇ ، دېگەندەك ، تويۇپ «ھىق» تۇتقاندىلا توختىدى .

كېچە سائەت 11 لەردىن ئاشقاندا ، بازاردىكى خېرىدارلار شالاڭلىشىپ ، تىجارەتچىلەرمۇ ھارۋا ، غالتەكلىرىنى ئىتتىرىشىپ تارقىغىلى تۇردى . پەقەت كەچلىك بازار بويىچە ئۇيەر - بۇيەردە ئۇچ - تۆتتىن ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىۋاتقانلارلا : «مەن ساڭا ئېيت-تاي» دېيىشىپ مۇڭداشماقتا ئىدى .

— دادا ، ئەمدى قايتىپ كەت ، بىزمۇ كېتىمىز ، — مېھرىبان خالتىنىڭ يانچۇقىدىن بىر مۇنچە پۇللارنى ئېلىپ چىرايلىق قاتلى-دى ، — مۇنۇ 100 سومنى خىراجەت قىلارسەن ···

— مەن ئەتىگەننىڭ ياقى مۇشۇ 100 سومغا ئاۋارە بولدۇمما ؟ — ئابابەكرى پۇلنى شىرەگە پاققىدە تاشلىدى ، — قېنى باياتىن بېرى شاراقلىتىپ ئالغان پۈتۈن پۇللار - ھە ؟

— بايا قاسساپ كەپتىكەن ، گۆشنىڭ پۇلىنى بەردىم . ئەكبەر

ئىككىمىزگە پايدىغا قالغان پۇلنى ساڭا بېرىۋاتىمەن .
— ھەي مىكىجىن ، مېنى تولا قاپاق سەردە جىڭلىما ، بىكار رەسۋايىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن ...
— مېنىڭ چۇۋۇلغۇدەك ئەيىبىم يوق ، — ۋارقىرىدى مېھرىبان ، — قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل !
مۇنۇ قېرى بەڭگىنىڭ قىپقىزىل ئۇششۇقلۇق قىلىۋاتقانلىقىدىن ئۆتى تاشقان ئەكبەرنىڭ مۇشتۇملىرى تۈرۈلۈپ ، كالپۇكلىرىنى چىشلىمەكتە ئىدى . ئابابەكرىمۇ ئەكبەردىن بەتتەررەك چىچاڭشىپ ، بازاردا ئاندا ـ ساندا قالغان ئادەملەرگە قاراپ پۇشۇلداشقا باشلىدى :
— بولىدۇ ئەمىسە ، سېنىڭ ئەيىبىڭ بارمۇ ـ يوق ، خەق بىر نېمە دېسۇن ، — ئابابەكرى قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى ، — دادىسىدىن ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىپ ، دادىسىنى تاشلىۋېتىدىغان بالىغا ئۇلار باھا بېرىپ باقسۇن !
— ئەمىسە ھەممە خەقنى چاقىر ، — مېھرىبان ئەكبەرگە قارىدى ، — ئەكبەر ، سەن ساقچىخانىدىكى ئەلجان ساقچىنى چاقىرىپ كەل . دادامنىڭ دېگەنلىرىنى ھەم مېنىڭ دېگەنلىرىمنى ئاڭلاپ باقسۇن !
ئەكبەر يۈگۈرۈپ مېڭىشى ، ساقچىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ئابابەكرى دەرھال ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى :
— توختا ، ھەي توخۇ پوقى ! ئال پىچاقنى دەپ بولغۇچە ، كەس چۇچاقنى دەيدىغان نېمىكەنسىنا ، — ئابابەكرى قىزىغا بۇرۇلدى ، — ھە ، سەن ساقچىغا نېمە دېمەكچى ؟
— «سېرىق ئۆي» ئېچىۋېتىش رايونىنىڭ بازارلىرىغا ، ئىدارە جەمئىيەت ئىشىكلىرىگە ئېسىلغان رامكىلارنى كۆرگەن بولساڭ بىلىپ قالىسەن .
— سەن ... سەن زادى نېمە دېمەكچىسەن ، پاخپاق قانجۇق ؟
— ئادەم تىللىما ، سېسىق بەڭگى ، — مېھرىبانمۇ تاقەت قىلالمىدى ، — بىلىپ قوي ، بۇ دېگەن زەھەردىن خالىي رايون .

مەن ئەلىجانغا ، بۇ پاكىز رايونغا زەھەر چېكىدىغان قىرى بەڭگىدىن بىرى كەلدى ، دەپلا قويسام ، تۇرمىدە چىرىپ كېتىسەن . ئەكبەر ، ماڭ يوگۈر ، چاقىرىپ كەل !

ئابابەكرى بۇ قېتىم : «ئەكبەر !» ، «ئەكبەرجان !» «ئەكـ. بەرجان بالام !» دەپ توۋلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ توختىماي يۈگۈرۈپ كەتتى . بىردەم ھاڭقېيىپ تۇرغان ئابابەكرى : «خەپ سەنلەرنى ... » دېدى ـ دە ، ئارقىسىغا قاراپ تىكىۋەتتى . چۈنكى ، ئۇ تۇرمە ئەمەس ، ئادەتتىكى ساقچىخانىلاردىنمۇ ئۆلگۈدەك قورقاتـ. تى . ئابابەكرى تۆمۈر كارىۋات ، سۇ تۇرۇبىسى ، پارۋايلارغا كويزا بىلەن چېتىلىپ ، كېچىچە لالما ئىتتەك غىڭشىپ چىققانلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق ! تېخى ستولىبىلارنى قۇچاقلىتىپ قويۇشلىرىـ. چۇ ... خۇداياتوۋا ، ئابابەكرى ئۆمرىدە خوتۇنىنىمۇ ئۇنچىلىك قۇـ. چاقلاپ باققان بەندە ئەمەس ...

ئابابەكرى شۇ قاچقانچە پىيادە شەھەرگە تىكىۋەتتى . ئۇ كېچىـ. چە ماڭە ، ماڭە ، بەش سائەتتىن ئاشقاندا ، يەنى تاڭ ئاتقاندا ئۆيىگە كېلىۋالدى . بىراق ، مېھرىبانىنى ئاران تاپقاندا مۇنداقلا بولدى قىلـ. سا بولامدۇ ؟ بۇنداق لوق گۆشنى تاشلىۋەتكەنىنىڭ ئۆزى ئەخمەق ! ئۇنى «سىرىق ئۆي» كەچلىك بازىرىدىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ چىقىدىغان بىرەر ئامالنى ئويلاشمىسا بولمايدۇ ... ئەلۋەتتە ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ سودىسى ئاقماسلىقى ، بازىرى كاساتلىشىشى ، كىشىـ. لەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىق زەربىلەر ئۇست ـ ئۇستىلەپ كېلىشى كېرەك ...

ئابابەكرى ئىككى كۈن ئۇخلاپ يېتىپ ، ھاردۇقى چىققاندىن كېيىن ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى . ئۇ بۇ قېتىم «سىرىق ئۆي»گە بېرىپ ، قىزى مېھرىبان توغرۇلۇق ئىغۋا تارقاتماقچى . كۆڭلى قىزىنىڭ كالتە ئىشتىنى ھەم باغىرىدـ. قىدىكى پۇل چېكىدە قالغان ئابابەكرى قىزىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش كويىدا ئاخىرقى زەھەرلىك پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغانىدى .

بىرەر ئادەمنى سېستىمەن دېگەن نىيەتكىلا كەلسەك، باھانە ـ سەۋەب كۆپ تېپىلىدۇ. خروئىن تۇتۇنلىرىدە ئادىمىلىك- دىن مەھرۇم بولغان رەزىل بەندە ئابابەكرى كېچىدىن كۆڭلىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالغان ئىككى خىل سۇيىقەست ۋە تۆھمەت ئارقى- لىق قىزىنى بوي ئەگدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىرىنچىسىنى مەيدانغا چىقارغان ھامان، مېھرىبانىنىڭ سودىسى بىر مەزگىل ياكى پۈتۈنلەي سۇغا چىلىشىپ، ئوقىتى يورۇشمەيدۇ، ھەتتا تۈگىشى- دۇ. شۇنىڭ بىلەنمۇ ئۇ يەنىلا پېتىدىن چۈشمەي، ياۋاشلىمىسا، ئابابەكرى يۈرىكىگە قارا تاشنى قويۇپ، ئىككىنچىسىنى رەھىمسىز- لىك بىلەن ئوۋىسىدىن چىقىرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئوقەتنى ئويلاش ئەمەس، ھەتتا «سېرىق ئۆي» تەۋەسىدە باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەي- دۇ. ئۆلۈۋالاي دېسە، بىر تاتلىق ئوغلى ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ تەلمۈ- رۈپ تۇرسا، ئۆلمەي دېسە خەلقئالەمنىڭ نەپرەتلىك كۆزى يۈرەك ـ باغرىنى لەختە ـ لەختە قانغا تولدۇرۇۋاتسا! مانا شۇ چاغدىلا ئابابەكرى شاپائەت ھەم ساخاۋەت تونىنى كىيىپ ئۇ- نىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ…

ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى. ئابابەكرى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن سەنشىخاڭزىدىكى پولۇ ساتىدىغان ئىسخارنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ، پارچە ساتىدىغان «مال» ئالدى. ئۇ بۇ چاغقىچىمۇ ئىس- خارنىڭ مىلىنى سېتىپ بېرىپ جان ساقلاۋاتقاچقا، باھادا تالىشىپ ئولتۇرۇشمىدى. ئابابەكرى بېشىنى سالغان ھالدا ئاشخانىدىن چى- قىشى، قەدىردانغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ پارتلا قاچقانىدى، قە- دىردان ئۇنىڭ گەجگىسىدىن كاپلا تۇتۇپ تامغا نىقتىدى.

قەدىردانىنىڭ چېقىن چېقىۋاتقان كۆزلىرىدىن، بارغانسېرى كىرىشىپ كانىيىغا پېتىپ كېتىۋاتقان بارماقلىرىدىن قورقۇپ كەت- كەن ئابابەكرىنىڭ ياچۇەكتەك ئورۇق تېنى لاسسىدە ئۆزىنى قويۇ- ۋەتتى. بازاردا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇلارغا قارىماقتا ئىدى. شۇڭا، قەدىردان ئۇنىڭ ياقىسىدىن سۆرىگەنچە سەھىيە نازارىتىنىڭ قورۇسىغا ئېلىپ كىردى ھەم بىرنەچچە تۈپ سۆگەت دالدىسىغا

ئاپىرىپ بىر ئىتتەرگەنىدى ، ئۇ ئېرىق لېۋىگە يىقىلدى .
— مەن سەندىن ئۆيۈمنىڭ ئىشىنى هازىرچە سورۇشتە قىلماي-مەن ، — قەدىردان ئاچچىقىدا تىترەۋاتاتتى ، — ئايالىم بىلەن ئوغلۇم نەدە ؟ شۇنىلا دەپ بەرسەڭ ، باشقا گۇناهلىرىڭنىڭ ھەممى-سىدىن كېچىمەن .
— ئۇ ... ئۇلارنى مەنمۇ بىر يېرىم يىل بولدى ، ئىزلەپ يۈرۈيمەن .
— نېمە ؟ — قەدىردان ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈردى ، — ئۇلار نېمە بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ؟
— مېھرىبان بىر كاۋاپچى بىلەن چىقىشىپ قېلىپ ، — ئابابەكرى يالتىنىدە قارىدى ، — ئۆيدىكى بىساتلارنى سېتىپ تۈگەت-تى . ئۆيىنىمۇ ساتماقچى ئىدى ، لېكىن ئۆيىنىڭ گۇۋاھنامىسىنى تاپالمىدى ...
— ھەي مۇناپىق ، ھەممە ئەسكىلىكلىرىڭنى ئاشۇ پاك قىزغا ئارتىۋاتامسەن ؟ — قەدىردان ئابابەكرىنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ پىچى-قىنى تەڭلىگەنىدى ، ئابابەكرى جالاقلاپ تىترەپ كەتتى ، — ئەمىسە دەرۋازا قاراۋۇلى ، زۇلپىيە ، ئىلغارلارنىڭ ئالدىدا ئاشۇ گەپلىرىڭ-نى دەپ بەرگىن .
قەدىردان ئابابەكرىنىڭ گەجگىسىدىن قامالاپ سۆرەپ مېڭى-شى ، ئابابەكرى ئۆزىنى ئېرىق ئىچىگە پالاققىدە تاشلىۋېتىپ ، «مەن دەي ، مەن ئېيتاي» دەپ تۇرۇۋالدى .
— ھە دېگىنە ، مېھرىبان نېمە بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ؟ بىر چېكىم خروئىن ئۈچۈن سولاپچىلىق قىلمىغانسەن ؟
— يوغسۇ ، يوغسۇ ... بىر قېتىم قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ ، بالىغا سۈتكە چىلاپ بېرىدىغان پېچىنىلىرىنى يەپ سايتىمەن ، ئۇ چاغدا بىر قېتىم ئۇرۇشتى ، كېيىن شېكىرى بىلەن بالىنىڭ بۇل-مىقىنى ...
— ھەي ئاچ كۆز قېرى ، بالىنىڭ شېكىرى بىلەن بۇلمىقىنى-مۇ يەۋالدىڭما ؟

— شۇ كۈنى كەچتە كەلسەم ، ئۇ ... ئۇ بالىسى بىلەن يوق تۇرىدۇ ، — ئابابەكرى بېشىنى كۆتۈرەلمىدى ، — شۇ چاغدىن باشلاپ مانا بىر يېرىم يىل بولدى ، ئۇلارنى ئىزلەۋاتىمەن . ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا قىزىلتاغ ئەتىگەنلىك بازاردىكى بىر ئاشخانىغا كىر- رىپ سۈرۈشتە قىلسام ، ئۇلار ، ئالدىڭىزدىلا بىر ياش يىگىت سۈرۈشتە قىلىپ چىقىپ كەتتى ، دېيىشتى ، — ئابابەكرى يالغاننى ئوخشاتتى ، — مەن ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىزلەۋاتقانلىقلىرىنى بىلىپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتىم . تېخى «مۇساپىرلار مېھمانخانى- سى» غا بېرىپ سىلىنى ئىزلىمەكچى ئىدىم ...

— مېنى ئىزلىمەكچى بولغان ئادەم مېنى كۆرۈپلا قاچامتىڭ ، ئېيتە قېنى ؟

— ئەمدى ... شۇ ... قورقۇپ ...

— ئۆيۈڭ نەدە ؟ — قەدىردان ئابابەكرىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى ، — بۇندىن كېيىن ئۈرۈمچىلەرگە كېلىپ قالسام سېنى يوقلاپ تۇرمامدىم ... سەن نېمىلا بولۇپ كەت ، بەرىبىر مېھرىبان- نىڭ دادىسى !

— ئۆيۈم ... — ئۇ راست گەپ قىلىشنى خالىمى- دى ، — يامالىق تېغى ئاھالىلەر مەھەللىسىدە .

— يۈر ، مېنى ئاپىرىپ كۆرسىتىپ قوي .

— نېمە ؟ بەك ... بەك يىراق ...

«كېيىنچە مېھرىبان دادىسىنى پاناھ تارتىپ كېلىپ قىلىشى مۇمكىن» دېگەن كىچىككىنە ئۈمىد چىرىغى قەدىرداننىڭ كۆڭلىنى يورۇتۇپ تۇرغاچقا ، ئابابەكرىنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى . ئۇلار چوڭ يولغا چىققاندا ، قەدىردان تاكسى توختىتىپ : «يامالىق تېغى ئاھا- لىلەر رايونىغا ئاپىرىپ قويالامسەن ؟ » دەپ سۆزلىشىش ئارىلىقىدا ، ئابابەكرى قېچىپ كەتكەندى . قەدىردان تۆت ئەتراپقا بويۇنداپ قاراپ باقتى ، لېكىن ، دۈمچەك سىياق ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرەل- مىدى .

ئابابەكرىنى قاچۇرۇپ قويۇپ ، بىرىنچى يول ئاپتوبۇستا

«مـۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا قايتىپ كېلىۋاتقان قەدىردان «ئۇھ ··· » دەپ چوڭقۇر تىندى ـ دە ، ئاستا پىچىرلىدى :
— بولدى ، بۈگۈن كەچلىك ئاپتوبۇستا يۇرتۇمغا قايتاي .
قەدىردان كوچا ئاپتوبۇسىدىن دوستلۇق بېكەتتە چۈشۈپ قېـ-لىپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا پىيادە كەتمەكچى بولۇپ تۇ-راتتى ، بىر كىم ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇردى . قەدىردان قايرىلىپ قارىدى ، ئۇنىڭ ئالدىدا «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىـ-سى»دىكى كازىم قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى .
— سىزنى بېيجىڭدا ئوقەت قىلىۋاتىدۇ ،دەپ ئاڭلىغان ، — دېدى كازىم قەدىرداننىڭ قولىنى سىقىپ ، — ئۈرۈمچىدە يۈرۈيـ-سىزغۇ ؟ بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز ؟
كازىمنىڭ سوئالى بىلەن قەدىردان كۆزىگە لىپمۇ لىپ ياش ئالدى . ئۇ زۇلئاي تۇگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيلەنگەنلىكى ، ئەمما مېھرىبانىنىڭ دادىسى خروئىن چەككەنلىكى ئۈچۈن ، قەدىردان ئىچـ-كىرىگە كىرىپ كەتكەندە پۈتۈن ئۆي بىساتلىرىنى سېتىپ ، قىزىـ-نى ، نەۋرىسىنى ھەيدىۋەتكەنلىكى ، ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمايۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .
— يائـاللا ، كـەلـگۈلۈك بـولىسـىلا سىزگـە كېـلـەمـدۇ نېمە ، — كازىم خەيرخاھلىق بىلەن ئېغىر تىندى ، — بۇ گەپچە ئۈرۈمچىگە كېلىپ يات ـ يـات خوتـۇن ـ بالـىڭىزنى ئىزلـەيدىـ-كەنسىز ـ دە ؟
— شۇ ئەمەسمۇ ، مانا بۈگۈن ئابابەكرى دېگەن نىجىسنى تۇتۇۋالغانىدىم ، لېكىن قاچۇرۇپ قويدۇم . كازىمكا ، ئاشخانىدا ئىشلىمىدىڭىزما ؟ بۇ يەردە يۈرىسىزغۇ ؟
— دورا ـ دەرمەككە كەلگەن ، — كازىم قولىدىكى سائىتىگە قارىدى ، — خوش ئەمىسە ، ئىنى ، ۋاقتىڭىز بولسا ئاشخانا تەرەپـ-لەرگە ئۆتۈڭ .
— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن خوتەنگە ماڭىمەن .
— شۇنداقمۇ ؟ ئۇنداقتا يۇرتتىكىلەرگە سالام ئېيتارسىز .

ئەمدى ئوقۇرمەنلەر : «قەدىردان بولتۇر كۈز 10 ـ ئايلاردا «بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى زەھەر تاشلاش ، ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورنى »غا كىرىپ كەتكەن ، ئەمدى بۇ يىل باھاردا ئۆرۈمچىدە ئايالى مېھرىبان بىلەن ئوغلىنى ئىزدەپ يۈرۈيدۇ ، بۇ زادى نېمە ئىش ؟ » دەپ سورىشى تۇرغانلا گەپ . گېزى كەلگەندە بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ ئۆتۈپ كەتمىسەم بولماس .

«بېيجىڭ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى زەھەر تاشلاش ، ساغلاملىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئورنى »نىڭ بىر قارارلىق زەھەر تاشلاش مۇددىتى 40 كۈن ئىدى . بۇ ئورۇن ئوزۇقلاندۇرۇش ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ، تازىلىق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئىلمىي ئۇسۇللار بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈپ ، زەھەر تاشلاشتا ئۈنۈملۈك تەجرىبە ياراتقانىدى . لېكىن ، ئىش خۇشياقماي ، بېلى بوشاپ كەتكەن قەدىردان سەھەرلىكتىكى ھەرخىل مەشىقلەر ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ، خۇمارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، زەھەر قايتۇرۇش دورىلىرىنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە ئىچىش قاتارلىق تۈزۈملىرىگە چىدىيالماي ، 28 كۈندە قايتىپ چىقتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا زەھەر تاشلىغانلىق ھەققىدىكى ئىسپاتنى بەردى . قەدىردان گەنجياكۇدىكى ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ ھەپتىگىچە ئاقنى ئاغزىغا ئالمىدى ، لېكىن ھەر كۈنى كەچتە ھەممە تىجارەتچىلەر ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، خۇددى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى »نىڭ تۆتىنچى ، بەشىنچى قەۋىتىگە ئوخشاشلا ، بەڭگىلەر بەس ـ بەستە چېكىشەتتى . خىروئىننىڭ پۇرىقى دىماغلىرىغىچە ئۇرۇلغان ھامان ، قەدىردان دەھشەتلىك ئازاب لەززىتى ئىچىدە قىينىلاتتى . ھەر كۈنى كەچتە تەكرارلانغان بۇ ئادەت قەدىردانىنى يەنە ئاق تۈتۈن ئىچىگە سۆرەپ ئېلىپ كىردى . ئۇ چېكىشكە كىرىشىش بىلەن ، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك چېكىدىغان بولدى . گەنجياكۇ ، ۋېيگۇڭسۇنلەردىكى رېستوران ۋە چوڭ ئاشخانىلاردا توي ـ مەرىكە ، خاتىرە كۈن ، چايلار بولۇپ قالسا ، قەدىردانىنى شىنجاڭنىڭ ھەرخىل قورۇملىرىنى

قوروۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلاتتى ھەم كۆڭلى تىنغۇدەك ھەق بېرەتتى . قەدىردان يېنىدىكى قېپقالغان 40 مىڭ سومدەك پۇلنى ھەم قوشۇمچە ئىشلىگەن ھەقلىرىنى گېلىگە يەپ ھەم چېكىپ ، مارت ئايلىرىنى ئارانلا كۆتۈۋالدى .

بىر كۈنى ، قەدىردان گەنجياكۇدىكى مىللىي ئاشخانىدا تاماق يەپ ئولتۇراتتى ، ئىدرىس مودىنىڭ كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ قولغا تۇتقۇدەك ئىش - ئوقىتى يوق ئىدى ، ئادەم ئولاشقان ماگىزىن ، كەچلىك بازار ، ئاپتوبۇسلاردا پۇزۇر كېيىنىۋېلىپ يانچۇقچىلىق قىلاتتى ، ئېپى كېلىپ قالسا ئوغرىلىقنىمۇ قولدىن بەرمەيتتى . قەدىردان ئۇنى ئۈرۈمچىدە سەيگۇيۇەنلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدىلا كۆزىگە ئىلمايتتى ھەم دادى - مۇئامىلە قىلمايتتى . كۈزدە سالى پاينەك ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا خېنەنجىر ، دىلمۇرات ماكاشلار قەدىرداننى زەھەر تاشلاش ئورنىغا كىرگۈزىدىغان چاغدىمۇ ، ئىدرىس مودىنىڭ : «ھازىر ئىش - ئوقىتىمىنىڭ تايىنى يوق» دەپ نامەردلىك قىلغانىدى . شۇڭا ، قەدىردان تامىقىنى يېگەچ ، مودىڭغا قاراپمۇ قويمىدى .

— ھەي قەدىردان ، سېنى ئىزلەپ ھازىر ياتىقىڭدىن كېلىشىم ، — ئىدرىس مودىنىڭ «قىزىل مۇنار» ماركىلىق تاماكىسىنى ئالدى ، — ساڭا دەيدىغان گەپ بار ئىدى .

— قېنى دەۋەر .

— مەن شاڭخەيگە بېرىپ ئاشخانا ئاچاي دەيمەن ، سوگوزىچىلىقنى[1] قىلىپ بېرەلەمسەن ؟

— ياق !

— گەپنى ئۇنداق ئۈزۈپلاۋەتمە .

— ھەي ، سېنىڭدەك ئادەمنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە مېنىڭ بېشىمنى ئېشەك غاجىلىۋالمىدى ، ئۇقتۇڭما ؟

— زەھەر تاشلاش ئورنىغا كىرىدىغان چېغىڭدا مىڭ سوم بەرمىگىنىمگە شۇنچىۋالا ئۆچ بولۇپ كەتتىڭما ؟

---

① سوگوزىچى — قورۇما قورۇغۇچى .

— مەن پۇلنى تونۇپ ، ئەل ـ ئاغىنە ، بىر يۇرتلۇقنى تونۇمايـدىغان ئادەمنى ئادەم ھېسابلىمايمەن .
— ۋاي ـ ۋۇي ، ئۇرۇمچىدە غەيرەت جاڭدۇنى 10 مىڭ سوم تۆلەپ ساقچىخانىدىن ئاچىقىۋالغىنىڭ ئۆمۈر بويى غاجايدىغان سۆڭەك بولدىمۇ نېمە !
— ھەي ، نېمە دەۋاتىسەن ؟ — قەدىردان قولىنى شىلـتىدى ، — بىر يۇرتلۇق ياقۇپ ھاجىم ، خالمەت قارىملارغا نەچچە يۈز مىڭلاپ بېرىپلا قالماي ، تىجارەت يولىنى تاپالماي قالغان يات ئادەملەرگە ، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارغا بەرگەن پۇللىرىمنىڭ سانىنىمۇ بىلمەيمەن ، ئۇقتۇڭما ؟
شۇ ئەسنادا ئاشخانا مۇلازىمى شىرەلەرنى سۈرتۈۋېتىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى ۋە ئەنسىزلىك بىلەن غودۇڭشىدى :
— ئاغىنىلەر ، شىنجاڭدىن ئادەم تۇتقىلى كەلگەن ئوخشايدۇ ، قاراڭلار ، ھەممىسى ئۇيغۇر ساقچىلاركەن .
ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقانلار ، ئاشپەز ، مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى دېرىزىدىن قاراشقىلى تۇردى . راست دېگەندەك ، ئۈچ ئۇيغۇر ساقـچى يىگىت گەنجياكۇ بازىرىدا پاراڭلاشقاچ ئاستا كېتىۋاتاتتى . قەدىردان دەسلەپتە ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى ، لېكىن بىردىنلا ئىنىسى ئابدۇراخماننى تونۇپ قالدى ـ دە ، سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى .
— ئابدۇراخمان !
— ئاكا !

قېرىنداشلار كوچىدىلا قۇچاقلىشىپ كەتتى . قەدىردان ئىككى ساقچى يىگىتنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلغانىدى ، ئۇلار بىر يۇرتلۇق تونۇشلارنى ئىزلەپ ماڭغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى ، شۇنداقـتىمۇ قەدىردان تۇرۇشلۇق ئورنىنى دەپ بېرىپ ، ئابدۇراخماننى ياتىقىغا ئېلىپ كەتتى . تورۇسلىرىدىن ھاك قاسراقلىرى تۆكۈلـۈپ ، تاملىرىنىڭ سېمونت سۇۋاقلىرى ئاجرىغان كۆرۈمسىز ياتاقتا زەن سالغان ئابدۇراخمان ئاكىسىنىڭ كارىۋىتىدا كېلىپ ئولتۇردى .

— يائاللا ، بويۇك نېمانچە ئۆسۈپ كەتكەن ، — دېدى قەدىردان ئىنىسىنىڭ تەمبەل گەۋدىسىدىن زوقلىنىپ ، — مېنىڭدىنمۇ ھەم قاۋۇل تۇرامسەن .

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ — سورىدى ئابدۇراخمان ھەيران بولۇپ ، — مەن سېنى ئۈرۈمچىدە قاقچىلىق قىلىۋاتىدۇ ، دەپ يۈرسەم .

— ئاشخانا ، رېستورانلاردا سوگوزچىلىق قىلىۋاتىمەن . بۇلتۇر 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى كەلگەن .

— نېمە ، بۇلتۇرمۇ مەشەدىمىدىڭ؟ توۋا ، — ئابدۇراخمان قەدىرداننىڭ جۇدەڭگۇ يۈزىگە قارىدى ، — مەن بۇلتۇر 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەلگەن .

شۇ كۈنى ئابدۇراخمان ئىككى ساقچى ساۋاقدىشى كەلگۈچە ئاكىسىغا دېمىگەن گېپى قالمىدى . قەدىردان ئۆز يۇرتىدا سولىنىپ ، ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن ، دادىسى ئاببىاس ، ئانىسى خەيرىگۈللەر ئەنسىرەپ كۆپ سۈرۈشتە قىلغانىدى . ئۇلار ئۈرۈمچىدىگە مالغا ماڭغان «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇلھەسەنگە قەدىرداننى سۈرۈشتە قىلىشنى تاپىلىغان . خوتەنگە يۈك يۆتكىگەن «كارۋان» توشۇش ، يۆتكەش كالوننىنىڭ باشلىقى ياقۇپ ھاجىمغا قەدىردان نەدە بولسا خەۋىرىنى بېرىشنى ئۆتۈنگەنىدى ، ھەتتا خالمەت قارىمغىمۇ يالۋۇرۇپ ، بىر مۇنچە يوللۇقلارنى تۇتۇپ بېلىنىدى .

— ئاكا ، يۇرتقا قايتقىن ، — ئابدۇراخمان قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى ، — ئانام سېنىڭ دەردىڭدە كېسەلچان بولۇپ كەتتى . ئانامغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن .

1997 - يىلى ، يىل بېشى مارتنىڭ 18 - كۈنى ، قەدىردان ياتىقىنى ھەم ياتاق ئىچىدىكى ئۆي جابدۇقلىرىنى خۇددى ئەبەي گىتاردەك ئىلىشىغا سېتىپ شىنجاڭغا قايتتى . ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بىر ھەپتىدەك مېھرىبان بىلەن ئوغلىنى ئىزلىگەن بولسىمۇ ، لېكىن تاپالمىدى .

# يىگىرمە سەككىزىنچى باب

قەدىردان خوتەنگە قەدەم ئېلىش بىلەن ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى نەزەربەندكە ئېلىپ ھېچ يەرگە چىقارمىدى . بىراق ، خروئىن بىلەن كونا قەدىناس بولۇپ ، ھايا ـ نومۇس ، ھۆرمەت ، ئىززەت ـ ئىكرام دېگەنلەرنى ئۇنتۇغان قەدىردان بۇ قېتىم ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپلەرنى يىرتىپ تاشلاپ ، ئائىلىدە ئىسيان كۆتۈردى . ئابباس بىلەن خەيرىگۈل ئۇنى قوچاقلاپ تۇتۇۋالغاندى ، تامغا ئۇسۇپ بېشى خېلىلا چوڭ يېرىلىپ كەتتى .

— مېنى كاتەكتىكى ئىتتەك سولاپ قويىمەن دېسەڭلار ، بىر يولىلا ئۆلۈپ بېرىمەن ، — ۋارقىرىدى يۈز ھەم كۆڭلەكلىرى قانغا بويىلىپ كەتكەن قەدىردان ، — مەنمۇ جاندىن تويدۇم !

مانا شۇندىن باشلاپ ، قەدىردان ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە ، دەسلەپتە ئۈچ ـ تۆت كۈندە بىرەر قېتىم پەيدا بولدى ، كېيىنچە ھەپتە ، ئون كۈندە ، ھەتتا بىرەر ئايدا بىر قېتىم قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى . ئۇ ھېلىقى بىر يىلى «لادا» ماشىنىسىنى ، ئۈچ ئورۇندىكى زېمىننى ، نەچچە يۈز مىڭلاپ پۇل-لىرىنى «زىياپەت» ، «تاماشا» ھەم «قىز»لارنى يەمچۈك قىلىپ ئۇتۇۋالغان داڭلىق قىمارۋازلار ئەھەد تاۋكا ، ئىمىر ئۈچ بارماق ، ئۆمەر غالتەكلەرنىڭ ئارقىسىدىن نە ـ نەلەرگە كېتەتتى . ئۇنىڭ پۇلى بولمىغاچقا ، تاۋكادا دوغا چۈشەلمىسىمۇ ، ئۇتقانلاردىن «چو-تو» ئالاتتى . «چوتو» دەردىگە دەرمان بولالمىغاچقا ، تونۇش ـ بىلىش ، ئەل ـ ئاغىنە ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ، تىجارەتچى ـ سودىگەر ، ئابباس بۇجاڭنىڭ قول ئاستىدىكى خادىملار ، شىركەت ، رېستوران

دىرېكتورلىرى ، ئانىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى خىزمەتداشلىرى قاتارلىق ئۇچرىغانلىكى ئادەملەردىن دەسلەپتە بىرەر مىڭ سومدىن قەرز ئالغان بولسا ، كېيىنچە 2 ـ 3 مىڭ ، ھەتتا 5 ـ 6 مىڭ سوملاپ قەرز ئالاتتى ـ دە : «دادام بىرىدۇ ، ئانام بىرىدۇ » دەپ ھۆججەتنى يېزىۋېرەتتى . ئۇلارمۇ : «ئابباس بۇجاڭنىڭ بالىسى ، بەرمىسەك سەت تۇرىدۇ » دېيىشىپ قۇرۇق قول قايتۇرمايتتى . چۈنكى ، بۇ كۈنلەردە قەدىردان ھەر كۈنلۈكى ئاز بولغاندا 5 ـ 6 يۈز سوملۇق چەكمىسە خۇمارى بېسىلمايتتى . ئۇ چېكىپ بولۇپ ، خۇمارى يې-شىلگەندە ئۆلگۈدەك ئازابلىناتتى ، ئاتا ـ ئانىسىغا سىلىۋاتقان زۇ-لۇم كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۆلۈۋالغۇسى كېلەتتى .

قەدىردان خوتەنگە كېلىپ يېرىم يىل بولا ـ بولماي ، ئاتا ـ ئانىسى قەرز تۆلەش بىلەن ھالىدىن كەتتى . ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتقان قەرز ئىگىلىرىنىڭ ئىشىك بوسۇغىسىدىن ئايىغى ئۈ-زۈلمەيتتى . ئابباس بۇجاڭ بىلەن خەيرىگۈل مۇئەللىم مائاشلىرىنى ئالدىن ئېلىپ ئۆلگۈرەلمىدى . ئۇلار «بۇجاڭ »لىق ، «ئوقۇتقۇ-چى »لىق يۈزىنى ئاياپ ، «پۇلنى كىمگە بەرگەن بولساڭ شۇنىڭدىن ئال » دېيەلمەيتتى .

بىر كۈنى ، خەيرىگۈل مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى . تۇ-يۇقسىزلا ، بىرى ئوتتۇرا ياشلىق ، يەنە بىرى 25 ياشلاردا بار ئىككى ئەر كىشى ئۇنىڭ ئالدىنى توستى .

— ھارمىسىلا ، خانىم ، مەن ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ-نىڭ مۇدىرى ساۋۇر نىياز بولىمەن ، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ، — سىلىنىڭ قەدىردان ، جىددىي لازىم بولۇپ قالغان ، دەپ ، مەكتەپنىڭ پۇلىدىن 5 مىڭ سوم ئالغان ، مانا ھۆججىتى .

— خانىم ، مەن پوچتىخانىدا ئىشلەيمەن . قەدىردانىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى ، ئىسمىم غەنى ، — دېدى 25 ياشلاردىكى يىگىت 2 مىڭ سوملۇق ھۆججەتنى كۆرسىتىپ ، — قەدىردان بۇنى ئالغىلى ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى … توي قىلماقچى ئىدىم .

— بولىدۇ ، مەن دادىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدە تۆلەپ بېرىلى ...

شۇ كۈنى ئابباس ئىشخانىسىدا جىددىي ئىشلەۋاتقاندا ، ئىشىك چېكىلىپ ، «ياشلار بىناسى»نىڭ دىرېكتورى ئوبۇلھەسەن كىرىپ كەلدى . ئۇ قولىدىكى 2 مىڭ ، 5 مىڭ ھەم 8 مىڭ سوملۇق ئۈچ دانە ھۆججەتنى ئۈستەلگە قويۇپ ، قەدىردانىنىڭ قەرز ئالغانلىقىنى ، ھازىر خادىملارغا مائاش تارقىتالمايۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى .

— سەنمۇ نېمىشقا بېرىۋەردىڭ ؟ — دېدى ئابباس ھۆججەتلەرگە ئېغىر نەزەر تاشلاپ ، — بۇ ئۇنى قەستلىگەنلىك بىلەن باراۋەرغۇ .

— قەدىردان : «ئۆيدىكىلەرگە 100 مىڭ سوم بەردىم ، شۇنىڭدىن بېرىدۇ» دېگەچكە بېرىپتىمەن .

— ئەمىسە ئاشۇ 100 مىڭ سوم پۇلۇڭنى ئېلىپ خەجلە ، دېسەڭ بولمامدۇ .

شۇ كۈنى كېچىدە ئابباس بىلەن خەيرىگۈل خېلى بىر چاغلارغىچە ئۇخلىيالمىدى . ئۇلار قەرز ئىگىلىرىنىڭ تولىلىقىدىن بىر يەرگە قېچىپ كەتكۈدەك يەرگە يەتكەنىدى ، بىرىگە ئەتە ، يەنە بىرىگە ئۆگۈن ، ئىندىن دەپ ، يالغانچىمۇ بولۇپ كەتتى .

— خانئېرىقتىكى ئاتا ـ ئانامدىن قالغان جاينى ساتىلى ، — دېدى خەيرىگۈل تەڭلىك ئىچىدە ، — قەرز ئىگىلىرى كوچىلاردا ئالدىنى توسسا ، ئادەمگە بەكمۇ ھار كېلىدىكەن .

بىر قورۇ ـ جاينىڭ پۇلى ھۆددىگە سۆندە بولمىدى ! ئارقىدىن ئاباس بۇجاڭنىڭ تۇنۇندىكى ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان تەۋرۈك جاي ، باغلار سېتىلىپ قەرزگە تۆلەندى . ئەمما ، قەرز ئىگىلىرى كۆپەيدىكى ، ئازايمىدى . ئاباس بۇجاڭ بىلەن خەيرىگۈل ، دەم ئېلىشقا چىقساق ئولتۇرارمىز ، دەپ ، ئايرودروم يولىغا سالغان ، پېشايۋانلىق كۆتۈرمە ئۆيلەر ، باغلارمۇ سېتىلىپ ، ئاق تۇتۇن ھې-

سابىغا تولەندى . بۇ كۈنلەردە ، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتمۋال ، دېگەندەك ، ھۆسنارخان خوتەنگە كېلىپ ، ئوت ئۈستىگە ماي چاچ-تى . ئۇ گۇاڭجۇدا قولغا ئېلىنغان قىزى ئەختەرنىسا ، بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان ئوغلى ئەسەت ئەرۋاھ ، قەدىردانىنىڭ دەردىدە جېنىدىن كەچكەن زۇلئىيالار ئۈچۈن قىساس ئېلىشتا ھېچقانداق ۋاستە تاللىماي ھۇجۇمغا ئۆتتى . «خروئىدىن ئەت-كەسچىسى» ، «گۇاڭجۇدا قولغا ئېلىنغاندا نۇرغۇن پۇل بىلەن قۇتقۇزۇلغان» ، «ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا خروئىن يۆتكەش ئەتكەس-چىسى» ، «دۆلەت خادىملىرىنى پۇل بىلەن چىرىتكۈچى» دېگەندەك پىتنە - ئىغۋالار ئىدارە - جەمئىيەت رېستوران - شىركەت ، كوچا - كويلاردا تېرىلىپ كەتتى . بۇ سېپىق ھىد بارا - بارا ئېقىپ ناھىيىلىك پارتكوم ئىچىگىمۇ كىردى . ئابباس بۇجاڭنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقتا ئۆستۈرۈلۈشى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى …

زىبەنياتلىق ئوقۇرمەنلەرگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرسەم ، قەدىردانىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە قەرزگە بوغۇۋەت-كەنلىكىنى بىلىۋالالايسىلەر . خانئېرىق ، تۇنۇن ، ئايرودروم يول-دىكى قورۇ - جايلار سېتىلىپ ، خەقتىن قەرز ئېلىپ ، خەققە قەرز تۆلەپ ، ئۆيدىكى تېلېۋىزور ، توڭلاتقۇ ، گىلەملەر ، خەيرىگۈلنىڭ ئالتۇن بۇيۇملىرى سېتىلىپ تۆلەنگەن بولسىمۇ ، قەرز ئىگىلىرى-نىڭ يەنىلا ئايىغى ئۈزۈلمىدى . بىرىنى بىر نېمە دەپ ئۈزاتسا ، ئارقىدىنلا دەرۋازا قېقىلىپ ، يەنە بىر نەچچىسى ئىشىك تۈۋىدە دېۋەيلەپ تۇراتتى . ئويلا - ئويلا ، ھېچ ئامال - چارىسى قالمىغان ئابباس بىلەن خەيرىگۈل ناھىيىلىك پارتكومدىن بېرىلگەن قورۇنىڭ شەھەرگە قارىدىغان دەرۋازىسىنى بىر كېچىدىلا خىش بىلەن ئېتىۋې-تىپ ، ھويلىنىڭ ئارقىسىدىن ئىشىك ئېچىپ ، خەنزۇلارنىڭ كوك-تاتلىق ئېتىزلىرىنى ئايلىنىپ ئىشقا بارىدىغان بولۇشتى . قىسقى-سى ، قەدىردان خوتەندە بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا ئاتا - ئانىسىنى ئىزا - نومۇستىن بېشىنى كۆتۈرگۈسىز قىلىپ ، ئىقتىسادىي جە-

ھەتتە توزغاقتەك توزۇتۇۋەتتى . خوتەندە كۆتۈرۈلگەن ھەرخىل ئۆ-
سەك سۆز - چۆچەكلەر ، ئاتا - ئانىسىنىڭ غەمكىن چىرايى ،
ئۆزىگە قادىلىۋاتقان نەپرەتلىك كۆزلەردىن نەگە قېچىشنى بىلەلمە-
گەن قەدىردان ئاتباس بىلەن خەيرىگۈلگە يەنە 80 مىڭدىن ئارتۇق
قەرزنى ئارتىپ قويۇپ ، بىر كېچىدىلا ئۈرۈمچىگە تىكىۋەتتى . ئۇ
قورسىقىنى تويغۇزۇپ بىر ئۇخلىغانچە ، كورلا بۇگۈرگە كەلگەندىلا
ئويغىنىپ يەرگە چۈشتى . يولۇچىلار بىلەن ئاشخانىدا تاماق يېگەن-
دىن كېيىن ، بىر تابلېتكا ئۇيقۇ دورىسىنى ئىچىپ يەنە ماشىنىغا
كىرىپ ياتتى . ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ، ماشىنىدا خۇمارى تۇتۇپ
قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى . ھەر ھالدا ئۇ 28 سائەتلىك مۇساپە-
نىڭ قانداق ئۆتۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى . قەدىردان ئۇچتاش
قاتناش بېكىتىگە چۈشكەندە ، كۈن يامالىق تېغىغا قىڭغايغانىدى .
ئۇ كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ، بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا چۈ-
شۈپ دوستلۇقتا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . قەدىردان دوستلۇقتىكى
ئۆيىنى ئىلغار ، زۇلپىيە ئەر - خوتۇن ئوقۇتقۇچىلارغا تاشلاپ
قويۇپ كەتكىنىگە بىر يىل ئون ئاي بوپتۇ . ئۇ بۇلتۇر بېيجىڭدىن
قايتىپ ئۈرۈمچىگە چۈشكەندىمۇ ، ئالدىراپلا خوتەنگە كەتكەنىدى .
ئەمدى بۇ ئۆيىنى دەرھال سېتىپ ، ئاتا - ئانىسىنى بوغۇپ قويغان
قەرزدىن قۇتقۇزمىسا ، قەدىرداننىڭ ئىككىلا دۇنيا يۈزى قارا بولۇپ
كەتمەمدۇ ! ئەگەر ئۆيگە دەرھال خېرىدار چىقمىغان تەقدىردە ،
زىيىنىغا بولسىمۇ ساتىدۇ .

قەدىردان ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ خالتا كوچىغا كىرگەن ھا-
مان ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ يىغا ياماشتى ، خۇددى ئىككىنچى قەۋەت
ئەينەك بالكوندىن مېھرىبان ئۇنىڭغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغاد-
دەك بىلىنىپ كەتتى . توۋا ، بىر ئوبدان ئىناق ئائىلە ئەجەب
توزۇپ كەتتى - ھە ! ئەگەر مۇشۇ خروئىن دېگەن لەنەت تەگكۈرگە
سېپىلىپ قالمىغان بولسام ، بۇ ئىشلارمۇ يۈز بەرمەس ئىدى ،
دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچكەن قەدىردان پەلەمپەيلەردىن تاقىلد-

داپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە قاراپ يەنە بىردەم تۇردى ، گويا ئىشىك ئېچىلىپ ، مېھرىبان مەيۇس كۈلۈپ چىقىدىغاندەك تەلمۈردى .

قەدىردان تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىپ ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بې- سىپ ، هايال ئۆتمەيلا ئىلغار چىقتى . ئۇ : «ئوهوي ، بۇ ‹بالا سەيگۈيۈەن ›غۇ» دەپ ، غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ قەدىردانىنى قۇچاق- لىۋالدى . ئاڭغىچە زۇلپىيە يۈگۈرۈپ چىقتى . قەدىردان ئۇلاردىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىدى ، لېكىن ئۆيگە كىرىش بىلەن بىر يېڭىلىقنىڭ بارلىقىنى هېس قىلدى . چۈنكى ، نەپىس ياسالغان بۆشۈكتە ئوماققىنە بىر بالا ياتاتتى .

— ئاپلا ، — دېدى قەدىردان دىۋانغا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — مەن ئۇقۇشمايلا قۇرۇق كىرىپ قاپتىمەن ئەمەسمۇ ، ئەمدى مۇبارەكلەپ باشقىدىن كىرسەم بولغۇدەك .

— سىز بۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنگىمۇ بىر يىل ئون ئاي بوپقالدى ، — دېدى زۇلپىيە قىزىرىپ ، — هازىر قىزىممۇ بىر ياشتىن ئاشتى .

— هازىرچە قۇرۇق بولسىمۇ مۇبارەك بولسۇن ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ، — خۇدايىم ئۇزۇن ئۆمۈر هەم بەخت ئاتا قىلسۇن .

— قەدىردان ، كەچلىك تاماققا ئېتىڭىز هېرىپ قاپتۇ ، — دېدى زۇلپىيە قولىغا پەشتامىسىنى ئېلىپ ، — ئىككى پىلتا خې- مىر بار ، سېلىپ بېرەيمۇ ؟

— راست گەپنى قىلسام ، كەچلىك تاماق يېمىدىم ، — قەدىردانمۇ سۇلكەت قىلىپ ئولتۇرمىدى ، — سىلىۋېرىڭ ، ئۆي تامىقى يېمىگەنگىمۇ ئۇزۇن بولدى .

ئىلغار قەدىرداننىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان نىمە ئىشلار قىلغان- لىقىنى سورىدى . قەدىردانمۇ بېيجىڭدا رېستوران ، ئاشخانىلاردا سوگوزچىلىق قىلغانلىقى ، ئاندىن يۇرتقا بېرىپ بىرەر يىلدەك

تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ تۇرۇشى ، بىر تەخسە لەگمەن كەل-
دى . ئىلغار ئاچچىقسۇ ، مۇش قىيامىلىرىنى شىرەگە ئېلىپ قوي-
دى . قەدىردان زۇلپىيەنىڭ تاماققا ئۇستىلىقىنى ، بولۇپمۇ لەگمەن-
نى بەك ئوخشىتىدىغانلىقىنى ماختىغاچ ئېشىنى يەپ بولۇشى ،
زۇلپىيە بىر ئاپقۇردا ئاش سۈيى ئەكىلىپ بەردى . گەپ ئارىلىقىدا
قەدىردان مېھرىبان بىلەن ئوغلىنى ھازىرغىچە تاپالمىغانلىقىنى دەپ
بەردى .

— مېنىڭچە ئاشۇ قىزنىڭ بېشىغا چوقۇم كۆپ چۈشتى ، نەچچە
قېتىم چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ ، ئاشۇ قىزنىلا كۆردۈم ، — زۇلپىيە
قەدىردانىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قارىدى ، — ئوغلىڭىزمۇ ئۈچ ياش-
تىن ئاشقاندۇ ؟

— ئۈچ يېرىم ياشتىن ئاشتى ، — قەدىردان ئەلەم بىلەن
بېشىنى چايقىدى ، — يەنە تۆت ئايدىن كېيىن تۆت ياشقا كىرىدۇ .

— بولدى ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىش-
مايلى ، — ئىلغار ئايالىغا كۆزىنى قىسىپ قويدى ، — ھە ، قەدىر-
دان ، ئۆيىڭىز توغرۇلۇق سورىمايسىزغۇ ؟

— ئۆي ئورنىدا تۇرۇپتىغۇ .

ئۇلار بىر پەس كۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن ، ئىلغار ئۆينىڭ
ئىجارىگە بېرىلىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى . قەدىردان ئۆينىڭ
ئاچقۇچىنى ئىلغارغا تاشلاپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن ، پېنسىيىگە
چىققان بىر كادىرنىڭ يېڭىدىن ئۆيلەنگەن ئوغلى ئايلىقىغا 800
سومدىن بېرىپ ئولتۇرغانىدى . لېكىن ، بۇ ياش ئەر - خوتۇنلار-
نىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ خىروئىن ساتىدىغانلىقىنى سېزىپ قالغان
ئىلغار ئۇلارنى ئالتە ئايدىن كېيىن كۆچۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭدىن كې-
يىن ئىككى خەنزۇ تىجارەتچىگە ئايلىقىنى مىڭ سومدىن بەرگەن-
دى . تېخى ئالدىنقى ئايدا يىل توشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يەنە بىر
يىللىق توختام تۈزۈشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ ، ئىلغار ئۇنىمىدى .
چۈنكى ، ئۇنىڭ بىر تىجارەتچى دوستى بۇ ئۆينى سېتىۋالماقچى

بولغانىدى .

ئىلغار تىجارەتچى دوستىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇ-شى ، زۇلپىيە ئىچكەركى ئۆيدىن گېزىتكە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ ئېرىگە بەردى . ئىلغار گېزىتنى ئېچىپ ، ئۇنىڭدىكى بىر كاللەك پۇل بىلەن ئىككى دانە تالوننى شىرەگە قويدى .

— ئۆي ئارىلىقتا تۆت ئايدەك ئىجارىگە بېرىلمەي بىكار تۇر-دى ، — دېدى ئىلغار ، — قالغان بىر يېرىم يىللىق ئىجارە ھەققى 16 مىڭ 800 سوم بولغانىكەن ، ئىككى يىللىق پار پۇلى ئۈچۈن 3 مىڭ 800 سوم تۆلىدىم . مانا بۇ پار تالونى . قالغان نەق پۇل 13 مىڭ سوم .

— «ئاغىنىلىرىم بىلەن ھاراق ئىچىۋېتىمەن» دېگەنتىڭىز ، ئىلغار ئاكا ، — قەدىردان كۈلۈپ قويدى ، — نېمە ، زۇلپىيە ھەدەم قويمىغان ئوخشىمامدۇ ؟

— ئىچىۋېتەي دېگەن ، لېكىن بىز خەقتە : «ئامانەتكە خىيانەت قىلماق» دېگەن بىر ئۇلۇغ سۆز بار ئەمەسمۇ ، شۇڭا قورقتۇم .

— ئەمىسە بۇنىڭغا ئىچەيلى ، — قەدىردان بىر باغلام پۇلنىڭ ئۈستىدىكى پارچە 3 مىڭ سومنى ئىلغارنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى ، — بۇ يەتمىسە يەنە مەن بار .

— ھەممىسى چاقچاق قاراڭ ، — ئىلغار 3 مىڭنى قەدىرداد-نىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى ، — ناھايىتى كەلگەن خېرىدارغا ئىجارىگە بېرىپ قويدۇم . ئۇنىڭغا تاپان ھەققى ئالسام ، ھايانكەش-تىن نېمە پەرقىم قالىدۇ .

— سىز بۇنى راستىنلا تاپان ھەققى دەپ چۈشىنىپ قالدىڭىز-مۇ ؟ — قەدىردان ئىلغارنىڭ چىرايىدىن راستىنلا ئالمايدىغانلى-قىنى ھېس قىلدى ، — بۇچۇ قاراڭ ، ئاكا ، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق-نىڭ كۆرۈملۈكى ، ئۇقتىڭىزما ؟ سىزگە تاپان ھەققى نەدە تۇرۇپ-تۇ ؟ زۇلپىيە ھەدە ، ئېلىڭ ، — قەدىردان 3 مىڭ سومنى پۇرلەپلا

زۇلپىيەنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ، — زۇلپىيە ھەدە ، قىزچاقنىڭ ئىسمى نېمىدا ؟

— ئەدىبە !

— مەن ئۇچۇن ئەدىبەگە ئەڭ چىرايلىق كىيىملەردىن ئېلىپ بېرىڭ .

— ئەمىسە سىزگە رەھمەت ! — زۇلپىيە تۇرۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى ، — دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن .

— خوتۇن خەق دېگەن پۇلغا تويمايدۇ - دە ، — دېدى ئىلغار زۇلپىيە ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىشى ، — ھە ، قەدىردان ، ئەمدى ئۆيۈڭىز توغرۇلۇق گەپ قىلىڭ ، زادى ساتامسىز - يوق ؟

— سىزنىڭ يېقىن ئاغىنىڭىز تەڭلىككە سالغان تۇرسا ، ياق دېسەم بولامدۇ ؟

— ئاغىنىمىزنىڭ ئۆيى ئېچىۋېتىش رايونىغا توغرا كېلىپ قېلىپ چېقىۋېتىلدى . ئۇ : «سېنىڭ بىلەن قوشنا ئولتۇرىمەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، ئۆي كۆڭلۈمگە ياقتى» دەپ تۇرىۋالدى .

— بوپتۇ ، ئىلغاركا ، ئۆزىڭىز ئوتتۇرىدا كېلىشتۇرۇپ سودا قىلىپ قويۇڭ . قائىدە بويىچە ھەر ئىككىمىزدىن 5 - 10 مىڭ چاي ئىچەمسىز .

— چاي - پاي دېگەننى قويۇڭ ، ھەر ئىككىڭلار رازى بولساڭلار بولدى . ئەمىسە باھاسىنى دەپ بېقىڭا ، — ئىلغار قەدىرداننىڭ كۆزىگە قارىدى ، — سىزنىڭ پىچقان باھايىڭىزنى بىلىۋېلىپ ، ئاندىن ئاغىنەم بىلەن پاراڭلىشاي .

— بۇنىڭغا سودىلىشىش كەتمەيدۇ ، — دېدى قەدىردان ، — بىخەتەرلىك ساندۇقتا ئۆينىڭ گۇۋاھنامىسى ، پۇل تۆلىگەن تالون ، زىننەتلەشكە ھۆددە بېرىلگەن 40 مىڭ سومنىڭ ھۆججەتلىرى قاتارلىقلار بار ...

— ئۇنداقتا جەمئىي 320 مىڭ سوم بولىدىكەن ، — ئىلغار سەل ئويلىنىپ قالدى ، — ئەگەر ئاغىنەم سەل چۇشۇرۇپ بېرىشنى

دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز ؟

— قېنى سىز ئاۋۋال سۆزلىشىپ كۆرمەمسىز ، سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار پىشقاندىن كېيىن مېنى ئىزدەڭلار .

— سىزنى نەدىن تاپىمىز ؟

— «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىن ، — قەدىردان دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى ، — ئىلغاركا ، كەچ بولۇپ كېتىپتۇ ، مەن قايتاي .

— بىخەتەرلىك ساندۇقىڭىزنى تۆت ئادەمگە كۆتۈرتۈپ ، ئۆيۈمگە ئاچىقىپ بالكونغا قويۇپ قويدۇم ، — دېدى ئىلغار قەدىردان-نى ئۇزىتىپ چىقىپ ، — ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ .

ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغانىدى . بوغدا تېغى تەرەپ-تىن ئۇرغان سوغۇق شامال دوللارنى قورۇيتتى . چاشقان قۇلاق يۇمران يوپۇرماقلا ئەمدىلىكتە چاۋاك چالغۇدەك بولۇپ ، ئايدىڭ كېچىدە ئاستىغا قويۇق سايىلەرنى تاشلىغانىدى . قەدىردان قەدىناس ئۆيىدىن ئايرىلىپ پىيادە كېتىۋاتاتتى . ئۇ ئۆيىنى ساتماقچى بولۇپ خوتەندىن كەلدى ، بىراق سېتىلىش توغرۇلۇق گەپ بولۇۋىدى ، يۈرىكىنىڭ نەرىدۇر بىر يېرى تۈز سەپكەندەك ئېچىشىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېگەندە ، ئۇ ئۆيگە ئەمەس ، بەلكىم ئۆي بىلەن بىللىلا بىراۋلارنىڭ راستىلا غايىب بولۇشىدىن ، بىر زامانلار قەلب بوستانلىرىنى ياشناتقان خاتىرىلەرنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز ئۆچۈشىدىن ، ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىشىدىن كۆڭلى ئەلەمزىدە بولدى . قەدىردان خالتا كوچىدا توختاپ ئارقىغا قايرىلدى . ئۇ لىپمۇ لىپ سۇزۇك ياشلار بىلەن تولغان كۆزلىرى بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىگە ، بالكون ـ دېرىزىلەرگە ، مېھ-رىبان تاماق ئەتكەندە ئېچىۋېتىدىغان پورتۇچكىلارغا خېلىغىچە قا-راپ تۇردى .

دوستلۇقتىكى ئۆي بىلەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىغاچقا ، قەدىردان پىيادە كەتتى . ھازىر بۇ مېھمانخانىدا ۋېجىك قارا پاتەم يوق ئىدى . ئۇ ئىككى يىلنىڭ

ئالدىدا بىر غۇلجىلىق شوپۇر بىلەن توي قىلىپ ، غۇلجىغا يۆتكى-لىپ كەتكەنىدى . ئەگەر بولغان بولسا ، قەدىردان بىلەن بىر قەپەس تىللىشىپ خۇماردىن چىققان بولاتتى . قەدىردان «مۇساپىرلار مېھ-مانخانىسى» ئالدىغا كەلگەندە ، كەڭ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە يورۇپ تۇرغان «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»نى كۆرۈپ ، كۆڭلى بىر قىسما بولدى . توغرا ، بىر چاغلاردا كېلىشكەن ۋىجىك سىيماسى ھەرقانداق ئەزرائىلنى مەھلىيا قىلغۇدەك شوخ ، خۇش پېئىل بىر قىز ئۇنى ئاشۇ ئاشخانىدا ساقلايتتى ، كۈلۈپ ھەم قىزىرىپ قارشى ئالاتتى ، گۆشنان بىلەن مېھمان قىلاتتى . قىسقى-سى ، قەدىرداننى كۆرسە قىلىدىغان قىلىق تاپالماي ، جان قۇشى تەن قەپىزىدە ياپراپ كېتەتتى .

قەدىردان ۋىجىك قارا پاتەمنىڭ ئورنىدا ئىشلەۋاتقان تەرى سۆرۈن سېرىق خوتۇنغا 35 سوملۇق ياتاق بېلىتىدىن كەستۇرۇپ ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كەتتى . ئۇ شۇ كۈنى ئىككى كىشلىك ياتاقتا ھۇزۇرلىنىپ يالغۇز ئۇخلىدى . ئەتىسى مېھمانخانىنىڭ ئاش-خانىسىدا بىر ئىستاكان سۈت ھەم بولكىدا ناشتا قىلىپ ئەمدىلا ياتاققا كىرىپ تۇراتتى ، ئىشىك بوسۇغىسىدا تولغان بىر گەۋدە پەيدا بولدى . ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان غۇلجىلىقلارنىڭ بېغىررەك ماد-چېستېر دوپپىسى ، تىزىدىن ئاشىدىغان ئاق سېرىق كەمزۇلى ، ئاق ئىشتان ، پۇتىدىكى قارا سەندەل ئۇنى تولىمۇ سالاپەتلىك كۆرسىد-تىپ تۇراتتى . قەدىردان ئۇنىڭ ئەمدىلا ئاق ئارىلىغان چىرايلىق بۇرۇتىغا قارىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى ، ئەمما ئىككى يىلنىڭ ئالدى-دىكى خورلۇق تەرەببا ئېسىگە كېلىش بىلەن ، قولىنى سوزمىدى ھەم سۇسلا قىلىپ :

— سىزمىدىڭىز ، قېنى ئولتۇرۇڭ ، — دەپ قويۇپ ، كارىۋد-تىدا خىيالىي ئولتۇردى .

— ماڭا ھازىرغىچە ئاچچىقلاپ يۈرەمسەن ؟ — دېدى ياقۇپ ھاجىم دىۋاندا ئولتۇرۇۋېتىپ ، — تەرىڭ نېمانچە سۆرۈن سېنىڭ .

— سىزدەك بىر كاتتا مۇسۇلمان خرىستىئان چەككۈچى بىلەن ئەسرا بولۇش ئەمەس، چىرايىغا قاراشنىڭ ئۆزىمۇ جايىز ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — قەدىردان غەزەپتىن تىترىدى، — گۇناھكار بولۇپ دوزاخقا كىرىشتىن قورقمامسىز؟

— ۋاي - ۋۇي، سىنىڭ ئاداۋىتىڭ نېمانچە يامان، — ياقۇپ ھاجىممۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى، — بىلدىپ قوي، دانالىرىمىز: «ئاداۋەت تۇگۈچىنى يەشكۈلۈكۈ، تۇگكۈلۈك ئەمەس» دەيدۇ.

— ئۇنداقتا ئاشۇ دانالىرىڭىز: «ھاجىلار خۇدانىڭ گۇناھكار بەندىلىرىگە نەسىھەت قىلماي، ھاقارەتلەپ خارلىسۇن» دەپتىكەنما؟ — قەدىردان يامان يەردىن تۇتۇۋالغانىدى، — «قولىدىن تارتماي، گۇناھ پاتقىقىغا تېخىمۇ ئىتتىرىۋەتسۇن» دەيدىغان مىزانمۇ بارمىكەن؟

— بولدى، بولدى قىل، مەن خاتا قىلدىم، بولدىما؟ — ياقۇپ ھاجىم پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، — شۇڭا ئالدىڭغا كەلدىمغۇ.

— ماڭا لازىمى يوق! — قەدىردان دەھشەتلىك ۋارقىرىدى، — دۇنيادا «يولدىن ئازغان بەندىلەرگە ھاجىلارنىڭ پوقى دورا بوپقاپتۇ» دېگەننى ئاڭلىمىدىم. ھاجى دېگەننىمۇ كۆرۈپ قويدۇم، ئالغۇچە «ياپىر»، ئېلىپ بولۇپلا «كاپىر» دەپ ئادەم تىللايدىغان بىنومۇس نېمىلەركەن.

— ھەي، ھەي، تىلىڭ نېمانچە ئاچچىق سېنىڭ، — ياقۇپ ھاجىم پۇشۇلداپ كەتتى، — خاپا بولما، مەن ناماقۇل بولاي!

— نەشتەر تىقىپ، يۈرەكنى زېدە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خاپا بولما، دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگەمدا؟ — قەدىردان قوللىرىنى شىلتىدى، — «بۇرۇن ئىشەنگەن، ئەمدى ئىشەنمەيمەن»، «نورمال ئادەملەرگە ئوخشىمايسەن»، «سېنى تەرپلەشكە

تىلىمىز ئاجىزلىق قىلىدۇ»… ئەگەر مۇشۇ گەپلەرنى مەن سىزگە دېگەن بولسام، سىز قانچىلىك ئازابلىناتتىڭىز؟ بولۇپمۇ سىزنىڭ: «پۇلنى سانىۋېلىپ، ھۆججەت ياز» دېگەن گېپىڭىز ھازىرغىچە يۈرىكىمنى سىقىپ، قېنىمنى شوراۋاتىدۇ!

— كەچۈرگىن، خاپا بولما، مەندىن ئۆتتى!

— شۇ چاغلاردا تۆۋىنى 17 مىڭ، يۇقىرىسى 40 مىڭ سومـ لۇق تۇتۇلغان ماشىنىلارنى ئالدىڭىز، — تىل ـ ھاقارەتنى ئۇنتالـ مىغان قەدىردانىنىڭ غەزەپ قېپى يېرىلغانىدى، — ئېيتىڭا، كۆپ ھاللاردا مېنىڭ پۇللىرىمنى سىز تۇتقانىدىڭىز، مەندىن سوراپ ياكى سورىماي قانچە ماشىنا ئالغانسىز؟

— 11 ماشىنا ئالدىم، تەرتىم بىلەن تۇرۇپتىمەن، يالغان ئېيتمىدىم.

— مەن سىزگە بىرەر قېتىم ھۆججەت ياز دەپ باققانما؟

— ياق، ئۇنداق دېمىگەن.

— نېمىشقا شۇنداق دېمىگەندىمەن؟

— ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭ ئۈچۈن.

— بىلىپ قويۇڭ، بۇ دۇنيا ئىشەنچ بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، ھاياتلىق ئىشەنچ بىلەن ياشنايدۇ، ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ شەپقەتلىك قىلىدىغان گۈزەللىك يەنىلا ئىشەنچ! توۋا، مۇئەللىمنىڭ بۇ سۆزلىرىنى سىز ئۈچۈنلا ئۇنتۇماي كەپتىكەنمەن.

— قەدىردان…

— مەن قەدىردان ئەمەس، سىزنىڭ نەزىرىڭىز بويىچە لەنەتـ گەردى! مېنى شۇنداق چاقىرىۋېرىڭ، — قەدىردان تىزلىرىغا جەينەكلىرىنى قويغىنىچە يۈزىنى قاماللاپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتـ تى، — ئاھ خۇدايىم، ئاھ خۇدايىم! مەندە يۇقۇملۇق كېسەل بارمىدۇ؟ مەن تۇتقان قەلەمنى قەغەزدە تۇتۇپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىغانلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتاي، قاچانمۇ ئۇنتاي! تېخى: «سېنىڭ

بىلەن بولغان مۇئامىلەم چەكتىن ئېشىپ كەتتى» دېيىشىلىرىچۇ!

— بولدى، قەدىردان، شۇ چاغدا كارىدوردا يىغلاپ ماڭغان ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، مەنمۇ: «ئاھ خۇدا، ئەجەبمۇ ئىجتىھاتلىق، يېقىشلىق بىر بالىتى! ئۇنىڭغا شاپائەت قوللىرىڭنى سوزۇپ، دوزاخ تۇتۇنلىرىدىن قۇتقۇزۇۋال!» دەپ يىغلاپ تۇرۇپ تىلەك تىلىدىم.

— مەن سىزنىڭ تىلەكلىرىڭىزگە مۇھتاج ئەمەس! شۇنى ئۇقۇپ قويۇڭ، سىزنىڭ تىلەكلىرىڭىزنى خۇدايىم مەقبۇل كۆرۈپ، مېنى جەننەتكە كىرگۈزمەكچى بولسا، مەن جەننەتنى تەرك ئېتىپ، ئۇدۇل دوزاخقا كىرىمەن! — قەدىردان غەزەپ ھاياجىنىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — چۈنكى سىزنىمۇ جەننەتتە كۆرەر كۆزۈم يوق!

— ماڭا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىڭما؟

— مەن سىزدەك ھاجىنىڭ دىيانىتىدىن گۇمانلىنىمەن!

زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك، قەدىردان قاقچىلىق قىلغان چاغلىرىدا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نامرات دېھقانلار، قولى قىسقا تىجارەتچىلەر قاقلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئېپىنى تاپالماي نەچچە ئايلاپ يېتىپ كېتىپ، قاتمۇقات زىيانلارغا ئۇچراپ كېتەتتى. بەزىلىرىنىڭ قاقلىرى قۇرۇپ، قۇرت چۈشۈپ كەتسە، بەزىلىرىنىڭ نەم تارتىپ سېسىپ، كۆكىرىپ كېتەتتى. تېخى ئۇلارنىڭ مال بېسىش سۇپىلىرىغا، ئامبارلارغا تۆلەيدىغان ھەققى، ئاش ـ تامىقى، ياتقى قاتارلىقلارنىڭ چىقىمى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باراتتى. شۇڭا ئۇلار: «ئىز پۇلى چىقسىلا بولدى، كىلوسىنى 80 ياكى 90 تىيىندىن سېتىپ بەرسىلە» دەپ يېلىناتتى. قەدىردان يېنىدىن 10 ـ 15 مىڭنى چىقىرىپ، شىركەت خوجايىنلىرىنىڭ، قاق سودىگەرلىرىنىڭ گېلىگە ئۇرۇپ، قاقنىڭ كىلوسىنى بىر سوم 20 ياكى بىر سوم 30 تىيىندىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تاپان ھەققى

ئۇچۇن 20 ـ 30 مىڭنى ئېلىپ قېلىپ ، قالغان پايدىنى دېھقانلارغا قوشۇپ بېرەتتى . ساددا ، ئاق كۆڭۈل دېھقانلار : «غوجام ، بىزنىڭ مېلىمىز مۇنچە پۇل بولماقچىدى ، بۇنىڭدا 50 ـ 60 مىڭ ئوشۇق تۇرىدۇيا» دەيتتى . قەدىردان : «ماللىرى ياخشى بولغاچقا ، يۇقىرى ـ راق ئۆتكۈزدۇم» دەپ جاۋاب بېرەتتى . مانا شۇنداق چاغلاردا ، قورۇق باسقان چىرايلاردىكى خۇشاللىق ياشلىرىنى كۆرگەن قەدىر ـ دان كۆڭلىدە : «مەن بۇنداق ئىللىق چىراي ، خۇشاللىق ، ھەقىقىي تىلەكلەرنى ھېلىغۇ 50 ـ 60 مىڭ سومكەن ، 50 ـ 60 مىليونغا سېتىۋالالمايمەن» دەيتتى . بۇنداق مەنپەئەت ، پايدا ، ئىقتىسادىي كۆز قاراشلاردا ياقۇپ ھاجىم بىلەن پات ـ پات تاكاللىشىپ قالاتتى :

— خەقلەرنىڭ دېگەن باھاسىدىنمۇ يەنە چۈشۈرۈپ ھېساب كۆرسىتىپ ، ھەممە پايدىغا ئۆزۈڭ ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك ، چۈنكى بۇ ئىسلاھات دەۋرى ، ئەقىل ھەم كەسپىي ئىقتىدارىڭدىن كەلگەن مەنپەئەت ئۆزۈڭگىلا خاس ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ — دەيتتى ياقۇپ ھاجىم ئىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپ .

بىر قېتىم ئوبۇلھەسەن تېلېفوندا : «بۇ بۇلتۇرقى پايدىغا قال ـ غان كونا قاق ، كىلوسىنى 70 ـ 80 تىيىندىن سېتىۋەتسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ» دېگەنىدى . لېكىن ، قەدىردان ئۇ قاقنىڭ كىلوسىنى بىر سوم 20 تىيىندىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىگە تېگىشلىك 100 مىڭدىن ئارتۇق پايدىنىمۇ ئوبۇلھەسەنگە ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولىدۇ . ياقۇپ ھاجىم ئۇنىڭغا سودىدىكى نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنلارنى سۆزلەپ ، ئىسلاھاتنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىنى چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ ، ئەمما قەدىردانىنى قايىل قىلالمايدۇ .

— مەن بىر ئادەم ، كۈنۈم كېتىپ بارىدۇ ، — دېگەن قەدىر ـ دان كۈلۈپ تۇرۇپ ، — لېكىن ئوبۇلھەسەن ئاكام نۇرغۇن ئادەمنى باقىدۇ ، شىركەتتە بىرەر ئادەم ئىشتىن قالدۇرۇلسا ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ يىغا ـ زارىغا چىدىغىلى بولمايدۇ .

ئەمدى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قەدىردانىنىڭ ياقۇپ ھاجىمنى: «سىز دەك ھاجىمنىڭ دىيانىتىدىن گۇمانلىنىمەن» دېگەن سۆزى چۈشىنىشلىك بولدىغۇ دەيمەن؟ بۇ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن: «مەندەك گۇناھكار بەندە گاڭگىراپ قالغان ياشلار، ئوقۇغۇچىلار، دېھقانلارغا كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ھىممەت قولۇمنى ئاچتىم، لېكىن سەندەك پۇل تاپقان ھاجى يوقسۇللارغا نېمە قىلىپ بېرەلىدىڭ؟» دېگەن مەزمۇن چىقامدۇ قانداق؟ قېنى، قالدىسىنى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى!

— ئەلھەمدۇلىللا، مەن ھەج تاۋاپ قىلغان، ئىمانى پاك مۇسۇلمانمەن، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ئاچچىقى بىلەن، — مېنىڭ دىيانىتىمدىن گۇمانلىنىشقا نېمە ئاساسىڭ بار؟

— گەپكە گەپ توغرا كەلگەندە ئاتاڭدىن قالما، دەپتىكەن، ھاجىم، — قەدىردان تولىمۇ تەمكىن ئىدى، — سىز مېنىڭ پۇللىرىمغا ئالغان 11 ماشىنا بىلەن نەچچە يىل نېفىت، ئاق ئو- غۇت، پاختا، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى توشۇپ، مىليونلاپ پۇل تاپتىڭىز، شۇنداققۇ؟

— شۇنداق!

— ئەگەر ئىمانى پاك ھاجىم بولغان تەقدىردە: «سېنىڭ پۇللىرىڭغا ئالغان ماشىنىلارنىڭ بەرىكىتىدىن ھازىر 60 ماشىند- لىق بىر كالون قۇرۇۋالدىم، رەھمەت ساڭا» دەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەمدۇ ياكى باي بولۇۋېلىپلا: «پۇلۇڭنى سانىۋال، ھۆججەت ياز» دەپ بۇيرۇق قىلامدۇ؟!

ياقۇپ ھاجىم تەرلەپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ تولىمۇ يولسىزلىق قىلغانلىقىنى، ئەقىل بىلەن ئەمەس، ھېسسىياتىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىگە ئۆكۈنمەكتە ئىدى.

— ھازىر بىر قىسىم پۇل تاپقان مەرىپەتپەرۋەر بايلار مەكتەپ سېلىشىۋاتىدۇ، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلاۋاتىدۇ، بەزىلىرى كۆۋرۈك ياساپ، يوللارغا ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى قەدىردان سەل

پەسكارىغا چۈشۈپ ، — بۇ قېتىم كەنتىڭىز شورۋاغقا بارسام ، كەنت باشلىقى : «باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككى سىنىپى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ، ياقۇپ ھاجىم ھېسابلاپ ، 6 ـ 7 مىڭ سوم كېتىدىكەن ، مەن سالدۇرۇپ بېرەي ، دېگەنىدى ، ۋاقتى يوقمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىمۇ ، بىرنەچچە قېتىم كەلدى ، لېكىن جىمجىتلا كېتىپ قال-دى» دېدى . پۇل خەجلىگۈڭىز كەلمىگەندىن كېيىن ، ئۇلارنى ئالداپ نېمە قىلىسىز ؟ بىلىپ قويۇڭ ، «خېرىدارسىز جوۋان ئىتقا يالاق» دېگەن گەپ بار ، خەلق خېرىدارلىقىنى قىلمىغان ھەرقانداق باي خەلقنىڭ نەزىرىدىن قالىدۇ .

ياقۇپ ھاجىم تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرتەلمىدى . قەدىرداد-نىڭ دېگەنلىرى جېنى بار گەپلەر ئىدى . راست ، ھازىر بىر قىسىم مەرىپەتپەرۋەر ، خەلقپەرۋەر ، دىيانەتلىك بايلار خەلق ئاغزىدا داس-تان بولۇپ مەدھىيىلىنىۋاتىدۇ . خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالغان بىر تال يوپۇرماقمۇ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ ، ئۇلاردىن باشقا بايلار يوقمۇ ؟ بار ! ئۇلار بىرنى ئون ، ئوننى يۈز قىلىش كويىدا ، سودا ساراي ، رېستوران ، قاۋاقخانا ، بەزمىخانىلارنى قۇرۇۋاتىدۇ ، ئۇنداق باي بولدۇمەي ، مۇنداق بېيىدىمەي ، دەپ ، تېلېۋىزورلاردا سۆزلەۋاتى-دۇ . لېكىن ، ئۇلارنى خەلقىسىز ئېتىراپ قىلمايدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ئۆلۈپ ، يەتتە نەزىرى بولغۇچە ئۇنتۇلىدىغانلار !

ئەمدى قەدىردانى ئىتتىن بەتتەر سىلكىشلەپ ، خورلاپ كەت-كەن ياقۇپ ھاجىم بۈگۈن نېمىشقا ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى ؟ ياكى ئۇنىڭ دەيدىغان ـ ئېيتىدىغىنى چالا قالغانمۇ ؟ ياق ، ئۇنداقمۇ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ، «ھاجىم ، ھاجىم» دەيدىكەنمىز ، ئۇمۇ خام سۈت ئەمگەن ئىنسان ! مەككە ـ مەدىنەنى بىر قېتىم چۆرگىلەپ كەلگەنگە ، خۇدايىم ئۇنىڭ كاللىسىغا ئوچۇم ـ ئوچۇملاپ ئەقىل ـ ئىدراك زەرلىرىنى قاچىلاپ قويمايدۇ ، شۇنداق بولغان بولسا ، ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ئادەمدىن شۇنچە بالايىبەتتەر گەپلەرنى ئىشتىپ ئولتۇرماستى ؟

ياقۇپ ھاجىم نەچچە يىلدىن بېرى نۇرغۇن توي ـ مەرىكە ، چاي ، نەزىر ، ئولتۇرۇش سورۇنلاردا بولۇش جەريانىدا ، نۇرغۇنلىغان ھەقەمسايىلىرىنىڭ تەنبىھ ، كىنا ـ كۇدرەتلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتتى ، ئۇلار ياقۇپ ھاجىمنىڭ تېز بېيىشتىكى سىرىنى ئوبدان بىلىدىغانلار ئىدى .

— ياقۇپ ھاجىم ، ھېلىقى قاقچى بالىنى خۇدا خالىس رازى قىلغانلا ؟

— پايدىدىن بىرەر مىليون ئايرىپ بەرمىسە ، خۇدامۇ راۋا كۆرمەس .

— پاھ ، پاھ ، نېمىدېگەن قولى ئوچۇق بالا ـ ھە ؟

— ئاڭلىساق ، ئۇ بالىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپتىمىش ، بېشىنى سىلاپ قويغانلا ؟

— ئۆزىگە خەزىنە يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەن ساخاۋەتچىگە ھىممەت قولىنى سوزمىسا ، ئۇنىڭ ئىمانسىز مۇناپىقتىن نېمە پەرقى بولسۇن ...

ئابرۇيلۇق سودىگەرلەر ، كاتتا بايلار ، بىلىملىك زاتلارنىڭ دېگەن بۇ گەپلىرى ياقۇپ ھاجىمغا ئار ـ نومۇس تەرەپتىن خۇددى بىر ھاڭدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك زەربە بولدى ، بولۇپمۇ : «خۇدا خالىس رازى قىلغانلا ؟» ، «بىرەر مىليون بەرگەنلا» ، «ئىمانسىز مۇناپىقتىن نېمە پەرقى» دېگەن گەپلەر ئۇنى ۋىجدان ئازابىدا ئۆرتىدى . ياقۇپ ھاجىم ئۇنداق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، قەدىردانىنى ھايۋاندىنمۇ بەتتەر خورلىغان تۇرسا ! ئەلۋەتتە ، كونىلار : «بار تاۋۇقىم ، يان تاۋۇقىم» دەپ بىكار ئېيتمىغان . لېكىن ، ياقۇپ ھاجىم «يان تاۋۇقىم» دەپ باقمىدى . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قەدىردانىنىڭ «بار تاۋاق»لىرىنى «ياپىر !» دەپ ئالىۋەردى ، ئۇ تاۋاقلارنىڭ شاراپىتىدىن مەئىشەت كۆللىرىگە كۆمۈش ، زەرلەر ئېقىپ كىرىدىغان ئېرىقلار قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ، «رەھمەت ، ھەشقاللا» نىڭ ئورنىغا ، «كاپىر !» دەپ تىللىدى . چوڭقۇرراق ئويلىغاندا ،

ئۆزى تۇزىنى يەپ ، تۇزلۇقىغا ئولتۇرۇپ قويىدىغان كاپىرنىڭ
ئىشىنى قىلدى !

ياقۇپ ھاجىم بۇ قېتىم خوتەنگە بېرىپ ئابباس ، خەيرىگۇللەر-
دىن قەدىردانىنىڭ ھالىنىڭ خارابلىقىنى ئاڭلىدى . ئۇ مۇشۇ پۇر-
سەتتە «يان تاۋنىم» دەپ ، گۇناھىنى يۇيۇشنى ئويلىدى . ئۇرۇم-
چىگە كېلىش بىلەن «كۆكتات توپ سېتىش» بازىرىدىكى كاتتا
خوجايىن ما جيەنگۇ ئۇنىڭغا ، يەنە 13 ـ 14 كۈن ئەتراپىدا ئىچكى-
رىدىن ھەرخىل كۆكتات كېلىدىغانلىقى ، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا
بازارلىرىدىكى خوجايىنلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئېيتتى . ما جيەن-
گۇ ياقۇپ ھاجىمغا : «30 ماشىناڭنى مەن ئۇچۇنلا ئايرىپ قوي»
دەپ تاپىلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ، قەدىردانىنى ئوتتۇرا ئاسىيا بازار-
لىرىغا يۈزلەندۈرۈشنى ئويلاپ قالدى . ياقۇپ ھاجىم ئۆزىنىڭ بۇ
توغرۇلۇق ئويلىغانلىرىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىۋىدى ، قەدىر-
دان ياش يۇقى كۆزلىرىنى سۈرتۈپ بېشىنى كۆتۈردى . ئۇمۇ چەت
ئەل بازارلىرىنى ، بولۇپمۇ تىل ئۇقۇشالايدىغان ئالمۇتا ، تاشكەنت ،
بىشكەكلەرگە بېرىپ ئوقەت قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى .

— مېنىڭ پاسپورتۇم بولمىسا ، — قەدىردان ئاستا غودۇڭ-
شىپ قويدى ، — ئۇنى ھەل قىلىشقىمۇ بىرەر يىل ۋاقىت كېتىدۇ
دېيىشىدۇ .

— پاسپورت بېجىرىدىغان يەردە مېنىڭ بىر خەنزۇ تونۇشۇم
بار ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ، — ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدە چىقىرىپ
بېرىدىغان بولدى . شۇڭا ، ئىككى پارچە رەسىم بىلەن كىملىكىڭنى
بەرگىن .

— مەندە رەسىم يوق .

— ھازىر چىقىپ چۈشسەڭ ، بىردەمدىلا چىقىرىپ بېرىدۇ ،
ماڭ ، — ياقۇپ ھاجىم ئورنىدىن تۇردى ، — رەسىم ، كىملىك
ھەم پاسپورت رەسمىيەت پۇللىرىنى بۈگۈنلا تاپشۇرۇۋەتمىسەم ،
ئەتە خوتەنگە مال يۆتكەيمىز .

— پاسپورت سىز كېلىپ بولغۇچە چىقامدۇ؟
— شۇڭا ئالدىراۋاتقان گەپ ، — ياقۇپ هاجىم قەدىردانىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى ، — ساڭا ئەتە 50 مىڭ سوم بېرىمەن . مەن كېلىپ بولغۇچە ئادىداس ، مانتانا[1] دېگەندەك ماللاردىن ئالغاچ تۇرغىن .
— پۇلىڭىز لازىم ئەمەس ، ئۆزۈم هەل قىلىمەن . مەن هۆججەت يېزىشقا بەكمۇ ئۇچ .
— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، — ياقۇپ هاجىم تېرىكتى ، — بىر ئىشنى تۇتۇۋالساڭ ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە هىجىلايدىكەنسەن .
— هەممىلا ئادەمنى ئۆزۈمدەك چاغلاۋەرسەم بولمايدىكەن .
— مەن ئەسكى ، مەن يامان ، بولدىما؟
— سىز هاجىم تۇرسىڭىز ، خۇدايىمنىڭ جەننىتى بەندىسىمۇ ئەسكى بولامدۇ؟
— يائاللا ، يائاللا ، سىنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭنىزە ، — ياقۇپ هاجىم تۇيۇقسىزلا بىر ئىشنى ئويلاپ قالدى ، — تاس قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى ، هېلىقى بىر يىلى خالمەت قارىمدىن ئالغان هۆججەتنى ساقلاپ قويغانتىم . بۇگۈن كەچ ياكى ئەتە مەندىن ئېلىۋال .
— نېمە قىلىمەن ئۇنى؟
— خالمەت قارىم هازىر پات ـ پاتلا ئۈرۈمچىگە پەيدا بولىدىكەن . ئۇنىڭدىن 60 مىڭ سوم پۇلۇڭنى ئېلىۋالمىساڭ ، كېيىنچە ئالالمايسەن .
— نېمىشقا؟
— خالمەت قارىم هازىر خروئىن ئەتكەسچىسىكەن ، ئۇنىڭغا تاسادىپىي بىرەر پېشكەللىك يېتىپ قالسا ، شۇنچە نۇرغۇن پۇل ئىتقا مانتا تاشلاپ بەرگەندەك قەدىرسىز يوقايدۇ .

---

① مانتانا — ئاياغ كىيىم ماركىسى .

— سىز ئۆنى ئوتتۇز پارە قۇرئاننى يادا ئالغان دەۋاتاتتىڭىز ، ئىمانى كامىل ئادەممۇ خروئىن ئەتكەسچىسى بولامدا ؟

— بولدى ، بولدى ، زەھەردەك تىلىڭ يەنە ئۇسۇلغا چۈشكىلى تۇردىغۇ .

ياقۇپ ھاجىم بىلەن قەدىردان مېھمانخانىدىن چىقىپ دوستلۇق ئالدىغا تاكسىدا باردى . چۈنكى ، پاسپورت ، كىملىك ۋە ھەرخىل كىنىشكىلار ئىشلىنىدىغان رەسىملەرنى ساقچى رەسىمخانىسى تارتاتتى . ھاجىم تېز چىقىرىش رەسمىيىتى بويىچە پۇل تۆلىگەنىدى ، بىردەمدىلا چىقىرىپ بەردى . ئۇلار رەسىمخانىدىن چىققاندىن كېيىن ياقۇپ ھاجىم يەنە تاكسى ياللاپ ، قەدىردانىنى «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ ، ئۆزى پاسپورت بېجىرىش ئورنىغا يۈرۈپ كەتتى . قەدىردان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، بېشىنى يېنىككىنە چايقاپ قويۇپ ياتىقىغا مېڭىشى ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»دىن ئىلغار بىلەن 35 ـ 36 ياشلار چامىسىدىكى پاكار ، سېمىز ، ياش تۇرۇپلا چوقا چاچلىرى قالمىغان ئاق پىشماق بىر ئادەم ھاسىراپ چىقىپ كېلىشتى . ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، ئىلغار ئاغىنىسىنى تونۇشتۇردى :

— قەدىردان ، بۇ تونۇگۇن مەن سىزگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن سودىگەر ئاغىنەم رىشات ئېلى بولىدۇ . ھازىر بىزنىڭ ئۆيگىلا بارىلى .

ئۇلار تاكسى بىلەن ئىلغارنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ، قاتمال سودىگەر ھەم دەللاللاردەك ئۇزۇن تالاش ـ تارتىش قىلىپ ئولتۇرمىدى ، قەدىردان ئۆيىنى 280 مىڭغا بېرىۋەتتى ، زىنىنەتلەشكە كەتكەن 40 مىڭ سوم پۇلنى ئىلغارنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئالمايدىغان بولدى .

— ئىلغار ئاكا ، بۇ 5 مىڭ سوم سىزنىڭ چاي پۇلىڭىز ، — قەدىردان پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى ، — ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ

قىلىپ ئالارسىز .
خىجىللىق ئىلكىدە قالغان ئىلغار ، چاي پۇلى ئالمايمەن ،
دېگەنىدى ، قەدىردان : «قەدىمدىن تارتىپ كەلگەن ئەنئەنىنى بۇز-
سىڭىز بولامدۇ ؟» دەپ ئەيىبلىدى .
— ئاپلا ، — دېدى رىشات ئېلى ، — سىز ئىشنى بۇزدىڭىز-
غۇ ، مەن تېخى چاي پۇلى ئۈچۈن ئىككى مىڭ سوم بەرسەم بولار ،
دەپ تۇراتتىم .
— ئاڭلىسام سودىگەركەنسىز ، رىشاتكا ، ئېغىر سودىلاردا ،
پىچىلگەن باھانىڭ نەچچە پىرسەنتى چاي پۇلى بولىدىغانلىقىنى
ئوبدان بىلىسىزغۇ دەيمەن ؟ كەتسە ئاغىنىڭىزگە كېتىدۇ ، ياتلارغا
كەتمەيدۇ ، تېخى ماڭا قارىغاندا سىز كۆپرەك بېرىشىڭىز كېرەك .
نېمىشقا دېسىڭىز ، «ئالدىڭ پۈتتۈك ، ساتتىڭ پىتتۈك» دېگەن
گەپ بار ، مەن گۆھەرىمنى يىتتۈردۈم ، سىز گۆھەرگە
ئېرىشتىڭىز .
— ئاغىنىلەر ، مەن ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ دەللال بولسام
بولغۇدەك ، — دېدى ئىلغار كۈلۈپ ، — بىر دەمدىلا ئون ئايلىق
مائاشىم چىقىپ قالدى دېسە .
قەدىردان ئۆيىنى نەچچە پۇلغا سېتىپ ، پۇلنى ساق تاپشۇرۇ-
ۋالغانلىقى ، بۇندىن كېيىن بۇ ئۆي ھەققىدە ھېچقانداق دەۋا -
دەستۇرى يوق ئىكەنلىكى ھەققىدە ھۆججەت يازدى . بۇ ھۆججەتكە
ھەر ئۈچىلىسى ئىسمىنى يېزىپ ، ئىسمى ئۈستىگە قىزىل سۇرۇخ
بىلەن بارمىقىنى باستى ، ئاندىن قەدىردان بالكونغا چىقىپ بىخەتەر-
لىك ساندۇقىنى ئېچىپ ، ئۆينىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ بەردى .
— قەدىردان ، — دېدى رىشات ئېلى ، — بۇ بىخەتەرلىك
ساندۇقىڭىزنى ماڭا سېتىپ بەرگەن بولسىڭىز ، بىز سودىگەرلەرگە
تولىمۇ مۇھىم نېمىكەن .
— ئىلغاركام تۆت - بەش ئادەم بىلەن جاپا تارتىپ ئەكىرىپ
قويۇپتۇ ، مۇشۇ ئادەم بەرسە ئىشلىتىڭ ، لېكىن ئۇنى سېتىپ

يۇرسەم سەت بولار .

قەدىردان شۇ كۈنى كەچتىلا شىنجاڭ مېھمانخانىسىغا بېرىپ ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ ياتىقىنى ئىزدەپ تاپتى . ئۇ گېزىتكە ئورالغان بىر بولاق نەرسىنى سومكىدىن ئېلىپ چاي شىرەسىگە قويدى ـ دە ، باغلىغان يىپنى يېشىۋېتىپ ، گېزىتنى ئاچتى . ياقۇپ ھاجىم باغلام ـ باغلام پۇللارغا قاراپ ھەيرانلا قالدى .

— دوستلۇقتىكى ئۆيىنى سېتىۋەتتىم ، — دېدى قەدىردان تەرلىرىنى سۈرتۈپ ، — بۇ 150 مىڭ سومنى دادام بىلەن ئانامغا ئالغاچ كېتىڭ ، ئۇلارنى تولىمۇ چىقىمدار قىلىۋەتتىم .

— ئۆينى نەچچىگە ساتتىڭ ؟

— ئالغان پۇلۇمغا ساتتىم . زىننەتلەشكە كەتكەن 40 مىڭغا ئېغىز ئاچمىدىم .

— مۇنداق دېگىن ، — ياقۇپ ھاجىم : «قالتىسقۇ ، 40 مىڭنى مەيلى دېگۈدەك بولدۇڭما ؟» دېمەكچىدى ، لېكىن قەدىردانىنىڭ ئاغ-زىنىڭ ئېچىلىشىدىن قورقتى ، — پۇلنى نەق بەرگەندۇ ـ ھە ؟ راست ، ئىككى يىللىق ئىجارىسىنى ئالغانسەن ؟

— ئالدىم .

— پاسپورتىڭ ئون نەچچە كۈندە چىقىدۇ ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ئىستاكانغا قايناق سۇ قۇيۇۋېتىپ ، — شۇ چاغقىچە ئېلىشقا تېگىشلىك ماللىرىڭنى ئېلىپ بول . ئەڭ ياخشىسى ، ئاشۇ تەرەپتە تىجارەت قىلغانلاردىن سوراپ ، تېز ئۆتىدىغان ماللاردىن ئال .

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەن ياقۇپ ھاجىمنىڭ ئاق ئوغۇت باس-قان ماشىنىلىرىنى خوتەنگە يولغا سېلىۋېتىپ ، «مۇساپىرلار مېھ-مانخانىسى» ھەم مۇھاجىرلار مېھمانخانىلىرىغا بېرىپ ئوتتۇرا ئا-سىيادا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەم شۇ يەردىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ، دەسلەپكى ئۇقۇمغا ئىگە بولدى . شۇڭا ، ئۇ يەكشەنبە ئەتىگەندىلا كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ ، خۇالىڭ توپ سېتىش بازىرىغا ماڭدى . ھازىر كوچىلاردا

يېڭىدىن قاتناۋاتقان ئاپتوبۇسلار ئىگىز ھەم كۆركەم بولۇپ ، كۆرۈ-
نۈشمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى ، بولۇپمۇ دېرىزىلىرى ناھايىتى چوڭ
بولۇپ ، ئېچىپ ـ يېپىشقا بولمايتتى . دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان
قەدىردان بىردىنلا ئاكاتسىيە دەرەخلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاياغ يولدا
بالىسىنى يېتىلەپ بەكمۇ تېز كېتىۋاتقان مېھرىباننى كۆرۈپ قال-
دى . ئۇ : «راستىنلا شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ» دەپ ئىككى ئويلۇق
بولۇپ ، ئەينەكتىن سىنچىلاپ قاراۋاتقاندا ، خۇددى تەڭرى ئۇنىڭغا
خەيرخاھلىق قىلىۋاتقاندەك ، ئاپتوبۇس ئالدىدىكى ماشىنىنى يانداش
ئۆچۈن سۈرئىتىنى ئاستىلاتقانىدى ، قەدىردان سەكرەپ تۇرۇپ كەت-
تى ـ دە : «مېھرىبان ... مېھرىبان ...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە
ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . بۇ چاغدا ئاپتوبۇس ناھايىتى تېز
كېتىۋاتاتتى .

— شوپۇر ، ماشىنىنى توختات ! توختات دەيمە !

— توختىتىشقا بولمايدۇ ! — ۋارقىرىدى خەنزۇ شوپۇر ، —
جەرىمانە ئالىدۇ .

— ئىشىكنى ئېچىۋەت !

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ؟

قەدىردان ئىچى سىقىلىپ جىددىيلەشكەنسېرى ، ئاپتوبۇس خې-
لىلا مېڭىپ ، توختاش بېكىتىگە كېلىپ توختىدى . قەدىردان ئاپ-
توبۇس پەلەمپىيىدىن بىرلا سەكرەپ يول چېتىغا چۈشتى ـ دە ،
ئارقىغا قاراپ چاپتى . ئۇ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي ساراڭلاردەك
شۇنداق يۈگۈردىكى ، ئادەملەر ئۇنى : «ساقچىلار قوغلاپ كېلىۋات-
قان ئوغرى ئوخشايدۇ» دەپ ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى . لېكىن ،
قەدىرداننىڭ بۇ جان پىدالىقى قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپ قال-
دى . مېھرىبان بىلەن قەيسەر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى ، شۇنداقتى-
مۇ قەدىردان بىردە ئالدىغا ، بىردە كەينىگە ، بەزىدە ياندىكى خالتا
كوچىلارغا ئەسەبىيلەرچە يۈگۈرمەكتە ئىدى . بالا يېتىلىگەن ياكى
بالا كۆتۈرگەن ئاياللارنى كۆرۈپ قالسىلا ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ،

هاسىراپ يېتىپ كېلەتتى ـ دە ، قورقۇپ كەتكەن ئانا ـ بالىغا قاراپ : «كەچۈرۈڭ !» دەيتتى ياكى : «خاپا بولماڭ ، بىر كىمگە ئوخشىتىپ قاپتىمەن» دەپ ئۆزرە سورايتتى . ئۇ كەچتە ياتاققا بارغاندا ، مېھرىبان ھەم بالىسىنى كۆرگەنلىكى ھەققىدە ھېلىمجانغا سۆزلەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئالماقچى بولدى . قەدىردان ئەنە شۇنداق بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە يۈگۈرۈپ ئايالى بىلەن بالىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن بۇ دەقىقىدە ، كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغان مېھرىبان تۆت ياشنى تولغىنىش ئالدىدا تۇرغان ئوغلى قەيسەرنى باغرىغا باسقان ھالدا يىكەن كۆلگە كېتىۋاتاتتى . تولغۇلۇپلا قالغان ئانا ـ بالىنىڭ باشلىرى گويا ئادەم-لەردىن بىزار بولغاندەك يەردىن ئۇستۇن قارىمايتتى . مېھرىبانىنىڭ كۆزىدىن تامغان ئىككى تامچە ياش بارا ـ بارا سىرغىپ لەۋ ئىزنالد-رىغا سىڭىپ كەتتى . بۇ ئىككى تامچە ياش نادامەت ئېتەكلىرىگە تۇغۇلغان بۇ ناتىۋاننىڭ بىر يىلدىن بېرى كۆرگەن پاجىئەلىك قىسمەتلىرىگە گۇۋاھ بولالايتتى .

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

بىز ئالدىنقى بابىمىزدا ، كۆڭلى قىزىنىڭ كالتە ئىشتىنى ھەم باغىردىقىدىكى پۇل چېكىدە قالغان ئابابەكرى مېھرىباننى ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ كېتىش كويىدا ، ئاخىرقى زەھەرلىك پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى ، دەپ ئۆتكەنىدۇق . مانا شۇنىڭدىن بېرى بىر يىل ئۆتتۇپتۇ ، ئابابەكرى رەزىل مەقسىتىگە يېتەلىدىمۇ يوق ، يەتكەن بولسا مېھرىبان قانداق دىشۋارچىلىقلارغا مۇپتىلا بولدى ؟ بۇ بىزگە قاراڭغۇ ! شۇڭا بىز ئارقىمىزغا قايتىپ ، «سېرىق ئۆي» ئېچىۋېتىش رايونىغا بارايلى ، مېھرىبانغا ياردەم قولىمىزنى سوزالمىساقمۇ ، ھېسداشلىق ، خەيرخاھلىق قىلساقمۇ ھېساب ! چۈنكى ھەدىستە : «ئازاب چەككۈچىلەرگە ئىچ ئاغرىتىشنىڭ ئۆزى ساۋابتۇر» دېيىلگەن !

مېھرىبان بىلەن ئەكبەرنىڭ كاۋاپچىلىقى راسا روناق تېپىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇلارنىڭ ئوقىتىگە تۇيۇقسىزلا ئۇششۇك تەگدى ، ئىككى - ئۈچ كۈنگە قالماي خېرىدارلار بارا - بارا ئازىيىپ ، كېيىن توزۇپلا كەتتى ، ھەتتا ئادەملەر كاۋاپدانىنىڭ قېشىدىن ئۆتمەيدىغان ، ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ، ئېغىز - بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ ماڭىدىغان بولدى .

— ھەدە ، — دېدى ئەكبەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ، — بىزنىڭ ئوقىتىمىزنىڭ ياخشى بولغانلىقىنى كۆرەلمەيدىغانلا باركەن .

— قانداق دەيسەن ؟

— بازار ئىچىدە ، بىزنى : «كاۋاپقا ئېشەك گۆشى ئارىلاشتۇ-

روۋپ ساتىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا كۆمۈلگەن ئىشەك پاچاقلىرىنى ئىتلار سۆرەپ ئاچىقىپتۇ» دېيىشكەندەك گەپلەر تار-قىلىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، قانداق ئىمانسىزنىڭ تاپقان گېپىدۇ بۇ؟ — مېھرىبانىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — ھەممىلا ئادەم-نىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن بىللىغۇ، نېمانچە دۈشمەنلىك قىلى-دىغاندۇ.

— ھەي، بۇلارنىڭ ئوقىتى ئەجەب تېز يۈرۈشۈپ كەتتى، كۆز تەگمىسە بولاتتىغۇ، دەپ ئەنسىرىگىنىمدەك بولدى، — دېدى ئۆي ئىگىسى تۇردىخان قايتۇرۇپ كەلگەن گۆشلەرنى توڭلاتقۇغا سىلىۋې-تىپ، — تىجارەتچى دېگەن خەق بىر - بىرىنىڭ پېيىدە بولىدىكەن - دە!

مېھرىبان ئەلىيىنى يەنە بىر سىناپ بېقىش ئۈچۈن، ئەتىسى ئەكبەر ئىككىسى كاۋاپدانلارنى ھارۋىغا بېسىپ كەچلىك بازارغا چىقتى. ئۇلار تۇرۇشلۇق ئورنىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ، كاۋاپدان-دىكى چوغلارنى يەلپۈپ، چايلارنى دەملەپ، شىرە - ئورۇندۇقلار-نى سۈرتۈپ، كاۋاپدانغا ئون نەچچە زىخ كاۋاپ بېسىپ، مەززىلىك ھىدلىرىنى ئەتراپقا تارىتىپ، ئەكبەر ساز ئاۋازى بىلەن ئەمدىلا خېرىدار چىللاپ تۇرۇشى، بۇ چاغقىچە بۇ بازاردا كۆرمىگەن تۆت لۈكچەك كەلگەنچە مېھرىبانىنىڭ كاچىتىغا نەچچىنى سالدى. ئەكبەر چەيدونى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇلارغا ئېتىلدى، ئەمما بىر نەچچە خېرىدار ئۇنى تۇتۇۋالدى، مېھرىبانمۇ ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە، ئۆزۈن چاچ، بۇرۇتلۇقنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئەتراپقا بىردەمدىلا ئادەملەر توپلاندى. كۆپ ساندىكى خېرىدارلار، بازارچىلار مېھرى-بان ۋە ئەكبەرگە خەيرخاھلىق نەزىرىدە باقسا، بىر قىسىم كۆرەل-مەس تىجارەتچىلەر: «خوپ بولدى» دېگەندەك، ھىجىيىشىپ قاراپ تۇراتتى.

— ھەي خالايىق، — دېدى ئۆردەك تۇمشۇق شەپكە كىيىۋال-

غان دوقا ماڭلاي ، — بۇ پاسكىنا ئىشەك گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ سېتىۋاتسا ، زۇۋانىڭلارنى ئاچماي يۈرەمسىلەر ؟

— هەي هېچقىسى يوق ، — چەيدو تۇتۇۋالغان ئەكبەر هەر قانچە يۇلقۇنۇپمۇ تۇتۇۋالغانلار قولىدىن ئاجرالمىدى ، — جالاپ ئاچاڭ كۆرۈپتىما ، ئىشەك گۆشىدە كاۋاپ قىلغىنىمىزنى ؟

— قېرىنداشلار ، — مېھرىبان يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى ، — مەن بىر تۇل ئايال ، يولدىشىم ئۆلۈپ كەتكەن ، بىر بالام بار ، ئوغرىلىق قىلسام گۇناھ بولىدۇ . تىرىكچىلىك قىلىپ بالامنى باقسام ، بەزىلەر مېنى كۆرەلمەي تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ .

بۇ ئەسنادا لوكچەكلەر كاۋاپدان ، چاي چۆگۈن ۋە ئورۇندۇق ـ شىرەلەرنى ئۆرۈپ ، داستىكى زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلەرنى يەرگە تۆكۈپ ۋەيرانە قىلىۋەتتى . ئاڭغىچە كىمدۇر بىرى : «ساقچى كەلدى » دېيىشى ، لوكچەكلەر ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي تىكىۋەتتى . ئەلىجان ساقچى يەردە قالايمىقان يېقىلىپ ، سۇنۇپ ، چېچىلىپ ياتقان نەرسىلەرنى كۆرۈپ هەيران قالدى . مېھرىباننىڭ بۇرنىدىن ، جاۋغىيىدىن ئاققان قان ئېڭەكلىرىگە ساقىپ چۈشكەنىدى .

— تىجارەتچى ئاغىنىلەر ، هازىر قالايمىقانچىلىق چىقارغان لوكچەكلەرنى تونۇمسىلەر ؟ — ۋارقىرىدى ئەلىجان ساقچى ، — قايسىڭلار كۆرۈپ باققان ؟

— «سېرىق ئۆي» كەچلىك بازىرىدا ، — دېدى چار ساقاللىق زاسۇيپەز ، — زادىلا كۆرۈپ باقمىغان نېمىلەركەن . ئاغىنىلەر ، سىلەر كۆرۈپ باققانمۇ يا ؟

— ياق ، — كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى ، — بۇ چاغقىچە كۆرمىگەن ، يوچۇنلا گۇيلارغۇ ئۇ .

— يولداشلار ، مېھرىبان ئۈستىدىن توقۇلغان بۇ ئىغۋا بىر ئايدىن بېرى «سېرىق ئۆي» رايونى بويىچە ناھايىتى تېز تارقالدى ، — دېدى ئەلىجان ساقچى توپلانغانلارغا قاراپ ، — شۇڭلاشقا

ساقچىخانىمىز بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش جەريانىدا ، بۇنىڭ قىسمەن كۆرەلمەس تىجارەتچىلەر تەرىپىدىن توقۇلغان تۆھ-مەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۇق ، بىراق ئىغۋانى تارقاتقان ئەس-لىي ئىگىسىنى تاپالمىدۇق . بىز بۇ ئىشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرمەكچىمىز .

سۈيىقەستلىك تۆھمەت ئىككى ئاي داۋام قىلىپ ، ساقچىلار-نىڭ ياردىمىدە ئاستا - ئاستا تەسىرى سۇسلاشتى ، شۇنداقتىمۇ خەلق ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن پىتنە - ئىغۋا ئاسانلىقچە چىقمايدى-كەن . شۇڭا ، مېھرىبانىنىڭ سودىسى روناق تاپالمىدى . ئۇ ھەر كۈنى بازارغا چىقاتتى ، گۆشنى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئالمىسىمۇ ، يەنىلا ئېشىپ قالاتتى . ئالىدىغان پايدا نەچچە ھەسسە تۆۋەنلەپ كەتتى ، ھەتتا زىيان چىقىدىغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەردى . بىر كۈنى ئەلىجان ساقچى ئەھۋال سوراپ كەلگەندى ، مېھرىبان يىغلىۋەتتى .

ئەلىجان ساقچى ئەتىسى ساقچى ئاغىنىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ ، ئىككى شىرەنى ئىگىلەپ ئولتۇردى . ئەكبەر كاۋاپدانغا كاۋاپ بې-سىپ ئۈلگۈرەلمىدى . ساقچىلار : «ۋۇي ، بۇ نېمانداق يۇمشاق گۆش - ھە ؟» ، «پاقلاننىڭ بولغاچقا ، پاختىدەك يۇمشاقتە !» ، «گۆشنىڭ تەممۇ باشقىچە مەززىلىككىنا» دېيىشەتتى . ئەكبەر بولسا : «ئەلىجان ئاكا ، بۇ دېگەن خوتەننىڭ پاقلىنى ، خوتەندە قوزا تۇغۇلۇپلا شور ، تاشتۇز يالىغاچقا ، گۆشى ئەددەسىز تاتلىق بولۇپ كېتىدۇ» دەيتتى . ئەتىسى ئەلىجان ساقچى جەمئىيەتتىكى ئەل - ئاغىنىلىرىنى كاۋاپ يېيىشكە ئەۋەتتى ، ئۆگۈنى ئۆزى ساقچىلارنى باشلاپ كەلدى... ئەلىجان ساقچىنىڭ بۇ ئۇسۇلى تېزلا ئۈنۈم بەر-دى ، پىتنە - ئىغۋا كۆتۈرۈلۈپ ، ئۈچ ئاي بولغاندا مېھرىبانىنىڭ سودىسى يەنە ئەسلىگە كەلدى . ئۇ خۇشلۇقىدا قويغان - پۇتكىنىنى بىلمەيلا قالدى ، ئەكبەرنىڭمۇ ئىش ھەققىنى كۆپەيتىپ بەردى . ئەمما كونىلار ، يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا يەتكەندە ، بۇرنى قاناپتۇ ، دېگەندەك ، بۇ قېتىم كۆز ياش ھەم پىغانلىق زەردابلار بىلەنمۇ

يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان نومۇسلۇق تۆھمەت تامغىسى مېھرد-
بانىنىڭ نازۇك بەدىنىگە ئوتلۇق تامغىدەك بېسىلدى : «ھارامدىن
بالا تۇغقان مېھربان يىگەن كۆلدە تۇرالماي ، ‹سېرىق ئۆي›گە
قېچىپ كېلىۋالغانىكەن» ، «مېھربانىنىڭ ئوينىغان ئادەملىرى
كۆپ بولغاچقا ، بالىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئېيتىپ
بېرەلمەيدىكەن» ، «يىگەن كۆلدە ‹غۇنچە بوي سەنەڭ› دېگەن نامى
باركەن» دېگەن گەپلەر « سېرىق ئۆي» رايونىغا خۇددى تاپ سېسد-
قىدەك تارالماقتا ئىدى . بۇ پۇراق ئەڭ ئالدى بىلەن «سېرىق ئۆي»
كەچلىك بازىرىدا پەيدا بولۇپ ، ئاندىن مەھەللە ، كوچىلارغا ، تېخد-
مۇ ئىچكىرىلەپ ئىشىك - دەرۋازىلاردىن كىرىپ ، ئۆيلەرنىمۇ
سېسىتتى . كىچىككىنە بىر ئىشىنىڭ شەپىسىنى قارابورانغا ئايلاند-
دۇرۇۋېتىدىغان خوتۇنلار ئەتىسى - ئاخشىمى ئىشىك ئالدىلىرىغا
توپلىنىپ : «ۋييەي قاراڭلار ، ئۇ ئەسلىدە قىپقىزىللا بىر جالاپ-
كەن ئەمەسمۇ» دەپ ، غەيۋەتكە ئۇرۇق سالسا ، توي - تۆكۈن ،
مەرىكە سورۇنلىرىدا ئالتە خوتۇننىڭ بېشى بىر يەرگە كېلىپ ،
كىچىككىنە بىر ئاجىزەنى غاجاپ ، جانلىرى ئارام تاپاتتى . تېخى
كەچلىك بازارنىڭ «ۋەزىيىتى» ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ئىدى . مەنپەئەت
تەمەسىدە بىر - بىرىگە ئورا قازىدىغان تىجارەتچىلەر خۇشلۇقىدا
پىچىرلىشاتتى ، خىرقىرىشىپ كۈلۈشەتتى ، ھەتتا بەزى تېجىمەل
تىجارەتچىلەر كۆتىگە يالاندا قىستۇرۇۋالغاندەك غىتىلداپ ، كاۋاپ-
چى ، زاسۇيپەز ، سېرىق ئاش قاتارلىرىنى ئايلىنىپ «خۇش خەۋەر»
تارقىتاتتى ، «ھەممىمىز ئۆز رىزقىمىزنى تېپىپ يەيمىز» دېيىشەتد-
تى . خۇددى بىرى پالاكەتكە يولۇقۇپ دۇم چۈشسە ، قالغانلىرى
ئۇنىڭ رىزقىنى بۆلۈشۈۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشەتتى .

مېھربان بازارغا چىقمايدىغان بولدى ، راست گەپنى قىلغاندا ،
چىقالمايدىغان بولدى . ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى ،
ئۇنى كۆرگەن ھامان بىر - بىرىگە قۇلاق يېقىشىپ كۇسۇرلىشات-
تى ، ئېغىزلىرىنى تۇتۇپ مەسخىرىلىك ھىجىيىشاتتى ، بەزى لۇك-

چەكلەر هايا قىلماي : «هوي ئۇكاموي ، بالدۇرراق شەپە بەرگەن بولسىڭىز ، كېچىلىرى يوقلاپ بارار ئىدۇق» دېسە ، يەنە بەزىلىرى : «غۇنچە بوي سەتەڭگە لايىق سەتەڭكەنسىز ئەمەسمۇ» دەپ ، مېھرىباننىڭ يۈمران ئېگەكلىرىگە قول ئۇزىتاتتى . كوچا ـ كويلاردا مېڭىش تېخىمۇ تەس بولدى ، دەرۋازا ئالدىلىرىدا توپلىشىپ تۇرغان ياكى ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان خوتۇنلار ، قىز ـ چوكانلار مېھرىباننىڭ ئوغلى قەيسەرنى كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى... شۇنداق ئازابلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئەلىجان ساقچى مېھرىباننى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ سۆزلەشتى .

— مېھرىبان ، بالىڭىزنىڭ دادىسى بارمۇ ـ يوق ؟ — ئەلىجان ساقچى ئۇستەلگە ئۇردى ، — نېمانداق سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرىسىز ، سىز بۇندىن كېيىن ياشامسىز ـ ياشىمامسىز ، رايونىمىزدا تېرىلىپ كەتكەن گەپلەر ئازما ؟

— قەيسەر بالامنىڭ دادىسى ئىچكىرىگە تىجارەت بىلەن كىرىپ كەتكەن ، — مېھرىبان مىچچىدە يىغلىدى ، — بەش يىل بولدى ، خەۋىرى يوق .

— نېمە ئۈچۈن خەت ـ خەۋەرسىز يوقاپ كېتىدۇ ؟

مېھرىبان خىلنىچە ئېغىز ئېچىپ بىر نېمە دېيەلمىدى . «دادام ئۇنى خروئىن ئەتكەسچىسى دەپ ساقچىغا تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان ، شۇڭا ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەنچە كەلمىدى» دېسۇنمۇ ؟ ئۇنداقتا ئەلىجان ساقچى مېھرىباننىڭ دادىسىنى سوروشتە قىلىدۇ ، بۇنىڭدا ئىش تېخىمۇ يوغىناپ كەتكۈدەك... ئەمدى هۆسنارخان بىلەن ئوغلى ئەسەت ئەرۋاھ قەدىردانىنىڭ سومكىسىغا 100 گرام خروئىن سېلىپ ، ساقچىغا مەلۇم قىلغاندا قېچىپ كەتكەن دېسە ، «ئۇنداقتا هۆسنارخان ، ئەسەتلەر كىم ؟» دەپ سوراپ قالسا ، نېمە دەپ جاۋاب بېرەر ؟ ياق ... ياق ! بۇنداق دېسە ، مۇناسىۋەت دائىرىسى مۇرەككەپلىشىپ ، تېخىمۇ گۇمانلىق بولۇپ قالغۇدەك .

— نېمىگە يىغلاۋېرىسىز ؟ — ئەلىجان ساقچى تېرىكىپ قال-

دى ؛ — ئېرىگىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىشىمۇ يەنىلا شۇ جەمئىيەتـ
تىكى ئۆسەك گەپلەرگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ لېكىن
سىزنىڭ ئېرىگىز توغرۇلۇق ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەسلىكىڭىزنى
زادىلا چۈشەنمىدىم .

— ئەلىجان ساقچى ، مەن ... مەن سىزگە كېيىن دەپ بېرەي ،
ھازىر كۆڭلۈم بەك پاراكەندە .

— ئۇنداق بولسا ، بىرلا سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ ، سىز بىلەن
ئۆچەكىشىدىغان بىرەر ئادەم بارمۇ - يوق؟ — ئەلىجان ساقچى
مېھرىبانغا تىكىلدى ، — ئالايلى ، ئۈچ - تۆت ئاي ئالدىدا ئېشەك
گۆشى مەسىلىسى چىقتى ، مانا بىرەر ئاي بولدى ، قەيسەر ئاتىسىز
تۇغۇلغان ، دېيىش بىلەن سىزنىڭ يۈزىڭىزگە نىجاسەت سۈۋايدىغان
ئىش يۈز بەردى .

راست ، مېھرىباننى كۆزدىن يوقىتالماي قالغان بىرەر كۈشەندـ
دىسى بارمىدۇ؟ مېھرىبان ئويلا ، ئويلا ، ھېچ ئېسىگە ئالالمىدى .
ئۇ مۇشۇ دېمەتلىك بولغۇچە بىرەرى بىلەن «ئاناڭ - قىزىڭ» دەپ
تىللىشىپ ، قىزىرىشىپ باققان ئەمەس ! «مېھرىبان چۈشىدە بىر
كىمنى تىللاپ ساپتۇ» دېسە ، ئۈچار - قانات ، جان - جانىۋارلارمۇ
ئىشەنمەس ! ئۇنداقتا ئۇنىڭغا كىممۇ شۇنچىۋالا ئۆچمەنلىك
قىلار؟ ! راست ، دادىسى ئابابەكرى خروئىنغا چاپلاشقاندىن كېيىن
ئادىمىيلىك خىسلىتىنى يوقىتىپ ، ئادىمي ھايۋانغا ئايلاندى ، شۇنـ
داقتىمۇ ئۇ ئۆز پۇشتىدىن بولغان جىگىرىنى : «ئېشەك گۆشىدە
كاۋاپ قىلىپ ساتتى» دەپ تۆھمەت قىلماس ، يەنە كېلىپ : «مېـ
نىڭ قىزىم جالاپ . ئۇ ھارامدىن بالا تۇغقان» دەيدىغان ئاتا بولارـ
مۇ؟ ! شۇنداق دېدى دەپ پەرەز قىلغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ ئۆزى
كىمنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالىدۇ؟ !

مېھرىبان ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە ، ئەلىجان ساقچىنىڭ
ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى . ئۇ شۇ كۈنى كېچە بالىسىنى ئۇخلىـ
تىپ قويۇپ ، تامغا يۆلەنگىنىچە قاراڭغۇ ئۆيدە بىر كېچە خىيال

سوروپ ، «سېرىق ئۆي» دىيارىدىن يوقىلىشنى لايىق تاپتى . ئەمدى بۇ يەردە باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك يۈز قالمىغانىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە بالىسىنى يېتىلەپ ئۆي ئىزدەشكە چىقاي دەپ تۇرۇشى ، ئۆي خوجايىنى تۇردىخان كىرىپ كەلدى . بۇ خوتۇننىڭ يۈرۈنقى نامازشام گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان چىرايى ھازىر ھۇقۇشنىڭ يۈزىدەك ئادەمگە ھۇرپىيىپلا تۇراتتى .

— مېھرىبان خانقىز ، ئەمدى ئۆيىنى بىكارلاپ كۆچمىسىڭىز بولمىدى ، — تۇردىخان گېپىنى قىرىپ قويىدى ، — مەھەللىدىكىلەر : «تۇردىخان كېچىدە كېلىدىغان ئەرلەرگە ئىشىك ئېچىپ بېرىدىكەن» دېگەن گەپنى تېپىپتۇ ، ئەتە - ئۆگۈن سولام-چىمۇ بوپقالماي يەنە .

— ئاغزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭ ، — دېدى مېھرىبان قەھر بىلەن ، — مەن ھەر قايسىڭىزنىڭ ئالدىدا قارا بولغىنىم بىلەن ، خۇدانىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق ! مېنىڭ پاكلىقىمغا ئاللا گۇۋاھ !

— بولدىلا ، بۇنداق چاك باسمايدىغان گەپلەرنى قىلماي ، كۆ-چىدىغاننىڭ كويىغا چۈشلى .

— مەنمۇ كۆچۈپ كېتەي دەپ تۇراتتىم . شۇڭا ، ھازىر بالام بىلەن ئۆي ئىزدىگىلى چىقىمەن .

شۇ ئەسنادا دەرۋازا بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇلۇشى ، تۇردىخان چىقىپ كەتتى ، ئۇ ھايال بولمايلا مېھرىباننىڭ ئۆيىگە ئابابەكرىنى باشلاپ كىردى .

— دادا ! — ئىچى دەرد بىلەن توشۇپ كەتكەن مېھرىبان ئېتىلىپلا كەتتى ، — مەن ··· مەن ··· نېمانچە شور پېشانە ، مەن نېمانداق بەختسىز تۇغۇلۇپ قالغان !

— قىزىم ، بولدى يىغلىماڭ ، — ئابابەكرى مېھرىباننىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ سۇپىدا ئولتۇردى ، — مەن «سېرىق ئۆي» بازىرىدا ھەممىنى ئاڭلىدىم ، ئەلىجان ساقچى بىلەنمۇ سۆزلەشتىم .

بالام، سىز باشقىلارغا قارا سانالغان بولسىڭىز، ماڭا ئاق، تىجارەتچىلەر سىودا قىوغلىشىپ، پۇل، ئورۇن، مەرتىۋە تالىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىدىغان خەق تۇرسا، سىز دۈشمەنلىك بولماي قالامتىڭىز؟ سىز پىشمىغان خام بالىسىز، سودىسى روناق تېپىپ، يۈز ـ ئابرۇي، مەرتىۋىگە ئېرىشكەن قايسىبىر سودىگەر ـ تىجارەتچى دۈشمەنلىك بولماي قالغان. بەزىلىرى تۆھمەت، سۇيىقەست، ئىغۋالاردىن ساراڭ بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۆلۈۋالغانلار بار.

ھارام دۇنيا مەئىشىتىگە ھېرىسمەن بولغان ئادەم، ئۇنىڭ كويىدا ھىيلە ـ مىكىر سېھىرگەرىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. ئابابەكرى ئىككى تۆھمەت ئارغامچىسى بىلەن مېھرىبانىنى پۈتۈنلەي باغلاپ ئالىمەن دەپ ئويلىغانىدى، دېگەندەك رەزىل مەقسىتىگە يەتتى، بولۇپمۇ ئىككىنچى ئامالى بىلەن مېھرىبانىنى «سېرىق ئۆي» تەۋەسىدە باش كۆتۈرۈپ يۈرەلمەيدىغان قىلىۋەتمەكچى ئىدى، ئۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى. مانا ئەمدى شاپائەت ھەم ساخاۋەت تونىنى كىيىپ، مېھرىبانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— بولدى، قىزىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەن سىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەي، — دېدى ئابابەكرى تۇردىخانغا قاراپ قويۇپ، — قانداق دېدىم ـ ھە؟

— ۋېيەي تولا، ھېلىمۇ ياخشى دەردىڭىزگە دەرمان بولغۇدەك دادىڭىز باركەن، بولمىسا قانداقمۇ قىلارئىدىڭىز؟ — «ئۆيدىن قاچانمۇ كۆچەر» دېگەن غەمدە قالغان تۇردىخان ئابابەكرىگە يەل بەرگىلى تۇردى، — مانا بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەندە ماشايىخلاردەك پەيدا بولغىنىنى كۆرمەمدىغان.

دادىسىنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئوبدان بىلىدىغان مېھرىبان ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن كەتكۈسى يوق ئىدى. لېكىن، ھازىر تاكاللاشسا تۇردىخانىنىڭ قولىغا غەيۋەت سايىقىنى تۇتقۇزۇپ قويالتتى. بۇ خوتۇن ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە: «دادىسى بىچارە ئەكېتەي دېسە، مېھ-

ربان ھەرگىز ئۇنىمىدى ، ئويلاپ بېقىڭلار ، ئۇ نېمىشقا دادىسى بىلەن بىللە تۇرغۇسى يوق ؟ » دېيىش ئارقىلىق ،مېھرىبان ئۇستىدىن كۆتۈرۈلگەن سۇيىقەست ـ تۆھمەتلەرنى راستقا ئايلاندۇراتتى . شۇڭا ، مېھرىبان ئىلاجسىزلىقتىن بېشىنى سىلىپ جىم ئولتۇردى . بۇ پۇرسەتتە تۇردىخان ئابابەكرىنى كۇشكۇرتتى .

— يۇك ـ تاقلارنى باسقۇدەك بىرەر نەرسە ئەكېلەملا قانداق ؟ «سىرىق ئۆي» بازىرىدا كىراكەش ماشىنىلار كۆپ .

ئابابەكرى چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇردىخان ئۇزىتىپ چىققانىدى ، ئابابەكرى ئۇنىڭغا بىر مۇنچە كۇسۇرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى . تۇردىخانىنىڭ كۆزلىرى غەلىتىلا ئالىيىپ ، بېشىنى توختىماي گىلدىڭلاتتى ، ئابابەكرى چىقىپ كەتكەن ھامان دەرۋازىغا قۇلۇپنى سېلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

مانا شۇنداق قىلىپ ، ئابابەكرى مېھرىباننى يىسكەن كۆلگە ئېلىپ كېتىپ ، كۆزلىگەن رېجىسىغا يەتتى . ئۇ ئەمدى تەييار ئاش ـ تاماققا ، بەزىدە تېخى خروئىن چېكىدىغان پۇلغىمۇ نائىل بولدى . مېھرىبان تۆت ياشتىن ئېشىپ قالغان ئوغلى بىلەن كاۋاپچىلىق قىلاتتى . كىچىكىدىنلا ئانىسىنىڭ تۆككەن كۆز ياشلىرى گۆدەك قەلبىگە زەرداب كۆل بولۇپ يىغىلغان قەيسەر ئىسمى جىسمىغا لايىق بالا بولغانىدى . ئۇ ئانىسىنىڭ دەردىگە يېتەتتى ، تاڭ ئاتماس ئۇزۇن قىش كېچىلىرى ئانىسىنىڭ قىرلىق بۇرۇنلىرىدىن ، مەڭزىلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ ، ياستۇقنى ھۆل قىلىۋاتقان ياشلىرىنى كىچىك ئالىقانلىرىدا سۈرتەتتى . ئۇ ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ تۇرۇپ :

— ئاپا ، مەن چوڭ بولسام سىزنى ئاني تاپقانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ، — دەيتتى . مېھرىبان :

— بالام ، ئۇخلىغىن ، مېنى ھېچكىم بوزەك قىلمىدى ، — دەپلا ، ئوغلىنى باغرىغا باسقىنىچە تېخىمۇ يىغلاپ كېتەتتى .

— بوۋام سىزنى داۋاملىق تىللاپ ، يۈزلىرىڭگە ئۇرىدىغۇ ؟

— بوۋاڭنىڭ خوْمارى توْتسا غالجىر ئىتقا ئايلىنىدوْ ئەمەسمو .
— ئاپا ، ئادەممو ئىتقا ئايلىنامدوْ ؟
— خىروئىن چەككەنلەر ھەر نېمىگە ئايلىنىدوْ . بولدى ، بالام ، ئوْخلا ، ئەتە ئەتىگەن ئىككىمىز توپ سېتىش بازىرىغا بېرىپ گوّش ، جىگەر ، ئوْچەي ئەكېلىمىز .
— ئاپا ، ئويغىنالمىسام ، مەڭزىمنى قاتتىق چىمدىساڭ ئويغى- نىپ كېتىمەن .
— ماقول ، بالام ، ماقول ، — مېھرىبان ئوغلىنى قوْچاقلاپ ئوْن سېلىپ يىغلىۋەتتى .
دەرۋەقە ، قەيسەر ئاپىسىنىڭ قول - قانتى بولوْپ قالغانىدى . ئوْلار تاڭ ئېتىش بىلەنلا گوّش توپ سېتىش بازىرىغا بېرىپ گوّش ، جىگەر ، ئوْچەي ئالاتتى . مېھرىبان ئەرزانىراق ئالىمەن دەپ ، ھېلى ئوْ ، ھېلى بوْ قاسساپلارنىڭ دوْكانلىرىغا يوْگوْرەيتتى ، قەيسەر گوّش سېلىنغان خالتىنى چىڭ توْتوْپ ئاپىسىنى ساقلايتتى . تېخى ئوْ زىخقا گوّش بىلەن ماينى تەڭشەپ ئوّتكوْزوْشنى ئوّگىنىۋالدى ، كوّ- موْر چېقىپ كاۋاپدانغا سالاتتى . كاۋاپدانغا بويى يەتمىگەچكە ، كىد- چىك ئورۇندۇقنى نەگە بارسا كوّتوْروْپ يوْرەتتى . كەچتە مېھرىبان ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ماڭغان ھامان ، ئوْموْ تەڭ ئىتتىرىشىپ بې- رەتتى . قىسقىسى ، كەچلىك بازار تارقىغوْچە ئوْ بىر ياقتىن ئەسنى- گەچ ، بىر ياقتىن زىخلارنى يىغىپ ، سىركايلارنى يوْيوْپ ، چوڭ- لارنىڭ ئىشىنى قىلاتتى .
ھوْروْنلىشىپ ئاش - تاماقنى چايناشنىڭ ئوّزىموْ ئېغىر كېلد- ۋاتقان ئابابەكرى قىزى بىلەن نەۋرىسىنىڭ گوّش توپ سېتىش بازارلىرىغا يوْگوْرەۋاتقانلىقىنى ، ھارۋىغا بېسىلغان كوّموْرنى تەر- لەپ - پىشىپ ئىتتىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، ئەتىگەندىن باشلاپ كاۋاپدانىنىڭ گوّشىنى توغراپ ، خوْروْچلىرىنى تەڭشەپ ، يەنە تاماق ئېتىۋاتقانلىقىنى كوّروْپ توْروْپ ، بىر قاچىنى ئوْياقتىن - بوْياققا يوّتكەپ قويوْشقا يارىمايتتى . ئوْ كوْندوْزى قورسىقىنى تويغوْزوْپ

ياستۇقنى قىرلاپ ئۇخلايتتى، خۇمارى تۇتسا پال ـ پال، نەيچە، سەرەڭگىلەرنى يىرتىق كىگىزگە ياياتتى. گۇگۇم بىلەن تەڭ كەچلىك بازارغا بىرىپ بىر قورساق كاۋاپ يەپ بولۇپ، مېھرىباننىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنىڭ بارىنى پۇرلەپ يانچۇقىغا سالاتتى ـ دە، سەنشىخاڭزىدىكى پولۇچى تۇڭگان ئىسخارنىڭ دۇكىنىغا ماڭاتتى...

مېھرىبان ھازىر ئۈچ جاننىڭ ئاش ـ تامىقىنىڭ ھۆددىسىدىن ئارانلا چىقىۋاتىدۇ. «سىبىرىق ئۆي»دە كاۋاپچىلىق قىلغاندا، پۇلنى ئازادە خەجلەشتىن سىرت، 5 مىڭ سوم يىغىپ بانكىغا قويىدى. بۇرۇنقى 22 مىڭ سوملۇق چەك بىلەن ھازىر 27 مىڭ سوملۇق ئىككى چەك بولدى. شۇ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ يۈرىكى پۈتۈن ئىدى. ئۇ پات ـ پاتلا: «ئوغلۇمنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن يەنە ئازراق يىغسام بولاتتى» دەپ پىچىرلايتتى. ھازىر ئۇنىڭ بۇ تاتلىق ئارزۇلىرى باھار چېچەكلىرىدەك توزۇپ كەتتى. ھەر كۈنلۈك جاپا ـ مۇشەققەت بەدىلىگە كىلىۋاتقان ئۈچ ـ تۆت يۈز سوم پۇل دادىسىنىڭ خۇمارىغا ئارانلا ئۇلگۈرەتتى. مېھرىبان ھازىر پەقەتلا قارشىلىق قىلىپ تاكاللاشمايدۇ، چۈنكى بىر قېتىم پۇل بەرمىگەنىدى، خۇمارى تۇتۇپ ساراڭلا بولاي دېگەن ئاتابەكرى قەيسەرنى قولتۇقلاپ: «بالاڭنى ساتىمەن» دەپ ئېلىپ ماڭغاندا، بالىسىنى ئارانلا قۇتقۇزۇۋالغانىدى. مانا شۇندىن بېرى كىرگەن ھەر كۈنلۈك پايدىدىن ئون، ماي، كۆكتات ئالغۇدەك پۇلدىن باشقىسىنى دادىسىغا بېرەتتى.

بىر كۈنى مېھرىبان بىردىنلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ، يۆتىلىپ، كۆز ـ بۇرۇنلىرىدىن سۇ ئېقىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ئاتابەكرى دورا ئەكىلىپ بېرىشكىمۇ يارىمىدى. مېھرىبان ئوغلىنى يېتىلەپ ئىلەڭ ـ سىلەڭ ماڭغىنىچە، دورا دۇكىنىدىن دورا ئېلىپ كەلدى. ئۆزى ئەمدىلا بەش ياشقا قەدەم ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشقا پىشىپ كەتكەن قەيسەر ئوچاققا ئوت يېقىپ، چۆگۈندە چاي قايناتماقچى بولدى. مېھرىبان بالىسىدىن ئەنسىرەپ ۋار-

قىرىدى :

— بالام قەيسەر ، چۆگۈنگە سۇنى ئاز قۇي ، كۆتۈرەلمەي پۇتۇڭغا تۆكۈۋالىسەن .

— ئـاپا ، مانا قـارا ، يېرىم چـۆگۈن سـۇ قۇيۇپ كۆتۈرەلىدىم ، — تەرلەپ كەتكەن قەيسەر چۆگۈننى ئىككى قولىدا ئارانلا كۆتۈرۈپ ، ئوچاق ئۇستىگە ئالالىدى ، — ئوچاق ئۇستىگە ئالدىم ، ئاپا !

مېھرىبان چۆگۈن قايناش بىلەن ، ئوغلىدىن خاتىرجەم بولالماي ، ئۆزى چىقىپ چىنە چەينەككە قايناق سۇ ئالدى . قەيسەر ئوچۇمىدا قارا چاي كۆتۈرۈپ چىقتۇ،دى ، مېھرىبان : «بۇنىڭدا دورا ئىچىمەن» دەپ ، چاي سالغىلى قويمىدى . بۇ چاغدا تالادىن كىرگەن ئابابەكرى مېھرىباننىڭ قولىدىكى چەينەككە لەپپىدە قارىدى ـ دە ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئىسخاردىن خىرۇئىندىنى نېسىگە ئېلىپ چېكىۋاتاتتى . شۇڭا ، ئاخشام مېھرىباننىڭ ئىچ كىيىملىرىدىكى پۇل چەكلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە كىرىۋالدى . بۇندىن تۆت يىل ئىلگىرى قەدىرداننىڭ گۇاڭجۇدىن ئەكەلگەن خىرو-ئىنلىرىنى تاپىمەن دەپ مېھرىبانغا ئۇيقۇ دورىسى ئىچۈرگەن ئابابەكرى خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى . شۇ چاغدا ئىسخار دورىنى بېرىپ ، تەڭشەش مىقدارىنى ئۆگىتىپ قويغانىدى . مانا بۈگۈنمۇ ئۇ بىر بولاق ئۇيقۇ دورىسىنى نېسىگە سېتىپ بەردى ، شۇڭا ئۇ مېھرىباننىڭ قولىدىكى قايناق سۇ ئېلىنغان چەينەككە تىكىلگىنىچە كىچىك كۆزلىرى قىسىلدى .

چۈشتە مېھرىبان قەيسەرگە پۇل بېرىپ بازاردىن سامسا ئە-كىرگۈزۈپ ، ئانا ـ بالا ئىككىسى قورسىقىنى تويغۇزۇشتى ، ئاندىن ئىككىسى بىر كارىۋاتتا ئۇخلاپ قېلىشتى . نەق مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتكەن ئابابەكرى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىردى ـ دە ، تاماق شىرەسى ئۇستىدىكى چەينەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ، بىر بولاق ئۇن دورىنى تۆكتى ، ئاندىن چەينەكنى بىر ـ ئىككى قېتىم چايقىۋې-

تىپ ، يەنە شەپە چىقارماي چىقىپ كەتتى .
مېھرىبان قاتتىق يۆتەلدىن ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ، كارىۋات يۆلەنچۇكىگە ياستۇقنى يۆلەپ ئولتۇردى . دېرىزىدىن چۈشكەن سارغۇچ قىيپاش نۇردىن كۈننىڭ ئولتۇرغانلىقى مەلۇم ئىدى . قەيسەر پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى . مېھرىبان بالىسىنىڭ ئۇيقۇسىغا پايلىمىغان بولسىمۇ ، لېكىن زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا ، ئويغاتمىسا بولمايتتى :
— قەيسەر بالام ، تۇرە ئورنۇڭدىن ، زاۋال ۋاقتى بولۇپ قالدى ، ئەمدى ئۇخلىساڭ يامان بولىدۇ .
— نېمە ، بازارغا بارامدۇق ؟
تاڭ سەھەر ۋە كېچىلىرى تولا ئويغىنىپ كۆنۈپ كەتكەن قەيسەر مەڭدەپ تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ ، كۆزلىرى ئوتقاچتەك قىزىرىپ كەتكەنىدى .
— بالام ، ھويلىغا چىقىپ يۈزۈڭنى سوغۇق سۇدا يۇيۇۋەتكىن ، ئۇيقۇڭ ئېچىلىدۇ .
قەيسەر ھويلىغا چىقىپ كېتىپ ، يۈزلىرى ھۆل يۇقى قايتىپ كىردى . مېھرىبان ئۇنىڭ قولىغا ئۈچ سوم پۇل تۇتقۇزدى :
— بالام ، كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاشخانىغا كىرىپ : «مەمەپەر» دېسەڭ ئۆزلىرى بىلىدۇ . ئەكېلەلەمسەن ؟
— ئەكېلىمەن .
— ئەمىسە كورىنى ئېلىپ بارغىن . يولدا دىققەت قىل ، قىزىق ئاشنى پۇت - قولۇڭغا تۆكۈۋالمىغىن .
قەيسەر چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتتەك ھايال بولۇپ ، كورىنى كۆتۈرۈپ كىردى . مېھرىباننىڭ ئاغزىغا بىر نېمە تېتىمىغاچقا ، ئاشنىڭ سۈيىنى ئىچتى ، قەيسەر چۆپىنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزدى . تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، مېھرىبان ياستۇق ئاستىدىكى دورىنى ئالدى .
— قەيسەر بالام ، چەينەكنى ئېلىپ كەل . دورامنى

ئىچىۋالاي .

قەيسەر بىرىپ چەينەكنى ئېلىپ كېلىشى ، مېھرىبان ئىككى تال تابلېتكىنى ئاغزىغا سېلىپ ، چەينەكنىڭ جوغىسىدىن بىر نەچچە يۇتۇم قايناق سۇ ئىچتى ، ئاغزىدىكى بىر تال تابلېتكا گېلىدىن ئۆتمەي تۇرۇۋالغاچقا ، چەينەك جوغىسىدىن غورتۇلدىتىپ يەنە بىر قانچە يۇتۇم ئىچتى .

— ئۇھ ! — مېھرىبان مەيدىسىنى سىلىدى ، — دورا ئىچىپ كۆنمىسە ، ئەجەب تەس بولىدىكىنا يۇتماق .

مېھرىبان چەينەكنى كۆتۈرۈپ قانغۇچە ئىچىۋالغاندىن كېيىن ، چەينەكنى ئوغلىغا تۇتقۇزدى ، ئەمما كۆڭلى «ھۆ» بولغاندەك بولۇپ ، ئولتۇرغان يېرىدە بېشى پىررىدە قايدى ، ئالدىدا تۇرغان قەيسەر ئىككى ، ئۈچ ، ھەتتا بىر قانچە بولۇپ كۆرۈندى ، ئارقىدىنلا ئۆينىڭ تام - تورۇسلىرى پىرقىراپ ، ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشقا باشلىدى . مېھرىبان بېشىنى سىلكىپ باقتى ، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى ، بىراق ھالى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ ، ھەممە نەرسە سۇۋاشما بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرھال تۆت يىلنىڭ ئالدىدىكى ئېغىر ئاياغ ۋاقتىدا يۈز بەرگەن پاجىئە كېلىش بىلەن ، چاچلىرىنى قامالاپ ، دەھشەتلىك چىرقىرىۋەتتى :

— ئا...

— ئاپا ! — مېھرىباننىڭ قورقۇنچلۇق ھالىتىدىن قەيسەر تاترىپ كەتتى ، — جېنىم ئاپا ، ساڭا نېمە بولدى ؟

— ئاھ خۇدا ، ئەمدى ئۇنىڭ يەنە نېمە مۇددىئاسى باردۇ ؟

— ئاپا ! چاي ... چاي ئىچەمسەن ... — قەيسەر چەينەكنى تەڭلىدى .

— جېنىم بالام ، قولۇڭدىكى چەينەكنى تاشلا ... ئۇ ... ئۇنىڭدا زەھەر بار ؟

— زەھەر ؟ ! — زەھەرنىڭ ئەسكى نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بالىنىڭ قولىدىكى چەينەك يەرگە چۈشتى - دە ، نەچچە پارچە

بولۇپ سۇنۇپ كەتتى .

— بو ··· بوۋاڭ ··· زەھەر ··· زەھەر ساپتۇ···

مېھرىبان ئايلىنىپ يىقىلىشى ، قەيسەر ئۇچقاندەك كارىۋاتقا چىقىپ ئاپىسىنى قۇچاقلىۋالدى . ئۇ : «ئاپا ··· جېنىم ئاپا ··· كۆزۈڭنى ئاچ ، ئاپا ··· » دەپ ، ئاپىسىنى سىلكىشلەشتۇ-رۇپ ، زار - زار يىغلاۋاتقاندا ، ئابابەكرى كىرىپ كەلدى . سىرتتا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقىمۇ ، ئۇي ئىچىدىكى نەرسىلەرمۇ گىرىم-سەن كۆرۈنەتتى .

— ئاناڭنى ··· ئاناڭنى دوك ··· ئاناڭنى توڭگۇز قېرى···

ئابابەكرى ئېسەدەپ - بوغۇلۇپ يىغلىغىنىچە تىللاۋاتقان قەي-سەرنىڭ گەجگىسىدىن قاماللىغىنىچە ئۇي ئوتتۇرىسىغا ئىتتۈەتتى . قىرقىراپ يىغلاۋاتقان قەيسەر چەينەك سۇنۇقىنى ئالغىنىچە ئېتى-لىپ كېلىپ ئابابەكرىنىڭ يوتىسىغا بىرنى ئۇرۇشى ، ئابابەكرى تەتۈر تەستەك بىلەن قەيسەرنىڭ يۈزىگە چاڭلا قىلىپ ئۇرۇپ ، ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ ئاغزى - بۇرنى قاناپ يەرگە تامدى ، لېكىن چەينەكنىڭ سۇنۇقى قولىنى تىلىۋەتكەن بولسا كې-رەك ، ئۇنىڭ ئالىقانلىرى قىپقىزىل مىلىشلاپ كەتكەنىدى . قاندىن قورقۇپ كەتكەن قەيسەر تېخىمۇ قىرقىراپ يىغلاپ ، ئاپىسىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇۋاتقان ئابابەكرىگە يەنە ئېتىلىپ كەلگەنىدى ، ئۇ بۇ قېتىم ئۇنى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى . تېلىقىپ يىغلىغىنىچە ئوڭدىسىغا ياتقان قەيسەر ئاپىسىنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان ئەمچىكىنى كۆرۈپ قالدى . بوۋىسى بولسا ئۇنىڭ مەيدىسىدىن يۇلۇپ ئالغان بىر قىزىل لاتىنى ئۇرۇپ - چۆرۈپ قارىدى - دە ، ئۇنىمۇ يەرگە تاشلىدى . ئاندىن ئۇ مېھرىباننىڭ كالتە ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ ، ئىشتاننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كىچىك يانچۇقىدىن ئىككى پارچە قە-غەزنى سۇغۇرۇۋالدى . بۇ چاغدا قەيسەر ئۆمىلەپ كەلگىنىچە ئابا-بەكرىنىڭ يوتىسىنى قاتتىق چىشلىدى .

— ۋايجان ، — ئابابەكرى قەيسەرنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ

سۈپىدىن پەسكە ئېتىۋەتتى ، — ۋۇ ئاناڭنى ، هارامدىن بولغان شۇم ، بىر چىشلەم گۆشنى يۇلۇۋالغىلى تاسلا قاپتا !

قەيسەر ئەمدىلىكتە ئورنىدىن تۇرالمىدى ، چۈنكى ئۇنى پەسكە تاشلىغاندا ، ئۇنىڭ بېشى سۈپىنىڭ قىرىغا تېگىپ يېرىلىپ كەتكەنىدى . بۇ كىچىككىنە گەۋدە باش ، ئېغىز ـ بۇرۇن ، ئالقانلىرىدىن ئاققان قان تەسىرىدىن بىر پارچە قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلىنىپ قالغانىدى . مېھرىبان تاڭ سوزۇلۇشى ئالدىدا هوشىغا كەلدى . ئۇ تاماقلىرىنىڭ قورۇپ ، ناھايىتى ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدى ، كېيىن كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆزىنىڭ تۇرقىنى كۆردى ـ دە ، چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە هاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىنى كىيىۋېتىپ ، كالتە ئىشتان يانچۇقىدا گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ ساقلاپ كەلگەن 27 مىڭ سوملۇق ئىككى چەكنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى . مېھرىبان كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپلا ، بالىسى ئېسىگە كەلدى ـ دە ، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىۋەتتى :

— ۋاي جېنىم بالام ! سەن نەدە ، يۇرەك ـ پارەم ، — مېھرىبان كارىۋات بېشىدىكى يىپنى بىرلا تارتىپ چىراغنى يېقىۋەتتى . شۇ چاغدىلا ئۇ تاردا قانغا مىلىنىپ ياتقان قەيسەرنى كۆرۈپ قالدى ، — ئاھ جېنىم بالام ، ساڭا نېمە بولدى ، كۆزۈڭنى ئاچقىنا !

مېھرىبان ئوغلىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ، يىغلاپ تۇرۇپ كىيىملىرىنى سالدۇردى ، داسقا سۇ تەگشەپ ، ئىلمان سۇدا يۈز ، بويۇن ، قول ، باشلىرىنى سۈرتتى ، بېشى بىلەن ئالقانلىرىنى تاڭدى . شۇ چاغدىلا هوشىغا كەلگەن قەيسەر : «ئاپا !» دېگىنىچە يىغلىۋەتتى ، بالىسىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرگەن مېھرىبانىڭ كېسىلى نەلەرگىدۇر يوقالغانىدى .

مېھرىبان ئەتىگەندە بالىسىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ، بېشى بىلەن ئالقىنىنى قايتىدىن تاڭدۇردى . دوختۇرنىڭ سورىغان سوئالىغا : «ئىشكاپتىكى بىر دەستە چىنە

چۈشۈپ كەتتى» دەپ جاۋاب بەردى . ئابەبەكرى ئىككى كۈنگىچە ئۆيگە كىرمىدى . بۇ چاغدا مېھرىباننىڭ كۆڭلىرى ئارىسالدىلىق ئىچىدە ئۆتتى . «ساقچىغا مەلۇم قىلايمۇ ياكى قىلمايمۇ؟» دېگەن سوئال ئۇنى قىيىنىماقتا ئىدى . مەلۇم قىلغان تەقدىردە ، ئابابەكرىدىنى ئاپىرىپ سولايدۇ ، ئۇ چاغدا ئەل - مەھەللە نېمىلەرنى دېيىشەر؟ «دادىسىدىن يوشۇرۇن كۆسىردىدا نۇرغۇن پۇل ساقلاپتىكەن» ، «تېخى دادىسىنى بىر يىل تاشلىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتىكەن» ، «بۇ زاماندا باللاردا ئىنساپ قالمىدى ، دادىسىنىمۇ سولىتىۋەتكەن بارمۇ؟» دېگەندەك گەپلەر كەلكۈندەك يامىرىغىلى تۇرسا ، خەقلەر مېھرىباننى پوقىدا كۆمۈۋېتەر ! تېخى ئابابەكرىنىڭ قىلمىشى جىنايەت شەكىللەندۈرەلمەيدۇ ، قانۇنغا ياتمايدۇ ، ناھايىتى قىزىم يوشۇرۇن پۇل ساقلايدۇ ، دەپ ، ئىشتان - كۆڭلەكنى ئاختۇرغان گەپ ، دېيىش ئارقىلىق قويۇۋەتسە ، ئابابەكرى غەزەپكە چىدىماي : «ئۆيدىن كۆچ ، مەن قورۇنى ساتىمەن ، ئېرى بار خوتۇننى باللىسى بىلەن باقمايمەن» دېسە ، مېھرىبان نەگە بارىدۇ؟ بۇرۇندىدەك كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ، يۈرىكىنى توم قىلغان چەكلەر يوق !

مېھرىباننىڭ كۆڭلىدە جىن چىراغدەك يورۇپ تۇرغان كىچىككىنە ئۈمىدمۇ يوق ئەمەس ئىدى . ئابابەكرى چەكلەرنىڭ مەخپىي نومۇرىنى بىلمىگەنىكەن ، ئەلۋەتتە بانكىدىن ئالالمايدۇ . شۇڭا ، ئۇ يالۋۇرۇپ كېلىدۇ . شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن مۇرەسسە قىلغىلى بولماسمۇ؟ ئالايلى ، 22 مىڭ سوملۇق چەكنى ئۇنىڭغا بەرسە ، مېھرىبان 5 مىڭ سومنى دەسمايە ھەم ئۆي ئىجارىسىگە تۆلەپ جېنىنى جان ئەتسە ، ئابابەكرى ئۇنى بۇندىن كېيىن ئىزلىمىسە...

مېھرىبان ئاققا - تۇققا خىياللار بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ، يەنە بىر كۈن ئۆتتى . ئابابەكرى ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى . غەيرەت - شىجائىتى ، ئەقىل - پاراستى ، كۈچ - قۇۋۋىتى ھەرقانچە ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا ئاجىز كەلگەن مېھرىبان : «ھا-

ياسىزدا ئىمان يوق ، ئىمانسىزدا ئىنساپ ! قىزىنىڭ ئىشتان ـ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپ پۇل ـ دۇنيا ئىزدىگەن ئادەمدىن قانچىلىك راپائەت كېلەر ؟ ! » دەپ ئويلىدى . مانا ئۇ ئويلىغاندەك ، تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئابابەكرى ئۆيىگە كىرىپ كەلدى . ئۇ سۇپىغا زوك-كىدا ئولتۇرۇپ ، شالاقىدە تارغا تۈكۈردى .

— سىنىڭ باغرىڭ نېمىدېگەن قاتتىق ! — دېدى مېھرىبان بالىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ ، — مەن دورىدىن زەھەرلىنىپ ، بالام قانسىراپ ئۆلگەن تەقدىردىمۇ ، ئۆيگە كىرمەمتىڭ ؟

— خۇدايىم جان تەقسىم قىلغاندا ، ئاياللار 99 نى ئېلىۋې-لىپ ، ئەرلەرگە ئاران بىرنى قويۇپتىكەن ، — ئابابەكرى قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ كارت ـ كارت تاتىلىدى ، — شۇڭا ، ئاياللارنىڭ جېنى مەزمۇت . مانا ئۆلمەپسەنغۇ ، ئاۋۇ غالجىر كۈچۈكۈڭمۇ ئۆل-مەپتۇ .

— بالامنى نېمىگە غالجىر دەيسەن ؟ غالجىر دېگەن ئۆزۈڭ !

— يوتامنى چىشلەپ ئۈزۈۋالغىلى تاسلا قالدى ، بۇ شۇم .

بۇ چاغقىچە قىزىنى «سىز»لەپ سۆزلەيدىغان ئابابەكرى بۇ-گۈن تامدىن تاراش چۈشكەندەك «سەن»لەپ گەپ قىلدى ، شۇنداق-تىمۇ مېھرىبان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا بايىقى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئەگەر قوشۇلغان تەقدىردە ، چەكنىڭ مەخپىي نومۇرىنى دەپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى .

— نېمـــە ، مـــەن ساڭا 5 مىــڭ سوملۇق چەكنى بېرىمەن ؟ هىهى… — ئابابەكرى غەزەپ بىلەن دىمىغىنى قاقتى ، — مەن «بېرىۋېتىمەن» دەپ ، بىر يېرىم يىلنىڭ ياقى پىيىڭگە چۈشتۇمما ؟ ئىككى قېتىملىق پىلان ئۈچۈنلا قانچىلىك پۇل خەجلىدىم ؟ ! مەن تېخى بىرەر 100 مىڭگە ئېرىشەرمەن دەپ ئويلىغان ، ئەمما ئارانلا 27 مىڭغۇ .

— ئەمدى ئۇقتۇم ، — مېھرىبانىنىڭ يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى ، — «ئېشەك گۆشى» ، «هارامدىن بالا تۇغقان» دېگەنلەر

ئەسلىدە سىنىڭ ئويۇنلىرىڭكەن ـ دە ؟

— ھە ، قانداق قىلاتتىڭ ؟ — ئابابەكرىنىڭ كۆزلىرى چەكـ. چەيدى ، — ئەلجان ساقچى دېگەن شاۋچى ئىز بېسىپ تەكشۈرگەـ لى تۇرۇپتى ، تاسلا قالدى تۇتۇۋالغىلى . «مېھرىبان دېگەن ئايالنى تونۇمايمەن ، بىر ساتىراشخانىدا مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىغان» دەپ قۇتۇلدۇم ، ھېلىمۇ ياخشى ، مېنىڭ ئىسمىمنى چىقىرىپ قويماپتىـ كەنسەن ، بولمىسا تۆھمەت ، سۇيىقەست جىنايىتى بىلەن تۇرمىدە پىت ـ بۈرگىلەرگە يەم بولاتتىم .

مېھرىبان تۇرمۇشنىڭ ئەنە شۇنداق جۇدۇن ـ چاپقۇنلىرىدا ياشاۋېتىپمۇ ، ئۆزىنىڭ يەنىلا خام ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى . ئۇ خىروئىن چەككەن ئادەمنىڭ ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيادا بولۇشىمۇ مۇمـ كىن بولمىغان ياۋۇز مەخلۇق ئىكەنلىكىنى قانچە ـ قانچە كۆرۈپ ، بىلىپ تۇرۇقلۇق : «نېمىلا بولسا دادىغۇ ، ھەرقانچە بولسا ئۇنداق قىلماس» دەپ ، بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلىغىنىنى كۆرمەمدىغان ! ئۇ لەنتى ئىبلىسنىڭ كۆڭلى بىر يېرىم يىلدىن بېرى قىزىنىڭ ئىچ كىيىملىرىدە بولۇپ كەلگىنىنى نېمە دېيىش كېرەك ؟ تېخى بىھوش قىلىش دورىسى ئىچۈرۈپ ، ئۆز قىزىنى يالىڭاچلىدى ، دېسە ، كىممۇ ئىشىنەر ؟ !

— ھە ، جىمىپ كەتتىڭغۇ ، ماۋۇ چەكلەرنىڭ مەخپىي نومۇرىـ نى دەمسەن ياكى...

— «ياكى» دەپ قورقاق سېلىۋاتىسەنغۇ . قىلىۋاتقان ئىپلاسـ لىقلىرىڭدىن باشقىمۇ ياۋۇزلۇقلىرىڭ بار ئوخشىمامدۇ ؟

— ھـەي قـاسماق پـاسكىنا ! — ئابابەكرى چوڭقۇر ئەسنەـ دى ، — دەمسەن ـ دېمەمسەن ؟ ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرـ سىتىمەن !

— ئەمىسە ئانا ـ بالا ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەت .

— مېنى قىلمايدۇ دەپ قالما .

ئابابەكرى بۇ قېتىم ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم

ئەسنەپ بۇرنىنى تارتتى . بۇ خۇمارنىڭ باشلىنىشى ئىدى . بۇنداق چاغلار ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ ، خروئىن چەككۈچىنى بىر ەر نەرسىگە قاتتىق باغلىۋالمىسا ، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلـ. مەي ، قانلىق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇپ قوياتتى .

— ھـەي جـالاپ ، — ئـابابەكرى قاتتىق كىرىلىپ ئەسنەـ. دى ، — دەمسەن يوق ؟

دادىسىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك باسقۇچتا تۇرغانلىقىنى بىلگەن مېھرىبان بالىسىنى كۆتۈرۈپلا تالاغا ماڭغانىدى ، ئابابەكرى ئېتىـ. لىپ كېلىپ قەيسەرنىڭ ياقىسىدىن سىققانچە قەھر بىلەن سىلكىپ تارتىۋالدى ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقىغا قىستۇردى ـ دە ، مېھرىبانىنى بىرلا ئىتتىرىپ ئارقىسىغا يىقىتىۋەتتى . بۇ ئەسنادا ئۇ گۆش توغـ. رايدىغان چوڭ پىچاقنى قولىغا ئېلىۋالدى . بۇ پىچاق ئۇستىرىدەك ئىتتىك بولۇپ ، تەگكەن يەرنى تىلىۋېتەتتى . باش ، ئالىقانلىرى تېڭىلغان قەيسەر ئابابەكرىنىڭ قولتۇقىدا تىپىرلاپ ، بار ئاۋازىدا ۋارقىراپ يىغلىماقتا ئىدى :

— مـېنى قـويۇۋەت ، مېنى قـويۇۋەت ، دۈمچەك قېرى ... ئاپا ... جېنىم ئاپا !

— دەمسەن ـ دېمەمسەن ؟ ! — ئابابەكرى جالاقلاپ تىترەپ ، ئاغزىدىن ئاپئاق ماغزاپ قاينىدى ، — بول دەيمەن ، بولمىسا بالاڭـ. نى بوغۇزلىۋېتىمەن .

ئابابەكرى قەيسەرنى سۇپىنىڭ قىرىغا ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ ، سول قولىدا مەيدىسىدىن يەرگە نىقتاپ ، ئوڭ قولىدىكى پىچاقنى بوينىغا باستى . مېھرىبان دادىسىنىڭ پىچاق تۇتقان قولىنىڭ قاتـ. تىق تىترەۋاتقانلىقىنى ۋە قەيسەرنىڭ بوينىدىن قان سىرغىپ چۈـ. شۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق چىرقىرىۋەتتى :

— ئا... ۋاي مەن دەپ بېرەي ، پىچاقنى تارت !

— دە ، دە ! — ئابابەكرىنىڭ ئاغزىدىكى كۆپۈك يىغلاپ تېلىـ. قىپ قالغان قەيـسەرنىڭ يۈزىـگە ساقىـدى ، — ھە ، دېگىن !

دېمەمسەن !

— نۆل ، نۆل ، نۆل ، بىر ، 5 مىڭ سوملۇق چەكنىڭ يەنىلا ئۈچ نۆل ، ئاخىرى ئىككى !

ئابابەكرى پىچاقنى تاپسىغا تاراڭگىدە تاشلاپ ، سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى ، بىراق بىر ئىشنى يادىغا ئالغاندەك ، هويلىدا چىپپىدە توختاپ ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرغان مېھرىبانغا قولىنى شىلتىدى .

— ئەگەر ··· ئەگەر ئال ··· ئالدىساڭ ··· سېنىمۇ ، بالاڭنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ، ئاز ··· ئاندىن ئۆزۈمنى ئۆل ··· ئۆلتۈرىمەن .

ئىككى چەك بۇلانغاندىن كېيىن ، مېھرىباندا روي بەرگەن ئىككىلىنىشلەر هازىر پۈتۈنلەي يوقالدى . ئۇ دادىسى بىلەن بىللە ئۆتسە ، ئانا ـ بالىنىڭ هاياتى خەۋپتىن نېرى بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . شۇڭا ، ساقچىخانىغا بېرىپ ، ھەممە كۆرگەن كۈن ، تارتقان ئازابلىرىنى سۆزلەپ تۆكۈلۈپلا كەتتى . ساقچىلار ئابابەكرىنى تۇتۇش ئۈچۈن بۇ ئۆينى كۆزىتىشنى قارار قىلدى . لېكىن ، بۇ كۈل بەككى ھەر قېتىم بىرەر يامان ئىشنى قىلىپلا ، نەچچە ئايلاپ يوقاپ كېتەتتى .

تۈن كېچە ، ئاسماندا مۆئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان ئاي ئورغىقى كارىۋات ئۈستىدە قۇچاقلىشىپ ئولتۇرغان مېھرىبان بىلەن قەيسەرگە دېرىزىدىن سىڭايان قاراپ تۇراتتى . بۈگۈنكى قورقۇنچلۇق ۋەقەدىن ئەسلىگە كېلەلمىگەن ئانا ـ بالىلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى ، بولۇپمۇ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن قەيسەر ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارايتتى .

— ئاپا ، قورقۇۋاتىمەن ، قاچچى بالىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگىنە .

مېھرىبان ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى ئۇنتۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ھېكايە سۆزلەش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . بىراق ، بۇ «قاچچى بالا» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىغا

ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. بۇرۇنلاردىغۇ قەيسەرنى ئۇخلىتىشنىڭ ئەپلىك ئۇسۇلى ئىدى، ئەمما ھازىر ئۇ بەش ياشقا كىرىپ قالدى، بوۋىسىنىڭ يوتىسىنى چىشلەش، لاخشىگىر بىلەن پاچىقىغا، ئۇ-رۇش ئۇنىڭ ياخشى - ياماننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلد-ۋاتقانلىقى، ئەلۋەتتە!

— ئاپا، قېنى دەپ بەرگىنە.

— ماقۇل، بالام، — مېھرىبان يىغلىغانىدى، — شۇنداق قىلىپ، قاقچى بالا بىر كۈنى كېتىۋاتسا، بىر ئوقۇغۇچى خەت يېزىلغان بىر قوتۇما قەغەزنى مەيدىسىگە ئېسىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقۇدەك. خەتتە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشتىن قالدۇرۇلغانلىقى، ئوقۇش پۇلى، ماتېرىيال پۇللىرىدىن قىينىلىپ كەتكەنلىكى يېزىل-غانىكەن. قاقچى بالا ئوقۇغۇچىنى ياتىقىغا ئەكىلىپ، ئۇنىڭغا جىق پۇل بېرىپ: «بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزلە، ئەمما ھەرگىز تىلەم-چىلىك قىلما» دەپتۇ، ئوقۇغۇچى يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئاپا، — قەيسەر ئۈيقۇلۇق گۇڭگۇلدىدى، — قاقچى بالا بالىلارغا، چوڭ ئادەملەرگىمۇ پۇل بېرىۋېرىدىكەن، ئۇ شۇنداق بايمۇ؟

— ئۇنىڭغا خۇدايىم بىر قېتىم ئامەت بەرگەن...

— ئاپا، ئامەت دېگەن نېمە ئۇ؟

— ئامەت دېگەن، — مېھرىبان دەمال بىر نېمە دېيەلمىدى، — جىققىدە پۇل.

— ئاپا، قاقچى بالا تېنەپ قالغاندا، ھېلىقى كىچىك قىز ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىكەن، — دېدى قەيسەر چوڭقۇر ئەسنەپ، — كېيىن ئۇلار يەنە كۆرۈشتىمۇ؟

— كۆرۈشتى، بالام، لېكىن قاقچى بالا: «ئاداش بولايلى» دېسە، كىچىك قىز ئۇنىمىدى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ... چۈنكى ... — مېھرىبان نېمە دېيەرىنى بىلمەي

قالدى ، — كىچىك قىزنىڭ دادىسى خىروئىن چېكىدىكەن ، ئۇ دادىسىدىن نومۇس قىلغان چېغى .

— بوۋامدەك ئەسكىكەن ـ دە ، — قەيسەرنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، يەنە ئەسنىدى .

— بالام ، خىروئىن چېكىدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالۋاستىدىن پەرقى يوق !

ئابابەكرى شۇ قاچقانچە نەگىدۇر يوقالدى . مېھرىبان ئوغلى بىلەن كاۋاپچىلىق ھۈنىرىنى قايتا باشلىۋالدى . نېمىلا دېگەنبىلەن ، ئەمىن تۇرمۇش باشقا بولىدىكەن . ئانا ـ بالىنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالدى ، كۆڭلىرى بەھۇزۇر راھەتتە ئۆتمىسىمۇ ، ھەر ھالدا يېمەك ـ ئىچمەك ، كىيىم ـ كېچەكتىن خىجالىتى يوق ، بىرەر كىمگە چىراي سارغايتماي ئۆتتى . ئەمما ، مېھرىبان يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . ئابابەكرىنىڭ خىروئىن ئالىدىغان پۇلى قالمىغاندا ، يەنە بىر كۈنى پۇلۇڭگىدا پەيدا بولۇشىغا ئىشىنەتتى . دېگەندەك ، ئۈچ ئاي بولغاندا ، ئابابەكرى بىر دوقا ماڭلاي ، ئۈچلۇق ساقال ، كېسەل نەگىكەن ئۆچكىدەك ئورۇق ، ئۇستۇن كالپۇكى نېپىز ، ئاستىن كالپۇكى ھەرە چېقىۋالغاندەك يوغان بىر ئادەم بىلەن ھويلىدا پەيدا بولدى . بۇ چاغلاردا ساقچىلار ئابابەكرىنى تۇتۇشنى ئالدىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى . ھېلىقى دوقا ماڭلاي ئىچكەركى ، تاشقارقى ئۆيلەرنى كۆردى ، دەرۋازىدىن ئۆيگىچە بولغان ئارىلىقنى چامداپ ئۆلچىدى . مېھرىبان نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى ، ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەيلا : «ئالىمەن» دەپ قويىدى ، ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دېگەن مېھرىبان دوقا ماڭلايغا قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى :

— ھەي ئۆچكە ساقال ، بۇ قورۇنى مەندىن ئالاملا ياكى ماۋۇ ئادەمدىنمۇ ؟

— بۇ ... بۇ ... قانداق بولىپكەتتى ئۆزى ... بۇ ئادەم قورۇ ـ جايىمنى ساتىمەن دەپ ئېلىپ كەلدىغۇ ؟

— ئەمىسە بۇ ئادەمدىن سوراپ باقسىلا ، مېنىڭ 27 مىڭ سوم پۇلۇمنى ئالدىمۇ ياكى ئالمىدىمۇ ؟ — مېھرىبان دوقا ماخلاينىڭ بىلىكىدىن كاپلا تۇتتى ، — ماخسىلا ، ئىشەنمىسىلە مۇشۇ تۇرقىدا ساقچىغا بارىمىز .

— هاي ، هاي ، مېنى تارتمىسىلا دەيمەن ، — دوقا ماخلاي تىرەجەپ تۇرۇۋالدى ، — بۇ ئادەمنىڭ سىلىگە سېتىۋەتكەنلىكىدىن خەۋىرىم يوق كەپتىمەن .

دوقا ماخلاي پالاق - پۇلۇق قىلىپ ، دەرۋازىدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى .

— هەي ئازازۇل قانجۇق ! مەن ... مەن قورۇ - جاينى ساخا ساتتىمما ؟ — ئابابەكرى دېۋەيلەپ كېلىپ مېھرىباننىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىشى ، قەيسەر قولىدىكى لاخشىگىر بىلەن ئۇنىڭ پاچىقىغا بىرنى سالدى ، — ۋاي - ۋاي ، ماۋۇ ساقال تارغىقىنىڭ يامانلىقىنى قارا .

— ئاپامنى ... هە ، ئاپامنى نېمىشقا ئۇرىسەن ، دوك قېرى ؟

— ئېيتە ، پاخپاق ، قورۇنى مەن ساخا قاچانلاردا ساتقان - هە ؟

— ئەمىسە ساخا 27 مىڭ سوم قەرزىم بارمىدى ؟ — مېھرىبانمۇ ۋارقىرىدى ، — يۈر ئەمىسە ، ساقچىغا بارىلى . 27 مىڭ سوم پۇلۇمنى نېمە ئۈچۈن ئالغانلىقىڭنى دەپ بەر .

— ساقچىخانىغا بېرىپ پاقاخغا قانمىدىڭما ، قانجۇق ! داداخنى قولغا ئالدۇرۇۋېتىپ ، ئەل - جامائەت ئالدىدا قانداقمۇ بېشىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرەرسەن ؟

— «بۇ خروئىن بەڭگىسى» دەپ بىر ئېغىزلا گەپ قىلسام ، هەممىسى مېنى : «ئوبدان قىپسەن» دېيىشىدۇ . ئۇنىڭدىن كۆرە ، ياۋاش - يۇمشاق بولۇپ ، ئىنامىڭغا پېتىپ يۈر .

— ئەگەر هەر كۈنلۈك پايدىدىن ماخا هاجىتىمدىن چىققۇدەك بەرسەڭ مەيلىﷺ، بولمىسا قورۇ - جايىمنىڭ خېتى مېنىڭ قولۇمدا

ئىكەن، قانداقلا قىلسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ مېھرى شۇنداق بولامدۇ، ئىشقىلىپ، مېھرىبان بارار ـ تۇرار يېرى، قارىغۇچىسى، بېشىنى سىلايدىغان شاپائەتچىسى بولمىغان دادىسىنى ئېلىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جاھىل دۇمچەك قورۇنى سىرتىدىن سېتىۋېتىپ، بىرەر يەرگە قېچىپ كەتسە، مېھرىبان بالىسى بىلەن نەدە تۇرىدۇ؟ ھازىر مېھرىبان كاۋاپتىن كىرگەن پايدىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ، ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا بېرىدۇ. ئابابەكرى ئىسخارنىڭ خالتىلىق پارچە خروئىنلىرىنى سېتىپ بېرىپ خىراجىتىنىڭ كېمىنى تولدۇرىدۇ. بىراق، ئابابەكرى نەۋرىسىگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. قەيسەر ئۇنىڭ يوتىسىنى چىشلەپ، پاچىقىغا لاخشىگىر بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كانىيىنى سىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى. يېقىندا بولغان بىر ئىشتىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتى. قەيسەر ئۆپكە ياللۇغى بىلەن ئاغرىپ «ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش» دوختۇرخانىسىدا بىر ھەپتە يېتىپ چىقتى. ئابابەكرى داۋالاش چىقىمى ئۈچۈن 1 مىڭ 400 سوم كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىچىدىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى:

— بالا دېگەننىڭ چىقىمىنى ئاتا كۆتۈرىدىغان، — دېدى ئابابەكرى تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، ئىسىت پۇل، ئىسىت پۇل ... ساڭا نېمە زۇلۇم، بۇ شۇمنى دادىسىغا بېرىۋەتسەڭ بولمامدۇ.

ئابابەكرىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قەدىردانىنى يېقىندا كۆرگەندەكلا پۇراق چىقىۋاتاتتى. شۇڭا، مېھرىبان گەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك بىر نېمە دېيىشنى ئويلىدى:

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، لېكىن دادىسى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن تۇرسا ...

— ئۇ ... ئۇ پات ـ پاتلا ئۈرۈمچىدە پەيدا بولىدۇ.

— سەن نەدىن بىلىسەن؟ — مېھرىباننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، — يانپىشىڭغا ئۇرۇپلا گەپ تاپىدىكەنسەن.

— كىم يانپىشىغا ئۇرۇپ گەپ تېپىپتۇ ، — ئابابەكرى گۆلەيـ ـدى ، — مەن دېگەن بىر قېتىم ئەمەس ، ئىككى قېتىم كۆردۈم ، ھەتتا...

— ھە ، نېمە «ھەتتا» ئۇ ؟

— ئۇ مېنى ئۇرغىلى تاسلا قالدى . ئۆيۈڭنى ماڭا كۆرسىتىپ قويسەن ، دەپ تاكسى سۆزلىشىپ تۇرغاندا قېچىپ كەتتىم .

خروئىن تۇتۇنلىرىدە كاللىسى ئۇماچ بولۇپ كەتكەن ئابابەكرى «قىزىلتاغ» ئەتىگەنلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بازىرىدىكى بىر ئاشخانىدا قەدىردانىنىڭ مېھرىبان بىلەن ئوغلىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرگەنلىك جەريانىنى سۆزلەپ بەردى . ئاندىن ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتكەندە سەنشىخاڭزىدا تۇتۇۋېلىپ ، ئايالىم بىلەن بالامنى تېپىپ بەر ، دەپ كانىيىنى سىقىپ تامغا نىقتىغانلىق ئىشىنىمۇ دەۋەتتى .

— بۇ قاچانقى گەپ ؟ — ئېرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزلەپ يۈرگەنـ ـلىكىنى ئاڭلىغان مېھرىبانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار دومىلاپ چۈشتى ، — ئېنىقراق دېمەمسەن ؟

— ئېسىمدە بارمۇ ، مەن سېنى بىرىنچى قېتىم «سېرىق ئۆي» كەچلىك بازىرىدا ئۇچراتقىنىم ؟ نەخ شۇ چاغدىكى ئىش .

— سېنىڭ كاللاڭ ئىشلەمدۇ ـ يوق ؟ — مېھرىبان چېچىلـ ـدى ، — ئۇ دېگەن بىر يېرىم يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش تۇرسا .

— ئەگەر سەن ماقۇل دېسەڭ ، مەن قەدىردانىنى تېپىپ ، قەيسەرنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتەي .

— بالامنى راست دادىسىغا بەرمەكچىمۇ ياكى ئىچكىرىدىن كېلىدىغان ئادەم سودىگەرلىرىگە ساتماقچىمۇ ؟

دادىسىنىڭ پەيلىنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بىلگەن مېھرىبان ئوغلى قەيسەردىن ئەنسىرەپ قالدى . شۇڭا ، ئۇ بالىسىنى ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلمايتتى . توپ سېتىش بازارلىرىغا بارسۇن ، كەچـ ـلىك بازاردا كاۋاپچىلىق قىلسۇن ، ئۆزىنىڭ سايىسىدەك ئەگەشتۇـ

رۇپلا يۇرەتتى ۋە پات ـ پاتلا قەيسەرگە ، بوۋىسى بىر يەرلەرگە ئوينانقىلى ئاپىرىمەن ياكى شاكىلات ، ماروژنى ئېلىپ بېرىمەن دېسە ، ھەرگىز بارماسلىقنى تاپىلايتتى . ئابابەكرى بىر ـ ئىككى قېتىم قەيسەرنى باللار باغچىسىغا مايمۇن كۆرگىلى ئاپارماقچى بولغاندا ، بازارغا كۆكتات ئالغىلى كەتكەن مېھرىبان كېلىپ قالدى . بىر ئۆينىڭ خاپىلىقىدا تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان مېھرىبان بىر كۈنى بولمىسا ، بىر كۈنى بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇڭا ، ئۇ قەدىردانىنى ئىزلەش قارارىغا كەلدى . ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»دىكى ھۆسنارخان ھەم كازىملار ئىدى . ئۇلار قەدىردانىنىڭ ئۇرۇمچىدە بار ـ يوقلۇقىنى ، ئەڭ بولمىسا ، ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەلەيدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇ يەرگە بارغاندا : «مەن قەدىردانىنىڭ ئايالى» دەپ بارسا بولمايتتى . شۇڭا ، مۇۋاپىق بىر پىلاننى كۆڭلىگە كەلتۈرگەن مېھرىبان بۈگۈن ئەتىگەندىلا كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا يۇرۇپ كەتتى .

مېھرىبان ئوغلىنى يېتىلەپ «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» غا كىرىپ كەلگەندە ، ئاشخانىدا ھۆسنارخان ، ئاباق توختى ، كازىم بىر شىرەدە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى . تاماق تەييارلاش ئۆيىدە ياشقىنا ئىككى چوكان سەۋزە قىرىپ ، كۆكتات ئادالاۋاتاتتى . ھازىر چۈشلۈك بېسىق ۋاقىت بولمىغاچقا ، ئاشخانىدا خېرىدار يوق ئىدى . ئۇلار ئوماققىنا ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ كىرگەن چىرايلىق زىلۋا چوكانغا قاراپ ھەۋەس قىلىشتى . مېھرىبان ئۇلارغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ، ئەدەپ بىلەن ھال سورىدى . ھۆسنارخان يۇزلىرى دۇپدۇگىلەك ، ئەمما مەرمەردەك پارقىراپ تۇرغان ، بۇدۇر چاچلىرى قۇلاقلىرىنى يېرىم بېسىۋالغان ، ماتروسچە بالداقلىق كىيىملىرى يارىشىپ كەتكەن قەيسەرگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى .

— خان ، — ھۆسنارخان مېھرىبانغا سىنىغايان قارىدى ، — تاماق يېگىلى كىرگەنمىدىلە ؟

— يوغسۇ ، بىر ئىشنى ئۇقۇشقىلى كىرگەن ، ئۆزلىرى ھۆس-
نارخان ئاچامغۇ دەيمەن ؟
— شۇنداق ، شۇنداق ، — ھۆسنارخان ئىچكىرىگە قاراپ ۋار-
قىرىدى ، — ھاي خانتۆرەم ، مېھمانغا چاي ئەكەل ، قېنى مېھمان ،
ئولتاسىلا .
— ئاۋارە بولمىسىلىمۇ بولاتتى .
— ئاتلىرى نېمە ، خان ؟
— مېھرىبان .
— دادىلىرى نېمىش قىلىدۇ ، خان ؟
— كاۋاپچىلىق قىلىدۇ ، ئىسمى ئابابەكرى .
— خان ، ئوغۇللىرى نەچچە ياشقا كىردى ؟
— تۆتنى تۇگىتىپ ، بەشكە قەدەم ئالدى .
— مەكىلە بىلام ، مەكىلە ، — ھۆسنارخان قولىنى سوز-
دى ، — بىر يەرلىرىگنى چىشلەپ ئۇزۇۋالغۇدەك ئوماق بالىكەنسەن
ئەمەسما .
— بارغىن ، بىلام ، — مېھرىبان ئوغلىنى بوشراق ئىت-
تەردى ، — موماڭنىڭ قېشىغا بار .
قەيسەر تېلىقىپقىنا كېلىپ : «موما» دېيىشى ، ھۆسنارخان
قەيسەرنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپلا كەتتى ۋە شۇ ھامان كۆزلىرى-
دىن بىرنەچچە تامچە ياش ئالدىراپ يۇمىلاپ چۈشتى :
— زۇلئاي دېگەن ۋاپاسىز ئۆلەپ بەرمىگەن بولسا ، بالىسى
ئۈچ ياشتىن ئېشىپ قالاتتى ئەمەسما . ۋاي ئىسىت ، بالىسىغىمۇ
ئىچى ئاغرىمىدى ، جۇۋاينىمەكىنىڭ ...
ھۆسنارخاننىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا ياقمىدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ئاباق
توختى نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغاچ تاماق راسلاش بۆلۈمىگە كىرىپ
كەتتى . ياش زۇلئاينىڭ ھاياتىغا ئېچىنغان مېھرىباننىڭ كۆزلىرىگە
ياش كەلدىيۇ ، لېكىن ئېقىتمىدى ، سوزۇق قەتىرلەرنى كۆز چاناق-
لىرى ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ سىڭدۈرۈۋەتتى . ئۇنىڭ ھەربىر ھالد-

تىگە زەن سېلىپ ئولتۇرغان كازىم ، بۇلتۇر قەدىردانىنىڭ يۇرتقا ماڭمىدىغان كۇنى دېگەن گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ، كۆڭلىگە گۇ-مان چۈشتى .

— هە خان ، نېمە ئىشنى ئۇقۇشماقچىدىلە؟باياتىن شۇنداق دېگەندەك قىلىۋىدىلە .

گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي قالغان مېھرىبان بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، ئىچىگە مارجاندەك تىزىۋالغان يالغان هېكا-يىنى بىر ئەپلىك توقۇدى .

— مېنىڭ يولدىشىم باققالچىلىق قىلاتتى ، — دېدى مېھرىبان هۆسنارخانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ ، — ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا : «قەدىردان دېگەن ئاغىنەم بىلەن ئىچكىرىدە ئوقەت قىلىدىغان بول-دۇق» دەپ كىرىپ كەتكەن ، هازىرغىچە خەت ـ خەۋىرى يوق ، ئاڭلىسام قەدىردان ئۆزلىرىنىڭ كۇيئوغۇللىرىكەن ، بىرەر خەۋىرد-نى بىلەي دەپ كېلىشىم .

— هىم ، مۇنداق دېسىلە ، خان ، — هۆسنارخانىنىڭ چېقىر كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى ، — ئۇ شاۋچېنىڭ پوقىنى يەپ سالغان ئىتمۇ 10 ـ 15 كۇن يالغان قاۋايدۇ ، هازىر ئۇ خوتەندە خروئىن چېكىپ ، ئاتا ـ ئانىسىنى تىنالمىغۇدەك قەرزگە بوغۇپ ، قاقسەنەم قىلىۋەتتى . قەرز ئىگىلىرىنىڭ تولىلىقىدىن ، ئاتا ـ ئانىسى شە-هەرگە قارايدىغان ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ ، ئاقىلىقتىن ئىشىك ئاچ-تى ، هەتتا دادىسىمۇ مۇئاۋىن هاكىملىقتىن قالدۇرۇلدى .

— ۋاي خۇدايىم ، — مېھرىبان كۆزلىرىنى قاچۇردى ، — قەدىردان يېنىپ كەلگەن بولسا ،يولدىشىم نەلەردە يۇرۇيدىغاندۇ؟

— ۋاي خان ، سىلىمۇ ئەرلىرىنى ئاشۇ يەل تاپانىنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويغاندىن كېيىن ئۆزلىرىگە ئاز .

— قەدىردانىنىڭ شۇ هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىر كىمدىن ئاڭلىدىلىما؟

— نەدىكىنى ، ئۆزۈم خوتەنگە بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆ-

رۇپ كەلگەن تۇرسام .

— راست ، ھۆسنارخان ئاچام خوتەنلىك ئەمەسمۇ ، — دېدى كازىم ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئاچا ، مەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بېرىپلا كېلەي .

— نېمە ئىشىڭ بار ئىدى ؟

— بۈگۈن يۇرتتىن ماشىنا كەلمەكچى . تونۇشلار كېلىپ قالسا ئانامنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ باقاي دېگەنتىم .

— تېز كەل جۇما ، ھېلى ئاشخانىنى خېرىدارلار باسىدۇ .

كازىم مېھرىبانغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . مېھرىبانمۇ ھۆسنارخاننى ئاۋارە قىلغانلىقىدىن ئۆزرە سوراپ خەيرلەشتى ، پۇتۇنلەي ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا ئوغلىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى . ئۇ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپلا «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ ئالدىغا كېلىشى ، يول قىرىدا ئولتۇرغان كازىم ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى .

— سىز قەدىردانىنىڭ ئايالى مېھرىبانغۇ دەيمەن ؟ — مېھرىبانىنىڭ قىزىرىپ كېتىشىدىن كازىم پەرىزىگە ئىشەندى ، — مەن بايىلا گۇمان قىلغان ، لېكىن باشقىچە ئويدا بولماڭ .

— سىز مېنى ساقلاپ تۇرغانمىدىڭىز ؟ — مېھرىبانىڭمۇ پەرىزى توغرا ئىدى ، — ماڭا دەيدىغان گېپىڭىز بار ئوخشىمامدۇ ؟

— گېپىم بولمىسا ، سىزنى ساقلاپ نېمە قىلاي .

— ھۆسنارخانىنىڭ دېگەنلىرى راستمۇ ؟

— راست ، قەدىردان خوتەندە بىر يىل تۇرۇش جەريانىدا ، ئاتا ـ ئانىسىنى قەرزگە بوغۇۋەتتى ، — دېدى كازىم بېشىنى چايقاپ ، — لېكىن جىگىرى بولغاچقا ، دوستلۇقتىكى ئۆيىنى سېتىپ ، ياقۇپ ھاجىم ئارقىلىق 150 مىڭ سوم ئەۋەتىپ بەردى .

— بۇ قاچان بولغان ئىش ؟

— بۇ يىل 5 ـ ئايدا .

— نېمە ؟ — مېھرىبان جىددىيلەشتى ، — مۇشۇ ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا ئۇرۇمچىگە يەنە كەلدىمۇ ؟

— شۇ چاغدا ئۇ سىز بىلەن بالىڭىزنى كۆرۈپتىكەن .

— نېمە ؟

— قەدىردان كوچا ئاپتوبۇسىدا ئىكەن . ئۇ شوپۇرغا قانچە يالۋۇرسىمۇ ئاپتوبۇسنى توختاتماپتۇ ، ۋارقىرىسا سىز ئاڭلىماپسىز . ماشىنا توختاش بېكىتىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ سىزنى تاپالماپتۇ .

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ ؟

— ئۇ : «ئالدىراپ قالدىم ، كازىمكامغا سالام ئېيتىپ قويۇڭلار» دەپ ، ھېلىمجان ئاۋاق بىلەن نۇرمەت پاكارغا خېلى جىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپتۇ .

— يەنە ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتىمۇ ؟

— ياق ، ياقۇپ ھاجىمنىڭ ماشىنىلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا سودا قىلغىلى كېتىپتۇ .

— ئاتا ـ ئانىسىنى قەرزگە بوغۇۋەتكەن ئادەم قانداقمۇ دۆلەت ئاتلاپ سودا قىلالىسۇن ؟

— ئۆي ساتقان پۇلنىڭ يېرىمىگە مال ئالغان چېغى ، قالدىسىنى ھېلىمجان ئاۋاق بىلەن نۇرمەت پاكار ئوبدان بىلىدۇ ، — دېدى كازىم خەيرلىشىۋېتىپ ، — قىسقىسى ، قەدىردان سىزنى ئىزلەشنى توختاتقىنى يوق .

— كازىمكا ، ئەمدى ئۇچراشسىڭىز دەپ قويۇڭ ، مەن يىگەن كۆلدە . ھېلىمجان ئاكام نەچچىنچى قەۋەتتە ، ئۇنىڭغىمۇ دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى .

— بەشىنچى قەۋەتتە ، — كازىم كېتىۋېتىپ ۋارقىرىدى ، — ھە راست ، قەدىردان ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ بولسا ئۈچ ـ تۆت ئاي تۇرارمەن دەپتىكەن . ھازىر ئۈچ ئاي بولۇپ قالدى ، يېقىندا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن .

قەدىردان دائىم گېپىنى قىلىپ ماختاپ بېرىدىغان ، بىراق ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغا ھېلىمجاندىن يەنە قانداق گەپلەرنى ئاڭلار-مەن ، كەچمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەرگۈچە يىغلاپ سالمىسام بولاتتى-غۇ ، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن مېھرىبان بالىسىنى يېتىلەپ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كىرىپ كەتتى...

# ئوتتۇزىنچى باب

ئاۋغۇستنىڭ 22 - كۈنى بوران - چاپقۇنلۇق بىر كۈن بولدى ، يامغۇر خۇددى چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغماقتا ئىدى . ئاق باش بوغدا چوققىلىرى تەرەپتىن قىيپاش ئۇرغان بوران ئاسمان سەتھىسىنى سۇۋارى قاپلىغان سۇ پەردىسىنى سىلكىۋاتقاندەك ، ئۇ - يان - بۇيان ئىلىپ قاچاتتى . ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا ئېقىۋاتقان قىيان سۇ گويا كەلكۈن ئاپىتىنى ئەسكە سېلىپ ، كۆڭۈللەرگە ئەنسىزلىك ئاتا قىلاتتى .

مانا شۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنى ، ئېگىز ، ئات يۈزلۈك ، قوشۇما قاشلىق ، خۇددى ئورۇق كالىغا يوغان مۈڭگۈز ياراشمىغاندەك كەڭ كۆكرەكلىك بىر يىگىت كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان هالدا «مۇساپىرلار مېهمانخانىسى»غا كىرىپ كەلدى . ئۇ قارا كالتە چاپىنىنىڭ يەڭلىرىگە قوللىرىنى كەپلەپ تىققان بولۇپ ، قاتتىق مۇزلاپ كەتكەن بولسا كېرەك ، بويۇن تېرىلىرى ئەتتىكەنلىشىپ كەتكەنىدى .

بېلەت سېتىش ئورنىدىن بېلەتمۇ ئالماي ، خۇددى بىلەكلىرىنى بىر كىم ئىلىپ قاچىدىغاندەك ، يەڭلىرىگە كەپلەپ تىقىۋالغان قوللىرىنى چىقارماي ، ئېڭىشكىنىچە يۇقىرى قەۋەتكە دوكۇلداپ چىقىپ كېتىۋاتقان بۇ ساياق زادى كىم ؟ پەقەتلا تونۇمىدىڭلارمۇ ؟ ئېسىڭلارغىمۇ كەلمىدى ، شۇنداقمۇ ؟ بولدى ، ئۆزۈملا دەپ بېرەي ، ئۇ خۇدا كىچىك دېمەي ئامەتنى ، خوتۇننى ، يۈز - ئابرۇينى قوشلاپ بەرسە ، شوخلۇقنى ئوخشىتالماي قاچۇرۇپ قويغان «بالا سەيگۇ - يۈەن» قەدىردان ! هازىرلا چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئۇنى يول بەندەرىگە : «ئەمدى دېنىڭنى ئۆزۈڭ تېپىپ يە» دەپ قويۇپ بەردى ، شۇڭا ئۇ «كونا كاتەك» «مۇساپىرلار مېهمانخانىسى»غا خۇددى

يىگەن توخۇسىدەك يۇگۈرۈپ كەلدى .
قەدىرداننىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىن قىمار ، نەشە ، خىروئىن ، ھاراق ، جەزخورلار ئۇۋىسى بولغان بەشىنچى قەۋەتكىچە : «ھېلىمەجان ، نورمەت بارمۇ ؟ » دەپ سوراپ چىقتى . ئاخىر ئۇ : «ھېلىمەجاننىڭ ئانىسى ، نۇرمەتنىڭ بالىسى كېسەلكەن ، شۇڭا يۇرتىغا كەتتى » دېگەن جاۋابنى ئاڭلاپ ، يەتتە قەۋەت ئاسماندىن تاشلىنىۋەتكەندەك بولدى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك ؟ نېمىنى قانداق قىلىش كېرەك ؟ ! نېمىنى بولاتتى ، گال ، خىروئىن ، ياتاقىنچۇ ؟ ھازىر ئۇنىڭ يانچۇقى ئەڭ چارىسىز قەلەندەرنىڭ خۇرجۇنىدىنمۇ قۇرۇق . قەدىرداننى ھازىرغىچە خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلاپ ، پۇلدىن قۇرۇق قويماي ، خۇمار ئازابىنى تارتقۇزمىدى ، تاسادىپىي ھاللاردا چېكىشكە ئىمكان بولماي ، خۇمار ئازابى ئەمدىلا باشلىنىپ ، بەدەنلىرى كىرىشىپ ، ئازابنىڭ شەپىسى كەلگەن ھامان ، بىرەر پىنھان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا ئاق تۇتۇننى شوراپ قۇتۇلغانىدى . ئەمما ، سۆڭەك ـ ئۇگىلىرى قىمىشىپ ، بوغۇم ـ بوغۇملىرى سىرقىراپ ، مىليونلىغان چۇمۇلىلەر چېقىپ ، گاللىرى قىمىشىپ ، ئاخىر ئاغزىدىن ماغزاپ قايناپ ، ئۆزىنى ئۇتتۇر كەلگەن نەرسىلەرگە ئۇرۇپ ، قاش ـ قاپاق ، يۈزلىرىنى قىيما ـ چىيما قىلىپ ، ئەسەبىي غالجىرلىق گىردابىدىكى خۇمار ئازابىنى تارتىپ كۆرگىنى يوق ، لېكىن ئۇنى ھېس قىلالايدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ «كەسىپ »داشلىرىدىن كۆز ئالدىدا دوزاخقا سەپەر قىلغانلىرى ئازمۇ ؟ قاتمۇقات مۇز تېگىدە بۇرۇنلىرى ماكچىيىپ ، چىشلىرى پۇكۇلۇپ ، ئېغىزلىرى كالچىيىپ ، بەدەنلىرى قاپقارا ، قوڭۇر ، ساپسېرىق سارغىيىپ ، بەتبۇي پۇراپ كەتكەن جەسەتلەر ، گۆرگە دەسسەپ كىرگۈزۈلگەن مېيىتلەر ... ھېلىھەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ !
قەدىرداندا «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى »دىكى كارىمدىن پۇل قەرز ئېلىش ئۇمىدى تۇغۇلدى . ئەمدى بىر ئاشخانىنىڭ ئايلىق مائاشىغا قاراشلىق سوگوزىچىدىن قەدىرداننىڭ تامىقى ، ياتىقى ، چېكىدىغان ئاق تاماكىسىغا يەتكۈدەك پۇل چىقارمۇ ؟

چىقمىسا ، قەدىردانغا ئىككىلا يول بار ، بىرى جىنايەت يولى ، يەنە بىرى ئۆلۈم يولى ! ئۇ ياشىماقچى بولىدىكەن ، كېچىسى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق ، قاتىللىق قىلىشى كېرەك ، بولمىسا ئۇنىڭغا تەييار دۇنيا نەدە تۇرۇپتۇ ؟

قەدىردان «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى» دېگى كازىمنى تېپىش ئۈچۈن ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ، پەلەمپەيدە بىرىگە سوقۇلۇپ كەتتى . قەدىردان ئۇنىڭغا پەرۋايى پەلەك ھالدا كېتىۋەرگەنىدى ، بىراق سوقۇۋەتكەن بۇرادەر ئۇنى چاقىرىپ قالدى :

— ۋۇي توختاڭا ، سىز ··· سىز ھېلىقى «بالا سەيگۇيۇەن» غۇ ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇ ، شۇ ، ھەئە شۇ ، — قەدىردان ئىچىدە : «نەدىن پەيدا بولدى بۇ ىىڭناسقا» دەپ ئويلىدى ، — نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟

— مەن سىزنى بىر - ئىككى ئايدىن بېرى ئون نەچچە قېتىم ئىزلەپ كەلدىم .

قەدىرداننىڭ گەجگىسى قورۇدى ، «ئۆلۈكتىن ئىمان سوراپ- تۇ ، ئەسكى تامدىن قورقاق» دېگەندەك ، ھالى خاراب «بالا سەيگۇ- يۇەن»دىن ياردەم سوراپ كەلگەن دىۋانىمۇ بۇ ، دېگەن ئوي كۆڭلىگە كەلگەن قەدىردان سەل تېرىكتى :

— ھە ، نېمە دېمەكچىسىز ؟ گېپىڭىز بولسا گاچ - گاچ دەڭە ، مەن ئالدىرايمەن .

— ئېسىڭىزدىمۇ ، ھېلىقى بىر يىلى ئايگۈل ئىككىمىز ياتىقىد- ڭىزغا كىرىپ ، قاسساپلىق قىلىش ئۈچۈن 2 مىڭ سوم سورىساق ، سىز ، بىرەر ئۆي ھەم ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ قىلىۋېلىڭ ، دەپ ، 5 مىڭ سوم بەرگەنىدىڭىز . ئاشۇ شىرزات دېگەن قاسساپ مەن بولىمەن .

— مۇنداق دەڭ ، — قەدىرداننىڭ قاپىقى تۈرۈلدى ، — يەنە پۇل سوراپ كەلمىگەنسىز ؟

— ياقەي ، شۇ چاغدىكى پۇلىڭىزنى بېرىۋېتەي ، دەپ ئىزلىگە-

ندىم . ئۆزىڭىزگە ئايان ، سىزنىڭ ھىممىتىڭىز بىلەن روناق تاپ-
تىم ، ئەمدى ھەققىڭىزنى قايتۇرمىسام خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ ، سو-
دامىۇ ئاقمايدۇ دەڭە .
— سىزنى ياتاققا باشلاي دېسەم ، — دېدى قەدىردان خىجىللىق
بىلەن ، — تېخى ياتاق بېلىتى كەستۇرمىگەن .
— يۈرۈڭ ، تاكسى بىلەنلا دوستلۇق ئالدىغا بارايلى ، —
شىرزاتنىڭ چىرايىدىن دوستانىلىك چىقىپ تۇراتتى ، — مەندىن
گۆش ئالىدىغان بىر كاۋاپچى بار ، ئۇنىڭ كاۋىپى بەك بەلەن .
قەدىردان قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنى ئەمدىلا سەزگەندەك قىل-
دى . ئۇ ياتاق ، بولۇپمۇ ئاق تاماكىنىڭ غېمىدە قورسىقىنىڭ ئاچ-
قان - ئاچمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى . مانا ئەمدى خۇددى
قارىغۇ مۇشۇككە ئۆلۈك چاشقان يولۇققاندەك بىر ئىش بولدى .
كۆرمەمدىغان ، جان ھەلقۇمىغا كەلگەن تازا يامان ۋاقتىدا قىسمەت-
نىڭ ياردەمگە كەلگىنىنى ! ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ : «كەچ قويسا
قويغان خۇدايىم ، ئاچ قويمايدۇ» دېگىنى راستكەن - دە !
ئۇلار تاكسى بىلەن دوستلۇققا بېرىپ ، ھېلىقى «بەلەن» كا-
ۋاپخانىغا كىردى . كاۋاپ بېسىلغان يۇمشاق نان ، قېنىق دەملەنگەن
چاي بىلەن راسا پەيزى قىلىشتى . شىرزات قەدىردان 5 مىڭ سوم
بەرگەندىن كېيىنكى تىرىكچىلىكنى سۆزلەپ بەردى . ئۇ دەسلەپتە
ئايگۈل بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بىر جۈپ ئوقلۇق رېزىنكا چاق
سېتىۋېلىپ ، ئۇنىڭغا تۆمۈر شوتا ، قەلەي بوتكا ، بوتكا ئىچىگە
گۆش ئاسىدىغان بىرنەچچە كانارا بېكىتىپ ، دۇكان تەييارلاپتۇ .
قىسقىسى ، بىلەي ، پىچاق ، پالتا ، دۆشىلەرگە جەمئىي 600 سوم-
دەك پۇل كېتىپتۇ ، ئاندىن بىر ئېغىز ئۆينىڭ بىر يىللىق ئىجارد-
سىنى سېتىۋاپتۇ . قىسقىسى ، ئايگۈل 5 مىڭ سوم پۇلنىڭ بىر
تىيىن پۇلىنىمۇ نېرى - بېرى قىلدۇرماپتۇ .
— ھازىر مەخسۇس قاسساپچىلىق دۇكىنىم بار ، ئايالىم كەچ-
لىك بازاردا زاسۇيپەزلىك قىلىدۇ ، — دېدى شىرزات مەمنۇنىيەت
تەلەپپۇزىدا ، — ھە راست ، ئايگۈل بىلەن توي قىلىۋالغان ، ھازىر

بىر قىز ، بىر ئوغلۇم بار .

— مۇبارەك بولسۇن ، — قەدىردانىنىڭ شىرزاتقا زوقى كەلـدى ، — ئۇنداقتا هازىر تۇرمۇش غېمىڭىز يوقكەن ـ دە ؟

— ئەلھەمدۇلىللا ، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر ، — شىرزاتنىڭ سـۆزلىرىدىن ئىچىملىـك ، چېكىملىك دېگـەنلەردە يـوقتەك قىلاتتى ، — ئاندىن قالسا ، شاپائەتچىمىز ئۆزلىرىنىڭ ساخاۋىتىدىن بولدى . مانا بۇ ئاز بولسىمۇ 10 مىڭ سوم پۇل ، جىقراق ئەكەلگۈم بار ئىدى ، لېكىن بۇ قېتىم ئالتايدىن كەلگەن ئىككى ماشىنا گۆشنى بىر يولىلا چۇشۇرۇۋالغاندىم ، شۇڭا يېنىمدا نەق پۇل ئۆكسۈپ قالدى .

قەدىردان پۇلغا قاراپ ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى . بۇ ياش : «ياتاق ، تاماق ، خىرجىتىن كاپالەتكە ئېرىشىدىغان بولدى» دەيدىغان خۇشاللىق يېشىغا هەرگىز ئوخشىمايتتى . بۇ يارانقان ئىگىسىدىن تەپ تارتىدىغان ، ئۇ «گۇناھ ـ ساۋاب» دەپ چۈشۈرگەن مىزانىلا كۆڭلىدە ئەقىدىگە ئايلانغان ، ئىنساپ ، دىيانەت ، راستچىللىق ، ئاق كۆڭۈللۈك ، پاكلىق ، سېخىي ـ ساخاۋەتنى ئاللانىڭ نۇرى دەپ بىلىدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغ هەم پاكىز بىر دىنىنىڭ مۇخلىسى ئىكەنلىكىگە ، بىراق شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۆزىنىڭ پاسىق بىر بەندىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئېچىنغان ئاچچىق ياشلار ئىدى ! «سىزنىڭ ھىممىتىڭىزدىن روناق تاپتىم» ، «ھەققىڭىزنى قايتۇرمىسام خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ ، سودامۇ ئاقمايدۇ» ، «ئەلھەمدۇلىللا ، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر»... پاھ ! بۇ ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرىدەك نېمىدېگەن سەممىي ئېيتقان ـ ھە ؟ !

بوران هەم يامغۇر توختىغانىدى . قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا پىيادە قايتتى . گەرچە ئۇنىڭ يېنىدا 10 مىڭ سوم پۇل بولسىمۇ ، ئەمما ئۇ ئانچە خۇشال ئەمەستەك قىلاتتى . شىرزاتنىڭ سۆزلىرىدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى ، سودا ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم ئۆزىنى پاك تۇتۇشى ، يوقسۇل ـ پەقىرلەرنىڭ بېشىنى سىلىشى ، بولۇپمۇ ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللان-

ماسلىقى كىرەككەن ، شۇندىلا ئاللا بەرگەن ئامەت مەڭگۈلۈك ، ئەڭ بولمىسا ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن . قەدىردان بىيجىڭدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ، بىر كۈنى ياتىقىغا يۈسۈپجان ئىسىملىك بىر باققال كىرىپ كەلدى . ئۇ بىيجىڭغا قۇرۇق يەل ـ يېمىش يۆتكەپ كەلگەنىكەن . يۈسۈپجان يېنىدىن 3 مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ :

— مەن ئۈرۈمچىدە ھېچ چىقىش يولىنى تاپالماي گاڭگىراپ قېلىپ قېشىڭىزغا بارسام ، بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇت دەپ ، 3 مىڭ سوم پۇل بەرگەنىدىڭىز ، ئاشۇ پۇلىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم . بۇ قېتىم پويىزدا مال يۆتكەيمەن دەپ چىقىمدار بولۇپ قالدىم ، كېيىنچە يەنە رەھمىتىمنى ئېيتىمەن ، — دېدى . يۈسۈپجاننىڭ سەمىمىيلىكىدىن ، دىيانىتىدىن تەسىرلەنگەن قەدىردان ئۇنى ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ مېھمان قىلاي ، دېگەنىدى ، بىراق يۈسۈپجان :

— رەھمەت ، مېھماندوستلۇقىڭىز ماڭا تېگىل بولدى ، جۈمە ۋاقتى بوپقالدى ، — دەپ ، ئالدىراپ كېتىپ قالغانىدى . قەدىرداننىغىمۇ خۇدايىم ئامەت بەرگەن ، بەرگەنىدىمۇ ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ، بىراق قەدىردان شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ، خۇدانىڭ تارازا ـ مىزانلىرىدىن ، سىناق كۆۋرۈكلىرىدىن ئۆتەلمىدى !

روھى سۇنغان قەدىردان «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كېلىپ 35 سوملۇق ياتاققا بىلەت كەستۈردى . ئادەتتە تىجارەتچى باللار بۇ ياتاقلارنى قىممەت كۆرۈپ ياتمىغاچقا ، داۋاملىق ئىككى كىشلىك ياتاقتا بىر كىشى يېتىشقا توغرا كېلەتتى .

قاراڭغۇ چۈشتى ، ئىككى كۈندىن بېرى ئالەمنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك چىققان جۇدۇن ـ چاپقۇن ئاستا ـ ئاستا جىمىقىپ ، پارچىلانغان قارا بۇلۇتلار تارقالماقتا ئىدى . بەزىدە ۋاللىدە ئاي ـ يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ قالىسا ، بىردەمدىلا يەنە ئالەمنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئالاتتى . يامغۇرنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك ، ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ ، دولىنى قورۇغۇدەك سوغۇق بولۇۋاتاتتى . قەدىردان يوتقاننى تىزلىرىغىچە يېپىپ قويۇپ ، ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ، دېرىزىدىن سەتەڭ چوكاننىڭ نازىدەك بىردە ئېچىلىپ ، بىردە تۇتۇلۇۋاتقان

قان ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتى .
قەدىرداں چەت ئەلدە ئۇزۇل - كېسەل ۋەيران بولغان ھېلىقى كېچىسىمۇ نەق مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق كۈن ئىدى ! قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى ئون قەۋەتلىك مېھمانخانا ئادەتتە ساقچىلار تەرىپىدىن قوغدىلىناتتى . ئەمما ، شۇ كېچىسى ، ئاغزى - بۇرنى نىقابلانغان ، پەقەت كۆك ، چېقىر ۋە كۈل رەڭ كۆزلىرى يالىلداپ تۇرغان ئۈچ قوراللىق ئادەم ياتاققا بېسىپ كىردى . ئۇلارنىڭ ئىككىسى يالىڭاچ قەدىردانىنى يوتقان ئىچىدىن تۇرغۇزماي ، بېشىغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ تۇردى . ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياتقان رۇس قىزى بىر داس لەڭپۇڭدەك ئەمچەكلىرىنى لىغىرلىتىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، كىرگەنلەرگە نىمىلەرنىدۇر كاتىرلاپ كىيىمىنى كىيدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاپانچىنىڭ پايىنىكى بىلەن قەدىردانىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى - دە ، ئاندىن ھەممە نىمىنى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتتى .
قەدىردانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۈچ ئايلىق سودىسى يامان ئەمەس بولغانىدى . ئۇ ئۆزى ئېلىپ چىققان 50 مىڭ سوملۇق ئادىداس ، مانتاناادەك ماللىرى تەڭگە تەڭ پايدا قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قورغاستىن كىرگەن ۋەتەنداشلىرىنىڭ ھەرخىل كۆكتات ، ھۆل - قۇرۇق يەل - يېمىش ، ئاياغ كىيىم ، باللار كىيىملىرى قاتارلىق ماللىرىدىن بىر - ئىككى ماشىنا مالنى سۆزلىشىپ ئېلىپ ، ئالمۇتىدىن دۇشەنبە ، ياركەنت ، چېلەك ، غالجات ، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك ، ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان قاتارلىق شەھەر - رايونلارغا يۆتكەپ ئاپىرىپ ساتتى . شۇ ئارقىلىق ياتاق ، تاماق ، ئاق تاماكىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ ، ئۈچ ئاي ئىچىدە 76 مىڭ سوم پۇل تاپتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىرى قورقۇش ، ئەندىشە ، ساراسىمە ئىچىدە ئۆتتى . چۈنكى ، ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك ئۇيغۇر سودىگەر ، تىجارەتچىلەرنىڭ بۇلانغانلىقى ، ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقىلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ياقۇپ ھاجىم كېتەر ۋاقتىدا : «ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرى تىنچ ئەمەس ، قىرغى-

زىستان بېشكەكتىكى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ شۇنچە كاتتا سودا بازىرىنىڭ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما . شۇڭا ، ۋەتەنگە تېزرەك قايت ! » دېگەنىدى . ۋەھىمە پۈرىقى كېلىپ تۇرغان بۇ سۆزلەر ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەندە ، يۈرىكى بىر سىقىلاتتى .

قەدىردان ئاخىر ۋەتەنگە قايتماقچى بولدى . ئەمما ، قايتىش ھارپىسىدا ئۈچ ماشىنا ئالما ئەرزانلا ئۇچراپ قالدى . قەدىردان ئۇنى ئېلىپ قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىقكۆل ساياھەت رايونىغا ئاپى- رىپ ، بىر يەل - يېمىش سودىگىرىگە توپلا ئۆتكۈزۈپ خېلى ئوبدان پايدا ئالدى . ئۇ كەچتە مېھمانخانا ياتىقىدا زېرىكىپ ئولتۇراتتى ، ئىشىك چېكىلىپ ، ئىنتايىن چىرايلىق رۇس قىزى كىرىپ كەل- دى ، ئۇ تەكەللۇپسىزلا كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى . ئۇنىڭ دۇپدۇ- گىلەك كۆكسىنىڭ يېرىمى ئويما ياقىلىق مايكىسىدىن چىقىپ تۇ- راتتى . بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان يوپكىسى بولسا ، جۇۋاز ئوقىدەك پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق يوتىلىرىنى ياپالمىغانىدى . ئۇ تۇرمەللەن- گەن ساپسېرىق چاچلىرى ئارىسىدىن بىر بولاق خروئىن قاچىلانغان سۇلياۋ خالتىنى چىقاردى - دە : «ئالامسەن؟» دېگەن ئىشارىنى قىلدى . قەدىردان : «قانچە؟» دېگەننى قول ئىشارىتى بىلەن ئۇق- تۇردى . رۇس قىزى تۆت بارمىقىنى چىقاردى . قەدىرداننىڭ يېنىدا چېكىدىغىنى بولغاچقا ، ئويناشقاندەكلا ئىككى بارمىقىنى چىقىرىۋە- دى ، رۇس قىزى بولاقنى قەدىرداننىڭ ئالىقىنىغا تاشلىدى . قىز- نىڭ بىر گىرام خروئىننى بۇنداق ئەرزان بېرىۋېتىشىدىن گۇمانلان- غان قەدىردان خالتىنى يىرتىپ تىلىنى تەگكۈزۈپ ، خېلىلا ساپ مال ئىكەنلىكىنى جەزملەپ كۈلۈمسىرىشى ، رۇس قىزى چېچى ئارىسىدىن پال - پال ، سەرەڭگە ، نەيچىنى چىقىرىپ ، بىردەمدىلا «دۇكان»نى قۇردى . قەدىردان كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ نەيچە بىلەن ئاق تۈتۈننى شورىدى ، رۇس قىز گىلەمدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ پال - پال ئاستىغا سەرەڭگە چېقىپ بەردى . بۇ چاغدا رۇس قىزنىڭ دۇپدۇگىلەك ئاپئاق كۆكسى پۈتۈن كۆرۈنۈپلا قالماي ،

ئۇياتلىق يەرلىرىنى تولۇق ياپالمىغان «ئىككىلىك» كەڭلىكتىكى ئۈچ بۇرجەك ئىچ كىيىمىمۇ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئەسنادا قىز يەنە بىر بولاق خروئىننى پال - پال ئۈستىگە قويۇشى، قەدىردان سەرەڭگە چېقىپ بەردى. قىز ھەۋەس - ئىشتىياق بىلەن شوراپ بولۇپ، كارىۋات ئۈستىگە ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلىۋەتتى ھەم ئىككى قولىنى سوزۇپ، قەدىردانىنى يېنىغا چىللىدى... ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالازغا ئورۇ- نۇپ ھەپتە يېتىپتىمەن، دېگەندەك، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ كاكا - سالتاڭ بولۇپ قالغان قەدىردانىنى ئىسسىقكۆل مېھمانخاند- سىدا ياتقان بىر ئۇيغۇر سودىگەر چېكىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇمچىگە ئەكېلىپ قويىدى...

بوغدا تاغلىرى تەرەپتىن ئۇرغان سوغۇق شامال ئاۋغۇست ئاسمىنىدىكى بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، بىر تەرىپى داغلاشقان تولۇن ئايغا كۆك ئاسمان چېھرىنى ئېچىپ بەردى، دېرىزىدىن قىيپاش چۈشكەن كۆكۈش سوغۇق نۇر كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرغان قەدىر- داننى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يالاڭ مۈرە، بىلەكلىرى چىمىلداپ مۇزلىدى بولغاي، يوتقان ئىچىگە كىرىپ ياتتى. بۇ دۇنيادا باي زەردار بولسۇن ياكى تىلەمچى گاداي بولسۇن، ھەممى- سىلا ئەتىنىڭ غېمىنى قىلىدىكەن. مانا شۇ تۇرقىدا قەدىردانمۇ: «ئەتە نېمە قىلارمەن، ئۇندىن كېيىنچۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئاخىر كاۋاپچىلىق سەرەمجانلىرىنى سېتىۋېلىپ، كاۋاپچىلىق قى- لىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بولدىلا، بۇ نېمىدېگەن سەرسانچىلىق! ئۇ قاچانغىچە جاھانكەزدى دەرۋىشتەك، بېشى قايغان، پۇتى تايغان يەرلەردە يۈرىدۇ؟ «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئالدىدا كاۋاپچىلىق قىلىپ ئائالى مېھرىبانىنى، ئوغلى قەيسەرنى ئىزلەيدۇ. ئۇلار دۇن- يانىڭ ئۇ چېتىدە بولسىمۇ تېپىپ كېلىپ، بىر ئائىلە كىشىلىرى غورىگۈل ياشىسىمۇ، كۆڭۈللۈك ھاياتنى قايتىدىن باشلايدۇ...

قەدىردان ھەمدەم خىياللار بىلەن قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىد- قىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە كارىدوردا تاراقلاپ ماڭغان،

يۆتەلگەن ئاۋازلاردىن ئويغىنىپ كېتىپ ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئوپچى تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈزلىرىنى ئالدىراپ يۇدى . بولمىسا ، مېھمانخانىنىڭ ئەرزان تامىقى قالمايتتى . دېمىسىمۇ ئۇ ئەنسىرىگەندەك بولدى ، ئاشخانىدا باشقا تاماقلار تۈگەپ ، شوۋىگۇرۇچ بىلەن هورنان قالغانىدى . قەدىردان بىر قاچا شوۋىگۇرۇچ ، ئىككى هورنان ، بالا تەخسىدە تۈزلىغان تۇرۇپ سېتىۋېلىپ ، چوڭ شىرەدە ئەمدىلا تاماققا تۇتۇش قىلىۋىدى ، كىمدۇر بىرى بىر تەخسىدە هورنان ، بىر چىنە شوۋىگۇرۇچ ، بالا تەخسىدە بىر سىقىممۇ كەلمەيدىغان خۇاسىڭ مېغىزى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى . «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك ، ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشماي ، ئاچ قالغان بۆرىدەك تاماق يېيىشنى باشلىۋەتتى . بىر چاغدىلا ئىككىسى بۇرۇنلىرىنى تارتىشىپ ، بېشىنى كۆتۈردى - دە ، بىر - بىرىگە تىكىلىپ قېتىپ قېلىشتى ! ھەتتا ئىككىسىلا چاينىغان لوقمىلىرىنى يۇتماي چەكچىيىپ تۇرۇشاتتى . ئەلۋەتتە ، قەدىردان بىر چاغلاردا «تەپكۈچ ساقال» دەپ مەسخىرە قىلغان خالمەت قارىم ئۇنىڭغا كىچىك ، ئەمما دۈپدۈگىلەك كۆزلىرىنى تىكىپ ئولتۇراتتى . بۇ لەنتى قارى قەدىردانىڭغۇ ئۇنتۇپ كەتتى ، ئەمدى گەدىنىدىكى 60 مىڭ سومنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ ؟ ۋۇي قارى بولماي كەتكۇر قاغجالما تېجىمەل ! تېخى ياقۇپ هاجىم : «ئوتتۇز پارە قۇرئاننى يادا ئالغان» دەيدا ، قۇرئاننى يادا ئالغان ئادەم خروئىن ئەتكەسچىسى بولامدا ؟ !

مەن ئىززەت - ئىكراملىق ئوقۇرمەنلەرگە خالمەت قارىمنى يەنە بىر قېتىم سۈرەتلەپ بېرىشنى لايىق تاپتىم . چۈنكى ، ئۇ بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى ، ياقۇپ هاجىمنىڭ داجەيگۇدىكى ئۆيىدە قەدىرداندىن 60 مىڭ سوم پۇل ئېلىپ ، خۇددى قۇمغا چۈشكەن تامچىدەك يوقاپ كەتكەنىدى . مانا شۇ چاغدىكى دوقا ماڭلاي ، قاتمۇقات جىيەكلىك دۈپدۈگىلەك كۆزى بىلەن قاپقارا توم قېشى ئاق سېرىق چىرايىغا ئوبدانلا هۆسن قوشقان ، سىدام يۈز ، بۇرۇتسىز ، لېكىن ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ ، ئېڭەك ئۇچىدا تەپ-

كۆچەتەك كىچىككىنە قىسقا ساقىلى بار قارا يەكتەكلىك ئادەم ئىسىڭلارغا كەلگەندۇ؟ خۇددى كونىلار : «ئۆچ بولماڭ ، گىرىپتار بولارسىز» دېگەندەك ، خالمەت قارىم ھەر قېتىم ئۇرۇمچىگە كەلگەندە ، قەدىردانىنى ئۇچراپ قالمىسىكەن ، دەپ تىلەيتتى . مانا بۇگۇن قېرىشقاندەك مېھمانخانىدا ، يەنە كېلىپ بىر تاماق شىرەسىدە بىللە ئولتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان !

— قەدىردان ئىنى ، سەنمۇ ئۇرۇمچىدىكەنسەن ـ ھە ؟ — دېدى خالمەت قارىم تۇنجۇققاندەك بولۇپ ، — ياقۇپ ھاجىم سېنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوقەت قىلىۋاتىدۇ ، دېگەندەك قىلىۋىدى .

— بۇگۇن خويمۇ ئوبدان ئۇچراپ قالدىلا ، — قەدىردانىمۇ مىختەك قادالدى ، — مەن ئالمۇتىدىن ئاتايەن سىلىنى ئىزدەپ كەلدىم ، نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەلا ؟

— بىلمەيمەن ، بىلمەيمەن ، — خالمەت قارىمنىڭ كۆزلىرى غىل ـ پاللىدى ، — ھە ئېيتقىنا ، ھازىر نېمىش قىلىۋاتىسەن ؟

— كاۋاپچىلىق قىلماقچىمەن .

— كاۋاپچىلىق ؟ — خالمەت قارىم ئاچچىققىنا كۇلدى ، — كاۋاپچىلىق قىلساڭ ساڭا يارىشارمۇ ؟ سەن دېگەن «بالا سەيگۇيۇەن» دەپ ئۇرۇمچىدە داڭ چىقارغان بالا . ئاشۇ نامىڭغا تۇشلۇق ئىش قىلمىساڭ ، خەقلەر قوڭىدا كۇلەر .

— نەردە كۇلسە چاتىقىم نېمە ، ئوقەتلا قىلسام بولمىدىمۇ ، — قەدىردانىنىڭ ئاچچىقى كەلگەنىدى ، — پۇلنى قاچان بېرىلا ، شۇنىڭ گېپىنى قىلسىلا .

— 60 مىڭ سومغا قاراپ قالغۇدەك ھالغا چۇشۇپ قالدىڭمۇ ؟ — خالمەت قارىم تامىقىنى چىكىلداتتى ، — نەزىرىڭ خېلى ئۇستۇن بالىتىڭ ، نېمانداق چۇپەيلىشىپ كەتتىڭ ؟ ئۇ پۇلمۇ تاماكاڭغا ئىككى ئاي يېتەر ، ئۇندىن كېيىن قانداق قىلارسەن ؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا ، ئۆزۈمنىڭ شورى .

— پۇل تاپقان ، يۇز تاپقان تىجارەتچىنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپ چىقماسلىقى كېرەك ئىدى ، — خالمەت قارىم ئۇستىلىق

بىلەن كۆزلىگەن نىشانغا يېقىنلاشماقتا ئىدى ، — بوپتۇ ، ھالىڭ شۇنچىلىك بولغاندىن كېيىن بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك .

— زادى نېمە دېمەكچى سىلى ؟ بىرلا ئىنجىقلاپ ئىچىلىرىدى-كىنى چىقىرىۋەتسىلە ، ئۇنداق چۆرگىلەپ چىچا گەپنى قىلىد-ۋەرمەي .

— بەلەن گەپ قىلدىڭ ، — ئۇ تامىقىدىنى تامشىپ قوي-دى ، — سەن ئاشۇ 60 مىڭ سوم پۇلۇڭنى بەش ، ئون ھەسسە ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپەيتىپ ئېلىشنى خالىمامسەن ؟

— نېمىشقا خالىمىغۇدەكمەن ، — قەدىردان جانلاندى ، — قېنى يولىنى كۆرسەتسىلە .

— مەن بىلەن كۇنمىڭغا كىر ، — قارىم لەپپىدە كۆز تاشلى-دى ، — قانداق ، كۆتۈك چىدامدا ؟ ئۈچ كۈن بولدى ، تۆت بالىنى پويىز بىلەن يولغا سېلىۋەتتىم . ئۇلار سىچۈەن چېگدۇغا بېرىپ ، ئۇ يەردىن پويىز ئالمىشىپ كۇنمىڭغا بارىدۇ ، ئاشۇلارمۇ ساڭا ئوخشاش چېكىدىغان باللار . ئۈرۈمچىدە بىر گرامىنى 300 ـ 400 سومدىن چېكىسەن . كۇنمىڭغا بارساڭ 150 ـ 200 سومغا چۈشىدۇ . «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تە بولسا 25 ـ 30 سومدىن ئالىسەن .

خىروئىنغا پۇل چىقىشتۇرالماي ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان قە-دىردان باھادىكى پەرقنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدى . كۇنمىڭدا بىر ھەسسە ئەرزان بولسا ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كە يېقىنلاشقانسېرى ، ھەتتا ئون ھەسسىلەپ پەرق قىلىدىكەن ، بۇ ··· بۇ ··· ئاجايىپ ياخشى گەپكەن ـ دە !

— مېنى خىروئىن يۆتكەشكە ، سېتىشقا سالىدىغان بولسىلا بارمايمەن .

— بولىدۇ ، 60 مىڭ سوم پۇلۇڭ پاي قاتقان ھېسابتا بول-سۇن ، — دېدى خالمەت قارىم شىرەگە چېكىپ تۇرۇپ ، — مەن يالغۇزلۇق قىلىپ قالدىم ، سەن سودا ئىشىدا پىشقان بالىسەن ، شۇڭا ماڭا ياردەمچى بولۇپ ، بىر قانچە باللار بار ، شۇلارنى

باشقۇرۇپ بەر .

— ئەمما گېپىڭىز گەپ ، — قەدىردان قولىنى شىلتىدى ، — كېيىنچە تۇخۇمنىڭ سىرىقى ئىككى چىقىپ قالمىسۇن…

— ئەمىسە بۈگۈن چۈشكىچە تەييارلىق قىلىۋال ، چۈشتىن كېيىن سائەت بىر يېرىمدا كۈنمىڭغا بىۋاسىتە ئۇچىمىز .

— شۇنچىۋالا ئالدىراشما ؟

— مەن ھازىرلا ئايرودرومغا تېلېفون قىلىۋېتەي ، بېلەتنى ئىككى قىلىپ بەرسۇن .

خالمەت قارىم ئىشتان تاسمىسىغا چېتىلغان قاپچۇقتىن ئالدىن كىچىكرەك تېلېفوننى ئېلىپ ، نومۇرلىرىنى باستى ــ دە ، خەنزۇچىلاپ بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ : «خاۋ ، خاۋ ، شي شي»[1] دەپلا تېلېفون قاپقىقىنى يېپىپ يەنە قاپچۇقىغا سالدى . قەدىردان ئوتتۇرا ئاسىيادا چېغىدا بىر ــ ئىككى خوجايىننىڭ قولىدا ئاشۇنداق تېلېفوننى كۆرگەنىدى . مانا ھازىر خالمەت قارىمنىڭ سۆزلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئىنتايىن زوقلاندى . ئەگەر قەدىردان بۇ چاغقىچە بالا سەيگۇيۇەن بولۇپ ، ئاشۇ كەسىپتىن ئايرىلمىغان بولسا ، ئۇنچىلىك تېلېفونلار نېمىتتى !

ھەي ئىسىت ! خىروئىن ئۇنىڭ تۇنۇگۈنى ، بۈگۈنى ھەم ئەتىسىنى تارتىۋالدى . ئۇ قايسى كۈنى ئاشۇ ئىبلىسقا سېپىلدى ، شۇندىن بېرى ئۇنىڭغا ئاسايىشلىق بولمىدى .

خالمەت قارىم بىلەن قەدىردان چۈشتىن كېيىن سائەت بىرلەردە «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ئالدىدىن تاكسىغا چۈشۈپ ئايرودرومغا يۈرۈپ كەتتى . ئۇلار كۈتۈش زالىدا ئانچە ئۇزۇن ئولتۇرماي ، ئايروپىلانغا چىقىشتى . قەدىردان «بالا سەيگۇيۇەن» ۋاقتىدا سۆڭ خوجايىن ئۇنى بېيجىڭ ، خاڭجۇلارغا ئايروپىلاندا ئاپىرىپ ئوينانتقانىدى . ئۇ چاغدا قەدىردان خوجايىنلىق سالاھىيىتى بىلەن ھۆرمەتلەنگەن ، زىيارەتتە بولغان . ھازىر بولسا خەلق نەزىرى-

[1] ياخشى ، ياخشى ، رەھمەت !

دە بىر مەلئۇن ، ھۆكۈمەت دەپتىرىدە ئەتكەسچىنىڭ يۈندىكەشلىكى-
نى قىلىش ، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىگە شېرىك بولۇش ئۈچۈن كېتىۋا-
تىدۇ ، بۇمۇ بىر خورلۇقتە...

خالمەت قارىم بىلەن قەدىردان جىڭجۇدا ئايروپىلان ئالمى-
شىپ ، كەچلەپ كۈنمىڭ ئايرودرومىغا چۈشتى . ئۇلار چامادان ـ
سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ كۈتۈش زالىغا ئەمدىلا كىرىشى ، تۆت
يىگىت يۈگۈرۈشۈپ كەلدى ـ دە ، خالمەت قارىم ، قەدىردانلار
بىلەن قول سىلكىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى . ئاندىن چامادان ـ
سومكىلارنى ئۆزئارا تالىشىپ قوللىرىغا ئېلىشتى . قەدىردان بۇ
باللارغا قاراپ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى . ئۇلار غەيرەت جاڭدۇ ، ئەيسا
خېنەنجىر ، ئەبەي گىتار ، دىلمۇرات ماكاشلار بولۇپ ، ھەممىسى
بېيجىڭ گەنجياكۇ ، ۋېيگۇڭسۈنلەرنىڭ «قارا قاغىلىرى» ئىدى .
ئۇلار قاچانلاردا بۇ يەرلەرگە ئۇچۇپ كېلىۋالغاندۇ ؟

— سىلەر قاچانراق كەلدىڭلار ؟ — سورىدى خالمەت قارىم
تاكسىغا چىقىۋېتىپ .

— سائەت تۆتلەر بىلەن ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ ، —
كېلىپلا «تۇمانلىق قىيا» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇق .

— نەچچە يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىكەن ؟

— بەش يۇلتۇزلۇق ، پۇلىمۇ خېلىلا باركەن .

— نەچچە پۇلكەن ؟

— بىر ياتاقتا ئىككى ئادەم ياتىدىكەن ، بىر كېچىلىكى 1مىڭ
600 سومكەن .

— مەيلى ، ئەڭ مۇھىمى پۇل ئەمەس ، بىخەتەرلىك .

ئىككى تاكسى سوپسوزۇك جىنجياڭ دەرياسىنىڭ ھەيۋەتلىك
كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ، «تۇمانلىق قىيا» مېھمانخانىسىنىڭ ھويلى-
سىغا كىرىپ توختىدى . غەيرەت جاڭدۇ خەلمەت قارىم بىلەن
قەدىردان ئىككىسىگە ئالدىن ياتاق ئېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ-
دۇللا باشلاپ كىردى . ياتاق ھەقىقەتەنمۇ بەك ھەيۋەتلىك بېزەلگەن-
دى . ئۇ بىر قارىماققا ئېسىلزادىلەرنىڭ داچىلىرىغا ئوخشاپ كېتەت-

تى ، ئوتتۇرىدىكى ئالىي دىۋان ، شىرە ، گىلەم ھەم ئەينەك ئىشكاپ-
لار بىلەن بېزەلگەن ئۆي دەم ئېلىش ئورنى بولۇپ ، ئۈچ پۇتلۇق
شىرەگە ھەرخىل ئالىي ھاراق ھەم قۇتىلىق سوغۇق ئىچىملىكلەر ،
ھۆل يەل - يېمىشلەر ، تاتلىق - تۈرۈملار تىزىلغان ، ھەر كۈنى
يېڭىلىنىپ تۇراتتى . ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىدىكى رەڭگارەڭ ئېچىلىپ
كەتكەن گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى ئادەمنىڭ بەھرىنى ئاچاتتى .
ئىشكاپلاردا ئالماشتۇرىدىغان ئىچ كىيىملەردىن تارتىپ پىلاشلارغىچە بار ئىدى . بۇ دەم ئېلىش ئۆينىڭ ئىككى ياتاق ئۆيى بولۇپ ،
چەت ئەلنىڭ يوتقان - كۆرپە ، ماموق ياستۇق ، ياپقۇچلىرى بىلەن
زىننەتلەنگەن كارىۋىتىدا ئادەم ئولتۇرۇشقىمۇ ئەيمىنەتتى . تازىلىق
ئۆيى ، مۇنچىلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرى پۈتۈنلەي زامانىۋى بولغاچقىمۇ ، تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئىنتايىن ئەپلىك ئىدى .

— يۇرۇڭلار ، باللار ، تاماق يەيلى ، — خالمەت قارىم ئورنىدىن تۇردى ، — غەيرەت ، سىلەر تاماق يېمىگەنسىلەر تېخى ؟

— يوغسۇ ، خوجايىن ، يولغا چىققان خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ سىلىگە ساقلىدۇق .

— قول تېلېفونىڭ ياخشى ئىشلەۋاتامدۇ ؟

— گەپ كەتمەيدۇ ، — غەيرەت ئىشتان تاسمىسىغا ئېسىقلىق قاپچۇقنى تۇتۇپ قويدى ، — بەك ئەپلىك نەرسىكەن .

— بۇ قېتىمقى سودىدىن كېيىن ھەممىڭلارغا بىردىن ئېلىپ بېرىمەن .

ئەبەي گىتار ، ئەيسا خېنەنجىر ، دىلمۇرات ماكاشلار بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ قويۇشى ، خالمەت قارىم ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن باشقىچە بىر مەنىنى سېزىپ قالدى .

— خاتىرجەم بولۇش ، ھېلىگەرلەر ، ئىش ھەققىڭلارنىڭ سىرتىدا ئېلىپ بېرىمەن ، ئەمدىغۇ بولار ؟

— رەھمەت ، ھەشقاللا دېمەمسەن ، ھەي گۈيلار ، — غەيرەت جاڭدۇ كۆزلىرىنى ئويناتتى ، — ئىش ھەققىڭلارنىڭ بىر تىيىنىغىمۇ چېقىلمىغاندىن كېيىن .

— رەھمەت ، خالمەتكا .
— رەھمەت ، خوجايىن .
— رەھمەت ، قارىم .
ئۇلار مېھمانخانىنىڭ كاتتا ئىشخانىسىغا كىرىپ «چىڭجىن»[1] تاماقلىرىنى بۇيرۇتتى . خالمەت قارىم تاماقتىن ئازراق يەپلا ، دۇئا قىلىپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇ غەيرەتكە قاراپ :
— باللار نېمە يەيدۇ ، نېمە ئىچىدۇ ، خالىغىنىنى ئېلىپ بەر ، نېمە قىلسا ئىختىيارىغا قوي ، پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ، پىتنىڭ ئۆچىيىگە ھېسىپ قويما ، مەن رۇيلىگە بىۋاستە بارىدىغان ماشىنا بارمۇ - يوق ، ئۇقۇشاي .
— ئۇنداقتا ، — دېدى غەيرەت جاڭدۇ ، — شىشۇاڭ بەنناغا كىرمەيدىكەنمىز - دە ؟
— ئايلىنىپ نېمە قىلىمىز ، ئۇدۇللا كىرىپ كەتمەيمىزمۇ ؟
خالمەت قارىم چىقىپ كەتتى . غەيرەت جاڭدۇ ئاشخانىنىڭ مۇلازىمەت دۇكىنىغا بېرىپ ئىككى بوتۇلكا ھاراق ، بىرنەچچە قۇتىلىق پىۋا ئەكىلىشى ، ئەبەي گىنتار ھاراقنىڭ ماركىسىغا قاراپلا چىرايى ئۆڭدى :
— ۋاي ... بۇ ئىچكىرىنىڭ ھارىقىكەنغۇ .
— ھەي ، بۇ دېگەن سۇجۇنىڭ «لىن خېنىم» دېگەن دۇنياغا داڭلىق ھارىقى ، بىلەمسەن ؟
— ۋاي - ۋۇي ، ھەرقانچە ئالىي بولغىنى بىلەن ، ئىچكىرىدىنىڭ ھارىقى باش ئاغرىتىدۇ ، — ئەيسا خېنەنجىرمۇ قارشى چىقتى ، — يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ياخشى .
— ھەي غەيرەت ، ئىلى تېچۇي[2] دىن ئېلىپ كېلە ، — دىلمۇرات ماكاش شىرەدىكى ھاراق ، پىۋىلارغا قارىدى ، — ماۋۇلارنى قايتۇرۇۋەت .
— ئۇرۇمچىدە 22 سوملۇق ئىلى ئالىي ھارىقى بۇ يەردە 280

① چىڭجىن — پاكىز ، يەنى «مۇسۇلمانچە» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ .
② ئىلى تېچۇي — ئىلى ئالىي ھارىقى .

سوم تۇرسا !

— پاھۇي ، 15 ھەسسە قىممەت ساتامدۇ نېمە بۇ گۇيلار ، — ئەبەي گىتارنىڭ چىرايى مىژژىدە تولۇلدى ، — ئادەمنىڭ قارنى ئېچىشىدىكەن دېسە .

— ھەي ، قارنىڭ ئېچىشقۇدەك سەن بىرەمنىڭ پۇلنى ؟ — ئەيسا خېنەنجىر گۆلەيدى ، — بىر قېتىملىق ئولتۇرۇشتا 10 ـ 15 مىڭ سوم خەجلىۋەتسە ، كىمچۇ قارا ، قارىمنىڭ قولتۇقىدىكى بىر تال غېرىب مويىمۇ تەۋرىمەيدۇ . ھەر قېتىم قورسىقىمىزدا مال يۆتكىگەندە ، نەچچە قېتىم چىچىپ ، نەچچە قېتىم يەيمىز ، بىزگە بېرىدىغىنى 5 مىڭ سوم ، ئەمما ئۇ نەچچە مىليون پۇلنى چۆنتىكىگە سالىدۇ .

— ئەيسا ! — غەيرەت قاتتىق ۋارقىرىدى ، — تولا ھەددىڭدىن ئاشما ، ئىدرىس مودىڭدەك كۆتۈڭگە تېپىك يەي دەمسەن !

— ئەبەيكا ، — قەدىردان ئەبەي گىتارغا پىچىرلىدى ، — ئاراڭلاردا ئىدرىس مودىڭ ئوغرىمۇ بارمىدى ؟

— بىر قېتىم تاماق يەۋېتىپ ، خالمەت قارىمنىڭ ھەر مال يۆتكىگەندە قانچىلىك پۇل تاپىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ بەرگەنىدى ، — دېدى ئەبەي گىتارمۇ پىچىرلاپ ، — خالمەت قارىم شۇ كۈنىلا ئۇنىڭ كۆتىگە تەپتى .

— شىنجاڭغا كەتتىما ئۇ يانچۇقچى ؟

— ياق ، شاڭخەيدە «ھۈنەر» قىلىمەن دەپ كەتتى .

— ئاخىر شاڭخەيگە كېتىپتۇ ـ دە .

— قانداق دەيسەن ؟

— ئۇ بېيجىڭدا چاغدا ، مېنىمۇ شاڭخەيگە سايە قىلغان .

— سېنى يانچۇقچىلىققا سالماقچى ئىكەن ـ دە ؟

غەيرەت جاڭدۇ بىلەن دىلمۇرات ماكاش سۇجۇنىڭ هاراقلىرىنى قايتۇرۇۋېتىپ ، «ئىلى تېچۇي»دىن ئۈچ بوتۇلكا ، شىخۇ پىۋىسىدىن سەككىز قۇتا ئېلىپ كەلدى . ئۇلار بوكال ۋە رومكىلارنى تولدۇرۇپ قۇيۇشتى . قەدىردان ئىچمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئورنىد

ـدىن تۇرغانىدى ، غەيرەت ئاچچىقلاپ قالدى :

— ئاق هاراق ئىچمىسەڭ ، پىۋا ئىچەمسەن ؟ — غەيرەت قوللىرىنى شىلتىدى ، — يەتتە ـ سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىغۇ «كىـ چىكمەن» دېدىڭ ، هازىرمۇ سورۇننى سوۋۇتۇپ نېزىقامسەن ؟

هاراق ئۈچۈن پىۋا ئۇسسۇلۇق ئورنىدا ئىچىلمەكتە ئىدى . سورۇندا تۆتلا ئادەم «خوشە» دەۋاتقاچقا ، ئاق هاراق گالغا قويۇلۇپ بولغۇچە ، رومكا ئۆلىنىپ كېلىپ تۇراتتى . ئىككى بوتۇلكا ئاخىر ـ لىشىپ بولغۇچە ، ئۇلار «مەن ساڭا ئېيتاي»غا چۈشۈپ قالغانىدى . ئەمدىلىكتە ئۈچىنچى بوتۇلكىنىڭ ئاغزى ئېچىلىش بىلەن : «هېلى ئىچكەندەك قىلمۇۋىدىمغۇ» دەپ رومكىنى نېزىقاپ قوللىرىغا ئالاتـ تى . ئاق هاراق هەم پىۋا ئارىلىشىپ ئىچىلىۋاتقاچقىمۇ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەپ ، نېمە قويۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى . بايىقى ئېھتىيات ، قورقۇشلىرى قەيەرگىدۇر يوقالغانىدى .

— غەيرەت ئاداش ، — دېدى ئەبەي گىتار كۆزلىرىنى خۇمار ـ لاشتۇرۇپ ، — سەن … سەن … قارىم بىلەن بىر قېتىم ئالتۇن بۇرجەككە … ياق … ياق ، ئۈچ بۇرجەككە كىرىپ باققان … خىالمەت خو … خوجايىننىڭ مالايشىيالىق خوتۇنى … نېمىتا ئىسمى … هە راست ، سۇما ! ئۇ … سۇما دېگەن خوتۇن چىرايلىقمۇ ؟

— يۇزى … هە ، يۇزى قىزىلمۇ ئەمەس ، قارىمۇ ئەمەس … شۇ … شۇنداق خوتۇن ! — غەيرەتنىڭ بېشى سامداپ كېتىۋاـ تاتتى ، — بىلىچۇ … چۇمۇلىنىڭ بېلىدەك ئىنچىكە … ساغرىسى بىر قېرىن سېرىق مايدەك … ئەمچىكى بۇقىنىڭ مۇڭگۇزىدەك … ۋاي دېگۇدەكقۇ … ئەمەس … ئەمما ئەددەسىز شۇللۇق …

— هەي ، هەي ، خوتەنلىك گاچا ، — دىلمۇرات ماكاش قوللىـ رىنى پۇلاڭلاتتى ، — بىر ئوبدان خوتۇننى شور … شورلۇق دېگىنىڭ نېمىسى …

— هەي ، شىخابانىڭ[1] تېشىنى غاجاپ چوڭ بولغان ئۇرۇمچىدـ

---

① شىخابا — تاشلىق دەريا ، ساي .

لىك ! — غەيرەتنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەنىدى ، — شور … شورلۇق ئەمەس … شۇل … شۇللۇق … ئۇ دېگەن خۇلقلۇق ، نازلىق ، قىلىقى تاتلىق … دېگەن گەپ ، ئۇقتۇڭما ، ستارى ؟

— مانتىسچۇ ،ۋە … — ئەيسا خېنەنجىر چىرقىراپ كۈلدى .

— ئۇنى قارا ، ھەزىلەك ، خالمەت قارىمدىن سورا ، — غەيرەت بىگىز قولىنى جۆنىدى ، — بولمىسا كارىۋات ئاستىدا يېتىپ ، نەغمە ئاڭلىغاچ كۆرسەڭمۇ بولىدۇ … ۋا …

— غەيرەت ، ھەي جاڭدۇ ، — ئەبەي گىتار بېشىنى ئارانلا كۆتۈردى ، — خالمەت خوجايىنىنىڭ … ئالتۇن بۇ … بۇر … جەكتە … بالىسى بارمىشقۇ .

— بۇ يىل ئالتە ياشقا كىرىپ قالاي دېدى .

قەدىردان تۆت نوچىغا قاراپ نە كۈلۈشنى ، نە غەزەپلىنىشنى بىلمەي قالدى . ئەيسا خېنەنجىر ئەبەي گىتارنىڭ بوينىغا ئېسىلىۋې‐لىپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى ، لېكىن گېپىنىڭ يېرىمى دېيىلىپ ، يېرىمىنى يۇتۇۋېتەتتى . گېپىنى تاپالماي قولىنى بىر ھازا شىل‐تىپتتى … دىلمۇرات ماكاش بېشىنى شىرە قىرىغا قويۇپ خورەكنى باشلىۋەتكەن ، غەيرەت جاڭدۇ تىك ئولتۇرغىنىچە بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە لەيلەپ ، خۇددى بۇلماق يېگەن بوۋاقتەك ئاغزىنى تامشىتت‐تى . قەدىردان غەيرەتنىڭ قولتۇقىدىن دەس كۆتۈردى :

— غەيرەتكا ، قوپە ئورنۇڭدىن ، ياتىقىڭغا ئەكىرىپ قوياي .

— كىرىپ كېتەمدۇق ؟ — غەيرەت قىزىرىپ كەتكەن كۆزلى‐رىنى يوغان ئاچتى ، — ھا … ماۋۇ گۆيلارنىمۇ ئەكىرىپ قويالامسەن ؟

— خاتىرجەم بول ، ھەممىسىنى ياتىقىغا ئەكىرىپ ، ياتقۇزۇپ قويىمەن .

قەدىردان غەيرەتنى يۆلەپ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىغا ئەكى‐رىپ ، ئاياغلىرىنى سالدۇرۇپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇشى ، كۆز‐لىرى يۇمۇلغان غەيرەت ئاستا غودۇڭشىدى :

— ئۇلارنى ئەيىبلىمە ، ئۇكا … قانچىلىك ئوينىسا ئويند‐

مامدۇ ··· چۈنكى ئەجەل ئۇلارنىڭ قاش بىلەن كىرپىكى ئارىلىقىدا .

قەدىردان ئەيسا خېنەنجىر ، ئەبەي گىتار ، دىلمۇرات ماكاشلار-نى ياتىقىغا ئەكىرىۋېتىپ ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياتىقىغا كىردى . خال-مەت قارىم تەڭگە گۈللۈك تاۋار ئىشتان ، كۆڭلەكلىرىنى كىيىپ دەم ئېلىش ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى . شاخاراپ كەتكەن پالما گۈلىنىڭ ئاجايىپ يوغان بىر يوپۇرمىقى ئۇنىڭ بېشىدا سايىۋەندەك ئېسىلىپ تۇراتتى ، كەڭ دېرىزە قاپقاقلىرى ئېچىۋېتىلگەنىدى . شۇنداقتىمۇ خالمەت قارىم يىپەك يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى توختىماي يەلپۈۋاتاتتى .

— قەدىردان ، خوتەننىڭ دورا چېيىنى سېغىندىڭمۇ ؟ — خالمەت قارىم ئارقىسىغا قارىمىدى ، — قېنى كەل ، دورا چاي دەملىدىم .

— خوتەنلىكلەر داۋاملىق دورا چاي ئىچكەچكە ، — دېدى قەدىردان قارىمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ ، — ئاسانلىقچە پارچە كېسەل بولمايمىز ، شۇنداقمۇ ؟

— پاھ - پاھ ، ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ ، — قارىم چايدىن بىر ئوتلىدى ، — دورا ئادەمنىڭ مىجەزىنى تەڭشەپ تۇرغاچقا ، پارچە كېسەللەر ئادەمنى بوزەك قىلالمايدۇ .

ئۇلار چاي ئىچكەچ ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى . قارىم گەپ ئارىلىقىدا : «سېنى جەنۇبىي جۇڭگو مەنزىرىلىرىنى كۆرۈۋال-سۇن دەپ ، رۇيلىگە ئاپتوبۇستا ماڭدىغان بولدۇق ، ناھايىتى شۇ 13 سائەتلىك يول» دەپ قويدى . قەدىردانمۇ سۆھبەتنى چوڭ-قۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە گەپ سورىدى :

— قارىم ، كۇنمىڭمۇ جەنۇبىي جۇڭگونىڭ خېلىلا چەت شەھەرلىرىغۇ ، يەنە 13 سائەت ماڭساق چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەيمىزمۇ ؟

— جەنۇبىي جۇڭگوغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ، چېگرا شەھەر رۇيلىگە بارىمىز .

— روٚيلىدىن ئۆتۈپ كەتسىچۇ ؟
— جىڭسەنجاۋ .
— جىڭسەنجاۋ ؟ ! «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» دېگەن يەر شۇ - كەن - دە ؟
— توغرا ، تايلاند ، بىرما ، جۇڭگو ئۈچ دۆلەتنىڭ ئوتتۇرىدا قالغان ، دۆلەت تەۋەلىكى يوق يەر ، پۈتۈنلەي «خەش - خەش»[1] تېرىلىدۇ .
خالمەت قارىمنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن كەيپىنىڭ چاغ ئىكەنلىكىنى سەزگەن قەدىردان سورىماقچى بولغان نىشانغا تېخىمۇ يېقىنلاشتى :
— خالمەت قارىم ، ئاڭلىسام «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كە ئۆتۈش ئۈچۈن نۇرغۇن رەسمىيەتلەر بېجىرىلىدىكەن ، ئۆزلىرى قانداق بولۇپ كىرەلىگەن؟ مېنىڭ زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ .
— ياقۇپ هاجىمنىڭ سېنى : «دۇنيادىكى ھەممىلا ئىشنى بىلىپ باققۇسى كېلىدىغان بالا» دېگىنى بىكار ئەمەسكەن - دە ، — خالمەت قارىم ئاچچىققىنا كۈلدى ، — مەن ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز قېچىپ ئۆتمىدىم ياكى قوراللىق باندىتلارغا قوشۇلۇپ ئۆتمىدىم . مېنى جۇڭگولۇق كاتتا ئەتكەسچى سودىگەر خو جياڭ جىڭسەنجاۋغا ئېلىپ كىرگەن .
— پاھ ، ئۇ ئادەم ئۆتەلەيدىكەن - دە ؟
— خو جياڭنىڭ جىڭسەنجاۋدا تۇغقانلىرى بارلىقى ھەققىدە قولىدا ئىسپاتنامىسى باركەن ئەمەسمۇ .
— ئۇنىڭ بىلەن قانداق تونۇشۇپ قالدىلا ؟
خالمەت قارىمنىڭ توم قاراقاشلىرى تۈرۈلۈپ ، قاتمۇقات جىددىيەكلىك دۈپدۈگىلەك كۆزلىرى ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك سىرلىق قىسىلدى . ئۇنىڭ ئاق سېرىق سىدام چىرايىدىن ، كۈلۈمسىرەش ئەكس ئېتىپ تۇرغان مىيىقلىرىدىن ئاچچىق كەچمىشلەر بىلەن بىللە ھېچ كۆرۈلمىگەن لەززەت خاتىرىلەر

---

① خەش - خەش — ئەپيۇن گۈل .

شولىلىرى يىلىنجاپ تۇراتتى .

— سەن بۇنى سوراپ قالدىڭ ، بوپتۇ ، دەپ بېرەي ، — خالمەت قارىم چوڭقۇر تىندى ، — بەزى چاغلاردا بېشىمدىن ئۆتكەن ئاشۇ ھايات ـ ماماتلىق كەچمىشلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغانغا ئادەم تاپالمايدىغان ، ھەتتا پۇرسەتمۇ بولماي ، ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇلاردا بولىمەن .

قەدىردان خالمەت قارىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى . توۋا ، تاشبېغىرلىق بىلەن ئادەمنى ، ياق ، ئالەمنى زەھەرلەۋاتقان بىر خروئىن ئەتكەسچىسى خۇددى نورمال ئىنسانلاردەك ھېسسىياتلارغا چۆمۈپ ، ئاھ ئۇرۇۋاتقىنىنى قارا ! تېخى ئۆلۈمنى ئويلايدىكەن ، قەدىمىنىڭ ماماتلىق يولىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىدىكەن ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتمايدۇ !

— سېنىڭدىن 60 مىڭ سوم ئالغان يىلى ، — دەپ گەپ باشلىدى خالمەت قارىم ، — يەنە توققۇز بۇرادىرىمدىن تۆۋىنى 20 مىڭ ، يۇقىرىسى 80 مىڭدىن قەرز ئېلىپ ، تۇرپاندىن 300 توننا يېشىل كىشمىش ئۈزۈم يىغدىم . بۇرادەرلەر : «بېيجىڭ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇلارغا كىشمىش كۆپ يۆتكەلدى ، مېلىڭنى جەنۇبىي جۇڭگودا پۇل قىلالايسەن» دېسە ، مەن ئىككى پويىز ئالمىشىپ يۇننەنگە كەلدىم .

ھاياتىدىكى ئەڭ ئېغىر قىسمەت يادىدىن كەچكەن خالمەت قارىمنىڭ بېشى مەيدىسىگە ئېگىلدى ، كۆكرىكىمۇ زەربىگە ئۇچرىغان يىلاندەك كۆتۈرۈلۈپ تاشلاندى . دېمىسىمۇ ، شۇ يىلى بولغان دەھشەتلىك زىيان باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بولسا ، جاندىن كەچكەن بولاتتى . خالمەت قارىم 300 توننا مالنى كۇنمىڭ بازىرىغا ئەكىرگەن شۇ يىلى ، يامغۇر يېرىم ئايغىچە توختىمىدى . بۇ كۆپ ئۈزۈمنىڭ نەرخىگە يەتكۈزۈپ خېرىدار تېپىپ بولغۇچە ھەپتە ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى . جەنۇبىي جۇڭگونىڭ نەم ھاۋاسى ، توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر تۇپەيلىدىن ئۈزۈملەر تاغار ئىچىدە خېمىغا يېنىپ ،

مىچىلداپ، سىيىشقا باشلىدى. بىر ـ ئىككى قوروق يەل ـ يېمىش سودىگىرى تاغارلارغا قول تىقىپ كاللەك ـ كاللەك، توگۈر ـ توگۈر بولۇپ قالغان ئۆزۈملەرنى ئالىقىنىدا مىجىپ كۆ- رۈپ: «بوزۇلۇپتۇ» دەپ كېتىپ قېلىشتى. خالمەت قارىم جىد- دىيلەشكەنلىكىدىن بىرنەچچە ئىشلەمچى بىلەن ئۆزۈملەرنى يەرگە تۆكۈپ شامالداتماقچى بولدى، لېكىن مىچىلداپ چاپلىشىپ كەتكەن ئۆزۈم قويغان ھېسسىپتەك تاغارغا كەپلىشىپ تۆكۈلمىدى، شۇنداق- تىمۇ بىر ئامالالپ 50 توننىدەك ئۆزۈمنى ئۆزى ئالغان باھاغىمۇ يەتكۈزەلمەي، كىلوسىنى ئىككى سومدىن 100 مىڭغا ساتالىدى. قالغان 250 توننا مال ئەخلەتكە ئايلاندى. خۇددى ئۆلگەننىڭ ئۇس- تىگە تەپكەندەك، بازار باشقۇرۇش خادىملىرى، بۇزۇلغان ئۆزۈمنى دېڭىزغا ئايرىپ تۆك، بولمىسا مۇھىت بۇلغىنىدۇ، دەپ ئۇقتۇر- دى. خالمەت قارىم ئەخلەت توشۇغۇچىلارغا بۇزۇلغان ئۆزۈمنى تاغارلىرى بىلەن 50 مىڭ سومغا كېلىشتى. مانا شۇنداق قىلىپ پايدىدىن سۆز ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئالغان باھاسىدىنلا بىر مىليوندەك زىيانغا دەسسىدى.

— ئويلاپ باق، — دېدى خالمەت قارىم بىر يولىلا قېرىپ كەتكەندەك مۇكچەيگەن ھالدا، — مەن شىنجاڭغا قانداق قايتىمەن، قەرز ئالغان بۇرادەرلەرگە نېمە دەيمەن؟

50 مىڭ سومغا يېتەر ـ يەتمەس پۇل بىلەن قالغان خالمەت قارىم كۈنىگە «خان تاجىسى» مېھمانخانىسىنىڭ ئالىي ياتىقىنى ئالدى. چۈنكى، بۇنداق ئالىي مېھمانخانىلاردا ئۆلۈپ قالغان ياكى ئۆلۈۋالغان مېھمانلارنىڭ ئۆلۈمىگە ئاشۇ مېھمانخانا ئىگە بولۇپ، كۆيدۈرەتتى ياكى تاغلىق رايونلارغا دەپنە قىلاتتى. خالمەت قارىم بىرنەچچە بولاق خروئىننى يۇتۇپ ياكى ئوكۇل قىلىپ ئۆلۈش، ئۆزىنى بوغۇزلاش، ئارغامچىدا ئېسىلىش، پۇت ـ قولى، بىلىگە تاش باغلاپ جەنجياڭ دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاش قاتارلىق ئۆلۈملەر- نىڭ جان قىينالمايدىغانراق ئاسىنىنى كۆپ ئويلىدى. ئاخىر بىرد- ىنۇا بىلەن قول تومۇرىنى كېسىشنى مۇۋاپىق كۆرگەن خالمەت

قارىم بازاردىن ئۇستىرىدىنمۇ ئىتتىك گۈزەل سەنئەت پىچىقىنى سېتىۋالدى . ئەمدى بۈگۈن كېچە قۇياشلىق دۇنيادىن ، يېشىل ھاياتتىن ۋىدالىشىدىغان خالمەت قارىم تاھارەت ئېلىپ ، ناماز ئوقۇ- دى ، خۇدادىن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرۈشنى تىلىدى ، ئې- سەدەپ بوغۇلۇپ يىغلىدى . نەلەردىن كېلىۋاتقان ياشلارنىڭ تاڭ ، يىپى ئۈزۈلگەن سۆزۈك مارجانلاردەك تۆكۈلۈپلا تۇردى . شۇ چاغدا ياتاقتا ئوتتۇرا بويلۇق ، 40 ياشلاردىن ئاشقان ، ئاق يۈزلۈك ، تاقىر بېشىدىن بۇرۇنلىرىغىچە ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان ، قاش - كىرپىكنىڭ تايىنى يوق ، ئاغزى يوغان بىر خەنزۇ پوپكىسىنى قولتۇقلاپ كىردى - دە ، گىلەمگە جايناماز سېلىپ رۇكۇدا ئول- تۇرغان خالمەتكە تىكىلىپلا قالدى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەن مۇلازىم قىز : «سىزنىڭ كارىۋىتىڭىز ماۋۇ» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . لېكىن ، بۇ ئادەم خالمەت قارىمنىڭ ياش بىلەن يۇيۇلغان يۈزلىرىگە ، ئوتقاشتەك قىزارغان كۆزلىرىگە ، تولىمۇ بىچارە قىيا- پىتىگە تىكىلىپلا قالغانىدى .

# ئوتتۇز بىرىنچى باب

— خوش ، شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئۆلۈۋالماقچى بولدۇڭمۇ ؟ — خو جياڭ خوجايىن مىيىقىدا مەسخىرىلىك كۈلدى ، — بىلىپ قوي ، سودىگەر بولماقچى بولغان ئادەم يالغاننى راستتەك ئوخشىتالايدىغان ، ئۇستا ئالدامچى ، يالغانچى ، يۈزى قېلىن ، ئۇششۇق ، مۆتتەھەم ، جاھاننى توپان بېسىپ كەتسە ئوشۇقىغا كەلمەيدىغان بىغەم ، ھەق ـ ناھەق ، ياخشى ـ يامانىنى ئانچە زىغىرلاپ كەتمەيدىغان خاراكتېرلارنى ئۆزىدە تولۇق يېتىلدۈرۈشى كېرەك .

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ، قەرز ئىگىلىرى : «پۇلۇمنى بەر » دەپ تۇرۇۋالسا…

— «مەندە ئىسسىق جان بار ، ئالساڭ جېنىمنى ئال » دەپ تۇرۇۋال ، نېمىگە قورقاتتىڭ ؟ ئۇلار ئالدىڭنى توسۇپ ، كانىيىڭنى سىقىپ ، پالاقلاپ قوغلاپ ئاخىر زېرىكىدۇ ، — خو جياڭ تاقىر بېشىنى سىلاپ قويدى ، — ئەرز قىلىپ سولىتىۋەتسە تېخى ياخشى ، قەرزنىڭ ھەممىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ . سەن تۆت ـ بەش كۈن يېتىپ چىقسەن ، تېخى ئۇلار توخۇ گۆشى ، كاۋاپ ، گوشنانلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ساڭا يالۋۇرىدۇ . سەن : «ئەنە ، مانا » دەپ يولغا سېلىۋېرىسەن .

— ئېغىزدا دېمەك ئاسان ، — دېدى خالمەت قارىم زەئىپ ئىڭراپ ، — ئەمەلىيەتتە قىلماق تەس .

— ھەي ، سەن خەنزۇ تىلىغا نېمانچە ئۇستا ؟ — خو جياڭ تاماكا تۇتاشتۇردى ، — مەخسۇس ئوقۇغانمۇ سەن ؟

— ياق ، كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ مەھەللىمىزدىكى خەنزۇ باللار بىلەن بىللە ئويناپ ئۆگىنىپ قالدىم ، قىسقىسى ، خەنزۇلارنىڭ ئەڭ نازۇك ، كىچىك تىللىرىغىچە بىلىمەن .

— نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟
— 32 ياشقا .
— تېخى ياشكەنسەن ، — خو جياڭ قول ياغلىقىدا تاقىر بېشى بىلەن بۇرۇن ئۇچلىرىنى سۈرتتى ، — ئەھۋالدىن قارىغاندا ، مەن دېگەندەك قىلالمايدىغان ئوخشايسەن . پۈتۈن قەرزلىرىڭنى بىر يولىلا تۆلەيدىغان بىر ئوقەت بار ، مەن بىلەن قىلالامسەن ؟
— قاتىللىق ، بۇلاڭچىلىقتىن باشقا ئىش بولسا قىلىمەن .
— ئۇنداقتا سېنى «جىنسەنجاۋ»غا ئېلىپ كىرىمەن ، قورقامسەن ؟
— سىز تۇرسىڭىز نېمىدىن قورقاتتىم .
— ئەمىسە قارا ، — خو جياڭ پىچىڭدە كۈلدى ، — ئېڭىكىڭدىكى ئاۋۇ كىچىك بالىلارنىڭ تەپكۈچىدەك ساقىلىڭنى ئېلىۋەت . كۆزۈمگە زادىلا سىغمىدى .
— بولىدۇ ، بۇرادەرلىرىمۇ شۇنداق دېگەن ، — خالمەت قارىم قىزىرىپ كەتتى ، — ئەمدى سىزنى نېمىدەپ چاقىرسام بولىدۇ ؟
— ئىسمىم خو جياڭ ، «خو خوجايىن» دېسەڭمۇ بولىدۇ ، «خو ئاكا» دەپ چاقىرساڭمۇ مەيلى .
خو جياڭ بىلەن خالمەت ئەتىسى ئەتىگەندە كۇنمىڭ ئايرودرومىدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بىر سائەت 20 مىنۇت ئەتراپىدا ئۇچۇپ رۇيلى ئايرودرومىغا چۈشتى . رۇيلى شەھىرىنى ئورمان شەھىرى دېسە لاپ بولمايتتى . پۈتۈن شەھەردىكى بىنا ، زاۋۇت ، كان ـ كارخانا ، ھەيۋەتلىك شىركەت بىنالىرى خىلمۇخىل دەل ـ دەرەخ ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالغانىدى . شىنجاڭدا تەشتەك ، قاچىلاردا ئېچىلىدىغان ئۇچمە يوپۇرماقلىق مودەنگۈل بۇ يەردە دەرەخ بولۇپ ، بولىنىڭ ئىككى قاسىنىقىنى ئونتاشتەك قىزارتىپ ، ئۇچىدىن تارتىپ تۈۋىگىچە قىپقىزىل گۈللەر قاپلاپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەكشى كۆكىرىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرى خۇددى مايدا مايلىغاندەك پارقىراپ تۇراتتى .

خو جياڭ بىلەن خالمەت قارىم رۇيلى شەھەرلىك ساقچىخانىغا كىرىپ، مۇناسىۋەتلىك خادىم ۋە مەسئۇللار بىلەن كۆرۈشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلىنى قارىم چۈشىنەلمىدى. خو جياڭ خالمەت قارىمنى كۆرسىتىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. ئىشقىلىپ، ئۇ يول خېتى كەستۈرگەندى. خو جياڭ ساقچىخانىدىن چىقىپلا تاكسى توختاتتى. ئۇ شوپۇرغا نېمىلەرنىدۇر شىۋىرلىشى، ئۇمۇ: «چاتاق يوق» دېگەندەك بېشىنى گىلدىڭلاتتى. ئۇلار تاكسىغا چۈشۈپ «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» چېگرىسى بولغان رۇيلى دەريا بويىغا يۈرۈپ كەتتى. خو جياڭ ماشىنىغا چىقىپلا سائىتىگە قارىدى ـ دە، شوپۇرغا ئېگىشىپ:

— ئۇستام، تېزرەك ماڭسىڭىز، كۆۋرۈكتە نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان بىر ئاغىنەم بار ئىدى، ئىشتىن چۈشۈپ كەتسە، كۆرۈشەلمەي قالىمەن، — دېدى. شوپۇرمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى. تاكسى ئۇچقاندەك ماڭغانسېرى، ئۇنىڭ چاقلىرى خالمەت قارىمنىڭ يۈرىكى ئۈستىدە مېڭىۋاتقاندەك، جېنى سىرقىرايتتى. خۇددى بىر كىم ئۇنى: «قولۇڭنى كۆتۈر» دەۋاتقاندەك، كالپۇكلىرى مىتىلداپ، قوللىرى تىترەيتتى.

— دەريا كۆۋرۈكىدە خېلى قاتتىق تەكشۈرەيدىغاندۇ ـ ھە؟ — خالمەت قارىمنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — چاتاققۇ چىقماس؟

— چاتاق چىقىش ـ چىقماسلىق رۇيلى ساقچىخانىسىنىڭ يول خېتىگە باغلىق، — دېدى خو جياڭ پەس ئاۋازدا، — ساقچىخانىدىكىلەر بىلەن كۆۋرۈكتە تەكشۈرىدىغانلارنىڭ كۆپ ھاللاردا تىلى بىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، رۇيلى شەھىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۈزۈم ـ نىزاملىرى بار.

— ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدىغانلارمۇ بارمۇ؟

— بار، ئەپكەشلەردە يوغان سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈۋالغان يەرلىك ئاھالىلەر، دېھقانلار، باقمىچىلار سەي ـ كۆكتات، توخۇ ـ تۇـ

خۇم ، دورىلىق ئۆسۇملۈك دېگەندەك نەرسىلەرنى بۇياقتا سېتىپ ، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئېلىپ قايتىشىدۇ . ئەمما ، ئۇلارمۇ قاتـ ـتىق تەكشۈرۈلىدۇ ، شۇنداقتىمۇ خىلمۇخىل ئۇسۇللاردا خروئىن ئۆتكۈزىدىغانلىرى بار .

— خروئىننى باشقا يەرلەردىنمۇ ئۆتكۈزەمدۇ ؟

— ئەلۋەتتە ، رۇيلى دەرياسى جۇڭگونىڭ كۆپ زېمىنلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . يەنە كېلىپ ، بىر ـ ئىككى قەدەم ئارىلىقتىن ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەھشەتلىك ئورمانلار ، ئىتتىنىڭ تۇـ كىدەك قېلىن چاتقاللار بار . خروئىن ئۆتكۈزىدىغانلار كېچىلىرى ماتورلۇق قولۋاق بىلەن ياكى قومۇش چىشلەپ سۇنىڭ تېگىدىن ئۆتىدۇ . جۇڭگو ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان تەقدىردە ، قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ .

— رۇيلىنىڭ ئۆز ئالدىغا يەرلىك تۈزۈم ـ نىزاملىرىنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ ؟

— بۇنىڭغا مەنمۇ ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن . پەرەز قىلىـ ـشىمچە ، ئاشۇ تەرەپتىن بۇياققا ئۆتىدىغان يەرلىك ئاھالىلەرگە ئېتىبار قىلىش سىياسەتلىرى ئوخشايدۇ .

خو جياڭنىڭ چىرايىدىن بىلىدىغانلىرىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى . خالمۇرات قارىم ئۇنىڭ : «كۆۋرۈكتە چاتاق چىـ ـقىش ـ چىقماسلىق رۇيلى ساقچىخانىسىنىڭ يول خېتىگە باغلىق» دېگىنىدە خېلىلا چوڭقۇر مەنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى .

تاكسىنىڭ ئالدىدا كۆۋرۈك كۆرۈندى . خو جياڭ : «كېپقالـ ـدۇق» دەپ ، ئالدىنى ئىشارە قىلدى . خالمەت قارىم ماشىنىنىڭ ئېلېكترونلۇق سائىتىگە قاراپ ئولتۇرغاچقىمۇ ، ئىچىدە : «ئىككى سائەتلىك يولكەن» دەپ ئويلىدى . ئۇلار تاكسىدىن چۈشۈپ كۆۋـ ـرۈكنىڭ يېنىدىكى باشقۇرۇش ، تەكشۈرۈش ، تىزىملاش ئورنىغا كىردى . ئۇستەلدە سېمىز ، قورساق سالغان ، كۆكۈش چېچىنىڭ ئۇستى تەكشى قىرقىلغان ، يۈزى ئۈچ قىرلىق ،45 ياشلاردىكى بىر ئادەم كېرىلىپ ئولتۇراتتى . خو جياڭ ئالدىراپ كېلىپ ئۇنىڭ

بىلەن قەدىناسلاردەك كۆرۈشمەكچى بولدىيۇ ، لېكىن باشلىق كۆزد-
نى يالت - يۇلت ئۆينىتىشى ، خو جياڭ پەسكارىغا چۈشۈپ ،
ئەتراپىغا قاراپ قويدى . ئاندىن ئۇلار بەزىدە ئۇنلۇك ، بەزىدە پەس
ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر دېيىشتى . خو جياڭ باشلىققا ئۆزى دالدا
بولغان ھالدا سومكىدىن گېزىتكە ئورالغان كالللەك بىر نەرسىنى
ئۇستەلگە قويدى - دە ، ئۇنىڭ قاسقان شەپكىسىنىڭ ئاستىغا تىقد-
ۋەتتى . خالمەت قارىم ، رۇيلى ساقچىخانىسىدىن تارتىپ كۆۋرۈك
باشقۇرۇش ، تەكشۈرۈش ، تىزىملاش ئورنىغىچە خو جياڭنىڭ ئۆز
ئادەملىرى بارلىقىنى ھېس قىلدى .

خو جياڭ بىلەن خالمەت قارىم دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپلا
كىرا قىلىدىغان بىر مىنىبۇسقا چۈشتى . كىرا قىلىدىغان بۇنداق
مىنىبۇس ، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتلار ناگان - ناگاندا بىر كېلىپ
تۇراتتى . خالمەت قارىم ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرگە قاراپ ئاغزى
ئېچىلىپلا قالدى . سۈرتۈلگەن چىنىدەك كۆپكۆك پاكىز ئاسمان ،
تۆگە لوكىلىرىدەك چوقچايغان ياپيېشىل تاغلار ، بوغما يىلاندەك
تولغىشىپ كەتكەن دەرەخلەر ، بىر تال يوپۇرمىقى بىر ئۆينى يېپد-
ۋالغۇدەك ئۆسۈملۈكلەر ، بۇك ئورمان ئىچىگە سىلىنغان بامبۇك
كۆتۈرمە ئۆيلەر ، قىسقىسى ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كە ئىچكىرد-
لەپ كىرگەنسېرى ئۇچراۋاتقان خىلمۇخىل مەنزىرە ، كۆرۈنۈشلەر
رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن سىرلىق باغلارنى ئەسكە سالاتتى . مىنى-
بۇس كەنت - مەھەللىلەرگە كىرگەنسېرى ، خالمەت قارىمنىڭ
يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى . چۈنكى ، 13 - 14 ياشتىن باشلاپ 30
ياشقىچە بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە قورال بار ئىدى . يەڭسىز
كۆڭلەك ، ئاسما مايكا ، ھەتتا كالتە ئىشتان كىيگەن قىزغۇچ
بەدەنلىك بالىلار چېغىدا مۈرىسىگە تۆمۈر پىركىلاتلىق ، قىسقا
دەستىلىك ئاپتوماتلارنى ئېسىۋالغانىدى .

كەچكە يېقىن ئۇلار ئىپتىدائىي دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بىر
كۆجۈم كەنتكە كىرىپ كەلدى . ئەتراپ پۈتۈنلەي ياغاچ ماتېرىيال-
دىن ياسالغان ۋە قىزغۇچ سىرلانغان ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك

بىنالار ، بامبۇك داچىلار ، خۇددى قۇش ئۇۋىسىدەك نەپىس ، چاق-قانغىنا ئۆيلەر بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى . خو جياڭ ئەتراپىدا ئىمارەت قىلىنغان تاملىرىمۇ يوق ، ئوچۇقچىلىقتىكى ھەيۋەتلىك بىر قىزغۇچ بىناغا ئېلىپ كەلدى . بىنا ئەتراپىدا ئالىچىپار يېشىل فورما كىيگەن قوراللىقلار قەدەمدە بىر پوست تۇراتتى . ئۇلارنىڭ قوللىرىدا سۆزلىشىش ئاپپاراتلىرى بار ئىدى . بۇ چاغدا ئىككىنچى قەۋەتكە تۇتاشقان ئۆزۈن ھەم تىك پەلەمپەي ئۈستىدە ئېگىز ، ئورۇق بىر ئادەم پەيدا بولدى ـ دە ، ئاستا پەسلەپ چۈشۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭ نېپىز ئاق شايىدىن تىكىلگەن ياسمانە تامبىلى ، ياقىسىز كەڭ كۆڭلىكى شامال چىقمىسىمۇ ھىپىرلەپ تۇراتتى . ئۇ يېقىن كەلگەنسېرى ، خالمەت قارىم ئۇنىڭ تاقىر سويما بېشىغا ، ئۇچلۇق ئېڭىكىگە ، قىڭراقتەك ئەگرى بۇرنىغا ، ئىنچىكە قاپقارا بويىنىغا ۋە يۇزىدىكى ئۆزۈن ـ قىسقا قورۇقلارغا قاراپ ، 50 ياشلاردىن ئاشقان ئادەمكەن ، دەپ ئويلىدى .

— خو بۇرادەر ، ئامان ـ ئېسەنلىكتۇ ؟ — سويما باش قېرى ئىككى ئالقىنىنى جۈپلىشى ، خو جياڭمۇ ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇم-شۇقىغا ئەكەلدى ، — ئەجەب كەم دىدار بولۇپ كەتتۇققۇ ، مەن تاڭ رۇڭۇۋ قېرىدىن رەنجىپ قالدۇقمۇ يا ؟

— يوغسۇ ، يوغسۇ ، ھەددىم ئەمەس ، ھەددىم ئەمەس ، — خو جياڭ جۈپلەكلىك ئالقىنىنى سىلكىپ ، قانچە قېتىم تەزىم قىلى-ۋەتكىنىنى بىلمەي قالدى ، — بىز تەرەپنىڭ ۋەزىيىتى سەل چى-ڭىپ كېتىپ ، ئۇنلۇكرەك كېكىرىشتىنمۇ قورقۇپ قالدۇق .

ئۇلار پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، تاڭ رۇڭۇۋ خالمەتكە سىڭايان قاراپ ، ئۆزىنىڭ مالايشىيا تىلى بىلەن بىر نېمىلەرنى دېگەندى ، خو جياڭمۇ ئاشۇ تىل بىلەن كۈچۈكلىنىپ ، كۈلۈپ ، قورۇلۇپ ، ئالقىنىنى يەنە جۈپلىدى . خالمەت قارىم تاڭ رۇڭۇۋ قېرىنىڭ چىرايىدىن : «بۇ ناتونۇش كەلگۈندىنى نېمىشقا بۇنداق يەرلەرگە ئەكېلىپ يۈرۈيسەن ؟» دېگەن ئىپادىنى كۆرگەندەك بول-دى . ئۇلار پەلەمپەي ئۈستىگە چىقىش بىلەن ، 24 ـ 25 ياشلاردى-

كى قاراقۇمچاق بىر قىز يوگۈرۈپ كەلگەنچە دادىسىنى قولتۇقلى-
ۋالدى. ئۇ گەرچە دادىسىغا مالايشىيا تىلى بويىچە گەپ قىلغان
بولسىمۇ، ئەمما سۆزلىگەن ۋاقتىدىكى چىرايلىق كۆزلىرىنى ئويند-
تىپ، قاپقارا ئىنچىكە قاشلىرىنى ئېتىپ، شۇنداق تولغان كۆك-
سىنى سىلكىپ كۈلۈشلىرىدىن، ئۇنىڭ شوخ، تېتىك ۋە شۇللۇق-
لۇقى بىلىنىپ تۇراتتى.

تاڭ خوجايىن ئۇلارنى بىر قانچىلىغان قىزىل تۈۋرۈكلەر قەد
كۆتۈرگەن ناھايىتى كەڭ، ئازادە، مېھمانخانىغا باشلىدى. مېھمان-
خانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا نەپىس ئىشلەنگەن كوپ ۋە ياغاچ تۈڭلاردا
ئۆستۈرۈلگەن بىر - بىرىدىن غەلىتە، خۇش پۇراق ۋە رەڭدار
گۈللەر چەمبەر شەكىللىك قويۇلغان، ئوتتۇرىدا قىزىل پوكانلىق
بىر جۈپ تۆرنىنىڭ ياغاچ ھەيكىلى بار ئىدى. بۇ تۆرنىلار گويا
ھېلىلا قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

خالمەت قارىم قىپقىزىل تۈۋرۈكلەرگە يامىشىۋالغان بوغما
يىلان، ئەجدىھا، قىقونوسلارنىڭ ئويما ھەيكەللىرىنى، شۇنداقلا
بۇتتەك سۆرلۈك قاراۋۇللارنى كۆرۈپ، ئەيمەنگىنىدىن غورتىسىدا
يۇتۇندى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ تېنىنى سۆر باسقانىدى. تاڭ خوجايىن
ئۇلارنى تاماق شىرەسىگە باشلىدى ۋە بامبۇك چىۋىقىدىن توقۇلغان
ئورۇندۇقلارغا تەكلىپ قىلدى. شىرە ئۈستى جۇڭگونىڭ قەدىمكى
زامان چىنىراقلىرىغا دۆۋىلەنگەن ئاپېلسىن، بانان، ئاناناس، يەنە
قانداقتۇر خالمەت قارىم كۆرۈپمۇ باقمىغان مېۋىلەر بىلەن تولغاند-
دى. تاڭ خوجايىن بىلەن خو جياڭ ئۆزلىرىنىڭ تىللىرىدا نېمە-
لەرنىدۇر دېيىشمەكتە ئىدى. ئەمما، باياتىن بېرى خالمەت قارىمغا
بىرنەچچە كۆز تاشلىغان قاراقۇمچاق قىز ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇۋې-
لىپ، ئاپېلسىن، بانان سويۇپ بەرمەكتە ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ
كۆزى بۆلەكچىلا چىرايلىق، نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— قىزىم سوما، — دېدى تاڭ خوجايىن خەنزۇ تىلىدا، —
كەچ بولۇپ قالدى، مېھماننى بىرەر ھۇجرىغا باشلاڭ، ئارام
ئالسۇن.

— ماقۇل ، دادا ، — قىزمۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلىدى . بۇ چاغدا خالمەتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغانىدى ، — يۈرۈڭ ، مەن سىزنىڭ قورسىقىڭىزنى تويغۇزۇپ ، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي .

سۇما خالمەتنى بەكمۇ ھاۋالىق ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇردى ، كەڭ دېرىزىلىرىدىن تۆگە لوكىلىرىدەك چوقچايغان يېشىل تاغلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ بىنانىڭ ئەتراپى ئوچۇقچىلىق بولۇپ ،گۈل تەكچىلىرى ، قەدىمىي دەرەخلەردىن ئېسىلىپ تۇرغان ئىلەڭگۈچ-لەر ، شۇنداقلا ھەربىيلەرنىڭ چېنىقىش ئەسلىھەلىرى بىلەن مەشىق مەيدانلىرىمۇ بار ئىدى . تېخى قويۇق ئورمانلار ئىچىدىن قانداقتۇر غەلىتە بىنا ۋە ئىسلاشقان ئېگىز تۇرخۇنلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— سىز … سىز خەنزۇ تىلىنى بىلىدىكەنسىز ، — خالمەتنىڭ بىرىنچى قېتىم زۇۋانى ئېچىلدى ، — تېخى راۋان ، ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز .

— مېنىڭ ئانام خەنزۇ ، — سۇمانىڭ مىجەزى تۇزلا ئىدى ، — ئۇ دادامنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنى . مېنىڭ دادا بىر ، ئانا بۆلەك ئىككى ئاكام بار ئىدى ، جۇڭگو چېگرىسىدا ئۆلدى .

— ئۆلدى ؟ — خالمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — نېمىشقا ئەمدى ؟

— خىروئىن يۆتكىگەندە جۇڭگو ساقچىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ ئېتىۋەتتى ، — سۇما بامبۇك ئورۇندۇقتىن لىككىدە تۇردى ، — راست ، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇ ، نېمە يەيسىز ؟

— ماڭا موما ، گاڭپەن ، چىلىغان سەي بولسىلا بولىدۇ .

— گۆشلۈك قورۇمىچۇ ؟

— يا… ياق ، — كۆڭلىگە شەك كەلگەن قارىم دەرھاللا قوللىرىنى شىلتىدى ، — مەن … مەن گۆش يېمەيمەن .

— ئەمىسە جۇڭگولۇقلار ئىت ، مۈشۈك ، چاشقان گۆشلىرىنى-مۇ يەيدىكەنغۇ .

— ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسىلا يېمەيدۇ ، قىسمەنلىرى . لېكىن ،

مەن خەنزۇ ئەمەس، ئۇيغۇر!
— ئۇيغۇر دېگەن نېمە ئۇ؟
— مىللەت! جۇڭگودىكى 56 مىللەتنىڭ بىرى.
— ئۇلار نەدە ياشايدۇ؟
— شىنجاڭدا.
— شىنجاڭ دېگەن قەيەردە؟
— جۇڭگونىڭ غەربىدە.
— ئۇ يەرلەر چىرايلىقمۇ؟
— جەننەت دەڭە.
— راستمۇ؟
ھەرقانداق ئادەم ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ياقا يەرلەردە يۈرگەندە، ۋەتەن مۇھەببىتى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك غۇرۇرى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ خالمەت قارىم ئۆز دىيارىنىڭ تاغ ـ دەريالىرى، يېزا ـ سەھرالىرى، شىرلىق يەل ـ يېمىشلىرى، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرى قاتارلىق ماختىمىغان ھېچنېمىسى قالمىدى.
— شۇنچىلىك مەمۇرچىلىك يەردە نېمىشقا گۆش يېمەيسىلەر؟ — سۇمانىڭ كۆزلىرى ساددىلىق بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇراتتى، — داۋاملىق كۆكتات، ھورنان، گۈرۈچلا يەمسىلەر؟
— سىز خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، — دېدى خالمەت قارىم ئوڭايسىزلىنىپ، — بىز قوي، كالا، ئۆچكە، توخۇ، بېلىق، كەپتەر گۆشلىرىنى يەيمىز، لېكىن بايا سىز دېگەن ئىت، مۈشۈك، چاشقان، توڭگۇز گۆشلىرىنى ھەرگىز يېمەيمىز.
— توڭگۇز گۆشى ئوبدانغۇ، ئۇنى نېمىشقا يېمەيسىلەر؟
— دىنىمىز راۋا كۆرمەيدۇ، چۈنكى بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىمىز.
سۇما خالمەت قارىمغا قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ خالمەت قارىمنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالغاچ مۇڭدىشىدىغان بولدى. ئۇلار ئادەم قورققۇدەك سۈرلۈك ئورمانلار، ئۇنچىلەر چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك دەريا ـ ئۆستەڭ ئېقىن-

لىرى ، ئەپيۇن گۈلى تېرىلغان چەكسىز ئېتىزلار ، مايمۇنلار چىر-قىرىشىپ يۈرگەن ئون قۇچاق يەتكۈسىز ئېپتىدائىي تۇخۇمەكلەر ، رەڭگارەڭ گۈل - گىياھلار ئېچىلىپ كەتكەن ۋادىلارنى ئايلىنىپ كېيى تۈگىمەيتتى . سۇمانىڭ كۆپرەك سورايدىغىنى ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ، ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئىدى . خالمەت قارىم ئۆزى بىلگەن ناخشىلاردىن بىرنەچچىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى ، سۇما خۇشال-لىقىدىن خالمەت قارىمنىڭ بوينىنى قۇچاقلىۋالدى . كۆڭلىكىنى تېشىۋەتكۈدەك چوقچايغان ئەمچەكلەرنىڭ ۋە مىققىدە تولغان بەدەن-نىڭ ئۆز بەدىنىگە مەھكەم چاپلىشىشىدىن بىر قىمسا بولۇپ قالغان خالمەت قارىم بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى . ئەمما ، سۇما قاقاق-لاپ كۈلمەكتە ئىدى .

— يۈرۈڭ ، سۇما ، ماۋۇ ئېقىننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ باقام-دۇق ؟ — دېدى خالمەت قويۇق ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كۆر-سىتىپ ، — قاراڭا ، بەك چىرايلىككەن .

— بولمايدۇ ، ئۆتسەك بىزنى تۇتۇپ ئېلىپ كېتىدۇ .

— كىملەر تۇتۇۋالىدۇ ؟

— لوڭ جەمەتىدىكىلەر .

— لوڭ جەمەتىدىكىلەر ؟

— شۇنداق ! « ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك »تە تاڭ ، لوڭ ، ما ، ساۋ قاتارلىق بىرقانچە جەمەت بار . ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيە-تى ، تۈزۈمى ، جەمەت ئۆرپ - ئادىتى ، تېررىتورىيىسى ، قوشۇنى بار .

— مۇنداق دەڭ...

خالمەت قارىم بىلەن سۇما ئۈچ كۈندىن بېرى تاماقتا ، مۇڭدى-شىشتا ، ئويۇن - تاماشىدا بىللە ، بىراق خو جياڭ ئۇنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ قويمىدى ، پەقەت تۆتىنچى كۈنى كەچتە ، ئۇ خال-مەت قارىمنىڭ ياتقان ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى - دە ، تام - تورۇسلارغا قاراپ ، ھۇجرا ئىچىنى ئايلاندى ، ئاندىن خالمەتكە لەپ-پىدە قارىدى :

— خالمەت ، سۇمانىڭ تاۋۇزى قىزىل چىقتىمۇ ؟ — خو جياڭ ھىڭگىدە ھىجايدى ، — يامان ئېمىكەنسەن جۇمۇ ، كېلە ـ كەلمەي سۇمانى ئۆزۈڭگە ئېگىۋالدىڭا .

— بۇ ... بۇ... خوجايىن ، ئېمە دېگىنىڭىز ؟

— يا دەيمىنا ، ئىككىڭلار گەشمۇگەش ئويناپ يۈرگەندىن كېيىن ...

— توۋا دەڭە ، خوجايىن ... بۇ ... بۇ دېگەن جاۋابكارلىقى بار ئىش تۇرسا ... ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەن كېتىدىغان ئادەم تۇرسام .

— بۇ قېتىم مەن بىلەن كېتەلمەيدىغان بولدۇڭ .

— ئېمىشقا ؟

— مال يۆتكەيمىز . تاسادىپىي جۇڭگو ساقچىلىرى بىلەن تۇتۇ-شۇپ قالساق ، ئۆلۈش ، يارىلىنىش بولمايدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ .

— ئەمىسە قاچان كېلىسىز ؟

— ئون نەچچە كۈن ئىچىدە كېلىپ سىنى ئېلىپ كېتىمەن .

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ شۇ بولدى . ئون نەچچە كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى ، لېكىن خو جياڭ كەلمىدى ، بىرەر مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغان چېغى ، «بىر كۈنى كېلەر» دەپ پىسەنتىگە ئالمىغان خالمەت سۇما نەگە باشلىسا كېتىۋەردى . بىر كۈنى ئۇلار تاڭ قەسىرىسىدىن خېلىلا ئۇزاپ ، ئەۋرىشىم سۇمبۇللار بىلەن قاپلانغان خىلۋەت بىر كۆكۈل مەيدانلىق يەرگە كېلىشتى ھەم تۇگىمەس مۇڭلىرىنى باشلىدى . بىر دەمدىلا ۋاقىت چۈش بولۇپ قالغانىدى . سۇما سومكىسىدىن بولكا ، توخۇ گۆشى ، پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنى ئېلىپ گېزىت ئۈستىگە قويدى ، ئاندىن بىر بوتۇلكا ۋىسكىنى سومكىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە ، ئىككى سۇلياۋ ئىستا-كانغا قۇيۇپ ، بىرىنى خالمەتكە تۇتقۇزدى . ۋىسكىنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەنگەن خالمەت قارىم ئىستاكاننى يەرگە قويدى .

— قېنى ، ئىككىمىزنىڭ تونۇشقانلىقىمىز ھەم دوستلۇقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى ، — سۇما رومكىسىنى كۆتۈرۈپ خالمەت قارىمغا تەڭلىدى ، — قېنى ئېلىڭە...

— سۇما ، كەچۈرۈڭ ، مەن بىر مۇسۇلمان ، هاراق ئىچسەم بولمايدۇ .

— ۋاي ـ ۋۇي ،ئۇ بولمايدۇ ، بۇ بولمايدۇ ، دەۋېرىدىكەنـ ـسىز ، — سۇما راستىنىلا خاپا بولغانىدى ، — بۇ ··· بۇ دېگەن تونگۇز گۆشى بولمىسا ، ئاشلىقتىن ، مېۋىدىن ياسالغان نەرسىدىنـ ـمۇ قورقىدىكەنسىز ، ئېلىڭە .

— راست ، بىز ئاق هاراق ئىچسەك بولمايدۇ .

— بۇ ئـاق هاراق ئـەمەس ، ۋىسـكى ، قارىڭا سارغۇچ تۇرـ غىنىنى .

— ۋىسكى ؟ ! — ساددا قارى چاسا بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ پۇراپ باقتى ، — ئاق هاراقتەك پۇرىمايدىكەن ، شۇنداقتىمۇ ···

— ئېلىڭە بۇنى ، — سۇما ئىستاكاننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇـ زۇپ قويدى ، — ئەمىسە دوستلۇقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى .

سۇما خالمەتنىڭ قولىدىكى ئىستاكانغا ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتـ ـتى ، لېكىن قارىم يەنىلا تۇتۇپ تۇراتتى . سۇمانىڭ بىردىنلا ئاچچىـ قى تۇتتى .

— هېلى مـۇشـۇلارنى ، — سـۇمـا توخۇ گۆشىنى قولىغا ئالدى ، — هەممىنى سۇغا ئېتىۋېتىپ ، ئاندىن بىراقلا ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىمەن .

— بولدى ، بولدى ، خاپا بولماڭ ، ئىچەي ، — قارىم ئىچىدە : « بىسمىللا » دەپ ئىچىۋەتتى ، — پاھ ـ پاھ ، ئەجەب قىزتاق بىر نېمىكەنا ···بىر يەرلىرى پەنەر يېغى پۇرايدىكەن ···

سـۇمـا تـوخـۇنىڭ بىر پـاچىقىنى يىرىپ ئېلىپ خالمەتكە بەردى ـ دە ، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئىچىلگۈـ چە نېزىقىغان خالمەت ئاخىرىدا ئۆزى قىزىپ قالدى .يېرىم بوتۇلكا ۋىسكى قالغاندا ، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوتلاققا تاشلىۋەتتى . خالمەت قارىمنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويۇۋالغان سۇما كۆك ئاسمانغا قاراپ بىردەم ياتتى ، ئاندىن يانغا ئۆرۈلدى ـ دە ، ئوڭ قولىدا قارىمنىڭ كۆڭلىكىنىڭ توگمىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يەشتى . ئارقىدىن ئۆزدـ

ننىڭ كوپتىسسىنىڭ لاتا توپچىلىرىنى تۆشۈكىدىن چىقىرىۋېتىشى ، دۈپدۈگىلەك بىر جۈپ كۆكسى لەپپىدە يانغا تاشلاندى . خالمەت قارىم كۆكرىكىنى سىلاۋاتقان يۇمشاق ئالىقانلار لەززىتىدىن بىئارام بولماقتا ئىدى . بۇ سىرلىق ئالىقانلار بارغانسېرى پەسلەپ كىندىكـ ىنىڭ ئاستىغا چۈشۈشى ، زادىلا تاقەت قىلالمىدى . ئۇمۇ يانغا ئۆرۈـ لۈپ ، نازۇك ۋە سىلىق بەللەردىن قامالالاپ ئۆزىگە تارتتى ـ دە ، قىزنىڭ سىمابتەك تىترەپ تۇرغان يۇمران بىر جۈپ كۆكسىنى كۆكرىكىگە باستى . ئارقىدىنلا سۇما قىز ئۆزىنىڭ تىلى بويىچە نېمىلەرنىدۇر ئىڭراپ ، بوشقىنا توۋلىۋەتتى…

سۇما ئەتىسى خالمەتنى لوڭ جەمەتىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى ، ئەجدادلىرىغا ئاتاپ قىلماقچى بولغان نەزىرىسىگە ئاپاردى . لوڭ جەمەتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن تاڭ جەمەتىدىن تاڭ رۇخۇۇ ، ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئايالى ، يەنە ئەسكەر باشلىقلىرىدىن بىر قانچىسى باردى . سۇما خالمەتكە مىللىي ئەنئەنە كىيىملىرىنى ، پوسىملىرىنى كىيـ ـدۈرگەچكە ، پەقەتلا چانمىدى . بىراق ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، چەتتىرەك بىر يەردە تۇردى . خالمەت نەزىرىگە تالىق ھېچ نەرسىنى بىلەلمىدى . بىرنەچچە جەمەتتىن كەلگەن نۇرـ غۇنلىغان ئادەملەر ئوت باسقان كەڭ يالاڭلىقتا يىغىلغانىدى . مىلـ لىيچە كىيىملەرنى كىيگەن ھەرقايسى جەمەت كاتتىلىرى ، ئەسكەر باشلىقلىرى ، ئاقساقاللار ، مۆتىۋەرلەر ئەڭ ئالدىدا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ، شىرەگـە تىزىلغـان نـازۇ نېمـەتلەردىن ئانچە ـ مۇنچە ئېلىپ قويۇشاتتى . قالغان ئاۋام خەلق ئۇلارنىڭ ئارقىلىرىدا توپ ـ توپ ئۆرە تۇراتتى . ئورمانىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ، يالاڭـ لىق ئوتلاقلارغا شەددە ـ ئىسرىقدانلار قويۇلغان بولۇپ ، ئۇلاردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس ئەتراپقا تارالماقتا ئىدى . بېشىدىن تارتىپ پۇت ئۇچىغىچە رەڭگارەڭ لاتا ھەم پۇرۇچلار چىگىلگەن ئەر ـ ئايال پېرىخون ـ باخشىلار نېمىلەرنىدۇر جاراڭلىتىپ چېلىپ ، پۇتلىرىـ نى كېرىپ ، ئالچاڭلاپ سەكرىشەتتى ، قورقۇنچلۇق بوغۇق ئاۋازدا ھۆركىرىشەتتى . بىر چاغدىلا ئوتلاقلاردا ئولتۇرۇشقان ئاۋام ئورنىدـ

دىن تۇرۇپ كېتىشتى ـ دە ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى . چەمبەرچاس باغلانغان بىر ئادەم بىلەن بىر سۇ كالىسىنى بىر قانچىلىغان قوراللىق ساقچىلار يالاپ ئېلىپ كېلىشتى . باغلانغان ئادەم قىپيالىڭاچ بولۇپ ، پەقەت ئالدى بىلەن ئارقىسىنى بىر پارچە ئەۋرەت لاتىسى يېپىپ تۇراتتى . قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەۋاتـ قان خالمەت سۇمادىن شىۋىرلاپقىنا سورىدى :

— باغلانغان ئادەمنى نېمە قىلىدۇ ؟

— ئاتا ـ بوۋىسىدىن مەدەت تىلەپ قان قىلىدۇ .

— ئۆلتۈرەمدا ؟

— چاپىدۇ !

— ئۇ نېمە گۇناھ قىلغان ؟

— ئۇ گۇناھسىز ! پەقەت گۆرۈگە قويۇلغان . بەزى خروئىن سودىگەرلىرى خروئىننى نېسىگە ئېلىپ ، بىرەر ئادىمىنى گۆرۈگە قويۇپ ، مۆھلەت بەلگىلەيدۇ . سودىگەر بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە كەلـ مىسە ، گۆرۈگە قويۇلغان ئادىمى قۇربانلىق قىلىنىدۇ .

— ئەمىسە كالىچۇ ؟

— گۆرۈگە قويغۇچى ئادىمى ئۆلتۈرۈلىدىغان ۋاقىتقا ئۇلگۈـ رۈپ كېلىپ قالسا ، نەزىر ئىلاھقا ئاتىلىپ بولغاچقا ، قان قىلمىسا بولمايدۇ ، شۇڭا كالا چېپىلىدۇ .

— قاراڭ ، قاراڭ ، ئۇلار نېمىش قىلىۋاتىدۇ ؟

— چېپىلىدىغان ئادەمگە هاراق چېچىپ پاكلاۋاتىدۇ .

خالمەت چېپىلىدىغان ئادەمنىڭ ئىككى تەرىپىدە يالىڭاچلىنىپ تۇرغان ياۋا بۇقىدەك ئىككى ئادەمگە قاراپ يۈرىكى سىرقىراپ كەتتى ، مەيدىسىدىكى قاپقارا چۇپۇرلار كىگىزلىشىپ كەتكەن بۇ يىرتقۇچلار قولىدىكى جادۇ تىغىدەك كەڭ بىسلىق قىلىچىنىڭ ئىكـ كى يۈزىنى هاراق بىلەن سۈرتۈۋاتاتتى .

— سۇما ، كېتەيلى ، — دېدى چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان خالمەت ، — سىز كەتمىسىڭىز ، مەن كېتىمەن .

— مېنىڭمۇ كۆرگۈم يوق ، بۇرۇن بىر قېتىم كۆرۈپ ، بىر

ئايغىچە ئۇخلىيالمىغانىدىم .
— قانداقمۇ چىدىغانسىز .
— قىلىچنى بىرلا ئۇرۇپ بويىنىنى ئۈزۈۋەتسىغۇ ، ئۆلگۈچى ئانچە قىينالمامدىكىن دەيمەن . لېكىن ، ئۇلار ئادەمنىڭ دۈمبە ، مەيدە ، قول ، بەللىرىگە ئۇرۇپ ، تىلىم - تىلىم قىلىۋېتىدۇ . قىلىچنى ھەر ئۇرغاندا قان نەچچە غۇلاچ يەرگە چاچراپ تۇرىدۇ .
خالمەت ئەتىسى قىزىپ يېتىپ قالدى . ئۇنىڭ كالپۇكلىرىغا تۇتاشلا قورقاق چىقىپ كەتكەنىدى . راست گەپنى قىلغاندا ، ئۇنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى . ئۇ : «خو جياڭ مېنى گۆرۈگە قويغانمىدۇ ؟» دېيىشتىن قورقاتتى ، ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى . خالمەت كېچىدىن تا ھازىرغىچە ئۇخلاپ قالسىمۇ ، ئەدناسى مۈگدەپ قالسىمۇ ، كۆزىگە قان كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» خروئىن ئىشلەش كانى بولغاچقىمۇ ، مۇداپىئەسى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ ، ئادەم تۇرماق ، ئۇچار قاناتلارمۇ قانۇنسىز كىرىپ - چىقالمايدۇ ، دېگەن گەپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى . ھېلىغۇ «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كەن ، ھەربىر جەمەتكە تەۋەلىك چېگرىدىن چىقىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . چۈنكى ، قاراۋۇللار قاتمۇ قات ۋە قەدەمدە بىر دېگۈدەكلا كۆپ بولۇپ ، ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى .
خالمەت ئەنە شۇنداق بىتاب بولۇپ ياتقىنىدا ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا ئالچىپار ھەربىيچە فورما كىيگەن ئۈچ ئادەم كىرىپ كەلدى . ئۇلار تولۇق قوراللانغان بولۇپ ، خالمەتنىڭ يانلىرىنى بىر قۇر ئاختۇرغاندىن كېيىن ، قولتۇقلىرىدىن سۆرەپ ، يەر ئاستى گۇندىخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا تاشلىدى - دە ، تۆمۈر ھالقىغا قۇلۇپ سالدى . شۇندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ گۆرۈگە قويۇلغانلىقىنى ، شۇنداقلا ۋاقتىنىڭ توشۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى مۇسەللىدى . كىشىمىش ئۈزۈمدىن مىليونلاپ زىيان تارتىپ ، شاپائەتچىم دەپ ، ئۇ كىمنىڭ پېشىنى تۇتۇپ سالدى ؟ ! بىر خروئىن ئەتكەسچىسى «سېنى جىن-

سەنجاۋغا ئەكىرىمەن» دېسە ، «مەن دېگەن ئەھلى مۇسۇلمان ، زىياننى دەپ ، ئىمانىمنى ساتمايمەن» دېمەي ، «سىز تۇرسىڭىز نېمىدىن قورقاتتىم» دېگىنىنى قارا ! خۇدايا توۋا ، 30 پارە قۇرئاننى يادا ئالغان بىر قارىم شۇنداق قىلمۇۋاتسا ، ئەمدى كىمگە ئىشەنگىلى بولسۇن !

خالمەت سەككىز ييشىدىن 12ييشىغىچە ئاخۇنۇمدا ئوقۇپ كافىيە ، ھاشىيە ، شەمسىيەدەك ئاددىي سۈرە كىتابلىرىنى تۈگەتكۈچە ، ئۇنىڭ تىزلىرى قانچە قېتىم يىغىر بولۇپ ، قانچە قېتىم قەقەش تاشلىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ .خەيرىيەت ، ئۇ دىن ئىلمىدا ساۋاتى چىقىپ ، ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغان 12 ييشىدا ، دادىسى ئۇنى ئابدۇلقارى داموللامغا : «گۆشى سىلىنىڭ ، سۆڭىكى مېنىڭ» دەپ ئاپىرىپ بەردى ، ئابدۇلقارى داموللام 12 بالىنى سىجىل بەش يىل ئوقۇتتى . بۇ بالىلارنىڭ ئىچىدە خالمەت قاتارلىق ئۇچلا بالا «قارىلىق» ئۇنۋانىنى ئالالىدى . دەرۋەقە ، خالمەتنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بالا ئىدى . بىر كۈنى ئابدۇلقارى داموللام بالىلاردىن مۇلاھىزىلىك بىر سوئال سورىدى :

— بىر بۇتپەرەس ساھابە ئەھلى مۇسۇلمان ساھابىگە : «سىلەر ئۇنى قىلساق گۇناھ ، بۇنى قىلساق يامان بولىدۇ ، دەيدىكەنسىلەر ، سىلەرنىڭ خۇدايىڭلار بەك زالىم ئوخشىمامدۇ ؟ بەك قورقىدىكەنسىلەر . بىزنىڭ خۇدايىمىز بەك رەھىمدىل ، بىز ئۇنىڭدىن ھەرگىز قورقمايمىز» دەپتۇ . سىلەرچە ھېلىقى بۇتپەرەسكە نېمە دەپ جاۋاب بەرسەك زۇۋانى تۇتىلار ؟

بالىلار جىمىپ كەتتى ، بىردىنلا خالمەت قولىنى كۆتۈرۈپ :

— ئاخۇنۇم ، كۆڭلۈمگە كەلگىنىنى دەپ باقسام ئىجازەتمىكىن ؟ — دېدى .

— قېنى سۆزلە ، ئوغلۇم ، ئاللا ماڭا چۈشىنىش ، ساڭا سۆزلىرىڭنىڭ روشەن بولۇشىنى ئاتا قىلسۇن .

— مېنىڭچە ، ئاشۇ بۇتپەرەسنىڭ ئېيتقىنى توغرا . ئۇلار خۇداسىنى ئۆزلىرى ياسىۋالغاچقا قورقمايدۇ . بىراق ، خۇدايىم

بىزنى ياسىغاچقا، بىز ئۇنىڭدىن قورقىمىز، ئېتىقاد قىلىمىز، تەركى ھۆرمەت بولىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمىز.

— ياشاپ كەت، ئوغلۇم! خۇدايىم ئۆمرۈڭنى قۇياشتەك ئۇ-زۇن قىلسۇن.

گۇندىخاننىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان خالمەت قارىم يىغ-لىدى. ئۇ يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ ئابدۇلقارى داموللام ئالالدىن ئۇنىڭغا قۇياشتەك ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىشنى تىلىگەنىدى، لېكىن ئۇ 32 يېشىدىلا بۇ راباتتىن كەتمەكچى. يەنە كېلىپ، رەسۋايىئالەم بولۇپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارماقچى! بىر لەنتى ئىمانسىزنىڭ مىڭلىغان - مىليونلىغان ئادەملەرنى زەھەرلىشى ئۈچۈن دەسمايە بولۇپ بەرگىنىنى تاڭلا مەھشەر كۈنى خۇداغا نېمە دەپ چۈشەندۈ-رەر؟ خۇدا ئۇنى كەچۈرەرمۇ؟ زىنھار كەچۈرمەيدۇ. !30 پارە قۇر-ئاندىكى سۈرىلەرنىڭ ئۇلۇغ مەنىلىرىنى، ئالالھنىڭ لەبزىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلغان ئادەمنى قانداقمۇ كەچۈر-گىلى بولسۇن!

خالمەت ئۈمىدلىرى توزانغا ئايلانغان ھالدا، گۇندىخاننىڭ تورۇسىغا تىكىلىپ، چىگىش خىياللار قاينىمىغا چۆككەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئۆمۈچۈك توردەك تولىمۇ ئاجىز كىچىككىنە بىر ئى-شەنچ ئۇنى ھايات بىلەن باغلاپ، جىنچىراغدەك كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىنى ۋىللىدە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ سۇما ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ھېلىقى ئەۋرىشىم سۇمبۇللار قاپلىغان خىلۋەت جايدا سۇمانىڭ يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پايلىماي: «ئەگەر كېلىپ - كېتىشكە ئىمكان بولسا، سىز بىلەن توي قىلاي» دەپ، ئەۋلىيادەك ئالدىن كۆرەر ئىش قىپتىكەن. ئۇ چاغدا سۇما: «مەن دادامغا دەپ، ئۇنىڭ ئامالىنى قىلدۇرۇپ بېرىمەن» دېگەنىدى. توغرا، بۇ قېتىمقى بالايىقازاغا سۇما ئارا تۇرالىشى مۇمكىن، چوقۇم، ياق مۇقەررەر شۇنداق قىلىدۇ! تېخى: «مېنىمۇ چىپىڭ-لار» دەپ تۇرۇۋالسىچۇ! ھېلىقى ... ھېلىقى نېمىتى؟ ھە راست، «مۇھەببەت» دېگەن نەرسە ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدىغان ئەخ-

مەق قىزلار ئازمۇ؟! شۇڭا، بىر تال قىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ، خالمەتنىڭ جېنىدىن كېچەر! خەپ، خو جياڭ، خەپ، خو جياڭ! هاياتلا بولسام، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىپ، بىر چىشلەم گۆشۇڭنى يېمىسەم ئادەم بولماي كېتەي! مېنى كۆپ بولسا بىرەر مىليونغا، بولمىسا بىر نەچچە يۈز مىڭغا ساتقانسەن؟ ۋۇي، هىيلە - مىكرى تولا مۇناپىق، خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر! بىر پاي ئوقتا نېسىپ بولارسەن! ۋۇي راست، سۇما نېمە ئۇچۇن مېنى يوقلاپ كىرمەيدۇ؟ ئۇ بىلمەمدىكىنە ياكى گۇندىپايلار كىرگىلى قويمىدىمۇ؟

خالمەت تاقتا - تۇقتا خىياللارنى قىلىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە، سۇما يىغلاپ تۇرۇپ دادىسى بىلەن تاكاللاشماقتا ئىدى:

— بولمايدۇ! مەن سېنى دەپ ئەجدادىمىزدىن كېلىۋاتقان ئەنئەنە، قائىدە - نىزام، دىنىي رەسمىيەتلەرنى بۇزامدىم؟ — تاڭ خوجايىن ئۇستەلگە پاقىلدىتىپ ئۇردى، — تېگى - تەكتى، مىللى-تى، ۋەتىنىنىڭ تايىنى يوق بىر ساياقتا تېگىمەن دەۋاتقىنىنى قارا.

— ئۇ ... ئۇ جۇڭگولۇق تۇرسا.

— نەدىكىنى، ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن بىر مىللەتنىڭ ئىسمى-نى دەۋاتسا، — تاڭ خوجايىننىڭ بىردىنلا كەيپى ئۆرلەپ قالدى، — ئەقىل - هوشى جايىدا ئادەم بولسا خو بۇرادەرگە ئالدىنىپ، ئۇنىڭ قۇربانىغا ئايلىنامتى؟ چىق بۇ يەردىن!

— ئەگەر ئۇنى نەزىرگە ئاتاپ قان قىلسىڭىز، — سۇمامۇ ۋارقىرىدى، — ئالدىڭىزدا ئۆلۈپ بېرىمەن!

— مەن سېنى دەپ ئەجدادىمغا خائىنلىق قىلالمايمەن، يوقال كۆزۈمدىن!

سۇما ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇ گۇندىپاي-لارنىڭ توسقىنىغا قارىماي گۇندىخانىغا كىردى - دە، تۆمۈر توسۇق شادىلىرىغا ئېسىلىپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:

— مەن قانداق قىلاي، سېنى قۇتقۇزالمايدىغان بولدۇم، خال-مەت ... خالمەت!

خالمەت سولىنىپ ئۆچىنچى كۈنى يالىڭاچلىنىپ باغلاندى ، پەقەت ئالدى بىلەن ئارقىسىغا ئەۋرەت يۆرۆچ تارتىلىپ ، ئاپتومات چېنىگەن ئىككى قوراللىق ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان ئىككى جاللات ئۇنى يالاپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى . گۈندىخانىدىن چىقىشى ، ئۇنىڭغا يەنە بىر سۇ كالىسىمۇ قېتىلدى . خالمەت كالىغا قاراپ : «ماڭا قارىغاندا سەن چوقۇم تەلەيلىك » دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈز-دى . دېمىسىمۇ ، بىرەر مىليون پۇلنى ئەكېلىپ ، خالمەتتەك بىر ئىگىسىز ساياقنى قۇتقۇزىدىغان ئەخمەق پىداكار چىقمىسا كېرەك .

تاڭ جەمەتىنىڭ ئاتا - بوۋا ، ئەجدادىغا ئاتىغان نەزىرى لوڭ جەمەتىنىڭ ئۆتكۈزگەن نەزىرىدىن كاتتا ۋە ھەيۋەتلىكتەك قىلاتتى . يوللار ، ئورمانلار ، ئۆي - بىنا ئەتراپلىرىدا قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈ-ۋاتقان شەددە - ئىسرىقدانلار كۆپ ئىدى . ھەرخىل لاتا - پۇتىلارنى پېرىخون - باخشىلارلا بەدەنلىرىگە چىگىۋالماي ، بەلكى دەل - دەرەخ ، چاتقاللار ئۇستىلىرىدىمۇ قىزىل ، يېشىل ، سېرىق ، ئاق دېگەندەك ھەرخىل شەلپەر ، توغ - ئەلەملەر ئېسىقلىق تۇراتتى . داپ - دۇمباق ، خىلمۇ خىل بامبۇك سازلار بىر خىللا ئاھاڭدا غىڭشىپ ، بامبۇك تاياقلار شاقىلداپ چېلىنماقتا ئىدى . ئۆلۈك سىياقىغا كېلىپ قالغان خالمەت ئۆزى چېپىلىدىغان مەيدانغا كې-لىپ توختىدى . ئىككى جاللات ئۇنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ھاراق چېچىپ ، «پاك »لىماقتا ئىدى . پۈتۈن ئورمان ، يالاڭلىق ۋە چاتقال-لىقلار ئالىمان بىلەن تولغانىدى . خالمەت گەرچە تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان ، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ، مۇھەممۇدۇن روسۇلىللا » دېگەن دۇرۇت كالۋالىشىپ قالغان ئېغىزىدىن ئارانلا چىقاتتى ، شۇنداقتىمۇ ئىمان ئېيتىشنى داۋام قىلاتتى . ئۇنىڭ ئىككى قولتۇ-قىدىن ئىككى قوراللىق يۆلەپ تۇراتتى . بىردىنلا نەزىر باشقۇرغۇ-چى ئاقساقال : «تەييارلان » دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىشى ، قاياقتىندۇر يۇگۇرۇپ كەلگەن سۇما قىلىن ئوت - چۆپلەرگە پۇتلاشقىنىچە يىقىلىپ قوپۇپ ، ئېتىلىپ كەلدى - دە ،خالمەتنى قۇچاقلىۋالدى . ئالىمان ئارىسىدا شاۋ - شۇۋ كۆتۈرۈلدى . تاڭ خوجايىن قوللىرىنى

شىلتىپ : «ئاپىرىپ سولىۋېتىڭلار» دېيىشى ،بىرنەچچە ئامانلىقنى قوغدىغۇچى ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى . ئىككى جاللات قىلىچلىرىنىڭ ئىككىلا يۈزىگە هاراق پۈركەپ ، ئارقىدىن ئاپئاق لۆڭگىدە سۈرتۈپ پاكلىدى . ئۇلار نەزىر باشقۇرغۇچىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى . مانا شۇ دەقىقىدە ، تاڭ خوجايىنىنىڭ يان تېلېفونى سايراپ كەتتى . ئاندىن ئۇ ئەتراپىدىكى مويسىپىت ، مۇشبەرلەرگە ئىمسلەرنىدۇر دېدى . ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قانداقتۇر ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان تەبەسسۇم جىلۋىلەندى . نەزىر باشقۇرغۇچى ئاقسا-قال خالمەتنى چىپپىشقا بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بەلگە بەرگەچ ، تاڭ خوجايىنغا قارىشى ، ئۇ قولىدا قانداقتۇر بىر ئىشارە قىلدى . ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي پارولىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئاقساقال قو-لىغا كانايىنى ئالدى ــ دە ، ئالىمانغا قاراپ جار سالدى :

— هازىر خو جياڭ بۇرادەر تاڭ قورۇلىغا كىرىپ بولدى !

ئۆمۈر ئىلاهى قۇتقۇزۇۋالغان بۇ ئادەمنى تەبرىكلەپ ئالىمان ئارىسىدا قىقاس ــ چۇقان كۆتۈرۈلدى . ئەمما ، خالمەت ئورنىغىلا يىقىلدى .

# ئوتتۇز ئىككىنچى باب

— خالمەت قارىم ، — دېدى قەدىردان ۋەقەلىكنىڭ جىددىيلىكىدىن هاياجانلىنىپ ، — يازسا رومان ياكى كىنو بولغۇدەك ۋەقەكەن .

— يېزىشقا توغرا كەلسە ، سەن ئەڭ مۇۋاپىق ، — خالمەت قارىم كۈلۈپ قويىدى ، — خۇدايىم ئامەت بەرسە ، تۇتالماي قاچۇرۇپ قويغان سەندەك دېۋەڭلەرنى يازسا ، خېلى ئېچىنىشلىق ۋە كۈلكىلىك چىقامدىكىن دەيمەن .

— بولدى ، بۇ گەپلەرنى قويايلى ، — قەدىردان قول سىلكىدى ، — تاڭ خوجايىن شۇنداق قىلىپ قىزىنى توي قىلىپ بەردىمۇ ؟

— نەدىكىنى ، مەندەك بىر ساياقتا توي ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە نومۇس قىلدىمۇ ، پىچىقىدا ئالىقىنىمنى تىلىپ قان چىقاردى ، قىزىنىڭكىنىمۇ شۇنداق قىلىپ قاناتتى . ئاندىن ئىككىمىزنىڭ ئالىقانلىرىنى چىڭ جۈپلەپ تۇتقۇزۇپ ، قانلىرىمىزنى ئۆز ئارا ئۇچراشتۇرۇپ ، قىزىغا : «ئۆزىڭنىڭ هۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ كېتىڭ» دېدى . ئىشقىلىپ ، «ئالتۇن ئۇچ بۇرجەك» قىز - چوكانلار كۆپ ، ئەرلەر ئاز بىر يەركەن .

— شۇنىڭ بىلەنلا بىر بالاڭلار بولدىما ؟

— نەدىكىنى ، ئالىقانلىرىمىزنى قانىتىپ ، قانلىرىمىزنى ئۆز-ئارا ئۇچراشتۇرغان شۇ كۈنى ، هۇجرىدا ئۆزۈم نىكاھ ئوقۇدۇم .

— مىنى قالتىس هەيران قالدۇرغىنى ، خو جياڭ خوجايىننىڭ نەق ۋاقتىدا يېتىپ كېلىشى بولدى . دېگەنبىلەن خېلىلا ۋىجدانى بار ئادەمكەن .

— خو خوجايىن ماڭا راست گەپنى قىلمىغانلىقىدىن خىجىل

بولدىمۇ ، ئىشقىلىپ 500 گراملىق بىر كىسەكچە خروئىن بەردى . مەن ئۇنى گۇاڭجۇغا ئاپىرىپ گرامىنى 300 ـ 350 سومدىن سېتىپ ، 170 مىڭ سوم قىلدىم ـ دە ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» كە يەنە كەلدىم . چۈنكى ، مېنىڭ ئۇرۇمچى ۋە يۇرتتىكى قەرزىم 700 مىڭ سومدىن ئاشاتتى .

— ئىككىنچى قېتىمدا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كە قانداق ئۆتە-لىدىڭىز ؟

— ئۇ ۋاقىتدا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تە ئائىلەم بارلىقى ھەققىدە قولۇمدا ئىسپاتىم بار ئىدى ، — خالمەت قارىم بىلىكىدىكى ئالتۇن سائەتكە قارىدى ، — بولدى ئۇخلا ، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپتۇ .

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 10 لاردا غەيرەت جاڭدۇ رۇيلىنىڭ ئاپتوبۇس بېلىتىدىن ئالتىنى ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئەبەي گىتار ، ئەيسا خېنەنجىر ، دىلمۇرات ماكاش ، خالمەت قارىملارغا بىردىن بېلەت تارقىتىپ بېرىپ ، قەدىردان بىلەن ئۆزىنىڭكىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى .

— كەچ سائەت توققۇزنىڭ ماشىنىسىكەن ـ دە ، — دېدى ئەبەي گىتار بېلىتىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ، — ئۇنداقتا شىنجاڭ ۋاقتى يەتتە دېگەن گەپتە .

ئايروپىلان ، ماشىنا ، مېھمانخانا ، ئاش ـ تاماق ، قىسقىسى ، يولدىكى بارلىق چىقىم خالمەت قارىمنىڭ زىممىسىدە بولسىمۇ ، غوجىدار غەيرەت جاڭدۇ بولغاچقا ، پۇلنى شۇ چىقىم قىلىپ خاتىرى-لەپ قوياتتى . خالمەت قارىم ئۇنىڭغا بەك ئىشەنگەچكە ، پۇلنى قانداق خەجلىسە كارى بولمايتتى . شۇڭا ، ھەممىسى خالمەت قارىم-غا قارىغاندا غەيرەتكە بەكرەك بەيئەت قىلاتتى . ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ ياخشىراق يېيىش ، ئىچىش ، ئويناش ئۈچۈن ئىدى . چۈنكى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلىچ تىغىدا دار ئويناۋاتقانلىقىنى ، ھاياتىنىڭ ھەرۋاقىت خەۋپ ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى .

ئۇلار چۈشتىن كېيىن ئىككى تاكسى بىلەن كۈنمىڭ قاتناش

بىكىتىگە بېرىپ ماشىنىغا چۈشتى . بۇ ماشىنىنىڭ باھاسى كارۋاتـ
لىق ئاپتوبۇسلارغا قارىغاندا قىممەترەك بولغىنى بىلەن ، سۈرئىتى
تېز بولۇپلا قالماي ، ئىچىدە ھاجەتخانىسى ، ھاۋا تەڭشىگۈچ ، قايناق
سۇلىرى بار ئىدى ، ماشىنا سىلكىنمەي ، تىپتىنچ ماڭغاچقا ، ئوبـ
دان ئۇخلىغىلى بولاتتى . دېمىسىمۇ ماشىنا شەھەردىن چىقىپ
بىرىنچى نومۇرلۇق تېز سۈرئەتلىك تاشيولغا چۈشۈشى ، سىرتتا
ئارقا ـ ئارقىدىن «يېقىلىۋاتقان» ستولبىلارنى سانىغىلى بولمىغۇـ
دەك تېز يۈرۈپ كەتتى . بېلەتتىكى نومۇر بويىچە غەيرەت بىلەن
قەدىردان بىر يەردە ئولتۇردى . ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكلىرى
ئېگىز بولغاچقا ، يولۇچىلار بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيتتى .

— غەيرەتكا ، — قەدىردان غەيرەتنى بىقىنداپ قويدى ، —
ھەممىڭلار بېيجىڭنى تاشلاپ قايتىپ كەپسىلەرغۇ ، ئۇ يەردە ئوقەت
ئاقماي قالدىمۇ يا ؟

— ئۇنداق ئەمەس ، ئۇكا ، بېيجىڭدا ئومۇمىيۈزلۈك تازىلاش
ئېلىپ بېرىپ ، كۈندىلا ئادەم تۇتۇپ ، خاتىرجەم كۈنلەر بۇزۇلدى
دېگىنە .

— خالمەت قارىم ئىش ھەققىنى ئوبدان بېرەمدۇ نېمە ؟ —
قەدىردان كۈلۈپ قويدى ، — ھەممىڭلار ئۇنىڭ قولتۇقىغا يىغىلىپـ
سىلەر .

— قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ئىش ھەققى ، — غەيرەت ئەتراپىغا
بويۇنداپ قارىدى ، — كەمپۈتلەشتۈرۈلگەن خرونىنى بىرىمىز
100 تالدىن يۇتىمىز دېگىنە .

— 100 تال ، ئاشقازانغا قانداق پاتىدۇ ؟

— بىرى بەش گرام ، ئۇنداقتا 500 گرام يۇتىمىز ـ دە .
ئۇنى گۇاڭجۇ ، شاڭخەي ، بېيجىڭلارغا يەتكۈزگۈچە ئىككى قېتىم
چىچىپ ، ئىككى قېتىم يەيمىز . شۇنىڭغا بېرىدىغىنى 5 مىڭ سوم .
ئىدرىس مودىڭ قارىمنىڭ بىر قېتىمدا تاپىدىغان پۇلىنى ھېسابلاپ
قويغانغا ئۇنىڭ كۆتىگە تەپتى .

— نېمىشقا ئەمدى ؟ ياكى ئۇنىڭ تاپقان پۇلىدىن باج ئالمىسا .

— شۇ ئەمەسمۇ . قارىمنىڭ رۇيلىدە بىر يەر ئاستى زاۋۇتى بار ، — غەيرەت پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى ، — ئۇنىڭدا ئۈچ بالا ئىشلەيدۇ ، ئۇلار كۆرۈنۈشتە كاۋاپچى ، ئەمەلىيەتتە بولسا ، كېسەك-چە خىروئىنلارنى زاۋۇتتا ئىزىپ قايتا كەمپۈتلەشتۈرىدۇ .
— ئاشقازان دېگەن سۆگەكنىمۇ ئېرىتىۋېتىدىغان تۇرسا ، ئۇ كەمپۈتلەر ئېرىمەمدا ؟
— ياپونىيىنىڭ بىر خىل جوبۇ[1]سى بار ، شۇنىڭدا يۆگىسە ئاشقازاندا ئېرىمەيدۇ .
— ۋاي خۇدايىم ، نېمىدېگەن يامان ئادەم بۇ .
— رۇيلىدىكى يەر ئاستى مەخپىي زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلارنى سەن تونۇيسەن .
— نېمە دەيدىغانسەن ، غەيرەتكا ، مەن تېخى بىرىنچى قېتىم كېتىۋاتسام ، ئۇلارنى نەدىن بىلەي .
— ئۇلار قارا ، ھېلىقى بىر يىلى سېنى «قوڭۇرتاش» توپ سېتىش بازىرىدا ئۇرغان مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاتاق ، تۇر-سۇن كاللا دېگەن بالىلار .
— ۋاي خۇدايىم ، ئۇلار قانداق بولۇپ بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغاندۇ ؟
— زوھۇرگاسىيا ئادەملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئەدىپىنى بەر-گەندىن كېيىن ، ئۇلار ئۈرۈمچى ، خوتەن ، ھەتتا بېيجىڭلاردىمۇ ئامان تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، خالمەت قارىمغا يېلىنغان گەپ ، — دېدى غەيرەت ئۇخلاۋاتقانلارغا قاراپ قويۇپ ، — كەمپۈتلەشتۈرۈلگەن خىروئىننى يۆتكىگەندە ، ئۇلارمۇ بىز بىلەن بىللە يۆتكەيدۇ . بىز سەككىز ئادەم تۆت كىلو يۇتالايمىز . خالمەت قارىم بىزدىن 200 گرام ئارتۇق يۇتالايدۇ .
— خالمەت قارىم ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تە بىر گرام خىرو-ئىننى 25 ـ 30 سومغا ئالغىلى بولىدۇ ، دەيدىغۇ ؟
— بوپتۇ ، 30 سومدىن ئالغان تەقدىردىمۇ ، تۆت كىلو خىرو-

① جوبۇ — چاپلىغۇچ .

ئىن 120 مىڭ سوم بولىدۇ . لېكىن ، خالمەت قارىم ئۇنى توپ ئالغۇچىلارغا 1 مىليون 200 مىڭغا ساتىدۇ . ئۇن ھەسسە پايدا دېگەن گەپ . توپ ئالغانلار بولسا ، كىچىك باللارنىڭ تاتلىق دورا تابلېتكىلىرىنى ، تالقان دورىلىرىنى قوشۇپ ، ئۇنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتىدۇ . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، 85 ـ 90 پىرسەنتلىك ساپ خروئىننى 35 ـ 40 پىرسەنتكە چۈشۈرىدۇ . بۇنداق تەركىبى ئۆزگەرگەن خروئىنلارنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندا ، ئادەمنى ئاسانلا قاتۇرۇپ قويىدۇ .

تۈن نىسبى بولۇپ قالغانىدى . ماشىنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىر ئۇيقۇغا كەتكەن ، بەزىلىرى ئېغىر پۇشۇلدىسا ، قەيەردىندۇر خارتىلدىغان خورەك ئاۋازى كېلەتتى . يەنە كىمدۇر بىر نېمىنى پۇدىگەندەك ، كالپۇكلىرىنىڭ دىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى . سىرتتا بولسا يايپېشىل شاللىق ئېتىزلار ، ئاپېلسىن باغلىرى ، دېھقانلارنىڭ ئاددىي ئۆيلىرى ، يول بويلىرىدىكى پالما ۋە پىكوس دەرەخلىرى ئۇچراپ تۇراتتى .

— غەيرەتكا ، قاچان يېتىپ بارىمىز ؟ — قەدىردان ئۇيقۇلۇق غودۇڭشىدى ، — نېمانداق ئۇزۇن يوللار بۇ .

— 13 سائەتلىك يول . ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتە ـ سەككىز-لەردە يېتىپ بارىمىز .

— ئەبەي گىتار مېنى تاس قالدى تۇرمىگە سولىتىۋەتكىلى .

— ھە ، ھېلىقى ياتىقىنىڭ ئاستىدىغا كۆمگەن نەرسىلەرنى دەمسەن ؟

— بىر يۇرتلۇق ، ئەل ـ ئاغىنە ، تونۇش دېگەنمۇ شۇنداق بولامدۇ ؟

— ئاغرىنساڭ بولمايدۇ . بىزدەك ناتوغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يۇرتلۇق ، ئەل ـ ئاغىنە ، تونۇش دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت بولمايدۇ . مەنپەئەت توقۇنۇشۇپ قالدىمۇ يا ساتىدۇ ، يا قويۇۋېتىدۇ ، قويغاندىمۇ رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ...

غەيرەت بىلەن قەدىردان 90 گرادۇس يانتۇ يۆلەنچۈككە ئۆزد-
نى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى . ماشىنىنىڭ بىر خىلدا بۆشۈكتەك
تەۋرىنىشى بىلەن قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن قەدىردان قاچانلاردا تاڭ
ئېتىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى . ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ، بىنالى-
رى ، دەل ـ دەرەخلىرى ئۆزگىچە غەيرىي بىر شەھەر ئىچىدە
كېتىۋاتاتتى .

— رۇيلى شەھىرىگە كىردۇق ، — دېدى غەيرەت پەس ئاۋاز-
دا ، — يەنە 15 ـ 20 مىنۇتتا يېتىپ بارىمىز .

— «ئالتۇن ئۇچ بۇرجەك» كىما ؟

— ياقەي ، خالمەت قارىمىنىڭ رۇيلىدىكى تۇرالغۇسىغا ، —
غەيرەت قەدىردانغا ئېگىشتى ، — قارىمىنىڭ دېيىشىچە ، ساڭا «ئۆ-
زۈمنىڭ ئىنىسى ، تۇغقان كۆرگىلى باردۇ» دەپ ، رۇيلى ساقچى-
خانىسىدىن خەت ئېلىپ ، سېنى «ئالتۇن ئۇچ بۇرجەك» كە ئېلىپ
كىرىدىكەن ...

— ساقچىخانىدىن خەت بېرەرما ؟

— قارىمىنىڭ بەدىنىدە شەيتاننىڭ تۈكى بار . ئۇ ھەممىنى
قىلالايدۇ ، — غەيرەت تېخىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى ، —
«ئالتۇن ئۇچ بۇرجەك» كە كىرگەندە گەپنى ئاز قىل ، بۇ يەر
قەيەر ، ماۋۇ نېمە ، بۇ كىم بولىدۇ ، نېمىش قىلىدۇ ، دېگەندەك
سوئاللارنى ھەرگىز سورىما ، گەپ سورىسا «ھەئە» ياكى «ياق»
بىلەنلا چەكلەنگىن ، ئۇقتۇڭما ؟

— ئۇقتۇم .

ئۇلار قاتناش بېكىتىگە چۈشكەندىن كېيىن ، ئىككى تاكسى
بىلەن خالمەت قارىمىنىڭ تۇرالغۇسىغا يۈرۈپ كەتتى . تاكسىلار
شەھەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ، ئەمدىلىكتە تار كوچىلار ئارقىلىق
كۆپكۆك يالتىراپ تۇرغان بامبۇكزارلىققا چىقىشى ، ئۇ يەردىن
سولغا قايرىلىپ ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر ھويلىنىڭ ئالدىدا
توختىدى . ئۇلار تاكسىدىن چۈشۈشتى . ئاڭغىچە دەرۋازا غىچىرلاپ
ئېچىلىپ ، مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاناق ، تۇرسۇن كاللا ئۇ-

چەيلەن ھەجىيىپ چىقڤانچە خالمەت قارىم ۋە باشقىلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىراق، قەدىردانىنى كۆرۈش بىلەن سەل ھودۇقۇپ تۇرۇپ قېلىشى، قەدىردان ئۆزى كېلىپ كۆرۈشتى. قارىمنىڭ ئارقىسىدىن ھەممىسى ھويلىغا كىرىشتى. دەرۋازىدىن پىششىق خىش بىلەن كۆتۈرمە قىلىپ سالغان ئۆيگىچە ئالتە ـ يەتتە قەدەم ئارىلىق بار ئىدى. ئەمما، كەڭلىكى 10 ـ 11 قەدەم كېلىدىغان بۇ تارچۇق ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۇپ چىلان قىپقىزىل تۇگۇر ـ تۇگۇر ئېسىلىپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كونا كاۋاپدان، ئەبجەق ئورۇندۇقلار دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، بۇلار «غوجى كۆردى» ئۈچۈنلا قويۇلغاندەك قىلاتتى. خالمەت قارىم پەلەمپەيگە قەدەم ئېلىپ، ئوتتۇرىسىغا دىۋان ھەم شىرە قويۇلغان چوڭ مېھمانخانىسىغا كىردى-شى، بۇرنىغا گۇپپىلا قىلىپ ھاراق پۇرىدى.

— ئەتىگەندىلا ھاراق ئىچتىڭلارمۇ؟ — خالمەت قارىمنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، — سىلەرزە ئادەم بولمايسىلەر.

— ئەمدى قارىم، زېرىكىپ ... — دېدى مەتتۇرغۇن شىلىم غەلىتىلا ھىجىيىپ، — كاۋاپچىلىقنى توختىتىپ قويدۇق.

— نېمىشقا؟

— كۆلى ئۆچكىلىرى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى، پايدا يوق.

— ھەي ساراڭ خوتۇننىڭ بالىلىرى، — قارىم تېرىكتى، — كاۋاپچىلىق قىلىپ ماڭا پۇل تېپىپ بەر دېمىدىم سەنلەرگە! زىيان بولسىمۇ قىلساڭ بولمامدۇ! بىكار لاغايلاپ يۈرسەڭ ھەممىنى گۇمانغا سېلىپ قويۇشمامسەن!

— ئەتىدىن باشلاپ قىلىلى، — دېدى نۇرادىل پاناق بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، — مەنمۇ بۇرۇنلا ئويلىغان.

شۇ ئەسنادا، مەتتۇرغۇن شىلىم توڭلاتقۇدىن مېۋە شەربىتىدىن قىلىنغان سوغۇق ئىچىملىك قۇتىلىرىدىن ئېلىپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا بىردىن قويۇپ قويدى.

— غەيرەت، — دېدى خالمەت قارىم بىر قۇتىنىڭ ئاغزىنى

ۋاككىدا ئېچىپ، — باللارنى بوگۇن، ئەتە شەھەردە قانغۇدەك ئوينانقىن، ئۆگۈنلۈكتىن تارتىپ تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، بامبۇكزار ئورمانىنىڭ ئەتراپىدا «ئەخلەت» يىغىسۇن، ئۇقتۇڭما؟

— ئۇقتۇم!

— مەن قەدىردان بىلەن ھازىرلا رۇيلى ساقچىخانىسىدىن يول خېتىنى ئېلىپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتىمەن.

خالمەت قارىم قەدىردانغا باش ئىشارىسى قىلىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدىن 100 مېتىردەك مېڭىپ چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن تاكسىغا چۈشتى. خالمەت قارىم ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلىغاندىن كېيىن «ئۇھ» دەپ دېرىزىدىن يىراقلارغا قاراپ قويدى. دەرۋەقە، يولغا چىققاندىن بېرى ئۇنىڭ چىرايى يامغۇر بولۇتىدەك تۇتۇلۇپلا كېلىۋاتاتتى. غەيرەت جاگدۇنىڭ دېيىشىچە، قارىم ھەر قېتىم مال يۆتكەيدىغان ۋاقتىدا كەم سۆز، تېرىككەك، ئاچچىقى يامان بولۇپ قالىدىكەن. ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال - دە! بۇ جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش تۇرسا. قانۇندا 50 گرام خروئىن يۆتكىگەن ياكى ساتقان بولسۇن، ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئېنىق تۇرسا!خالمەت قارىمنىڭ يىللاردىن بېرى يۆتكىگەن «مېلى» ئۇچۇن پۇتۇن تېنى ئوق ئىزىدىن غەلۋىردەك ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتسىمۇ ئازلىق قىلار.

ئۇلار ساقچىخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تاكسىدىن چۈشتى. قەدىردان «مەن كىرمەيمىكىن» دېگەن مەنىدە قارىشى، خالمەت قارىم: «يۈر، ساقچى باشلىقى، تۇغقىنىڭ قېنى، دېسە نېمە دەيمەن» دېدى - دە، ئۇنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى. خالمەت قارىم 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئورۇق، ۋىجىككىنە ساقچى بىلەن خېلى ئۇزۇن كۇسۇرلىشىپ، نېمىلەرنىدۇر قىلىۋاتقاندا، قەدىردان خو جياڭنى ئەسلەپ قالدى. خو خوجايىن ئۆز ۋاقتىدا خالمەت قارىمنى «ئالتۇن ئۇچ بۇرجەك»كە ئەكىرىشتە

قانچىلىك جان پىدالىق كۆرسەتمىگەنىدى . ئۇنىڭ بەدىلىگە قارىم گۆرۈگە قويۇلۇپ ، جىنىدىن ئايرىلغىلى تاس ـ تاسلا قالدى . مانا ئەمدى ئۇ قەدىردانىنى ئەكىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ . ئۇنى يەنە قانداق ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ ؟

— يۇر ، رەسمىيەتلەر بىجىرىلىپ بولدى ، — دېدى خالمەت قارىم ، — ئەمدى تاكسى كىرا قىلىپ كۆرۈرۈك بېشىغا بارايلى .

— خېلى يىراقمۇ ؟

— ياقەي ، ئىككى سائەتكە قالماي بارىمىز .

ئۇلار تاكسى بىلەن رۇيلى دەرياسى بويىغا يۇرۇپ كەتتى . خالمەت قارىم ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى ، قەدىردان ئۇنىڭ نە خۇشاللىق ، نە خاپىلىق ياكى قورقۇش ، ئەندىشە تۇيغۇلىرى ئەكس ئەتمىگەن ئىپادىسىز چىرايىغا قاراپ ، غەيرەت جاڭدۇنىڭ دەپ بەرگەنلىرىنى ئەسكە ئالدى . خالمەت قارىم تاڭ جەمەتىنىڭ كويئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ھەربىر سودىدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ ، ئىشەنچىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ، ئىشقىلىپ ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك »تە ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى . باشقىلارغا بىر مىليون نەق پۇلغا بەرمىگەن مالنى خالمەت قارىمغا نېسىگە بېرەلەيتتى . ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا تاڭ رۇڭۇۋ خوجايىن قىزىل ئۆڭگەچ راكى بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ ، ھازىر تاڭ خوجايىنىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى تاڭ ۋېندى تاڭ جەمەتىگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى .

— خالمەت قارىم ، مەن ··· مەن ئۇ تەرەپكە ئۆتمىسەم بوپتىكەن ، — قەدىردانىنىڭ كۆڭلى تارتماي تۇراتتى ، — ئۆتكىنىم بىلەنمۇ نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن ؟

— نېمە ، قورقۇۋاتامسەن ؟ قورقما ، مەن سېنى ھەرگىز گۆرۈگە قويمايمەن .

— مەن ··· مەن ئۇنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم يوق .

— ئەمىسە نېمە ؟

— مال ··· مال يۆتكىگەندە بىر ئىش چىقىدىغاندەكلا تۇيۇ-

لۇۋاتىدۇ .

— مالنى بىز يۆتكىمەيمىز ، ئۇلار ئۆزلىرى يۆتكەپ رۇيلىغە ئەكىلىپ بېرىش ۋەزىپىسى بار .

— ئۇلار ئۆتەلەمدا ؟

— رۇيلى دەرياسى جۇڭگونىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يەرلىرى ئىنتايىن كۆپ ، ئۆتۈش ئۇسۇل ـ تاكتىكىلىرىمۇ خىلمۇخىل .

بايا ئۆيدە خالمەت قارىمنىڭ ، ئۆگۈنلۈكتىن تارتىپ تازىلىق ئىشچىلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ بامبۇكزار ئورمانىنىڭ ئەتراپىدا «ئەخلەت» يىغسۇن ، دېگەن گېپى بىردىنلا ئېسىگە كەلگەن قەدىر-دان ، ئۇلار يىغماقچى بولغان «ئەخلەت»نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى .

تاكسى كۆۋرۈك يېنىغا كەلگەندە كەينىگە قايرىلىپ يول چېتىدە توختىدى . قارىم : «باشقۇرۇش ، تەكشۈرۈش ، تىزىملاش» ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىپ ، ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى . نەچچە يېرىگە تامغا بېسىلغان يول خېتىنى كۆرگەن كۆۋرۈكتىكى ساقچىلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي تونۇشتۇرۇشنى قايتۇرۇپ بەردى . تېخى قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ سالام بەردى .

كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئادەتتىكى يەرلىك ئۆيلەر ، بىرنەچچە قەۋەتلىك بىنالار بولۇپ ، تاكسى ، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت ، مىنىبۇسلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى . بىرنەچچە تاكسى ھەم موتسىكلىتلار قارىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىشى ، ئۇ : «لازىم ئەمەس» دەپ قايتۇرۇۋەتتى . لېكىن ، خالمەت قارىم يات ـ ياتلا سائىتىگە قاراپ قوياتتى .

— ئالدىرىمايلى ، مەن تېلېفون بېرىۋەتكەن ، — دېدى خالمەت قارىم ئىشەنچلىك ھالدا ، — ئون مىنۇتلاردىن كېيىن ئالدىمىزغا ئالغىلى ماشىنا كېلىدۇ .

— ئارىدىن ئون مىنۇتمۇ ئۆتمىدى بولغاي ، يەتتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قاپقارا يالتىراپ تۇرغان بىر «كادىلاك» ئۇلارنىڭ

ئالدىدا توختىدى ـ دە ، كابىنكىدىن 20 نەچچە ياشلاردىكى بۇغداي ئۆڭ ، يۇزلىرى دۇپدۇگىلەك ، چېچىنى بەلگىچە ئۆستۈرۈۋالغان بىر يىگىت چۈشۈپ ، خالمەت قارىمغا قول بېرىپ كۆرۈشتى ، ئاندىن قەدىردانغا قول ئۇزاتتى .

— خا خوجايىن ، قېنى مەرھەمەت ، — يىگىت «كادىلاك» نىڭ ئالدى ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى ، — تاڭ خوجايىن سىزگە ساقلاپ كۆل بويىدا ئۇۋۇلىنىۋاتىدۇ .

— تاڭ خوجايىن سالامەتتۇ ؟

— ياخشى ، ياخشى .

قەدىردان ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھېچقايسىنى ئۇقالماي جىم ئولتۇردى . خالمەت قارىممۇ ئاشۇلارنىڭ تىلى بويىچە كالدىرلاپ ، تېز ـ تېز سۆزلەۋاتاتتى . ئۇلار تاڭ جەمەتى قەسرىگە بارغۇچە سۆزلىشىپ ماڭدى . ئەھۋالدىن قارىغاندا ، شوپۇر يىگىت خەنزۇ تىلىنى بىلمەيدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ «كادىلاك»نى تاڭ قەسرىنىڭ ئېھاتىسىز ھويلىسىغا ئېلىپ كىرمەي ، بىنا ئارقىسىدىكى ئىككى تەرىپى قىرقىپ قويغاندەك تەكشى ئېچىلىپ كەتكەن ئاق ئەتىرگۈل- لەر ئوتتۇرىسىدىكى يول بىلەن تاڭ جەمەتىنىڭ سۇغا چۆمۈلۈش ، ئاپتاپقا قاقلىنىش ، ئۇۋۇلىنىش «ئىلاھى ھۇزۇر» ئارامگاھىغا ھەيدەپ كەلدى . قەدىردان كۆلگە قاراپ ھەيرانلا قالدى . ئۇنىڭ سۈيى رەڭ تۆكۈۋەتكەندەك ياپيېشىل ۋە زۇمرەتتەك سۈزۈك ئىدى . كۆل يۇمىلاق ياكى چاسا بولماي ، ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ ، ئەترا- پىدا ئېچىلىپ كەتكەن ھەرخىل نادىر ئەتىۋارلىق گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغلارغا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى ، يېتىپ ئارام ئالىدى- غان قىزىل ، سېرىق ، ئاق ، كۆك يىغىلما ئورۇندۇقلارمۇ كۆلنىڭ ئەتراپىغا بۆلەكچىلا ھۆسن قوشقانىدى . شوپۇر خالمەت قارىم بىلەن قەدىردانىنى باشلاپ چوڭ يوپۇرماقلىق پالما كۆچەتلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى كارىۋاتتا قاپقارا بىر ئادەم يالىڭاچ دۈم ياتاتتى . پەقەت ئۇنىڭ ساغرىسىغىلا بىر پارچە لاتا يېپىپ قويغان بولۇپ ، پاقالچاق ، يوتا ، دۈمبىلىرىگىچە بۇژغۇرلى-

شىپ كەتكەن چۈپۈر قاپلاپ كەتكەندى . قىزىلغا مايىل رەڭدار ھەم سۈپسۈزۈك ئوكۇل سۈيى سول قولىغا سانجىلغان ئوكۇل يىڭنىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا مىڭغۇاتاتتى . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، يىڭناغۇچتەك ئورۇق ۋە ۋىجىك بىر قىز يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئۇنىڭ ساغرىسىغا مىنىۋېلىپ ، دۈمبىلىرىنى ئۇۋۇلايتتى ، قانداقتۇر بىر خىل ماينى ئالىقانلىرىغا سۇۋاپ ، تۈكلۈك بىلەك ، مۈرىلەرنى سىلايتتى . بۇ كۆرۈنۈش خۇددى ئۆلۈپ قالغان قاپقارا يوغان بىر تۈكلۈك قۇرتنى ئۈۋۈسىغا ئېلىپ كېتەلمەي ئۈستىگە چىقىۋالغان چۈمۈلىنى ئەسكە سالاتتى .

— تاڭ خوجايىن ، — دېدى شوپۇر پۈكۈلگەن ھالدا ، — مېھمانلارنى ئېلىپ كەلدىم .

— ھە ، ھە ... نېمە... نېمە دېدىڭ ؟

نازىنىنىڭ سېھىرلىك ئالىقانلىرىنىڭ چەكسىز ھۇزۇرىدا كۆزى ئىلىنىپ كەتكەن تاڭ خوجايىن مەڭدەپ قالدى بولغاي ، ئورنىدىن قىمىرلاپ بولغۇچە ، ھېلىقى «چۈمۈلە» بىلەن شوپۇر ئۇنى ئۆرۈپ ۋە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ئۇنىڭ قاپقارا يۈزى ئىششىپ قالغاندەك ھۆپپىدە ئېسىلىپ كەتكەن ، كالپۇكلىرى خۇددى قوش بۆرەكتەك ساڭگىلاپ تۇراتتى ، قاپاقلىرىنىڭ يوغانلىقىدىن كۆزلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى .

— ھە ، خا بۇرادەر ! — تاڭ ۋىندى ئېغىر ھاسىرىدى ، — سېنى ئاكامنىڭ كۈيئوغلى دەپ ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى قىلغانسىرى ، كەم دىدار بولۇپ كېتىۋاتىسىنا ؟ ھە ، بۇ يىگىت كىم بولىدۇ ؟

— مېنىڭ ئۇكام بولىدۇ .

— بېرى كېلە ، بالا ، — تاڭ خوجايىن قەدىردانىنىڭ كۆزىگە بىر ھازا تىكىلىپ قارىدى ، — سەن خروئىن چېكىدىكەنسەن ، تېخى 5 ـ 6 يىلدىن ئېشىپتۇ .

تاڭ خوجايىننىڭ سۆزلىرىنى خالمەت قارىم ئۇتتۇرلۇق تەرجىمە قىلىپ تۇردى .

— راستمۇ ؟
— راست ، چېكمەن ، — قەدىردان يوشۇرمىدى ، — سىز دېگەندەك ئالتە يىل بولدى .
— بەك ئاجىزلاپ كېتىپسەن ، مانا بۇ ، — تاڭ خوجايىن سۈپسۈزۈك رەڭدار ئاسما ئوكۇل سۈيۈقلۇقىنى كۆرسەتتى ، — سۈيۈقلاندۇرۇلغان خروئىننىڭ جەۋھىرىنىڭ جەۋھىرى ، بۇ خۇمار پەيدا قىلمايدۇ ، ئەمما بىر سالغۇزسا ، 80 ياشلىق بوۋايدا 25 ياشلىق يىگىتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە ھەۋىسى پەيدا بولىدۇ . ساڭا سېلىپ قويىمىسا بولمىغۇدەك ، بەدىنىڭدىكى قۇۋۋەتنى خروئىن خو-رىتىپ يوقىتىپتۇ .
— رەھمەت ، مەن ... مەن سالغۇزماي ، — قەدىردان قورق-تى ، — ھازىرمۇ ياخشى تۇرۇۋېتىمەنغۇ .
— ئەخمەق ، — تاڭ خوجايىن مەسخىرىلىك كۈلدى ، — خا بۇرادەرنىڭ ئىنىسى بولغىنىڭ ئۈچۈن دەۋاتىمەن . بولمىسا بۇنىڭ 100 گرامى نەچچە يۈز مىڭ سوم ، ئۇقتۇڭمۇ ؟
— تاڭ خوجايىن ، ئەتىلەردىن بىر گەپ بولسۇن ، — دېدى خالمەت قارىم ، — بىز تۈنۈگۈن كۈنىمىڭدىن يولغا چىققانچە .
— بولىدۇ ، بولىدۇ ، سەنمۇ خوتۇنۇڭ سۇمانى چوقۇم سېغىنىدىڭ .
تاڭ خوجايىننىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەيلا ، يىراقتىن سۇما بىلەن بەش ياشلىق ئوغۇل خالمەي يۈگۈرۈپ كەلدى . سۇما ئاۋۋال ، ئوغۇل ئارقىدىن قۇچاقلاپ ، خالمەت قارىمنى يىقىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى . قەدىردان دەرھاللا كۆرمەسكە سېلىپ ئارقىسىنى قىلىۋال-دى . تاڭ خوجايىنمۇ دۇم ياتقىنىچە ھېلىقى «چۇمۇلە» قىزغا : «ھە قېنى» دەپ بۇيرۇق قىلدى . خالمەت قارىم ئوغلىنى قۇچاقلاپ سۆيدى . بالا دادىسىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ ، چۇرۇقلاپلا كەتتى . لېكىن ، خالمەت قارىم پەس ئاۋازدا نېمىدۇر دېيىشى بىلەن ، سۇما ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ بىر نېمىلەرنى دېگەنىدى ، قەدىردانمۇ ئالىقىنىنى جۈپلەپ بىر ئىككى قېتىم تەزىم قىلدى . ئۇلار خالمەت

قارىمنىڭ بۆك دەرەخلەر ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ياغاچ ئۆيمۇ ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپىتىكى ئۆيلەردىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. قەدىردان بەش ياشلىق خالمەي بىلەن شەرەتلىشىپ، قانداقتۇر ئويۇنلارنى ئوينىشىپ، بىر - بىردىنىڭ يۈزلىرىگە قەغەز پارچىلىرىنى چاپلاپ ئويناپ تۇرۇشى، خالمەت قارىم بىلەن سۇما ئاشخانىدا تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. سۇما بىردەمدىلا بىر تەخسە لەڭمەننى شىرەگە قويۇشى، قەدىردانىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئاندىن سۇما قىزىل مۇچ قىيامى، ئاچچىقسۇ، سامساق سوقمىسى قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. قەدىردان خورۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ يەپ بېقىپ، چىرايى ۋىلىلدە ئېچىلدى.

— نېمە، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»تىمۇ لەڭمەن يەيدىكەنمەن، دەپ ھەيران بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى خالمەت قارىم كۈلۈپ، — سۇما بىلەن توي قىلغاندىن بېرى پولۇ، لەڭمەن، شويلا دېگەندەك بىر نەچچە خىل تاماقنى ئېتىشنى ئۆگەتتىم. تېخى تاڭ جەمەتىدىكى كاتتا غوجام، خېنىملار ئاتايەن پولۇ يېگىلى كېلىدۇ دېگىنە.

— ئۇ خەققە پولۇ تېتىپ كېتىپتۇ - دە؟

— ئۇلار تېخى: «دۇنيادا ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت باركەن، ئۇلارنىڭ پولۇ دېگەن تامىقى تاماقلارنىڭ شاھىكەن» دەپ يۈرۈشۈپتۇ، — خالمەت قەدىردانىڭ دولىسىغا بىرنى ئۇردى، — قانداق، ئۇيغۇرلارنى «پولۇ» بىلەن بولسىمۇ تونۇتۇپ قويدۇم.

قاراڭغۇ چۈشتى. قورقۇش، ئەندىشە، جىددىيلىشىش بىلەن ئۆتكەن بىر كۈن قەدىردانى خېلىلا چارچىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن بىر - ئىككى قېتىم ئەسنىگەنىدى، خالمەت قارىم ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە ئىشارە قىلىشتى. سۇما قەدىردانى ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ، دېرىزىلىرىدىن پايانسىز ئورمان، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا دۇمچەك - دۇمچەك تاغ تىزمىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھۇجرىغا ئورۇن سېلىپ بەردى، ئاندىن تازىلىق ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا: «ئۆز

ئۆيگىنىزدەك ئۇخلاڭ» دەپ قويدى . قەدىردان سىرت كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ، ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا تازىلىق ئۆيىگە چىقىپ يۇيۇ-نۇۋېلىپ يېنىپ كىردى . خېلىلا راھەتلىنىپ قالغان قەدىرداننىڭ ئۇيقۇسى قاچقانىدى ، ئۇ ياغاچ قاپقىلىق يورۇشمە دېرىزىلەرنى كەڭ ئېچىۋەتتى . ئاسمان شۇنچىلىك سۈزۈك ئىدىكى ، خۇددى سۈرتۈل-گەن شىشىدەك پاكىز كۆرۈنەتتى . بۇ يەرنىڭ سۈيى مول ، يامغۇرى تولا بولغاچقىمۇ ، پۈتۈن ئەتراپ دەل - دەرەخ ، گۈل - گىياھ ، ياپيېشىل ئۈسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان ، ئاسمىنى ھەممىشەم نىل رەڭلىك تاۋلىنىپ تۇراتتى .

قەدىردان يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان كائىناتتا ھەسرەت بىلەن بويۇن قىسىپ تۇرغان تولۇن ئايغا قارىدى . «ئۇ ماڭىلا ئاشۇنداق يىغان بىلەن قارامدىغاندۇ ؟» دېگەن ئوي ئۇنى ئويغا سالدى ، بولمى-سا رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە ، باغلار ، ئورمانلار ، دەريا بويلىرى ، دەرەخ دالدىلىرى ، قىسقىسى ، خىلۋەت جايلاردىكى مۇھەببەتلىشى-ۋاتقان ، ئەمدىلا تونۇشۇپ ، دىل سىرلىرىنى تۆكۈشۈۋاتقان ، سۆيۈ-شۈۋاتقان ، كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىۋاتقان ، چىڭ قۇچاقلى-شىپ سۈكۈتكە چۆمگەن قىز - يىگىت ، ئاشىق - مەشۇقلارنى تولا كۆرگەچكىمۇ ، ئاي چىرايلىق بولۇپ كەتكەنمىش ! راست ئەمەسمۇ ، ئۇ ئاسماندا تۇرۇپ كۆرگىنى يەتمىگەندەك ، تېخى ئىشىك - تۈڭ-لۈك ، دېرىزىلەردىنمۇ مارايدىغۇ ، بۇنداق يورەككە تالىق «شېرىن مەنزىر» ئىشلارنى كۆرىۋەرسە ، شەيتانمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەر ! شۇڭا بەزى لىرىكىلىق شائىرلار ئاينى گۈزەللىكتە تەڭداشسىز ، شوخ ھەم شۇللۇق قىزلارغا ئوخشىتىدىكەن ! ئەمما قەدىردان ئاينى ھەر قېتىم كۆرگىنىدە ، جۇدالىق دەردىدە يۈرىكى پۇچىلانغان ، نادامەتلىك ئاھ ئۇرۇۋاتقان ، كۆزلىرى ياش قىزلار كۆڭۈل ئېكرا-نىدا ئايان بولىدۇ . بۇ قىزلار زادى كىم ؟ !

قەدىردان بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ، خۇدا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك ئۈچ قىز ئاتا قىلدى . كىچىككىنە ئوماق مەدىنە تۇر-كىيىگە كېتىش ئالدىدا ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىلىپ - بىلمەي گۈل غۇنچىسىنى قەدىردان ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىۋەتتى . ئەمدى

ئۇنىڭ تۇركىيىدە بەختلىك بولالىشى ناتايىن ! زۇلئايچۇ؟ ئۆزىنىڭ چىرايلىق سىيماسى ، بولۇپمۇ شوخ ، تېتىك ، خۇشخۇي خۇلقلىرى بىلەن قەدىرداننىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالدى . ئەمما ، قەدىردان ئۇنىڭدىن ئۆزۈنغىچە گۇمانلىنىپ يۈردى . شۇڭا ، يېنىدا تۇرسا چىشلىشىپ ، كۆرمەي قالسا كىشنىشىپ ، بالىلار ئويۇنى ئويناپ يۈردى . پەقەت زۇلئاي قەدىردان ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىنلا ، بۇ «بالا سەيگۇيۇەن»نىڭ يۈرىكىگە ئۆچمەس داغ چۈشتى ! مانا ھازىرغىچە ئۇنىڭ قەلب سارىيىدىن زۇلئايىنىڭ : «قەدىردان !» دەپ چاقىرغان كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى پات ـ پاتلا ئاڭلىنىدۇ ! ئەمما كەم سۆز ، ئوچۇق چىراي ، شەرم ـ ھايالىق مېھرىبان خۇددى گۈلنىڭ تونى قىرىق ياماق ، يوپۇرماقلىرى يىرتىق بولسىمۇ ، ھۆسنى پاكىز بولغىنىدەك ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى يۈرىكىدە ئىدى ! ھازىر قېنى بۇ ئۈچ قىز ؟ ! قەدىردان گۆدەكلىكىدە قەدىرىگە يەتمىگەن بۇ قىزلار نەلەردە غايىب بولدى ؟ ھازىرمۇ مۇشۇ ئاي ئۇلارنى كۆرۈۋاتامدىغاندۇ ؟ زۇلئايىنىڭ غېرىب قەبرىسىنى سىرلىق كۆكۈش نۇرىدا يورۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندۇ بەلكىم ! ئۇلار قەدىرداننىڭ ھازىر قەيەردە ياش تۆكۈپ ، ئاي بىلەن مۇڭدىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ ؟ بىلمەيدۇ ، پەقەت بىلمەيدۇ ، زىنھار بىلمىسە كېرەك . پۈتۈن ئىنسانىيەت نەپرەت بىلەن تىلغا ئالىدىغان «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» نە ئەتكەسچىلەرنىڭ سايىسى ، يان تايىقى بولۇپ يۈرىدۇ ، دېسە كىممۇ ئىشىنەر ؟ مۇشۇ قىسمەتلەر راستلا قەدىرداننىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنمىدۇ ؟ غۇبارسىز ئۈچ قىزدىن مەھرۇم بولۇش كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانا ئېيتقان : «قىش كېچىسىدەك ئۇزۇن ئازاب» لار ئىچىدە بارمىدۇ ؟ بۇ ئازابلار قاچانغىچە داۋام ئېتەر ؟ پەرىشتە ئانىنىڭ : «30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ، 100 يىللىق قاباھەتلىك قىسمەتلەر بېشىڭغا كېلۇر !» دېگەن بېشارىتى قەدىرداننىڭ ھاياتى بەدىلىگە ئاخىرلىشارمۇ !

«ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» ئاسمىنىدىكى ئاي بىلەن مۇڭدىشىۋاتقان قەدىرداننىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش نۇر ئېقىنلىرى بولۇپ يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى !

# ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

ئابابەكرىنىڭ ۋەيرانە قورۇسىدا ئەتتىگەندىلا مېھرىباننىڭ ئا-
يانچلىق يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ئاھ خۇدايىم ، قانداقمۇ قىلارمەن ، مەن ئەمدى بالامنى نېمە
بىلەن باقىمەن ؟

ئالتە ياشنى توگىتىپ ، يەتتە ياشقا قەدەم ئالغان قەيسەر ھېلىلا
توپ بازىرىدىن ئېلىپ كەلگەن گۆش ، جىگەر ، ئۆچەيلەر قاچىلانغان
تاغار يېنىدا ئولتۇرۇپ مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى . ھويلىدىكى كاۋاپ-
دان ، هارۋا ، ئورۇندۇق ، شىرە ، 200 دانە زىخ ھېچ يەردە كۆرۈن-
مەيتتى . مېھرىبان ئۇلارنى ئوغرى ئالغانلىقى ياكى دادىسىنىڭ
سېتىۋەتكەنلىكى ھەققىدە دەرگۇماندا ئىدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆپ-
رەك ئابابەكرىدىن گۇمانلىنىپ تۇراتتى . كۈندىلىك خىراجىتىنى
تۇمشۇق تىرەپ ئاران تېپىۋاتقان مېھرىبان ئەمدى بىرەر مىڭ سوم
پۇل خەجلەپ كاۋاپچىلىق سەرەمجانلىرىنى ئالالمايتتى . ئابابەكرى
27 مىڭ سوملۇق ئىككى چەكنى تارتىۋېلىپ خىروئىن چېكىپ
توگەتكەندىن بېرى ، مېھرىباننىڭ بەھرىنى ئېچىپ ، يۈرىكىنى تۇم
قىلىپ تۇرغان گۆھىرى يوقالغانىدى . قىسقىسى ، خىروئىننىڭ قۇ-
لى بولغان بۇ قېرى كۈل بەڭگى مېھرىبان ۋە قەيسەر ئانا ـ بالا
ئۈچۈن تۈگىمەس بىر بالايىئاپەت بولدى ! ئۇنىڭدىنمۇ قېچىپ قۇ-
تۇلغىلى بولمىدى . ئەمدى بىرلا يول — ئۆلۈپ قۇتۇلۇشلا قالغان-
دى . ھازىر مېھرىبان ئۈچۈن خىروئىن چەككەن بولسۇن ياكى
ساتسۇن ، بەربىر ھەممىسىلا ياۋۇز مەخلۇق سىياقىدا كۆز ئالدىدا
ئايان بولاتتى . شۇڭا ، بەزى ھاللاردا قەدىردانىنىمۇ نەپرەت بىلەن
ئەسكە ئالاتتى .

دەرۋازا غىچ قىلىپ ئېچىلىپ ، قەيسەرنىڭ ئاغىنىسى كۇرەش

ھويلىغا ئاستا كىردى ـ دە ، قەيسەرنىڭ قېشىغا ئولتۇرۇپ پىچىر-لىدى :

— قەيسەر ئاداش ، ھەممىسىنى بوۋاڭ سېتىۋەتتى...

— سەن كۆردۈڭمۇ ؟ — قەيسەر ئاغىنىسىگە مۆلدۈرلەپ قارى-دى ، — قاچان ساتتى ؟

— بىر ئادەم بايا ھارۋىغا بېسىپ ئەكەتتى . مانا مۇنداق ، — كۇرەش تۆت بارمىقىنى كۆرسەتتى ، — تۆت تال يوغان قىزىل پۇلغا .

— ئاپا ! — قەيسەر ئۇن سېلىپ يىغلىغانچە ئاپىسىغا ئېسىل-دى ، — بوۋام 400 سومغا سېتىۋېتىپتۇ .

— ئاھ خۇدايىم ، مېنىڭ جېنىمنى ئالساڭچۇ ! — مېھرىبان ئۆي ئېمىغا يۆلەنگىنىچە يىغان بىلەن يىغلىماقتا ئىدى ، — بۇ ماڭا نېمە كۈن ؟ نېمە تارتقۇلۇق ! مىڭ نەچچە يۈز سوملۇق نەرسىنى بىر چېكىم تاماكىنىڭ پۇلىغا سېتىۋەتسە ، نەۋرەم ، قىزىم نېمە بىلەن جان ئېتەر ، دەپ غەم يېمىسە ! بۇ ئىشلارنى كۆزۈم كۆرمى-سۇن ، قۇلىقىم ئاڭلىمىسۇن ، مەن ئۆلەي ، مەن ئۆلەي...

— ئاپا ، ئۇنداق دېمە ، جېنىم ئاپا ! سەن ئۆلسەڭ ، مەن قانداق قىلىمەن ، — قەيسەر ئېسەدەپ ، ئېسەدەپ يىغلايتتى ، — مەن ... مەن ئاخشاملىقتا بوۋام دېگەن بىر نېمىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈ-رۈۋېتەي .

كونىلاردا ، چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەس ، دېگەن گەپ بار ، ئەمدى يىغلىساڭمۇ ، ئۆلەي ـ ئۆچەي دەپ پەرياد كۆتۈرسەڭمۇ ، سېتىلىپ كەتكەن نەرسىلەر ئورنىغا كەلمەيدۇ . ئەمدىكى ئىش ، ماۋۇ گۆش ، جىگەر ، ئۈچەيلەرنى قانداق قىلىش كېرەك ، ئۇنى ساقلايدىغانغا توڭلاتقۇ بولمىسا ، ئەگەر بۇزۇلسا زىياننىڭ ئۈستىگە زىيان بولىدۇ ، شۇڭا ، مېھرىبان يۈزلىرىنى يۇيۇپ ، روملىنى تۈزەپ ، ھويلىغا چىقتى .

— يۈرۈ ، بالام ، ماۋۇ نەرسىلەرنى كاۋاپچىلارغا زىيىنىغا بولسىمۇ سېتىۋېتەيلى ، — دېدى مېھرىبان بالىنىڭ ئىشتانلىرىنى

قېقىشتۇرۇپ ، — ئەتىگە قالسا پۇراپ قالىدۇ .
مېھرىبان گۆش سېلىنغان سۇلياۋ خالتىنى ، قەيسەر جىگەر بىلەن ئۈچەي سېلىنغان خالتىنى كۆتۈرۈپ ، بىرنەچچە كاۋاپچىلارغا تەڭلەپ ، ئاخىر ياشانغان بىر كاۋاپچىغا ئۆز نەرخىگە سېتىۋەتتى ، ئاندىن ئوغلىنى يېتىلەپ مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا بېرىپ دەردىنى تۆكتى . ئۇ باشلىق ئايالغا سۆزلىگەنسېرى ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ سۆزلىيەلمەي قالدى . قەيسەر ئاپىسىنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىغانسېرى ، ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشىپ ، چوڭ كۆز-لىرىگە ياش يامىشاتتى .
— بولىدۇ ، — دېدى باشلىق ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ ، — سىزدە زەھەر تاشلاش ئورنىغا تۆلىگۈدەك پۇل بولمىغاندىن كېيىن ، بىز زەھەر تاشلاش ئورنىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ، سىزگە جاۋابىنى بېرەيلى .
— ئۇرۇ ، بالام ، كېتەيلى .
مېھرىبان ئوغلىنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلى قۇيقۇرۇق ھەم ئۈمىدسىز ئىدى . بۇنداق : «كەتكەچ تۇرۇڭ ، مۇزا-كىرىلىشىپ باقايلى» ، «يۇقىرىدىن يوليورۇق سوراپ جاۋاب بې-رەيلى» ، «سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن ، يەنە بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ» دەپ قايتۇرۇشلار دېۋانىنىڭ قوشىقىدەك كۆپ تەكرارلى-نىپ كەتتى . زادى خۇلاسە كالام نېمە؟ پۇل ! پۇل بولغاندىلا «زەھەر تاشلاش ئورنى»نىڭ بولسۇن ياكى «تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى» بولسۇن ، ئاكتىپلىقى بەكمۇ يۇقىرى ۋە تېز بولىدۇ . مۇشۇ نەچچە يىللاردىن بېرى مېھرىبان نېمە كۈنلەرنى كۆردى . نەچچە قېتىم ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىدى ، بىراق ئاشۇ مۆلدۈرلەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان بالا ئۇنى نىيەتلىرىگە يەتكۈزمىدى . ئابابەكرىنىڭ خۇمارى تۇتۇپ ، مېھرىباننىڭ ئىچ كىيىملىرىنى سالدۇردى ، ئۇ بۇ خورلۇقلارنىمۇ كۆتۈردى . مانا كاۋاپچىلىق قىلىپ بالىسىنى ، دادىسىنىڭ گېلىنى بىقىۋاتقان مېھرىباننى ھە دېسىلا : «300 سوم بەر ، 400 سوم بەر» دەپ قىيناپ ، ئۇرۇپ بىھوش قىلىۋەتكەن كۈنلەرمۇ بولدى .

بىرنەچچە قېتىم مەھەللە ئامانلىقىنى قوغداش بۆلۈمىدىكىلەر تۇتۇپ كېتىپ ، ئەتىگەنلىكى ئېلىپ كەتسە كەچتە ، كەچتە ئېلىپ كەتسە ئەتىسى ئەتىگەنلىكى قويۇۋەتتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ گېلىنى كىم باقىدۇ ؟ سولاپ قويغان ئۆيدە ئۆلۈپ قالسا جاۋابكارلىقى كىمگە بولىدۇ ؟ قىسقىسى ، تۇرغان تۇرقى بىر ئاۋارىچىلىكتە ! بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە ئاۋارىچىلىكتىن قاچمايدىغان ، جاپا ـ مۇشەققەتنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان سۈپۈرگە زىيانكەشلەر نەدە تۇرۇپتۇ ؟ ھەممە ئادەم تىجارەت بىلەن مەنپەئەت كويىدا يۈرسە ، كىممۇ مېھرىباندەك يۆلەنچۈكى يوق بىچارىنى «ھالىڭ نېچۈك» دەر .

كاۋاپچىلىق ئوقەتتىن ئايرىلىپ قالغان مېھرىبان ئانا ـ بالا ئىككىسى گۈگۈم بىلەن تەڭ كەچلىك بازارغا كەلدى . ئۇلار ھەربىر كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ : «زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزىدىغان ئادەم لازىممۇ ؟» دەپ سورايتتى ، يېلىناتتى . سودىسى بەرىكەت تېپىۋاتقان بىر تىجارەتچىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا خەير خاھلىق قىلىپ ئىچ ئاغرىتىدىغانلاردىن كۆرە ، خۇش بولۇپ كۈلىدىغانلار كۆپ بولىدىكەن . ئېھتىمال بۇ رىقابەتنىڭ رەھىمسىز بەلگىسى بولسا كېرەك . شۇڭا لېنىن : «رىقابەت دەۋرىنىڭ باشلىنىشى كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدۇر» دەپ بىكار ئېيتمىغان . چۈنكى ، كاپىتالىزمنىڭ بىردىنبىر خاراكتېرى «سەن ئۆل ، مەن ياشاي» ئەمەسمۇ .

مېھرىبان كاۋاپچىلىق قاتارلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ ، ئوتتۇرا ياشلىق ، چوققىسىدا چېچى يوق ، ئايپاڭشاش بىر كاۋاپچىنىڭ بىر چوڭ سىرلىق داستىكى گۆشىنى زىققا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئون سومغا سۆزلەشتى . ئادەتتە مېھرىبان بۇنچىلىك گۆشنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ بەرسە 30 سومدىن كەم بەرمەيتتى . ئىلاج قانچە ؟ ئىش تاپماق تەس تۇرسا ، ئون سوم بولسىمۇ پۇل ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ، قۇشقاچ بولسىمۇ گۆش ، دەپتىكەن ئەمەسمۇ .

مېھرىبان بىلەن قەيسەر ئىككىسى زىخقا گۆشنى ئەمدىلا ئۆتكۈزۈشنى باشلىشى ، ئايپاڭشاش كاۋاپچىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ

كەتتى :

— هاي ، هاي ، مېھرىبان خېنىم ، بۇ ... بۇ كىچىك بالىنىمۇ زىخقا گۆش ئۆتكۈزگىلى سالسىڭىز ، قانداق بولىدۇ دەيمەن ؟ — ئايپاشۋاش ئالىقانلىرىغا ئۈردى ، — گۆش بىلەن مايىنى تەڭشەپ ئۆتكۈزىدىغان ئىش تۇرسا .

— بۇ بالا بەش يېشىدىن باشلاپ مەن بىلەن كاۋاپچىلىق قىلغان ، — مېھرىبانمۇ سوكۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى ، — ئاۋۋال كۆرۈپ باقمامسىز ، دىتىڭىزغا ياقمىسا ئاندىن بىر گەپ بولار .

بۇنداق چوڭ داسلىق گۆشنى ئادەتتە ئۈچ - تۆت چوڭ ئادەم ئۆتكۈزمىسە تۈگەتكىلى بولمايتتى . شۇڭا ، قەيسەر ياردەملەشمىسە ، مېھرىبان ئوتتۇرا كىچىگىچە كاۋاپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى . ئايپاشۋاش قەيسەرنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرۈپ ، بېشىنى كىلدىڭلىتىپ كۈلۈپ قويدى . خېرىدارلار بارغانسېرى كۆپىيىپ ، ئۇستام شاگىرتى بىلەن خۇددى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۇدەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى ، شۇنداقتىمۇ مېھرىبان بىلەن قەيسەر گۆش ئۆتكۈزۈلگەن زىخلارنى زاپاس دۆۋىلىۋەتتى ، داستىكى گۆشمۇ خېلىلا يېرىملاشقانىدى . مېھرىبان ئوغلىنىڭ كۆزى يۇمۇلۇپ ، بېشىنىڭ پات - پاتلا بىر تەرەپكە سامداۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئىچى ئاغرىپ قالدى - دە ، ئۇستامدىن بىر ناننىڭ ئارىسىغا ئىككى زىخ كاۋاپ ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى .

— بالام ، بۇ كاۋاپ بىلەن نانىنى يەپ بولۇپ ئۆيگە كەتكىن ، — مېھرىبان سىركايدا چاي قۇيۇپ بەردى ، — ھەممىنى زورلاپ يېگىن ، ئوغۇل بالا ئاچ قورساق يېتىپ قالسا ، ئاغرىقچان بولۇپ قالىدۇ .

مېھرىبان بالىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ كەتكۈزۈۋەتتى . ئۇ قېپقالغان گۆشنى بىرەر سائەت ئەتراپىدا ئۆتكۈزۈپ بولۇپ ، قوللىرىنى يۇدى . ئايپاشۋاش ئۇستام بەش زىخ كاۋاپ تەڭلىۋىدى ، مېھرىبان ئالغىلى ئۇنىمىدى .

— ئۇستام ، بالام يېگەن بىر نان بىلەن ئىككى زىخ كاۋاپنىڭ

پۇلىنى تۇتۇپ قىلىپ ، قالغان ئىش ھەققىنى بەرگەن بوسىلىرى بوپتىكەن ، بالام يالغۇز قورقىدۇ .

خېرىدارلارمۇ سىلىكىپ قالغانىدى . ئۇستام مېھرىباننى چەتكە تارتىپ ، يەتتە سومنى ساناپ بېرىپ بولۇپ ، ئارقىدىن يەنە 20 سومنى قولىغا تۇتقۇزدى . مېھرىبان ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر قولىدىكى پۇلغا ، بىر ئۇستامغا قارىدى :

— ئۇستام ، بۇ 20 سوم نېمە پۇل ئۇ ؟

— مۇنداق ئىشتى ، ئۇكام ، — ئۇستام ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى ، — مەزلۇم يۇرتقا ئانىسىنى كۆرگىلى كەتكەن ، بۇگۈن ئىككىمىز بىزنىڭ ئۆيگىلا كەتسەك قانداق ؟

مېھرىبان ئۇستامنىڭ يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۇكۈرمەكچى بولدىيۇ ، ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋالدى ، شۇنداقتىمۇ تىگىشلىك ئەدىپىنى بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

— ئۇستام ، سىلى مېنى نېمە چاغلاپ قالدىلا ؟ بىر داس گۆشلىرىنى 10 سومغا ئۆتكۈزگىنىمگە قاراپ پۇلغا ھاجەتمەنكەن دەپ قالدىلىما ؟ — مېھرىبان ئاچچىقىدا تىترەپ كەتتى ، — بۇ 20 سوم پۇلغا بالامنىڭ كۆتىنى ئېرتمايمەن ، ئۇقتىلىما ؟ شۇڭا چىرايلىقراق دوپپىدىن بىرنى ئېلىپ مۇنۇ ئايپاڭۋاشلىرىنى يېپىۋالسىلا .

مېھرىبان 20 سومنى ئۇستامنىڭ يۈزىگە ئېتىپ كېتىپ قالدى .

قەدىرداندىن ئايرىلغان يەتتە ـ سەككىز يىل ئىچىدە ، جان باقماق پەرز ، دەپ ، بازارغا يۈزلەنگەن مېھرىبان ئايپاڭۋاشنىڭ قىلىقىدىن ئۇنچىۋالا خاپا بولۇپ كەتمىدى . ئۇ بازارغا چىققان يىللاردىن باشلاپلا سەت تىل ـ ھاقارەت ، ھەرخىل يامان نىيەتلىك تەلەپلەر ، قاش ئېتىپ ، كۆز قىسىپ قىلغان ھاياسىز بىشارەتلەرنىڭ ھەممىسىگە كۆندى . كۆنمەي ئامال قانچە ؟ كۆنمىسەڭ گال ھەم تۇرمۇش ساڭا قاراپ تۇرسا ، بۇ دۇنيادا ياشايمەن دەيدىكەنسەن ، كۆلمەيدىغان يەردە كۈلۈشكە ، ھجايمايدىغان ئادەمگە ھجىيىشقا ،

مۇشت يېيىشكە تېگىشلىك بايقۇشقا سالام بېرىشكە توغرا كېلىدۇ . مانا بۇ ، زامان ساڭا باقمىسا ، سەن زامانغا باق ، پالتا چۇشكۈچە كۆتەك دەم ئاپتۇ ، دېگەندەك گەپلەر...

مېھرىبان ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشى ، چىراغ يېقىلىپ كەتتى . ئاپىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ ياتقان قەيسەر توكنىڭ يېپىنى تارتىۋەتكەنىدى .

— شۇ چاغقىچە ئۇخلىمىدىڭما ، قوزام ؟

— ئۇخلىدىم ، ئەمما دەرۋازىنىڭ تاراقلىغىنىدىن ئويغىنىپ كەتتىم .

مېھرىبان چايدانىنى كۆتۈرۈپ بېقىپ ، قايناق سۇنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى - دە ، تۇرۇبىدىن بىر ئاپقۇرغا سۇ قۇيۇپ نان چىلىدى ھەم ئالدىرىماي يېيىشكە باشلىدى . قەيسەر ئاپىسىنىڭ ھازىرغىچە كەچلىك تاماق يېمىگەنلىكىنى بىلىپ ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى :

— ئاپا ، نېمىشقا بازاردا تاماق يەپ كەلمىدىڭ ؟

— گۆشنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە ئاشخانىلار تاقىلىپ كېتىپتۇ .

— كاۋاپ بىلەن نان يېسەڭمۇ بولاتتىغۇ ؟

— قورسىقىم ئاغرىپ قاپتىكەن ، گۆش ئىسسىق كېلەمدىكىن ، دەپ قورقتۇم .

مېھرىبان ھەر قاچان تاتلىق - تۈرۈم ، يەل - يېمىش ، گۆش ، تۇخۇم ، ياخشىراق تاماقلارنى ئوغلىغا يېگۈزەتتى . قەيسەر : «ئاپا ، سەنمۇ يېگىنە» دېسە ، ئۇ : «چىشىم ئاغرىيدۇ» ، «ماڭا زىيان قىلىدۇ» دەپ يېگىلى ئۇنىمايتتى . مانا ھازىرمۇ : «گۆش ئىسسىق كېلىدۇ» دەۋاتىدۇ ، ئەمما بۇ گۆدەك ئاپىسىنىڭ ئاشۇ گەپلىرىگە ئىشىنەتتى .

— ئاپا ، بۈگۈن سېنىڭ بىلەن ياتايچۇ .

— نېمىشقا ئەمدى ، ھۇجرا ئۆيدە يېتىشتىن قورقۇۋاتامسەن ؟ — مېھرىبان چىنىنى تەكچىگە ئېلىپ قويدى ، — قورقما ، بوۋاڭ ھەر قېتىم ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، زوتالىق قىلى-

غاندىن كېيىن تۆۋىنى بىرەر ھەپتە، بولمىسا بىرەر ـ ئىككى ئاي يوقاپ كېتىدۇ.

چارچاپ ھېچ ھالى قالمىغان مېھرىبان نان چىلاپ يېگەن چىنىسىنى يۇيۇشقىمۇ ھەپسىلىسى يوق، كارىۋاتقا چىقتى، ئاق كالتە ئىشتان، ئاسما مايكىسى بىلەنلا ياتقان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ كارىۋات كۆلەنچۈكىگە يۆلەندى ـ دە: «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنندى. دېمىسىمۇ بۇ يۆلەنچۈكسىز ئانىنى غەم بېسىۋالغانىدى. بۇ تۈۋسىز غەم، چىگىش خىيال يەنىلا مۇشۇ مۆلدۈرلەپ تۇرغان نارەسىدىنىڭ قورسىقىنى قانداق بېقىش، بۇندىن كېيىنكى ھايات مۇساپىسىچۇ ... مانا بۇلار كۆزلىرى ئۇمىدسىزلىك شەبنەملىرى بىلەن تولغان نائىلاج ئانىنىڭ لەھەتتەك قاراڭغۇ قىسمىتى ئىدى. بۇگۈنمۇ ئوغلىنىڭ گېپى ئۈچۈنلا ئەڭ ئېغىر ئىشنى ئەرزان بولسىمۇ قىلدى. ئەگەر بۇندىن كېيىن ئۇ قىلغۇدەك ئىش تېپىلمىسىچۇ! ئانا ـ بالا قۇرۇق نان يېگەن تەقدىردىمۇ، كۈنىگە ئالتە سوم پۇل كېتىدۇ. ئۆسۈۋاتقان باللار تاماق يېمەي تۇرالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن گۆش، ماي، ئۇن، گۈرۈچ، كۆكتات، كۆمۈردەك نەرسىلەرنى «ھەق ئىلاللا» دېگەنگە بەرمەيدۇ ـ دە!

— ئاپا، ھېلىقى «بالا سەيگۈيۈەن» دېگەن قاقچى بالىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگىنە، — ئاپىسىنىڭ باغرىغا بېشىنى قويۇپ ياتقان قەيسەر قايرىلىپ قارىدى، — بولغىنا، ئاپا، سەن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى خېلى بولدىغۇ ئېيتمىغىلى.

— بولدى، بالام، ئەمدى ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتمايلى.

— نېمىشقا؟ « بالا سەيگۈيۈەن» ئوبدان تۇرسا.

— ئۇنى ئوبدان دېگىلى بولمايدۇ، ئۇمۇ خىروئىن چېكەتتى.

— نېمە؟! — قەيسەر چاچراپ تۇرۇپ كەتتى، — يالغان ... يالغان ئېيتىۋاتىسەن!

— راست، بالام ... ئۇ خىروئىن چېكەتتى.

— ئەمىسە ئۇمۇ بوۋامدەك ئوغرى، بۇلاڭچى، مۇتتەھەممۇ؟

— ياق! ئۇنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن پۇلى بولغاچقا، ئۇنداق

ئىشلارنى قىلمايتتى .

— ئۇ شۇنداق ياخشى تۇرسا ، نېمىشقا خروئىن چېكىدىغاندۇ ؟ — قەيسەرنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى ، — ئىسىت ، ئىسىت ... نېمىشقىمۇ چېكەر ...

— بالام ، ئېسىڭدە تۇت ، خروئىن چەككەنلەرنىڭ بىرىمۇ ياخشى ئەمەس .

«بالام ، ئېسىڭدە تۇت» ، مۇشۇ گەپنى قەيسەر ئىككى يېشىدىن تارتىپ ئاڭلاۋەرگەچكىمۇ ، كۆڭۈل ئابىدىسىگە ئويۇلغان خەتتەك ، ئۇنىڭغا يادا بولۇپ كەتتى . «بالام ، ئېسىڭدە تۇت ، خروئىن ئادەمنى جىن - ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ» ، «بالام ، ئېسىڭدە تۇت ، دۇنيادا پۈتۈن يامانلىقنىڭ ئاچقۇچى خروئىن» ، «بالام ، ئېسىڭدە تۇت ، خروئىن چەككەن ئادەم ئۇدۇل دوزاخقا كىرىپ ، يىلان - چايانلارغا يەم بولىدۇ»... مانا بۇ خروئىندىن بەختىنى يوقاتقان بىر ئاجىزەنىڭ پۈتۈن دۇنياغا قىلغان خىتابى ، كۆتۈرگەن چۇقانى ، پىغانلىق نىداسى ئىدى !

ئەلۋەتتە ، قەدىردان خروئىن چەكمىگەن بولسا ، ئانا - بالا بۇگۈنكىدەك ئازاب - ئوقۇبەتتە ۋەيران بولارمىدى ؟ ! ئابابەكرىنى خروئىن بىلەن تەمىنلىمەي ، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىلا تېگىشلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرغان بولسا ، ئۇ ھازىرقىدەك ياۋۇز مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتەرمىدى ! ؟ ئۆزىمۇ قاچقۇن بولۇپ ، يات يەرلەردە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرەرمىدى ! ؟ ئەدناسى ئۆلارنىڭ مېھرى ئىللىق ئائىلىسى باھار چېچەكلىرىدەك توزۇپ كېتەرمىدى ؟ !

مېھرىبان باغرىدا ياتقان ئوغلىنى ئاستا پەپىلەپ ئۇخلىتىپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ياستۇققا ياتقۇزدى ، ئاندىن يوتقاندا قىپچىپ يۆگەپ قويدى . ئىچىدە : «بۇندىن كېيىنكى تەقدىر - قىسمەتلىرىڭ نېمە بولۇپ كېتەر» دەپ پىچىرلاش بىلەن تەڭ ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى . مېھرىبان ھازىرغىچە ئوغلىغا : «داداڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ ، شۇ يەردە كېسەل بولۇپ ئۆلگەن» دەپ ئىشەندۈرۈۋەتتى . چۈنكى ، ئابابەكرى دوستلۇقتىكى ئۆيىنى چېكىپ

تۆگىتىۋەتكەندىن كېيىن، قەدىردانغا قايسى يۈز بىلەن قاراش مە-
سىلىسى نومۇس جەھەتتىن ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ، ياخشى كۆر-
گەن ئېرىگە مەڭگۈ كۆرۈنمەسلىك قارارىغا كەلگەنىدى. كېيىن ئۇ
ئوغلى قەيسەردىن ئەنسىرەپ قالدى. ئاتابەكرى ئۇنىڭ پېيىگە چۈ-
شۈپ، ئادەم سودىگەرلىرىگە سېتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. شۇڭا، ئۇ
قەدىردانىنىڭ دېرىكىنى ئالالىسىلا، بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىپ
خاتىرجەم بولماقچى بولدى. مانا «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى
ئاشخانىسى» دېكى كازىم، قاقچى ھېلىمجان ئاۋاقلارغا ئۆزىنىڭ
تۇرۇشلۇق ئورنىنى دەپ بەرگىلىمۇ بىر يىلدەك بولدى. ئەگەر
قەدىردان ئاڭلىسىلا چوقۇم ئىزلەپ كېلەتتى. ئۇنىڭ كەلمىگىنىگە
قارىغاندا، يەنىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كىرىپ كەتكەنلىكى ئېنىق.
مېھرىبان بىر يىلدىن بېرى ئۇنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن
كۈتتى. ئۇ نومۇس كۈچىدىن قېچىپ يۈرگەن چاغلاردا، قەدىردان
ئۇنى نەچچە يىللارغىچە ئىزلىدى. مانا ئەمدى مېھرىبان ئۇنى كۈت-
كەندە، ئۇ بىردىن غايىب بولدى. خۇدا ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشىغا،
بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈشىگىمۇ يول قويمايدىغان چېغى! ھازىر
قەدىردان مېھرىبان ئۈچۈن تولىمۇ قەدىرلىك ۋە بەكمۇ مۇھىم
ئىدى. چۈنكى، ئانا ـ بالىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ماڭار يولى تولىمۇ
قاراڭغۇ بولۇپ، قەيسەرنى ئوقۇتۇش بۇياقتا تۇرسۇن، تامىقىنىڭ
ھۆددىسىدىن چىقىشمۇ تەسكە توختايدىغاندەك قىلاتتى. كاۋاپچىلىق
قىلغان چاغلىرىدا، ھەر هالدا كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن
چىققۇدەك پايدا بولۇپ تۇراتتى. ئەمدى بۇگۈنكىدەك 10 سوم
ئۈچۈن خەققە يېلىنىپ، ھەتتا خورلىنىپ يۈرسە، بۇ ئانا ـ بالا
بۇندىن كېيىن قانداقمۇ قىلار؟

رېئاللىق مېھرىبانىنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. ئانا ـ بالىنىڭ
ئاچ ـ توق كۈنلىرى باشلاندى. مېھرىبان زىخقا گۆش ئۆتكۈزىدى-
غان، كاۋاپ پىشۇرىدىغان ياكى مېھمانلارنى كۈتىدىغان ئىشلارنى
ھەر كۈنى ئىزلەيتتى، يېلىنىپ ـ يالۋۇراتتى، كاۋاپچىنىڭ ئىش
ھەققى بەرگىنىگە خۇش بولۇپ، قانچە بەرسە غىڭ قىلمايتتى. بىر

كېچىدە تاپقان ئاشۇ ئازغىنا پۇلغا نان ياكى زاسوي دېگەندەك ئاددىي يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ ، ئوغلىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزاتتى . شۇڭا ، قەيسەر تالادىن كىرىپلا ، ئويۇقتىكى كورنىڭ ئاغزىنى ئاچاتتى ، يەيدىغان نەرسە بەزىدە بولاتتى ، بەزىدە كورا قۇپقۇرۇق تۇراتتى . كېيىنچە قەيسەر ئاپىسىدىن ، يەيدىغان نەرسە بارمۇ ، دەپ سوراشقا ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، دېيىشكە تىلى بارمايدىغان بولدى . مېھ-رىبان كەچتە سولغۇن ، هارغىن چىراي سولتىيىپ كەلدىمۇ ، ئۇنىڭ شۇ كېچە ئىش تاپالمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . بۇنداق چاغلاردا قەيسەر ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك ، قورسىقى ئاچ بولسىمۇ : «ئاپا ، مەن ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە تاماق يەپ كەلدىم» دەيتتى . مانا بۇ يەتتە ياشلىق بالىنىڭ ئەقلىنىڭ يېتىلى-ۋاتقانلىقى ، چوڭلارنىڭ دەردىنى چۈشىنىۋاتقانلىقى ئىدى . هازىر قەيسەر پات - پاتلا : «ئاپا ، مەن بالىلار بىلەن ئويناىمەن» دەپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى ، سودىسى ئاۋات ئاشخانىلارنىڭ بىرەر بۇلۇڭىدا ماراپ تۇراتتى . قاچىدىكى تاماقنى پاكىز يەپ تۈگىتىدى-غان خېرىدارلار ئاز بولسا كېرەك ، تولىسى پولۇ ، مانتا ياكى لەڭمەن بولسۇن ، قاچىنىڭ تېگىدە قالدۇرۇپ قوياتتى ، هەتتا بىر ئىككى هورنان بىلەن گۆشلۈك قورۇمىلارنىمۇ تاشلاپ چىقىپ كې-تىدىغانلار بولاتتى . قەيسەر ئۇچقاندەك كېلىپ ، ئۇلارنى سۈلياۋ خالتىغا تۆكۈۋالاتتى . تېخى بەزى ئىنساپلىق ئاددەملەر ئاتايتەن چا-قىرىپ ، تامىقىنى بېرەتتى . كەچتە ئاپىسى :

— بالام ، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ - ھە ؟ — دېسە ، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ياق ، ئاپا ، ئاغىنەم بىلەن بىر ئاشخانىنىڭ كۈلىنى تارتىپ تۆكۈپ بەرسەك ، تاماق بەردى ، دەيتتى ياكى : «يۇندىسىنى تۆك-تۈق» «ئاشخانىسىنى تازىلاپ بەردۇق» دەپ ، ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلاتتى . كېيىنچە قەيسەر بىر - ئىككى كۈن يوقاپ كېتىدىغان ئىشلارنى چىقىرىۋالدى . شۇڭا ، مېھرىبان ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ سۈرۈشتە قىلدى :

— قەيسەر بالام ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى نەلەردە يۈرۈيسەن؟ سەندىن ئەنسىرەپ ...

— ئەنسىرىمە ، ئاپا ، شەھەردە بىر نەچچە ۋاسكىچى باللار بىلەن ئاياغ مايلاپ جېنىمىزنى باقتۇق .

— كېچىلىرى نەلەردە ياتتىڭلار؟

— ۋاسكىچى باللارنىڭ كۆپلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئانىسى ، بەزىسىنىڭ دادىسى يوق ! تېخى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، ئانىسى ئەرگە تەگكەن ، ھەتتا ئانىسى بىلەن دادىسى ئاجرىشىپ كېتىپ تاشلىنىۋەتكەن باللارمۇ بار . شۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ياتتىم .

— يامان باللارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ، يامان ئىشلارنى قىلىپ قويارمۇ ، دەپ ئەنسىرەيدىكەنمەن .

قەيسەرنىڭ دېگىنى راست ۋاسكىچى باللار ئىدى . بىراق ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يانچۇقچى ، توغرا كەلگەندە يانچۇقتا قول سالاتتى ، سومكىلارنى ئېلىپ پۇل قاپچۇقى ، يان تېلېفون ، ئاپپارات دېگەندەك نەرسىلەرنى سۇغۇرۇۋالاتتى . بىراق ، قەيسەر ئاشخانىلارغا كىرىپ ، تاماق شىرەلىرىدىكى «يېغىندا»لارنى يېغىپ قورساق تويغۇزاتتىكى ، ئوغرىلىق قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى ھەم بەك قورقاتتى .

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاماللىرى دوللارنى قورۇپ ، ھەرىدەك چاقىدىغان سوغۇق كۈنلەر يېتىپ كەلدى . پات ـ پاتلا يامغۇر قارغا ئايلىناتتى ، بىرنەچچە كۈنگىچە داۋام قىلغان جۇدۇن ـ چاپقۇن دەل ـ دەرەخلەرنى يالىڭاچلاپ ، گۈل ـ گىياھلارنى خازان قىلىپ ، ئۈششۈك قىروسى پەيدا بولاتتى . كەچلىك بازارنى ئاۋات قىلىدىغان تىجارەتچىلەرمۇ كۈندىن ـ كۈنگە شالاڭلاپ ، ئاخىر بازار مەيدانى چۆلسىرەپ قالدى . ھېچ ئامال قىلالمىغان مېھرىبان مەھەللە ئىش باشقۇرۇش رايونى باشلىقىغا ھال ئېيتىپ يىغلىۋەتتى . دېگەنىبىلەن ئۇلار مۇزاكىرىلىشىپ ، ئىشتىن قالغان ، ئىش ئورنى يوق ، جان سانى كۆپ شەھەر ئاھالىلىرىنى ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش ياردەم پۇلى بىلەن تەمىنلەش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ، ئۇنىڭغا

ئايدا 200 سوم بېرىدىغان بولدى . مانا بۇ ئۆلمەسلىكنىڭ بىردىنـ
بىر كاپالىتى ئىدى . ئەگەر بىر ئادەم كۈنىگە ئۈچ ۋاخ نان يېگەن
تەقدىردىمۇ ، ئايدا 90 سوم پۇل كېتەتتى . ئەمدى بۇ قىش ـ
قىروۋادا كۆمۈر قالىماسمۇ ، كۈنىگە بىر ۋاخ ئىسسىققىنا تاماق
يېمەسمۇ ! شۇنداقتىمۇ مىڭ قەتلە شۈكۈر . بۇ 200 سوم پۇل
مېھرىبانىنىڭ ئىشەنچ چىرىغىنى ياندۇردى !

بىر كۈنى ، چاپان ـ ئىشتانلىرى لاي بىلەن بۇلغىنىپ ، يۈزـ
لىرى زېدە بولۇپ كەتكەن ئابابەكرى ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ
چىرايىدىن ، تۇرقىدىن بۇرۇنقى ئابابەكرىگە ئوخشىمايتتى . بۇ قېـ
رى بەگنىڭ قولاق تۈۋىلىرىدىكى شالاڭ ئاق چاچلىرى تۆكۈلۈپ ،
بېشىدىكى تاقىر گەدىنىگە يېتىپ كەلگەندى ، ياڭاق سۆڭەكلىرى
قوزۇقتەك ئۈچلىنىپ ، كۆزلىرى جەھەننەمدەك پىلدىرلايتتى ،
دۈمبىسىدىكى دۈمچەكمۇ خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاچقا ، بېشى تۆۋەنگە
چۈشۈپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى ، بولۇپمۇ يۈزلىرىدىكى جاراھەت
ئىزلىرى ئۇنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قىلىۋەتكەنىدى .

— ماڭا مايلىق قىلىپ پولو ئېتىپ بەر ، — دېدى ئابابەكرى
سۇپىدا ئولتۇرۇپ ، — مايلىق تاماق يېمەي قاغجىراپ كەتتىم .

— ئەمىسە 50 سوم پۇل بەر ، مەن گۆش ، ماي ، گۈرۈچ ،
سەۋزە ئەكىلىپ ئېتىپ بېرەي .

— مەن تېخى ساڭا 50 سوم بېرەمدىمەن ؟ — ئابابەكرى
ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ، — سەن ··· سەن كىمنىڭ ئۆيىدە
ئولتۇرۇۋاتىسەن ؟

— ئۆزۈمنىڭ سېتىۋالغان ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتىمەن !

— قاچاندىن بېرى بۇ ئۆي سېنىڭ بولۇپ قالغان ؟

— سەن 27 مىڭ سوم پۇلۇمنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، ساقـ
چىلار پۈتۈن مەھەللىگە بۇ ئۆينىڭ ماڭا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى
جاكارلىغان . ئەگەر ئۆكتەملىك قىلساڭ ، قانۇن بويىچە جازالـ
ىنىسەن !

— سەن مېنى نەچچە قېتىم ساقچىلارغا چېقىپ ،مەقسىتىڭگە

يېتەلمىدىڭ ، — ئابابەكرىنىڭ ئورا كۆزلىرى چومچۇقلاپ كەتتى ، — لېكىن ھازىرغىچە پەيلىڭدىن يانمىدىڭمۇ ؟
ئابابەكرى غولاچلىرىنى كېرىپ ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ئې- تىلىپ كېلىشى ، مېھرىبان شارتلا قىلىپ چەيدونى قولىغا ئالدى . ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىك ، كۆزلىرىدىن چاقناۋاتقان چېقىن ، چەيدو تۇتقان قوللىرىنىڭ چىڭ كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئابابەكرى سەل قورقۇپ قالدى . چۈنكى ، قىزىنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى بىلىپ قالغانىدى .
— سەن ··· سەن مېنى راستلا ئۆلتۈرمەكچىمۇ ؟ — خىرقىرىدى ئابابەكرى ، — دا ··· دادىسىنىمۇ ئۆلتۈرەمدۇ ـ ھە ؟
— تاشمۇ چىداپ ـ چىداپ ، بىر كۈنى «ۋاككىدە» يېرىلىدۇ ئەمەسمۇ ؟
— قا ··· قاتىل جىنايەتچى بولۇپ قېلىشتىن قورقىماسەن ؟
— بۇ دېگەن يوللۇق قوغدىنىش ، ساقچىلار : «گېزى كەلگەندە شۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ» دېگەن ، ئۇقتۇڭما ؟
خىرۇئىن زەھىرىدىن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئابابەك- رى گىلدىڭلاپ ئارانلا تۇرۇۋاتاتتى ، ئۇنىڭ ئازگالغا چۆشۈپ كەت- كەن قارا مۇنچاقتەك خۇنۇك كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ پىلدىرلاپ تۇ- رۇشى ھايات شامىنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتت- تى . شۇ تۇرقىدا مېھرىبان ئۇنى بىرلا ئىتتىرىۋەتسە ، سۆڭەكلىرى شاراقلاپ تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئورۇق ئىدى . قىزىغا تەڭ كې- لەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ئابابەكرى سۇپىدا زوككىدا ئولتۇرۇپ ھاڭراپ يىغلىۋەتتى :
— ئاھ خۇدايىم ، بۇ ··· بۇ قانداق زامان بولۇپ كەتتى ! باللىرى دادىلىرىغا پىچاق تەڭلەۋاتسا ، ئاخىر زامان بولغان ئوخ- شىمامدۇ ! ھا ··· ھا ··· ھا ···
— ھەي كۆل بەڭگى ، قايسى ئاغزىڭ بىلەن خۇدايىمنى تىلغا ئېلىۋاتىسەن ؟
— خۇدايىم ئۆزى چەك دېگەن تۇرسا ، — ئابابەكرى كۆزىدە ياش يوق ھاڭراۋاتاتتى ، — ھا ··· ھا ··· خۇدايىمنىڭ ئىرادىسىسىز

ھا ... ھا ... قىل تەۋرىمەيدىغۇ !

غەزەپ ھاياجىنىدا تىترەۋاتقان مېھرىبان بىردىنلا لاسسىدە بوشاپ قالدى . توۋا ، ماۋۇ پاسىق بەندىنىڭ ئۆزىنى قوغداۋاتقان قورالىنى كۆرۈڭ ! خۇددى قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ ، دېگەندەك ، قىلغان گۇناھلىرىنى خۇداغا ئارتىپ قويۇپ ، كىرىدىغان كامار تېپىۋالغىنىنى قارا !

— بولدى ، تولا ھاڭراۋەرمە ، — دېدى مېھرىبان ئاچچىقىدا ، — مىڭ ھاڭرىساڭمۇ بۇ ئۆيدىن ساڭا تاماق ئېتىپ بەرگۈدەك بىر نېمە چىقمايدۇ .

— يالغان ئېيتما ، راستلا يوقما ؟

— ئىش - ئوقەتنىڭ يىلتىزىغا ئۆزۈڭ پالتا ئۇرۇپ تۇرۇپ ، يەنە مەندىن سورايسىنا .

— نان بولسىمۇ مەيلى .

— بۇ ئۆيدە ھازىر نانمۇ يوق ! — مېھرىباننىڭ قاتتىق ۋارقى-رىشىدىن ئابابەكرى چۆچۈپ كەتتى ، — بۇ ئۆيدە نان ، ئاش - تاماق بولىدىغان بولسا ، بالام ئۆيدىن چىقىپ كېتەرمىدى ؟

— نېمە ، قەيسەر ئۇ ...

— ھازىر قەيسەر بالام ۋاسكىچى باللار بىلەن جېنىنى بېقىپ يۈرىدۇ ، — مېھرىبان يۈزىنى قامالاپ يىغلىۋەتتى ، — ھەپتە ئون كۈندە بىرەر قېتىم كېلىپ مېنى يوقلايدۇ .

ئابابەكرى چىقىپ كەتتى . مېھرىباننىڭ ئۆيدە يالغۇز قېلىشى ئۇنىڭغا ئامەت ئىشكى ئېچىلىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . كېچىدىن ئۇ كۆرۈك ئاستىدا يېتىپ نېمە ئازابلارنى تارتمىدى . زەربىگە ئۇچرىغان يىلاندەك تولغىنىپ ، بوغۇزلانغان ئۆچكىدەك پۇتلىرىنى ئېتىپ ، دارغا ئېسىلغان گۇناھكاردەك خارقىراپ ، بۇغرىغا كىر-گەن تۆگىدەك ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ ، دەھشەتلىك تىترەپ ، ئۇياققا يۇملاپ ، بۇياققا يۇملاپ ، يۈزلىرىنى يەرلەرگە ئۇرۇپ قاچانلاردا ھوشىدىن كەتكىنىنى تويماي قالدى . ئۇ ئەتىگەنلىكى ھوشىغا كەلگەندە ، يامغۇر سۇلىرى يىغىلىپ قالغان پاتقاق ئىچىدە ياتاتتى . ئەمدى بۇگۈن خۇمارى تۇتۇپ قالسا ، يەنە شۇ ئازاب

تەكرارلىنىدۇ . راست ، مېھرىبان تۇگىمەس ۋە خورىماس بىر بايلىق ، ئەمما دەسلەپتە كۆندۈرمەك تەس ، بىر ـ ئىككى قېتىملا كۆندۈرۈۋالسا ، كېيىنچە ئۆزى ئۆگىنىپ قالىدۇ . بىراق ، ھازىر پۇلدار غوجاملار ، ئىپسىل بەگزادىلەر 15 ياشتىن 20 ياشقىچە بولغان كىچىك قىزلارنى ياخشى كۆرىدۇ . مېھرىبان 16 يېشىدا قەيسەرنى تۇغدى ، ھازىر 22 ياشنى تۇگىتىپ ، 23 ياشلارغا قەدەم ئالدى . زىلۋا ، غۇنچە بوي ، كىچىك چىراي بولغاچقا ، 15 ـ 16 ياشقا كىردى دېسىمۇ خەق ئىشىنىدۇ . بىراقزە ، بۇ قىزنىڭ گىرىم قىلمايدىغىنى چاتاقتە ! بولمىسا ھازىرقى مودا قىزلار چۆلدە قالسۇن ، نى ـ نى باشلىقلار ، دىرېكتور ، لىدىرلار ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغان پەرۋانىدەك ، مېھرىبانىنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ ، كىم بىلىدۇ ، بىرەر باي تۇقاللىققا ئالسىمۇ ئەجەب ئەمەس …

ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا ، بەندەم دېسەڭ ، ئاشۇ خىروئىن ئاتلىق نىجىسقا يېقىن يولاتما ! ئۇنىڭغا قاراتقۇچە ، شۇ بەندەڭنىڭ قېشىغا دەرھال ئەزرائىلنى ئەۋەت ، ئامانىتىڭنى ئېلىپ كەتسۇن . «ياق ، ئۇنىڭ گۇناھى كەبىر ، گۇناھى سەغىرلىرى كۆپ ، ئازاب تارتمىغۇچە ئامانەتنى ئالمايمەن» دېسەڭ ، ئۇنىڭغا كېسەل بەر ، ئەڭ يامان كېسەلنى بەرسەڭمۇ مەيلى ، ئۇنىڭ ئىغىز ، بۇرۇنلىرى قان ـ يىرىڭ بولۇپ ئېقىپ كەتسۇن ! تەنلىرى قۇرتلاپ ، يەرلەرگە توروكلاپ تۆكۈلسۇن ! ئېشەك تاپىدەك پۇراپ ، ئادەملەر ئىغىز ـ بۇرۇنلىرىنى تۇتۇپ ئۆتسۇن ، ئۇ بەندە ھەتتا : «تۆبە ئىللاللاھۇ تۆبەتەن نەسۇبىھا»[1] دەپ توۋا قىلسىمۇ ، قىيناقلىرىڭنى توختاتما ، ئەمما خىروئىن ئاتلىق بالايىئاپەتكە ئاشنا قىلما ! قارىغىنا ، ئابابەكرى بىر ھالال تىجارەتچى ، كۆيۈمچان ئاتا ، ۋاپادار ئەر

[1] ئاللا ، تۆبەمنى نەسۇبىھانىڭ تۆبىسىدەك قوبۇل قىلغايسەن . رىۋايىتى : زىنالاردىن قول ئۈزمىگەن نەسۇبىھا بىر كۈنى بىر مەزلۇمەنى ھامامغا ئېلىپ كىردى . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان شەھەر ئەھلى ھامامغا بېسىپ كىرگەندە ، بويىنى سۇغا سېلىۋاتقان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ ، شەرمىسار بولغان ھالدا چېقىمچىغا تاپا ـ تەنە قىلىشتى . ئەسلىدە خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشنى بىلگەن نەسۇبىھا چىن ئىخلاسى بىلەن بىر توۋا قىلدىكى ، ئاللا ئۇنى قوبۇل ئەتتى ، نەسۇبىھا شۇ ھامان ئايال سۈرىتىگە كىردى .

ئىدى . ئۇ خىروئىنغا گىرىپتار بولۇۋىدى . ئىنساندىكى ئەڭ يامان نومۇسسىزلىق — غۇرۇرسىز ، ۋىجدانسىز ، پەسكەش ، تەمەخور ، خۇشامەتچى بىر قۇلغا ئايلاندى . ھېلىغۇ ئۇ قىزىنىڭ كۆكىنى ساتماقچى ، ھەتتا خوتۇنىنى ئۆز قولى بىلەن سولاپ بېرىپ ، ئىد-شىكتە كۆزەتچىلىكتە تۇرغان ئەرلەرنىمۇ كۆز كۆرۈپ ، قۇلاق ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ ! نېمە ئۈچۈن ؟ ئاشۇ بىرنەچچە شورام ئاق تۇتۇن ئۈچۈن ...

گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى . ئابابەكرى كوچىلاردا كېتىۋاتقان سۆلەتۋاز نوچىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ ، خالىيراق يەرگە كەلگەندە ، ئاستاغىنا پىچىرلاپ : «ھەي ، ئوينىغۇڭىز يوق-مۇ ؟» دەيتتى . بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈكلەر : «قېنى كۆرۈپ باقمام-دۇق» دەپ ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى . ئابابەكرى : «ئۇ كوچىغا چىقسىپ باقمىغان ، ئۆزى كىچىك ، ھازىر ئۆيدە ، مەن باشلاپ بارد-مەن» دېيىشى ، ئۇلار : «بۇ ساختىپەز ئوخشايدۇ» دەپ ، كۆپلىرى كېتىپ قالاتتى .

ئابابەكرى كوچىدىن خېرىدار تاپالماي ، كېچىلىك بەزمىخانىغا بارغانىدى ، بەزمىخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان قوغدىغۇچى خا-دىم ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپلا : «ماڭ - ماڭ ، بۇ سېنىڭ تىلەمچىلىك قىلىدىغان يېرىڭ ئەمەس» دەپ ھەيدىۋەتتى . لېكىن ، قوغدىغۇچى خادىم كىرىپ - چىقىۋاتقانلارغا ئېگىلىپ سالام قىلاتتى ، ھەتتا ئىللىق ھىجىياتتى ، بولمىسا ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بىلەت ياكى باغاق-مۇ يوق ئىدى . ئابابەكرى ئېسىلزادە بېگىم - خېنىملار ئۈچرىسىد-لا ، خۇددى پىستە كۆچۈكلەردەك قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ ، ئېگىلىپ سالام قىلاتتى . ئۇلار قارىسۇن - قارىمىسۇن ، نەزەر سالسۇن - سالمىسۇن ، ھىجىيىپ ، قورۇلۇپ ، ئادەمنىڭ نومۇسى كەلگۈدەك قىلىقلارنى قىلاتتى . بىردىنلا ئۇ ئېسىل كىيىنگەن ، چاچلىرى ، يۈزلىرى پارقىراپ تۇرغان بىر توپ ياش ، ئوتتۇرا ياشلىق ئېسىلزا-دىلەرنىڭ «سىرىق ئەتىرگۈل» قاۋاقخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا دۆۋىلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دەپ

ۋارقىرىشاتتى ، قوللىرىنى شىلتىپ تىللايتتى . بىر مەست يىگىت ئىككى قوغداش خادىمى بىلەن ياقىلىشىپ ، سۆرۈشۈپ ، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ جېدەللىشىۋاتاتتى . ئابابەكرى غىپىلا قىلىپ قاۋاقخانىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ پەلەمپەيلەردىن ئۆرلەپ زالغا چىققان بولسىمۇ ، ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى . ئەتراپ قاراڭغۇ گۆردەكلا كۆرۈندى . كېيىن بارا - بارا ئەتراپتىكى ئالدى ئوچۇق ئايرىمخانىلار ، مەيدانغا چۈشۈپ چىڭ قۇچاقلىشىۋالغان بىر جۈپ - بىر جۈپلەر گىرىمسەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالغانلار تانسا ئوينىغاننى دورىغاندەك بىر يەردىلا قىمىرلايتتى . چۈنكى ، يىغلاڭغۇ بىر مۇزىكا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىدىن ، بەللىرىدىن قاماللاپ ، يۈزلىرىنى يۈزلىرىگە ، قىسقىسى ھەممە يېرىنى يېقىپ ، خۇددى بىر ئادەمدەك قىمىرلاپ تۇرۇشىغا لايىق چېلىنىۋاتاتتى . قاۋاقخانا زالىنىڭ تورۇسىدا پىرقىراۋاتقان يۇمىلاق چىراغنىڭ تۆشۈكلىرىدىن لىپىلداۋاتقان كۆك ، سېرىق ، قىزىل نۇرلار زال ئوتتۇرىسىدا پىرقىرىغۇچتەك ئۇيۇپ قالغانلارنى غىل - پاللا يورۇتۇپ ئۆتكەچكە ، ئۇلارنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى . بۇ بەگزادە - خېنىملارنىڭ كۆپلىرى مەيدانغا چۈشۈۋالغاچقا ، يېشىل چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئايرىمخانىلاردا ئادەملەر تولىمۇ شالاڭ ئىدى . بەزىلىرى قۇچىقىغا ئولتۇرۇۋالغان خېنىم بىلەن ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشسە ، بەزىسىدە خېنىملار ياراتمىغان ياكى جۈپتى يوقلار يالغۇز تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى . ئابابەكرى بىردىنلا ئەڭ چەت بۇلۇڭدىكى ئايرىمخانىدا پىل - پىل قىلىپ يېنىۋاتقان سەرەڭگە يورۇقىنى كۆرۈپ قالدى ، بۇ ھال ئۇنىڭ دەرھاللا خۇمارىنى قوزغاپ ، خىرۇئىننى ئەسكە سالدى . ئۇ غىپىلداپ مېڭىپ ناتونۇش ئەرنىڭ قېشىغا باردى . ناتونۇش ئەر ئېگىشكىنىچە پال - پال ئاستىغا سەرەڭگە چېقىپ ، ئاغزىدىكى نەيچە بىلەن ئاق تۈتۈننى شورىماقتا ئىدى .

— بېگىم ، — دېدى ئابابەكرى بوينىنى سوزۇپ ، — مەنمۇ بىر - ئىككى نەپەس شورىۋالسامچۇ ؟

ناتونۇش ئەر گۆلىيىپ قارىدى . شۇندىلا ئۇنىڭ چوقۇر بىسىپ كەتكەن قاپقارا پارقىراق يۈزى ، دۆڭ ماڭلىيى ، سالپاڭ قۇلاقلىرى ، كۆز ئالمىسى پولتىيىپ تۇرغان پال ـ پال كۆزلىرى ئايان بولدى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەرلەر ئىرىق بولۇپ ئىقىۋاتقان بوينى سىمىز ھەم توم ئىدى .

— ھەي رەپرەپ ، بۇ «بىر شورىۋالاي» دەپ شورىۋالىدىغان ئاپاڭنىڭ ئەمچىكى ئەمەس جۇما ، — قارا چوقۇر ئىغىر ھاسىردى ، — بىر شوراشقا 300 سوم پۇل بارما ؟

— بىگىم ، ئەگەر مەيلىلىرى بولسا ، تىخى 17 ـ 18 گە كىرگەن بىر ھۆر بار ئىدى .

— ۋۇي ، ۋۇي ، ئادەم قاغجىراپ ئۆلتۇرغاندا ، نىمانداق تاتلىق گەپ قىلىدۇ ماۋۇ ئاۋاق ، قىنى ئۇ ھۆرپەرى ؟

— ئۇ تالا ـ تۇزلەرگە چىقىپ باقمىغان ھەم بۇ چاغقىچە بۇنداق ئىشنىمۇ قىلمىغان .

— خۇمارىڭ راسا تۇتۇپتۇ ـ دە ، قىرى ! — قارا چوقۇر سەت ھىجايدى ، — ئۇ سىنىڭ خوتۇنۇڭما ؟

— ياق ، قىزىم .

— خوتۇنۇڭ بولغان بولسا تىخىمۇ ياخشى بولاتتى دىگىنە ، ئىرىنى كۆزەتچىلىكتە تۇرغۇزۇپ ، ئەڭ ياخشىسى ، خوتۇنىنىڭ بىشىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئىش باشلىسا ··· پاھ ـ پاھ ، زەپ پەيزى بولىدۇ دىگىنە .

— قانداق ، كۆڭۈللىرى تارتسا ، مۇشۇ تۇرقىدىلا تاكسىدا بارىلى .

— بەك يىراقتىما ؟

— نەدىكىنى . يىكەن كۆلدە .

— يۇرە ئەمىسە .

— ئاۋۋال ··· ئاۋۋال ··· — ئابابەكرى چىكىشنى ئىشارە قىلدى ، — بەك ، بەكلا تۇتۇپ كىتىۋاتىدۇ ···

قارا چوقۇر ئابابەكرىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان ئورا كۆزلىرىگە

بىردەم قاراپ تۇرۇپ ، پال ـ پال بىلەن نەيچىنى ئابابەكرىگە تۇتقۇزدى . ئاندىن بىر گراملىق سۇلياۋ خالتىنى يىرتىپ پال ـ پالغا تۆكتى .

— قېنى ، مەن سەرەڭگە چېقىپ بېرەي ، سەن شورا ، — قارا چوقۇر ھاسىراپلا تۇراتتى ، — قىزلىڭ ماڭا راسا قىممەتكە توختايدىغان بولدى ـ دە . بوپتۇ ، ھۆرپەرى دەۋاتىسەن ، قېنى كۆرەرمىز .

— ئۇنداق دېمىسىلە ، غوجام ، — بىر سەرەڭگىلىك شورىغان ئابابەكرىگە جان كىردى ، — بىزمۇ بىلىمىز ، كۇرۇك توخۇدەك ئۇچرىغان يەردە يېتىۋېرىپ ، پاخشە بولۇپ كەتكەنلەرنىڭمۇ بىر كېچىلىكى 500 سومدىن 1000 سومغىچە تۇرسا .

— ھەي يىگىناغۇچ ، ئۇلار دېگەنچۇ قارا ، داڭلىق مودا سەتەڭلەر ، ئۇقتۇڭما ؟ يىكەن كۆلدىن باشقا يەرنى كۆرمىگەن تومپاي قىزىڭنى شۇلارغا تەڭلەشتۇرۇۋاتامسەن ؟ ھازىر دېگەن باھا چۈشۈپ كەتتى . بىر قېتىملىقى 20 ـ30 سوم ، بىر كېچىلىكى 50 ـ 60 سوم ! ئەمدى قوپە ، 300 سوملۇق چېكىپ بولدۇڭ .

ئۇلار سىرتقا چىقىپلا تاكسىغا چۈشتى . يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئۇزۇم شەكىللىك ھەيۋەتلىك چىراغلار كوچىلارنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى . ئادەملەرگە قارىغاندا ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىۋاتقان ماشىنىلار كۆپتەك قىلاتتى . شوپۇر يېقىن يوللار بىلەن يىكەن كۆلگە بىردەمدىلا يېتىپ باردى . ئابابەكرى چوڭ كوچا ، تار كوچىلارنى كۆرسىتىپ ماڭدى . ئۇلار بىر خالتا كوچا ئاغزىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشتى ـ دە ، كىچىك قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىغا كېلىشتى .

— بېگىم ، — ئابابەكرى چوقۇرنىڭ خۇنۇك تەلەتىگە قارىدى ، — بۇ قىز بۇنداق ئىشنى بۇ چاغقىچە قىلىپ باقمىغان ، شۇڭا بەك ياۋا ، قانداق قىلىشنى ئۆزلىرى چاغلالا .

— ياۋا بولسا تېخى ياخشى ، — قارا چوقۇر ھىجايدى ، — ئاشۇنداقلىرىنىڭ تەمى باشقىچە بولىدۇ !

— مەن ئىشىكنىڭ سىرتىدىن تاقاپ قويۇپ ، ئەتىگەندە ئېچىـ

ۋېتىمەن . مەن ... مەن — ئابابەكرى ھىجايدى ، — ھويلىدا تونەيمەن . بۇ خىزمىتىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا .

ئابابەكرى ئىشىكنى كوچەپ بىرلا تارتىۋىدى ، ئاجىز ئىلغىر ئاجراپ كەتتى . ئۆي ئىچىدىن : «سەن كىم ، قەيسەرما ؟» دېگەن ئاۋاز ئاخىرلاشمايلا ، قارا چوقۇر ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئابابەكرى ئىشىك ھالقىسىدا ئىسسىقلىق تۇرغان قولۇپنى شارتلا بىسىپ ، ئاچ-قۇچنى يانچۇقىغا سالدى .

ئۆي ئىچىدىن تىللاش ، ۋارقىراش ، نىمىلەرنىدۇر ئىتىش ، جاراڭلىغان ، تاراقلىغان ئاۋازلار كېلىشكە باشلىدى . تۇيۇقسىزلا ئۆي ئىشىكى جالاقلاپ : «بالام قەيسەر !» دېگەن ئىچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى . قارا چوقۇر يۇگۇرۇپ كېلىپ ، مېھرىباننى ئارقى-سىدىن قۇچاقلىغانچە سۆيىغا ئاتتى بولغاي ، بىر نەرسە گۈپپىدە قىلدى - دە ، مېھرىباننىڭ زەئىپ ئىڭرىغىنى ئاڭلاندى . ئارقىدىن ئىنجىقلاش ، ھاسىراش ، بوشراق توۋلاش ئاڭلىنىپ تۇردى ، ئاخى-رىدا ئۆي ئىچى جىمىپ كەتتى ...

كەچ كۈز قار سوغۇقىدا تىترەپ ، ھويلا ئىچىدە پىرقىراپ يۇرگەن ئابابەكرى تون نىسىبىدە كوچىغا چىقاتتى ، ھويلىغا كىرەتتى . ئۇ بارغانسېرى توڭلاپ ، ئېڭەكلىرى كاسىلداپ كەتتى . شۇ-ڭا ، دەرۋازا لەمپىسى ئاستىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى ۋە تىزلىرى-غا بېشىنى قويۇپ ئۇخلىماقچى بولدى . بىراق ، سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىپ ، ئۇنى ئۇخلىغىلى قويمىدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇيقۇنىڭ خۇ-مارى تۇتۇپ ، ئۇنىڭ كىچىك كۆزلىرى يۇمۇلۇپ ، بېشى ھەر تەرەپ-كە سامداپ ، ئىلەڭ - سىلەڭلا بولۇپ قالدى . بىر چاغدا نىمىدۇر بىر نەرسىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىدىن كۆزىنى ئاچتى . جاھان يو-رۇپ ، تاڭ ئېتىپ كەتكەنىدى . ئۆيدىن چىقالمىغان قارا چوقۇر ئىشىكنى تاراقلاتماقتا ئىدى . ئابابەكرى يۇگۇرۇپ بارغانچە ئىشىك-نى ئېچىۋەتتى . بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن قارا چوقۇر تەرلى-گەن ھالدا چىقتى - دە ، ئابابەكرىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى :

— يارايسەن ، ئاۋاق ، — قارا چوقۇر بىر گراملىق خىروئىن

قاچىلانغان سۈلياۋ خالتىدىن بىرنى ئابابەكرىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى ، — بۇگۈن كېچە جاپا تارتقىنىڭ ئۈچۈن ··· مەن سېنى يەنە ئىزدەيمەن .

— قانداق ، يارىدىمۇ ؟

— بەلەنكەن ··· بەلەن ، قېنى دېگىنە ، سېنى نەدىن تاپىمەن ؟

— «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»نىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىن .

قارا چوقۇر كەتتى . بىر چېكىم خروئىننىڭ خۇشلۇقىدا ئابابەكرى ئۆيگە ھجىيىپ كىرىپ كەلدى . لېكىن ، ئۇ قىزىنىڭ ئەلپازىدىن قورقتى . مېھرىبان يوتقانلارنىمۇ يىغىشتۇرماي ، كىيىملىرىنى كىيگىنىچە ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ پاخپايغان ، كۆزلىرى نېمىگىدۇر غەزەپلىنىپ تىكىلگەن ، پېشانىسىدىكى كۆكىرىپ ، قان ئۇيۇپ كەتكەن تۇخۇمدەك ئىششىقتىن قارا چوقۇرنىڭ ئۇنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى .

— مېھرىبان قىزىم ، بارا ـ بارا كۆنۈپ قالىسىز ، ئادەم قىلمىغان ئىش ئەمەسقۇ .

— يوقال ، سولامچى ، مۇناپىق !

مېھرىبان كىگىز قېتىغا يوشۇرۇپ قويغان چەيدونى شىددەت بىلەن ئېتىشى ، ئابابەكرى ئۆزىنى شارتلا يانغا تاشلىدى . چەيدو ئىشىككە قادىلىپ قالدى . ئاغىچە چىنە ، تەخسە ، تاۋاق ، ئەينەك قاچىلار ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى . ئابابەكرى ھويلىغا ئارانلا قېچىپ چىقىۋالدى . مېھرىبان ھۆ تارتىپ يىغلىۋەتتى . ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك ؟ ساقچىخانىغا ياكى مەھەللە ئىش باشقۇرۇش رايونىغا بېرىپ داد ئېيتسا ، ئۇلار ھەشەم ـ دەرەم كۆتۈرۈپ تەكشۈرگەن بولىدۇ . ئاندىن : «ئابابەكرى قېچىپ كېتىپتۇ ، پەيدا بولسۇن ، شۇ چاغدا بىر نېمە دەيلى» دەپ كېتىپ قالىدۇ ، بولۇپمۇ مەھەللە ئىش باشقۇرۇش رايونىدىكى بەزى كادىرلار پەقەتلا مەخپىيەتلىكنى ساقلىمايدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، پالانى يەردە پوكۇنى ئىش بوپتىكەن ، شۇنى تەكشۈرۈپ كەلدىم ، دەپ ،

بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ كاتتا ئەرباب ئىكەنلىكىنى نامايان قىلماقچى بولۇشىدۇ . شۇنىڭ بىلەن مېھرىبانىنىڭ كوچا ـ كويلاردا يۈزى تۆكۈلىدۇ . ئۇ چاغدا باشنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرگۈلۈك ؟ ئۇ ھازىر ئۆزىنى ئۆزى كەچۈرمەيدۇ ، ئەگەر مۇشت زەربىسىدىن ئايلىنىپ كەتمىگەن بولسا ، مېھرىبان ئۇ قارا چوشقىنى چەيدىدا چانىۋەتكەن بولاتتى ! ئەمدى ... ئەمدى ئۇ قەدىردانىدىن ئەبەدىلئەبەد ئايرىلدى . يۈرۈنلاردا ئاچچىقىغا پايلىماي ئېرىنى تىللىغان ، قارغىغانىكەن ، بىراق ئۇ رەنجىش ، خاپىلىقلاردا تىلىنىڭ ئۇچىدا دېگەن گەپلەر بولۇپ ، كۆڭلىنىڭ قات ـ قاتلىرىدا يەنىلا بىر يورۇق چىراغ ۋىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى . ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى . مېھرىبان بۇلغاندى ، ئۇنى دەريا ـ دەريا كۆز ياشلار بىلەنمۇ يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدۇ . ئابابەكرىنىڭ : «بارا ـ بارا كۆنۈپ قالىسىز ، ئادەم قىلمىغان ئىش ئەمەسقۇ» دېگىنىگە قارىغاندا ، بۇندىن كېيىن مېھ-رىبانىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ، مۇبارەك تېنى بەدىلىگە ئۇ خىرۇئىن خۇمارىنى قاندۇرىدىكەن ـ دە ؟ ! بولدى بەس ! مەن ئەمدى ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزمەيمەن ...

مېھرىبان كارىۋات ئاستىغا قول تىقىپ نىلون ئارغامچىنى ئالدى ، ئۇ بۇ ئارغامچىنى كاۋاپدان ، ئورۇندۇق ، شىرە قاتارلىق كاۋاپچىلىق سەرەمجانلىرىنى هارۋىغا باسقاندا باغلاش ئۈچۈن ئالغا-نىدى . مانا ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ جېنىنى قىيىش ئۈچۈن ئەسقاتىدى-غان بولدى .

مېھرىبان ئورۇندۇقنى قويۇپ ، ئۆينىڭ لىمىغا ئارغامچىنى ئۆتكۈزۈش ئارىلىقىدا ، بىر نارەسىدە كۆز ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرغاند-دەك بىلىندى . بۇ ئەلۋەتتە يۈرەك پارىسى قەيسەر ئىدى . ئۇ ھازىر ئۆز كۆنىنى ئۆزى ئالغۇدەك بولدى . ئەمدى مېھرىبان خاتىرجەم كۆز يۇمالايدۇ ، شۇنداقتىمۇ ، بۇ جاھاننى تاشلاپ كېتەر ئالدىدا ئوغلىنى بىر كۆرۈۋالمىسا ، دەيدىغان گەپلەرنى دەۋالمىسا ، لەھەتتە كۆز يۇمۇلامدۇ ؟ ! ياق ! ئۇ ئەمدى «سەيگۈيۈەن بالا» ھېكايىسىنىڭ خاتىمىسىنى ئوغلىغا دەپ بېرىشى كېرەك . ئاشۇ نام چىقىرىپ ،

داڭ قازىنىپ كاتتا باي بولغان، دېھقان تىجارەتچىلەرنىڭ بېشىنى سىلىغان، گاڭگىراش ئىچىدە قالغانلارغا ھەممەت قولىنى سوزۇپ، تۇرمۇش يولى ئاتا قىلغان، نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەردىگە دەر-مان بولغان، ئالىقىنىنى كەڭ ئېچىپ، ھەممىگە مەرد ھاتەم بول-غان، ئەمما ئامەت كۈشەندىلىرىنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ، ئۆزىگىد-مۇ، ئائىلىسىگىمۇ تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئازاب ئېلىپ كەلگەن «بالا سەيگۈيۈەن» سېنىڭ داداڭ بولىدۇ، دېمىسە بولامدۇ؟!

مېھرىبان ئارغامچىنى ئېلىپ كارىۋات ئاستىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ئوغلى پەيدا بولغۇچە ياشاشنى نىيەت قىلدى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، تۆتىنچى كۈنى كېچىسى، ئالدىنقى قارا چوقۇردىنمۇ تەمبەل، قوپال، تەتۈر ئۇستىخان لۈكچەك كىرىپ، مېھرىبانىنى يوتقاننىڭ ئىچىدىلا باستۇرۇۋالدى. ئۇ ئەبلەخ نېمە قىلارىنى ئالدىن مۆلچەرلىۋالغانمۇ، مېھرىبانىنىڭ بېشىغا بىرلا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋې-تىپ، ئاياغ يېپىدا ئۇنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىۋەت-تى. شۇ كۈنى كېچىسى ئاپىسى چۈشىگە كىرىپ قالغان قەيسەر ئەتىگەندىلا ئەنسىرەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىچىدىن ئېتىلمىگەن دەرۋازىدىن شەپە چىقارماي كىرگەندە، بوۋىسى ئۆي تېمىغا يۆلە-نىپ ئولتۇرغىنىچە، تىزلىرىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى. قەيسەر ئىچىدە: «ئاپام، بوۋام يەنە سوقۇشۇپ قالغان چېغى، شۇنداقتىمۇ بۇنداق سوغۇقتا تالادا ئۇخلىغىنى نېمىسى؟» دېگەنلەر-نى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، ئۆيدىن چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەتكەچ، يوغان، تاز چىراي بىر ئادەم چىقتى. قەيسەر ئۇنىڭغا قاراپ ھەيرانلا قالدى. ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغان قەيسەر ئۆيگە ئۇچقاندەك كىردى، ئاپىسى يەنىلا ئۆي بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى، تاتارغان يۈزلىرىنى، ياش بىلەن بۇلغانغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتكەن قەيسەر ئاپىسىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى:

— ئاپا، ساڭا نېمە بولدى؟ چېچىڭىزنىڭ ئارىسىدىن قان چىقىپ-تىغۇ؟

— كەلدىڭما ، بالام ؟ ئەجەبمۇ يوقاپ كەتتىڭ ، — مېھرىبان مىچچىدە يىغلىدى ، — سېنىڭدىن ئەنسىرەپ ھالىم قالمىدى .

— شۇ ۋاسكىچى يېتىم باللار بىلەن ئاياغ مايلايمىز ، — قەيسەرنىڭ بىردىنلا كۆزلىرى كۈلدى ، — بىر چوڭراق بالا بار ئىدى ، ئۇ ئوشۇق ساندۇقىنى ماڭا بەردى ، ھازىر مەنمۇ كۈندە ئالتە سوم ، يەتتە سوم تاپىمەن دېگىنە .

— سەن تېخى كىچىك تۇرساڭ ، بالام ، — مېھرىبان بالىسىنىڭ يۈزىنى سىلىدى ، — قارىغىنا ، جۇدەپ قاپسەن .

— تېخى خېرىدارلار كىچىك باللارغا ئىچى ئاغرىمدۇ نېمە ، ئايىغىنى بىزگە كۆپرەك مايلىتىدۇ . ئاپا ، دېگىنە ، بايىقى ئادەم كىم ؟ ئۇ ... ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە نېمىشقا كەپتۇ ؟

— ئۇ ... ئۇ ... بالام ، بىر كاۋاپچى ئۇستامكەن ، مېنى ياردەملىشىشكە چاقىرىپ كەپتۇ .

— ئەمسە يۈزلىرىڭ ئىششىق تۇرىدىغۇ ، ماۋۇ نېمە قان ؟

— بوۋاڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم .

— ئاناڭنى ... — قەيسەر ئوچاق بېشىدىكى پىچاقنى ئېلىپ ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى ، لېكىن ھويلا ، كوچىدىنمۇ ئاتابەكرىنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ، ئۆيگە يېنىپ كىردى .

— بېرى كەلگىنە ، بالام ، — مېھرىبان قولىنى سوندى ، — سېنى ئوبدانراق كۆرۈۋالاي .

— يۈزلىرىم مەينەتتۇ ـ ھە ، ئاپا ، — قەيسەر كۈلدى ، — ئۆيدە چاغدا : «قولۇڭنى يۇ ، پۇتۇڭنى يۇ ، يۈزۈڭنى يۇ» دەپ ۋارقىراپلا تۇراتتىڭ ، بولمىسا ئۆزۈڭ مېنى چىرقىرىتىپ يۇيۇپ كېتەتتىڭ .

— بوپتۇ ، ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن ئەيىب ئىش ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ۋاسكىچىلىك قىلىۋاتساڭ ... مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم ، بۇندىن كېيىن كىيىملىرىڭنى كىم يۇيۇپ بېرەر ؟ — مېھرىبان تۆكۈلۈپلا كەتتى ، — كىچىك تۇرۇپلا جاپا ئېتەكلىرىگە تۇغۇلغان بالام .

— كۆڭلەكلىرىم كىر بولۇپ كەتسە قېشىڭغا كەلمەمدىم، بولدى يىغلىمىغىنا، ئاپا، — قەيسەرنىڭمۇ چوڭ كۆزلىرىدىن ياش-لار مۆلدۈردەك تۆكۈلدى، — سەن يىغلىساڭ، مەن ... مەن بىر قىسما بولۇپ قالىدىكەنمەن.
— ماقۇل، بالام، مەن يىغلىماي، — مېھرىبان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، — بالام، قاقچى بالىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغۇڭ يوقمۇ؟
— ياق، ئاپا، ئاڭلىغۇم يوق.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— قاقچى بالىنىڭ خرۇئىن چېكىدىغىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتىم.
— ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان نۇرغۇن ساخاۋەتلىك ئىشلىرى تۇرسا.
— مەن ئاچتىن ئۆلۈپ قالسامۇ، خرۇئىن چەككەن ئادەمنىڭ ھېچنېمىسىنى ئالمايمەن، ھەتتا ئۇ ئالتۇن توشقان بەرسىمۇ.
— لېكىن قاقچى بالا بىرەر كىمگە زوتالىق قىلىپ كۆڭلىنى رەنجىتمىگەن تۇرسا.
— ئۆزۈڭ دېدىڭغۇ: «ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇلى بار ئىدى» دەپ، ئەگەر ئۇنىڭ پۇلى بولمىغان بولسا، بوۋامدىنمۇ بەتتەر ئەسكى بولاتتى.
— ئەگەر ئۇ سېنىڭ داداڭ بولۇپ قالسا قانداق قىلاتتىڭ؟
— ھېلىقىغۇ دادامكەن، ئەۋلىيا بولسىمۇ ئۆيگە كىرگۈز-مەيتتىم.
— دادا دېگەن ئۇلۇغ تۇرسا.
— ئەمىسە بوۋام سەن ئۈچۈن ئۇلۇغما؟
— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ بالىنى، جەمئىيەتتىكى بالىلارغا ئارد-لىشىپ نېمانداق زۇۋاندار بولۇپ كەتكەن!
— ئاپا، نېمىشقىكى «خرۇئىن چېكىدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلى-سامىلا چىشلىرىم غۇچۇرلاپ، مۇشتلىرىم تۈگۈلۈپ، ئۆزۈمنى زا-

دىلا تۇتۇۋالالمايمەن . ئەگەر كۈچۈم يەتسە ، كاۋاپ توغرايدىغان چەيدودا چاناپ ، چانىۋەتكۈم كېلىدۇ .

مېھرىبان ئىچىدە «ئۆزۈمدىن ئۆتكەن» دېگەننى ئويلىدى . قەيسەر ئىككى يېشىدىن تارتىپ : «بالام ، ئېسىڭدە چىڭ تۇت» دېگەن گەپنى تەكرارلاۋېرىپ ، مانا ئاقىۋەتتە دادىسىغىمۇ يۈز - خاتىر قىلمايدىغان دەرىجىدە بالىسىنىڭ يۈرىكىنى قاتتۇرۇۋەتتى .

— بالام ، راست گەپنى قىلسام ، ئاشۇ قاقچى بالا دادىڭ بولىدۇ ، — دېدى مېھرىبان ياش تۆككەن ھالدا ، — ئۇ ئىچكىرىگە بىر كىرىپ كەتكەنچە چىقالمىدى .

— ئاپا ، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ ؟ مەن ساڭا سامسا ئەكىرىپ بېرەي ، — قەيسەرنىڭ ئاڭلىغۇسى يوقتەك قىلاتتى ، — مەندە ۋاسكىچىلىق قىلىپ تاپقان توققۇز سوم پۇل بار…

— مەن ساڭا راست گەپنى قىلىۋاتىمەن ، ئۇنىڭ ئىسمى …

ھويلىدىن كىمدۇر بىرى ۋارقىراپ ، مېھرىباننىڭ گېپىنىڭ قاپ بېلىگە تەپتى :

— ھاي مېھرىبان ، مېھرىبان ، بارمۇسىز ؟ بىز ئاھالە كومىتېت ئىش باشقۇرۇش ئورنىدىن كەلدۇق .

ئۆيگە 40 ياشلاردىكى بىر ئايال بىلەن تېخى 30 ياشقا كىرمىگەن بىر ئەر كىرىپ كەلدى .

— قوشنىلار ئۆيىڭىزدە بولغان بەزى ئىشلارنى ئىنكاس قىلىپ بېرىپتىكەن ، — دېدى ئايال قاش - قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ، — شۇڭا بىز …

— بالام ، — دېدى مېھرىبان قەيسەرگە قاراپ ، — سامسا ئەكېلىمەن دېگەنتىڭغۇ ، ئەمىسە بارغىن . ھە راست ، بالام ، مېنىڭ باياتىن قىلغان سۆزلىرىمنى يادىڭدا چىڭ تۇت .

— ماقۇل ، ئاپا ، — قەيسەر يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . مېھرىبان شۇندىن كېيىنلا تەكشۈرگۈچىلەرگە قارىدى :

— مېنىڭ ئۆيۈمدە ھېچ ئىش بولغىنى يوق ، قوشنىلار ئورۇنسىز گۇمان قىپتۇ .

— ئۇنداقتا يۈزلىرىڭىزدىكى ئىششىق، كۆكلەرنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىسىز؟

— سىلەر بۇنداق ئىشنى كۆپ سورىغان، — مېھرىباننىڭ ئاچچىقى كەلگەندى، — قايسى بىرىنى ھەل قىلىپ باققان؟ دادام: «خرونىغا پۇل تېپىپ بەر» دەپ ئۇردى شۇ. ئەمدىغۇ قانـ-غانسىلەر!

— خاپا بولماڭ، مېھرىبان، — دېدى ئەر كادىر، — راست، بىز ئائىلەكىرنى ئىز قوغلاپ تۇتۇپ، ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولالـ-مىدۇق.

— ئەمدى دېگەننىڭ پايدىسى نېمە، — مېھرىبان ئالىقانلىرىـ-نى كۆزلىرىگە باستى، — تۈگىدى، ھەممە ئىش تۈگىدى، بولدى، چىقىپ كېتىڭلار، بۇندىن كېيىن ئاۋارە بولمايسىلەر.

— ھوي خېنىم، — دېدى ئايال كادىر ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، — «ھالىڭ نېچۈك» دەپ كەلسىمۇ خاپا بولىدىكىنا.

ئايال كادىر يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئەر كادىر ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ چىقىپ كەتتى. غەزەپتە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن مېھرىبان ئورنىدىن تۇردى، كارىۋات تېگىدـ-دىن نىلون ئارغامچىنى ئالدى ـ دە، قىزىل سۇلياۋ ئورۇندۇقنى قويۇپ، تورۇس لىمىغا ئارقاننى باغلاپ، بىر ئۇچىنى كىرمەكلەپ سىرتماق قىلدى، سىرتماقنى بوينىغا سېلىش ئالدىدا ئۆي ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئەمچەك راكى بىلەن بۇ ئالەمدىن ياشلا خوشلاشقان ئاپىسى كەلدى، ئاندىن قەدىردان، قەيسەرلەر پەيدا بولدى.

— ئاپا، مەن ··· مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا ئاتلاندىم، قەدىرـ-دان، قەيسەر، خوش، مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارغا مەڭگۈ قارىيالمىدـ-غاچقا، مۇشۇ يولنى تاللىدىم. مېنى كەچۈرۈڭلار ···

مېھرىبان سىرتماقنى بوينىغا سېلىپ، سۇلياۋ ئورۇندۇقنى تېپىۋەتتى. پارقىراپ تۇرغان نىلون ئارغامچا ئېغىر تەن ئاستىغا ساڭگىلىغانسېرى گالنى مەھكەم بوغماقتا ئىدى. نەپەسى بارغانسېـ-

ـرى بوغۇلغان مېھرىبان جان ئاچچىقىدا بىر ئىككى قېتىم قاتتىق خارقىراپ سىلكىندى ، سىلكىنگەنسېرى سىرتماق بويۇننى تېخىمۇ دەھشەتلىك بوغدى ، بارا ـ بارا ئۇنىڭ تېنى لاسسىدە بوشاپ ، كىرىشىپ كەتكەن قول ـ پۇتلىرى ئۆزىنى قويۇپ بەردى . مېھرىـ بانىنىڭ پەسكە قاراپ تۇرغان قاپقارا شەھلا كۆزلىرى يېرىم ئوچۇق قالغانىدى ...

ئىسىز كەتتى ! شىۇنداق ، پانىينىڭ ئىازاب ـ ئوقۇبەت ، ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ، غەم ـ ئەندىشىلىرىنى تىرىكلەرگە قالـ دۇرۇپ ، ئۆزى كەتتى ، بىر ھېساپتا ئوبدان بولدى ! نېمە قىلىدۇ ، بۇ راھەتتىن ئازابى ، شادلىقىدىن قايغۇسى ، كۆلكىسىدىن يىغىسى تولا كونا راباتتا ! ئاشۇ كىچىككىنە غۇنچە بوي ، ئوماق قىز ئازغىنا ھاياتىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى ! باشقىلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نەپـ سى بالاسى يولىدا ساتتى ، نەچچە قېتىم دورا بىلەن بىھوش قىلىنـ دى ! ھەتتا يالىڭاچلاپ ، ئۇنىڭ نازۇك ئەزالىرىنى يېپىپ تۇرغان ئىچ كىيىملىرىدىن بايلىق ئىزلىدى ! بىر چېكىم خروئىن ئۈچۈن دىۋىدەك قارام لۈكچەكلەرنىڭ قوينىغا سىلىپ بەردى ! ھالال ئىشـ لەپ ياشاشقىمۇ قويۇشمىدى ! مۇشۇ ئىشلار ئاتىسى تەرىپىدىن كەلـ گەن خورلۇقلار ئىدى . ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ يەنە قانچىلىك لەززىتى بولسۇن !

مېھرىبان بولۇپ ئۆتكەن تەڭسىزلىك ۋە رەزىللىكلەرنى كۆـ ڭۈل تارازىسىدا ئۆلچەۋاتقاندەك ، «نېمە ئۈچۈن ؟» دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇۋاتقاندەك ، يېرىم ئوچۇق كۆزلىرىنى يەرگە تىككەن ھالدا ئېسىلىپ تۇراتتى .

— ئاپا...

گېزىتكە ئورالغان سامسىلار ئۆي ئىچىگە تېرىلىپ كەتتى . قەيسەر ئانىسىنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىۋالغانىدى !

مېھرىبانىنىڭ قىرىق نەزىرسى قاتتىق سوغۇق كۈنلەرگە توغرا كەلدى . ئۇ ناتىۋاننىڭ ئاشۇ يەتتە ياشلىق ئوغلىدىن باشقا ھىماتى

بولمىسا ، نەزىرنى كىم بىرەتتى دەيسىز ؟ يەنىلا شۇ قەيسەرنىڭ ۋاسكىچى ئاغىنىلىرى دوسمەت نۇر ، ئەكبەر ، رىشات ، مالىك قاتارلىقلار ئىككى ـ ئۈچ سوم ، بەزىلىرىدىن تۆت ـ بەش سومدىن پۇل يىغىپ ، بىر ئاشخانىغا 126 سوم ئۆتكۈزدى . بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ كەتكەن ئۇستام كۆزىگە ياش ئېلىپ : «قانچىلىك مېھمان چاقىرساڭ مەيلى ، مەن ئۈزۈتىپ بېرەي» دېدى . ئەسلىدىمىغۇ بۇ دۇنيا خويمۇ ئىللىق دۇنيا ئىدى . ئاتىلارنىڭ دېيىشىچە ، بىر زامانلار ئۆتۈپتىكەن ، ئۇ چاغلاردا ئادەملەر بىر ـ بىرىگە تولىمۇ مېھىر ـ شەپقەتلىك ، كۆيۈمچان ، ئىناق ، ئۆم ، ھەممەتلىك ياشايدىكەن ، راست ئەمەسمۇ ، ھەممەتتىن قانىتى بولغان قۇش ئېگىز ئۇچالايدۇ ، دېگەن گەپ بارغۇ ! ئۇلار ھەممەتلىك ياشىغانسېرى ، شۇنچە كۆكلەپ ، شۇنچە نۇرى ئېھسانغا ئېرىشىدىكەن . ئۇ چاغلاردا پۇل ئادەم ئۈستىدىن ئەمەس ، ئادەم پۇل ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن .

ۋاسكىچى باللار مەسچىتتىكى بىرنەچچە ئاخۇن ، ئىمامدىن باشقا ، شەھەر ئىچىدىكى ئاسىقاق ، چولاق ، قارىغۇ ، تىلسىز ، يېتىم ـ يېسىر ، كۆك نامراتلارنى يىغىپ كەلدى ، ئاق پوتا باغلىغان ۋاسكىچى باللار ئۇلارنىڭ قوللىرىغا سۇ ئېلىپ ، شىرەلەرگە باشلىدى . قەيسەرنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن دوسمەت نۇر ، ئەكبەر ، رىشات ، مالىك قاتارلىق بىرقانچە باللار ئاشخانا ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالدى ، بىر ئاخۇنۇم ، بۇ نەزىرنىڭ ناھايىتى خاسىيەتلىك نەزىر بولغانلىقىنى تەرىپلەپ سۆزلىدى :

— ئەسلىدە «نەزىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا نامرات ، پېقىر ، يوقسۇل ، مىسكىنلەرگە «نەزىر» قىل دېگەن مەنە چىقىدۇ . لېكىن ، ھازىر قورسىقى توق ، يېيىشكە ئاغزى يوق ئادەملەرگە نەزىر بېرىلىۋاتىدۇ . ئۇلار گېلىدىن تاماق ئۆتمەي ، پولۇنى خام سەي بىلەن يېيىشىدۇ . مانا بۈگۈنكى نەزىر ئاللا يولىدىكى ھەقىقىي پېقىر ـ مىسكىنلەرگە بېرىلگەن نەزىردۇر !

ئاشخانا ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ مېھمان كۈتۈۋاتقان ۋاسكىچى

باللارنىڭ «ئاتامانى» بولغان دوسمەت نۇر قەيسەرگە :
— جامائەتنى ئېلىڭلار ، بېقىڭلار دەپ قويامدۇق ، — دەپ تورۇشى ، ئاشخانا ئالدىدا دىر - دىر تىترەپ تۇرغان دۇمچەك ئابابەكرى پەيدا بولدى . ئۇ شۇنچىلىك ئورۇقلاپ كەتكەنىدىكى ، بارماقلىرى چىش كولىغۇچتەك ، بۇرۇنلىرى قىڭراقتەك ، ئېڭەك-لىرى ئۇچلىنىپ ، ماتاڭچىنىڭ كەكىسىدەك بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئورا كۆزلىرى چوڭقۇر گوداڭدا ئۆلۈپ قالغان چاشقاننىڭ خۇنۇك قارىچۇقلىرىدەك ئارانلا پىلدىرلايتتى . ئابابەكرى سەل ئېـ لىنىشىپ قالغاندەك قىلاتتى . ئۇ قەيسەرگە سىنچىلاپ قارىغان بول-سىمۇ ، ئېسىگە ئالالمىدى . مەھەللىدىكىلەردىن ئاپىسىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئۇققان قەيسەر ئېتىلىپ بارماقچى بولۇۋىدى ، دوسمەت نۇر ئۇنى تۇتۇۋالدى .
— بۇ دېگەن نەزىر ، كىرىۋەرسۇن .
— باللار ، مەشەدە مەندەك بىچارە مۆمىن بەندىلەرگە نەزىر بارمىشقۇ ؟
— قېنى كىرسىلە ، — دېدى دوسمەت نۇر بىر قولىدا قەيسەر-نى تۇتۇۋېلىپ ، — ئەكەسىلە ، قوللىرىنى چايقىۋالسىلا .
— بولدى ، بولدى ، تېخى بۇلتۇرلا يۇغان .
نەزىر ياخشى ئۆتتى . قەيسەرنىڭمۇ كۆڭلىدە ئارمان قالمىدى ، ئەمما ، نەزىر بېرىلىپ ئۇچىنچى كۈنى بولسا كېرەك ، يىگەن كۆل-دىكى ئۆيىدىن شەھەرگە ئالدىراپ كېتىۋاتقان قەيسەر يول چېتىدى-كى دەرەخلىك ئەتراپىغا دۈۋىلىشىۋالغان بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ قىزىقىپ قالدى . ئۇ ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ يۈرۈپ ئارانلا ئالدىغا ئۆتتى ، ئۆتتى - دە ، چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئارقىغا بىر قەدەم چېكىنگىنىنى تۇيماي قالدى . دۆۋىلەنگەن قاردا پۇت - قوللىرىنى يىغىپ ياتقان ئابابەكرىنىڭ ئاغزى ئوچۇق بولۇپ ، تاما-كىدىن قارىداپ كەتكەن چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇراتتى . ئېغىز ، بۇرۇن ، قاش ، كىرپىكلىرى ئاپئاق قىرو باغلىغانلىقتىن ، چىرايى مويسىپىت قېرىلارغا ئوخشاپ قالغانىدى . بىر قولىدا چىڭ تۇتۇۋال-

غان بوتۇلكىنىڭ ئاستىدا ئازراققىنا هاراق تۇراتتى . قەيسەر كۆڭ-
لىدە ، خروئىن خۇمارىغا چىدىيالماي ، مەست بولغۇچە ئىچىپتۇ -
دە ، دەپ ئويلىدى . ئۇ ئاپىسىنىڭ هەم ئۆزىنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى-
نى ، تارتقان ئازابلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېتىپ ، ئۇنلۇك
تىللىۋەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى :
— ئىمانسىز قېرى ، ئاخىر كاپىر ئۆلۈمىدە ئۆلۈپسەن .
— هەي بالا ، سەن بۇ ئادەمنى تونۇمسەن ؟ — دېدى ساقچى
جەسەت ئىگىسىنى تاپقانلىقىدىن خۇش بولۇپ ، — سىنىڭ نېمەڭ
بولىدۇ ؟ ئۆيى نەدە ؟
— بۇ قېرىنى تونۇمايمەن ، لېكىن ئۇ مېنى ئۇرغان .
— نېمە ئۈچۈن ئۇرغان ؟
— خروئىن خۇمارى تۇتسىلا ، ۋاسكىچى بالىلاردىن پۇل سو-
رايدۇ ، بەرمىسە ئۇرىدۇ ، بۇ مۇناپىق .
قەيسەر توپ ئارىسىدىن ئىتتىلىپ چىقتىشى ، كۆزى كۆك ،
چاچ ، قاشلىرى سارغۇچ ، بۇرنىنىڭ ئىگرى پەس ، 34 - 35
ياشلاردىكى بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلىكىدىن كاپلا تۇتتى .
— هەي ، سەن ۋاسكىچى بالا قەيسەرغۇ دەيمەن .
— شۇنداق .
— هازىر ئۆيدە هېچنېمەڭ يوققۇ دەيمەن ؟
— يوق ، سىز قانداق بىلىسىز ؟
— بىـوۋاڭ دەپ بـەرگـەن ، — كـۆك كۆز تەمكىن سۆزلەۋا-
تاتتى ، — مەن ئىچكىرىدە بىر ئاشخانا ئاچقان ، بىرنەچچە مۇلازىم
بالىلار كېرەك بولۇپ قالدى ، بارامسەن ؟
— ئايلىقى قانچە پۇل ؟
— دەسلەپتە 1 مىڭ 200 سوم بېرىمەن . كېيىن ياخشى
ئىشلەپ قالساڭ ، ئايمۇ ئاي ئۆسۈپ تۇرىدۇ .
— مەن ئاغىنىلىرىمگە مەسلىهەت سېلىپ باقاي .
— بۇ گەپچە ئاغىنىلىرىڭمۇ باركەن - دە ؟
— ئەكبەر ، رىشات ، مالىك دېگەن ئاغىنىلىرىم بار .

— نەدە ۋاسكىچىلىك قىلىسەن؟

— دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا.

— ھەي توختا، ئاغىنىلىرىڭ ئىشەنچلىك بولسا دېگىن، بول-مىسا سېنىلا ئېلىپ كېتىمەن.

— ھەممىسى يېتىم باللار!

قەيسەر يوگۈرگىنىچە مېڭىشقا تەييارلانغان كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقتى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

رۇيلى ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلگەن 300 كىشىلىك چوڭ تىپ-تىكى ئايروپىلان بىر سائەت 20 مىنۇت ئەتراپىدا كۇنمىڭ ئايرودرومىغا قوندى. خالمەت قارىم، قەدىردان، غەيرەت جاڭدۇ، ئەبەي گىتار، ئەيسا خېنەنجىر، دىلمۇرات ماكاش، مەتتۇرغۇن شىلىم، نۇرادىل پاناق، تۇرسۇن كاللىدىن ئىبارەت توققۇز خروئىن ئەتكەسچىسى ئايروپىلاننىڭ شوتىسىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئاددىيغىنا سومكا، پوپكىلىرىنى كۆتۈش زالىدا تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۈچ تاكسى ياللاپ يورۇپ كەتتى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك ئىپسىل كىيىنگەن، ھېچكىم ئۇلارنى قورسىقىدا 500 گرامدىن خروئىن بار دەپ ئويلىمايتتى. ئەڭ ئالدىدىكى ماشىنىدا خالمەت قارىم، قەدىردان، غەيرەت جاڭدۇ بار ئىدى. ئۇلار كۇنمىڭ بويىچە ئەڭ ئالىي ھېسابلىنىدىغان «شاپتۇل گۈلى» مېھمانخانىسىغا كېتىۋاتاتتى. بۇ بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىنىڭ ئەڭ ئاددىي ياتاقلىرىمۇ ئالتە - يەتتە يۈز سوم بولۇپ، كۆپىنچە زىيارەت، ساياھەت ۋە سودا ئىشى بىلەن كەلگەن چەت ئەللىكلەر ياتاتتى. شۇڭا، ساقچىلار بۇنداق «بەش يۇلتۇز»، «ئۈچ يۇلتۇز»لۇق مېھمانخانىلارنى تىنتىمايتتى. خالمەت قارىم ھەر قېتىم مال يۆتكىگەندە باللارنىڭ ھەر بىرىگە 1 مىڭ نەچچە يۈز سوملۇق ياتاقلارنى ئېلىپ بېرەتتى. بۇنداق ياتاقلار ئەڭ ئىشەنچلىك ھېسابلىناتتى.

قورساقتا خروئىن يۆتكىگەندە، ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە ئاشقازان بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. يىگىتلەر خالمەت قارىمنىڭ يەر ئاستى زاۋۇتىدا كەمپۈتلەشتۈرۈلگەن خروئىننى ئاچ قورساق يۇتقاچقا، قورساق ئېچىپ، كۆڭۈل ئېلىشىدىغان، قاتتىق ھۆ بولىدىغان ئىشلار يۈز بېرەتتى. بالدۇر يۇتۇۋالسا، تەرەت قىستاپ، «كەم-

پوت»لەر ئالدىراپ ـ تېنەپ دەرۋازا قاقاتتى ، شۇڭا ئايروپىلان قوزغىلىشتىن 40 ـ 50 مىنۇت ئىلگىرى كەمپۇتلەرنى يۇتۇشقا توغرا كېلەتتى .

ئۈچ تاكسى ئارقا ـ ئارقىدىن «شاپتۇل گۈلى» مېھمانخانىسى ـ نىڭ گۈل ـ گىياھلار ، ھەرخىل رەڭدار بېلىقلار سەكرىشۋاتقان كۆلچەكلەر ، توپ ـ توپ بامبۇكزارلار بىلەن قاپلانغان ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى . خالمەت قارىم قول تېلېفونىدا ئالدىن سۆزلىشىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، غەيرەت جاڭدۇ بىردەمدىلا توققۇز بېلەتنى كەستۇرۇپ ئېلىپ كەلدى . خالمەت قارىمدىن باشقىسى ئىككى كىشىلىك ئالىي ياتاقلارغا ئورۇنلاشتى . ئۇلارنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ، قورسىقىدىكىنى بالدۇرراق چىقىرىۋې ـ تىپ ، تاماق يېيىشكە ئالدىرايتتى . شۇڭا ، ئۇلار ئىككى ياتاققا بۆلۈنۈپ كىرىپ كېتىشتى . بىرىنچى گورۇپپىنىڭ باشلىقى غەيرەت جاڭدۇ ئىشىك سىرتىغا «ئاۋارە قىلماڭ» دېگەن تاختىنى ئېسىپ قويۇپ ، ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپلا ئىشنى باشلىۋەتتى . ئۇ دەسلەپتە ھەر بىر ئادەمگە ئۇششاق قىزىل تابلېت دورىدىن بىر تالنى ئىلمان سۇدا ئىچۈرۈۋېتىپ ، قولىغا سۇلياۋ تەلەڭگىنى تۇتقۇزۇپ قويدى . ئۇلار تازىلىق ئۆي ، ھوجرا ھەم دەم ئېلىش ئۆيلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئولتۇرۇپ ئىنجىقلايتتى . ئۇستى بىر قەۋەت شىلىمشىق «كەمپۇت» لەر ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەڭگىگە توروكلاپ چۈشەتتى . غەيرەت ئۆزىنىڭكىنى چىقىرىپ بولۇپ ، سۇدا چايقاپ ، شامالدىتىش ئۈچۈن تەلەڭگە بىلەن دېرىزە تۈۋىگە قويۇپ قويدى . ئاندىن باشقىلارنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ، قولىدىكى ياپىلاق تاياقچە بىلەن تاۋاقتىكى «كەمپۇت»لەرنى ئايرىپ سانىغىلى تۇردى . ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا تاياقچە بىلەن يالاڭ ساغرىغا ئۇرۇپ قويۇپ :

— ئىنجىقلا دەيمەن ، شاۋچى ، ئىچىڭدە يەنە 11 تال بار ، ئۇقتۇڭما؟ بەللى ـ بەللى ، مانا تۆتى چۈشتى ، يەنە ئىنجىقلا ، ھېجىقىز — دەپ ۋارقىرايتتى . ئەبەي گىتارمۇ چىڭقالغاچ

تېرىكتى :

— ھەي جاڭدۇ ، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە ، ھېچقىنىز بولمىغاننىڭ خاپىلىقى شۇ . بولمىسا يولدا كەلگۈچە تۆكۈلۈپ قالار ئىدى .

قورسىقى ئېچىپ تاماقتا ئالدىراۋاتقان يىگىتلەرمۇ يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ ، كۆزلىرى چىقىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ ئىنجىقلايتتى . غەيرەت جاڭدۇ كىچىككىنە پالىقىنى كۆتۈرۈپ ھەر بىر ئادەمنىڭ قوڭىغا قاراپ ، چۈشۈۋاتقان «كەمپۈت» لەرنى بەشتىن ، ئوندىن ئايرىپ ساناۋاتقان بۇ پەيتتە ، گىلەمگە جەينەكلەپ دوڭغايغىنىچە ، تۇرسۇن كاللىنىڭ قاپقارا يۇغلۇق قوڭىغا قاراپ ئولتۇرغان خالمەت قارىم جىلە بولۇپ تىللىماقتا ئىدى :

— ئەستاغپۇرۇللا ، بۇ تۇرسۇن دېگەن گۆش باشنىڭ قاچانلا بولسا ئالتە ـ يەتتە تال قالغاندا قوڭىنىڭ پۇرۇكى مەزمۇت يېپىلىۋالىدۇ دېسە ، ئىنجىقلا دەيمەن ، ستارى ، دېۋانىنىڭ ئالىقىنىدىكى تەڭگىدەك چىڭ قىسىۋالماي !

تۇرسۇن كاللا چىشىنى كىرىشتۇرۇپ ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ، يۈز مۇسكۇللىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ، چىڭقىلىپ ئىنجىقلىغانىدى ، تۇيۇقسىز «تارت» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن تۆت تال «كەمپۈت» ئارقا ـ ئارقىدىن چاچراپ چىقتى .

— ھە ، ھە ، يارايسەن ، تۇرسۇن ، بۇدا قېتىم يەنە بىر غەيرەت قىلىۋەت !

تۇرسۇن بۇ قېتىم بايىقىدىنمۇ قاتتىق «تارت ··· تارت» قىلىپ ئىككى قېتىم چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ، قالغانلىرىمۇ چۈشۈپ كەتتى .

ئۇلار كەچلىك تامىقىنى مېھمانخانىنىڭ رېستورانىدا يېيىشتى . ھەرخىل تاماق ۋە دېڭىز مەھسۇلاتلىرى خىلمۇخىل بولغاچقىمۇ ، توققۇز ئادەمنىڭ بىر ۋاخلىق كەچلىك تامىقىغا 12 مىڭ سوم ھېسابات قىلىندى . بۇ تېخى ناھايىتى يېنىك ھېسابات بولۇپ ، نەچچە 10 تۈمەن خەجلەيدىغان ۋاقىتلارمۇ بولۇپ قالاتتى . خالمەت

قارىم مال يۆتكىگەن چاغدا ھېچكىمنى ھاراق ـ شاراب ئىچىشكە رۇخسەت قىلمايتتى . شۇڭا ، تاماقتىن كېيىن ھەممىنى ياتاققا يىغدى .

— بالىلار ، — دېدى خالمەت قارىم ھەممىگە تەكشى قاراپ ، — ئەتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇنداق بولىدۇ . قەدىردان مەسئۇل بولۇپ مەتتۇرغۇن ، نۇرادىللار گۇاڭجۇغا ، غەيرەت ، ئەبەي ، ئەيسالار شاڭخەيگە ، مەن دىلمۇرات ، تۇرسۇنلار بىلەن بېيجىڭغا ئۇچىمىز . يەنىلا بۇرۇنقى خېرىدارلىرىمىز ئالدىڭلارغا چىقىدۇ . مەن بېيجىڭدىكى ئىشنى تۈگىتىپلا ، گۇاڭجۇ ، شاڭخەيلەرگە ئۆتۈپ ، سىلەر بىلەن ئۇچرىشىمەن .

— كۈنىمىز ئايرودرومدىن بىلەت ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ قويدىلىمۇ ؟ — دېدى غەيرەت ، — شۇنىڭغا قاراپ تاماق ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇراي دېگەنىدىم .

— ئۇقۇشتۇم ، دىلمۇرات ، تۇرسۇن ئۇچىمىز ئەتە ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە بېيجىڭغا ئۇچىمىز ، — خالمەت قارىم دىلمۇرات بىلەن تۇرسۇنغا قارىدى ، — شۇڭا ، سىلەر كېچە سائەت تۆتلەر بىلەن قىزىل دورىنى ئىچىپ قورساقنى بىكارلاڭلار ، بولمىسا يولدا ئۆزۈڭلار ئاۋارىچىلىك تارتىپ قالىسىلەر .

— خوپ ، — دېدى دىلمۇرات بىلەن تۇرسۇن كاللا .

— سىلەرنىڭ گۇرۇپپاڭلار ، — خالمەت قارىم غەيرەت ۋە قەدىردانغا يۈزلەندى ، — چۈشتىن كېيىن ئۇچىسىلەر . شۇڭا ، ۋاقتىدا قاراپ ، ئاشقازاننى بىكارلاش ، يۇتۇشنى ئىلىپ بارساڭلار بولىدۇ ، ئەمما ئايروپىلان قوزغىلىشتىن 30 ـ 40 مىنۇت ئىلگىرى كەمپۈتلەرنى يۇتۇپ بولۇڭلار .

ئەتىسى سەھەر ، تاكسى بىلەن ئايرودرومغا كەتكەن غەيرەت گۇاڭجۇ ، شاڭخەي ، بېيجىڭلارنىڭ بېلىتىنى ئىلىپ كېلىپ ئۈچ گۇرۇپپىغا تارقىتىپ بەردى . خالمەت قارىمنىڭ ياتىقىغا يىغىلغان بېيجىڭ گۇرۇپپىسىدىكى دىلمۇرات بىلەن تۇرسۇن كاللا ئاخشام «چىنقارغان» «كەمپۈت»لەرنى ئالدىراپ يۇتماقتا ئىدى . ئۇلار ھەر

بىرى بەش گراملىق 100 تال «كەمپۇت»نى يۇتۇپ بولغۇچە نەچچە قېتىم «هۆ» بولۇپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ ، قارىچۇقلىرى چاچ-راپ چىقىپ كەتكۇدەك بولاتتى . ئەمما ، خالمەت قارىم بەكمۇ راۋان يۇتماقتا ئىدى . تېخى ئۇ باشقىلاردىن 200 گرام ئارتۇق يۇتالايت-تى . 200 گرام دېمەككە ئازراقلا بىر نېمە كۆرۈنگىنى بىلەن ، 60 مىڭ سوم پۇل ئارتۇق كىرىدۇ ـ دە .

خالمەت قارىم باشقىلار بىلەن ۋاقىتلىق خوشلىشىپ ، دىلمۇ-رات ماكاش ، تۇرسۇن كاللىنى ئېلىپ تاكسىغا چۈشتى . ئۇلار كۇنمىڭ ئايرودرومىغا قاراپ ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى . قارىم ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ هاۋانىڭ ئەلپازىغا قا-راپ قوياتتى . مانا هازىر ماي ئايلىرى چىقىپ كېتەي دەپ قالدى . ئاپرېل ، ماي ئايلىرى يۇننەننىڭ يامغۇر ـ يېشىنلىق پەسلى هېساب-لىناتتى . بۇگۈن يامغۇر ياغمىغىنى بىلەن ، كۇنمىڭ ئاسمىنى بار-غانسېرى مانانلاشماقتا ئىدى .

— قارىم ، قورساقنى سەل بالدۇر بىكارلاپ قويدۇقمۇ نېمە ، قورسىقىم ئېچىۋاتىدا مېنىڭ .

تۇرسۇن كاللىنىڭ بۇ گېپىدىن جۇدۇنى ئۆرلىگەن خالمەت قارىم ئاغزىنى بۇزۇپلا تىللىدى :

— هەي لامزەللە ، زادى سېنىڭ جېدىلىڭ تۈگەيدىغان كۈن بولامدۇ ـ يوق ؟ ئەمدى بېيجىڭغا بارغۇچە جۇپ يۇمىلاق قىسىپ ئولتا .

ئۇلار ئايرودرومنىڭ كۇتۇش زالى ئالدىدا توختاپ ماشىنىدىن چۈشتى ۋە دەرھاللا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ تەييارلىنىۋالدى . دىل-مۇرات ماكاشنىڭ چىرايى سەل ئاقىرىپ قالغان ، كەيپىياتىمۇ ياخ-شى ئەمەستەك قىلاتتى .

— ساڭا نېمە بولدى ؟ — قارىم دىلمۇراتقا ئېگىلىش-تى ، — مىجەزىڭ يوقمۇ ؟ چىرايىڭ تاتىرىپ قاپتۇ .

— كېيىنكى 100 گرامنى يۇتمىسام بوپتىكەن ، ئاشۇ ئېغىر كەلدى .

— بۇ دېگەن ئادەتلىنىشتىن بولىدۇ . مانا مەن داۋاملىق 700 گرام يۇتىمەنغۇ ، — دېدى قارىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — لېكىن ھېچنېمە بولمايمەن ، سېنىڭ 600 گرام يۇتۇپ بېقىشىڭ بىرىنچى قېتىملىقتە .

ئۇلار ئايرودروم مەيدانى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەڭ چەتتىكى ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . بۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇۋاتقان ، قونۇۋاتقان جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ ئايروپىلانلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى . تۇرسۇن كاللا ھە دېسە بىلىكىدىكى سائەتكە قاراپ تەقەززا بولماقتا ئىدى . چۈنكى ، ئۇ قورسىقىغا ئامراق بولۇپ ، ئېچىپ سەللە ئۆتۈپ كەتسە چىدىمايتتى . مانا ھازىرمۇ ۋاقىتنى توشقۇزالماي ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭماقتا ئىدى . ئۇلار كېلىپ 20 مىنۇت بولمايلا ۋاقىت توشتى ، لېكىن تىزىلدۇرۇپ ئايروپىلاننىڭ قېشىغا ئاپىرىدىغان خادىملار كېلىپ بولغۇچە ، رادىـ ئودىن : «ھاۋا تۇمان بولۇپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى بىر سائەت ئارقىغا سۈرۈلدى » دەپ ئېلان قىلدى . بۇ خەۋەر تۇرسۇننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ پۇشاڭشىپ كەتتى .

— خالمەت قارىم ، مەن ··· مەن ھاجەتخانىغا بېرىپ كېلەي .

— ھەي ، چوڭىمۇ ، كىچىكىمۇ ؟

— كىچىكى ، چوڭىنى قىلىپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولامدا ، ئۇ قىممەت نەرسە تۇرسا .

— ماڭە ، تېز بېرىپ ، تېز كەل .

تۇرسۇن كاللا ئۇچقاندەك زالنىڭ قارشى تەرىپىگە بېرىپ ، بوتكىچى ئايالدىن بىر بولكا ھەم سوغۇق ئىچىملىك ئالدى ، ئۇنىڭ بىر كۆزى كۈتۈش زالىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ، ئەمما ئۆزى يۇمشاق بولكىنى بىر چىشلەپ ، بىر سوغۇق ئىچىملىك ئىچىپ ، بىردەمدىلا بىر بولكىنى يەپ ، سوغۇق ئىچىملىكنى ئىچىپ بولدى . ئـۇ ئاغزى - بۇرنىنى سۈرتۈۋېتىپ يېنىپ كەلگەندە ، خالمەت قارىم بىلەن دىلمۇرات ماكاش بېيجىڭدىكى خېرىدارلىرى ، مالنىڭ ھازىرـ قى نەرخى - ناۋاسى ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى .

— قىزىقكەنسەن ، — دېدى خالمەت قارىم دىلمۇراتنىڭ دۈمە-
بىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ ، — ئۇلار بىز ئېلىپ كەلگەن 85 ـ 90
پىرسەنتلىك مالغا ھەرخىل نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تەڭگە تەڭ
كۆپەيتىدۇ ، شۇنداقتا پايدا بولماي قالارمۇ ؟

خالمەت قارىم بىلەن دىلمۇرات ماكاش پاراڭلىشىۋاتقاندا ، تۇر-
سۇن كاللا ئولتۇرالمايلا قالدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭاتتى ،
كېلىپ ئولتۇراتتى ، ئاندىن كۇتۇش زالىنىڭ مەرمەر تۈۋرۈكلىرىگە
يۆلىنىپ تورۇسقا قارايتتى . دەرۋەقە ، ئۇ ئۆزىنى تىڭشاپ قالغاند-
ىدى . دېمىسىمۇ يېڭىسى كونىسىنى قوغلاۋاتقانلىقى ئايان ئىدى .
ئۇنىڭدا خۇددى يەل كەلگەندەك سىزىم پەيدا بولاتتى ، ئەمما ، يەلنى
قويۇۋەتكەن زامان ، بىر قانچىلىغان شىلىمشىق «كەمپۈت»لەر
مىرت ـ مىرت قىلىپلا چىقىپ كېتەتتى ـ دە ، ئۇدۇل يىپ
ئىشتاننىڭ بوغمىسىدا توختايتتى . بۇ ئىش بىرقانچە قېتىم تەكرار-
لانغاندىن كېيىن ، ئۇ خالمەت قارىمنىڭ قېشىغا كەلدى .

— قارىم ، ھېلىقى نەرسىلەر چىقىپ كېتىۋاتىدۇ .

— بايا ھاجەتخانىغا بارىمەن دەپ ، بىر نەرسە يەپ
كەپسەن ـ دە ، — خالمەت قارىم تۇرسۇننىڭ پېشانىسىنى
نوقۇدى ، — ۋاي ، ۋاي ، سەن گۆينى قانداق قىلارمەن ،
چىقىپ كەتكىنى خېلى كۆپمۇ ؟

— بىلمەيمەن ، ئەيتاۋۇر ئوسۇرۇق كەلگەندەك قىلىدۇ ، قو-
يۇپ بەرسەم مىرتىلداپ چىقىپ كېتىدۇ .

— قاچانلا بولسا سېنىڭ كاشىلاڭ ، — خالمەت قارىم ئورنىد-
ىن تۇردى ، — بىردە قىسىۋېلىپ چىقارمىغان ، بەزىدە ئۆزلۈكىد-
ىن تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقان ، ماڭە ، تازىلىق ئۆيىگە بارىلى .

ئۇلار تازىلىق ئۆيىگە كىردى ، ھېلىمۇ ياخشى ئادەم يوق
ئىدى . خالمەت قارىم تۇرسۇن كاللىنىڭ يىپ ئىشتان پۇچقىقىنى
قايرىشى ، بىر مۇنچە شىلىمشىق «كەمپۈت»لەر يەرگە تۆكۈلدى .
ئاندىن يەنە بىر پۇچقاقىنىمۇ قايرىپ «كەمپۈت»لەرنى ئالدى .

— ھەي ئەزىمايلا موت ـ موت ، قارىغىنا ، 27 تال چىقىپ

كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ، — قارىم ئالىقىنىدىكى «كەمپۈت»لەرنى سۇدا چايقاپ ، تۇرسۇنغا تۇتقۇزدى ، — قېنى يۇتە ئەمىسە .

تۇرسۇن ھېلىلا چىقىپ كەتكەن كەمپۈتلەرنى بىر - بىرلەپ يۇتۇشقا باشلىدى . لېكىن ، خالمەت قارىمنىڭ كۆزى ئىشىكتە قال- غانىدى .

— ھەي ، ماۋۇ چوڭ تەرەت قىلىدىغان بۆلۈمگە كىرىپ يې- گىن ، تاسادىپىي ئادەم كىرىپ قالمىسۇن ، لېكىن بىرى كەم بولسا ، ئىش ھەققىڭدىن تۇتۇۋالىمەن .

شۇ كۈنى خالمەت قارىم ، دىلمۇرات ، تۇرسۇنلا بىر سائەت كېچىككەن بولسىمۇ ، چۈش ۋاقتى سائەت بىردە ئايرودرومغا چۈش- تى . ئۇلار يەر شارى مېھمانخانىسىغا بېرىپ ئەڭ قىممەت ياتاقنا بېلەت كەستۇردى . ئۇلار ئىشىك تۇتقۇچىغا «ئاۋارە قىلماڭ» دېگەن تاختىنى ئېسىپ قويۇپ ، ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى . خالمەت قارىم قاتلاپ بىر - بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن سۇلياۋ تەلەڭگىنى سومكىدىن ئېلىپ ، ئىككىسىگە بىردىن بېرىپ ، ئۆزى بىرنى تازد- لىق ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى . ئامال - چارىنىڭ پىركاملى بولۇپ كەتكەن خالمەت قارىم ئۆزىنىڭ قورسىقىدىكى 700 گرام مالنى چىقىرىپ بولۇپ ، ئۇنى سۇدا چايقىۋەتكەندىن كېيىن شامالدىتىش ئۈچۈن بالكونغا ئاچىقىپ قويدى . ئاندىن ئۇ دىلمۇرات ماكاشىنىڭ تەلەڭگىسىگە قاراپلا قورقۇپ كەتتى . چۈنكى ، تەلەڭگە ئىچى قان بىلەن تولغانىدى .

— ئاشۇ كېيىنكى 100 گرام ساڭا ئارتۇق كەپتۇ ، — دېدى خالمەت قارىم ، — ئاشقازىنىڭنى بۇزۇپ قويغان ئوخشايدۇ .

— بۇزۇپ قويغان بولسىغۇ مەيلىتتىغۇ ، يېرىپلاۋەتمىگەن بولسا ، — دىلمۇراتنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىدى ، — چىڭراق ئىنجىقلىسامۇ ئاغرىيدۇ .

— ھە سېنىڭچۇ ، يەنە چىقمايۋاتامدا ؟ — قارىم تۇرسۇن كاللىغا ھومايدى - دە ، قولىدىكى تاياقچە بىلەن تەلەڭگىدىكى مىلىشلاپ كەتكەن «كەمپۈت»لەرنى ساندى ، — ھېچقانچە قالماپ-

تىغۇ ، ئىچىگىدە يەنە ئالتە تال قاپتۇ . پۈتۈن كۆچۈگىنى قورساقتا يىغىپ قاتتىق ئىنجىقلا ، ئۆتكەنكىدەك «تارت» تىن ئىككىسىلا چىقسا ، ھەممىسى چۈشۈپ كېتىدۇ .

خالمەت قارىم دىلمۇراتنىڭ تەلەگگىسىنى تازىلىق ئۆيىگە ئەكىرىپ ، قاتتىق قان ئىچىدىن «كەمپۈت»لەرنى سۈزۈپ ئېلىشى ، ئىككى كەمپۈتنىڭ چاپلىغۇچى تاياقچىغا ئىلىشىپ چىقتى . خالمەت قارىم چۆچۈپ ، كۆزلىرى چەكچەيدى . بۇ ئىككى چاپلىغۇچنىڭ ئىچىدىكى خروئىن ئاشقازاننى زەھەرلەپ ، دىلمۇرات ماكاشىنىڭ ھاياتىنى خەۋپكە ئېلىپ بېرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى . ئەگەر مۇشۇ تۇرقىدا دوختۇرخانىغا ئاپارسا ، ئۇنىڭ ئاشقازىنىنى تازىلاپ قۇتقۇزۇۋالغىلى بولاتتى ، ئەمما ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپارسىمۇ ، كۆپ ئاۋارىچىلىك تۇغۇلاتتى ، ھەتتا خەتەرلىك ئىشلار يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . شۇڭا ، خالمەت قارىم بىلمەسكە سېلىپ يۈرۈشنى لايىق كۆردى . ئۇ تۇرسۇندىن چىققان ھەرخىل غەلغەشلەر چاپلىشىپ كەتكەن «كەمپۈت»لەرنى سۇدا چايقاپ بولۇپ ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ سومكىسىغا سالدى ، ئاندىن ياتىقىغا چىقىپ سومكىسىنى بىخەتەرلىك ساندۇقىغا سېلىۋېتىپ ، ھايال بولمايلا يېنىپ كىردى .

— يۈرۈڭلار ، ئەمدى تاماقتا چىقايلى ، — خالمەت قارىم ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى ، — ۋاڭپۇجىنغا بارامدۇق ؟

— مەيلى ، — دىلمۇراتنىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىدى ، — ئۇ يەرنىڭغۇ ئاشخانىلىرى بەك سەرخىل .

ئۇلار «ماخمۇت تەملىك قورۇمىلىرى» دېگەن ئاشخانىغا كىرىپ ، كاۋاپ ، تونۇر كاۋىپى ۋە ھەرخىل قورۇمىلارنى زاكاز قىلىشتى . لېكىن دىلمۇرات : «يېنىكرەك تاماق يەي» دەپ ، ئۇگرە ئىچتى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەممىنى ياندۇرۇۋەتتى . ئۇلار كەچلەپ قايتىپ كېلىپ يېتىپ قېلىشتى . خالمەت قارىم ۋاڭ جىلۇڭ ئىسىملىك بىر خېرىدارغا تېلېفون بەردى . ئۇلار تېلېفوندا ھال -

ئەھۋال سـوراشقـاندىن كېيىن بـاشقـا گـەپ قىلىشمىدى ، چۈن-
كى بىر - بىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان بارىدىغان يەرلىرىنى
بىلەتتى . خالمەت قارىم ئالدىنقى قېتىم مال ئەكەلگەندە ، ۋاڭ
جىلۇڭ : «مېنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويماپسەن ، شۇڭا يەنە بىر قېتىم
ئەكەلگىنىڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئالىمەن» دېگەنىدى . خالمەت
قارىم تاكسىغا چۈشۈپ بىردەمدىلا تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ ،
داچيەنمىن ئەتراپىغا كەلگەندە ، ۋاڭ جىلۇڭنىڭ «قىزىل بايراق»
ماركىلىق قاپقارا ماشىنىسى يول چېتىدە پارقىراپ تۇراتتى . خال-
مەت قارىم ماشىنىغا غىپپىدە كىردى - دە ، سومكىسىنى يېنىغا
قويدى .
— قانچىلىك بار ؟ — سورىدى ۋاڭ جىلۇڭ ھېسابلاش ماشى-
نىسىنى قولىغا ئېلىپ ، — قېنى دېگىن .
— بىر كىلو 800 گرام .
ۋاڭ جىلۇڭ بىر دەمدىلا ھېسابلاپ چىقىرىپ ، ھېسابلاش ما-
شىنىسىنىڭ ئېكرانىنى كۆرسەتتى .
— نېمە ، 504 مىڭ ؟ سەن گرامىنى 280 سوم نەرخىدە
ھېسابلاپسەن - دە !
— ھازىر ساپ مال بولسا ، بازار نەرخى شۇ بولۇۋاتىدۇ .
بىزگە گرامىدا ئارانلا 20 سوم قالىدۇ شۇ .
— جىلـۇڭ ، بـۇ گـەپلـەرنى باشقىلارغا دېسەڭ ئىشىنەمدى-
كىن - تاڭ ، سېنىڭ مالغا نېمىلەرنى قوشۇپ تەڭگە تەڭ كۆپەيتى-
دىغىنىڭنى بىلمىسەمكەن كاشكى .
— بولدى ، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى . بۇ چامادانىدىكى 500
مىڭ سوم پۇل ... سانىۋالامسەن قانداق ؟
— ھەي ، ھەي ، جىلۇڭ ، سېنىڭ مۇشۇنداق گىرىلىقىڭنى
دەپ ، سەن بىلەن مۇئامىلە قىلمايمەن ئەمەسمۇ . ئەسلى نەرخىدىن
40 مىڭنى قايرىۋالدىڭ ، ئۇنىڭغا بوپتۇ دېسەم ، يەنە تۆت مىڭنىمۇ
چىقىرىۋېتىپسەن .
— ھېساب توپتوغرا 500 مىڭلا بولسۇن دېدىم شۇ ، — ۋاڭ

جىلۇڭ يوغان ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلدى ، — مەن سىنى يەر شارى مېھمانخانىسىغا ئاپىرىپ قوياي .

ئەتىسى خالمەت قارىم ئايروپىلان بىلەن گۇاڭجۇغا ئۇچتى . ئۇ بېرىپلا سەييۇەنلىدىكى ياتاقلاردىن قەدىردانىنى تاپتى ھەم مالنى ساق - سالامەت ما جيەنگۇ ئىسىملىك بىر كىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ : «يارايسىلەر !» دەپ قويدى . خالمەت قارىم شۇ كۈنىلا ما جيەنگۇ بىلەن كونا - يېڭى ھېسابنى بىر يولىلا قىلىپ ، 700 مىڭ سومدىن ئوشۇق پۇل ئېلىپ كەلدى ، ئاندىن ئۆزىنىڭ شاڭخەيگە بېرىپ ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار ، ئەيسا خېنەنجىرلەر بىلەن ئالاقىلەشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئورنىدىن تۇردى .

— خالمەت قارىم ، بىردەم سەۋر قىلىپ ئولتۇرۇپ بەرسىلە ، سىلىگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى ، — قەدىردان تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى ، — مەن سىلىگە باشتىلا : «خرونىن يۆتكەش ، سىتىش ئىشلىرىغا سالسىلا ھەرگىز قىلمايمەن» دېگىنىم ئەسلىرىدە باردۇ ؟

— بار ، بار ، — خالمەت قارىم بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولۇشىنى قەدىردانىنىڭ دەھشەتلىك تۇرۇلگەن چىرايىدىنلا بىلىپ بولغانىدى ، — قېنى دە ، ھە دېگىن ، قۇلىقىم سەندە !

— ئەمدى بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن ، — قەدىردانىنىڭ قوشۇما قاشلىرى مىۋزىدە تۇرۇلدى ، — سىلى قىلىۋاتقان بۇ قانۇنسىز ئىشلار ھامىنى بىر كۈنى بىزنى دار ئالدىغا سۆرەپ بارىدۇ .

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن .

— ئۇنداقتا باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسىلا بولمامدۇ ؟

— ئادەتلىنىپ قاپتىمەن ، جىددىيچىلىك ، قورقۇش ، ۋەھىمە ئىچىدە ياشاش ئادەمنى ھەر دەقىقە سەگەك ، ھوشيار ، جەڭگىۋار قىلىپ تاۋلايدىكەن .

— ئۇنداق دېگۈچە ، باشقىلارنى زەھەرلەش ھېسابىغا كەلگەن

پۇل تاتلىق بولىدىكەن، دېسىلە بولىمدۇ!
— نېمە دېسەڭ دېگىن، مەن بۇ پاتقاقتا پاتتىم، قېنى، پاتقىنىمچە پېتىپ باقاي، بىر يەردىن چىقارمەن.
— ئۇنداق دېمىسىلە، هازىرمۇ تېخى بالدۇرغۇ.
— بولدى، قەدىردان، سەن ماڭا نەسىھەت قىلىشقا تېخى بالدۇر. مەن پۇلنى چامادانلاپ، سومكىلاپ، غازاڭدەك خەجلەپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن. ئەمدى تۆگىنى چۆچەكتە سۇغىرىمەن دېسەڭ، ئۇ قانمايدۇ، — خالمەت قارىممۇ دېگىنىدە چىڭ تۇرىدىغان جاهىل ئادەم ئىدى، — سەن يەنىلا شۇ هېلىقى پۇلۇڭنى دەيسەنغۇ.
خالمەت قارىم چوڭ سەپەر سومكىسىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، سەككىز بولاق پۇلنى قەدىرداننىڭ ئالدىغا قويدى:
— سېنىڭدىن 60 مىڭنى ئالغان، ئۇنىڭغا 10 مىڭنى قوشۇپ 70 مىڭ قىلىپ بەردىم. ماۋۇ 10 مىڭ بولسا ئىككى قېتىملىق مال يۆتكەش پۇلى.
— ئالدىنقى قېتىملاردا ئۆزلىرىگە ھەمقان بولۇپ، نە ـ نەلەرگە باردىم، ئۇ هېسابلانمامدا؟
— ئۇ چاغلاردا: «ئاشقازىنىم ياخشى ئەمەس» دەپ مال يۆتكەـ گىلى ئۇنىمىدىڭ. ئاخىرقى ئىككى قېتىملا چېكىدىغان پۇلۇڭنى چىقىرىش ئۈچۈن مال يۆتكىدىڭ.
— ئەمىسە ئۇنىڭ ئالدىدىكى يېرىم يىل سىلىگە بىكارغا ئىشـ لەپتىمەن ـ دە؟
— بولدى، بولدى، خاپا بولۇپ، بويۇن تولغىغۇدەك ئىش يوق، — خالمەت قارىم سومكىدىن يەنە بىر بولاق پۇلنى ئالدى، — ماۋۇ 10 مىڭ سوم بىلەن رازى بولارسەن؟
— رەھمەت سىلىگە.
دەرۋەقە، قەدىردان بىر تەرەپتىن قانۇننىڭ جازاسىدىن قورقـ قان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆنىمىڭ، رۇيلىلەردە خىروئىن كەڭرى ۋە ئەرزان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتىكىدىن كۆپ چەكتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈرىكى سالىدىغان، بەدەندە ھەرخىل قاپارتما، جاراـ

ھەت دىگەندەك ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى ، ئىشتىھاسى تۇتۇ-
لۇپ ، تاماقتىن قالغانلىقى ئۈچۈن ، دەھشەتلىك ئورۇقلاپ ، ئادەم
تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى .

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەندە بازارغا چىقىپ ، ماگىزىنىنىڭ دى-
رېكتورلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ، تۆت موتسىكلىت ئالماقچى ئىكەن-
لىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، ئۇلار باھادا ئالاھىدە ئېتىبار قىلدى .
بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرىلا 17 مىڭ سوملۇق چوڭ تىپتىكى «ياماخا»
ماركىلىق موتسىكلىت بولۇپ ، قالغانلىرى ئادەتتىكىدەك موتسىك-
لىتلار ئىدى . قەدىردان ئۇلارنى پويىز ئىستانسىسىغا ماشىنىدا
ئاپىرىپ تويۇق قىلىشقا ئالدىراپ كېيىن ، پويىزغا بىلەت ئېلىپ ،
شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇ يۇمشاق كارىۋاتنىڭ بىلىتىنى
ئالالمىغاچقا ، ئادەتتىكى يۆلەنمە ئورۇندۇقتا كېتىپ باراتتى . بەزى-
دە ئالدىدىكى ئۈستەلگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلايتتى . ئەمما ، ئۇ
بىردىنلا ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا قاراپلا چۆچۈپ كەتتى . ئۇ يەردە
ئەسەت ئەرۋاھ نىكاھ قىلىپ ئېلىپ ، كېيىن گۇاڭجۇدا خرۇئىن
سانقۇزۇپ سولىتىۋەتكەن ئاسىيە ئولتۇراتتى . تۈرمىدە ياتقان ئا-
دەملەرنىڭ كۆپلىرى شۇنداق بولامدۇ ، بىكارچىلىق ، كۆپ ئۇخ-
لاش ، ھەرىكەت ئاز بولۇشتىن خام سەمرىپ كېتەتتى . ئاسىيەنىڭ-
مۇ خۇددى ئىششىپ قالغاندەك يۈزلىرى ھۇپىيىپ ئېسىلىپ
تۇراتتى .

— ۋىيەي ، سىز قەدىردانغۇ دەيمەن ؟ — ئاسىيە دەسلەپ
تونۇشلۇق بەردى ، — سىز تېخىچىلا گۇاڭجۇدىما ؟

— ياقەي ، مەن كەلگىلى ھەپتە بولدى ، موتسىكلىت ئالغان ،
شۇنى تويۇق قىلىۋېتىپ قايتىشىم .

— سىزگە تونۇشتۇرماپتىمەن ، بۇ كىشى ، — دېدى ئاسىيە
يېنىدىكى 40 ياشلاردىكى خام سېمىز ، مىس رەڭ چىراي ئادەمنى
كۆرسىتىپ ، — ئاچامنىڭ يولدىشى ھۆسەن بولىدۇ . بۇ قېتىم
مېنى ئېلىپ كەتكىلى كەپتىكەن .

— شۇ يىلى ياتقانچىما سىز ؟

— شۇنداق ، سەككىز يىل بولدى ، — ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىگە ياش ياماشتى ، — بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە بارغاندا ، ئۇ مۇناپىق بىلەن بىر سۆزلەشمىسەم .

— ئەسەتنى دەمسىز ؟ ئۇ ئۆلدى !

— ئۆلدى؟ نېمە بولۇپ؟

قەدىردان ئەسەت ئەرۋاھىنىڭ ئېچكىرىدىن خىروئىن يۆتكەش جەريانىدا ، «قىزىل يۇلغۇن» مېھمانخانىسىدا بولغان پاجىئەنى سۆزلەپ بەردى .

— تۆت قەۋەتتىن سەكرىدى دەڭ ، بېشىڭنى يەيدىغان جۇۋاينىمەك ، بالدۇرلا ئۆلۈۋاپتۇ ـ دە .

ئۇلار يول بويى بەزىدە ئۇخلاپ ، بەزىدە پاراڭلىشىپ ماڭدى . ئاسىيە قېيناكىسىغا ، بۇرۇن قەدىردانىنىڭ ئەسەت بىلەن توي قىلدىشىغا قارشى تۇرغانلىقى ، ئۇنىڭ خىروئىن ئەتكەسچىسى ئىكەنلىكى ، ھەتتا تۇرمىگە كىرگۈزۈپ قويۇپ ئىگە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلسا ئۇنىماي ، ئەسەت بىلەن توي قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەچكە ، ھۆسەننىڭمۇ چىرايى ئېچىلىپ گەپ قىلىدىغان بولدى . سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى بولسا كېرەك ، ئۇ تۇيۇقسىزلا سوئال سوراپ قالدى :

— قەدىردان ، سىز نېمە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىسىز ؟

— مەن بۇرۇن قاچىلىق قىلغان .

— ھۆسەنكا ، دېسەم ئىشەنمەيسىز ، قەدىردان 15 ـ 16 يېشىدىلا «بالا سەيگۇيوەن» دەپ داڭ قازىنىپ ، مىليونېر باي بولۇپ كەتكەن ، — دېدى ئاسىيە ھاياجان بىلەن ، — خوتەنلەرگە كېلىپ قالسا ، ھەر كاتتا خوجايىنلار ئالدىغا ماشىنا ئېلىپ چىقاتتى .

— شۇنداقمۇ ؟ — ھۆسەن قىزىقىپ قالدى ، — كېيىنچۇ ؟

— كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ نۇرغۇن پۇل تاپقانىدىم ، — دېدى قەدىردان ئېغىر خورسىنىپ ، — بىر كېچىدىلا يۈزنى نىقابلىۋالغان بۇلاڭچىلار كىرىپ پۈتۈن تاپقان بايلىقىمنى بۇلاپ كەتتى . جېنىمنىڭ ئامان قالغىنىغا خۇش بولدۇم .

— مانا قاراڭ ، كىچىك تۇرۇپلا جىق ئىشلارنى كۆرگەن بالىكەنسىز ، — ھۆسەن تامىقىنى چىكىلداتتى ، — ھە قېنى ، ئاخىرىنى سۆزلەڭ .

— شۇنىڭدىن كېيىن ئىچكىرىدىن خوتەنگە موتسىكلىت يۆتـ كەپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن .

— ياخشى ، ياخشى ، ئاز يەپ ، ئاسان تىرىل ، دەپ كونىلارمۇ بىكار ئېيتمىغان ، — ھۆسەننىڭ سۆزلىرىدىن ۋەزخانلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى ، — بەزىلەر بىر يولىلا نۇرغۇن پۇل تاپىمەن دەپ ، خىرۇئىن ئەتكەسچىلىكى قىلىۋاتىدۇ . بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك يول بولۇپلا قالماي ، خەلقى ، مىللىتى ، دۆلىتى ئۈچۈن زور ئاپەت ! بۇنداق رەزىللىكنى پەقەت ۋىجدانىنى ، غۇرۇرىنى ، ئىنسانىي پەزىلىتىنى يوقاتقان ئىبلىسلارلا قىلىدۇ .

قەدىردان بۇ گەپلەرنى ھۆسەننىڭ ئېغىزىدىنلا ئاڭلاۋاتقىنى يوق ! خۇددى غايىبتىن بىر كۈچ بىردەك ئاغزىغا سېلىپ قويغانـ دەكلا ، شىنجاڭ ياكى ئىچكىرى ئۆلكىلەر بولسۇن ، ھەتتا چەت ئەلدىمۇ ئوخشاشلا ئېيىلىۋاتقان ! ئۇنداقتا ، قەدىردان ھەممە كىشىـ نىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولۇپ قالدىمۇ ؟ ئۇ كىچىك چاغلىرىدا قەلبى ئېستېتىك تىلەكلەرگە ، ئاجايىپ ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە تولغان بىر بالا ئىدىغۇ ، ئۇ خىرۇئىن دېگەن لەنەتگەردىگە ئاشىنا بولۇپ ، خەلقـ نىڭ نەپرەتلىك دۈشمىنى بولارمەن دەپ ئويلىغانمىدى ! ياق ! ئەمىـ سە نېمە ئۈچۈن بۇ ئىپلاس ، بەتبۇي پاتقاققا پاتتى ؟ ئۇ ياشلىق بوستانىغا ئالغان تۇنجى قەدىمى خاتا بولدى ! ئاشۇ بىر قەدەم ئۇنى جاڭگىللى مازاندىرانغا ئېلىپ كىردى ! ئەسەت ئەرۋاھ قىزىقتۇرغان ھېلىقى كېچە خاتا ئالغان بىرىنچى قەدەم ئىدى ! ياشلىقتا ، بولۇپمۇ تۇنجى باھاردا ئالغان خاتا بىر قەدەم نۇرغۇن دىشۋارچىلىقلارنىڭ ھامىيسى بولۇپ ، ئۇ ئادەمنى بىر ئۆمۈر پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ .

قەدىرداننىڭ ئۆكۈنۈش ، پۇشايمان ، ئاچچىق خاتىرىلەرگە تولـ غان خىياللىرى تا شىنجاڭغا كىرگۈچە داۋاملاشتى . شىنجاڭنىڭ نىشانى ئۈچۈن بېرىلىدىغان «شىنجاڭ ئەزەلدىن بىر ياخشى ماكان»

ناخشىسىنىڭ خەنزۇچىسى پويىزنىڭ ھەممە ۋاگونلىرىدا بىردەك ياڭرىدى، يولۇچىلارمۇ ھاياجان بىلەن «شىنجاڭ ... شىنجاڭغا كەلدۇق» دەپ چۇرقىراشتى. ئەمما، سىرت قاراڭغۇ بولغاچقا، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. قەدىردان دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ قارىغانسېرى، ئانا يۇرت ئاسمىنىنىڭ قاراڭغۇ بىر يېرىدە مەدىنە، مېھرىبان، زۇلئايلار ئۇنىڭغا كۈلۈپ قارىماقتا ئىدى، بەس - بەستە ياخشى تىلەك، ئۇلۇغ ئىستەكلەر تىلەيتتى. ئەمدى قەدىردان ئۈچۈن، بىر خروئىن ئاشىناسى ئۈچۈن تىلەك، ئىستەك-لەر نەدە تۇرۇپتۇ! ئاشۇ خروئىن دېگەن نىجىس ئۇنىڭ تېنىگە رودۇپايدەك چاپلاشقانىكەن، تەڭرىتېغىدەك تىلەك، ئىستەك، ئا-مەت تىلىگەن تەقدىردىمۇ، بوراندىكى تالقاندەك، باھاردىكى چېچەك-تەك، تاڭدىكى تۇماندەك، كەچ كۈزدىكى توزغاقتەك توزۇپ كېتىد-دۇ. خروئىننىڭ ئىنسانغا ئېلىپ كېلىدىغان «ئامەتى» شۇنىڭدىن ئىبارەت. مەدىنە، مېھرىبان، زۇلئاي، ئەمدى سىلەر بىھۇدە ئاۋارە بولماڭلار، ئۇ تەسەللىگە، نەسىھەتكە، چىرايلىق كۆڭۈل ياسىشىڭ-لارغا موھتاج ئەمەس! ئۇنىڭ بىردىنبىر ئاشىناسى يەنىلا خرو-ئىن! لېكىن، بۇ مېھرىبان قىزلار يۇلتۇزلار ئارىسىدا يەنىلا قە-دىردانغا تىكىلىپ تۇرىدۇ! خۇدايا توۋا، كۆڭۈل دېگەن زادى قانداق نەرسىدۇر؟ تېرىقتەك نەرسىدىن خۇش بولۇپ، بويۇك ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بولىدۇ! قارىمۇقنىڭ قاسىرىقىدەك خاپىلىقتىن يوقاپلا كېتىسەن! كۆڭۈلنى شىشىدەك نازۇك دېيىشىدىكەن، بۇ راستمى-دۇ؟ ئەمىسە بەزىلەر كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئەقىلگە سىغمى-غۇدەك ناشايان ئىشلارنى قىلىپ قويىدىكەن. بۇ قانداق ئىش؟ ئۇنداقتا كۆڭۈل دېگەن تاۋى نازۇك، يۈزى قېلىن بىر نېمە ئوخشى-مامدۇ؟! ئەمما ئوغرى، قاراقچى، ھەتتا ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلغىمۇ بىر ئۆمۈر ئىشقىنى بەرگەن ئاياللارنى نېمە دېيىش كېرەك! ۋاي بولدىلا، كۆڭۈلنىڭ كۆتىنى كوچىلاۋەرمەي، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى!

خەيرىيەت، قەدىردان ئەنە شۇنداق ھۆسنى جامالدا بەرقارار،

ناز ـ كەرەشمىدە شېرىن نەشتەر 14 ـ 15 ياشلىق قىزلارغا كۆكۈل بەردى ، ئەپسۇس ، بۇ دۇنيانىڭ ۋاپا ـ پەيمانى شۇنچىلىكمۇ ؟ ! مەدىنەدىن تىرىك ئايرىلدى ، زۇلئاي بولسا ئۇنى تاشلاپ كەتتى ، ئەمدى بىردىنبىر كۆڭۈل خۇشى ، ۋاپادار ئايالى مېھرىبان قالغاندى . بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ ، بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى ئۇنى ئىزلەش بولىدۇ . مېھرىباننى ، ئوغلى قەيسەرنى تاپمىغۇچە خوتەنگە بارمايدۇ . ئۇلارنى تېپىپ خوتەنگە ئېلىپ كېتىپ ، شۇ يەردە ياشايدۇ ! بولدى بەس ، ئەمدى سەرگەردانلىق ھاياتقا بەرھەم بېرىدۇ . كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانا : «نادامەتكە تولغان كەچمىشلىرىڭ بىر قەرنەگە يېتىپ بارۇر» دېگەنىدى . بىر قەرنە ئەللىۋەتتە 33 يىل بولغانىكەن ، قەدىردان ھازىر 27 ياشقا كىردى ! ئەمدىغۇ ھايات قىسمەتلىرى قارار تاپقاندۇر ! ئەمىسە پەرىشتە ئانىنىڭ : «ئوتتۇز ياشقا كىرمەي تۇرۇپ 100 يىللىق قاباھەتلىك قىسمەتلەر بېشىڭغا كېلۇر» دېگىنى نېمىسىدۇ ؟ ئۇنداقتا ...

قەدىردان ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى ، چۈنكى ئۇنىڭ تارتىدىغان ئازابلىرى تېخى ھەقدادىغا يەتمىگەندەك قىلاتتى !

قەدىردان پويىزدىن چۈشۈپلا ، ھۆسەن ھەم ئاسىيەلەر بىلەن خوشلاشتى ـ دە ، تاكسى بىلەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا بېرىپ ، بۇرۇن ئۆزى يانتقان ياتاقتا بېلەت كەستۈردى . ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ياتاقتا قويۇپ ، بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ ھېلىمجان ئاۋاق بىلەن نۇرمەت پاكارنى ئىزلەپ تاپالمىدى . ئۇلار بەلكىم قاق بازارلىرىدا بولسا كېرەك ، لېكىن «قوغۇرتاش» ، «غەربىي دىيار» ، «داخىيەن» ، «مۇسۇلمانلار» شىركەتلىرى قاتارلىق توپ سېتىش بازارلىرىنىڭ قايسىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇلار قايسى بازارغا مال كۆپ كىرسە ، شۇنىڭغا يۆتكىلىپ تۇراتتى .

قەدىردان : «كەچلىك تاماق يەپ كەلگۈچە ئۇلارمۇ كېلىپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە دوستلۇق ئالدىغا پىيادە كەلدى . ئۆز ئۆيى بار خالتا كوچىغا كەلگەندە ، بىردەم توختاپ قارىدى ، لېكىن كىر-

مىدى . مەشەدىنمۇ ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى .

قەدىردان كاۋاپچىلار قاتارىغا كېلىشى ، كاۋاپچىلار بەس ـ بەستە خېرىدارلىق قىلىپ چاقىرىشتى . بىراق ، كىمدۇر بىرى ئۇنى «قەدىردان» دەپ چاقىرىشى ، دەرھاللا قايرىلىپ قارىدى ـ دە ، «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»دىكى قورۇمچى ئۇستام كازىمنى كۆرۈپ قالدى . قەدىردان ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ ئەھۋاللاشتى . كازىمنىڭ دوستلۇقتا چوڭ كاۋاپخانىسى بولۇپ ، كاۋاپدان ئەتراپىدىكى ئوچۇقچىلىقتا سەككىز شىرە قويۇلغانىدى ، ئالتە ـ يەتتە قىز ـ يىگىتلەر يۈگۈرۈشۈپ ئىشلەۋاتاتتى . ئاۋازى ساز بىر ئورۇق يىگىت كاۋاپ پىشۇرغاچ ۋارقىراپ ، بازارنى بېشىغا كىيگەنىدى .

— يۈرۈڭ ، دۇكان ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرايلى ، — دېدى كازىم قەدىردانىنى باشلاپ ، — قىشنىڭ كۈنى كاۋاپ سىرتتا پىشۇرۇلۇپ ، خېرىدارلار دۇكان ئىچىدە يەيدۇ . يازنىڭ كۈنى بولسا ، كۆزىڭىز كۆردى ، ھەممە ئىش سىرتتا .

— كازىمكا ، ئىشىڭىزغا دەخلى قىلىپ قويماي جۇمۇڭ ، ئىش ئۇستىدىكەنسىز .

— مەن خېرىدارلاردىن پۇل يىغىمەن . ئارىمىزدا ناماز ئوقۇيدىغان بىر قىز بار ، شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قويسام بولىدۇ .

كازىم چىقىپ كېتىپ ، بىردەمدىلا چەينەك بىلەن ئىككى پىيالە كۆتۈرۈپ كىردى ـ دە ، چاي قۇيدى ، ئۇلار چايدىن ئوتلىغاچ كونا ـ يېڭى خامانلارنى سورۇپ تۇرۇشتى. نان بىلەن كاۋاپمۇ كىردى .

— ھە ، قەدىردان ئىنى ، ئېلىڭە ، قورساق ئاچىدىغان ۋاقىتمۇ بوپقالدى .

ئۇلار ، «قېنى ئېلىڭ» ، «سىزمۇ ئالمامسىز» دېگەن تەكەللۇپلار بىلەن نان ۋە كاۋاپنى مەززە قىلىپ يېيىشتى ، ئارقا ـ ئارقىدىن «ئاتىنىڭ قېنىدەك» دەملەنگەن چايدىن ئىچىشتى .

— كازىمكا ، «جەننەت نېمەتلىرى»دىن قاچان چىقىپ كەتتىڭىز ؟ — دېدى قـەدىردان ، — بۇ يەردە بىر ئوبدان تىجارەت باشلىۋاپسىز .

— ئۇ قاراڭ ، ئاشخانىلا ئەمەس ... — كازىم ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — مەن راستىنىلا قورقتۇم ، تۇيۇقسىز بىر كۈنى ھەممىمىزنىڭ قولىغا كويزا چۈشىدىغاندەكلا ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم .

— مېنىمۇ قاپقانغا دەسسەتكەنلەر شۇلار ئەمەسمۇ ، — قەدىردان ئېغىر تىنىپ قويدى ، — شۇ ئارقىلىق پۈتۈن بىساتىمدىن ئايرىلىپلا قالماي ، ھەتتا تەقدىرىممۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بۇ ئاشخانىنىڭ نامى ياخشى ئەمەس ، گۇاڭجۇدىكى ئەختەرنىسا ئېتىلغاندىن كېيىن ، ئېرى نەجمىدىن بىزنىڭ دۇكانغا قېچىپ كېلىۋالغانىدى . بىر كۈنى ئاباق توختى كۇيئوغلىنى ئېغىر مەست قىلىپ بىللە يېتىپتۇ . ھۆسنارخان ئۇلارنى «ئىش» ئۈستىدە تۇتۇۋاپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن نەجمىدىن ئەتىسى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى دېمەمسىز .

— بۇ ئاباق توختى قانداق مەخلۇق زادى ؟ !

— قارىسىڭىز بىر ئوبدانلا ياۋاش ئادەم ، لېكىنىزە ، ھېچقىنى تۇۋا قىلار ، قوڭى قويماس ، دېگەن شۇدە !

— ھازىر ئۇ ئادەم يەنىلا شۇ ئاشخانىدىما ؟

— ھازىر ئېلىنىشىپ قالدى ، كوچىلارغا سۆزلەپ چىقىپ كەتسە ، ھۆسنارخان سۈپۈرگە ، تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ ئىچكەركى قورۇغا سولاپ قويىدۇ .

— ئېلىنىشىپ قالدى دەمسىز ؟

— ئېسىڭىزدە بارمۇ ، ئۇ ھېلىقى مېيىپ بالا ئىسمايىلنى دورايتتىغۇ ، ھازىر ئاشۇنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالدى ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ تارتىشىپ ، ھەررەڭ ـ سەررەڭ مېڭىشلىرى ، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىدىن سۇ ئېقىپ ، مەيدىلىرىنى ھۆل قىلىۋېتىشى ئوپئوخ-

شاش ! يائاللا ، توۋا دېسەك بولىدۇ ، بۇ ئالامەتلەرگە !
— ھازىر ئۇ ئاشخانىدا كىملەر ئىشلەۋاتىدۇ ؟
— خېمىر سوزىدىغان بىر ئۇستام ، قورۇما قورۇيدىغان بىر ئۇستام قالدى ، ئاندىن مۇلازىمەتچىدىن ئىككى بالىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ ، — كازىم چايدىن بىر ئوتلاپ قەدىردانغا تىكىلدى ، — ھەي قەدىردان ، بىر يېرىم - ئىككى يىلدىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز ؟
— ئوتتۇرا ئاسىيا ، ئۇندىن كېيىن يۇنىنەن ، گۇاڭجۇ ، شاڭخەيلەردە بولدۇم .
— مېنىڭ بۇنداق سورىشىم قارالڭ ، مېھرىبان بالىسىنى يېتىلەپ يۈرۈپ سىزنى كۆپ ئىزلەپ كەتتى ، — كازىم سەل تۇرۇۋالدى ، — ھەتتا ئۇ سىزنى ئىزلەپ «جەننەت نېمەتلىرى » ئاشخانىسىغىمۇ كەلدى .
— نېمە ، ھۆسنارخان ... ئۇ ... ئۇنى ئۇرۇپ كەتمىدىمۇ ؟
— ئۇ قىزمۇ بەك ئەقىللىقكەن ، — كازىم كۈلۈپ قويدى ، — ئۇ : «مېنىڭ ئېرىم قەدىردان دېگەن بىر يىگىت بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ، نەچچە يىل بولدى چىقمىدى ، ئاڭلىسام قەدىردان سىلىنىڭ كۈيئوغۇللىرىكەن . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئۇقاي دەپ كېلىۋىدىم » دەپ پەقەتلا چاندۇرمىدى . لېكىن ، سىزنىڭ بىر چاغدا دېگەن گېپىڭىز ئېسىمگە كېلىپ ، ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا چىقىپ يولنى توستۇم - دە : «سىز قەدىردانىنىڭ ئايالى مېھرىبان بولىسىزغۇ دەيمەن » دېۋىدىم ، ئۇ ھەيرانلىقتىن ئاغزىمغا قاراپلا قالدى .
كازىم مېھرىباننىڭ بېشىغا ئېغىر كۈلپەت كەلگەنلىكىنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى . قەدىردان كازىمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ غەزەپ ئاچچىقىدا يېرىلىپ كېتەي دېدى . ئابابەكرىنىڭ ئۆز نەۋرىسىنى سېتىپ خروئىن چەكمەكچى بولغانلىقى ئۇنىڭ رەزىللىكىنىڭ چېكىگە يەتكەنلىكى ئىدى .
— مەن مېھرىبانغا ، سىزنىڭ ئاپتوبۇستا كۆرگەنلىكىڭىزنى ، بېكەتتىن قايتىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ تاپالمىغانلىقىڭىزنى دەپ بەرگە-

نىدىم ، ئۇ يىغلاپ كەتتى .
— ھازىر ئۇ نەدە تۇرۇۋېتىپتۇ ؟
— يىكەن كۆلدە ئىكەن ، بەلكىم ھېلىمجان مېھرىبان توغرۇ-
لۇق كۆپ ئىشلارنى بىلىدۇ . ئۇ قىز : «ھېلىمجاننى ئىزلەپ تاپىد-
سام بولمايدۇ ، ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار » دەپ «مۇ-
ساپىرلار مېھمانخانىسى»غا كىرىپ كەتكەنىدى .
— ماقۇل ، كازىمكا ، مەن ماڭاي ،— قەدىردان پۇل تەڭلىگە-
نىدى ، كازىم قەتئىي رەت قىلدى ، — ئالمىسىڭىز ، ئىككىنچى
قېتىم دۇكىنىڭىزغا كەلمەيمەن جومۇڭ .
— مەيلى كەلمىسىڭىز ، نەچچە يىلدا بىر كېلىۋاتسىڭىز ، پۇل
ئالسام سەت تۇرمامدۇ .
قەدىردان كازىم بىلەن خوشلىشىپ ، پىيادە «مۇساپىرلار مېھ-
مانخانىسى»غا يۈرۈپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ ، خۇشال
قىلغىنى ، مېھرىباننىڭ تۇرۇشلۇق يېرىنى بىلىۋالغانىدى . قەدىر-
دان كوچا چىراغلىرى ئاپئاق يورۇتۇپ تۇرغان پىيادىلەر يولىدا
تېز - تېز مېڭىپ ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى»غا يېتىپ كەلدى .
ئۇ تۆتىنچى ، بەشىنچى قەۋەتلەرگە چىقىشى بىلەن ، كەندىرنىڭ
قاڭسىق ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلدى ، نەشە چېكىۋاتقانلار دېرىزىلىرد-
نى ئېچىۋەتكەن بولسا كېرەك . ئۇندىن باشقا ، قىمار ، شىشخال ،
دۇدۇزە ئوينىۋاتقانلارنىڭ ۋارقىراشقان - چۇرقىراشقان ئاۋازلىرى ،
ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغانلارنىڭ جېدەللىرى ھەممىلا ياتاق-
تىن كېلىۋاتاتتى . قەدىردان ھېلىمجان بىلەن نۇرمەتنى ئىزلەپ
بەزى ياتاقلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ، پال - پال نەيچىلەر بىلەن ئاق
تۇتۇننى شوراۋاتقانلار ، قاپاقلارنى خورتۇلدىتىپ نەشە چېكىۋاتقانلار
يەنىلا بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا توپلىشىۋالغانىدى . قەدىردان ئىچىدە :
«باينىڭ پۇلىنى ، نامراتنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغان ، ئادەمنى
تۈيۈق يولغا باشلاپ ، تەقدىرىنى ۋەيران قىلىدىغان بۇ دوزاخقا ئاتوم
بومبىسىدىن بىرى چۈشكەن بولسىچۇ كاشكى» دەپ ئويلىدى .
قەدىردان ھېلىمجان ئاۋاق بىلەن نۇرمەت پاكارنى بەشىنچى

قەۋەتتىن تاپالماي قايتىپ چۈشۈپ، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر ياتاق-تىن تاپتى. لېكىن، بۇ ياتاقتا ھېلىمجان ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كېتىشتى.

— سەككىز كىشىلىك ياتاقتىن تۆت كىشىلىك ياتاققا ئالماشتۇرۇپتۇققۇ، — دېدى قەدىردان كارىۋاتتا ئولتۇرۇۋېتىپ، — قاچانلاردا ئۈچىنچى قەۋەتكە چۈشۈۋالغان. شۇنىڭغا قارىغاندا خېلى كۆپ پۇل تاپقان ئوخشايمىز - ھە؟

— ياقەي، نۇرمەت ئىككىمىز يۇرتقا كەتكەن، مەن قايتىپ كەلسەم بۇرۇنقى ياتاقلىرىمىز مۇساپىر، يېتىمچىلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ھېلىمجان قەدىردانغا تىكىلىپ قاراپ، — ھەي قەدىردان، نېمانچە جۇدەپ كەتتىڭ؟ يائاللا، تونۇمايلا قاپتىمەن.

— نۇرمەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — قەدىردانمۇ گەپنى قاچۇردى - دە، — ئۇ نەگە كەتتى؟

— ئۇ يۇرتتا قالدى، شۇ يەردە ئۇششاق تىجارەت قىلىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئاكىسى موتسىكلىت بىلەن ماشىنىنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىپ قازا قىلغان، — ھېلىمجان بېشىنى بىلىنەر - بىلمەس چايقىدى، — ئاتا - ئانىسى ئاكىسىنىڭ ئىككى بالىسى بار ئايالىنى نۇرمەتكە نىكاھ قىلىپ چېتىپ قويىدى.

— ۋوي، ئاشۇنداق قىلىسىمۇ بولامدىكەن؟

— كونىلار تېخى «ساۋاب بولىدۇ» دېيىشىدىكەن، چۈنكى قېرىنداشنىڭ بالىسىغا قېرىنداش ئىگە بولسا ئۆگەيلىك قىلمايمىش.

— ياتىقىڭدىكى باشقىلار قېنى؟ — قەدىردان سۆزلىشىشكە ئەپلىك - ئەپلىك ئەمەسلىكىنى بىلمەكچى ئىدى، — ياكى باشقا كارىۋاتلاردا ئادەم يوقمۇ؟

— نەدىكىنى، ئىككىسى كەچلىك تاماق يېگىلى چىقىپ كەتتى، ھازىرلا يېنىپ كىرىدۇ. بىرى بەشىنچى قەۋەتتە قىمار ئويناۋاتىدۇ.

— ئەمسە يوْر ، بىزنىڭ ياتاقتا كىرىپ ئازراق پاراڭلىشايلى .
— مەيلى ، مېنىڭمۇ ساڭا دەيدىغان گەپلىرىم يىغىلىپ قالغانىدى .

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتتىكى قەدىردانىنىڭ ياتىقىغا چۇشتى . گەرچە بۇ ياتاقتا ئىككى كارىۋات بولسىمۇ ، مۇساپىر تىجارەتچىلەر قىممەت كۆرۈپ ياتمىغاچقا ، كۆپ ھاللاردا بىر ئادەم ياتاتتى . ھېلىمجان : «كەچلىك تاماق يەپ بولدۇم» دېگەچكە ، قەدىردان چايداندىن ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بەردى ، ئۆزىگىمۇ بىر چىنە چاي قۇيۇپ ، يالغۇز كىشىلىك دىۋانىنىڭ بىرىگە ئولتۇرۇپ ، چىنىنى چاي شىرەسىگە قويدى .

— ئاڭلىسام مېھرىبان ئوغلۇم بىلەن سېنى ئىزلەپ كەپتىكەن ، — قەدىردانىنىڭ تەلەپپۇزى ئېغىر ئىدى ، — ھەم كازىمغا ، ھېلىمجان ئاكامغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ، دەپتىكەن ، ئەگەر مۇمكىن بولسا ، تەپسىلىيراق سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ .

ھېلىمجانىنىڭ كۆتمەك توم قاشلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرى قىسىلدى . ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي ، بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى .

— ھەي قەدىردان ، قەدىردان ! — ھېلىمجان گەپنى باشلاش بىلەنلا قايناپ قالدى ، — سېنى زادى نېمە دېسەم بولار ؟ سېنىڭ خروئىنغا كۆنۈپ قېلىشىڭ نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرنىڭ ئاچقۇچى بولدى ، ھۆسنارخان قىزىنى تارتىۋېلىش ۋە پۇلۇڭنى بەرمەسلىك ئۈچۈن سېنى تۈرمىدە چىرىتىۋەتمەكچى بولدى ، ئابابەكرى بولسا مال ـ دۇنيارىڭنىڭ كويىدا سېنى سولىتىۋېتىش ئۈچۈن ، ئۆزۈڭنىڭ كاللەك خروئىننىڭ ئارقىلىق سۇيىقەست ئىشلەتتى ، شۇنىڭ بىلەن قاچتىڭ ـ قاچتىڭ ، پۈتۈن بالايىقازا مېھرىبانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى . كىچىككىنە بىر قىز بالىسىنى يېتىلەپ يۈرۈپ يېمىگەن پوق ، كىرمىگەن گۆر قالمىدى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن بېشىغا كەلگەن تاغدەك بالالارنى ئاڭلاۋېتىپ ، سېنى بوغۇزلىۋەتكۈم كەلدى .

— راست ، ھېلىمجان ئاكا ، خروئىن چەككەن قايسى بىر ئادەم يـاخشى دەيسەن ، — دېـدى قەدىردان بېشى ساڭگىلىغان ھالدا ، — مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولغاندىن كېيىن ، ھەر نېمە دېسەڭ ھەقلىق !

— مەن ئەسكى ، مەن يامان ، مەن بەتبەخت دېيىش بىلەن مېھرىباننىڭ يۈرىكىدىكى يارىنى ساقايتقىلى بولمايدۇ ، ئەدناسى تەسەللىمۇ بولالمايدۇ ، — ھېلىمجان ئۇھ دەپ تىندى ، — ئويلاپ باقە ، ئاپابەكرىنىڭ قىلغان تۆھمىتىدىن مېھرىبانغا پۈتۈن بىر بازار ، ھەتتا «سېرىق ئۆي»دەك بىر يۇرت قارشى چىققان ! بۇ ... بۇ ئوڭداق ئاددىي بىر ئىش ئەمەس !

— بىر يۇرت ، بىر بازار قارشى چىققان دېگىنىڭنى چۈشىنەلمىدىمغۇ ؟

يىكەن كۆلدە ئاپابەكرى كىچىك قەيسەرنىڭ بولماق ، شېكەر ، پېچىنە قاتارلىق يېمەكلىكلىرىنى يەۋېلىپ ئارام بەرمەيلا قالماي ، قىزىدىن خروئىن ئۈچۈن پۇل تەلەپ قىلدى . كېيىن مېھرىبان ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى . چۈنكى ، خروئىن چەككۈچىلەردىن ھەر بالا كېلەتتى ، كېيىنچە بىر چېكىم خروئىن ئۈچۈن سولامچىلىق قىلىشتىن يانمايتتى . شۇڭا ، بىر كۈنى دادىسىدىن يوشۇرۇن «سېرىق ئۆي» رايونىغا كۆچۈپ كەتتى . بۇ ئەسنادا قەدىرداندىن 10 مىڭ سوم كېلىپ قالغانىدى . بۇرۇنقى 30 مىڭ سومدىن قېپقالغان 22 مىڭ سومنى بانكىغا قويۇۋېتىپ ، كېيىنكى 10 مىڭ سومنى خىراجەت قىلىپ ، يېڭى كۆچۈپ كەلگەن يەردە بىر يىل ئۆتتى . ئەمما بىكار يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مېھرىبان ئۆي خوجايىنى تۇردىخاننىڭ 13 ياشلاردىكى ئوغلى ئەكبەرنى ياردەمچى قىلىپ كاۋاپچىلىق قىلدى . ئۇنىڭ ئوقىتى بىردىنلا روناق تېپىپ ، ھەر كۈنى بىرنەچچە 100 سوم پايدا ئالىدىغان دەرىجىگە يەتتى ، شۇڭا ، ئۈچ ئاي ئىچىدە ئېشىنغان 5 مىڭ سوم پايدىنى بانكىغا قويۇۋەتتى . بۇ چاغدا ئاپابەكرى مېھرىباننىڭ ھازىرغىچە بالىسى بىلەن بەخىرامان ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ، ئىچى تار-

تىلدى ھەم ئۇنىڭدا قەدىردان قالدۇرغان كۆپ پۇل بارلىقىنى، شۇنداقلا ئېرىنىڭ ئىچكىرىدىن پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى جەزملىدى، ئەمدى بۇ پۇللارنىڭ چېكىنى قەيەردە ساقلايدىغانلىقىغا باش قاتۇردى. ئايالّلارنىڭ مۇھىم نەرسىلىرىنى كۆكسىدىكى باغىر-دىقى بىلەن ئىچىدىكى كالتە ئىشتان يانچۇقىدا ساقلايدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ئابابەكرى قىزىنى بىر يىلدەك ئىزلەپ ئاخىر «سېرىق ئۆي» دىن خەۋىرىنى ئالدى. ئۇ بىر كۈنى تۇيۇقسىز بېرىپ قىزد-نىڭ كاۋىپىنى سورىماي يەپ، مېھرىبان پۇل بەرسە ئاز كۆرۈپ زوتالىق قىلدى. ئەكبەر ساقچىنى چاقىرغىلى ماڭغاندىلا، قېچىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي: «مېھرىبان كاۋاپقا ئېشەك گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ ساتتى» دېگەن پىتنە ـ ئىغۋا تارقالدى. مېھرىبان-نىڭ بازىرى ئۆلدى. لېكىن، ساقچىلا بۇ ئىشنىڭ تېگىنى سۈرۈش-تە قىلىپ، ئۇنىڭ بازىرىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭغا چىدىما-غان ئابابەكرى خىروئىن ساتقان پۇلغا ئىككى ـ ئۈچ لۈكچەكنى سېتىۋېلىپ، كاۋاپدانلارنى ئۇرۇپ، شىرە ـ ئورۇندۇقلارنى سۇن-دۇرۇپ ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى قىزىنى يىكەن كۆلدىكى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئىچ كىيىملىرىنى ئاختۇرۇش ئىدى. «ئېشەك گۆشى» ئىغۋاسى تۆت ـ بەش ئاي تەسىرىنى كۆرسىتىپ بارا ـ بارا يوقالدى. ئابابەكرىنىڭ رەزىل مەقسىتى ئىشقا ئاشمىدى. شۇڭا، ئىككىنچى قېتىمدا «سېرىق ئۆي» تەۋە-سىدە: «مېھرىبان ھارامدىن بالا تۇغۇپ، يىكەن كۆلدە تۇرالماي، ‹سېرىق ئۆي›گە قېچىپ كەلگەن» دېگەن ئىغۋا تارقالدى. ئەلۋەت-تە، ئابابەكرى مېھرىباننى قەدىردانغا نىكاھ ـ پاتىھە بىلەن چېتىپ قويغانىدى. ئۇ چاغدا قىزى 15 ياشتا تۇرسا، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى-دىن قانداقمۇ قىزىل قەغەز ئالغىلى بولسۇن؟ قىزىل قەغەز ئالمى-غانىكەن، بالىنىڭ نوپۇسى بولماسلىقى ئېنىقتە. بۇ ئىش «سېرىق ئۆي» ساقچىلىرىنىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويدى. پۈتۈن «سېرىق ئۆي» تەۋەسىدە: «مېھرىبان دېگەن كاۋاپچى چوكان پاھىشە ئايال-كەن، ئوغلى ئاتىسىز تۇغۇلغانىكەن» دېگەندەك گەپلەر قۇمدەك

تىرىلىپ كەتتى ، ھەتتا ئۆي خوجايىنى تۇردىخانمۇ : «ئۆيىنى بىكار قىلىڭ ، خەقلەر مىنىمۇ سولامچىغا چىقىرىۋەتمىسۇن » دەپ سىپسىق گەپ قىلدى . ئىپلاس نىيىتى ئەمەلگە ئاشقان ئابابەكرى نەق مۇ-شۇنداق ئەپلىك پۇرسەتنى كۈتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ شاپائەتچى سىيا-قىدا پەيدا بولدى .

ئابابەكرى مېھرىبانىنى يىكەن كۆلگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن قىزنىغا تاۋان تاشلاپ يېتىۋالدى . مېھرىبان كىچىككىنە ئوغلى بى-لەن كاۋاپچىلىق قىلدى . قەيسەر ئىككىسى توپ سېتىش بازارلىرى-دىن گۆش ، جىگەر ، ئۆچەيلەردىن ئەكېلىپ ، توغراپ ، خۇرۇچلى-رى تەڭشەيتتى ، زىخقا ئۆتكۈزۈپ تەييارلايتتى ، كاۋاپدانغا تۇتۇرۇق سىلىپ ، كۆمۈر سالاتتى . ئاشۇ كىچىككىنە بالا چىغىدا قول ـ يۈزلىرىنى قاپقارا بۇلغاپ ، كۆمۈر چاقاتتى ، كۆل تازىلايتتى ، لېكىن ، ئاۋۇ قېرى كۆل بەڭگى قولىنى ئەگىر قىلاي دېمەيتتى ، ئەمما كەچتە خىروئىن ئۈچۈن پۇل ئالاتتى . كېيىنچە مېھرىبان دەسمايە ، ئۆي خىراجىتىگە لايىق پۇلنى ئېلىپ قېلىپ ، قالغىنىنى ئابابەكرىگە بېرىدىغان بولدى . چۈنكى ، بۇ تويماس قېرى قەيسەرنى كۆزدىن يوقىتىشنى بىرنەچچە قېتىم تىلىغا ئالدى . مانا شۇ چاغلاردا مېھرىبان قەدىردانىنى خۇالىڭ توپ سېتىش بازىرىدىكەن دەپ ئاڭ-لاپ ، بالىسىنى باشلاپ بارغانىدى . ئۇ قەدىردانىنى تاپالماي ئارقىغا قايتتى ، ئاپتوبۇس بېكىتىگە بالىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقاندا ، خۇا-لىڭغا كېتىۋاتقان قەدىردان ئۇلارنى ئاپتوبۇستا كۆرۈپ قالغانىدى .

ئەزەلدىن قىسمەت شۇنداق يېزىلغان ئوخشايدۇ ، ئايالىم ، بالام دەپ نەچچە يىل ھىجران ـ نادامەتتە ئۆرتەلگەن قەدىردانغا خۇدا ئۇلارنى بىر كۆرۈشكە نېسىپ قىلدى . بۇمۇ بىر خىروئىن بەڭگىسى-گە قىلغان خۇدانىڭ ئىلتىپاتى ! بۇنىڭغا قەدىردان شۈكۈر ـ سانا ئېيتمىسا بولماس !

خەيرىيەت ، مېھرىبانىنىڭ ھەركۈنى چېكىشكە لايىق بېرىۋاتقان 250 ـ 300 سوم پۇلىغا قانائەت قىلمىغان ئابابەكرى مېھرىبانىنىڭ دورا ئىچىۋاتقان چەينىكىگە ئۇخلاش دورىسى سېلىپ ، ئۇنى بىھوش

قىلىپ ، كىچىك قەيسەرنىڭ ئالدىدىلا قىزنى يالىڭاچلىدى ۋە ئىچ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ، باغىردىقىنى يۇلۇپ ئېلىپ ، ئۇلاردىكى 27 مىڭ سوملۇق ئىككى چەكنى قولىغا ئالدى ، ئەمما مەخپىي نومۇرنى بىلمىگەن ئابابەكرى قەيسەرنى سوپىغا ياتقۇزۇپ بوغۇزلىماقچى بولغاندا ، مېھرىبان چەكلەرنىڭ مەخپىي نومۇرىنى دەپ بەردى ...

ھېلىمجاننىڭ سۆزى ئاخىرلىشىپ بولغۇچە ، تىزلىرىغا جەينەكلىرىنى قويۇپ قىسماقتەك ئېگىلىپ ئولتۇرغان قەدىرداننىڭ ئاياغ ئاستى ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتتى . ئۇزۇنغا چىقسۇن ئۇنىڭ تاپقان دەپىن ـ دۇنياسى ! پۇل تاپىمەن دەپ ، جەنۇبىي جۇڭگو ، شەرقىي جۇڭگو ، ئوتتۇرا ئاسىيا ، ھەتتا دۆلەت چېگرىسى يوق «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»لەرگىچە قاترىغىنىنىڭ زادى كىمگە پايدا ، كىمگە زىيىنى بولغاندۇ ؟ ! ئۆزىغۇ مۈشۈك يېمىگەن قىلتىرىقتەك بولۇپ كەپتۇ ، مېھرىباننىڭ تارتقان كۈنلىرى بولسا ئەنە !

— ھېلىمجان ئاكا ، مەن ئەسكى ، مەن مۇناپىق ، مەن ئىمانسىز ...

قەدىردان ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ ، ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىنى قانىتىۋەتتى . ھېلىمجان دەرھاللا ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ ، قاتتىق ۋارقىرىدى :

— نېمە ؟ سەن ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ ، تىللاپ بەرگىنىڭ بىلەن ئۇ تىرىلىپ كېلەمتى !

— نېمە ، نېمە دېدىڭ ؟ ئۇ ... ئۇ ...

— بۇلتۇر كۈزدە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى .

— ئاھ خۇدا ... ئۆمۈر بويى خىزمىتىنى قىلىپ ، ئايىغى ئاستىدا ئىتتەك ئۆمىلەپ گۇناھىمنى يۇيۇشقىمۇ پۇرسەت بەرمەدىڭ سەن ! شۇنچىلىك بەختكىمۇ نائىل بولالمىسام ، بۇ دۇنيادىن كەتكىنىم تۇزۇكقۇ !

— بولدى ، سەۋر قىل ، — دېدى ھېلىمجان بوش ئاۋازدا ، — بىر كۈنى سەھەردە مېھرىبان ئوغلى بىلەن توپ سېتىش

بازىرىغا گۆش ئالغىلى كەتكەندە، ئابابەكرى تىرىكچىلىكىنىڭ مەنبە-
سى بولغان كاۋاپدان، شىرە - ئورۇندۇق، زىخلارنىڭ ھەممىسىنى
بىر چىكىم خروئىننىڭ پۇلىغا سېتىۋېتىپتۇ، مانا شۇندىن باشلاپ
ئۇلارنىڭ ئاچ - زېرىنلىق كۈنلىرى باشلىنىپ، يەتتە ياشلىق
قەيسەر ئاپىسىنى تەڭلىكتە قويماسلىق ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كې-
تىپتۇ.

— ئۇ كىچىك تۇرسا نەگىمۇ كېتەر؟

— ۋاسكىچى باللارغا قېتىلىپ كېتىپتۇ.

— ئابابەكرى دېگەن مۇناپىقچۇ؟

— مېھرىباننىڭ ئۆيدە يالغۇز قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ،
لۈكچەك بەگزادىلەرگە سولاپ بېرىپ، ئۆزى ھويلىدا كۆزەتچىلىك
قىلىپتۇ. بۇ خورلۇققا چىدىمىغان مېھرىبان ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ.

— خەپ، ئابابەكرى، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچىپ، ئون
قېتىم ئېتىلساممۇ مەيلى، — قەدىردانىنىڭ غەزەپتىن چىرايى قارد-
داپ كەتكەنىدى، — ئۇ مۇناپىق ھېلىمۇ يەكەن كۆلدىغۇ دەيمەن.

— ئۇ قاتتىق سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىرىدە توڭلاپ ئۆلدى.

— نېمە؟ خۇدا ماڭا قىساس ئېلىشقىمۇ پۇرسەت قويماپ-
تۇ - دە، — قەدىردانىنىڭ ياشتىن يۇزلىرى ھۆل بولۇپ كەتكە-
نىدى، — ھېلىمجان ئاكا، سەن بۇ ئىشلارنى كىمدىن ئۇقتۇڭ؟

— قارىسام مېھرىبان شۇ كەتكەنچە يوقاپ كەتتى، — دېدى
ھېلىمجان ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ
يەكەن كۆلگە ئىزدەپ باردىم، بۇنىڭغىمۇ يېرىم يىل بولۇپ قالدى.
بارسام مېھرىباننىڭ قازا قىلغىنىغا ئىككى ئاي، ئابابەكرىنىڭ
توڭلاپ ئۆلگىنىگە 20 كۈندەك بوپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ
چاقلىق موتسىكلىتنى كىرا قىلىپ گۆلساي قەبرىستانلىقىغا چى-
قىپ، مېھرىبان ۋە زۇلئاينىڭ قەبرىلىرىدە قۇرئان ئوقۇپ يېنىپ
كەلدىم.

— ئەتە بىللە چىقامدۇق؟

— ئەتە سودا ئىشىدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ قويغان ئادەملە-

ىرىم بار ، چىقالمايمەن . ئۆزۈڭ چىقىپ كىر .
— قەبرىسىنى بىلمىسەم .
— قەبرىستانلىقتا قىرائەت قىلىپ پۇل تاپىدىغان قېرى - ياش قارىملار جىق ، شۇلار ئۇدۇللا باشلاپ بارىدۇ .
قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەن 1 - يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ دۆڭ كۆۋرۈكتە چۈشۈپ قالدى . ئۇ يەردىن 16 - يول ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپ ساقچى مەكتەپ ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتى - دە ، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت ئارقىلىق گۇلساي قەبرىستانلىقىغا يېتىپ باردى . راست دېگەندەك ، قاپقارا ، تەمبەل ياش بىر قارىم مېھرىباننىڭ ھېچ قانداق بەلگىسىمۇ يوق قەبرىسىگە باشلاپ ئاپىرىپ قىرائەتنى باشلىۋەتتى . قىرائەتنىڭ مىسكىن كۆڭۈللەرنى ئەزگۈدەك مۇڭى قەدىرداننىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېرىتىپ ، كۆزلىرىنى ياشقا تولدۇردى ! ئۇ قىرائەت تۈگىگۈچە ياشلىرىنى توختىتالمىدى . قىرائەت ئاخىرلىشىپ ، ھەر ئىككىلىسى قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ، مەرھۇمەگە جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلىدى . دۇئادىن كېيىن قەدىردان قەبرىنى قۇچاقلاپ بىر ھازا ياش تۆكتى . قارىم ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەندىلا ، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى . قارىمنىڭ ھەق تەلەپ قىلىپ مۇشۇنداق مېھرىبانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن قەدىردان ئۇنى زۇلئاينىڭ قەبرىسىگە باشلاپ ئاپىرىپ ، ئۇ يەردىمۇ قىرائەت قىلغاندىن كېيىن ، قارىمغا تېگىشلىك پۇل بېرىپ رازى قىلدى .
قەدىردان قەبرىستانلىقنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىغا كىرىپ ، ئىككى قەبرىگە مەقبەرە قاتۇرۇش ۋە ئالدىغا ئابىدە تاش بېكىتىشنى 5 مىڭ 600 سومغا كېلىشتى ، لېكىن ئابىدە تاشقا ئويۇلىدىغان خەتنىڭ ھەر بوغۇمىغا پۇل ھېسابلاپ ئالغاچقا ، ئۇنىڭغا ئايرىم تۆلىدى . ئىشخانىدىكىلەر ئىككى ئاددىي بەلگە تاختىنىڭ بىرىگە زۇلئاي ، بىرىگە مېھرىبان دەپ يېزىپ ، قەبرىگە سانجىپ قويغاندىن كېيىن ، قەدىردان شەھەرگە قايتتى . ئۇ سەنشىخاڭزى ، دۆڭكۆۋرۈك ئەتراپىدىكى ۋاسكىچىلاردىن قەيسەرنى سۈرۈشتە قىلغاندى ، ئۇلار تونۇمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى . لېكىن ، يەنئەن يولى دوقمۇ-

شىدىكى ۋاسكىچىلار قەيسەرنى تونۇيدىغانلىقىنى ھەم بىللە ئوقەت قىلىدىغانلىقىنى دەپ بېرىشتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بالا دوسمەت نۇر ئۇلارنىڭ ئاتامانى بولغاچقا ، ئۇ قەيسەر توغرۇلۇق خېلى تەپسىلىيراق سۆزلىدى :

— ئۇ بىز بىلەن ئىشلەيتتى . ئۆزى تېتىك ، چاققان ، ھوشيار يېتىم بولغاچقا ، بىز ئۇنى «ئاسلانچاق» دەيتتۇق ، — دېدى دوسمەت نۇر ، — لېكىن ئۇ بوۋىسى توڭلاپ ئۆلگەندىن كېيىن ، بىر كېچىدىلا ئاغىنىلىرى بىلەنلا يوقاپ كەتتى .

— ئاغىنىلىرى بىلەن ؟

— شۇنداق ، ئەكبەر ، رىشات ، مالىك دېگەن ئاغىنىلىرى بىلەن بىرەر ئاشخانا ، كاۋاپخانا ياكى رېستورانلاردىن ئىش تاپتىمۇ ئۇقمىدۇق ، ئەمما ، ئىز - دېرەكسىز يوقالدى .

قەدىردان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ، تويۇڭ قىلىنغان تۆت موتسىكلىتنى سۈرۈشتە قىلدى . خادىملار ، ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىڭ ، دېگەچكە ، قەدىردان يەنە ئىككى كۈنگىچە ئوغلىنى سۈرۈشتە قىلىپ بارمىغان يېرى قالمىدى ، لېكىن دېرىكىنى ئالالمىدى ، شۇڭا موتسىكلىتلار كەلگەن ھامان خوتەنگە تويۇڭ قىلىۋېتىپ ، ئۆزى ئايروپىلاندا يۇرتقا ماڭدى . ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ، خۇشاللىقى ۋە بەخت - سائادىتى بولغان مېھرىبان ۋە قەيسەردىن ئايرىلغان قەدىرداننىڭ كۆڭلى نەچچە يىل سۇ كۆرمىگەن باغدەك تاپتاقىر بولۇپ قالغانىدى !

# ئوتتۇز بەشىنچى باب

قەدىردان ئايروپىلاندىن چۈشكەندە ئاباس بوجاق، خەيرىگۈل مۇئەللىم، ئاچىسى گۈلنۇرلار ئۇنى تونۇلمايلا قالدى. چۈنكى، ئۇ تونۇغۇسىز ھالدا بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغا - زارە قىلىشتى، ئاندىن ئاباس بوجاقنىڭ ماشىنىسىدا شەھەرگە قايتىشتى. ئائىلىدە ئۆزگىرىشلەر خېلىلا كۆپ ئىدى. ئاچىسى گۈلنۇر ھەم ئۇنىڭ ئېرى سابىت ئىككىسىلا دوختۇر بولۇپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ تۇنجى قىزى بەش ياشلارغا كىرىپ قاپتۇ. ئىنىسى ئابدۇراخمان بولسا بېيجىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ھازىر جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى جىنايى ئىشلار باشقارمىسىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. دادىسى ئاباس بوجاق بىلەن ئانىسى خەيرىگۈل پېنسىيىگە چىقىش ئىلتىماسىنى رەھبەرلىككە سۇنۇپتۇ، ئىشقى-لىپ، ئۇلار نېمىلا دېگەنبىلەن خاتىرجەم ياشاۋېتىپتۇ.

قەدىردان ئۆيگە كېلىپ، تۇنجى قېتىم ئۆي تامىقىغا ئېغىز تەگكەندە، ئۆزىنى تولىمۇ يېنىك ۋە خۇشال ھېس قىلدى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ ئەل - ئاغىنە، يېقىن - يورۇق، تۇغقانلارنى يەتىلىدى. ئاڭغىچە تويۇق قىلغان موتىسىكلىتلارمۇ يېتىپ كەلدى. قەدىردان ئۈچ موتىسىكلىتنىڭ ھەر بىرىنى تۆت - بەش مىڭدىن پايدىسىغا سېتىۋەتتى. ئەمما، 17 مىڭ سوملۇق «ياماخا»نى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ قالدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالا-مىغان خەيرىگۈل ئەتىگەنلىك چاي ئىچىۋېتىپ ئەيمىنىپكىنە سورىدى:

— بالام، ھېلىقى مەرەز ئىشنى تاشلىۋەتتىڭمۇ؟

— ئا... ئانا، ئاشۇ ئىشنى يادىمغا سالمىسىڭىز، يېگەن تامى-

قىڭىز تېنىڭىزگە سىڭمەمدا؟ شۇڭلاشقىمىغۇ نەچچە يىلدىن بېرى كەلمىدىم .

قەدىردان چاينىمۇ ئىچمەي چىقىپ كەتتى . ئاباس بىلەن خەيرىگۈل بىر - بىرىگە قارىشىپلا قالدى . ئوغلىنىڭ بۇنداق ئاچ-چىقلاپ قېلىشىدىن ، ئۆزىنىڭمۇ بىزار ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئاتا - ئانا ئۇنىڭ يەنىلا تاشلىيالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى . ھازىر ئاب-باس بىلەن خەيرىگۈلنىڭ چىرايىدىن ، ئاشۇ بىر يىلدىكىدەك بىزنى قەرزگە يەنە بوغۇۋېتەرمۇ ، دېگەن ئەنسىزلىك چىقىپ تۇراتتى .

— مەزلۇم ، — دېدى ئاباس ئېغىر تىنىپ ، — پۇلغا يارىغۇ-دەك نەرسىلىرىڭلارنى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىۋې-تىڭلار ، ھازىرغۇ بۇنىڭ يېنىدا موتو ساتقان 40 - 45 مىڭ سوم بار ، ئۇ پۇل ئىككى ئاي ئىچىدە تۈگىسە ، ئۇ چاغدا ئۆيىمىزدە بىر غالجىر پەيدا بولىدۇ .

— ھازىردىن باشلاپ شىركەت باشلىقلىرى ، سودىگەر ئاغىنى-لىرى ، يېقىن - يوروق ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا قەرز بەرمەسلىكنى تاپىلىمىساق ، كېيىن ئۆلگۈرەلمەيمىز ، — خەيرىگۈلنىڭ چىرايى بىردەمدىلا سارغىيىپ كەتكەنىدى ، — سىلى ، مەن ، گۈلنۇر ، كۆيئوغلىمىز سابىتجانلار ئەتىدىن باشلاپ ئىشتىن چۈشۈپلا ئۆيمۇ ئۆي كىرەيلى .

— بۇ ئىشىمىزنى قەدىردان ئۇقۇپ قالسا ، — ئاباس ئىككى تايىن بولۇپ قالغانىدى ، — ئۇ بىزدىن ئۆزۈل - كېسىل تېنىپ كەتىسچۇ ؟

— قەرزگە بوغۇلۇپ ، تەڭلىكتە قالغاندىن ياخشىدۇ ، — قەرزدارلىق زۇلمى ئۆتۈپ كەتكەن خەيرىگۈلنىڭ ئىرادىسى چىڭ ئىدى ، — خام چاغلىمىسىلا ، ئەمدى تونۇلدىكى ، خانئىبىرىقتىكى ، ئايرودروم يولىدىكى ئۆي - جايلار يوق . بۇ قېتىم قەرزگە بوغۇلۇپ قالساق ، دورا ئىچىپ قېتىۋالساق ياكى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالساق بولىدۇ شۇ .

— ھەي ··· دەرىخا ! بۇنداق بالىنىڭ باردىن يوقى

ياخشىكەن، — ئابباس بېشىنى ئۇزۇنغىچە چايقاپ ئولتۇردى، — ئادەم دەككە - دۈككىدە ياشاپ، تۇرمۇشنىڭ ھېچ خۇشلۇقىنى كۆرمەيدىكەن.

شۇ كۈنى ئابباس بىلەن خەيرىگۈل ئىشقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قەدىردان ئۆيگە پەيدا بولدى. ئۇ ھەر كۈنى ئاتا - ئانىسى ئىشقا كەتكەندىن كېيىن ئۆيگە كېلەتتى - دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ «دۇكان» قۇرۇپ، پال - پال، نەيچىلەرنى ئىشقا سالاتتى، ئاندىن دېرىزە، ئىشىكلەرنى ئېچىۋېتىپ يەنە سىرتقا ماڭاتتى. ئەلۋەتتە، ھەيۋەتلىك قىزىل «ياماخا» ھەر دەقىقە ئۇنى يېنىغا چىللاپ تۇراتتى. گۈلباغدىن شورۋاغقىچە، گۈلباغدىن توساللىغىچە، گۈلباغدىن لاسكۈيغىچە، گۈلباغدىن يۇرۇڭقاشقىچە تۆت يولنى بېسىپ ئۆتۈش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقۇسىز ھۇزۇر ئىدى. مەن - مەن دېگەن تۇمىقى قىرلاقلىق نوچىلار، ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان باي غوجاملار، ھۆسن - جامالى ئاينى خىجىل قىلغۇدەك گۈزەللەر ئۇنىڭغا ئىشتىياق بىلەن قاراپ قالاتتى. بەزىلەر ھەۋەس قىلسا، بەزىلەر ھەسەت قىلاتتى. تېخى زوقمەنلىك نەزىرىدە تىكىلىپ قالىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

شۇ تۇرقىدا بىرنى چېكمۇۋېلىپ يېپيېنىك بولۇپ قالغان قەدىردان «ياماخا»نى ھەيدەپ چوڭ يولغا چىقتى، شەھەر ئىچىدە، ھەممىسى ئېنىق كۆرۈۋالسۇن، دېگەندەك سالقىن ھەيدەيتتى، ئەمما شەھەردىن چىقىۋالغاندىن كېيىن شامالمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى.

قەدىردان موتسىكلىتنى ھەيدەپ چايخانا مەكتەپ ئالدىغا كېلىشى، قىززىق دەرۋازا تەرەپتىن كونا ساقچى موتسىكلىتىنى مىنگەن بىر ساقچى بالا چىقىپ كەلدى. قەدىردان ئۇنىڭغا قاراپلا ۋارقىرىۋەتتى:

— مەمەتجان!

— قەدىردان!

ئىككىلىسى موتسىكلىتلىرىدىن چۈشۈپ قۇچاقلىشىپ كەتتى ھەم بىر - بىرىنىڭ دولىلىرىغا مۇشتلاپ، سەمرىپ قاپسەن،

ئـورۇقلاپ ئىگىزلەپ كېتىپسـەن ، دېگەنـدەك بىر ـ بىرىنىڭ سىن ـ سىپاتىغا باھا بېرىشىپ ، مەمەتجاننى ئۆردەككە ، قەدىردانىنى زىرائېگە ئوخشىتىپ بىردەم كۈلۈشمەك قىلىشتى . ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلار بولۇپ ، مۇئەللىم قەدىردانىنىڭ قۇلىقىنى يىرتىۋېتىپ ، قان ساقىپ چۈشكەندە ، قورقۇپ كەتكەن مەمەتجان ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەنىدى .

— پاھ ، — دېدى قەدىردان مەمەتجانىنىڭ ساقچى فورمىسىغا قاراپ ، — قالتىس يارىشىپتۇ جۇمۇ ، ئۆردەكتەك سەمرىپ قالغىنىڭ بىلەن سۈيىكىڭ چىرايلىق كۆيدە سەن .

— ھەي ، نەچچە يىللاردىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ ؟ — مەمەتجان ئىگىز قەدىردانغا بويۇنداپ قارىدى ، — سەن توغرۇلۇق خىلمۇ خىل گەپلەر چىقىپ كەتتى .

— بـەزىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ، بەزىدە جەنۇبىي ، شەرقىي جـۇڭ-گولاردا پـىرقىراپ ئايلىنىپ يۈردۈم شۇ ، — قەدىردان كۈلۈپ قويدى ، — مەمەتجان ، سېنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ھېلىقى داۋاملىق مىخ ، ۋېنتا ، تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى يوپكىسىغا سېلىۋالىدىغان ئىزھار ھازىر نەدە ؟

— يۇرۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكى بويىدىكى يېڭى بازاردا چوڭ رېمونتچىلىق دۇكىنى ئېچىۋالدى ، — مەمەتجان تاماكا سۇنغانىدى ، قەدىردان چەكمەيمەن دەپ ئالمىدى ، — ئۇ يۈك ماشىنىسى ، ئاپتو-بۇس ، موتسىكلىت ، تراكتور ، ئىشقىلىپ ، ماتورلۇق نەرسىنىڭ ھەممىسىنى رېمونت قىلىدۇ .

— ئۇ ئۆز كەسپىنى ئاخىرى تېپىپتۇ ـ دە .

— نەگە ماڭغانتىڭ ؟ — مەمەتجان ھەيۋەتلىك موتسىكلىتكە قاراپ ئىچى تارتىلدى ، — بۇ دۇلدۇلنىڭ ئۆزلىكەن ، نەچچىگە ئالدىڭ ؟

— 17 مىڭغا .

— پۇلىمۇ بىر يەردە باركەن .

— مەن ئەمىسە يېڭى بازارغا بېرىپ ، ئىزھارنى بىر يوقلاپ

قوياي ، مەمەتجان ، ئەمىسە ئۆيلەرگە بارغىن .
— سەنمۇ بار ، ئۆيىمىز بۇرۇنقى سىپىل كوچىسىدا .
قەدىردان قىزىل دۇلدۇلنى گۈركىرىتىپ ، بىردەمدىلا يۇ-رۇڭقاش دەريا كۆۋرۈكى بويىدىكى يېڭى بازارغا يېتىپ كەلدى . ئۇ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئاشخانا ، ناۋايخانا ، ماگىزىن ، بوتكى-لارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا قاراپ مېڭىپ ، بىردىنلا «ئىزھار ماشىنا رېمونت قىلىش ، سەپلەش ، قۇراشتۇرۇش ئۇنىۋېرسال دۇكىنى» دېگەن ۋىۋىسكىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ موتسىكلىتنى گۈركىرىتىپ دۇكان ئالدىغا بېرىشى ، بىرنەچچە شاگىرتلىرى بىلەن بىر ماتورنى چۇۋۇۋاتقان ئىزھار ھەيۋەتلىك «ياماخا»نى كۆرۈپ ، زوقمەنلىك نەزىرىنى تىكتى .
— ھە ، موتسىكلىتكە قاراپ ، ئىگىسىگە قاراشقا چولاڭ تەگ-مەمدۇ نېمە ؟ — قەدىردانىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ قارىغان ئىزھار قەدىردانغا تىكىلىپلا قالدى ـ دە ، بىر چاغدىلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى :
— ۋۇي ماۋۇ كۆسەينى ، — ئىزھارنىڭ ئىش كىيىملىرى ، قوللىرى ماي بولغاچقا قۇچاقلالمىدى ، — قاچانلاردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ ؟ يۈر ، يۈر ، دۇكانغا كىرىلى ، بۇ يەر سۆزلىشىشكە ئەپ-سىز .
ئىزھار دۇكانغا كىرىپ ، چېلەكتىكى بېنزىندا قوللىرىدىكى ماينى تازىلاپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ، سوپۇنداپ يۇيۇپ قولىغا لۆڭگىنى ئالدى .
— قورسىقىڭ قانداق ؟ بۇ ئەتراپتا ئاشخانىدىن تولا نېمە يوق ، بىر نېمە يېگەچ پاراڭلىشايلى ، قانداق دەيسەن ؟
— مېنىڭ قورسىقىم توق ، شەھەردىن تاماق يەپلا چىققان .
— ئەمىسە سوغۇق ئىچىملىك ئىچ ، دۇكاندا چاي يوق .
ئىزھار ئىشكاپتىن ئىككى قۇتا سوغۇق ئىچىملىك ئېلىپ ، بىرىنى ۋاككىدا ئاچتى ـ دە ، قەدىردانغا تۇتقۇزدى .
ئۇلار ئىككى ئورۇندۇقنى روبىرو قويۇپ ، بىر ـ بىرىگە

قاراپ ئولتۇرۇشتى ۋە تەڭلا كۈلۈپ كېتىشتى .
— بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ ؟
— مەمەتجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم ، شۇ دەپ بەردى .
— ھە ، مەمەتجان بۇرۇنمۇ ؟
— بۇرۇن دېگىنىڭ نېمىسى ؟
— بۇرنىنىڭ پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر ، ھەرقانداق جىنايى ئىشلارنى ئاسانلا بىلىۋالغاچقا ، ساقچىلار ئۇنى «بۇرۇن» دەيدىكەن .
— مۇنداق دېگىن ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىسەك بولغۇدەك .
— قورقۇنچۇڭ بارمۇ نېمە ؟
— مېنىڭ نېمە قورقۇنچۇم بولسۇن ، — قەدىردان ئىپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى ، — لىدىن چىقما ، خاندىن قورقما ، دېگەن گەپ بارغۇ .
— ھەي ، ئاڭلىساق سېنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ھېلىقىنى ساتىدۇ دەيدىغۇ ؟
— ھېلىقى دېگەن نېمە ئۇ ؟ — قەدىردان سەگەكلەشتى ، — چۈشەنمەيدىغانلا گەپلەرنى قىلىسەنغۇ ؟
— تولا خۇپسەنلىك قىلما ، ئاق تاماكىچۇ ؟
— چاقچاق قىلمىساڭچۇ ، مەن دېگەن گۇاڭجۇدا رەختچىلىك ، شاڭخەي ، بېيجىڭلاردا دوللارچىلىق قىلدىم . بەزىدە ئاشخانا ، رېستورانلاردا قورۇمىچى بولدۇم .
— ئەمىسە ئىدرىس مودىڭ شۇنداق دەپ بەردىغۇ ؟ مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ، ئۇ ئەتكەسچىلەرنىڭ خرويىنلىرىنى يۆتكىشىپ بېرىدۇ ۋېتىپتىمىش . بۇ راستمۇ ـ يالغانمۇ ، ئاڭلىغان گەپ .
قەدىردان ئاچچىقىدا خالمەت قارىمىنىڭ ئەتكەسچىلىك شايكىسىنى دەپ سالغىلى تاسلا قالدى . ئۇ خوتەندە ئېھتىيات قىلمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .
— ئىدرىس مودىڭ ئەسلىدە بىر يانچۇقچىغۇ ـ ھە ، — سورىدى ئىزھار ، — ئۇ نېمە بولۇپ شاڭخەي شەھىرىدە ئاشخانا

ئېچىپ قالدىكىنە .

— كىم شۇنداق دەيدۇ ؟

— بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئۆزى كەپتىكەن . ئۆز ئېغىزى بىلەن دەپ بەردى .

قەدىردان ئىچىدە : «ئىدرىس ئاخىر دېگىنىنى قىپتۇ ـ دە» دەپ ئويلاپ قالدى . چۈنكى ، ئۇ بېيجىڭدا چاغدا قەدىردانغا : «مەن شاڭخەيدە ئاشخانا ئاچماقچى ، سېنى قورۇمچىلىققا تەكلىپ قىلسام بارامسەن» دېگەنىدى ، لېكىن قەدىردان بۇ يانچۇقچى بىلەن ئەزەلدىن ئېقى كېلىشمىگەچكە ، قەتئىي رەت قىلىپ ئۇنىمىغانىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئۆمرى خەقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ، قاقشىتىپ ئۆتكەن بىر ئوغرى ـ يانچۇقچىنىڭ شاڭخەيدەك چوڭ شەھەردە ئاشخانا ئېچىشىغا ئىشەنمىگەنىدى . ئۇنىڭغا كېتىدىغان نەچچە يۈز مىڭلاپ دەسمايە بۇياقتا تۇرسۇن ، ئاشخانا بولغۇدەك بىر ئورۇننىڭ يىللىق ئىجارە ھەققىمۇ مىليون سومغا بارىدۇ . ئەدناسى ، ئاشخانا ئېچىش رەسمىيەتلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۆزى مۇشكۇل بىر ئۆتكەل ئىدى . قەدىردان گۇاڭجۇدا رەختچىلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ، بىر مەزگىل شاڭخەيدە دوللارچىلىق قىلىپ قاملاشتۇرالماي ، ھەممە دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى . ئۇ جان بېقىش ئۈچۈنلا ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ بېڭبۇ شەھىرىگە بېرىپ ، ئىككى ئايدەك بىر ئۇيغۇر ئۇستامىنىڭ ئاشخانىسىدا سوگوزىچى بولۇپ جېنىنى باققانلىقى راست . دېمىسىمۇ بېڭبۇدا ئۇيغۇر ئوقەتچىلىرى خېلىلا كۆپ ئىدى .

— ھەي ، نېمە بولدى ساڭا ، ئىدرىس مودىڭنىڭ گېپى چىقىۋىدى ، ئۇنۇڭ ئىچىڭگە چۈشۈپلا كەتتىا ؟ — دېدى ئىزھار قەدىردانىنى تۈرتۈپ ، — ئۇنىڭ بىلەن بىر نېمە دېيىشىپقۇ قالمىغانسەن ؟

— ياقەي ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ ، — قەدىردان مەسخىرىلىك كۈلدى ، — شاڭخەي دەھشەتلىك كاتتا شەھەر ، ئۇ يەردە ئىدرىس مودىڭدەك يانچۇقچىنىڭ ئاشخانا ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس ، بېڭبۇلاردا ئېچىپ قالسا تاڭ ، بىلمىدىم .

— توغرا ، شاڭخەيگە يېقىن بىر شەھەر دېگەندەك قىلىۋىدى .
— ماقۇل ، ئەمىسە ، ئاداش ، كەچمۇ بولۇپ قاپتۇ ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — مەن ماڭاي ، ۋاقتىڭ يەتسە بىز تەرەپلەرگە ئۆتكىن .
— بولىدۇ ، سەنمۇ كەل ، گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىمىز .
«قىزىل دۇلدۇل» شەھەرگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . قەدىردان كەچلىك تاماقتا ئاتا - ئانىسىنىڭ يەنە گەپ ئېچىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، بازاردا تاماق يەپ ئۆيگە كىردى . خەيرىگۈل «لەڭمەن ئەتكەن ، سىلىپ ئەكىرەيمۇ ؟» دېۋىدى ، ئۇ : «ئاغىنىلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارغان ، شۇلار زورلاۋېرىپ جىقراق يەپ سالپتىمەن» دېدى - دە ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى . ئەتىسى ئەتىگەن ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى جىمجىت يېيىشتى ، ھېچكىم ھېچنېمە دېيىشمىدى . ناشتىدىن كېيىن ئاباس ناھىيىلىك پارتكومغا ، خەيرىگۈل مەكتىپىگە كەتتى . قەدىردان ئۇلارغا قاراپ چىن كۆڭلىدىن سۆيۈندى . ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن خىزمەتتىن باشقا غېمى يوق . دادىسى ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنلىسا ، پارتىيە ، خەلققە سادىق چاكار بولسا ، ئۆزىنى ئەڭ خۇشال ۋە بەختلىك ھېسابلايدۇ ؛ ئانىسى خەيرىگۈلمۇ باش كۆتۈرمەي دەرس تەييارلىسا ، تاپشۇرۇق تەكشۈرسە ، بالىلارغا دەرس ئۆتسە ئۆزىنى شۇنچىلىك شەرەپلىك ھېس قىلىدۇ ، مىنۇت ، دەقىقىسىرى چاچلىرىنىڭ ئاقىرىۋاتقانلىقى ، كۆز گۆھەرلىرىنىڭ مانانلىشىۋاتقانلىقى ، چىشلىرىنىڭ سارغىيىپ ، بەللىرىنىڭ مۈكچىيىۋاتقانلىقى بىلەن ھەرگىز ھېسابلاشمايدۇ . ئۇنىڭ خۇشاللىقى قايسىدۇر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلىكى ، يازغۇچى ، شائىر ، ئۇچقۇچى بولغانلىقى ، يەنە قايسىدۇر بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ كەشپىياتىنىڭ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىقلار ، ھەرگىز «بىر پۇلۇم ئىككى بولسىكەن»نى ئويلىمايدۇ ، نېمىدېگەن سەمىمىي ئادەملەر - ھە ! خۇددى زاۋۇتتا بىر قېلىپتىن قۇيۇلۇپ چىققان ماشىنىلارغىلا ئوخشايدۇ . مانا ئاچىسىمۇ دوختۇر ، ئىنىسى ئابدۇراخمان جامائەت خەۋپسىزلىك

نازارىتىنىڭ كادىرى ! دۇنيادا بەختلىك ئادەملەر بار دېسە ، شۇلارنى دېسە بولىدۇ . تۇرمۇش مەئىشىتى ئېشىپ ـ تېشىپ كەتمىسىمۇ ، كۆڭلى ئەمىن ياشايدۇ ، «خۇمار تۇتسا قانداق قىلارمەن ؟ » «پۇلۇم تۈگەپ كەتسە كىمدىن ئالارمەن ؟ » ، «ساقچىلار قولىغا چۈشۈپ قالسام نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن ؟ » دېگەندەك دەككە ـ دۈككە ، قورقۇنچ ، ۋەھىمە ئىچىدە ياشىمايدۇ . كونىلار : «ئاز يەپ ، ئاسان تىرىل» دېگەن گەپنى ئەجەبمۇ توغرا دەپتىكەن !

قەدىردان ئۆكۈنۈش ، پۇشايمان مۇجەسسەملەنگەن خىياللار ئىچىدە ئۈزۈۋېتىپ ، بىردىنلا تامدىكى مىختا ساڭگىلاپ تۇرغان ئاچقۇچقا كۆزى چۈشۈپ قالدى . بۇ تەشكىلات بۆلۈمى بۇجاڭى ئابباسقا پارتكوم تەرىپىدىن بېرىلگەن ماشىنىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى . بۇ ماشىنىنى شوپۇرىدىن باشقا ، ئاباس بۇجاڭ ئۆزىمۇ ھەيدىيەلەيتتى . شۇڭا ، ئاچقۇچىنىڭ بىرى ئاباستا تۇراتتى . بەزىدە شوپۇرنىڭ مۇھىم ئىشى چىقىپ قالغاندا ، ئاباس ئۆزى ھەيدەپ ئاساسىي قاتلام خىزمەتلىرىگە كېتىۋېرەتتى . قەدىرداننىڭ كۆز ئالدىغا سوۋېتتا ئىشلەنگەن مېغىز رەڭلىك «لادا»سى كەلدى . ئۇ ماشىنا ھەيدەپ باقمىغىنىغىمۇ نەچچە يىللار بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ بىردىنلا ماشىنا ھەيدەپ بېقىش ھەۋىسى قوزغىلىپ ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە ، ئاچقۇچنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى . قەدىردان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ماشىنا قويۇش سېمونت مەيدانىغا كېلىپ ، جىپ ماشىنىنى تاپتى . ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ ، ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن كابىنىغا كىرىپ ئوت ئالدۇردى . جىپ ھېچقانداق توسقۇنسىز دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى . قەدىردان ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماپتۇ ، ئۇ خوت ، تورمۇز ، ماي بېرىش زاپچاسلىرىنى بېسىپ ، بەخۇدۇك ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى . خۇشاللىق ، ھاياجان ئىلكىدە روھلىنىپ كەتكەن قەدىردان بىردەم ئايرودروم يولى ، بىردەم باغچا يوللىرىغا ھەيدەپ ، بىر چاغدىلا ئارقىغا قايتماقچى بولۇپ ، ماشىنىنى ئايلاندۇرۇۋاتقاندا ، تۇيۇقسىزلا بىر كۆچەتلىككە كىرىپ كېتىپ ، ماشىنىنىڭ بىر چىرىغى سۇنۇپ ، بىر قانچە يەرلىرى جىجىلىپ زەخىمـ

لەندى . ئاڭغىچە قەدىردان ماشىنىنى ئارقىچە ھەيدەپ يولغا ئاچىـ. قىپ تۇرۇشى ، بىر قېرى خەنزۇ ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى .

— ھەي ، بۇ تاختىدىكى خەتنى كۆرمىدىڭمۇ ؟ — خەنزۇ قىرغا بېكىتىلگەن تاختىنى كۆرسەتتى ، — قارىغىنا ، ئىككى كۆچەت سۇنۇپتۇ ، بىر نەچچىسىنى ئېگىۋېتىپسەن .

قەدىردان تاختىدىكى خەتكە قاراپ ، ماشىنىنىڭ «شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسى كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانى»غا كىرىپ كەتـ. كەنلىكىنى بىلدى . بۇ ئەسنادا قېرى خەنزۇ ماشىنىنىڭ نومۇرىغا ، كابىنكا ئىشىكىگە بېسىلغان خەتكە قاراپ ، قەدىردانغا تىكىلدى :

— بۇ ناھىيلىك پارتكومنىڭ ماشىنىسىكەنغۇ ، سەن ئۇ يەر- نىڭ كادىرىمۇ ؟

— ياق ، بۇ دادامنىڭ ماشىنىسى ئىدى ، ھەيدەپ باقاي دەپ ئاچىققان .

— داداڭ كىمۇ ؟

— ئابباس .

— تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق .

— بولدى ، باشقا ئىشلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلماي ، تۇزۇم بويىچە ئىككى كۆچەتكە 200 سوم تۆلەپ ، ماشىنىنى دەرھال ئېـ. لىپ كەت ، بۇزۇلغان يەرنى مەن ئوڭلاپ قوياي .

— رەھمەت سىزگە .

قەدىردان ماشىنىنى جايىغا ئەكىرىپ قويۇشتىن قورقۇپ ، يېڭى بازاردىكى ئىزھارنىڭ رېمونتخانىسىغا ئاپاردى . ماشىنىنىڭ بىر چىرىغى چېقىلىپ ، بىرقانچە يەرلىرى جىجىلىپ ۋە پوكۇلۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئىزھار نېمە بولغانلىقىنى سورىغانىدى ، قەدىردان بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى .

— بۇنىڭغا چىراغ سالىمەن ، ھەممىنى ئاجرىتىپ ، پوكۇلگەن يەرلىرىنى ئوڭشاپ ، ئۆز رېڭىنى تەڭشەپ پوركەيمەن ، ئەتە ئېلىپ

كەت ، — دېدى ئىزھار ، — بۇ خىلىلا قول تۇتىدۇ .
— ھەي ، بۇ دېگەن تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ماشىنىسى ، بۈگۈن كەچكىچە ئەكىرىپ قويىمىسام ، — قەدىرىدان خىلىلا چۆچۈگەندەك قىلاتتى ، — پارتكومنىڭ ئىچىدە ، ماشىنا يىتتى ، دەپ ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ كېتىشىدۇ .
— بۇ خىلىلا قول تۇتىدىغان ئىش ، ماشىنا رېگى بىلەن ئوخشاش رەڭ تەگشەشنىڭ ئۆزىلا ئاسان ئەمەس .
— مەن ساڭا دېگىنىڭنى بېرەي ، كەچكىچە ماشىنىنى جايىغا ئاپىرىپ قويۇشۇمغا كاپالەتلىك قىل .
— ئەمىسە مۇشۇ گېپىڭدە تۇر . مەن تەلەپ قىلغان نەرسىنى بەرمىسەڭ ، سەن بىلەن ھۆرۈ - پۆرۈ دېيىشىپ قالىمىز .
ماشىنا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشمەيلا پۈتتى . قەدىرىدان بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇش بولدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سۇنغان چىراغ قېپى ، جىجالغان ، پۈكۈلگەن يەرلەر چانىغۇدەك ياسالغاندى . ئەمما ، ئىزھار كۈتمىگەندە ، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاق تاماكا تەلەپ قىلدى . قەدىرىدان چەكچەيگىنىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قانچىلىك تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى بىلمەي قالدى . لېكىن ، ئىزھار ھېچ ئىش بولمىغاندەك ، بەخىراماش ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى .
— ھە ، نېمە بولدى ؟ مەن ئالەمدە يوق تەلەپنى قويمىغاندىمەن ؟ — دېدى ئىزھار ھېچ تەمتىرىمەي ، — بىزنى بىلمەيدۇ دېمە ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىڭ ، ئاتا - ئاناڭنى قەرزگە بوغۇۋەتكىنىڭ ھەممىگە ئايان . سەن چەكسەڭ يوللۇق ، بىز چەكسەك مۇتتەھەملىكما ؟ قېنى چىقار !
قەدىرىدان مەيدە يانچۇقىدىن بىر گراملىق سۇلياۋ خالتىدىن بىرنى چىقىرىپ بېرىشى ، ئىزھار ئۇنى قولىغا ئېلىپ ، بىر ھازا قاراپ تۇردى - دە ، زەھەردەك ئاچچىق كۈلدى :
— ھەي قەدىرىدان ، سېنى شەھەر كۆرگەن ، ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى بىلىدۇ ، دېسەك ، بىزدىنمۇ دۆت ئوخشىمامسەن ... ھېھى ، — ئىزھار دىمىغىنى قاقتى ، — بۇ بىر گراملىق نېمەڭ

بىزنىڭ خوتەن دىيارىمىزدا 200 سوم دېگىنە ! مېنىڭ سالغان زاپچاس ، ياسىغان ئىش ھەققىمنىڭ ئۆزىلا 600 سوم بولدى ، ئىشەنمىسەڭ ھەرقانداق رېمونتچىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باق .

— 600 سوم ؟ — قەدىردان ئىزھارنىڭ تونۇگۇنكى دوستلۇق ، ساۋاقداشلىق خۇشخۇي چىرايىنى ھېچ كۆرەلمىدى ، — ئاشۇ كىچىككىنە ئىشقىما ؟

— ئەمىسە ماشىنىنى قويۇپ ئەتە كەل ، ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى چوڭ رېمونتخانىغا باھالىتىپ باقايلى ، شۇلار نېمە دېسە ، مەن ماقۇل دەي .

— ۋاي بولدىلا ، يەنە نېمە دېمەكچى ، — قەدىردان ئۇنىڭ ئەلپازىدىن سەسكەندى ، — قېنى دېگىنە ، يەنە نېمە ئالماقچى ؟

— يەنە بىر بولاق بەر .

قەدىردان ئىزھارنىڭ ئېڭىككە قارىسىدە سىلىپ ، «پالان نېمەمنى ئال» دېمەكچى ئىدى ، يەنىلا ساۋاقداشلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ بىر گىراملىق خالتىدىن يەنە بىرنى بەردى ـ دە ، ئىزھارغا خوشمۇ دېمەي ، ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى .

زېھنىياتلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇبارەك خاتىرىسىدە بولسا كېرەك ، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئابلىپىز خىروئىن چەككۈچى ۋە سانقۇچىلارنى تۇتۇشقا ، سولاشقا تولىمۇ ھېرىسمەن . بۇ ئىنتايىن ساۋابلىق ئىش ئىدى . بىراق ، ئۇ يىغىۋالغان خروئىنلارنى كونا ئاشنىسى ھۆسنارخانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، ئاردىدىن نۇرغۇن پۇل تاپقانىدى . مانا بۇ ، ئوغرىنى قاراقچى ئۇردى ، دېگەن شۇ ! ئەمما ، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى قۇدرەت كامال ھەر قېتىم يىغىۋېلىنغان خروئىنلارنىڭ زادى نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولاتتى ، بولۇپمۇ 26 ـ ئىيۇن «زەھەر تاشلاش كۈنى» يىغىۋالغان شۇنچە كۆپ خروئىنلار ئابلىپىزنىڭ ئىشكاپىغا كىرىپ كېتىپ مەڭگۈ غايىب بولاتتى . قۇدرەت كامال بىرنەچچە قېتىم ئىز ـ دېرەكىنى قىلدى . لېكىن ئۇ : «ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتتىم» ، «ئۆستەڭگە ئېقىتىۋەتتىم» دەپ تۈگىتەتتى . ئەلۋەتتە ،

يىغىۋېلىنغان بۇنداق ئەتكەس ماللارنى خەلققە ئىبرەت قىلىش ئۈ-
چۈن ئوچۇق - ئاشكارا كۆيدۈرۈش كېرەك ئىدى . بۇ سىرلىق
ئىشلار كاللىسىدىن ئۆتمىگەن قۇدرەت كامال ھەر دائىم تېگىرقاش
ئىچىدە ئابلىپىزغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى ، بىراق خروئىندىن
كېلىۋاتقان ئاجايىپ «سېمىز لوق گۆش»لەر لەززەتلىك تېتىپ
كەتتىمۇ قانداق ، ئابلىپىز قايناق بازارلارغا بېرىپ ، خروئىن چەك-
كۈچى ۋە ساتقۇچىلارنى «پاكىتى» بىلەن تۇتالىسا مۇكاپاتلىنىدى-
غانلىقىنى جاكارلىدى . ئۇ قولىغا چۈشۈرگەن خروئىننىڭ ئاز -
كۆپلۈكىگە قاراپ مۇكاپات پۇلى بېرىلىدىغانلىقى ، ئەگەر تىجارەت-
چى ، كاسىپ ، ھۈنەرۋەنلەر خىزمەت كۆرسەتسە ، كۆرسەتكەن خىز-
مىتىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بىر ئايلىق ، بىر پەسىللىك ،
ھەتتا بىر يىللىق باج كەچۈرۈم قىلىنىدۇ دەپ بارغانلا يېرىدە سۆز-
لىدى . بۇ ئابلىپىزنىڭ ئۆز ئالدىغىلا چىقىرىۋالغان قائىدىلىرى
ئىدى ، باج ئىدارىلىرىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى . ھۈنەر ياخشى
ئاقسۇن ياكى بازار كاسات بولسۇن ، ھەر ئايدا ئېلىنىۋاتقان باجدىن
جېنى جاق تويغان ئىزھار ئىككى بولاق خروئىندىن ئېيتقۇسىز
خۇشال بولۇپ كەتتى . ئۇ كۆڭلىدە : «بىر پەسىللىك باجنى كۆتۈ-
رۈۋېتەرمۇ ؟ ئەگەر بىر يىللىق باجنى كۆتۈرۈۋەتسە تېخىمۇ ياخشى
بولاتتى» دەپ ئىنچىكە ھېساب قىلىۋاتاتتى .
ھەيھات ! بۇ ئاي ، بۇ كۈنلەردە دوست ، بۇرادەر ، ساۋاقداش ،
خىزمەتداش ، مۇڭداش ۋە سىرداش قالمىغانمۇ نېمە ؟ ! قاراڭلار ،
بالىلىقىدىن تارتىپ چىگىش دوستلۇق مۇناسىۋىتى بار ئىزھارنىڭ
نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى ! توغرا ، بەزىلەر ، خروئىن چەككۈچىلەر-
نىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرىش كېرەك ، دېيىشى تۇرغانلا گەپ .
ئەمما ، ئىزھارنىڭ باشتىن - ئاخىر نىيىتى دۇرۇس بولمىدى .
ئۇ پەقەت باجدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا دوستىنى ساتسا بولامدۇ ؟
ئۇنىڭدىن باشقا نەسىھەت ، ئاچچىقلاش ، تىللاش ، ھەتتا ئاچچىقىدا
بىرنەچچە كاچات ئۇرسىمۇ بولاتتىغۇ ، شۇنىڭدىمۇ نەتىجە بولمىسا ،
تېگىشلىك ئورۇنلارغا ئېيتىپ ئەدىپىنى بەرسە ، بۇ ئەلۋەتتە ئىش-

نىڭ يولى !

دەرۋەقە ، ماشىنا ۋەقەسى بولۇپ ئىككىنچى كۈنى كەچتە ، ئابلىپىز باشلىق بىر مۇنچە ساقچىلار ئابباس بوجاڭنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ، قەدىردانىنىڭ قولىغا كويىزا سالدى ... كەچلىك تاماق يەۋاتقان ئابباس ، خەيرىگۈل ، گۈلنۇر ۋە ئۇنىڭ ئىنى سابىتلار ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قېلىشتى .

قەدىردان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ تۆمۈر شادىلار بىلەن توسۇلغان ئايرىم گۇندىخانىسىغا سولاندى . ئۇ كىچىچە ئۇخلىماي خىيال قىلغان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ نىمە ۋەجدىن تۇيۇقسىز قامالغانلىق سەۋەبىنى ئۇقالمىدى . ئۇ گۇندىخانىدىكى تاختاي سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان پالازدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى . ئىدىشكىلەرنىڭ تاراڭ - تۇرۇڭ يېپىلىشى ، زەنجىرلەرنىڭ شاراق - شۇرۇق سېلىنىشى ، ئىشىك ، دېرىزە ، تۆمۈر سالاسۇنلارنى نۆۋەتچى خادىمنىڭ ئېتىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى . گۇندىخانىنىڭ چوۋن پوقىدىن ئالىچىپار بولۇپ كەتكەن چىرىغى گۆڭگا يورۇپ تۇراتتى . ئىشىكنىڭ شاراقلاپ ئېچىلىشىدىن قەدىردان چۆچۈپ قارىدى . گۇندىخانىغا ئورۇق ، ئەمما ئېگىز گەۋدىسى سەل ئېگىلگەن قېرى ساقچى كىرىپ كەلدى . ئۇ يەتتە يىل ئىلگىرى قەدىردان ھۆسنارخانىنىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن بىرىنچى قېتىم تۇتۇلغاندا ياخشىلىق قىلغان ياشانغان ساقچى تۇداجى ئىدى .

— ۋۇي ، سىلى تېخىچە بارمۇ ؟ — قەدىردانىنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى ، — مەن تېخى سىلىنى پېنسىيىگە چىقىپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلىغان .

— بۇ يىل چىقىمەن ، ھە ، يەنە كىرىپ قالدىڭما ، بالام ؟ — تۇداجى بېشىنى چايقىدى ، — مۇشۇ كۈندىمۇ ئاغىنىڭگە ئىشەنگەن بارمۇ ؟

— نىمە بولدى ، تۇداجىكا ؟

تۇداجى ئىزھارنىڭ ئىككى بولاق خروئىننى كۆتۈرۈپ كېلىپ قەدىردانىنى پاش قىلغانلىقى ، شۇنداقلا ئابلىپىزنى : «بىر يىللىق

باجنى كۆتۈرۈۋېتىشكە خەت قىلىپ بېرىڭ» دەپ قىستىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى .

— باج ، نېمە باج ئۇ ؟

— سەن ئۇقمايسەن ، ئابلىپىز بازارمۇ بازار ئارىلاپ يۈرۈپ ، خرومن چەككۈچى ۋە ساتقۇچىلارنى پاش قىلسا مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى ، ئەگەر كاسىپ ، ھۈنەرۋەن ، تىجارەتچىلەر بولسا ، قولغا چۈشۈرگەن ياكى پاش قىلغان خرومنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ باج كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە تەشۋىق ئېلىپ باردى .

— ئەسلىي مۇنداق ئىشكەن ـ دە ...

— بالام ، ماڭا ئىشىنەمسەن ؟

— سىلىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمەن .

— ھەببەللى ، ئۇنداقتا ... — تۇداجى قەدىرداننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى ، — مەن سېنىڭدىن بەزى ئىشلارنى سورايمەن ، راست گەپ قىل جۇمۇ ؟ يالغان گەپنىڭ كېيىن ھۆددىسىدىن چىقىش قىلى بولمايدۇ .

— ماقۇل .

— سېنىڭ ھېلىقى ئازازۇل قېيناناڭ ھۆسنارخان زادى نې- مىش قىلىدىغان ئايال ئۇ ؟

— بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ ؟

— قېيناناڭنىڭ زادى نېمىش قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەرگىنە .

— ئاشخانا ئاچىدۇ .

— باشقا غەيرىي ئىشلىرى يوقمۇ ؟

— ئۇ كۆرۈنۈشتە ، — قەدىردان پەس ئاۋازدا پىچىرلى- دى ، — ئاشخانا ، ئەمەلىيەتتە چوڭ قىزى ئەختەرنىسا گۇاڭجۇدىن ئەۋەتكەن خرومنلارنى پارچە ، توپ ساتىدۇ .

— مۇنداق دېگىن ، ئۇ قىز ھازىرمۇ گۇاڭجۇدىمۇ ؟

— ياق ، بۇلتۇر گۇاڭجۇدا ئېتىلدى . ئۇ دېگەن ئەڭ چوڭ خرومن ئەتكەسچىسى .

— ئېتىلدى دېدىڭمۇ ؟ توۋا ، مۇشۇنداق بىر خوتۇن نېمە

ئۇچۇن باشلىقىمىز ئابلىپىزنى ئىزدەپ كېلىدىغاندۇ؟
— هۆسنارخان بۇ يەردە باشلىقنى ئىزدىگىنى بىلەن، باشلىق ئۇرۇمچىگە باردىمۇ، «هۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى»غا بېرىپ هۆسنارخاننى ئىزدەيدۇ.
— راستما؟
ئابلىپىز هەر قېتىم ئۇرۇمچىگە بارغاندا، هۆسنارخان بىلەن ئىچكەركى مېهمانخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ قويۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇن مەخپىي سۆهبەتتە بولاتتى. بۇ ئىشلار شۇ چاغلاردا قەدىردان ئۇچۇن بىر سىر بولۇپ قالغانىدى.
— هەببەللى، ئەمدى ئېسىڭگە ئېلىپ باق، ئۇلار زادى نېمە دېيىشىدىغاندۇ؟
— ئۇنى بىلمەيمەن، ئەمما بىر قېتىم مەن ئىشىك ئارقىسىدا تۇرسام، ئابلىپىزنىڭ ئۆيدىن چىققاچە: «بۇنچىلىك بولار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، بۇ قېتىم يىغىلغاننى ئۆزۈم ئەكېلىپ بېرىمەن» دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالدىم.
— بولىدۇ، بالام، سېنى ئەتە سوراق قىلىدۇ. بۇ... بۇ... — تۇداجى نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ يۇتۇۋەتتى، — بۇ ئەمدى ئىزهار بىلەن ئىككىڭلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشكەن، ياكى ئۈچىنچى بىر كىشى بارمىدى؟
— يوق.
— ياخشى، تېگىل ياخشى. ئۇنداقتا سەن ئەقىللىق بالا، نېمە دېيىشىڭنى ئۆزۈڭ بىلىسەن.
— ئۇقتۇم، رەهمەت، تۇداجىكا.
تۇداجى ئېڭىشىپ چىققىنىچە تۆمۈر ئىشىككە قۇلۇپ سالدى. ئۇ ئۇدۇل كارىدوردىن ئۆتۈپ مۇئاۋىن باشلىق ۋۇۋسكىسى ئېسىلغان ئىشىكنى ئىتتىرىۋىدى، ئاۋازسىزلا ئېچىلدى. قۇدرەت كامال ئالدىراپ يېتىپ كەلدى.
— قانداقكەن؟
— سىلى ئەۋلىيادەك پەرەز قىلغانىكەنلا، راست شۇنداقكەن!

قۇدرەت كامال ئۇنىڭ مۇشتۇمىنى سول ئالقىنىغا قارسىدە ئۇردى .

ئابلىپىزنىڭ ئىشلىرىغا مۇئاۋىن باشلىق قۇدرەت كامال خېلى-دىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى ، بولۇپمۇ ئابلىپىزنىڭ ئە-قىلگە سىغمايدىغان تۈزۈم - قائىدىلەر بىلەن ساقچىلارنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپىنى بوغۇپ ، ئۇلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويۇشى ھەممىنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى . خۇددى كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلى-تىۋال ، دېگەندەك ، يىللاردىن بېرى يىغىۋېلىنغان خىرومىنلارنىڭ ئۆز ئايىغىدىن يوقاپ كېتىشى قۇدرەت كامالنىلا ئەمەس ، باشقىلار-نىمۇ گۇمانغا سېلىپ قويغانىدى . ئەمما ، گۇمان دېگەن بەربىر گۇمان ، پاكىت بۇ باشقا گەپتە . نەچچە كېچە ، نەچچە كۈندۈزلەپ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلغان بۇ ئىش ئاخىر قۇدرەت كامالنىڭ كۆزىنى ئاچتى ، ئۇنىڭ دىققەت نەزەرى ھۆسنارخانغا مەركەزلەشكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ بۇ قېتىم تۇداجىنى ئىشقا سېلىپ ، قەدىرداندىن ئازا-زۇل ، بىشەم خوتۇنىنىڭ ئوچۇقىنى ماتىلاپ ، ھەر ھالدا كۆل ئارد-سىدىن ئازغىنا چوغ تاپالىدى ! بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ قولىدا تۇتقۇدەك ساپاق يوق ئىدى .

— ئەمدى يۇقىرىغا دوكلاتنى ئالدى - ئارقىمىزغا قارىماي يازىمىز ، — دېدى قۇدرەت كامال غەلىبىسىدىن ھاياجانلىنىپ ، — قەدىرداننىڭ ئۆزىنىڭ ئەتە سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتىمۇ ؟

— دەپ قويدۇم .

— ياخشى ، مەن سوراققا قاتناشماي ، يۇقىرىغا دوكلات يازد-مەن . يىللاردىن بۇيان يوقالغان خىرومىنلارنىڭ مىقدار سانىنى ئۇقسىلا ، رەھبەرلىك چوقۇم بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ . قېنى ، ئابلىپىز ، ئەمدى يوغانلىق قىلغىنىڭنى مەن بىر كۆرەي .

ئەتىسى ئەتىگەن ، ئابلىپىز ئىشخانىسىدا قەدىرداننى سوراق قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ ئولتۇراتتى ، قەدىرداننىڭ ساۋاقدىشى ساق-چى مەمەتجان كىرىپ كەلدى . ئۇ باشلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سالام بەردى ، ئاندىن ئابلىپىزنىڭ ئېگىز ، قامەتلىك گەۋدىسىگە ،

مەيدىسىدىن تارتىپ كىندىكىگىچە تەكشى يوغىنىغان قورسىقىغا، سەپكۈن باسقان قارامۇتۇق سىمىز يۈزىگە قاراپ: «بۇ گادايىنى ھېچكىم 53 ياشقا كىردى دېمەيدۇ، تېكىدەك شاش ئولتۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— قېنى ئولتۇر، — دېدى ئابلىپىز نوپۇزلۇق ئەرباپلار پەدىسىدە گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — ئەتىگەندىلا كىرىپ سالام بېرىش ئادىتىڭ ئەجەب ياخشى - دە، سېنىڭ.

— ئولتۇرماي، باشلىق. بىر ئىشنى دوكلات قىلاي دەپ كىرىۋىدىم.

— قېنى دەۋەر.

— قەدىرداننىڭ 17 مىڭ سوملۇق ياماخا موتسىكلىتىنى مۇ-سادىرە قىلساق دەپ كىرىۋىدىم.

— ئاخشام ھويلىدا تۇرغان موتسىكلىت شۇمۇ؟

— نەق شۇ، سىزمۇ دىققەت قىپسىز - دە؟

— مەن تېخى ئۇنى كۈيئوغلى سابىت دوختۇرنىڭ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن.

— يوغسۇ، قەدىردان ئۇنى گۇاڭجۇدىن ئەكەپتۇ. مېنىڭچە خرۇئىن ساتقان پۇلغا ئالغان زاڭ مال بولۇشى مۇمكىن.

— «مۇمكىن» ئەمەس، — ئابلىپىز ئۈستەلگە پاققىدە ئۇر-دى، — مۇقەررەر دېگىن.

— شۇنداق، شۇنداق، مۇقەررەر.

— ساقچىلاردىن ئىككىنى باشلاپ بېرىپ دەرھال ئېلىپ كې-لىڭلار.

— خوپ!

مەمەتجان قايتا سالام بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چوڭ ئىشخانى-غا كىرىپ: «باشلىقتىن بۇيرۇق، قەدىرداننىڭ موتسىكلىتىنى مۇسادىرە قىلغىلى بارىمىز» دېدى - دە، ئىككى ساقچى بىلەن ئۈچ چاقلىق موتسىكلىتقا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئاباس بۇ-جاڭ بىلەن خەيرىگۈل ئىشقا مېڭىشقا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ باردى.

ئىككى ساقچى ئۇچقاندەك كىرىپ ھويلىدىكى «ياماخا»نى يېتىلەپ چىقتى .

— سىلەر كېتىۋېرىڭلار ، — دېدى مەمەتجان ئىككى ساقچى بالىغا ، — بۇ موتسىكلىتنى باشلىقنىڭ ئالدىغا ئۆزۈم ئاپىرىمەن .

ساقچىلار كېتىپ قالدى . ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە ، ئەنسىزلىك ئىگىلىۋالغان ئاببباس بىلەن خەيرىگۈل چىرايى ئۆڭگەن ھالدا مەمەت-جانغا قاراپ تۇراتتى . ئوغلى بىلەن بىللە ئويناپ ، تەڭ چوڭ بولغان مەمەتجاننىڭ ساقچىلىق سالاھىيىتى بىلەن ھويلىسىدىن «مۇسادى-رە» دېگەن قالپاق بىلەن موتسىكلىتنى سۆرەپ چىقىشى ئاببباس بوۋاڭ بىلەن خەيرىگۈلگە قەۋەتلا ھار كەلدى . ئەمما ، كىچىك تۇرۇپلا بېغىدا قورۇلۇپ قالغان مەمەتجان بۇنداق ئىشلارنىڭ قانچە - قانچىسىدىن خۇددى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغۇرغاندەك تۈي-دۇرماي سۇغۇرۇلۇپ چىققان قاغدالمىلاردىن ئىدى !

— ئاببباس بوۋاڭ ، خەيرىگۈل ئاچا ، مەندىن ئاغرىنماڭ-لار ، — مەمەتجان خىجىللىق تونىنى كىيگەندەك ، — مەن ئالدىڭ-لارغا يۈزۈمنى دەسسىگەندەك قىلىپ كەلدىم . باشلىقىمىز بۇ موت-سىكلىتنى ، خىروئىن ساتقان پۇلغا ئالغان زاڭ مال ، دەرھال مۇسا-دىرە قىلىڭلار ، دەپ بۇيرۇق قىلغاچقا ، مەن پەقەت ۋەزىپىگە ئورۇنلىدىم .

— كېرەك يوق ، كېرەك يوق ، — ئاببباس مەمەتجانغا مەدەت بەردى ، — ساقچىلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىلمىساڭ بولامدۇ ، ئۇ دېگەن بۇيرۇقتە .

— قەدىردانىنى تۇتۇشقا بىرەر ئاساسىڭلار بارمۇ - يوق ؟ — دېدى خەيرىگۈل ئاچچىقى بىلەن ، — ئاۋۇ بىر يىلمۇ پاكىت يوقلا تۇتۇپ كە — ئۇ يىللىرى مەن ساقچى ئەمەستىم ، ئۇنى بىلمەيدىكەن-مەن . بىراق ، بۇ قېتىم ئابلىپىز ئەترەت باشلىقنىڭ دېيىشىچە ، تولۇق ئاساس بار ئوخشايدۇ .

— تولۇق ئاساس ؟ — ئاببباسنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىل-دى ، — ئۇنداق ئەمەسمۇ ؟

— ئىزھار دېگەن رېمونتچى ئاغىنىسىگە ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرۇپ ، ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىككى بولاق خروئىن بېرىپتۇ . ئۇ بالا ئۆزى كېلىپ پاش قىلدى .

— مانا ، مانا… ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، — ئابباستا ئىشەنچ پەيدا بولدى ، — قەدىردانىنىڭ ماشىنىسى بولمىسا ، ئۇ نەدىكى ماشىنىنى رېمونت قىلدۇرىدۇ .

— پاش قىلغۇچى ئىزھارنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ ناھىيىلىك پارتىكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ماشىنىسىكەن .

— بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ ؟

— شۇنداق ، بىر يەرگە ئۇرۇلغان چېغى ، بىر چىرىغىنى سېلىپ ، پۇكۇلگەن يەرلىرىنى ئوڭلاپ ، قايتىدىن سىر پۇركۇپتۇ .

— قارا بۇ شۇمنى !

ئابباس ئاچچىقىدا تولغىنىپ كەتتى . خەيرىگۇلنىڭ چىرايى قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان دەرەخ غولىدەك ئاقىرىپ ، كالپۇكلىرى تىترىدى . ئۇلار مەمەتجاننىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالغان مۇشۇ پەيتتە ، ئابلىپىز كاتىپ قىز بىلەن بىرلىكتە قەدىردانىنى سوراق قىلىۋاتاتتى .

— ماددىي پاكىت ، ئادەم پاكىتى ئېنىق تۇرسا ، يەنە جاھىللىق قىلامسەن ؟ — ۋارقىرىدى ئابلىپىز ، — ئەگەر مۇشۇنداقلا جاھىللىق مەيدانىدا تۇرساڭ ، قانۇن رەھىم قىلمايدۇ . ئېيتە ، ئىزھارغا ئىككى بولاق بېرىپسەن ، يەنە كىملەرگە خروئىن ساتتىڭ ؟

— سىزگە نەچچە قېتىم دېدىم ، — قەدىردانمۇ ۋارقىرىدى ، — مەن ئىزھارغا خروئىن بەرمىدىم ، رېمونت ھەققى ئۈچۈن پۇل بەردىم ، مېنى ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشتۈرۈڭلار .

ئابلىپىز ئۈستەلدىكى كۇنۇپكىنى ئىككى قېتىم بېسىشى ، بىر ساقچى گۇۋاھچىنى ئېلىپ كىردى . ئىزھار قەدىردانغا قارىيالماي ، بوينىنى قىسقىنىچە يەر بېقىپ تۇراتتى .

— يېقىنراق كەل ! — ۋارقىرىدى ئابلىپىز ، — ھەي تېخىمۇ يېقىنراق كەلمەمسەن ! ھە ، بۇنى تونۇدۇڭمۇ ؟

— تو ... تونۇدۇم ...ئۇ ... ئۇ دېگەن قەدىردان .
— ھە ، گەپ قىلە ، خروئىننى ساڭا كىم بەرگەن ؟
— مۇ ... مۇشۇ ...
— نېمىشقا بەرگەن ؟
— ماشىنىسىنى رېمونت قى ... قىلىپ بە ... بەرگەن .
— ئەمدى نېمە دەيسەن ؟ — ئابلىپىز قەدىردانغا تىكىلدى ، — ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇر .
— ھەي ئىزھار ، سەن ئەزەلدىن گاچىلىشىپ گەپ قىلمايتتىڭ ، ئەجەبا بۈگۈن گاچا بولۇپ قاپسەن ؟ — دېدى قەدىردان قەھرى بىلەن ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بەزگەك تىترەپلا تۇرىسەن ؟
— نېم... نېم كارىڭ .
— ماڭا قىلمىغان مۇشۇ تۆھمىتىڭ قالدىما ؟ — قەدىردان ئۇنى بىر رەسۋا قىلىش ئويىغا كەلدى ، — ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا ، يالقۇنىنىڭ قەلىمى يىتىپ كەتسە مېنى ئوغرى تۇتتۇڭ . ئەسلىدە ئۇ قەلەمنى قوڭاڭنىڭ يۇرۇكىگە قىستۇرۇۋاپتىكەنسەن ، مۇئەللىم ئاختۇرغاندا يۇچقىنىڭدىن چۈشتى . بۇغۇ يالغان ئەمەستۇ ؟
كاتىپ قىز يۇسۇققىدە كۈلۈۋەتكەنىدى ، ئابلىپىز دەرھال ئۇنىڭغا ھومايدى .
— سەن ... سەن ئادەمنى تولا رەللە قىلما ، قەلەم دېگەننى ئەشەگىمۇ قىستۇرغىلى بولامدۇ ؟
— توغرا ، بولمايدۇ ، لېكىن سەن قىستۇرغان !
— بولدى قىلدىش ! — ئابلىپىز ئۈستەلنى پاققىدە ئۇردى ، — نېمە دېيىشىۋاتىسەن ؟ بىلىپ قويۇش ، بۇ يەر جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ سوراقخانىسى ! ھەي ناكەس ، دەمسەن - دېمەمسەن ؟
— نېمىنى دەيمەن ؟ بۇ گۇي يۇتۇنلەي ماڭا تۆھمەت قىلىۋاتسا !
— مەن ... — ئىزھار گېپىنى باشلاپ بولغۇچە قەدىردان ئۇنى

قېقىۋەتتى :

— توغرا ، سەن ، ساقچى باشلىقىغا خروئىننى جىق يىغىپ بەرسەڭ ، ئۇ باجنى كۆتۈرۈۋېتىدىكەن ، دېدىڭ ، مەن ، باج ئېلىش دېگەن دۆلەتنىڭ چوڭ تۈرى تۇرسا ، دېسەم ، سەن ، ساقچى باشلىقى بۇ ئىشنى ئۆزى توغرىلاپ بېرىدۇ ، دېدىڭ ، مەن ، شۇنچە كۆپ خروئىننى يىغىپ ساقچى نېمە قىلىدىكەن ، دېسەم ، ئۇرۇمچىدىكى خروئىن ئەتكەسچىسى ھۆسنارخانىغا ساتىدىكەن ، دېدىڭغۇ ، بۇنىڭ-دىنغۇ تېنىۋالالماسسەن ؟

— هاي ، هاي··· توختا ، ئەبلەخ ، — ئابلىپىز يۈگۈرۈپ كەلگەنچە قەدىردانىنى بىر كاچات سىلىۋەتتى ، — بۇ يەردە نېمىگە قالايمىقان گەپلەرنى قىلىسەن ؟

— هەي قوڭچى ، ساقچى ئادەم ئۇرسا ، تىللىسا بولامدا ؟ — قەدىردان جاۋغىيىدىكى قاننى ئېڭىكىگە سۈۋىدى ، — مېنى نېمىگە ئۇرىسەن ، ئاناڭنىڭ ، ئاچاڭنىڭ ، خوتۇنۇڭنىڭ ھەققى بارمۇ ؟

قەدىردان ئۇچقاندەك ئىشىك تۈۋىگە باردى - دە ، بار ئاۋازى بىلەن كارىدورغا قاراپ ۋارقىرىدى :

— ئادەم بارمۇ ؟ ھەممىڭلار كېلىڭلار ! مەن مەسىلە پاش قىلىمەن ! ئابلىپىز دېگەن خروئىن ئەتكەسچىسىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىمەن . كېلىڭلا ، تېز كېلىڭلار !

ئابلىپىز بىر بالايىئاپەتنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ قويغانلىقىغا مىڭ تۈۋا قىلىپ ، قەدىردانىنى ئارقىدىن قۇچاقلاپ سۆرىگەنچە سو-راق ئۆرۈندۇقىغا ئولتۇرغۇزدى . ئاڭغىچە ئىشىك تۈۋىگە ساقچىلار يىغىلىپ كېتىشتى ، ھەتتا سوراقخانىغا قۇدرەت كامال كىرىپ كەلدى . ئۇ باياتىن بولۇنغان گەپلەرنى يوشۇرۇن ئاڭلىغانىدى . ئابلىپىز ئۇنى كۆرۈپ چىرايى غەلىتىلا پۈرۈشۈپ ، نېمە دەپ ، نېمە قويۇشنى بىلمەيلا قالدى :

— تۈۋا ، بۇ ··· بۇ ئەجەب ئەسەبىي نېمىكەنا ، — ئابلىپىز ھاسىراپ تۇراتتى ، — ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ···

— جۆيلۈسىمۇ ئوبدان جۆيلۈيدىكەن . جۆيلۈۋەر ، مەنمۇ ئاڭ-

ـلاپ باقاي .
— مەن جۆيلۇدۇممۇ ياكى سەنمۇ ؟ هۆسنارخاننىڭ گېپى چىقـ
ـسا ، ئەجەب چىچاڭشىپ كەتتىڭا ، — قەدىردان توقۇمنى قارنىغا ئالغاندى ، — مېنى بىلمەيدۇ دېمە ، مەن دېگەن هۆسنارخاننىڭ كۈيئوغلى ! زۇلئاينىڭ ئېرى ! سەن بىلەن هۆسنارخاننىڭ مېهماذـ
ـخانا ئىچىدە ئۆتكۈزگەن سۆهبەتلىرىڭنىڭ هەممىسى مېنىڭ خاتىـ
ـرەمدە بار ، ئۇقتۇڭما ؟
— بۇ ... بۇ ... سا ... سـاراڭ بوپـتۇ ... بۇ ... بۇ... — ئابلىپىز كاتىپ قىزغا قاراپ سەتلا هىجايدى ، — توۋا ... بۇنىڭ ماڭا قارا چاپلاۋاتقىنىنى...
— مەن ساڭا قارا چاپلاپتىمەنما ؟ ئەمىسە هەر يىلى يىغىلغان خىروئىنلارنى بىر قېتىم كۆيدۈرۈپ باقتىڭمۇ ؟ ياكى يۇقىرىغا تاپـ
ـشۇردۇڭمۇ ؟
— ئاغزىڭنى يۇم ، ئىپلاس !
— هاي ، هاي ، ئابلىپىز ، ئۇنى توسماڭ ، ئۇ ساقچىلار ئېغىـ
ـزىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپنى دەۋاتىدۇ . سىز ئۇنى مەسىلە پاش قىل دېگەنىكەنسىز ، سۆزلىگىلى قويۇڭ .
— هەي ئابلىپىز ، يوغان قورساق چوشقا ! مېنى ئىپلاس دېگىنىڭگە تويغۇزىمەن سېنى ! — قۇدرەت كامالنىڭ سۆزلىرى قەدىرداندا يۈرەك پەيدا قىلغانىدى ، — ئەگەر مەن بىلگەن ئىشلارنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا دەيدىغان بولسام ، ئۇ چاغدا سەن هۆسنارخانغا ساتقان خىروئىنلار ئۇچۇن ئون قېتىم ئېتىلساڭمۇ ئازلىق قىلىدۇ .
— بۇ ... لەنەت تەگكۈرنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار !
قەدىردانىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىككى ساقچى ئۇنى قولتۇقىـ
ـدىن سۆرىگەنچە كامېرغا ئېلىپ ماڭدى ، لېكىن تۇرغان تۇرقى ئۇششۇقلا بولۇۋالغان قەدىردان : «مەن مەسىلە پاش قىلىمەن ، ئابلىپىز دېگەن چوشقىنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىمەن» دەپ ئۆزـ
ـمەي ۋارقىرىماقتا ئىدى .

قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئادەمگە تېرە تاراقشىتىپ تىللاپ ، ئۇرۇپ ، ھەيۋە قىلىپ ، ئېغىر جەرىمانە قويۇپ ، مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ دەندەپ قالغان ئابلىپىز ، قەدىردانىنىمۇ يىلىكتەك يۇمشىتىۋېتىمەن ، دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن ، يۇرت كۆرگەن ئىت- تىن قورق ، دېگەندەك ، جاھان كۆرۈپ ، تۇرلۇك ـ تۈمەن قىسمەت- لەر ئوچۇقىدا تاۋلىنىپ يۈرىكى قاتقان قەدىردان قورقۇپ قالمىدى ، بولۇپمۇ تۇداجى ئاكىنىڭ ئاتايىتەن كىرىپ سورىغان سوئاللىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ ، ئۇ ئادەمنى مۇئاۋىن باشلىق قۇدرەت كامالنىڭ كىرگۈزگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى ، شۇنداقلا جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىدىكى كۆپچىلىكنىڭ باشلىقتىن قورقۇپ ئىسكەنجە ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئابلى- پىزنىڭ ھۆسنارخان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تۇداجىنىڭ دېگەن گەپلىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىپ كۆردى ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇنچىلىك كۆكەمىلىك قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى . ئۇنىڭ بۇن- داق پارتلىشىغا سەۋەب بولغان چاقماق يۈزىگە تەگكەن بىر شاپىلاق بولدى . قەدىردان بۇنداق ئاھانەت ، خورلۇق ، كەمسىتىشلەرنى ھەرگىز كۆتۈرەلمەيتتى . يەنە كېلىپ ، خاتىرە يېزىۋاتقان بىر قىز ئالدىدا ! شۇڭا ، ئۇ بۇنداق ھاللاردا تېرە ئۇستىدىلا پۇل قىلاتتى ، ھەتتا رەقىبىنى ئوسال ھالدا قالدۇرۇپ ، پۇخادىن چىقمىش ئۇچۇن يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ تىللاشتىن يانمايتتى . بابا ئۇ ئىزھار بىلەن ئابلىپىزنىڭ گاچىلىشىپ دۇدۇقلاپ كېتىشلىرىدىن شۇنچە- لىك ھۇزۇرلاندىكى ، ئىزھارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىپ ئۆزىنى تۇ- تۇپ بەرگەن ئىشىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىدى . ئەمما ، قۇدرەت كامال بىلەن تۇداجىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشى باشقا ئىدى .

— بۇ بالا ياشلىق قىلىپ قويدى ، — دېدى قۇدرەت كامال ، — شۇڭا بۇگۈن كېچە نۆۋەتچىلىكنى ئۆز ئۇستىگىزگە ئېلىپ ، ھەممە يەرنى چىۋىنمۇ كىرەلمەس قىلىپ ئىچىدىن تاقىۋېتىڭ .

— ئەلۋەتتە ، شۇنداق قىلماي بولمايدۇ ، — تۇداجى بېشىنى

لىگىشتتى ، — قەدىردان ۋارقىراۋاتقان ۋاقتىدىلا مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قالغان .

— ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىدىن ئۇقتۇ. رۇش چۈشتى ، — قۇدرەت كامال يانچۇقىدىن ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ تۇداجىغا سۇندى ، — مەن ئەتە قەشقەرگە ماڭىمەن . جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترەتلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى يىڭى ۋەزىپىلىرى ھەققىدە بىر ھەپتىلىك يىغىن باركەن .

قۇدرەت كامال قەشقەرگە يىغىنغا كېتىپ تۆتىنچى كۈنى . ئابلىپىز جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ بارلىق ساقچى خادىملى. رىنى يىغىپ بىر ئەتىگەنلىكى يىغىن ئېچىپ ، ئۆز قارارىنى بېسىم بىلەن كۆپچىلىككە تەستىقلىتىپ ، تۇتۇلغان بارلىق خىروئىن چەك. كۈچى ۋە ساتقۇچىلاردىن يۇقىرى جەرىمانە ئېلىپ ھەممىنى قويۇ. ۋەتتى . شۇ قاتاردا قەدىردانمۇ گۇندىخانىدىن ئۆيىگە قايتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ غەزەپ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن ئىش ، 17 مىڭ سوملۇق موتسىكلىتتىن سىرت ، ئاتا ـ ئانىسىدىن يەنە 10 مىڭ سوم ئالغانلى. دى . ئۇنىڭسىزمۇ نومۇس ، خىجىللىق ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان قە. دىردان موتسىكلىت ساتقان پۇلدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ 10 مىڭ سوم پۇلىنى قايتۇرۇپ بەردى ، شۇنداقتىمۇ 17 مىڭ سوملۇق «ياماخا» ماركىلىق قىزىل دۇلدۇل ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پىنھان. لىرىنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى . خۇددى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەنـ. دەك ، مەمەتجاننىڭ دۇلدۇلنىڭ ئۈستىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ ، بىرنەچچە قېتىم ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشى ، قەدىردانىنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتىۋەتتى .

قۇدرەت كامال قەشقەردىن قايتىپ كېلىپ ، گۇندىخانىلارنىڭ تاپتاقىر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى . ئابلىپىزنىڭ نۇر. غۇن پۇل يىغىۋېلىش ئۈچۈن ھەممىسىدىن يۇقىرى جەرىمانە ئېلىپ قويۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ، شۇ ھامان يۇقىرىغا مەلۇمات سۇندى . ئارىدىن ھەپتىمۇ ئۆتمەي ، قۇدرەت كامال ھەممىنى يىغىنغا چاقى. رىپ ، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنى ئوقۇدى . ھۆججەتتە ، «زەھەر تاش.

ـلاش كۈنى»نىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك خەلق ئۇرۇشى قوزغاپ، خروئىن چەككۈچى ۋە ساتقۇچىلارغا قاتتىق زەربە بېرىش ھەققىدە يېزىلغاندى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئابلىپىز پۇلنى دەپ ھەممىنى قويۇۋەتكەنىدى.

شۇ ئەسنادا، يىغىن زالىغا ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ۋە ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ بىرقانچە ئادىمى كىرىپ كەلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى پوپ-كىسىدىن ئىككى بەتلىك ماتېرىيالنى ئېلىپ، ئابلىپىزنىڭ جىنا-يەتلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئارقىدىن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادىمى بىر بەتلىك قولغا ئېلىش قەغىزىنى چىقىرىپ ئابلىپىزغا قول قويدۇردى ۋە شۇ ھامان ئۇنىڭ ساقچى فورمىلىرىنىڭ ھەممى-سىنى سۆكۈۋالدى، ئاندىن قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، قۇدرەت كامالنىڭ رەسمىي باشلىق بولغانلىق ئۇقتۇرۇشى چۈشتى. قۇدرەت كامال دەرھال يىغىن ئېچىپ، قويۇۋەتكەن «خروئىن»چىلارنى دەرھال يىغىپ قايتا سولاش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى، ساقچى ماشىنىلىرىنى چىرقىرىتىپ ئاپىرىپ بىر - ئىككىنى تۇتۇپ بولغۇچە، قالغانلىرى-نىڭ قېچىپ كېتىدىغانلىقىغا ئەقلى يەتكەن قۇدرەت كامال زەپمۇ ئىنچىكە ئەقىلنى ئويلاپ تاپتى.

قەدىردان بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇراتتى، ساقچى ئاغىنىسى مە-مەتجان كىرىپ كەلدى. قەدىردان ئۇنىڭغا چىرايىنىمۇ ئاچماي ئول-تۇردى. بىراق خەيرىگۈل: «كەل بالام، ئولتۇر» دەپ كۆرپە سالماقچى بولغانىدى، مەمەتجان ئۆزرە ئېيتتى:

— مۇنداق ئىشتى، ھازىر يېڭى باشلىق كەلدى. ئابلىپىزنىڭ ۋاقتىدا خاتا قىلىنغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ تۈزەتمەكچى، شۇڭا قەدىردان بېرىپ 17 مىڭ سوملۇق موتسىكلىتى بىلەن 10 مىڭ سوم جەرىمانە پۇلىنى قول قويۇپ ئەكېلىۋالسۇن.

— ۋاي خۇدايىم، ئەجەب بەلەن ئىش بوپتىغۇ، — دېدى خەيرىگۈل خۇش بولغان ھالدا، — بالام، ھازىرلا بېرىپ ئەكېلە-

ۋالغىن .
— بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ ، ئەتىلەتىن ئەكېلىۋالاي .
— ئەمىسە چوقۇم بارغىن ـ ھە ، — مەمەتجان يەر ئاستىدىن قاراپ ئاستىلا چىقىپ كەتتى .
كەچتە ئابباس ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە ، خەيرىگۈل بۇ خۇش خەۋەرنى دەرھاللا ئۇنىڭغا يەتكۈزدى . ئەمما ، قەدىردان سەل چىچىلىپ قالدى :
— ئانا ، دادا ، ئاشۇلارنىڭ تاتلىق گەپلىرىگە ئىشىنىۋاتامسىلەر؟ بۇ پۈتۈنلەي ھىيلە ـ مىكىر ، مانا 26 ـ ئىيۇن «زەھەر تاشلاش كۈنى» يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ . ئاۋۇ يېڭى باشلىق خىزمەت كۆرسەتمىسە بولامدۇ؟ نېمانداق ئەخمەقلىق قىلىسىلەر .
— ۋاي جېنىم بالام ، — خەيرىگۈل ئوغلىدىن رەنجىگەن تەلەپپۇزدا سۆزلىدى ، — ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەڭ مەمەتجاننىمۇ سېنى ئالداپ ئورىغا ئىتتىرەمدۇ؟
— ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئىشەنمەيمەن ، ئۇ خەقنىڭ كۆزلىرىدىن غەلىتىلا چېقىن چىقىۋاتىدۇ ، — قەدىردانىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى ، — مەمەتجان دېگەن دىۋانە ساقچى مېنىڭ موتورۇمنى مىنىپ ماڭا يوغانچىلىق قىلىۋاتقىنىنى قارا .
— شۇنداقما ئىش بولدىما؟ — ئابباس ئوغلىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قارىدى ، — ياكى ساڭا شۇنداق تۇيۇلۇپ كەتتىمۇ؟
— دەسلەپتە موتورۇمنى كۆرۈپلا چىرايى ئۆڭگەن ئۇ پىت ئۇچەينىڭ ، مۇسادىرە قىلغاندىن كېيىن ئىشىك ئالدىدىن قەستەن سىگنال بېرىپ 3 ـ 4 قېتىم ئۆتتى . ئۇ ھەقىقىي ئاغىنە بولىدىغان بولسا ، تەشكىلدىن مەن دېگەن تەقدىردىمۇ ، ئاغىنەمنىڭ كۆڭلىگە كېلىدۇ ، دەپ ھەرگىز مىنمەيدۇ .
قەدىردانىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئابباسنىڭ ئوغلى قەدىردانغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ، دەرۋەقە ، ياشلار ئۆزىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ . كۆڭلى ياشنايدۇ ئەمەسمۇ! شۇنچە رەڭدار ، كۆركەم ، ھەيۋەتلىك ، ھەر كىمنىڭ كۆ-

زىنىڭ يېغىنى يىگۈدەك موتىسىكلىتىنىڭ قاراپ تۇرۇپ ئىتقا مانتا تاشلاپ بەرگەندەك، قەدىرسىزلا باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كېتىشى ئەلۋەتتە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ - دە. شۇنداق تۇرۇقلۇق، «موتىسىكلىتىڭنى، 10 مىڭ سوم پۇلۇڭنى ئېلىۋال» دېيىشمۇ بارمايۋاتقانلىقىدىن كۆڭلىگە شەك چۈشكەن ئابباس بىلەن خەيرىگۈل ئەتىسى ئەتىگەن مەمەتجاننىڭ ئۆيىگە باردى.

ئۇلار قوش قاناتلىق يېشىل دەرۋازىنىڭ ھالقىسىغا ئەمدىلا قول ئۇزۇتۇشى، مەمەتجان «قىزىل دۇلدۇل»نى يېتىلەپ ئۆزى چىقىپ قالدى. ئۇ قەدىردانىنىڭ موتىسىكلىتىنى خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك ئۆيىگە ئەكېلىۋالغانلىقىدىن خىجىل بولدىمۇ قانداق، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئابباسنىڭمۇ ھېچقاچان كېلىپ باقمىغان ئاچچىقى بىردىنلا گەجگىسىنى قورۇدى.

— ۋۇي، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇسادىرە نەرسىلىرىنى سەن ئۆيۈڭدە ساقلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ — ئابباسنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىدى، — دىققەت قىل جۇمۇ، يىتۈپ كەتسە، قەدىردانىنىڭ مىجەزى ئەسكى، ھېچكىم ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ.

— يا ... يا ئۇنداق بولامدىغان، — مەمەتجان يەرگە قارىۋالدى، — قېنى ئۆيگە كىرىڭلى، دەرۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ قېلىشتىڭلا.

— بولدى، ئىشقا مېڭىپسەن، كوچىدىلا ئىككى ئېغىز پاراڭلىشايلى.

«قىزىل دۇلدۇل»نى بىللە ئېلىپ چىقىشتىن نومۇس قىلدىمۇ، مەمەتجان كوچىغا ئۆزىلا چىقتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ، ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك دېگەندەك، سەرسان كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە ئېلىپ قېچىپ، نەلەرگىدۇر قارىۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئابباسنى گۇمانغا سېلىپ قويدى.

— مەمەتجان بالام، — ئېگىز بويلۇق ئابباس ئېڭىشىپ گەپ باشلىدى، — تۈنۈگۈنكى دېگەن گەپلىرىڭ راستمۇ ياكى خەقلەرنى تۇتۇۋېلىپ، بىر مۇنچە پۇلىنى ئېلىپ قويۇۋېتىپ، ئارقىدىن يەنە

يىغىۋېلىپ، پۇل ئۇندۇرۇپ، «ئوقەت» قىلمايۋاتقانسىلەر؟
— ياق... ياق، ئۇنداق ئەمەس. سىلەر مىنىڭ ئاتا - ئانامغا ئوخشاش تۇرساڭلا، ھەرقايسىلىرىنى ئالداشقا ۋىجدانىم كۆتۈرەمدۇ؟ بىر قانچىسى پۇللىرىنى ئېلىپ كەتتىغۇ. قەدىردان ئۆزى بېرىپ قول قويۇۋەتسىلا، ھەممە نېمىسىنى ياندۇرۇپ بەرمەكچى. شۇڭا، بۇ موتسىكلىتنىمۇ ئۆيگە ئەكېلىپ تازىلاپ، پارقىرىتىپ ئىدارىگە ئېلىپ ماڭدىم.
— ۋاي جېنىم بالام، ئەجەبمۇ كۆڭلۈك ياخشى سىنىڭ، — خەيرىگۈل ئېرىپلا كەتتى، — قەدىردان چىقىشقا زادىلا ئۇنىمىغان، بىز ئۆزىمىز ئېلىپ چىقايلى.
ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئابباسنى خىيال بېسىۋالدى. چۈنكى، مەمەتجاننىڭ سۆز - ھەرىكىتى، كەيپىياتى نورمال ئەمەستەك قىلاتتى. ئەمما، خەيرىگۈل بولسا يولبويى مەمەتجاننى ماختاپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇ: «قەدىردانىمۇ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولسا بۈگۈنكى كۈندە مەمەتجاندەك ياخشى ئادەم بولار ئىدى» دەپ ئارمانمۇ قىلدى. بىراق، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ قەدىردانغا دېگەندە، ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى.
— جېنىم ئانا، بۇ قېتىم ئۇلار 26 - ئىيۇن «زەھەر تاشلاش كۈنى»دە خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئادەمنى تۇتۇپ، كېسىدىغاننى كېسىدۇ، ئاتىدىغاننى ئاتىدۇ.
— ۋاي جېنىم بالام، مەمەتجاننىڭ دېيىشىچە، سەن قول قويۇپلاۋەتسەڭ، موتورۇڭنى، 10 مىڭ سوم پۇلۇڭنى ساق قايتۇرۇپ بېرىدىكەن.
— ئەمىسە مېنى بۇ قېتىم تۇتۇپ كېتىپ، نەچچە يىل كېسىۋەتسە، ئارقامدىن ئىزدىمەڭلار.
— ئۇنچىلىك ئەندىشە قىلساڭ، مەن داداڭ بىلەن بىللە چىقايلى، موتورۇڭنى تارتىۋالغاندىن بېرى كېسەل چىراي بولۇپ كەتتىڭ، دېمىسىمۇ ئەدەسىز چىرايلىق بىر نېمىتى ئۇ.
ئابباس بىلەن خەيرىگۈل قەدىرداننى ئەگەشتۈرۈپ جىنايى

ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ بىناسىغا كىرىپ كەلدى . ئىشىكتىكى پوست ئابباس بوجاڭغا سالام بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈردى . كارىدوردا بىر ئۇستەل تۇراتتى . ئۇنىڭدا كىرگەن ـ چىققانلارنى تىزىملايدى-غان قاپىقى يامان ساقچىدىن بىرى ئولتۇراتتى . ياندىكى كىچىك ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئىچىدە يەنە ئىككى ساقچى بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— قۇدرەت كامال ، مەمەتجانلار كۆرۈنمەيدىغۇ ؟ — ئاب‌باس قاپىقى ئۇششۇق ساقچىدىن سورىدى ، — بىز بالىنى ئەكېلىشۇدۇق .

— ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلار ، — دېدى ئۇ ئى-شىك ئارقىسىنى كۆرسىتىپ ، — ھەممىسى ئىككىنچى قەۋەت يىغىن زالىدا يىغىن ئېچىۋاتىدۇ ، ھازىرلا چۇشىدۇ .

ساقچى شۇنداق دەپ قويۇپلا ياندىكى كىچىك ئۆيگە كىرىپ كېتىشى ، تۇداجى نەدىندۇر پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ قەدىردانىنى كۆرۈپلا ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپىغا قارىدى .

— سەن نېمىشقا كەلدىڭ ؟ ئاپلا ... — تۇداجى ئېڭىكىنى قاماللاپ ئاچچىقى بىلەن پىچىرلىدى ، — تېز ... تېز ... قاچ .

تۇداجىنىڭ ئاچچىقى ۋە ئەنسىز سۆزلىرىدىن ئاب‌باس ، خەيرد-گۇللەرنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى ، ئاڭغىچە ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ساقچى چىقىپلا ئۇلارغا قوپاللا تەگدى .

— نېمىگە تۇرۇۋالدىڭلار ؟ ئولتۇرۇڭلار ، باشلىقلار ھازىرلا چۇشىدۇ .

— ئانا ، — دېدى قەدىردان ئورنىدىن تۇرۇپ ، — سىلەر ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلا ، مەن گۈلباغنىڭ ئاستىدىكى ئاۋۇ ئاشخانىدىن بىر قاچا پولو يەپلا كېلەي . بۇ يەردە ساقلاپ قالىدىغان چېغىمىز بار ، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى .

— نەگە باراتتىڭ ؟ — قاپىقى يامان ساقچى ماھىيىتىنى ئاش-كارىلىدى ، — جايىڭدا جىم ئولتا .

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، — قەدىردانمۇ ھۆرپەيدى ، — تاماق يېگىلىمۇ قويمامسىلەر ؟

— مەن سىنى ئۆلتۈر دەۋاتىمەن ، تولا ئادەمگە ئالايما .
ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن ئاباس ئايالىنى تۈيدۈرماي نوقۇپ قويۇشى ، خەيرىگۈل تىزىملاش ساقچىسىنىڭ قېشىغا كەلدى .
— قول قويۇۋەتسىلا بولىدۇ ، دېسە ، بالىنى ناشتىسىز ئېلىپ كەپتىمىز ، ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاشخانىدىن تاماق يەپ كەلسۇنمۇ ؟
— بولمايدۇ ، باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمنى قويۇپ بەرمەيمىز .
— ئەمىسە باشلىقتىن رۇخسەت ئالاي .
خەيرىگۈل ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ كېتىپ ، بىر ئاز ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ ، يالغاندىنلا خوشلاشقان بولۇپ پەسلەپ چۈشتى :
— بولىدۇ ، بولىدۇ ، بىردەمدىلا ياندۇرۇپ كېلىمەن ، رەھمەت ، ئۆزلىرىگە !
خەيرىگۈل پەسكە چۈشۈپ قەدىردانىنى ئېلىپ مېڭىشى ، ياندىكى ئۆيدىن مەمەتجان كويزا تۇتقان ھالدا بىر ساقچى بىلەن ئېتىلىپ چىقتى .
— توختا ! خىيالىڭچە قاچماقچىمۇسەن ؟
مەمەتجان كېلىپلا قەدىردانىنىڭ قولىغا كويزا سالماقچى بولۇشى ، قەدىردان ئارقىغا داجىپ تۇرۇپ باش بىلەن بىر ئۇرۇشى ، مەمەتجانىنىڭ بۇرنىنىڭ قەيىرىدۇر چارس قىلىپ سۇندى بولغاي ، ئاغزىدىن ، بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئەتراپقا چاچراپ ، ئۆزى ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ يەرگە ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ساقچى يۇگۇرۇپ كېلىشى ، نەق يۈزىگە «قارس» قىلىپ تەگكەن پەشۋادىن ئۇمۇ ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ كەتتى ! كارىدوردا بىردەمدىلا پاتىپاراقچىلىق يۈز بېرىپ ، كىمدۇر بىرى بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىۋەتتى . قەدىردان ئىشكتىن قاڭقىغان توپتەك سەكرەپ چىقتى ـ دە ، يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە قويۇندەك ئۆتۈپ ، بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان يىگىتنى قاتتىق ئىتتىرىۋېتىپ ،ئۇنىڭ موتسىكلىتىگە مىندى . ھېلىقى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ شاۋ ـ شۇۋ كۆتۈر-

گۇچە : «موتسىكلىتىڭنى يېڭى بازار رېمونتخانىسىدىن ئېلى-
ۋال» ! دەپ ۋارقىرىدى ـ دە ، قويۇندەك ئۇزاپ كەتتى . قەدىردان
ئۆيگە كېلىپلا كىيىملىرىنى پۇرلەپ سەپەر سومكىسىغا سالدى ،
ئاچىسى گۈلنۇرنىڭ سورىغان سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بەرمەي :
«كەتمىسەم بولمايدۇ ، ئاچا» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمىدى . گۈل-
نۇر يېنىدا بار مىڭ سومدەك پۇلنى ئۇكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ
قويدى . قەدىردان ئۆيگە قانداق تېز كىرگەن بولسا ، خۇددى تۇن
سايىسىدەك تېز موتسىكلىتقا مىنىپ ، يېڭى بازار تەرەپكە قاراپ
ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى . ئۇ موتسىكلىتنى رېمونت دۇكىنىنىڭ
يېنىغا توختىتىپ قويۇپ ، ئۆزى ئىزھارنى دۇكىنىدىن سۆرەپ
سىرتقا ئېلىپ چىقتى .
— قايسىڭ يېقىن كېلىدىغان بولساڭ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتى-
مەن ! — دېدى قەدىردان قولىدىكى پىچاقنى دۇكان ئالدىدىكىلەرگە
شىلتىپ ، ئاندىن ئىزھارنى شۇنداق سالدىكى ، يولدىكى قارا پات-
قاق ، ئەگىز سۇ ، توپىلارغا مىلەپ يۇرۇپ ، بىردەمدىلا ئۇنى كۆلگە
پۇچىلانغان بىر پارچە گۆشكە ئايلاندۇردى . ئىزھار يىغلاپ ، يالۋۇ-
رۇپ ، يېلىنىپمۇ ، قەدىرداننى پەيلىدىن ياندۇرالمىدى . ئاخىر ئىز-
ھار ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغاندىلا ، ئاندىن قەدىردان موتسىكلىت
ئارقىسىدىكى سومكىسىنى مۈرىسىگە سالدى ـ دە ، چوڭ يولغا
چىقتى . ئۇ رېمونت دۇكىنىدىن خېلىلا ئۇزاپ ، كىشىلەرنىڭ دىق-
قەت ـ نەزىرى چۈشمىگەن يەردىلا تاكسى توختاتتى ، ئۇ شوپۇرغا :
— چوڭ يول بىلەن ئەمەس ، يېزا ، كەنت ، مەھەللىلەر بىلەن
قارنغاشقا ئاپىرىپ قوي ، پۇل قوشۇپ بېرىمەن ، — دېدى .
قەدىردان كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بىر تۇل ئايالنىڭ شەخ-
سىي مېھمانخانىسىدا بىر ھەپتىدەك ياتتى . كەچ تەرەپلەردە ماسكى-
لارنى تاقاپ نىقابلىنىپ ، ئۇزۇن يوللۇق قاتناش بېكىتىنىڭ ئەترا-
پىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى ھەم ئالدىدىن ئۆتكەن يولۇچىلاردىن يولدا
ساقچىلارنىڭ توسقان ـ توسمىغانلىقىنى سورايتتى . ئۇ ئۆزىدە
ئىشەنچ تۇغۇلغاندىن كېيىنلا ، بىر كۈنى كەچلىك ئاپتوبۇستا ئۈ-
رۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى .

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

ئەرۋاھلار ماكانى — گۈلساي قەبرىستانلىقى .

قىشنىڭ قار - شۇۋرغانلىرى ، ئەتىيازنىڭ گۈر - گۈر ئاچچىق شامالللىرى ، يازنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدا توزۇپ ، ئۆ- چۈپ ، بېسىلىپ ، ئۆز ئىزناسىنى يوقاتقان پەس قەبرە بېشىدا قوۋۇزلىرى چۆككەن ، زاڭاق سۆڭەكلىرى چوقچايغان ، دوقا ماڭ- لاي ، ئورۇق ، جەينەكتەك بىر قارىم مۈڭلۈق سوزۇپ قىرائەت قىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يوغان بىر خوتۇن توختىماي يىغلىماقتا ئىدى . ئېڭەكلىرى سالپايغان ، چېقىر كۆز ، ئاق سېرىق ئۆڭ ، چېكە چاچلىرى خېلىلا ئاقارغان بۇ خوتۇن ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشلۇق ھۆسنارخان بولۇپ ، ئوغلى ئەسەتنىڭ ئۆچۈشكە ئۆلگۈر- گەن قەبرىسىنى ياد ئېتىپ كەلگەنىدى . بۇ قەبرىنىڭ ئالدىدا نە بىر ئابىدە تاش ياكى ئىسىم يېزىلغان تاختايمۇ كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت ياۋا ئوتلار قاپلاپ كەتكەن قەبرە ئۈستىگە بىر پارچە كوزا سۇنۇقىنى پاتقۇزۇپ قويغانىدى .

— بالام ئەسەت ، تولىمۇ ياش كەتتىڭ ، — ھۆسنارخان قىرائەت ئاخىرلاشقان ھامان ئوغلىغا مۈڭلىرىنى تۆكۈشكە باشلى- دى ، — مۇشۇ كۈنلەردە بولغان بولساڭ ، قولۇمغا قول ، پۇتۇمغا پۇت بولماسمىدىڭ ! زۇلئاي قانجۇق بولسا ئەر خاپىلىقىدا ئۆلۈۋال- دى ، قىز دېگەن نەرسىنىمۇ باقىدىغان نېمىمۇ ؟ ھازىر داداڭ دېگەن شاۋچى ساراڭ بولۇپ ، زۇلئاينىڭ ھۇجرىسىدا سولاقلىق… ۋاپاسىز كازىم كەتتى ، مەن… مەن… بالام ، بەكمۇ يېتىمسىرەپ قالدىم ، سەندەك بىر مۈڭداش ، سىر ئېيتقۇدەك سىرداش ، ھەسرەت - نادامەتلىرىمنى تۆككۈدەك بىر ياران ماڭا ئەنقانىڭ سۈتىدەك تۈتىيا بولۇپ كەتتى ، بالام ! ئەجەبمۇ يالغۇزلۇق تارتىپ ، قېرى يېتىم

بولۇپ قالدىم .

— خان ئاچا ، ئەمدى بولدى قىلسىلا ، — ۋىجىك قارىم قىرائەت ھەققىگە تەقەززا بولۇپ تۇراتتى ، — يەنە بىر قەبرە بار دېگەندەك قىلىۋىدىلە...

— ئوھۇش ، خويمۇ ئىلەشتۇردا ماۋۇ رو چىۋىن ، — ھۆسنارخان سەت ئالايدى ، — بىر ئوبدان پاراڭلىشىۋاتاتتىم ، نەگە كەتتى ئۇ گەپلەر ؟ ۋاي بولدىلا ، بىر تاغار گەپ قىلغىنىم بىلەنمۇ بىلەمتى ئۇ .

ھۆسنارخان تىزلىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن ئارانلا تۇردى . ئۇ قارىمنى باشلاپ ، ئوت باسقان چىغىر يوللار بىلەن زۇلئاينىڭ قەبرىسىگە يېتىپ كەلگەندە ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى . ئۇ ، ئېزىپ قالدىممۇ دەپ ، ئەتراپتىكى بەلگە بولۇپ قالغان مەقبەرە ، ئابىدە تاش ، تۆمۈر سالاسۇنلۇق قەبرىلەرگە قاراپ ، زادى ئاداشمىغانلىقىنى جەزملىدى . بىراق ، زۇلئاينىڭ قەبرىسى ئورنىدا سېمونتتا قاتۇرۇلغان ئاجايىپ چىرايلىق مەقبەرە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئالدىدا ئايسىمان ئېگىز ئابىدە تاش كۈن نۇرىدا ياپپېشىل چاقنايتتى ، تېخى مەقبەرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سىرلىق پارقىراق ئاق تۆمۈردىن قىلىنغان ھىلال ئاي قەبرىنى تېخىمۇ كۆركەم قىلدۇەتكەنىدى . ھۆسنارخاننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى ، قەبرە ئالدىدا بىر قارىم مۇڭ بىلەن قىرائەت قىلىۋاتاتتى ، قارىمنىڭ ئارقىسىدا ئېگىز ، قامەتلىك بىر يىگىت يوكۇنۇپ ئولتۇرغىنىچە ياش تۆكۈۋاتاتتى . بىر چاغدىلا قارىم قىرائىتىنى تۈگىتىشى ، ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈردى . شۇ چاغدىلا قاۋۇل ، بەردەم يىگىتنىڭ قەدىردان ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالدى . قەدىردانمۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ ھۆسنارخاننى كۆردى - دە ، چوڭقۇر تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ سالام قىلدى .

قەدىردان قارىمنى رازى قىلىپ بولۇپ ، ئاچچىق ئوت ھىدى كېلىۋاتقان چىغىر يوللار بىلەن پەسلەپ كېتىپ قالدى . زۇلئاينىڭ ھەيۋەتلىك قەبرىسى ئالدىغا ۋىجىك قارىم كېلىپ تىزلاندى ، ئۇنىڭ

قېشىغا ھۆسنارخان ئولتۇردى ، لېكىن كۆزلىرى ھەيۋەتلىك مەقبەرە ، ئابىدە تاش ، يالتىراپ تۇرغان ھىلال ئايدا ئىدى .

— بۇ قەبرىنى قارىسىلا ، ھېلى كەتكەن يىگىت 2 مىڭ 800 سومغا ياساتتى دېيىشىدۇ ، — قارىم تامىقىنى تامشىپ قويدى ، — بۇنداق قەبرىدىن يەنە بىرى بار ، ئۇمۇ كىچىكلا چوكاننىڭ قەبرىسى ، ئۇنىڭغىمۇ 2 مىڭ 800 سوم خەجلىدى .

قارىم گېلىنى قىرىپ ، كانىيىنى رۇسلاپ ، قىرائەتنى باشلىدى ، ئەمما ھۆسنارخاننىڭ خىيالى قەدىرداندا قالغانىدى . ئۇ قولى ئوچۇق ، مەرد يېتىم بولغاچقا ، زۇلئاي ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان ! ئەگەر ئۇنىڭ سومكىسىغا ئىككى كاللەك خروئىننى سېلىپ ، تۆھمەت بىلەن سولىتىمەن دەپ يۈرمەي ، قىزى بىلەن ئىككىسىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن بولسا ، بىر تاتلىق بالىسى بىلەن خۇشال - خۇرام ياشار ئىدى . بىراق ، ئۇ شاۋچى خوتەندىكى داۋادا ، ھۆسنارخاننى لەت قىلىپ قويغىنى يامان بولدى - دە ! قېيىنانىسى بولغاندىن كېيىن قەستەن يېڭىلىپ بېرىپ ، ھۆرمەت - تۆسپىنى قىلسا بولمامتى ؟ ۋۇي ئەقلىنى چېلىپ ئىچكەن دېۋەڭ شاۋچى !

ھۆسنارخان بىردىنلا قارىمنىڭ : «بۇنداق قەبرىدىن يەنە بىرى بار ، ئۇمۇ كىچىكلا چوكاننىڭ قەبرىسى» دېگەن گېپى ئېسىگە كېلىش بىلەن ، قورسىقىغا جىن كىردى . ئەمدى ئۇ كىم بولار ئىدى ؟ قەدىردان زۇلئاي تۇگىگەندىن كېيىن يەنە ئۆيلەنگەن ئوخشىمامدۇ ؟ ئەمدى ئۇ قىز نېمە بولۇپ قازا قىلغاندۇ ؟ !

قارىمنىڭ قىرائىتى تۈگىگۈچە ، ھۆسنارخاننىڭ تاقىتى تاق بولدى . ئۇ ئاشۇ يەنە بىر قەبرىدىكى قىزنىڭ ئىسمى ، تۇغۇلغان ۋاقتى ، قازا قىلغان ۋاقىلىرىنى بىلىشكە قىزىقاتتى ، بولۇپمۇ قازا قىلغان ۋاقتى ، زۇلئايدىن كېيىن بولسا ، كېيىنكى ئايالى بولۇشىدا گەپ يوق . ئەگەر بۇرۇن بولسا ، قەدىردان دېگەن بۇ قارا يۈزنىڭ بۇرۇن نىكاھ قىلىپ ئالغان خوتۇنى ، ئەڭ بولمىسا ، ئاشنىسى بولماي نېمە...

قارىم بېشىنى گىلدىڭشىتىپ داۋاملىق ئوقۇماقتا ئىدى .

هۆسنارخاننىڭ پۇتى كۆيۈشۈپ ، قېتىشىپ ئولتۇرالمايلا قالدى ، پۇتىنى سۇنۇپ باقتى ، يىغىپ ئېتەك ئىچىگە يوشۇردى . ئۇنىڭ كەيپىياتى ئوساللاشقانسېرى ، قارىمغا زەھەردەك ھومىيىپ ، غوتۇلدىغىلى تۇردى . هۆسنارخان ئاخىر ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاي دەپ تۇرۇشى ، قارىم قىرائىتىنى ئاياغلاشتۇردى . ئەمما ، هۆسنارخان «تۇفى» دەپ يەرگە تۈكۈردى .

— ھەي ئاۋاق قارى ، ئەلھەمدۇلىللا بىلەن قۇلۇۋاللاھۇئەھەد ئاناڭنى بىر نېمە قىلغانما؟ — هۆسنارخان مىختەك قادىلىپ تۇراتتى ، — قىسقىراق ئايەتلەرنى ئوقۇساڭ بولمامتى ، ياللا ، ھەرە كېپىكى يېگەندەك سەسكەندۇرۇۋەتتا ! ۋايجان ، پۇتۇمۇ كۆيۈشۈپ قاپتۇ مانا .

— ئەمدى قارىسىلا ، بۇ سۇرىنىڭ خاسىيىتى...

— بولدى قىل ، قارى ! ئەمدى قۇستۇراي دەمسەن؟ ماڭە ، يەنە بىر قەبرىنىڭ قېشىغا ئاپار .

قارىم مېھرىبانىنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىشى ، چالا ساۋات هۆسنارخان خەتلەرنى تاتىلاشتۇرۇپ ئوقۇدى . ئاي - يىلىغا قاراپ ، قازا قىلغىنىغا تېخى ئىككى يىل بولغانلىقىنى ھېس قىلدى . زۇلئايغا ئالتە يىلدىن ئېشىپ قالغانىدى . بىراق ، «مېھرىبان ئابابەكرى» دېگەن ئىسىمنى بىر يەردىن ئاڭلىغاندەكلا ، ھەم ، تېخى پاراڭلاشقاندەكلا قىلاتتى . ئاخىر ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم يىل ئىلگىرى ئاشخانىغا تۆت ياشلىق بالىسىنى يېتىلەپ كىرىپ ، ئېرىنى سۇرۈشتە قىلغان چىرايلىق چوكاننى ئەسكە ئالدى . توغرا ، ئۇ: «ئىسمىم مېھرىبان ، دادام كاۋاپچىلىق قىلىدۇ ، ئىسمى ئابابەكرى» دېگەندەك قىلغان ، قارا بۇ گۆيلارنىڭ مېنىڭ دوپپامغا جىگدە سېلىپ كولدۇرلىتىپ يۈرگىنىنى ، ئەسلىدە ئۇ قەدىردانىنىڭ خوتۇنىكەن - دە .

هۆسنارخان ئۆلۈك ھەم تىرىكلەرنى قوشۇپ تىللاۋاتقان مۇشۇ پەيتتە ، «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» ھويلىسىدا تاكسىدىن چۈشكەن قەدىردان ئىككىنچى قەۋەتتىكى ياتىقىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ

چەینەكتىكى سوغۇق قايناق سۇدىن قانغۇدەك ئىچىۋېلىپ ، ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلىۋەتتى . تۇۋا ، تەقدىرنىڭ ئويۇنلىرىمۇ غەلىتە بولىدىكەن ، ھۆسنارخان دېگەن بۇ خوتۇن بىلەن زۇلئاي ئۆلۈپ بىرىنچى قېتىم قەبرىستاندا ئۇچرىشىپ قالغانىدى . ئۇ چاغدا بۇ خوتۇن ئابلىپىزغا تېلېفون بېرىۋەتكەچكە ، قەدىردان خوتەن قاتناش بېكىتىدە ماشىنىدىن چۈشۈپ بولغۇچە قولىغا كويزا سېلىنغانىدى . بۈگۈنمۇ يەنىلا قەبرىستانلىقتا ئۇچرىشىپ قالدى . بىراق ئۇ خېلىلا ھورىدىن چۈشۈپتۇ ، پېتىدىن قاپتۇ ، مەڭز گۆشلىرى ساڭگىيىپ ، كۆز گۆھەرلىرى تۆكۈلۈپ ، چېكىلىرى سۇۋارى ئاقىرىپتۇ ، ئۆزىمۇ سەل ئالدىغا ئېگىشىپ ، بەللىرى پۈكۈلۈپتۇ . دانىشمەنلەرنىڭ : «چېچىڭنىڭ ئاقارغىنى ئۆلۈمدىن بېشارەتتۇر ، تېنىڭنىڭ ئېگىلىشى ئۆلۈمگە بەرگەن سالىمىڭدۇر »دېگىنى ھەق ئوخشايدۇ . ئۇ خۇدانىڭ گۇناھكار بەندىسى بولسۇن ، بۇ دۇنيادا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىسۇن ، شۇنداقتىمۇ ئۇ بىر ئايال كىشى ، بالا تۇغقان ئانا ! گەرچە قەدىردانغا ئەجەب كاشىلىچىلىق قىلغان بولسىمۇ ، بۈگۈن قەبرىستانلىقتىكى ئۇنىڭ شۇمشىيىپ ، بويۇن قىسىپ تۇرغان ھالىتى قەدىرداننىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى . ئەمدى قەدىرداننىڭ ئۇنى : «ئۇنداغەي ، مۇنداغەي ، ئاناڭ ، قىزىڭ » دەيدىغان ھەققى قالدىمۇ ؟ قالمىدى ! ھازىر ئۇ خوتۇن تولىمۇ بىچارە ، مىسكىن ۋە غېرىب ! ئەڭ تاتلىق قىزى زۇلئاي ، ياماننىڭ ئوتى يامان دېگەندەك ، ئارزۇلۇق ئوغلى ئەسەت ، تۇنجى قىزى ئەختەرنىسالار ئۇنى تاشلاپ كەتتى ، ياخشى بولسۇن ، يامان بولسۇن ، ئۆتمۈشتىكى ياشلىق خاتىرىلىرىنى ، سائادەتلىك كۈنلىرىنى بىللە ئەسلەيدىغان ئادىمى ئاباق توختى ساراڭ بولدى ، ئاشنىسى كازىم ۋاپاسىزلىق قىلدى ، ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى قاراقچى بولغان سودىگەرنىڭ يانچۇقىدىنمۇ قۇرۇق ، «ۋاي بوپتىلا ، بولارمۇ ئۆتۈپ كېتەر ، بىر كىشىلىك جېنىنى جان ئېتەر » دەپ تەسەللى بەرگىنىمىز بىلەنمۇ ، ئۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان دەھشەتلىك خەۋپتىن قۇتۇلۇشى يەنىلا تەس . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ساقچى باشلىقى ئابلىپىزنى ئۇرۇمچىد-

گە يالاپ ئېلىپ كەپتىمىش ، ئۇ نەچچە يىللاردىن بېرى خىروئىن ئەتكەسچىلىكىدىن ، چەككۈچىلەردىن يىغقان شۇنچە نۇرغۇن خىرو-ئىننى ھۆسنارخانغا بېرىپ پۇل قىلغان تۇرسا ، ئۇ دېمەي قالارما؟ ئۆزىنى ھەيۋەت ، قورقۇنچلۇق ، سۈرلۈك كۆرسىتىشكە ئامراق ئا-دەملەر ئەڭ ئاجىز ، قورقۇنچاق ، ئاچچىقى يامان ، جېنى بوش بىر نېمىلەر ، بىرىنچى سوراق بېسىمىدىلا : «بۇگۈنكىنى دەيمۇ ، تۈنۈ-گۈنكىنىمۇ؟ بۇلتۇرقى بولسىمۇ بولامدۇ؟» دېيىش ئارقىلىق ، بۇ چاغقىچە رابىتى بار ئادەملەرگە بار ـ يوقىنىڭ ھەممىنى ئارتىپ قويۇپ ، كۆيدۈرگۈلۈك قىلىدۇ!

تورۇسقا قاراپ ياتقان قەدىردانغا كىمدۇر بىرى : «ھاي ئا-داش ، ئۆزۈڭنىڭ غېمىنى يېگىنە ، بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي ، دېگەندەك ، كىملەرنىڭدۇر تەقدىر ـ قىسمىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كەتكىنىڭنى كۆرەيمۇ» دەپ مەسخى-رىلىك كۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى . ئاشۇ غايىبانە ئادەم راست ئېيتى-دۇ . قەدىردان بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ ئۇ ئۇرۇمچىگە قېچىپ كەلگىنىگە ئون كۈندەك بولدى . قورساق تويغۇزۇپ ، كوچا چىڭداپ يۈرۈيدۇ ، بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتمىدى . ئۇ يېمەمدۇ ، ئىچمەمدۇ ، كىيمەمدۇ ، تېخى ئەڭ قورقۇنچلۇقى ، چېكىدىغىنىغا ئۇنداق ـ مۇنداق پۇل يەتمەيدۇ . قەدىردان تېخى جامائەت خەۋپسىز-لىك ئازارىتىدە ئىشلەۋاتقان ئىنىسى ئابدۇراخماننى يوقلاپ بارمى-دى . راست گەپنى قىلغاندا ، بېرىشتىن قورقتى . كىم بىلىدۇ ، بىر چىنە چاينى ئالدىغا قويا ـ قويمايلا : «كۆتۈر قولۇڭنى» دېسە ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ . ساقچى دېگەن يۈز قاراپ ئولتۇرمايدۇ ، «ماۋۇ ئانامكەن ، دادامكەن» دەپ سۈلكەت قىلمايدۇ...

قەدىردان ئويلا ـ ئويلا ، ئاخىر ئىچكىرىگە كېتىشنى قارار قىلدى . ئۇ بېيجىڭ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ ، كۈنمىڭلاردا تۇرغان ، پەقەت ئەنخۇينىڭ بېڭبۇ شەھىرىدە تۇرۇپ باقمىدى . ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ، ئۇ يەردە ئۇيغۇر ئاشخانا ، كاۋاپخانا ، قاۋاقخانىلارنىڭ بازىرى ياخشى بولۇپ ، خېرىدارنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرد-

دىكەن . ئۆرۈمچىدىكى يەتتە ـ سەككىز سوملۇق لەگمەنلەر 30 سومدىن سېتىلىدىكەن . شۇڭا «سوگوزىچى» بىلەن «مېيەنجاڭ»نىڭ ئادەتتىكى ئايلىق مائاشى 10 ـ 15 مىڭ سوم ئەتراپىدا بولىدىكەن ، ھەتتا بەزى چوڭ ئاشخانا ، رېستورانلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈنىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن . قەدىردان بېيجىڭدا چاغدا ئىدرىس مودىنىڭ بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ : «قەدىردان ، قولۇڭدىكى ھۈنەرنىڭ قەدىرىگە يەتمەيۋاتىسەن» دەپ نەچچە قېتىم ئېيتقانىدى . مانا ئەمدى تەلەيىنى بىر قېتىم سىناشقا توغرا كەلدى ، ئەگەر بېڭبۇدا ئىشلىرى يۈرۈشمەي قالسا ، موتىسىكلىت ساتقان 30 نەچچە مىڭ سومنى دەسمايە قىلىپ ، شاڭخەيدە ئاشۇ بىر يىلقىدەك دوللارچىلىق قىلا-سىمۇ بولىدىغۇ ياكى گۇاڭجۇغا كېتىپ رەختچىلىك قىلار . ئىشقى-لىپ ، شىنجاڭدا دەككە ـ دۈككىدە ياشىغاندىن كۆرە ، ئۆز خان ، ئۆز بەگ بولۇپ ياقا يۇرتلاردا يۈرگەنگە يېتەمدۇ .

ھەپتىدىن بىرى توختىماي يېغىۋاتقان ئاق يېغىن ئۈرۈمچىنىڭ ئاسفالت كوچىلىرىنى ، ئاكاتسىيە ، سانا ، ئەرمۇدۇن دەرەخلىرىنى ، ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنالىرىنى ئاقۇش مانان پەردىسىگە پۈركەپ لەر-زان تۆكۈلمەكتە . مانا شۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ بىرى بولغان ئاۋغۇستنىڭ 23 ـ كۈنى قەدىردان كونا كۈنلۈكنى بېشىغا تۇتقان ھالدا ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ، پويىز ئىستانسىسىغا يۈرۈپ كەتتى .

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

«شاڭخەي ھايۋاناتلار باغچىسى» ئەتراپى تىجارەتچىلەر قايناممىغا ئايلانغان ئاۋات بازار. بۇ يەر شىنجاڭلىق كاۋاپچى، زاسۇيپەز، ئاشخانا، رېستوران ئاچقانلار؛ قوتاز، ئارقار، بۇغىنىڭ، سۆڭەك - مۈڭگۈزلىرىدىن، ھايۋاناتلارنىڭ مۇھىم ئەزالىرىدىن ياسالغان ئەرلەر دورىلىرىنى ساتىدىغان شىنجاڭلىق دورىگەرلەر؛ جەنۇبىي جۇڭگو ئەتراپلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئاپېلسىن، بانان، ئاناناس، مايمۇن شاپتۇلى قاتارلىق ھەرخىل مېۋىلەرنى ساتقۇچىلار؛ دېڭىز بويى ئەتراپلىرىدىن رەڭدار تاشلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئەكەلگۈچىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ھايۋاناتلار باغچىسىغىمۇ ھەر كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى شەھەر، ۋىلايەت، ئۆلكىلىرىدىن ۋە چەت ئەللەردىن كەلگەن مېھمانلاردىن نەچچە 10 مىڭ ئادەم كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. قەدىردان داڭلىق ئاشخانا خوجايىنى سەمەت داڭگالنىڭ ئاشخانىسىدا قورۇما قورۇۋاتقانلىقىنىڭ بۈگۈن ئونىنچى كۈنى ئىدى. سەمەت داڭگال قەدىردانغا كۆڭۈل توختىتالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى: «ئاۋۋال ئاشخانىدا 10 كۈن ئىشلەپ باق، كۈنلۈكۈڭگە 100 سومدىن بېرىمەن، يارىساڭ قالىسەن، بولمىسا كېتىسەن» دېگەنىدى. شۇڭا، بۈگۈن قەدىردان كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ، مۇلازىم بالا كېرىمجان بىلەن پاراڭلاشقاچ، نەگىدۇر چىقىپ كەتكەن سەمەت داڭگالنى ساقلاپ ئولتۇراتتى.

— خوجايىنغا چوقۇم ياراپ قالدىڭ، — دېدى كېرىمجان سىركايدىكى چېيىنى پۈۋلەپ تۇرۇپ، — «قېپقال» دېسە قالارسەن.

كېرىمجاننىڭ بۇنداق دېيىشىدە سەۋەب بار ئىدى. شاڭخەيدە

ئادەم كۆپ بولغاچقا ، ئادەتتىكى ياتاقلارنى تاپماق تەس ئىدى . چوڭ مېھمانخانىلار ئىنتايىن قىممەت بولۇپ ، تىجارەتچى ، ئىشلەمچىلەر بويىلىشالمايتتى . شۇڭا ، كېرىمجان خېلىلا يىراق بولسىمۇ ، سۇڭ-خۇامياۋ دېگەن يەردىكى بىر تۇڭگاننىڭ بىر ئېغىز ئۆيىنى ئايلىقىنى 600 سومدىن ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى . قەدىردان كەلگەندىن كې-يىن ، ئۆيىنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئىككىسى تەڭ تۆلەيدىغان بولغان-دى . شۇڭا ، كېرىمجان قەدىرداننىڭ كېتىشىنى خالىمايتتى .

— ئېلىپ قالسا قالىمەن ، — دېدى قەدىردان ، — بىراق ئىش ھەققىمنى ئوبدان بەرسە بولىدۇ ، بولمىسا كېتىمەن .

— چىڭراق تۇرمىساڭ ، سەمەتكام سەل قاتتىقراق ئادەم ، — كېرىمجان ئەتراپىغا قاراپ قويدى ، — يېڭى كەلگەنلەرنى بابلاشقا ئۇستا .

— مېنى بابلىيالمايدۇ ، ئەگەر ئىش ھەققىمنى كۆڭۈل توخ-تاتقۇدەك بەرسە ئەنە ، بولمىسا مانا .

كېرىمجان بىلەن قەدىردان پاراڭنى ئەمدىلا باشلاپ تۇرۇشى ، سەمەت داڭگال كىرىپ كەلدى . ئۇ قەدىردانغا لەپپىدە قاراپ قو-يۇپ ، مىڭگىدە ھىجايدى ـ دە ، ئۇنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشى ، كېرىمجان كېتىپ قالدى .

— تايلىق مېنى ساقلاپ ئولتۇرىسەنغۇ دەيمەن ؟ بولدى ئىشلە-ۋەر ، سوگوزىچىلىقىڭ بوپقالىدىكەن .

سەمەت داڭگال ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولۇۋىدى ، قەدىر-دانمۇ ئورنىدىن تۇردى .

— توختىڭا ، ئىش ھەققىنى دېمىدىڭىزغۇ ؟

— ئايلىقىڭ 3 مىڭ سوم بولىۋەرسۇن .

— مەن 3 مىڭ سوم بىلەن شاڭخەيدەك چوڭ شەھەردە جان باقالمايمەن . ئون كۈنلۈك ئىش ھەققىمنى بېرىۋېتىڭ ، مەن كېتەي .

— ۋۇي ، خېلىلا يوغان گەپ قىلىسەنغۇ ، 3 مىڭ سومنى ئاز كۆرۈۋاتامسەن ؟

— مەن گۇاڭجۇدا ئايلىقىمغا 8 مىڭ 600 سومدىن سوگوزد-
چىلىق قىلغان .
— نېمە ، سەن گۇاڭجۇغىمۇ بارغانمىدىڭ ؟
— جۇڭگودا مەن بارمىغان شەھەر قالمىدى ،ھەتتا «ئالتۇن
ئۈچ بۇرجەك» چېگرىسىدىكى رۇيلى ، كۇنمىڭلاردىن تارتىپ ، ئوت-
تۇر ئاسىيانىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىدىكى ئاشخانىلار ئايلىقىمغا
15 ـ 20 مىڭ سومدىن بېرىپ ئىشلەتكەن .
سەمەت داڭگال ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە گەپ قىلالماي ئۇ-
زۇن تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن بىر چاغدىلا ھىجىيىپ دۇدۇقلىدى .
— ئەمىسە قانچىدىن بەرسەم بولا ؟
— 10 مىڭنى بېرىسىز .
— نېمە ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى ، — چېغىدىراق
گەپ قىل ، ئۇكا .
— ئەتىگەندىن ئوتتۇرا كېچىگىچە ئوچاق ئالدىدا ئوتقا قاقلى-
نىپ ، بۇستا كۆيۈپ ، قارا تەرگە چىلىشىپ بىر ئاي ئىشلىگەنگە
ئاران 10 مىڭنى بېرىسىز ، ئەگەر سىزگە 50 مىڭ سوم بەرگەن
تەقدىردىمۇ قىلمايسىزغۇ دەيمەن ؟
— بوپتۇ ، 5 مىڭنى بېرەي ، بولامدۇ ؟
— ياق ، بولدى ، مەن ۋاقتىدا باشقا يەردىن ئىش تېپىۋالاي ،
10 كۈنلۈك سىناپ ئىشلەتكەن مىڭ سومنى بېرىۋېتىڭ .
قەدىردان ئىشىك تەرەپكە ماڭغىنىدا ، سەمەت دەرھاللا ئۇنىڭ
ئالدىنى توستى .
— بولدى ، بولدى ، ئۇكا ، 6 مىڭ سوم بولسۇن ، ئەمدى تولا
كاجلىق قىلما .
بۇ چاغدا ئاشخانا بوسۇغىسىدا تۇرغان كېرىمجان كۈلۈپ بېشى-
نى لىڭشىتتى . بۇ ئۇنىڭ «ماقۇل دېگىن» دېگەن ئىشارىسى ئىدى .
— ھەرئاينىڭ يەتتىنچى كۈنى ئىش ھەققىمنى بېرىسىز ، مەن
ئەته 7 ـ چېسلادىن باشلاپ ئىشقا چۈشىمەن .
— ئۇنىڭدا چاتاق يوق . ئەمىسە ئاۋۋال ئۈچ يىللىق توختام

تۇزەيلى .
— مەن توختام تۈزمەيمەن . نەچچە يىللاردىن بېرى ئايلىقىمغا ئەڭ تۆۋىنى 6 مىڭدىن 15 مىڭ سومغىچە ئېلىپ ئىشلىگەن . چۈنكى ، قورۇما قورۇشتا مەخسۇس ئوقۇغان مۇتەخەسسىسمەن . سىزنىڭ ئازغىنا مائاشىڭىزغا ئۈچ يىل باغلىنىپ قالغۇم يوق !
— ئەمىسە باشقا يەردىن خوپ كەلگۈدەك ئىش تاپساڭ كېتىدىكەنسەن ـ دە ؟
— شۇنداق ، سىزنى ئالدىسام بولمايدۇ .
— قېنى شۇ چاغ يېتىپ كەلسۇن .
سېنتەبىرنىڭ باشلىرى شاڭخەيگە كەلگەن قەدىردان يېڭى يىلنى سەمەت ئاشخانىسىدا كۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ يېڭىدىن يېڭى قورۇمىلارنى داستىخانغا چىقىرىشىدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكەن سەمەت داڭگال ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەر ئايدا مائاشىدىن سىرت ئالتە ـ يەتتە يۈز سوم ، ھەتتا بىرەر مىڭ سوم مۇكاپات پۇلى بېرەتتى . سەمەت داڭگالنىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يېگەن بىر ئادەم بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۈچ ـ تۆت ، ھەتتا ئالتە ـ يەتتە ئادەم بولۇپ كېلەتتى . ئۇلار قورۇمىلارنى ماختىغانسېرى ، سەمەت داڭگالنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈش بىلەن بىللە ، ئىچىدە بىر يېرى تۈز سەپكەندەك ئېچىشاتتى . چۈنكى ئۇ ، بۇ ماختاشلار قەدىردانىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا ، خورىكى ئۆسۈپ قالارمىكىن ، دېگەن ئەندىشىدە بولاتتى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بەزى ئاشخانا ، رېستوران خوجايىنلىرى يۇقىرى ئىش ھەققىگە قىزىقتۇرۇپ ئېلىپ كېتىدىغان خەۋپلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى .
سەمەت داڭگال ئاشخانىسىنىڭ مۇلازىمەتچىسى كېرىمجان 24 ـ 25 ياشلاردا بولۇپ ، قەدىرداندىن ئىككى ـ ئۈچ ياش كىچىك ئىدى . ئۇ ساددا ، تۈز كۆڭۈل يىگىت بولۇپ ، قەدىردانىنى ئۆز قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرەتتى . ئۇلار ھەر كۈنى كېچىدە ئىشتىن بىللە چۈشۈپ كوچا ئاپتوبۇسى ، تراللىبۇسلارغا چۈشۈپ ، سۇڭخۇامياۋغا كېتەتتى ، ئەتىگەنلىكى يەنە بىللە كېلەتتى .

قەدىردان بىر دەم ئېلىش كۈنى ئاياغ ئېلىش ئۈچۈن بازارغا چىقتى . فېۋرالنىڭ باشلىرى بولغاچقا ، قارا سوغۇق بولۇۋاتاتتى . بۇ يىل قار ئاز ياغدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، يېغىپ بولغۇچە ئېرىپ تۇرغاچقىمۇ ، شەھەر ئىچىدىكى قارىغايلار ، چىملىقلار ، گۈل تەكچىلىرى ئىچىدە ئۆستۈرۈلگەن ئارچىلار ياپيېشىل ، كۆپكۆك تاۋلىنىپ ، ياز تۈسىنى بېرىپ تۇراتتى . ئەمما ، كىشىلەر كىيىۋالغان يۇڭ پوپايكا ، خۇرۇم چاپان ، پالشوپكىلار ، شۇنداقلا ئېغىزدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق ھور زىمىستان كۈنلەرنى ئەسكە سالاتتى .

قەدىردان نەنجاڭ يولىدىكى يەر ئاستى ماگىزىنىغا پەلەمپەي بىلەن چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى ، پەستىن يۇقىرىغا چىقىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم ئۇنىڭغا قەستەن سوقۇلغاندەك قىلدى . قەدىردانىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭغا قايرىلىپ قارىدى ـ دە ، ئورنىدا جىم تۇرۇپ قالدى . چۈنكى ، مۇرىسى بىلەن قەستەن ئۇرغان بۇ ئادەم يانچۇقچى ، ئوغرى ئىدرىس مودىڭ ئىدى . ئۇ يەر ئاستى ماگىزىنىغا ئوغرىلىق قىلغىلى كىرمىسە ، نېمە قىلغىلى كىرىدۇ ، دېگەن خىياللار دەقىقە ئارىلىقىدا قەدىردانىنىڭ كاللىسىنى كېزىپ ئۆتتى ...

— قانداق ، قەدىردان ، بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ ، دەپ ، شاڭخەيگە كېلىپ قاپتۇقۇ ؟ — دېدى ئىدرىس مودىڭ پەلەمپەي ئۈستىدە گىدىيىپ ، — يۈر ، قەدىردان ، ئادەم شالاڭراق يەرگە بېرىپ بىردەم پاراڭلىشايلى .

قەدىردان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىللە ماڭدى . ئۇلار يول قىرىدىكى تاش سۇپىدا ئولتۇرۇشتى ، قەدىردان ئىدرىس مودىڭنىڭ پەقەتلا ئۆزگەرمىگەن سىياقىغا زەن سالدى . ئۇ 34 ـ 35 ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي ، كۆزى كۆك ، قاش ، كىرپىك ، چاچلىرىغىچە سارغۇچ ، لېكىن پاناق يىگىت بولۇپ ، چىرايى قانسىرتقان ئۆپكىدەك دائىم ھال رەڭ تۇراتتى .

— قەدىردان ئۇكا ، شاڭخەيدە نېمىش قىلىۋاتىسەن ؟ — ئىدرىس مودىڭ تاماكا تەڭلىدى ، قەدىردان ئالمىدى ، — ھېلىقىنى

هازىرغىچە چىكىۋاتامسەن؟
— ئاشخانىدا سوگوزىچىلىق قىلىۋاتىمەن، ئەمما ھېلىقىنى هازىرغىچە تاشلىيالمىدىم.
— ئىش ھەققىڭچۇ؟
— 6 مىڭ سوم، تېخى ھەرئايدا 3 مىڭ سومدىن 5 مىڭ سومغىچە مۇكاپاتىمۇ بار.
— ھەي ئەخمەق، ئۇ پۇل يەمسەن، ئىچەمسەن،، چېكەمسەن، قايسىبىرىغا يېتىدۇ؟ — ئىدرىس مودىلىڭ ئېرىق ئىچىگە چىرتتىدە تۇكۈردى، — شاڭخەي دېگەن قىممەتچىلىك شەھەر تۇرسا.
— يوقتىن ياخشى.
— ساڭا نېمە بولدى؟ بالا سەيگۇيۇەن ۋاقتىڭدىن تارتىپ ئۇنداق - مۇنداق نېمىگە قانائەت قىلمايتتىڭ، هازىر ئەجەب قانائەتچان بولۇپ كېتىپسىنا.
— بۇ ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى ئەمەس، ئاكا، — قەدىردانمۇ سەل ھۆرپەيدى، — يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىساق بولمايدۇ. ئۆزۈڭ نېمىش قىلىۋاتىسەن، شۇنى دېگىنە؟
— قەدىردان، مەن بىلەن بېگىبۇغا كېتەمسەن؟ بىر ئاغىنەمنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيمەن.
— ئاغىنەڭ ياخشىمۇ - يامانمۇ، بىلمەيمەن. شۇڭا، بىلمىگەن يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرى تولا دەپ، ئەڭ ياخشىسى بارماي.
— ئۇ ئاشخانىنىڭ يېرىم مەبلىغى مېنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنىڭ ياتىقىم نەچچە ئېغىزلىق، كەڭتاشا، ياتاق پۇلى تۆلىمەيسەن.
— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟
— راست بولماي، شاڭخەي بىلەن بېگىبۇ باھادا ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ. شاڭخەي قىممەتچىلىك، بېگىبۇ ئەرزانچىلىق!
— ئايلىقىمغا نەچچە بېرىسەن؟

— بوپتۇ ، بىزمۇ 6 مىڭنى بېرەيلى .
— بولدى بارمايمەن . بۇ يەردە 6 مىڭدىن باشقا مۇكاپاتىم بار .
— ھەي ئەخمەق ، بۇ يەردىكى 6 مىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى 6 مىڭ ئوخشىمايدۇ . بېكىبۇ ئەرزانچىلىق ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ياتاق پۇلى تۆلىمەيسەن .
— شۇنداقتىمۇ ئاز بولغاندا 6 مىڭ 500 سوم بولمىسا ئىشلىمەيمەن .
— ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل ، بىز بىلەن قاچان ماڭىسەن ؟
— بۈگۈن ئىككىنچى ئايغا ئۈچ ، يەنە تۆت كۈندىن كېيىن ئىش ھەققىمنى ئېلىۋېلىپ ماڭىمەن .
— ئەمىسە بىز كەتكەچ تۇرايلى . سەن 7 ـ چېسلا بارارسەن .
— ھەي ئىدرىسكا ، «بىز ، بىز »لا دەيسەن ، بىز دېگىنىڭ زادى كىمۇ ؟
— بىر خەنزۇ خوجايىندىن تۆت ئۇيغۇر بالىسىنى سېتىۋالدىم . شۇلار بىلەن ئوقەت قىلىمەن .
— ھە ئۇقتۇم ، ئۇلارنى يانچۇقچىلىققا سالىدىكەنسەن ـ دە ؟ ھەي ، نومۇس قىلساڭ بولمامدۇ ؟
— قىزىقكەنسەن ، نېمىگە نومۇس قىلىدۇ ، ئۇ بالىلارنىڭ بىرىنى 20 مىڭ سومدىن ، جەمئىي 80 مىڭغا سېتىۋالغان تۇرسام . ئەگ بولمىسا پۇلۇمنى تىرىلدۈرۈۋېلىپ ، ئاندىن يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ قويسام بولىدىغۇ .
— تۇتۇلۇپ قالسا ئۆمۈرلۈك تۈرمىدە ياتار .
— نەدىكىنى ، يېشىغا يەتمىگەن بالىلارغا پۇل تۆلىسەك قويۇۋېتىدۇ . ھازىر بۇ بالىلار يەر ئاستى ماگىزىنىدا ، ھېلىلا يۈگۈرۈشۈپ كېلىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە گەپ قىلىشىدۇ . سەنمۇ ئۇيغۇرچە گەپ قىلما . ئاندىن ئەسلىي ئىسمىنى سورىما ، سورىغىنىڭ بىلەنمۇ دېمەيدۇ .
— ئۇرۇپ يۈرەكئالدى قىلىۋېتىپسەن ـ دە .
— بەزىدە ئەدەپلەپ تۇرمىساڭمۇ ، تاپتىن چىقىپ كېتىدۇ .

شۇ ئەسنادا يەر ئاستى ماگىزىنىدىن تۆت بالا يۈگۈرۈپ چىقتى ـ دە ، نەگە بېرىشىنى بىلمەي ، يول ئېغىزىدا گاڭگىراپ تۇرۇپ قېلىشتى . ئىدرىس ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ، ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان ئادەم بولمىغاندىن كېيىن ، بىر بارمىقىنى يۇكلەپ ئاغزىغا تىقىپ ، بىر هۇشقىتقانىدى ، تۆت بالا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى . ئۇلار قەدىردانىغا گۇمانسىراپ قاراشتى . ئېگىز ، قاراراق بىر بالا ئىدرىس مودىگىنىڭ قولىقىغا خەنزۇچە پىچىرلىشى ، ئۇنىڭ چىرايى ۋىللىدە ئېچىلىپ ، بېشىنى گىلدىڭلاتتى . ئىدرىس مودىڭ بوي ـ تۇرقى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان تۆت بالىغا قاپىقىنى تۇرۇپ بىرلا قارىشى ، ئۇلار بويسېرى تىزىلدى ، ئاندىن ئىدرىس ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىشى ، ئۇلار بىر پۇتىدا يەرنى تېپىپ قويۇپ : «داۋ »[1] دەپ ۋارقىرايتتى .

ئىدرىس مودىڭ قەدىردانىغا «يۇر » دېگەندەك ئىشارە قىلىپ ئورنىدىن تۇردى . ئۇلار بىر نەچچە كوچىلارنى ئايلىنىپ ، بىر كالتە بازارغا چىقتى . بازار ئوتتۇرىسىدا كونىراپ ئىسلىشىپ كەتكەن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا بار ئىدى . ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە تۇتاشقان تىككىدە تۆمۈر پەلەمپەيگە ياماشتى . ئىككىنچى قەۋەتتىكى بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشخانا ، ناۋايخانا ، كاۋاپخانىلىرى ئىدى . ئىدرىس ئالتە تەخسە لەڭمەن بۇيرۇتتى . ئۇ تاماق كېلىپ بولغۇچە ، يۇمىلاق شىرەدە چۆرەدەپ ئولتۇرغان بالىلارنى تونۇشتۇردى .

— بۇنىڭ ئىسمى ماچۇر ،[2] — ئىدرىس باشتىكى ئېگىز ، قاراراق بالىغا قارىدى ، — ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاق پىشماق ، دوغىلاق بالا شىتۇ[3] ، ئاۋۇ چوكىنى ئاغزىغا تىقىۋالغىنى شياۋماۋ[4] ، ماۋۇ ھەممىدىن كىچىكى لىڭداڭ[5] .

---

① داۋ — يېتىپ كەلدىم ، بار .
② ماچۇر — قۇشقاچ .
③ شىتۇ — تاش .
④ شياۋماۋ — ئاسلان .
⑤ لىڭداڭ — قوڭغۇراق .

قەدىردان بىر ـ بىردىن ئوماق بۇ باللارغا قاراپ ئىچى ئاغرىپ قالدى، بولۇپمۇ سەككىز ـ توققۇز ياشلار چامىسىدىكى لىڭداڭ دېگەن بالا تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا چوڭقۇر ئىسسەدەپ قوياتتى. ئۇنىڭ دۇپدۇگىلەك چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىن قورقۇش ۋە ئەندىشىلىك ئالامىتى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇلار تامىقىنى يەپ بولۇپ سىرتقا چىقىشتى. ئىدرىس قەدىردانغا قول بېرىپ خوشلاشتى.

— باللارنى ھەپتىلىك ئويناتقىلى شاڭخەيگە ئېلىپ كەلگەن. بۈگۈن كەچ قايتىمىز، مانا بۇ ··· — ئىدرىس تۆت قاتلانغان قەغەزنى قەدىردانغا بەردى، — مېنىڭ بېڭبۇدىكى ئادرېسىم.

— بولىدۇ، مەن 7 ـ چېسلا كەچ ياكى 8 ـ چېسلا يېتىپ بارىمەن.

قەدىردان ئۇلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، يەر ئاستى ماگىزىنىدىن قىشلىق ئاياغتىن بىرنى ئېلىپ، ياتاققا قايتتى. ئۇ كۆڭلىدە، كېتىدىغانلىقىمنى كېرىمجانغا دەيمۇ ـ دېمەيمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى. بېڭبۇدىكى ئاشخانا كۆڭۈلگە خوپ كەلسىغۇ ياخشى، ئەگەر ناباب بولۇپ قالسا، سەمەتنىڭ ئاشخانىسىغا قايتىپ كەلگىنىدىن، كەلمىگىنى ياخشى. چۈنكى، ئۆزىنى ئەرزان قىلىپ قويسا ئېتىبارى بولمايدۇ. دېمىسىمۇ قەدىردان ئىدرىس مودىڭدەك يانچۇقچىغا كۆڭۈل توختىتالماي تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ سەمەت، كېرىمجانلار ئالدىدا تەڭلىكتە قالمايدىغان چارىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ قويدى. بۇنىڭدا يالغان ئېيتىشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەدىرداندىن رەنجىمەيتتى. ئەگەر بېڭبۇدىكى ئىش ئورنى يارىماي قالسا، قايتىپ كەلسىمۇ، سەمەت، كېرىمجانلار ئالدىدا چانمايتتى. شۇڭا، كەچتە كېرىمجان ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە، ئۇ چىرايىغا غەمكىنلىك تۈسىنى بېرىپ جىم بولۇۋالدى. كېرىمجان ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى كوچىلاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، قەدىردان ،بۈگۈن بازاردا خوتەن ناھىيىلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ سەيگويۈەنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاكام كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ، —

دېدى قەدىردان چىرايىنى غەمكىن پۇرۇشتۇرۇپ، — شۇڭا دەرھال قايتمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ.
— قايتىپ كېلىدىغانسەن؟
— ئاكام سەللا ياخشى بولۇپ قالسا، قايتىپ كەلمەمدىم.
— قاچان ماڭاي دەۋاتىسەن؟
— ئىش ھەققىمنى ئېلىپ، 8 ـ چېسلا ماڭايمىكىن، شۇ چاغقىچە سەمەتكامغا دەپ قويمىغىن.
— بولىدۇ، مەن سەمەتكامنى ئىشەندۇرەلەيمەن.
باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى ئۆزىگە زادىلا راۋا كۆرمەيدىغان قەدىردان 8 ـ چېسلا چۈشتىن كېيىن غىپپىدىلا بېكىتۇغا تىكىۋەتتى. پويىز ئىككى سائەت ئىچىدىلا بېكىتۇ پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ كەلدى. قەدىردان ئىدرىس مودىنىڭ بەرگەن ئادرېسىنى تاكسى شوپۇرىغا دېيىشى، ئۇ بىردەمدىلا كىچىككىنە كالتە بازارغا ئاپىرىپ قويدى. قەدىردان ئەمدىلا مەھەللىگە كىرىپ 138 ـ قورۇنى ئىزلەپ مېڭىشى، ئىدرىس مودىنىڭ يىراقتىنلا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىراپ يېتىپ كەلدى.
— مانا ئاسانلا تېپىپ كەپسەنغۇ، — دېدى ئىدرىس قول بېرىۋېتىپ، — «كىچىك مەپە» مەھەللىسى دېسە بېكىتۇدا بىلمەيدىغىنى يوق.
ئۇلار ئۇزۇن ماڭمايلا، ئىككىلا قانىتىغا باھار بايراملىق تىلەك تىلەش قىزىل شەلپەر چاپلانغان چوڭ دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، كىچىككىنە ئەگۈن ئالدىدا توختىدى. ئىدرىس مودىنىڭ قۇلۇپنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى. ئەسلىدە بۇ كىچىككىنە تارچۇق قورۇ ياندىكى چوڭ قورۇ بىلەن بىر بولۇپ، ئوتتۇرىسىنى كونا تاختاي، بامبۇك تاياقچىلىرى بىلەن ئايرىۋېتىپ ئىجارىگە بەرگەنلىكى ئېنىقلا تۇراتتى. ئىدرىسنىڭ ئۆيى ئىچكەركى ـ تاشقارقى ئىككى ئېغىز بولۇپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنلا ئاشخانا ئىدى. ئىچكەركى ئۆيگە ياسالغان تاختاي سۇپىدا تۆت بالا ياتىدىغانلىقىنى يىغىپ قويۇلغان كونا تەكىيە، كونا ئەدىيال، يىرتىق كۆرپىلەردىن بىلگىلى بولات-

تى . تاشقارقى ئۆي بىرئاز ئازادە بولۇپ ، ئىككى بۆلۈكىدا ئىككى كارىۋات بار ئىدى . بىرىدە ئىدرىس مودىنىڭ ياتىدىغانلىقى يوتقان - كۆرپىلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .
— ئىككىمىز مانا مۇشۇ ئۆيدە ياتىمىز ، بولىدىغاندۇ ؟ — ئىدرىس مودىنىڭ چوكچىلىق بىلەن قەدىردانغا قاراپ قويدى ، — ئىچكىرى ئۆلكىلەردە بۇنچىلىك ئازادە ئۆيلەرنى تاپماق تەس جۇمۇ .
— ئۇنى بىلىمەن ، راست ئازادىكەن ، ئايلىقى قانچە پۇل ؟
— يىللىقى 10 مىڭ سوم .
— ئايلىقى 830 سومدىن ئېشىپ كېتىدىكەن ، سەل قىممەتمۇ نېمە ؟ بېگبۇنى ئەرزانچىلىق دەۋاتاتتىڭ ؟
— ئىككى ئېغىز ئۆي ، ئاشخانا ، ئايرىم قورۇ تۇرسا ، — ئىدرىس سەل ئۆڭگەندەك بولدى .
ئىدرىس مودىنىڭ ئەتىسى قەدىردانىنى بېگبۇ شەھەرلىك كاتتا بازار مەيدانىدىكى «ساۋۇر موللەك قەشقەر تېز تاماقخانىسى»غا ئاپاردى . ساۋۇر موللەك بويىدىن تارتىپ گەدەنگىچە ئاپئاق تاقىر باش بولۇپ ، ئاتقۇچىنىڭ توقمىقىدەك بوينى ، پۇت - قوللىرى ، قىسقىسى ، ھەممە يېرى دىقماقلا ئادەم ئىدى ، پارقىراپ تۇرغان سېمىز يۈزىدە ئەرلەرگە خاس ساقال دىدارىدىن بىرەر تال تۈكمۇ كۆرۈنمەيتتى .
— ئاڭلىسام قورۇمچىلىقتا مەخسۇس ئوقۇپتىكەنسەن ، ئۇكا ، — دېدى ساۋۇر قىسقا بويۇنلىرىنى تولغاپ ، — شۇڭا سېنى سىناق قىلىپ باقمىساممۇ بولار ؟
— ساۋۇركا ، — قەدىردان تۇزۇت قىلمىدى ، — گەپ يۈزدە ياخشى ، ئۇسسۇل تۇزدە ، دەپتىكەن ، ئىش ھەققىم ھەققىدە ئويلاشتىلمىكىن ؟
— ئىدرىس بىلەن ئالتە كاللىككە بېكىتتۇققۇ .
قەدىردان شارتلا ئىدرىسقا قارىغانىدى ، ئۇ قىزىرىپ كەتتى .
— بولدى قىلە ، ساڭا دېدىمغۇ ، بېگبۇنىڭ 6 مىڭ سوم پۇلىنى شاڭخەينىڭ 8 مىڭ سوم پۇلىغا تەڭ قىلىپ خەجلىگىلى

بولىدۇ .

خەيرىيەت ، كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق دېگەندەك ، قەدىردان ئىدرىس مودىننىڭ كۆڭلىنى دەپ بىر ئوبدان ئىسسىق ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ، شۇنداقتىمۇ ، ئۇ بىرەر ـ ئىككى ئاي ئىشلەپ شاگىخەيگە قايتىپ كېتىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئامال قانچە ، ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ «ساۋۇر موللەك قەشقەر تېز تاماقخانىسى»دا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى . ئاشخانا شارائىتى ، خام ئەشيا موللۇقى شاگىخەيدىكىگە قارىغاندا كەم ئىدى . شۇڭا ، قەدىر- دان ساۋۇر موللەككە بىر تېزىملىكنى تۇتقۇزۇپ : «مۇشۇلارنى تېپىپ بەرسىڭىز» دېدى . ساۋۇر موللەك قەغەزدىكى «مور» ، «خەيدەي» قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ كۆرگەن ھەم ئاشخانىدا ئىشلى- تىپمۇ باققانىدى . لېكىن ئاڭلىمىغان ، كۆرمىگەن ، ھەتتا تىلىمۇ كەلمەيدىغان بىرمۇنچە نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ ، بىر ھازا تېڭىرقاپ قالدى . ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالمىغان قەدىردان خوجا- يىن بىلەن بېرىپ ، بازاردىن بىرلىكتە سېتىۋېلىپ كەلدى . قورۇ- مىلارنىڭ تۈرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە زامان ، ماكان ، ئۆرپ ـ ئادەت ھەم مىللەتكە ماسلىشىشى بىلەن كۈندىن ـ كۈنگە ئادەم كۆپىيىپ «ساۋۇر موللەك قەشقەر تېز تاماقخانىسى» ئىككى ئايغا قالماي خېرىدار ئۈزۈلمەيدىغان ئاۋات ئاشخانىغا ئايلاندى . لېكىن ، خۇددى ئۆزۈم تاپقان بالاغا ، نەگە باراي دەۋاغا ، دېگەندەك ،قەدىرداننىڭ بۇنداق پىداكارلىقى بىلەن خېرىدارلار ئوتتۇرا كېچىگىچە ئۈزۈل- مەسلىكىدىن ، ئۇ چارچاپ ھالىدىن كېتىدىغان بولدى . بەزىدە تۈن نىسپى بىلەن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ، هاردۇقتا ئۆلۈكتەك ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ كېتەتتى . بەزىدە بولسا ئىدرىس مودىننىڭ ۋارقى- راش ، تىللاش ، ئۇرۇش ئاۋازلىرى دەستىدىن ئويغىنىپ كېتەتتى . ھەپتە ئالدىدا ، قەدىردان ئەمدىلا ئۆيگە كىرىشى ، ئىچكەركى ئۆيدىن قاتتىق چىرقىراش ئاۋازى ئارقا ـ ئارقىدىن ئاڭلاندى . قەدىردان ئىتتىلىپلا كىرگەندە ، ئىدرىس يەردە تۇگۈلۈپ ياتقان لىڭداڭنى تاسما بەلۋاغ بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى . بۇرۇن ۋە ئېغىز جاۋغايلىرىدىن

قان ساقىۋاتقان بالا ئۆمىلەپ كەلگىنىچە قەدىردانىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتۈۋالدى . قەدىردان لىگداڭنىڭ قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن يۈز ، بويۇنلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا غەزىپى ئۆرلىدى :

— ئىدرىسكا ، قولۇڭنى تارت ! — بەردەم ، قاۋۇل قەدىردان بىرلا ئىتتىرىۋىدى ، ئىدرىس تامغا گۈپپىدە يۆلىنىپ قالدى ، — كىچىككىنە بالىنى قىلىۋەتكىنىڭنى قارا ، نېماناداق تاش بېغىر نېمىسەن !

— ئاناڭنى ، بۇ جالاپنىڭ بالىسى ئۆزىغۇ پۇل تاپالمايدۇ ، تاپقانلارنىڭ پۇلىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ، يالاقچىلىق قىلىدۇ .

— سەن نېمە قىلغان ؟ — قەدىردان لىگداڭغا ئېگىشتى ، — قېنى دېگىنە ؟

— ماچۇر ، شېتۇ ، شياۋماۋلار ئالغان پۇل ، تېلېفون ، قاپ-چۇقلارنى ماڭا تاشلاپ بېرىدۇ ، — لىگداڭ ئېسەدەپ كەتتى ، — قارىسام بىر موماي يىغلاپ ئۆزىنى كاچاتلاپ ، بۇرۇنلىرىنى قانىتىۋەتتى . مېنىڭ ئىچىم ئاغرىپ ، پۇل قاپچۇقنى بېرىۋېتىپتىمەن .

— ئاڭلىدىڭما ؟ — ئىدرىسنىڭ تۈكۈرۈكلىرى چاچرىدى ، — باشقىلار جاننى ئالىقانغا ئېلىپ تەستە قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەرنى ياخشىچاق بولۇپ بېرىۋەتكىنىنى ! ھەي قوڭچى ، مەنچۇ قارا ، سېنى بوۋاڭ دېگەن دېۋانىدىن 10 مىڭ سومغا سېتىۋالغان ، ئۇقتۇڭما ؟

ئىدرىس ئۇرغىلى داپىشىنىپ كېلىشى ، قەدىردان ئۇنى توسۇ-ۋالدى .

— بولدى قىل ، ئۇ تېخى كىچىك بالا تۇرسا ، يۈر ، يۈر ، — قەدىردان ئىدرىسنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ ئېلىپ ماڭ-دى ، — قارىغىنا ، بالىلارنىڭ قورقۇپ كەتكىنىنى ، لىگداڭ ، ئاشخانىغا چىقىپ ئاغزى - بۇرنۇڭنى يۇيۇپ كىرىپ ئۇخلا .

قەدىردان ئۆي بۇلۇڭىدا بىر - بىرىگە قىستىلىشىپ ، تىزلى-رىنى قۇچاقلاپ ، تىترەپ ئولتۇرغان ماچۇر ، شېتۇ ، شياۋماۋلارغا قارىدى ، ئۇلارغىمۇ «ئۇخلاڭلار »دەپ قويىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ

كۆڭلىدە غەلىتە گۇمان تۇغۇلدى .
— ئىدرىسكا ، بۇ بالىلارنى بىر خەنزۇدىن سېتىۋالدىم دەۋاتات-تىلىڭ ، ئەجەبا ھازىر : «بوۋاڭدىن 10 مىلىڭ سومىغا ئالدىم» دەۋاتىسەن ؟
— ئاشۇ لىڭداڭ دېگەن شۇمنى ئاقسۇدىكى بىر قېرى دېۋاند-ىدىن سېتىۋالغان .
بۇنداق غوۋغا ، ۋارقىراش ، تىللاش ، دۇمبا ـ تېپىك ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى . ئىدرىس مودىڭ ھەر كۈنى بالىلار-نىڭ يانچۇقلىرىنى تەتۈر ئۆرۈپ ، پېشانىلىرىگە نوقۇپ : «پۇلنى نەگە يوشۇردۇڭ ؟» ، «بۈگۈن تاپقىنىڭ نېمانداق ئاز» دەپ كاچات-لىرىغا سالاتتى ، پۇتلىرىغا تېپەتتى . شۇڭا ، بالىلارنىڭ دۈمبە ، قورساق ، يۈز ، پۇتلىرىدا ھەر خىل تاياق ئىزلىرىنىڭ كۆپكۆك ، قاپقارا ، داغ ۋە ئىششىقلىرى ئۆكسۈمەيتتى ، ھەتتا تاماكا ئوتىنىڭ كۆيۈك ئىزلىرىمۇ بار ئىدى .
بۈگۈنمۇ خېلىلا كەچ ئىشتىن چۈشكەن قەدىردان ھەر كۈنلە-كى پىيادە كېلىۋاتقان ئىككى بېكەتتەك يول ئېغىر كەلدىمۇ قان-داق ، ئۈچ چاقلىق ھارۋىدا كەلدى . ئۇ دەرۋازا ئارىلىقىغا قولىنى تىقىپ ، ئىلغىرنى چىقىرىۋېتىپ ئۆيگە كىردى . ئۇ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكتىن ، پۇتلىرىنى يۆيۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ، كىيىم سېلىش-مۇ ئېغىر كەلگەنلىكتىن ، ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلى-ۋەتتى . بىراق ، ئىچكەركى ئۆيدىن ئۇزمەي كېلىۋاتقان «ۋا !» دېگەن ئاۋاز توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى . قەدىردان كۆزىنى يۇ-مۇپ ، قۇلىقىنى ياستۇقتا ئېتىۋالدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇزۇپ ـ ئۇ-زۇپ «ۋا ... ۋا ... ۋا...» دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ ، بىزار قىلىۋاتاتتى . ئاخىر ئۇخلىيالماي جىلە بولۇپ كەتكەن قەدىر-دان ئىچكەركى ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى .
— ئىدرىسكا ، — ۋارقىرىدى قەدىردان غەزەپ ئاچچىقىدا ، — ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە بۇ ئۆيدە ئۇخلىغىلى بولامدۇ ـ يوق ؟
ھەر كۈنى ۋارقىراش ـ چىرقىراش ، يىغلاش ، دۇمبا ـ تېپىكنىڭ

ئاۋازى !
— ھەي كۆرمىدىڭمۇ ، مەشىق قىلىۋاتقىنىمىزنى !
— ئۇ مەشىق ئەمەس ، كىچىك بالىلارنىڭ جېنىنى قىيناش ! سەن ئادەممۇ ياكى يىرتقۇچ ھايۋانمۇ؟ قاراپ باقە ، قوللىرىنىڭ تېرىلىرى چاۋۇرۇپ ، سويۇلۇپ چۇشكىنىنى ، ئۇلار تېخى يۇمران باللار تۇرسا .

ئۆي ئوتتۇرىسىدا يەرگە قويۇلغان گاز ئوچاق سۇس كۆيۈۋاتاتتى . ئوچاق ئۈستىگە قويۇلغان چوڭ ئاق كورىدىن پار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . كالتە ئىشتىنى بىلەنلا قالغان يالىڭاچ باللار تىزلىنىپ كەلگىنىچە كورىدىكى قايناق سۇغا شارتلا قولىنى تىقاتتى ـ دە ، لەيلەپ يۈرگەن سوپۇن يالاندىسىنى ئىككى بارمىقىدا قىسىپ چىقاتتى . ئۇلار ھەر قېتىم قولىنى قايناق سۇغا تىققاندا بىر قېتىم : «ۋا !» دەپ ۋارقىرايتتى ، بارماقلىرىنى سىلكىپ ، ئورنىدا نەچچە پىرقىراپ كېتەتتى . سىلىق يالاندىنى كىم قىسىپ چىقالمىسا ، ئىدرىس مودىڭ قولىدىكى بامبۇك تايىقى بىلەن بالىلارنىڭ يالاڭ بەدىنىگە قارسىلدىتىپ ئۇراتتى .

— قاراپ باقە بالىلارنىڭ بەدىنىگە ، شايى ـ ئەتلەسنىڭ ئۆزى بوپتىغۇ ! — قەدىردان ئاچچىقىدا تىترەۋاتاتتى ، — مەن ساڭا 100 سوم بېرەي ، ئاۋۇ قايناق سۇغا قولۇڭنى بىغىچىغىچە بىر تىقىپ باقە ، قولۇڭدىكى تاياق بىلەن دۈمبەڭگە بىرنىلا ئۇرىمەن ، قانچە پۇل ئالىسەن؟نېمانداق ۋىجدانىڭ پۈچەك ، غۇرۇرۇڭ چىرىپ كەتكەن نېمىسەن؟ ئۆز ئەۋلادىڭ ، مىللىتىڭنىڭ پۇشتىغا بۇنداق رەھىمسىزلىك قىلساڭ ، سېنىڭ نەرىڭ ئادەم !

قەدىردان ئىشىكنى جاڭگىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى . ئىدرىس مودىڭمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كىيىملىرىنى سېلىپ ياتتى ، بىراق ئۇ قەدىردانىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى . ئەگەر ئۇنىڭ قەدىردانغا كۆچى يەتكەن تەقدىردە ، ھازىرقىدەك يەر ئاستىدىن ھومىيىپ ، ئېغىر پۇشاڭشىپ ئولتۇرمايتتى . ئۇ قەدىردانىنى باللىقىدىن تارتىپلا بىلىدۇ . ئۇنىڭ قاقچىلىق قىلغان ، بېيجىڭ ، گۇاڭ-

جۇ ، كۈنمىگىلاردا يۇرگەن چاغلىرىدىكى بەزى ئىشلىرىنى كۆرگەن ، بەزىلىرىنى ئەل ـ ئاغىنىلىرىدىن ئاڭلىغان ، ھەتتا ئۆزىمۇ گۇۋاھچىـ دىكى بىر ئىشنى زادىلا ئۇنتالمايدۇ : بىر قېتىم بىر قانچىلىغان دەللاللار ئىككى ماشىنا رەختنىڭ مېترىنى بىر سوم 68 تىيىندىن كېلىشتۇرۇپ قويىدۇ ، لېكىن ئاتۇشلۇق ئىككى بۇرۇتلۇق كېلىپ بىر سوم 70 تىيىن قىلىپ سودىنى بۇزىدۇ . بۇنداق سودا بۇزۇش ئىشى سودىگەرلەر ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن يامان ئىش سانىلىدۇ . لېكىن ، ھېلىقى ئىككىسى قەدىرداننى ھېچنېمە قىلالمايدۇ ، دەپ سەل چاغلىغانىدى . شۇ چاغدا قەدىردان شارتلا پىچىقىنى چىقىـ رىپ ، قايسىڭ يېقىن كەلسەڭ قارنىڭنى چۇۋۇۋېتىمەن ، دەپ ئالـ دىن ئەسكەرتىۋېتىپ ، ھېلىقى ئىككىسىنى پەشۋا ، كاللا ، مۇشت ، تىز بىلەن دىسلاش ئارقىلىق قانغا بوياپ ، تىنالمىغۇدەك قىلىۋەتـ كەندە ، ئاخىر ئۇلار يىغلاپ تۇرۇپ : «جېنىم قېرىنداشلار ، قۇتقۇـ زۇۋېلىڭلار » دەپ يىغلاپ سالغانىدى . قەدىردان ھەرقانداق جىددىي ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئىككى مۇشتىنى تۇرگەن ھالدا چەكچىيىپ جىممىدە تۇرۇۋالاتتى . ئىدرىس مودىنىڭ ھازىرمۇ ھېلىقى ئىككى ئاتۇشلۇقنىڭ سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۇرسە ، تېنى شۈركۈنۈپ كېتىدۇ ، كالپۇك ، قاپاقلار يېرىلىپ ، تەتۈر ئۆرۈلۈپ قالغان گۆشلەر ، تۇخۇمدەك پولتىيىپ ئىششىپ قالغان كۆزلەر ، قان ئۇيۇپ ، قارىداپ كەتكەن بۇرۇنلار تېخى تۈنۈگۈنكىدەكلا يادىدا تۇرۇپتۇ . شۇڭا ، ئاغىنىلەر ئارا قەدىرداننى ئاچچىقى كەلگەندە «بۇغرىغا كىرگەن غالجىر تۆگە» دەپ تەرىپلىشى بىكار ئەمەس ئىدى .

— قەدىردان ، مەن بىكارغا چېچىلغىنىم يوق ، — دېدى ئىدرىس مودىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ ، — بۇ شۇملارنىڭ گېلىنى بېقىۋاـ تىمەن ، ئۇچىسىغا كىيىندۇرۇۋاتىمەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ، نۇرغۇن پۇلغا سېتىۋالدىم ، لېكىن ھازىر كىرىمنىڭ تايىنى بولمايۋاتسا .

— گېپىڭنى ئاڭلىغۇم يوق ، ئۇيقۇڭنى ئۇخلا ، بۇنداق ئادەمـ لىكىڭنى بىلگەن بولسام ، بۇ يەرگە ھەرگىز كەلمىگەن بولاتتىم .

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەن خامۇش ھالدا ئاشخانىغا كەتتى . ئۇنىڭ تەلىيىگە خېرىدارلار ئاز ئىدى . پەقەت چۈش ۋاقتىدا ئۇنى سەل ئالدىرىتىپ قويىدى . ئاندىن ئادەملەر يەنە سېيرىكىپ قالدى . ئۇ چۈشتىن ئۆتكەندىلا قورسىقى ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى ، شۇڭا بىر تەخسە گۆشلۈك پولۇنى قازان بېشىدىلا يەۋالدى .

— ئۇستام ، نېمە تاماقلىرى باركىن ، — تاماق سۇنۇش تۆشۈ-كىدە كەڭ دەستىلىك قارا كۆزەينەك تاقىغان ، ئاق سېرىق يۈزىنى دانىخورەك قاپلاپ كەتكەن بىر ئادەم پەيدا بولدى ، — قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى .

— پولۇ يېسىڭىز تەييار ، لەغمەن يېسىڭىز دەرھاللا تەييار قىلىپ بېرىمەن .

— پولۇيىڭىزنىڭ گۆشى بارمۇ ؟

— بىز بۇ ئاشخانىدا تاز پولۇ ئەتمەيمىز .

— ئەمىسە گۆش بېسىپ ، بىر قاچا پولۇ بېرىڭ .

قەدىردان بىر چوڭ تەخسىگە پولۇنى ئۇسۇپ ، ئۈستىگە يوغان بىر پارچە گۆشنى بېسىپ ، تاماق سۇنۇش تۆشۈكىگە ئەكىلىشى ، ھېلىقى خېرىدار ئاستا ، ئەمما سىرلىق قىلىپ : «قەدىردان» دەپ خىرقىرىدى ، ئاندىن تۆشۈككە بېشىنى تىقىپ ، يۈزىنى قەدىرداندە-نىڭ يۈزىگە يېقىن ئېلىپ كەلدى - دە ، قارا كۆزەينىكىنى ئاستا ئېلىشى ، قەدىرداننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، نەپەسلىرى تېزلە-شىپ كەتتى .

— ئەيسا خېنەنجىر !

— تىش ...

— خالمەت قارىم ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار...

— تىش ! مەن تاماقنى يەپ بولاي ، — ئەيسا خېنەنجىر ئارقىسىغا چاندۇرماي قاراپ قويىدى ، — ئاندىن سەن يول باشلا ، مەن ئارقاڭدىن ئەگىشەي ، بولامدۇ ؟

— ساۋۇركا ، — قەدىردان ئاشخانىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىگە كىردى ، — بىر قاچا پولۇ يەپ قويسام ، مەيدەم ئاغرىپ كېتىۋاتىد-

دۇ . ھەپتىيەككە بىرىپ دورا ئەكىلىۋالاي دېگەنىدىم .
— بوپتۇ بارىۋەر ، بۇندىن كېيىن كەلگىنىنى مەن ئۇزدىتىمەن .
قەدىردان ئەيسا خېنەنجىرگە كۆز ئىشارىسى قىلىۋېتىپ ئاستا چىقىپ كەتتى . ئۇ تۆت كوچا ئېغىزىدا بىردەم ساقلاپ تۇرۇشى ، ئەيسا خېنەنجىرمۇ قارا كۆزەينىكىنى تاقاپ چىقىپ كەلدى . ئۇ قەدىردانىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە مېڭىشى ، قەدىردانمۇ يولنى توغرا كېسىپ ئۆتتى ـ دە ، خەلق مەيدانى تەرەپكە ماڭدى . كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك لايىھىلەنگەن خەلق مەيدانىنىڭ ئەتراپلىرى ئارچا ، قارىغايلار بىلەن زىننەتلەنگەن ، ھەر خىل شەكىلدىكى گۈل تەكچىلىرىدە جەنۇبىي جۇڭگونىڭ ئەڭ داڭلىق ئەتىۋارلىق گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى . ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى بېكىنىۇ شەھىرىنىڭ گۈل پەسلى بولۇپ ، پۈتۈن ئەتراپ ئادەم ئەقلى يەتمىگۈدەك ئېسىل ، نادىر گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى . قەدىردان ئادەم كەلمەيدىغان مەيدان سىرتىدىكى قۇلماقلار يامىشىپ كەتكەن باراڭ ئاستىغا كېلىپ ، شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ، ئاڭغىچە ئەيسا خېنەنجىر تۆت ئەتراپىغا قارىغىنىچە يېتىپ كەلدى . ئۇ يانچۇقىدىن تازىلىق قەغىزى ئېلىپ ، ئىككى ئورۇندۇق ئوتتۇرىسىدىكى سېمونت ئۇستەلنى سۈرتۈۋېتىپ ، كۆزەينىكىنى ، تاماكا قۇتا ، چاقماقلىرىنى قويدى ـ دە ، ئۆزى ئۇستەلگە جەينەكلىدى ھەم بىر ھازار قەدىردانغا تىكىلىپ قارىدى .
— ئۆزۈڭ كىچىك بولغىنىڭ بىلەن ، ئەقلىڭ دەرىيادەك نېمىكەنسەن ، — دېدى ئەيسا خېنەنجىر تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېتىپ ، — خۇددى مۇشۇنداق كۆڭلەرنىڭ كېلىشىنى پال سالغاندەك بىلىپتىكەنسەن ئەمەسمۇ .
— دېگىنە ، ئەيساكا ، نېمە ئىشلار يۈز بەردى ؟ — قەدىردان كونا ئۆلپەتلەرنى سېغىنغانىدى ، — خالمەت قارىم ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار ، مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاناق ، تۇرسۇن كاللا ، دىلمۇرات ماكاشلار قانداقراق تۇردى ؟

— تۇگىدى ، قەدىردان ، ھەممىسى تۇگىدى ! — ئەيسا خېنەزىجىر مىچچىدە يىغلىۋەتتى ، — نەچچە مىڭ سوملۇق ئېسىل مېھمانخانىلار ، ئالىي تاماقلار بىلەن بېزەلگەن سورۇنلار ، نازىنىن قىزلار بويىنۇڭغا يىلاندەك گىرە سالغان ئىشرەتخانىلار ، شاراقلاپ خەجلىگەن قىپقىزىل پۇللار ، ھەممىسى ... ھەممىسى ئەمدى چۈشكە ئايلاندى .

— ئەيساكا ، زادى ئۇلارغا نېمە بولدى ، دېگىنە ؟

— مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناق بېيجىڭدا يوقاپ كەتكەندىن كېيىن ، بىزگە ئاسايىشلىق بولمىدى ، — دېدى ئەيسا خېنەنجىر تاماكىدىن يەنە بىرنى تۇتاشتۇرۇپ ، — گۇاڭجۇغا مال يۆتكىگەن غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار ، تۇرسۇن كاللىلار ئاشكارىلىنىپ قېلىپ قاچقاندا ، غەيرەت جاڭدۇ بىلەن ئەبەي گىتار ئوق تېگىپ نەق مەيداندا ئۆلدى . تۇرسۇن كاللا ياريدار بولۇپ قولغا چۈشۈپ قالدى .

— دىلمۇرات ماكاشچۇ ؟

— ئىككى تال «كەمپۇت» ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا چۇۋۇلۇپ كېتىپ ، خروئىن ئاشقازىنىنى كۆيدۈرۈپ جاراھەت قىلىۋېتىپتىكەن . ئۇ بىرەر ئاي ئىلەڭ - سىلەڭ يۈرۈپ ، دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كەتتى .

— خالمەت قارىمچۇ ؟

— ئۇ شاڭخەيدىن قاچقانچە ، ھەممە يەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ بولۇپ ، رۇيلىدىكى «كەمپۇتلەش» زاۋۇتىدا تۇتۇلۇپ قالدى ، — ئەيسا خېنەنجىر كۆزلىرىنى سۈرتتى ، — شۇ قېتىم مال يۆتكىگەندە ، خالمەت قارىم كۆڭلى تۇيغاندەك مېنى زاۋۇتتا قالدۇرۇپ ، ماڭا : «بۇ قېتىم كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا ساڭا تېلېفون قىلىمەن ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويىۋەت» دېدى . ئۇلار كېتىپ 11 - كۈنى كەچتە مەن ئۆي ئالدىدىكى بامبۇك ئورمانلىقىغا كىردىم . شۇ ئەسنادا چوڭ يولدىن قايرىلغان بىر تاكسى زاۋۇت دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى .

ئۇنىڭدىن قارا كۆزەينەك تاقىغان خالمەت قارىم چۈشۈپ ئالدىراپ كىرىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باراي دەپ تۇرسام ، بىر-نەچچە ساقچى ماشىنىسى پەيدا بولۇپ «كەمپۈتلەش» زاۋۇتى ئالدىدا توختىدى ، ئاندىن ئون نەچچە قوراللىق ساقچى ئېتىلىپ كىرىپ كەتتى ھەم ھايال ئۆتمەي ، قولىغا كويزا سېلىنغان خالمەت قارىمنى گەجگىسىدىن بېسىپ ئېلىپ چىقتى . ئاڭغىچە مەن ئورمان ئىچىدىكى ھاجەتخانىنىڭ تۆشۈكىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ، بەلگىچە نىجاسەتكە چىلىشىپ ئولتۇرۇپ قۇتۇلۇپ قالدىم .
— ئۇنداقتا خالمەت قارىم بىلەن تۇرسۇن كاللا تىرىك قولغا چۈشۈپتۇ ، قالغانلىرى ئۆلۈپتۇ - دە ؟
— مېنىڭچە ، مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىلمۇ تىرىك قولغا چۈشتى ، — ئەيسا خېنەنجىر نىڭ بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلدى ، — مېنىڭ گۇمانىم ، ئاشۇ توخۇ يۈرەكلەرنىڭ پاش قىلىشىدىن بىزلەر مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالدۇق .
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن ؟
— كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بار ، يىراقلارغا كېتىمەن ، — ئەيسا خېنەنجىر تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى ، — خوش ، قەدىردان ، مەن كەتتىم .
— خوش ، ئەيساكا ، — قەدىردان يانچۇقىدىكى بار پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالدى ، — بۇنى يولدا ئىشلەت .
— رەھمەت ، ئۇكا ، سېنىڭ كىچىكىڭدىن تارتىپ مەرد ، قولۇڭ ئوچۇق بالا ئىكەنلىكىڭنى بىلەتتىم ، — ئەيسا خېنەنجىر يىغلىۋەتتى ، — رەھمەتلىك غەيرەت 10 مىڭ سوم خەجلەپ قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققىنىڭنى پات - پاتلا سۆزلەپ بېرىدىغان ، لېكىن بۇ قېتىم پۇلۇڭنى ئالمايمەن ، خالمەت قارىم ماڭا خېلىلا كۆپ پۇل قالدۇرغان ، شۇنى خەجلەپ بولغۇچە خۇدا ماڭا ئۆمۈر بېرەمدۇ - يوق ، بىلمەيمەن .
ئىككىسى قۇلماق بارگى تېگىدە قۇچاقلاشتى . ئاندىن ئەيسا خېنەنجىر قارا كۆزەينىكىنى تاقاپ ، تېز - تېز قەدەملەر بىلەن

مەيداندىن چىقىپ كەتتى . ياخشى ـ يامان كۆنلەردە بار ـ يوقنى تەڭ كۆرگەن ئۇلپەتلەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمەتلىرى قەدىردانىنى لاسسىدە قىلىپ قويدى . ئۇ خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى . خىروئىن يۆتكەش ئارقىلىق نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ، ئائىلىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر زەھەرلىك ئۇۋۇنىڭ تارمار قىلىنىشى ھەممە ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش ، ئەلۋەتتە ، بىراق قەدىردان ئۇلار بىلەن ئاز بولسىمۇ بىر مەزگىل بۇرادەرلىك ، ئاغىنىدارچىلىق ، ئاكا ـ ئۇكىدەك ئۆتكەن كۈنلەرنى قەدىرلەيتتى .

بىر دىنلا ھاردۇق يەتكەندەك بولۇپ قالغان قەدىردان ئاشخانىغا روھسىز ھالدا كىرىپ كەلدى . ئۇ خېرىدارلار تاماق يەيدىغان شىرەگە جەينەكلىرىنى قويغىنىچە ، چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى . لېكىن ، ئاشخانىغا قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈپ يىغلاپ كىرگەن ماچۇر ، شېتۇ ، شياۋماۋلار قەدىردانىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋېتىشتى . ئۇلار خەنزۇ تىلىدا بىر ـ بىرىگە قۇۋۇناق بەرمىگەن ھالدا چۇرقىراشماقتا ئىدى .

— ماچۇر ، سەن دېگىنە ، — قەدىردانمۇ خەنزۇ تىلىدا سۆزلىدى ، — زادى نېمە ئىش بولدى ؟

— لىگداگىنى ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى .

— ئىدرىسقا دېمەمسىلەر ، قايسىڭلار تۇتۇلۇپ قالساڭلار ، ئاشۇ پۇل تۆلەپ ئاچىقاتتىغۇ ؟

— لىگداگىنى ئاچىقمايمەن دەيدۇ ، — شېتۇ ئېسەدەپ يىغلىدى ، — شۇنچە يالۋۇرساقمۇ ئۇنىمىدى .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— لىگداگىنى چاشقان تۇتالمايدىغان مۈشۈك دەيدۇ .

— ئۇنى پۇل تۆلەپ ئاچىقسۇالمىساق ، — ماچۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى ، — باللار تۈرمىسىگە ئاپىرىۋېتىدۇ ، ئاندىن ... ئاندىن ئاچىقماق تەس بولىدۇ .

— توختاڭلار ، باللار ، مەن خوجايىنغا دەپ ، ئىش ھەققىمنى سوراپ باقاي .

قەدىردان ئاشخانىنىڭ دەم ئېلىش ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، هايال بولمايلا يېنىپ چىقتى، ئاندىن باللارنى باشلاپ چىقىپ تاكسىغا سالدى ـ دە، يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ساقچىخانا ئالدىغا چۈشكەندە، ماچۇر ئالدىراپ پەلەمپەيگە قەدەم ئالغان قەدىرداننىڭ يېڭىدىن تارتتى.

— ئاكا، بىز بۇ ساقچىخانىغا كۆپ كىرگەن، ئۇلار بىزنى تونۇيدۇ.

— كىرمەيلى دېمەكچىمۇ؟ — قەدىردان شىتۇننىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى، — مەيلى، سىلەر كىرمەڭلار، ئۆزۈم كىرىپ چىقاي.

— توختاڭ، ئاكا، — دېدى ماچۇر، — سىز: «مەن لىڭداڭ-نىڭ دادىسى، ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، قارايدىغان ئادەم يوق، يامان باللارغا ئارىلىشىپ قاپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىڭ، بولمىسا بەرمەيدۇ.

— بولىدۇ، ئەسكەرتىپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى.

— ئاكا، — ماچۇر قولىنى سوزدى، — ئىش ئورنىڭىز بارلىقىنى ئۇقسا كۆپ ئالمايدۇ. ئىشسىزلاردىن، بولۇپمۇ سىرت-تىن كەلگەنلەردىن گۇمان قىلىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

قەدىردان ساقچىخانىنىڭ نۇرغۇن خىزمەت ئۈستەللىرى قويۇلغان زالدەك چوڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ساقچىلار ئۇ-ياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشاتتى، قولىغا كويزا سېلىنغان قىز ـ يىگىتلەرنى ئىتتىرىپ نەگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. ئۈستەللەرنىڭ پۇتلىرىغا، ئىشىك تۇتقۇچلىرىغا كويزا بىلەن چېتىلغانلار پولدىلا تىزلىنىپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشاتتى، بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچىسى تېلېفون ئېلىپ، تېلېفون بىرنۋاتىقاچقا، ساقچىخانىنىڭ ئىچى ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغانىدى. قەدىردان بىردىنلا سۇ تۇرۇبىسىغا كويزا بىلەن چېتىپ قويۇلغان لىڭداڭنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يەردە تىزلان-غىنىچە تامغا قاراپ ئولتۇراتتى.

— لىڭداڭ ! — قەدىردان ئەينەك توسۇق سىرتىدىن ۋارقىرىدى ، — لىڭداڭ ، مەن كەلدىم .

— كادىداڭ شۇشۇ[①] ، — لىڭداڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنچىدەك ياشلار تۆكۈلدى .

— سىز ئۇ بالىنىڭ دادىسى بولامسىز ؟ — دېدى ئورۇققىنا بىر ساقچى ئەينەك توسۇق يېنىغا كېلىپ ، — قېنى بۇ ياققا كىرىڭ .

ساقچى لىڭداڭنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېچىپ ، ئۇنى تۇرۇبىدىن بوشاتتى .

— ئەگەر بالىڭىزنى ئەكېتىمەن دېسىڭىز ، 10 مىڭ سوم تۆلەيسىز ، — دېدى ساقچى لىڭداڭنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئالماي ، — بۇ دېگەن تۈزۈم .

— مەندە 10 مىڭ سوم يوق ، — دېدى قەدىردان تەمكىن هالدا ، — ئالسىڭىز 5 مىڭ سوم پۇلۇم بار ، مەن بىرەر يەرنىڭ خوجايىنى ئەمەس ، ئاشخانىدا سوگوزىچىلىق قىلىمەن .

— ئەمىسە باشلىقنىڭ قېشىغا كىرەيلى .

ئورۇق ساقچى كارىدور بويلاپ مېڭىپ ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى 201 - نومۇرلۇق ئىشخانىغا باشلاپ كىردى . قوڭۇر رەڭلىك خىزمەت ئۇستىلىدە چۆكۈپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي ، چاچلىرى تەكشى قىرقىلغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى باشلىق بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى ، قەدىردانمۇ ئۇنى تونۇپ قالدى . بىر ئاينىڭ ئالدىدا بولسا كېرەك ، خروئىن ئەتكەسچىلىرىگە زەربە بېرىش دولقۇنىدا بىر كېچە - كۈندۈز جاپا چەككەن ساقچىلار ساۋۇر موللەك ئاشخانىسىغا هاردۇق چىقارغىلى كىرىشتى . شۇ چاغدا قەدىردان ئۇلارغا خىلمۇ خىل قورۇمىلارنى قورۇپ كۈتۈۋالغانىدى .

— ۋۇي ، سىز هېلىقى ئۇستامغۇ ؟ — باشلىق قەدىرداننى كۈلۈپ قارشى ئالدى ، — قېنى ئولتۇرۇڭ . هە ، بۇ بالا سىزنىڭ

---

① كادىداڭ شۇشۇ — قەدىردان تاغا .

بالىڭىزمۇ ؟
— شۇنداق ، بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ، ئۆزۈم ئاشخانىدا ئالدىراش ئىشلەپ بالىغا ياخشى قارىيالمىدىم ، — قەدىردانىنىڭ سۆزلىرى گويا راستتەك ، لىڭداڭنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى ، — شۇڭا ئۇ يامان بالىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەسكى ئىش قىلىپ قويۇپتۇ .
— بالا بۇرۇن كىرىپ باققانمۇ ؟ — باشلىق ساقچىغا قارىدى ، — بۇ بالىنى بىرىنچى قېتىم تۇتۇشقانلارمۇ ؟
— شۇنداق ، باشلىق .
لىڭداڭ قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى . چۈنكى ، ئۇ يەتتە - سەككىز ئاينىڭ ئالدىدا تۇتۇلۇپ ، باشقا بىر ساقچى مۇشۇ ساقچىخانىغا ئېلىپ كىرگەنىدى . ئەگەر ئۇ كېلىپ تونۇپ قالسىلا ، ئىش خېمىغا ياناتتى .
— بولدى ، ئۇستام ، بالىڭىزنى ئېلىپ كېتىڭ ، بىرىنچى قېتىم بولغاندىن كېيىن ئېتىبار قىلمىساق بولماس ، ئەمما پات يېقىندا قول ئاستىمدىكىلەرنى ئاشخانىڭىزغا ئاپىرىمەن . ھېلىقى ئېسىل قورۇمىلىرىڭىز ھازىرغىچە تامىقىمدا .
— قولۇم كۆكسۈمدە ، باشلىق ، ئەمىسە رەھمەت !
قەدىردان لىڭداڭنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى .
— قەدىردان تاغا ، ئىدىرىسقا : «10 مىڭ سوم تۆلەپ ئاچىقتىم »دەپ قويسىڭىز .
— نېمىشقا ؟
— ئۇ بۇ قېتىم مېنى تۈرمىگە سولىتىۋېتىش ئۈچۈن قەستەن قۇتقۇزمىدى ، — دېدى لىڭداڭ دۈپدۈگىلەك قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ، — شۇڭا سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسام ، مېنى ئۇرالماسمىكىن دەيمەن .
لىڭداڭنىڭ : «10 مىڭ سوم تۆلەپ ئاچىقتىم دەپ قويسىڭىز » ، «سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە ئۆتۈپ كەتسەم ، ئۇرالماسمىكىن دەيمەن » دېگەن سۆزلىرى قەدىردانىنىڭ يۈرىكىنى شۇررىدە ئېرىتىد-

ۋەتكەندەك بولدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ خىيالىغا نىمىدۇر كەلدى بول-
غاي ، چوڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولۇپ ئارقىغا ياندى ـ دە ،
ساقچىخانا كارىدورىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كېلىپ ئولتۇر-
دى . ئەلۋەتتە ، ئىدرىس مودىنىڭ «چاشقان تۇتالمايدىغان مۈشۈك»
نىڭ چىقىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۇرمىگە كىرگۈزۈۋېتىشنى كۆڭ-
لىگە پۈككەنىكەن ، ئەمدى لىڭداڭغا رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ .
بەلكىم ئۇنى بىرەر كىمگە سېتىۋېتىپ : «قېچىپ كەتتى» دېيىشى-
مۇ مۇمكىن ئىدى . شۇڭا قەدىردان ئۇنى شىنجاڭغا قاچۇرۇۋېتىش
ئويىنىڭ بارلىقىنى دېيىدى ، لىڭداڭ بىردىنلا شۈكلەپ كەتتى .
— لىڭداڭ ، كەتكۈڭ يوقما ؟ — قەدىردان ئۇنىڭ يۇمىلاق
بېشىنى سىلىدى ، — ئەمدى ساڭا ئىدرىس مودىڭدىن ياخشىلىق
كەلمەيدۇ .
— كەتكىنىم بىلەن ھېچنېمەم بولمىسا ، — لىڭداڭ يىغلىۋەت-
تى ، — مەن كىمنى پاناھ تارتىپ بارىمەن .
— لىڭداڭ ، مەن ساڭا خوتەنگە بارغۇدەك پۇل بېرىمەن ، سەن
خوتەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىچىگە كىرىپلا : «ئاببابىس بوجاڭ»
دېسەڭ ، كىملا بولسا سېنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويىدۇ ، —
قەدىردانىنىڭ لىڭداڭغا مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى ، — سەن ئۇلار-
غا : «مەن قەدىردانىنىڭ ئوغلى بولىمەن» دېسەڭلا بولىدۇ . ئانام
ئوقۇتقۇچى ، ئۇ سېنى ئوقۇتىدۇ .
— راستمۇ ؟
— مەن سېنى ئالدايمەنما ؟ تېخى ئۆيدە كىچىك بالا يوق ، ئۇكام
بىلەن دادام قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتىدۇ .
— كېيىن بىلىپ قالسا ، «بىزنى ئالداپتۇ» دەپ مېنى يامان
كۆرۈپ قالامسۇ ؟
— مەن ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەي ، ھەرگىز ئۇنداق بولماي-
دۇ ، ئۇلار بىساھا ياخشى ئادەملەر .
— مېنى راست ئوقۇتامدا ؟
— ئوقۇمايمەن دېسەڭمۇ ئۇنىمايدۇ .

— ماقۇل ئەمىسە .

— بۇ ئىشنى ئىدرىسنىڭ ئالدىدا چاندۇرۇپ قويما ، ماچۇر ، شېتۇ ، شياۋماۋلارمۇ ئۇقمىسۇن ، مەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ساڭا ماڭىدىغان كۈنۈڭنى ئۇقتۇرىمەن .

— ماقۇل ئەمىسە ، ئەمما ماچۇر ، شېتۇ ، شياۋماۋلار ئىدرىس-نىڭ قولىدا قالامدا ؟

— مەن سېنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئامالىنى قىلىمەن ، كۆڭلۈمدە سان بار .

— بەك ياخشى ، — لىڭداڭ قەدىردانىنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قۇچاقلىۋالدى ، — ئەمدى ··· ئەمدى ··· سىزنى ئۆز دادامدەك كۆرىمەن .

— مېنىڭ ئوغلۇم ، ئوبدان بالام ، — قەدىردان لىڭداڭنى باغرىغا باسقاندا ، كۆڭلىدىن : «ئوغلۇم قەيسەر بولغان بولسىمۇ سەنچىلىك بولۇپ قالار ئىدى ، ئاھ مېنىڭ جىگىرىم ئوغلۇم ، سەن هازىر نەدە ؟ !» دېگەن پىغانلىق نىدا كېزىپ ئۆتتى .

# ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

قەدىردان ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن لىگداگنى يولغا سېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى، ئەمما ئۇنى ساقچىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققاندىن بېرى، ئۇنىڭغا يەنىلا ئىدرىس ئىگە بولۇۋالدى. قەدىردان شۇنىڭ ئۆيىدە يېتىۋاتقاچقا، ئوشۇق بىر نېمە دېيەلمىدى. بۈگۈن قەدىردان ئىشتىن بالدۇرراق چۈشۈپ ياتاققا كېلىشى، ئىدرىس مودىنىڭ ھىجايغىنىچە كېلىپ ئۇنىڭ كارىۋىتىغا ئولتۇردى. ئۇ ئەمدىلا گەپ قىلىش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشى، ئىچكەرىكى ئۆيدىن ماچۇر چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئىدرىس تاغا، — دېدى ئۇ ئىدرىسنىڭ قاپىقىدىن ئەندىكىپ، — ئۆينىڭ خوجايىنى بايا كىرىپتىكەن، يېرىم يىللىق ئىجارە ھەققى 3 مىڭ 500 سومنى تۆلىۋەتسۇن دەيدۇ.

— ماڭ ئۆيگە كىر، شاۋچى!

ئىدرىس قىزىرىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بەش ئايدىن بېرى، ئۆينىڭ يىللىق ئىجارە ھەققى 10 مىڭ سوم دەپ، قەدىرداننى ئالداپ كەلگەنىدى. بۇ يۈزسىز يانچۇقچىنىڭ بۇنداق قىلىشى، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە: «ئۆي ئىجارىسىنىڭ يېرىمىنى سەن تۆلەيسەن» دېيىشتىن يانمايتتى. قەدىردان بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلماي ئىچىگە سېلىپ قويدى ـ دە، چاندۇرماي ئۇنىڭغا ئىللىق چىراي قارىدى:

— ھە ئىدرىسكا، ئاغزىڭ گەپ يۇقى تۇرىدىغۇ، بىرەر ئىش ـ كۈشۈڭ بارمىدى؟

— قارا، قەدىردان، باللار زېرىكىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، — ئىدرىس كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — ئاخشاملىققا قىمار ئويۇشتۇراي دېگەنتىم.

— ئاشۇ كىچىك باللار بىلەنما؟
— سەن ئۇلارنى بوش چاغلىما، ئويىنغاننى بىر كۆرۈپ باقمامسەن؟
— ھە، مېنى نېمە قىل دەيسەن؟
— سەن ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ ئۇتتۇرۇپ بەرسەڭ، تازا ئوبدان بولاتتى.
— مەندە قىمار ئوينىغۇدەك پۇل يوق.
— ھەممىمىز قەرزگە ئوينايمىز، ئالايلى، ئوخشاش تىكىپ، قېتىم ھېسابلايمىز. بۇ چاغدا كىم قانچىلىك ئۇتقانلىقى، كىم قانچىلىك ئۇتتۇرغانلىقى ئېنىقلا بولىدۇ.
— بۇنداق ئويناش زادى نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟
— ئەمدى ... ئەمدى ... باللارنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن دېدىم. ئۇلار ئۇن تىيىن ئۇتۇۋالسىمۇ خۇشال بولۇپ قالىدۇ.
— ئۇتتۇرۇپ بېرىپ، باللارنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەيلىنى ئۆزۈڭگە مايىل قىلىدىغان ئىش بولسا، مەيلى ئويناپ بېرەي، لېكىن ئالدىن دەپ قوياي، مەندە قىمار ئوينىغۇدەك پۇل يوق، باللارنى قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئۇتتۇرۇپ بەر دېسەڭ ئويناپ بېرىمەن.
— بولدى، سەن ئۇتتۇرىۋەرگىن، ئۇنى مەن تۆلەپ بېرىمەن.
شۇ ئاخشىمى قەدىردان تۆت ئوشۇقنى ئېگىز ئېتىپ، چېچىپ تاشلاپ، قەستەن 20 مىڭ سوم ئۇتتۇردى. باللار خۇشاللىقىدا: «مەن قەدىردان تاغامدىن 2 مىڭنى ئۇتۇۋاپتىمەن... مەن 4 مىڭنى... مەن 6 مىڭنى» دەپ قەۋەتلا خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. قەدىردان: «بولدىلا، مەندىن دو قېچىپتۇ» دەپ، ياتىقىغا چىقىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئەتىسى ئاشخانىغا بېرىپ، كەچكىچە ئىشلەپ، ئايلىق ئىش ھەققىنى ئالغاندىن كېيىن، ساۋۇر موللەككە بۇ ئاشخاندىن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— ساۋۇركا، تاماق - قورۇمىلارنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۈرى بىلەن سانىنى كۆپەيتىپ، ئاشخانىڭىز خېرىدار-

لىق بولدى ، پۇلنىمۇ ئوبدان تاپتىڭىز ، — دېدى قەدىردان جىددىي تەلەپپۇزدا ، — لېكىن مېنىڭ پىداكارلىقىم ، جان كۆيدۈرۈشۈم ئۆزۈمنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇردى . كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، ھەر كۈنى ئوتتۇرا كېچىگىچە ئىشلەيمەن ، ھېرىپ جۇلۇقۇم چىقىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، 6 مىڭ سومغا ئىشلىگەن سوگوزىچىدىن بەسىرنى تېپىۋېلىڭ .

— جېنىم ئۇكام ، مەنمۇ ئۇنداق ئىنساپسىز خوجايىنلاردىن ئەمەس ، — ساۋۇر موللەكىنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى ، — سەن ئاشخانىمىزغا كەلگەن بەش ئايدىن بېرى ساڭا 6 مىڭ 500دىن ئىش ھەققى بېرىپ كېلىۋاتىمەن . لېكىن ، ئىدرىس دېگەن ئىنساپسىز نائەھلى ، قەدىردانغا ئىش تېپىپ بەرگەن تاپان ھەققىم ، دەپ ، ھەر ئايدا 500 سومنى شۇ ئېلىۋاتىدۇ .

— نېمە ، ئىشىنى مەن قىلسام ، ئۇ پۇل ئالىدىغان نېمە ھەددىكەن ؟

— سەن كېلىشتىن بۇرۇن ئىش ھەققىڭ 6 مىڭ 500 بولۇپ بېكىتىلىپ بولغانىدى . لېكىن ، ئىدرىس : «بولدى قىل ، بېگىبۇ بىلەن شاگىخەينىڭ پۇل قىممىتى ئوخشىمايدۇ» دېسە ، سەنمۇ گەپ قىلمىدىڭ .

— مۇشۇ گەپلىرىڭىز راستتۇ ـ ھە ؟ ئەگەر ئىدرىسنى ئالدىڭىزغا ئەكېلىپ يۈزلەشتۈرسەم تېنىۋالمايدىغانسىز ؟

— نەئەزۇبىللا تېنىۋالمايمەن .

— مەن ئەزەلدىن ئاجىزلارغا يېگۈزۈپ كەلدىم ، لېكىن مۇتتەھەملەرگە بوزەك بولمىدىم ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — مەن ئىدرىستەك ئىتنى كاڭشىتىپ تۇرۇپ قۇسقۇزىمەن .

قەدىردان : «ئەتە لىڭداڭنى يولغا سېلىۋېتىمەن» دېگەن خۇشاللىقتا ياتاققا قايتىپ كەلدى . ئۇ ئۆيگە كىرگەندە ، تۆت بالا قاتىرىسىغا تىزىلىپ ، قىپقىزىل سۇرۇخ بىلەن بويالغان بارماقلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى . ئىدرىس مودىڭ بولسا بارماق بېسىلغان تۆت دانە ھۆججەتنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ بالىلارغا ۋارقىراۋاتاتتى :

— ئەتىدىن باشلاپ گەدىنىڭدىكى قەرزلەرنى تۆلەشنىڭ كويىغا چۈش ، بولمىسا ھەرقايسىڭ مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن ، — ئىدرىس قەدىردانغا لەپپىدە قارىدى ، — سەنمۇ ئاخشام ئۇتتۇرغان 20 مىڭ سومنى تۆلىۋەت .

— نېمە ، ئۆزۈڭ بالىلارنى قىزىقتۇرۇپ ئۇتتۇرۇپ بەر دېمىگەنمىدىڭ ؟

— ھەي قەدىردان ، سورۇن كۆرگەن ، جەمئىيەتكە ئارىلاشقان ، تۆت بۇرادەر بىلەن دادى ـ مۇئامىلە قىلغان ئادەمسەن ، — ئىدرىس بارغانسېرى قىزىشىۋاتاتتى ، — سورۇن نېمە ، قىمار نېمە ، بىلمەمسىنا ؟ تولا گىرىلىك قىلما ، سەن بالىلارغا ئۇتتۇرغان پۇلنى مەن بەرمەكچى بولغان ، لېكىن ئاخشام سەن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، مەن ھەممىنى ئۇتۇپ قاقسەنەم قىلىپ قويدۇم ، ھەتتا بۇ بالىلار سېنىڭدىن ئۇتۇۋالغان پۇللارنىمۇ ماڭا ئۇتتۇرۇۋەتتى ، ئىشەنمىسەڭ مانا ئۇلارنىڭ ھۆججىتى .

— مەن ئۆزۈمنى خېلىلا ئىش كۆرگەن ئادەم دەپ ھېسابلايتتىم ، — دېدى قەدىردان غەزەپ ئاچچىقىدا ، — لېكىن ھىيلە ـ مىكىردە سېنىڭ ئالدىڭدا يىپ ئېشەلمەيدىكەنمەن ، سېنىڭ بالىلارنى زەنجىرسىز تۇتقۇن ، خۇرجۇنسىز دىۋانە قىلىپ باغلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن گۇپپاڭچى بولۇپ بەرگىنىمنى ئەمدى چۈشەندىم ، سەن ئاشۇ سېسىق ھۆججەتلەر بىلەن بۇ بالىلارنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالىنى ئۇتقا ئىتتەرمەكچى ، شۇنداقمۇ ؟

— گەپنى ئاز قىل ، — ئىدرىس قولىنى شىلتىدى ، — 20 مىڭ سومنى ياخشىسى نەق بېرىۋەت ، بولمىسا بېرىدىغان ۋاقىت ـ سائىتىڭنى ئېنىق يېزىپ ، ھۆججەت قىلىپ بەر ، مانا قەغەز ، بۇ بولسا سۇرۇخ .

— بولىدۇ ، كونىلار : «تاز بولساڭ ، گەدەنگىچە بول» دەپتىكەن ، — قەدىردان بالىلارغا قارىدى ، — سىلەرنىڭ قورسىقىڭلار قانداق ؟

— ھەممىمىز كەچلىك تاماق يېگەن ، — دېدى ماچۇر قىزىل

سۇرۇخقا پاتۇرۇلغان بارمىقىنى ئىشتىنىغا سۈۋاپ ، — بىر ئىش بارمىدى ، قەدىردان تاغا ؟

— ھازىردىن باشلاپ ئىدرىس ئىككىمىز قىمار ئوينايمىز ، سىلەر ئۇستىدە گۇۋاھچى بولۇپ تۇرۇپ بېرەلەمسىلەر ؟

بالىلار : « تۇرۇپ بېرەلەيمىز » دەپ تۇۋلاشتى . ئىدرىس ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك ھىجىيىپ تۇرۇشىدىن ئەرلىك غۇرۇرى ئۇستۇن كەلدىمۇ قانداق ، «ئوينىسام ئوينىدىم » دەپ مەيدىسىگە ئۇردى .

— ئۇنداقتا ، چوڭ قىمار مىزانلىرى بويىچە : «كۆن چىققۇچە» ياكى «سائەت مۇنچىگىچە» ، ئەڭ بولمىسا «بىر تەرەپ مۇنچە پۇل ئۇتتۇرغۇچە» دېگەن بەلگىلىمىنىڭ بىرەرىنى بېكىتىۋالمىساق ، «ئۇتتۇۋېلىپ قېچىپ كەتتى» ، «دورى قاچقاندا چىدىماسلىق قىلدى» دېگەندەك جېدەل ـ ماجىرالار چىقىشى مۇمكىن ، ئىدرىسكا ، قايسى كېچىككە كىرسەن ؟

ئىدرىس راستىنلا قورقۇپ قالدى ، قەدىرداندىن «20 مىڭ سوم ئۇندۇرىمەن» دەپ ، ئۆزىگە بالا تېپىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمدى يېڭىۋالسا ، قەدىردان 20 مىڭ سومنى ھەرگىز بەرمەيتتى ، شۇنداقلا ئىدرىسنىڭ يۈزى تۆكۈلەتتى . ئۇ چاغدا مۇنۇ شۇملار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلارمۇ ، گېپىگە كىرەرمۇ ؟ توغرا ، قىمار دېگەن تەلەيگە باغلىق ، ھەر يوغان سۆزلىگەن ، ئاسمانغا مىخ قاقىدىغان بايۋەچچىلەر بىر قولىدا ئالدىنى ، بىر قولىدا كەينىنى تۇتۇپ قىپيالىڭاچ تاۋكادىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغۇ . پۈتۈن جاھانغا ھۆكۈمىنى يۈرگۈزگەن پادىشاھ جەمشىت ئەڭ گۈزەل خوتۇنى مەلىكە دىلسۆزنى گەدەنگىچە تاز لەيلىۋەشكە ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئەمەسمىدى ! كىم بىلىدۇ ، قىمارۋازلارنىڭ پىرى جەمشىتنىڭ روھى يۆلەپ ، قەدىرداننى ئۇنىڭ ئالدىنىغا سىلىپ بېرەمدۇ تېخى .

ئىدرىس مودىڭ نەشىكەش بەڭگىنىڭ خىيالىغا چىرمىلىپ قالغان بۇ پەيتتە ، قەدىردانمۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . چۈنكى ، ئۇ چوڭ قىمار سورۇنلىرىدا پىشىپ چىققان كونا

قىمارۋاز ئىدى . خوتەندىكى قانچىلىغان زېمىن ، قورۇ ـ جايلار ، چەت ئەلنىڭ ئېسىل ماشىنىسى ، بانكىدىكى مىليونلاپ پۇللار كاتتا قىمارۋازلارنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ بولغۇچە ، قەدىردان قىمار دې-گەن هاراملىقنىڭ ئۇچەي ـ باغرىلىرى قانچە غۇلاچ ، نەچچە غې-رىچ ، تومۇر ـ تومۇرلىرىدا قانداق هىيلە ـ مىكىر ، زەهەر ـ زۇقۇملىرى ئاقىدۇ ، هەممىسىنى كۆرۈپ ، بىلىپ بولغانىدى .

— بولىدۇ ، شەرت — ئۇتقان ، ئۇتتۇرغان 200 مىڭگىچە بولسۇن ، — دېدى ئىدرىس ئورنىدىن تۇرۇپ ، — ئەمما پۇل نەق بولسۇن .

— باللار ، ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ — قەدىردان باللاردىن ئۇنلۇك ئاۋازدا سورىدى ، — هەقىقىي ئەر ئىدرىس تاغاڭلاردەك بولىدۇ ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىسا ، «شاپاقچى خوتۇن» بولىدۇ ، قېنى دەپ بېقىڭلار ، نېمە بولىدۇ ؟

— شاپاقچى خوتۇن بولىدۇ !

ئىدرىس بىلەن قەدىردان ئوتتۇرا كېچىگىچە تۆت ئوشۇق ئوي-نىدى . قەدىردان ئالىقىنىغا تىزىلغان ئوشۇقنى ئېگىز كۆتۈرەتتى-يۇ ، شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن پەسكە چۈشۈرەتتىكى ، ئىدرىسنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ ، هېچنېمىنى كۆرەلمەي قالاتتى . ئەمما ، يەردىكى تۆت ئوشۇق «ئىككى ئالچۇ ، ئىككى چىككا» ياكى «ئىككى تاككا ، ئىككى پۈككا» ، تېخى «سىياھ» تىزىلىپ قالات-تى ، ئىدرىس ئۇتتۇرۇپ ، روهى چۈشكەن هالەت يۈز بەردىمۇ ، قەدىردان «5 مىڭ 10 مىڭ »نى تىكىپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇتتۇ-رۇپ بېرەتتى . «دو ئەمدى ماڭا كەلدى» دەپ خۇشاللىقىنى باسال-مىغان ئىدرىس 20 ـ 30 مىڭلاپ تىكەتتى . قەدىردان ئۇنى كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۇتۇۋالاتتى . ئەتراپتا جىددىيلىشىپ قاراپ تۇرغان باللار كىمنىڭ قانچىلىك ئۇتقان ـ ئۇتتۇرغانلىقىنى ئېلان قىلىپ تۇراتتى . ئىدرىس هەر قېتىم ئوشۇق يەرگە چۈشكەن هامان كۆزلىرى چەكچىيىپ ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ ، ئېغىر ها-سىراپ ، پۇشاڭشىپ كېتەتتى . لېكىن ، ئۇ قەدىرداننىڭ ئوشۇق

ئېتىشنى ھېچ ئۇقالمىدى .قـەدىردان ئـالىقىنىنى ئېگىــز كـۆ-تۈرەتتىيۇ ، لىپ ـ لىپلا قىلىپ قالاتتى . ئوشۇقلار يەردە بىر چىرايلىق تىزىلىپ قالاتتى .

— قەدىردان تاغا ، — دېدى ماچۇر قەغەزگە يېزىلغان ساننى كۆرسىتىپ ، — 230 مىڭ سوم ئۇتتۇۋالدىڭىز .

— ئىدرىسكا ، بولدى قىلامدۇق ياكى ئوينىغۇڭ بارمۇ ؟

ئىدرىس ئولتۇرغان يېرىدە لاپچىيىپ ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئور-نىدىن تۇرالمىدى . ئۇ ئاقىۋەتنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ھەرگىز ئويلى-مىغانىدى . «ئۆز ۋاقتىدا تاپقان مىليونلاپ پۇلنى ئەسلىدە قىمار ئويناپ تېپىپتىكەن ـ دە ، بۇ لۈكچەك» دېگەن ئوي ئۇنىڭ ئىچىگە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالدى .

— ئەمىسە ۋەدەڭ بويىچە پۇلنى چىقار ، بولمىسا شاپاقچى خوتۇن بولۇپ قالىسەن .

— ماقۇل ، ماقۇل ، — ئىدرىس ئۇچقاندەك بېرىپ ئوچاق ئۈستىدىكى چەيدونى ئالدى ـ دە ، قەدىردانغا ئېتىلدى . باللار چۇرقىرىشىپ بىر بۇلۇڭغا تىقىلدى . ئىدرىس چەيدونى قالايمىقان شىلتىپ ، قەدىردانغا يېقىنلاشماقتا ئىدى ، كىرىشىپ كەتكەن بار-ماقلىرى ،قېتىپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرى ، جىددىيلەشكەنلىد-كىدىن تىترەۋاتقان تېنى ئۇنىڭ راستىنلا ئەسەبىيلەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى . بۇ ئەسنادا ئېغەك ئاستىغا تەگكەن بىر پەشۋا ئۇنى ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى . قەدىردان ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئىدرىسنىڭ قورسىقىغا مىندى ـ دە ، ئۇنىڭ چەيدو تۇتقان قولىنى بىر قايرىشى ، ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ چەيدونى تاشلىۋەتتى . قەدىردان سول قولىدا ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇپ ، ئوڭ مۇشتۇمى بىلەن «گاچ ... گاچ ... گاچ ...» ئۇرۇشى ، ئىدرىسنىڭ بىردەمدى-لا قاش ـ قاپاقلىرى پولتىيىپ چىقىپ ، زەئىپ ئىڭراۋەتتى .

— بولدى ئۇرما ... مەن ... مەن بېرەي ... ھەممە ... ھەممىنى بېرەي .

ئىدرىس ئورنىدىن تۇرۇپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى . ئۇ چەمبەرلەن-

گەن ساندۇقنى ئېچىپ ، ئۇنىڭدىكى بەش باغلام پۇلنى ئالدى ـ دە ، كارىۋات ئۇستىگە تاشلىدى .

— ئۇ قانچە پۇل ؟ — ۋارقىرىدى قەدىردان ، — مەن سىنىڭـ دىن گەپ سوراۋاتىمەن !

— 50 مىڭ ، بارى شۇ .

— ئۇنداق بولسا ماۋۇ بالىلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى چىقار .

— مانا ، — ئىدرىس تېخى بايىلا يېزىپ ، قول باستۇرغان تۆت ھۆججەتنى چىقىرىپ بەردى ، قەدىردان ھۆججەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئوقۇدى .

— ماچۇر 40 مىڭ ، شىتۇ 45 مىڭ ، شياۋماۋ 50 مىڭ ، لىڭداڭ 35 مىڭ جەمئىي 170 مىڭ سوم ، — قەدىردان گاز ئوچاقنى ئېچىپ ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈردى ، — مەن تۇنۇگۈن ئۇتتۇرۇۋەتكەن 20 مىڭ سوم بىلەن 190 مىڭ سوم بولدى .

قەدىردان كارىۋاتتىكى پۇلدىن 42 مىڭ سومنى ئايرىپ ، ئىدـ رىسقا كۆرسەتتى .

— توغرىمىكەن ؟

— 230 مىڭدىن 190 مىڭنى ئېلىۋەتسەڭ ، 40 مىڭ قالماـ دۇ ؟ — دېدى ئىدرىس ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئارانلا ئېـ چىپ ، — نېمىشقا 42 مىڭنى ئالىسەن ؟

— بەش ئايدىن بېرى مېنىڭ 2 مىڭ 500 سوم مائاشىمنى سەن خەجلىدىڭ ، 500 سومنى ئىجارىگە قالدۇردۇم .

— ئارانلا 500 سوما ؟

— ساڭا ئۇۋال قىلمىدىم ، يىللىقى 7 مىڭ سوم ئىكەن ، ئايلىقى 600 سوم بولىدۇ ، بىز بۇ ئۆيدە 6 ئادەم ياتتۇق ، بىرىمىزـ گە 100 سومدىن توغرا كەلسە ، مەن بەش ئاي ياتتىم ، قانداق ، 500 سوم لىللامىكەن ؟ — قەدىردان بالىلارغا قارىدى ، — خوش ، بالىلار . مەن بېگىۋدىن كېتىمەن .

قەدىردان چىقىپ كېتىۋېتىپ لىڭداڭغا كۆزىنى قىسىپ قويـ

دى، لىڭداڭمۇ چاندۇرماي بېشىنى لىڭشىتتى. قەدىردان چىقىپ كېتىشى بىلەن، بالىلارنىڭ بىرى ئىسسىق سۇ، بىرى لۆڭگە ئېلىپ كەلدى، بىر ـ ئىككىسى ئىدرىسنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. ئۇلار خوجايىنىنى ياتقۇزۇپ، يۈزلىرىنى ھۆل لۆڭگىدە سۈرتتى، پۇتلىرىنى يۇدى، ئاندىن يوتقاننى يۆگەپ، تا ئۇنىڭ خورىكى ئاڭلانـغۇچە بېشىدا قاراپ ئولتۇرۇشتى.

ئەتىسى ئەتىگەن تۆت «ئوۋچى» بالا خەتەرلىك «ئوۋ» غا ماڭدى. ئۇلار خەلق مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا، لىڭداڭ قۇلماق بارىڭى ئاستىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان قەدىردانىنى غىل ـ پاللا كۆرۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ تۇيۇقسىزلا قورسىقىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋالدى. دوستلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— لىڭداڭ، ساڭا نېمە بولدى؟ — ماچۇر ئۇنىڭغا ئېڭىشتى، — قورسىقىڭ ئاغرىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— تولغاپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئەمىسە ياتاققا قايتىپ ئارام ئال، — دېدى ماچۇر ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ، — مەن ئاپىرىپ قويايمۇ يا؟

— ياق بولدى، ئۆزۈم كېتەلەيمەن.

— ئاچقۇچنى قويغان يەرنى بىلىسەنغۇ؟

— بىلىمەن.

لىڭداڭ پات ـ پات ئارقىغا قارىغاچ، ياتاققا قاراپ كېتىۋاتاتـتى. ماچۇر، شىنتۇ، شياۋماۋلار خەلق مەيدانىدىن چىقىپ، چوڭ يولغا بۇرۇلغاندىن كېيىنلا، ئۇ يۈگۈرگىنىچە قۇلماق بارىڭىغا باردى. قەدىردان ئۇنى ساقلاپ شادا ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

— مۇشۇنداق قىلمىساق قارا، — دېدى قەدىردان لىڭداڭنىڭ چېچىنى سىلاپ قويۇپ، — دوستلىرىڭ ئىدرىسقا دەپ قويسا، ئۆزىمىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىمىز، مەن سېنى يولغا سېلىۋېـتىپ، ئاغىنىلىرىڭ توغـرۇلۇق ئۈرۈمـچىدىكى ساقـچىغا خەۋەر قىلىمەن.

— ئەمىسە مەن ياتاققا كىرىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى

سومكامغا سېلىپ ئېلىپ چىقاي .
— ياتاقتا ئىدرىس بارمۇ - يوق ؟
— ئۇ ئەتىگەندىلا يۈزىگە ماسكا تاقاپ ، شىلەپىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ دوختۇرخانىغا كەتتى .
— ھەي ، مەن ساڭا بازاردىن يېڭى كىيىملەردىن بىر - ئىككى قۇر ئېلىپ بېرەي ، نېمە قىلىسەن كونا كىيىملەرنى ؟
— كونا بولسىمۇ ئېلىپ چىقمىسام زادى بولمايدۇ .
— نېمىشقا ؟
— چاپىنىمدا 300 سومدەك پۇلۇم بار .
— ئىدرىس كۆندە ئاختۇرىدىكەن ، تېپىۋالامدۇ ؟
— تاپالمايدۇ ، — لىڭداڭ كۈلدى ، — ھەممىمىزنىڭ يېڭىدىنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە يانچۇقىمىز بار .
— يەڭنىڭ ئىچىدە ؟
— شۇنداق ، باشقىلارنىڭ پۇلى مېنىڭكىدىن جىق ، ھەممىسى بىرەر نەرسە ئوغرىلىغاندا ، ئىچىدىن بىرەر يۈز سومنى قايرىۋېلىپ ئىدرىسكامغا ئاپىرىپ بېرىدۇ .
— مۇنداق دېگىن ، سىلەرمۇ يامانكەنسىلەر .
— شۇنداق قىلمىساق ، بەزىدە ھېچنېمە ئوغرىلىيالمىغاندا ، ئىدرىسكام ھەممىمىزنى ئۇرۇپ ، تاماق بەرمەي تالاغا چىقىرىۋېتىدۇ . شۇنداق چاغلاردا تاماق يېيەمىز .
لىڭداڭ ياتاقتا يوگۈرۈپ كىتىپ قالدى . قەدىردان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە بېشىنى چايقىدى . مانا بۇ رەھىمسىز رېئاللىق ، ياشاش ئۇچۇن تىنماي كۈرەش قىلىدىغان ھاياتلىق ! تۇرمۇش دەپ ئاتىلىدىغان جاڭگىلى مازاندىران ! قاراڭ ، ماچۇر 13 ياش ، شېتۇ بىلەن شياۋماۋ 12 ياش ، لىڭداڭ 9 ياش ! ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان غۇبارسىز بۇ گۆدەكلەرنى ھايات بورانلىرى ئۇچۇرۇپ نەلەرگە تاشلىۋەتكەن ! قەدىردان ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئىسمىنى ، يۇرتىنى ، ئاتا - ئانىسىنى بىلمەيدۇ ، پەقەت لىڭداڭنى ئاقسۇلۇق تىلەمچى بوۋايدىن سېتىۋالغانلىقىنى ئىدرىستىن ئاڭلىغان ، قالغان-

لىرىنى بولسا بىر خەنزۇ خوجايىندىن سېتىۋالغانىكەن . ئەمدى خەنزۇ خوجايىن كىملەردىن سېتىۋالغان ؟ بەلكىم ئۆزىمىزنىڭ ئادەم سودىگەرلىرىدىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن .

قەدىردان باللارنىڭ كىچىككىنە هاياتىدىكى ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە تولغان تەقدىرىنى ئويلاپ ، كۆڭۈلسىز خىياللارغا پېتىپ تۇرۇشى ، كونا سومكىسىنى مۈرىسىگە ئارتقان لىڭداڭ يۈگۈرۈپ ، هاسىراپ يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ پېشانىلىرىدە ئۈنچىلەردەك تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى . قەدىردان ئۇنىڭ پېشانىلىرىنى سۈرتۈپ ئېرتتى ، ئاندىن سومكىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ چوڭ يولغا چىقتى - دە ، تاكسىغا چۈشتى . ئۇلار پويىز ئىستانسىسى يولۇچىلار چوڭ زالىغا يېتىپ كەلگەندە ، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى . قەدىردان ئۈرۈمچىنىڭ بېلەتنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى ، ئەمما پويىزنىڭ مېڭىشىغا يەنە ئىككى سائەتتەك ۋاقىت بار ئىدى . شۇڭا ، تاماق يەۋېلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا كىرىپ ، ئىككى تەخسە لەڭمەن بۇيرۇتتى . پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ مەيدان ، يولۇچىلار چوڭ زالىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىشاتتى . مىغ - مىغ تەۋرەۋاتقان ئادەم گويا بورانلىق دېڭىزنى ئەسكە سالاتتى ، پويىز كەلگەن هامان يۈك - تاق ، سومكىلىرىنى كۆتۈرگەن ، كىچىك قول هارۋىلىرى سۆرىگەن يولۇچىلار پويىزنىڭ هەربىر ۋاگون ئىشىكلىرىگە يوپۇرۇلۇپ باراتتى ، بىر - بىرىنى قىستىشىپ ۋارقىرىشاتتى ، هەتتا بەزىلىرى ۋاگون دېرىزىلىرىگە يامىشاتتى . قىسقىسى ، ئۇلار شىرنىگە چاپلاشقان مىڭلىغان قارا چۈمۈلىلەرگە ئوخشايتتى .

قەدىردان بىلەن لىڭداڭ تامىقىنى يەپ بولۇپ ، پويىز ئىستانسىسىنىڭ دەل - دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان دەم ئېلىش مەيدانىغا كەلدى . بۇ يەردە چوڭ بىر سېمونت ئېرىقتا لىقمۇ لىق سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرغاچقىمۇ ، بەكمۇ سالقىن ئىدى . پويىزنىڭ مېڭىشىغا يەنە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بولغاچقا ، ئۇلار بىر توپ سۆگەت تېگىدىكى سېمونت ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى . قەدىردان

ئۇرۇمچىدىن خوتەنگىچە بولغان كىرا پۇلىنى ھەم يول بويى خەجلەي-دىغان تۇرمۇش پۇللىرىنى ھېسابلاپ ، لىگداگىنىڭ يانچۇقىغا سې-لىپ قويدى .

— ئەسلىدە ئىككىمىز بىللىلا كەتسەك بولاتتى ، — دېدى قەدىردان ، — لېكىن مەن شاڭخەيگە بېرىپ ، 50 ـ 60 مىڭ سوملۇق مال ئالىمەن ، ئۇنى پويىزغا تويۇك قىلىمەن ، شۇڭا سەن ماڭغاچ تۇرغىن .

— مەن ··· مەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ سىزنى ساقلاپ تۇرسام بولامدۇ ؟ — لىگداڭ يەنىلا ئەنسىرەپ تۇراتتى ، — خوتەنگە ئىك-كىمىز بىللە كەتسەك .

— ئەمىسە ، — قەدىرداننىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىزلا پىلان كەل-دى ، — سەن «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» غا بېرىپ ھېلىمجان دېگەن ئاكاشنى تاپساڭ ، ئۇ سېنى بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ .

— بەك ياخشى بولدى !— لىگداگىنىڭ دۈپدۈگىلەك قارا كۆز-لىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنلىرى ياندى ، — مەن سىز كەلگۈچە ساقلايمەن .

قەدىردان لىگداگىنىڭ ئاشۇ ئاددىيغىنا شادلىقىدىن ئۇنىڭ غۇ-بارسىز قەلبىنى كۆرگەندەك بولدى . ئەلۋەتتە ، توققۇز ياش مەز-گىل ئاتا ـ ئانا باغرىدىن مېھىر ـ شەپقەت شەربەتلىرى ئىمىدىغان ، شاپائەتلىك قاناتلىرىغا تېۋىنىدىغان نارسىدىلىك چاغلار ئىدى . لې-كىن ، ئۇ ئادەم سودىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىلدى ، كىچىك تۇ-رۇپلا تۇرمۇش سەندەللىرىدە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ، بالىلىق خۇش-لۇقىنى كۆرمىدى . ئەمدى قەدىردان ئۇنى ئوغلى قەيسەرنىڭ ئورنى-دا ئوقۇتۇشى ، تەربىيىلىشى ، ھاياتلىقنىڭ لەززىتىنى تېتىتىشى كېرەك .

— لىگداڭ ، سەن قانداق بولۇپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ ؟ — قەدىردان مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارى-دى ، — سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ يوقمۇ ؟

— قەدىردان تاغا ، مەن دادام ھەم بوۋامنىڭ ئەسكىلىكىدىن مۇشۇ كۈنلەرگە قالغان .

— ئېنىقراق دېگىنە ، ئۇلار سېنى تاشلىۋەتكەنمۇ ياكى سېتىۋەتكەنمۇ ؟

— دادام بىلەن بوۋام ئىككىلىسى خىروئىن چېكەتتى ، شۇ تۈپەيلىدىن ئانامنىڭ تارتمىغان خورلۇقى قالمىدى ، دادام دېگەن مۇناپىق ساقچىلاردىن قورقۇپ قېچىپ كەتكىنىچە يوقالدى ، نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز .

— ئاناڭ ھازىرمۇ بارمۇ ؟

— ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان !

— ئۆلتۈرۈۋالغان ؟ نېمىشقا ئەمدى ؟

— ئاپام ماڭا كىچىكىمدىن باشلاپ ئەقلىمنى بىلگۈچە «قاقچى بالا» دېگەن ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەتتى ، — لىڭداڭ بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالغانىدى ، — مەن قاقچى بالىنىڭ مەردلىكىگە ، سېخىيلىقىغا ، جىگەرلىكلىكىگە ئامراق بولۇپ قالغانىدىم . ئەمما ، نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ھېكايە بىلەن بىللە ، ئاپام خىروئىن ھەققىدە كۆپ سۆزلەيتتى ، ئۇنى تۈگىمەس - پۈتمەس غەزەپ - نەپرىتى بىلەن سۆكەتتى ، تىللايتتى ،قارغايتتى ، خىروئىن چەككۈچىلەرنىڭ قولىدىن تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ياۋۇزلۇقلارنىڭ كېلىدىغانلىقى ، ئۇلاردا ۋىجدان ، غۇرۇر ، پاك ئىماننىڭ بولمايدىغانلىقى ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قىزلىرىنى ، خوتۇنلىرىنى ساتىدىغانلىقلىرىنى ئاجايىپ ئۆتكۈر تىللار بىلەن تەرىپلەپ بېرەتتى .

قەدىردان ئۆلتۈرغان يېرىدە كاللىسى ئۇزۇۋېتىلگەن يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى . كىچىككىنە بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپلەر گوياكى زەھەرلىك ئوقتەك نەق ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگمەكتە ئىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ، ئاقسۇلۇق بۇ بالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت - نادامەتلەر مېھرىبان ۋە ئوغلى قەيسەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنىڭ خۇددى سايىسىدەك ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . گەرچە لىڭداڭنىڭ دەۋاتقانلىرى قەدىرداننىڭ «ئادىمىلىك

كى »نى تارازىغا سېلىشۋاتقاندەك بىلىنىسمۇ ، ئۇ يەنىلا بۇ «كىچىكىنەم »نىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قالدى .

— ھە ، قېنى داۋامىنى سۆزلە ، خېلىلا ئېچىنىشلىق ھېكايىكەن .

— مەن ئىككى يېشىمدىن يەتتە يېشىمغىچە ئاڭلاۋېرىپ ، خروئىنغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىمكى ، خۇدا ماڭا سېھىرىي كارامەت ئاتا قىلسا ، خروئىن چەككۈچىلەرنى بىر كېچىدىلا بوغۇپ ، بوغۇزلاپ ياكى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگۈم كېلەتتى ، — لىگداڭنىڭ قاپقارا تومقاشلىرى تۈرۈلۈپ ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىۋاتاتتى ، — تېخى قېرى بەڭگى بوۋامنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان رەسۋالىقلىرىنى ، ياۋۇزلۇقلىرىنى كۆرگىنىمدىن كېيىن ، خۇددى ئوت ئۇستىگە ماي چاچقاندەك ، مېنىڭ خروئىن چەككۈچىلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىم قان ـ قېنىمغا سىڭىپ ، يۈرىكىمگە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالدى .

— بوۋاڭ شۇنچىلىك ئەسكى ئادەممىتتى ؟

— ئاپامنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ ئەسلىدە كۆيۈمچان ئاتا ، ۋاپادار ئەر ئىكەن . ئەمما ، قاچانكى خروئىنغا ئاشىنا بولغاندىن كېيىن قاباھەتلىك مەلئۇنغا ئايلىنىپتۇ ، بەش ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك ، بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ .

بىھوشلاندۇرۇلغان ياش ئانىنى قىيپالىڭاچ قىلىپ ئۇنىڭ باغىرداق ۋە كالتە ئىشتانلىرىنى سالدۇرۇپ پۇل ئىزلەۋاتقان دۈمچەك قېرىنىڭ سىياقى ، ئۆزىنى سۈيىغا بېسىپ تۇرۇپ : «چەكىنىڭ مەخپىي نومۇرىنى دەپ بەرگىن ، بولمىسا بالاڭنى چانىۋېتىمەن » دەپ چەيدونى كانىيىغا نىقتاپ تۇرغان بوۋىسىنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىنى سۆزلىگەندە ، لىگداڭ قاتتىق يىغلىۋەتتى . ئەمما ، بۇ پاجىئەلەرنى ئاڭلاۋاتقان قەدىردان گاراڭلا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى ھېلىمجاننىڭ يېپىق ھالدا دەپ بەرگەنلىرىگە ئوخشاش ئىدى .

— سېنىڭ ئاپاڭغا شۇنچە كۆپ پۇل قالدۇرغۇدەك ، داداڭ شۇنچىلىك بايمىتتى ؟ — سورىدى قەدىردان سەل گۇمانلىنىپ .

— مەن سىزگە بايا «قاقچى بالا» ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەرگە-
نىدىمغۇ . بىر كۈنلەرگە كەلگەندە مەن ئاپامدىن «قاقچى بالا»
ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىشىنى ئۆتۈنسەم ، ئۇ : «بولدى ، بالام ،
ئاڭلىما ، ئۇ قاقچى بالا خروئىن چېكەتتى» دېمەسمۇ ، ئىككى
يېشىمدىن يەتتە يېشىمغىچە كۆڭلۈمدە قاقچى بالىغا تىكلەنگەن ئابى-
دە تاش كۈكۈم ـ تالقان بولۇپ ، پارتلاپ كەتتى ، ھەتتا— …
لىڭداڭ بىردىنلا جىمىپ كەتتى . ئۇ ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ، كۆزلى-
رىنى يوشۇرۇۋالغانىدى .
— لىڭداڭ ، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا ئۇنچىۋالا ئازابلانما ، —
دېدى قەدىردان تەسەللى بېرىپ ، — قېنى ئاخىرىنى دېگىن .
— بوۋام بىر چېكىم خروئىن ئۈچۈن ئاپامنى سودىگەر ،
بايلارغا سولاپ بەردى ، — لىڭداڭ ياشلىق كۆزلىرىنى نەگە ئېلىپ
قېچىشنى بىلمەي قالدى ، — ئۇ ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلۈۋالدىغان
كۈنى ماڭا : «بالام ، ئاشۇ قاقچى بالا سېنىڭ داداڭ بولىدۇ»
دېۋىدى ، مەن ئۆزۈمنىڭ بەختسىزلىكىمنىڭ ، شور پېشانەمنىڭ ،
تەلەيسىزلىكىمنىڭ ، شۇم تەقدىرىمنىڭ چېكىنى كۆرەلمىدىم !
«ئاھ خۇدا ! خروئىن چېكىدىغان بىر ئەبلەخنىڭ بالىسىكەنمەن !
پۈتۈن بىر ئائىلىنى ۋەيران قىلغان قاباھەت توڭگۇزنىڭ پۇشتىكەن-
مەن» دەپ نالە قىلدىم .
— سېنىڭ داداڭ قەيەردە قاقچىلىق قىلاتتى ؟ — قەدىردان
بارغانسېرى گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى ، — ئاقسۇ بازىرىدىما ؟
— ئۈرۈمچىدە بولسا مدۇ . ئاپامنىڭ دېيىشىچە ، ئۇ مەلئۇن
خروئىن چەكمەسىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ بېيىپ كېتىپتىكەن ، ھەتتا
ئۇنى ئۈرۈمچىدىلا ئەمەس ، جەنۇب تەرەپلەردىمۇ «بالا سەيگۇيۇەن»
دېسە تونۇمايدىغىنى يوقكەن .
— بالا سەيگۇيۇەن ؟ — قەدىرداننىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ
كېتىشكە تاسلا قالدى ، — سەن… سەن زادى نەلىك بالا ؟ ئاقسۇدا
نېمىش قىلىسەن ؟
— مەن ئۈرۈمچىلىك ، ئاقسۇنى كۆرۈپمۇ باقمىسام .

— ئەمسە ئىدرىس مودىلى سىنى ئاقسۇدىكى بىر تىلەمچى بوۋايدىن سېتىۋالدىم ، قالغان بالىلارنى بولسا بىر خەنزۇ خوجايىن ماڭا سېتىپ بەردى دەيدىغۇ ؟

— يوق يەپتۇ ، ھەممىمىز دۆڭ كۆۋرۈك ئەتراپىدا ۋاسكىچە لىك قىلاتتۇق ، ئۇ بىزنى مائاشىڭلارغا 1 مىڭ 200 بېرىمەن ، ئاشخانامدا ئىشلەيسىلەر ، دەپ ئالداپ ئەكەلگەن ، — لىڭداڭ قىزىرىپ كەتتى ، — كەلگەندىن كېيىن مالىكىنىڭ ئىسمىنى ماچۇر ، رىشاتنىڭ ئىسمىنى شىپتۇ ، ئەكبەرنىڭ ئىسمىنى شياۋماۋ قىلىپ ئۆزگەرتتى .

— ئاھ خۇدا ! ئاھ خۇدا ! — قەدىردان ئالىقانلىرىدا يۈزىنى قاماللاپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى ، ئۇ ئىسست ئەيلىگەندەك بېشىنى چايقاپ ئېسەدەيتتى ، — سىنىڭ … سىنىڭ ئىسمىڭ قەيسەر ئەمەسمۇ ! ئاھ جېنىم بالام ، مەن سىنى قانچە يىللار ئىزلىدىم ، ئۇمىدىم بالام ، جىگىرىم قوزام ، مېنىڭ ھاياتىم بالام !

قەدىردان ئوغلىنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن ئىككى قولىنى ئۇزۇن سوزدى ، بىراق قەيسەر ئۇنىڭغا چەكچىيىپلا تۇراتتى . قەدىردان دۈككىدە يەرگە تىزلىنىپ ، ئىككى قولىنى يەنىلا سوزۇپ ئوغلىغا تەلمۈرمەكتە ئىدى . قەيسەر ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە ، كۆز قارىچۇقلىرىنى ئۇنىڭغا خەنجەردەك قادىدى .

— سەن … سەن ئاپامنىڭ ئاچ ـ زېرىن كۈنلىرىنى ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇرغان ئاھلىرىنى ، قىپيالىڭاچ خورلانغانلىرىنى ، ياتلار تاپىنى ئاستىدا بۇلغانغانلىرىنى ، شام ـ سەھەرلەردە بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلىغانلىرىنى ، تۆھمەت ـ سۈيقەست دەستىدىن جىنىدىن كەچمەكچى بولغانلىرىنى ، مۇئەللەق ئېسىلىپ قالغاندا ، سىنىڭ يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ ، كۆزلىرىنىڭ ئوچۇق قالغانلىرىنى بىلەمسەن ؟ زادى بىلەمسەن ؟ ! — قەيسەر يىغلاپ تۇرۇپ قاتتىق ۋارقىرىدى ، — بىلىپ قوي ، مېنىڭ خروئىن چېكىدىغان دادام يوق ! سىنىڭ تۇپەيلىڭدىن ئاپام ئىككىمىز نىمە كۈنلەرنى كۆرمىدۇق ! ئاله ، پاسكىنا پۇللىرىڭنى !— قەيسەر يانچۇقىدىكى قەدىر-

دان سىلىپ قويغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى يەرگە ئاتتى ۋە تىزلى-نىپ تۇرغان قەدىرداننى بىرلا ئىتتىرىپ ئارقىسىغا ئۆرۈۋەتتى ـ دە ، ئەسكى سومكىسىنى ئېلىپ ئۆلەر ـ تىرىلىشكە باقماي قاچتى ھەم مىڭلىغان ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولدى . قەدىردان بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزى قان ھالدا ھەپتىگىچە ئوغلىنى ئىزلىدى . بىراق ، خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك ، قەيسەر تېپىلمىدى ! بىگىبۇ شەھىرى ئىچىدە بارمىغان ـ كەزمىگەن يېرى قالمىدى ، ئاخىر چارچاپ ھالىدىن كەتكەن قەدىردان بىر ئەتىگەنلىكى پوچتىخانىغا كىرىپ ،مەملىكەت بويىچە ئۆلكە ، شەھەرلەردىكى ئاساسلىق ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ تېلېفون نومۇرى خاتىرىلەنگەن چوڭ توپلامنى ئالدى ـ دە ، ئۇنىڭدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدا-رىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپتى .

قەدىردان پوچتىخانىدىن چىقىپ ، تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك باغچا قېشىغا كېلىپ تاش سۇپىدا ئولتۇردى . ئۇ بالىلارنى ئالداپ ئېلىپ قېچىپ جىنايەت يولىغا باشلىغان ئىدرىس مودىڭ ھەققىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇمات بەرگەن-دىن كېيىن ئۆزىنى خېلىلا يېنىك ھېس قىلدى . بۇ گۇناھىنى يۇيۇش تەرەپتىن ئېيتقاندا ، ئىككىنچى قېتىملىق ياخشى ئىشى ئىدى . ئۇ بىرىنچى قېتىمدا گۇاڭجۇدا رەختچىلىك قىلىۋاتقاندا ، سەنيۈەنلى ئەتراپىدا ئەسەت ئەرۋاھنى كۆرۈپ قالىدۇ . بىرەر چوڭ سودىغا تۇتۇش قىلغاندا ، ئالاقىلىشىش ، مەخپىي سودىلىشىش ، كېلىشىم قىلىش ، يۆتكەش ، ئالماشتۇرۇشتا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادەم بولمىسا بولمايتتى . شۇڭا ، پىشقان ئەتكەسچى ئەختەرنىسا ئۆز ئىنىسى ئەسەتنى گۇاڭجۇغا ئەكەلدۈرۈپ ، ئۆزىگە ياردەمچى قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى . ئۆزىنى چىقالماس پاتقاققا سۆرەپ كىرگەن ھۆسنارخان ، ئەسەت ، ئەختەرنىسالارغا چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچ بولۇپ كەتكەن قەدىردان ئۇلارنى ئەشەددىي دۈشمىنى قاتارىدا كۆ-رەتتى . دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ بەخت ـ سائادەت ، تەقدىر ـ ئىقبالىنى ، ئامەت ـ مەئىشەتلىرىنى ۋەيران قىلىپ ، سورۇۋەتكەن شۇلار ئە-

مەسمۇ !؟ چەتتىن ئىقسپ كىرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان خروئىنىنى ئىچ-
كىرى ئارقىلىق شىنجاڭغا يۆتكەۋاتقان ئاپەت بۇلىقى ئەختەرنىسا-
دەك زەھەر ئەتكەسچىلىرى بولۇپ ، ھۆسنارخان ۋە ئەسەتلەر بولسا
ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئەجەل ئالىقىنىغا تاشلاپ بېرىۋاتقان ئەزرائىل-
لار ئىدى !

قەدىردان ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى داغلاپ ، ئۆمۈر بويى ئۇنتالمىغۇدەك ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلىدى . شۇڭا ، ئۇ بىر كۈنى زىماگاڭغا بېرىپ ، بىر چاغلاردا «ئىسمىم ماجەن» دەپ قەدىردانىنى ئالدىغان شاۋكەتنى تاپتى ، ئۇنى ئاشخانىغا باشلاپ مېھمان قىلغان-دىن كېيىن ، ئەسەت ئەرۋاھىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چاندۇرماي سوراپ باقتى . گۇاڭجۇ سەھنىسىدە نۇرغۇنلىغان سەلبىي روللارنى ئېلىپ قاغجالما بولۇپ كەتكەن شاۋكەت ئاسانلىقچە قۇيرۇق تۇتقۇزمىدى . قەدىردان ئۇنىڭ ئالدىغا 5 مىڭ سوم پۇلنى قويۇپ قويدى .

— بىلىمەن ، سەن ئەختەرنىسانىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ، — دېدى قەدىردان تەمكىن قىياپەتتە ، — ئەختەرنىسا ھەرقانداق ئىشنى ساڭا مەسلىھەت سالماي قەدەم باسمايدۇ ، ئەسەت-نىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن دەپلا بەرسەڭ بولدى .

قەدىردان پۇلنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى . شاۋكەت پۇلغا قاراپ ئىككىلىنىپ قالدى ، ئۇنىڭ كاللىسىدا : «ئەمەلىي ھە-رىكەت بولمىغاندىن كېيىن ، بىر ئېغىز گەپكەنغۇ» دېگەن خىيال ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى .

— بوپتۇ ، دېگۈڭ كەلمىسە ، مەن ئۆزۈم باشقا ئامالىنى قىل-لاي ، — قەدىردان شىرەدىكى پۇلغا قول سوزۇشى ، شاۋكەتنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى .

— توختا ، — شاۋكەت ئالىقىنىدا پۇلنى بېسىۋالدى ، — ئەسەت شىنجاڭغا خروئىن يۆتكەشكە كەلدى .

— ئەمىسە بۇ پۇلنى ئال ، ئەمدى قانچىلىك خروئىن ، قاچان ،

ئايروپىلاندىمۇ ياكى پويىزدىمۇ ، كىچىك ماشىنىدىمۇ ، يوك ئاپتو-
موبىلىدىمۇ ، شۇ توغرۇلۇق بىر ئېغىزلا خەۋىرىنى ئېلىپ كەل-
سەڭ ، يەنە 5 مىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزىمەن .

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ .

— چوقۇم ، مەن سېنى ساقلايمەن .

قەدىردان ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، ئەختەرنىسانىڭ قولغا ئې-
لىنغانلىقىنى ، ئەسەتنىڭ مېھمانخانىنىڭ 4 - قەۋىتىدىن ئۆزىنى
تاشلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ يەنىلا يۈرىكى ئېچىشقاندەك بول-
دى . لېكىن ، ئۆزىنىڭ ئاشۇلار تۈپەيلىدىن ئادىمىي ھايۋانغا ئۆز-
گىرىپ قالغانلىقىنى ئويلىغاندا ، يۈرىكىدىن : «خوپ بوپتۇ !» دې-
گەن بىر ئېغىز تەسكىن سۆزى ئېتىلىپ چىقتى . مانا بۇ ئۇنىڭ
تۇنجى قىساس ئېلىشى ئىدى .

كىچىك باغچە تاش سۇپىسىدا خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالغان
قەدىردان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى . ئۇنىڭ كۆزى قاراڭ-
غۇلاشقاندەك بولۇپ ، ھەممە نەرسە سۇۋارى بولۇپ كۆرۈندى .
راست ، ئۇ ئوغلى كويىدا بىر ھەپتىدىن بېرى كېچە - كۈندۈز
يىغلاۋېرىپ ، كۆز گۆھەرلىرىمۇ غۇۋالىشىپ كەتكەنىدى . ئەمدى
شاڭخەيگە بېرىپ ئازراق تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى قىلمىسا بولامدۇ .
ئەلۋەتتە ، ياشاش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە مىدىراپ تۇرمىسا ، ئاھ
ئۇرۇپ ، يىغلىغانغا خۇدا ئاسماندىن چەلپەك تاشلاپ بېرەمتى !

قەدىردان تۇلۇق تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن ۋۇجۇدىنى ئا-
رانلا كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشى ، قاياقتىندۇر بىر ئۇيغۇر يىگىتى
قانغا بويىلىپ كەتكەن 16 - 17 ياشلاردىكى بىر بالىنى كۆتۈرۈپ ،
ۋارقىراپ يىغلاپ كەلمەكتە ئىدى . بالىنىڭ بېشىدىن ئېقىۋاتقان
قان يوللاردا قىپقىزىل تامچىلارنى قالدۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنى
كۆتۈرۈۋالغان يىگىت قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ ، بالىنى
كۆتۈرەلمەي ھېلىدىن ھېلى ئۆرىدەپ تۇرسىمۇ ، ئۆلۈكتەك قوللى-
رىنى تاشلاپ ياتقان ياردار بارغانسېرى پەسلەپ ، چۈشۈپ كەتكىلى
تاسلا قالاتتى . قەدىردان ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ

باردى ، يىگىت يىغلىغانچە كىتىۋېتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى :

— تاكسى ... تاكسى سوقۇۋەتتى... ئۇچقان ... ئۇچقاندەك كېلىپ سوقۇۋەتتى ، ساقچىلار ئۇنى ... ئۇنى قوغلاپ كەتتى ، ۋاي جېنىم ئۇكام ، ئوبدان ئۇكام ...

— تاكسى چاقىرمىساق بولمايدۇ ، — قەدىردان ئەندىكىپ قالغانىدى ، — قان بەك كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ .

— تاكسى ... تاكسىچىلار قان ... قاننى كۆرۈپ توختىمايدىكەن ...

قەدىردان چوڭ يولغا چىقىپلا ، قولىنى كۆتۈردى - دە ، بىر تاكسى توختاتتى . ئۇلار ئىككىسى ئارقا ئورۇندۇقتا ياردارنى قۇچىقىغا ئېلىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىشتى . يولدا بارغۇچە يىگىتنىڭ يىغىسى توختىمىدى . قەدىردان يىگىتنىڭ قويۇق يەرلىك پۇراق كېلىۋاتقان گەپ - سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ خوتەنلىك ئىكەنلىكىنى جەزملىدى .

— خوتەندىن ئوخشىمامسىز ؟ گەپلىرىڭىزدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ .

— شۇنداق ، بىز يۇرۇڭقاشتىن ، ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز بىر يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىچكىرىگە كىرىپ قاشتېشى ساتىمىز .

— سوداڭلار ياخشىمۇ ؟

— بىز داۋاملىق بېيجىڭ ، شاڭخەيلەردە ساتاتتۇق ، بولۇپمۇ سۇجۇدا قاشتاش ئويمىكەشلىك كارخانىلىرى ، زاۋۇتلىرى كۆپ بولغاچقا ، قاشتېشىنىڭ سودىسى بەك ياخشى بولاتتى .

— ئەمىسە بۇ قېتىم ئەنخۇي بېڭبۇغا كېلىپ قاپسىلەرغۇ ؟

— خەقنىڭ كەينىگە كىرىپ ، بۇ قېتىم بىزنى قارا باستى ، — يىگىت ئۇكىسىنىڭ يۈزىنى سىلىماقتا ئىدى ، — «ئەنخۇي بېڭبۇدا قاشتېشىنى قىممەت ئالىدۇ» دېسە ، بىزمۇ دېۋەڭلىك قىلىپ كەپتىمىز ئەمەسمۇ .

ئۇلار بېڭبۇ شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تېز كۆرۈش بۆلۈمىگە كىرىپ بالىنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى . 50 ياشلاردىن

هالقىغان پېشقەدەم تاقىر باش دوختۇر بالىنى ئەستايىدىل تەكشۈ-
رۈپ كۆرۈپ، بېشىنى چايقىدى ـ دە:
— ئوپېراتسىيە قىلماي بولمايدۇ، دەرھال بالىنىستىتا يېتىش
رەسمىيىتىنى بېجىرىڭلار، — دېدى.
ياردار بالىنىڭ ئاكىسى دوختۇر يېزىپ بەرگەن قەغەزنى كۆ-
تۈرۈپ، دوختۇرخانىدا يېتىش رەسمىيىتى بېجىرىش بۆلۈمىگە كەل-
دى، كاسسىر ئايال قەغەزنى كۆرۈپلا 10 مىڭ سوم تاپشۇرۇشنى
ئېيتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي گاراڭلا بولۇپ قالغان يىگىت تېز
كۆرۈش بۆلۈمىگە قايتىپ كىرىپ، قەدىردانغا يىلىنغىنىچە يىغلاپ
سالدى:
— سىزمۇ خوتەنلىككەنسىز، مەن خوتەنگە بارغاندا ئۆسۈمى
بىلەن قايتۇراي، بىر ئاز قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز.
— يېنىڭىزدا قانچە پۇل بار؟
— 3 مىڭ سومدەك پۇل بار.
— ئۇنى بېرىۋەتسىڭىز مېھمانخانىغا، تاماققا، ئۇكىڭىزنى
بېقىشقا پۇلنى نەدىن تاپىسىز؟ يۇرۇڭ، — قەدىردان يىگىتنى
باشلاپ چىقىپ كەتتى، — راست، ئېتىڭىز نېمە؟
— قارىمامىسىز، ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، دەپ، ئىسمىم-
نىمۇ دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، — يىگىت يۈزلىرىدىن ئېقىۋاتقان
تەرلىرىنى شاپاق دوپپىسىدا سۈرتمەكتە ئىدى، — مېنىڭ ئىسمىم
رەجەپ ئىمىن، ئۇكامنىڭ ئىسمى رەھىم ئىمىن.
قەدىردان يېنىدىن 10 مىڭ سوم پۇلنى ساناپ، كاسسىرغا
تاپشۇردى. ئۇلار بالىنىست رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولۇشى، دوختۇر-
لار بالىنى ئوپېراتسىيە هارۋىسىغا ياتقۇزۇپ، ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە
ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۆزىگە ئىش تېپىۋالغان قەدىردان رەجەپ
ئىمىن بىلەن ئوپېراتسىيە بۆلۈم ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ
رەھىم ئىمىننى ساقلىماقتا ئىدى.
— سىزنى خۇدايىم ئۆزى ئەۋەتىپ بەردى، — دېدى رەجەپ
ئىمىن يىغلامسىراپ، — بولمىسا ئۇكامنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ

كەتكەن بولاتتىم، ئاتا ـ ئانامغا نىمىمۇ دەر ئىدىم.

— بولدى، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، دوختۇرلاردا ئىشەنچ بولمىسا، ئوپېراتسىيە قىلمىز، بالنىستتا ياتسۇن دەپ يۈرمەيدۇ.

— راست، راست دەيسىز، — رەجەپ ئىمىننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — راست، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى، نىمىش قىلىدىغانلىقىڭىزنى سورىماپتىمەن دىسە.

— ئىسمىم قەدىردان، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش تىجارەتچى، — قەدىردان تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — شاڭخەيگە مالغا ماڭغان، بىگبۇدا تونۇشلار بولغاچقا، كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ يولدا چۈشۈپ قالغان.

— ئەمدى ... 10 مىڭ سوم پۇلىڭىزنى دوختۇرخانىغا بېرىۋەتتىڭىز، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ بەرسىڭىزغۇ، سەرخىل قاشتېشى بار ئىدى، ئەرزان بولسىمۇ سېتىپ پۇلىڭىزنى بېرىۋەتكەن بولسام.

— بولدى، خىجىل بولماڭ، يامىنى كەلسە مالنى ئازراق ئالارمەن شۇ.

— خوتەندەك يەردىن ئىچكىرىگە كەلگەن ئادەم ئاز مال ئالسا، چىقىم كۆتۈرەمدۇ؟ — ئادەم ئەپتىدىن بىلىنۇر، دىگەندەك، رەجەپ ئىمىننىڭ چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇراتتى، — ئۇكام سەللا ھوشىغا كېلىۋالسا، سەيۋە رەڭلىك بىر سۈزۈك قاشتېشى بار ئىدى، كەم دىگەندە 60 ـ 70 مىڭ سومغا ساتقىلى بولاتتى، شۇنى ئېلىشىغا سېتىپ، سىزنى رازى قىلىمىسام بولامدۇ؟

— ئۇنچىۋالا تەڭلىك تارتماڭ، سىزنىڭمۇ بېشىڭىزغا كۈن كەلگەن تۇرسا.

— شۇنداقتىمۇ سىزدەك جېنىمغا جان قوشقان بۇرادىرىمنى زىيانغا دەسسەتسەم، خۇدا راۋا كۆرەرمۇ؟

ئۇلار كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، كەچ كىرىپ كەتتى. بىر چاغدىلا دوختۇر ـ سېستىرالار پۈتۈن بەدىنى تېڭىلغان، ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىغا سۇلياۋ نەيچىلەر تىقىلغان رەھىم ئىمىننى

ئېلىپ چىقىپ كۆزىتىش ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى . بۇ ئۆيدە ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىمارلارنى دوختۇر ـ سېستىرالار كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتەتتى . ئوپېراتسىيە بۆلۈمىنىڭ خادىملىرىدىن باشقا ئادەملەرنى ھەرگىز كىرگۈزمەيتتى ، شۇڭا باش ۋراچ :

— ئۇكىڭىزنى بالنىستقا يۆتكىگەندە قونۇپ قارىسىڭىز بولىدۇ ، ھازىرچە ياتقان ياتىقىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ، قايتىپ كېتىڭ ، — دەپ ئۇقتۇردى . قەدىردان ۋراچنىڭ گەپلىرىنى تولۇق تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن ، رەجەپ ئىمىنمۇ ئوشۇق بىر نېمە دېيەلمىدى ، ئۇلار سىرتقا چىقتى ، قەدىردان رەجەپ ئىمىننى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلدى . بۇ ساددا يىگىت قەدىردانىنىڭ مېھماندوستلۇقىدىن تەسىرلىنىپ ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى .

— ئەگەر ئاددىي كۆرمىسىڭىز ، بىزنىڭ ياتاقتا يېتىپ قالسىڭىز ، — دېدى رەجەپ ئىمىن ، — ئۇكامنىڭ كارىۋىتى بىكار تۇرىدۇ ، پۇلىنى تۆلەپ بولغان .

رەجەپ ئىمىن بىلەن رەھىم ئىمىن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ چۈشكەن ياتىقى بىر شەخسىينىڭ ئۆيلىرى ئىدى ، ئۆيلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئىككى كىشىلىك ، تۆت كىشىلىك كارىۋات قويۇلغانىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بالىخانىلىق تۆمۈر كارىۋاتلار بولۇپ ، ئوخشاشلا ئۆيلەردە سەككىز ئادەم ياتاتتى ، ئەمما ئۇنىڭ باھاسى باشقىلىرىدىن ئەرزان ئىدى . ئاكا ـ ئۇكىلار خوتەندىن ئېلىپ كەلگەن قاشتېشىدىن ئەنسىرىگەنمۇ قانداق ، ئۇلار ئىككى كارىۋات قويۇلغان مەخسۇس ئۆيدە ياتاتتى . رەجەپ ئىمىن ئوخشىمىغان قوتۇما ساندۇقلارغا قاچىلانغان تۆت دانە چوڭ قاشتېشىنى كۆرسەتتى . ئۇلار سېرىق ، ئاق ، سۇس قوڭۇر رەڭلەردە بولۇپ ، چوڭى ئادەتتىكى تاۋۇزدەك ، كىچىكى چوڭ چىلگىدەك ئىدى . قاشتاشلىرىنىڭ ئىچىدىكى سەيۋە رەڭلىك بىر قاشتېشىغا قەدىردانىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئىنتايىن سۈزۈك ۋە پاكىز ئىدى .

— سىزمۇ خوتەنلىك بولغاچقا قاشتېشىنى تونۇيدىكەنسىز ،

ناخشىلىرىمىزدا : «قاشتېشىنىڭ ئىچىدە سەيۋە رەڭلىكى داغلىق» دەپ مەدھىيىلىنىدۇ ئەمەسمۇ ، — رەجەپ ئىمىن قاشتېشىنى ئايلاندۇردى ، — قاراڭ ، بۇنىڭ نە دەزى ياكى دېغى يوق ، مەن سىزگە ، ئەڭ ئەرزان ساتسام ، 60 ـ 70 مىڭغا ئالىدۇ ، دېگىنىم مۇشۇ تاش .

— ئۇنداق بولسا مەن تەلىيىمنى بىر سىناپ باقاي ، — دېدى قەدىردان كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ماڭىلا سېتىپ بېرىڭ ، لېكىن مېنىڭ ئۇنداق كۆپ پۇلۇم يوق .

— ئەمىسە بايا دېگەن باھانىڭ يېرىمىنى بېرىڭ .

— ئوچۇقراق دەڭ .

— بۇگۈنكى قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە بىكارغا بەرسەممۇ ئەرزىيدۇ ، — رەجەپ ئىمىن بەك ھېسسىياتلىق ئادەممۇ نېمە ، كۆزلىرى ئاسانلا ياش بىلەن تولاتتى ، — لېكىن دوختۇرخانىغا يەنە پۇل كەتكۈدەك بولسا ، ئىككى يېنىمغا قاراپ قالغۇدەكمەن ، شۇڭا 35 مىڭغا بېرىڭ .

قەدىردان ئۈچ باغلام پۇلنى چىقىرىپ ، كارىۋاتقا تاشلىدى ، چۈنكى ئۇ كۆزى چۈشكەن بۇ قاشتېشىنى كۆڭلىدە مۇسەللەپ بولغانىدى .

— سىزمۇ جاپا چېكىپ ئەكەلگەنگە تۇشلۇق زىيان تارتماڭ ، تېشىڭىز 40 مىڭ سوم بولدى ، دېگىنىڭىزدىن يەنە 5 مىڭنى ئارتۇق بەردىم .

— رەھمەت سىزگە ، پەرىشتىدەك ئادەمكەنسىز ، — رەجەپ ئىمىن قەدىرداننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ بىر ھازا سىلكىدى ، — خوتەنگە بارغاندىن كېيىن مەن سىزنى چوقۇم ئىزلەيمەن .

قەدىردان ئەتىسى ئەتىگەن چاققانغىنا قوتۇما يەشىككە قاچىلانغان قاشتېشىنى كۆتۈرۈپ پويىز ئىستانسىسىغا كەلدى . ئۇ رەجەپ ئىمىننىڭ مەسلىھەتى بويىچە : «سۇجۇ قاشتېشى ھۈنەر ـ سەنئەت ئويمىچىلىقى» شىركىتىگە بېرىشنى نىيەت قىلدى . ئەمدى شاڭخەيگە بېرىپ مال ئېلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى . ئۇ شۇ كۈنىلا

چۈشتىن كېيىنكى پويىز بىلەن يولغا چىقتى .

بېگبۇدىن قوزغالغان پويىز شاڭخەيگە ئىككى سائەت ئەتراپىدا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، سۇجۇغا 50 مىنۇتقا قالماي كىردى . قەدىردان پويىز ئىستانسىسىدىن تاكسىغا چۈشۈپ ، شوپۇرغا ئادرېسىنى دەپ بەردى . ئۇ بىردەمدىلا «سۇجۇ قاشتېشى ھۈنەر ـ سەنئەت ئويمىچىلىقى» شىركىتىگە ئاپىرىپ قويدى . شىركەتنىڭ كەسپىي تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىكى ياشانغان بىر ئايال بىلەن 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەر تاشنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈشتى . ئۇلار باھاسىنى سورىغانىدى ، ئۇ ئىككىسىنىڭ چىرايىدىكى مەمنۇنلۇقنى كۆرگەن قەدىردان قورقمايلا 180 مىڭ دەپ باھا قويدى . ئۇلار قەدىرداننىڭ قولىغا بىر ئىسپاتنامە يېزىپ بېرىپ ، ئەتە كېلىشىنى ئېيتتى .

قەدىردان شەخسىيلەرنىڭ ئەرزان مېھمانخانىلىرىنىڭ بىرىدە يېتىپ ، ئەتىسى ئەتىگەندە كەلگەندە ، تۈنۈگۈنكى ياشانغان ئايال ، قاشتېشىنىڭ تېخنىكىلىق بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈپ ، باھاسى 110 مىڭ سوم بېكىتىلگەنلىكىنى ئۇقتۇردى .

— باھاغا قوشۇلسىڭىز ، رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىمەن ، — دېدى ياشانغان ئايال ، — ئەگەر قوشۇلمىسىڭىز ، باشقا يەرلەرگە ئاپىرىپ بېقىڭ .

قەدىردان قاشتېشىغا پايلىمىغان قىياپەتتە :

— بوپتۇ ، مەن بۇنى يەنە نەلەردە كۆتۈرۈپ يۈردمەن ، — دېدى .

قەدىردان گەرچە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىچىدىلا 70 مىڭ سوم پايدىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ ، يەنىلا كۆڭلى خىرە ئىدى . ئۇنىڭ ئەنخۇي بېگبۇغا كەتكۈسى كېلىپلا تۇراتتى ، خۇددى بۇ قېتىم بارسا ئوغلىنى تېپىۋالىدىغاندەك ھېسسىياتلارغا چۆمەتتى ، «بەلكىم مالىك ، رىشات ، ئەكبەرلەرنىڭ قېشىغا كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن» دېگەن كىچىككىنە بىر ئۈمىد چىرىغى قەلبىنى يورۇتۇپ تۇراتتى . شۇڭا ، ئۇ شۇ كۈنىلا بېگبۇغا قايتتى .

قەدىردان بېكبۇ شەھەر تاشكۆۋرۈك رايونىنىڭ «تەختىراۋان» مەھەللىسىدىكى بىر تۇل خوتۇننىڭ شەخسىي مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتى . ئۇ ئەتىگەنلىكى ئەتراپتىكى تۇڭگانلارنىڭ كوچا ئاشخانىلىرىدىن پىلتە قۇيماق بىلەن شوۋىگۇرۇچ ، چۆپلىرى مىلدىرلاپ تۇرىدىغان گۇرۇچ ئۇنى سۇيۇقئېشى قاتارلىقلار بىلەن قورسىقىنى پوملايتتى . قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن كۈنلىرى «ياڭرۇ پاۋمو» دېگەن تامىقىنى ئالاتتى . قەدىردان «ياڭرۇ پاۋمو» يەۋاتقانلارغا قاراپ ، ئۇنى يېيىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدى . قازاندا ئىككى يۈزى سارغايتىپ پىشۇرۇلغان پېتىر چەلپەكنى يوغان ياپپاڭ قاچىغا تىرناقتىنمۇ ئۇششاق ئۇۋاپ سېلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇستام ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆكتات شورپىسىدەك بىر نېمىنى قۇيۇپ بېرەتتى . شورپىنىڭ ئىچىدە كۆكۈش ئۆچكە گۆشلىرىمۇ بار ئىدى . چەلپەك پېتىر بولغاچقا ، تەستە ھەزىم بولامدۇ نېمە ، ئىشقىلىپ ، ئاسان قورساق ئاچمايتتى . قەدىردان ئۇنىڭغا «مەدىكار ئېشى» دەپ نام قويۇۋالدى . مانا ئاشۇ «مەدىكار ئېشى»نى بىر ياپپاڭ قاچا يەۋالغان قەدىردان كەچكىچە بالىسىنى ئىزلەيتتى . بىر - ئىككى قېتىم «كىچىك مەپە» مەھەللىسىگە بېرىپ ئىدرىس مودىڭنىڭ ئۆيىنى يوشۇرۇن كۆزەتتى . بىراق ، ھەرقېتىمدىلا ئۇ ئۆيدىن مالىك ، رىشات ، ئەكبەرلەر چىقىپ ، ئالدىراپ بىر ياقلارغا كېتىپ قالاتتى ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قەيسەر يوق ئىدى . شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئۇ خروئىن چېكىدىغان دادىسىنى كۆرەر كۆزى يوق ئىكەن - دە !

شۇنداقتىمۇ قەدىردان قەيسەرنى توققۇز كۈن ئىزلەپ تاپالمىدى . ئۇ بېكبۇنىڭ ئەڭ يىراق يېزا - كەنتلىرىگىچە بېرىپ سۈرۈشتە قىلدى ، تاكسىدا ، بەزىدە ئۈچ چاقلىق ۋېلىسىپىتتە ، ھەتتا موتسىكلىتنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىپ بارمىغان يېرى قالمىدى . ئۇ كەچلەپ ياكى كېچىدە قايتىپ كېلىپ ، چارچاپ كەتكىنىدىن كىيىم سېلىشقىمۇ ئېرىنىپ ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىۋېتەتتى . ئۇ ئوغلىنى ئىزلىگەننىڭ 11 - كۈنى يەر ئاستى بازاردا بالىلارنىڭ چوڭى مالىك (ماچۇر)نى ئۇچرىتىپ قالدى . مالىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىدىن

قەدىردانىنى قۇچاقلىۋالدى ، قەدىردان ئۇنى ئەتراپتىكى ئاشخانىلار-
نىڭ بىرىگە ئېلىپ كىرىپ تاماق ئېلىپ بەردى .
— مەن كەتكەندىن كېيىن ئىدرىس مودىڭ سىلەرنى قايتا
ھۆججەت يازدۇرمىغاندۇ ؟
— نەدىكىنى ، ئەتىسىلا يازدۇردى .
— ھازىرمۇ «پۇل تاپمىدىڭ» دەپ ئۇرامدۇ ؟
— ياق ، ئۇرمايدۇ ، لېكىن بىز سەل قورقۇپ قالدۇق .
— نېمىدىن ؟
— ئىككى قېتىم ئىككى خەنزۇ خوجايىننى ئەكېلىپ بىزنى
كۆرسەتتى .
— كۆرسىتىپ قانداق قىلىدىكەن ؟
— ئوچۇقلا تۇرمامدۇ ، بىزنى سېتىۋەتمەكچى . لېكىن ، ئۇلار
ھازىرغىچە باھادا كېلىشەلمەي قېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ، —
مالىك قەدىردانغا ئۈمىد بىلەن قارىدى ، — قەدىردان تاغا ، شىن-
جاڭدىن بىزنى ئېلىپ كېتىدىغان ساقچىلار قاچان كېلىدۇ ؟
— سەن كىمدىن ئاڭلىدىڭ ؟
— لىڭداڭدىن .
— ئۇ قېنى ؟
— سىز لىڭداڭنىڭ دادىسىكەنسىز - ھە ؟
— شۇنداق ! لىڭداڭ ئۆزى دەپ بەردىمۇ ؟
— ھەئە ، سىز ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن كېچىسىنىڭ ئۈچىنچى
كۈنى ئۇ كەپتىكەن .
قەيسەر پويىز ئىستانسىسىدا ئاپىسىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىغا
كەلگەن ئازابلىق قىسمەتلەرنى سۆزلەپ ، قەدىردانىنى ئىنتىزىۋېتىپ
قېچىپ كەتكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئېغىر ئەلپاتقۇ بىلەن مالىكنى
ئىزلەپ كەلگەندى .
— كېچىدە سىيگىلى چىقسام بىرى مېنى چاقىرغاندەك قىل-
دى ، — دېدى مالىك بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ ، — قارىسام ،
لىڭداڭ ستولىبىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ . يېنىغا بارسام

مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۆكۈلۈپلا كەتتى .
مالىك قەيسەر بىلەن بولغان كېچىدىكى پارڭنى قىسقىغىنا قىلىپ سۆزلەپ بەردى .
— دۇنيادا ئەشەددىي يامان كۆرىدىغىنىم خىرويىن بەڭگىلىرى ئىدى ، — دېدى قەيسەر ياشلىرىنى سۈرتمەي ، — قارىغىنا ، ئۆزۈمنىڭ دادىسىنىڭ شۇنداق چىقىپ قالغىنىنى !
— سېنىڭ دادام دەۋاتقىنىڭ كىم ئۇ ؟ — سورىدى مالىك ھەيران بولۇپ ، — مېنى گاڭگىرىتىپلا قويدۇڭغۇ .
— نەچچە ئايلاردىن بېرى بىز بىلەن بىرگە تۇرۇپ كەلگەن قەدىردان تاغامچۇ ؟
— ۋۇي قالتىس گەپ قۇ بۇ ، قەدىردان تاغام سېنىڭ داداڭ مىكەن ؟
— شۇنداق ، ئانام بىلەن ئىككىمىزنى ئوتقا تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتكەن دادام شۇ كەن !
— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن ؟
— خىرويىن چەككەن ئادەمنى كۆرسەملا ، ئاپامنىڭ تارتقان ئازابلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ ، — قەيسەر ئېسەدەپ ، بوغۇلۇپ يىغلىماقتا ئىدى ، — بىر چېكىم خىرويىن ئۈچۈن قىزىنى سولاپ بەرگەن قېرى ئەبلەخ بوۋام ، ئۇنىڭ ئاپامنى يالىڭاچلاپ ، ئىچ كىيىملىرىدىن پۇل ئىزلىگەنلىكى ،مەندەك تۆت ـ بەش ياشلىق نەۋرىسىنى سۇپىغا بېسىپ چەيدونى كانىيىمغا تىرىگەنلىكى ، ئاپام ئۈستىدىن تۆھمەت ، سۈيىقەست ئويدۇرغانلىقىنى ئويلىسام ، خىرويىن چەككەن ئادەم چۆچەكلەردىكى يەتتە باشلىق يالماۋۇزلاردىنمۇ يامان نېمىلەركەن !
— ئۇنى دېسەڭغۇ ، مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىدۇ ، — دېدى مالىك ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە ، — مېنىڭ دادام ، ئاپام ئىككىسى چېكەتتى ، ئۇلار بىر چېكىم خىرويىننى تالىشىپ بىر ـ بىرىنى پالتىدا چانىۋەتكەن . ئاپام ئۆيدىلا ئۆلگەن ، دادام دوختۇرخانىدا ئەتىسى سەھەر ئۆلدى .

— بىر كۈنى ئاپام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ . شۇ سەھەردىلا ئۆيگە بارادىم ، — دېدى قەيسەر ياشلىرىنى ئالىقىنىدا سۈر-تۈپ ، — ھويلىغا كىرسەم ، بوۋام تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئۇخلاۋاتىدۇ . ئۇ كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق سوغۇق كۈنلىرى ئىدى ، ئاڭغىچە ئۆيدىن چوشقىدەك سېمىز بىر ئادەم تۇگمىلىرىنى ئېتىپ چىقىپ كەلدى . ئويلاپ باقە ، بوۋام كىچىچە ئۇلارنى قوغداپ كۆ-زەتچىلىك قىپتۇ ! ئاشۇ ئىشلار كۆز ئالدىمغا كەلسىلا ، بارماقلى-رىمنى چىشلەپ قانىتىۋېتىمەن ، يۈزلىرىمنى مورلاپ ، ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىمەن .

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن ؟

— مەن تۆت يېشىمدىن تارتىپ ئاپام بىلەن كاۋاپچىلىق قىلـ-غان . ئازراق پۇل تېپىۋالغۇچە كاۋاپچىلارغا ياللىنىمەن ، لېكىن ئەتىلا بۇ يەردىن كېتىمەن .

— نەگە بارىسەن ؟

— بىلمەيمەن ، رىزقىم نەلەرگە چېچىلغان بولسا ، شۇ يەرلەر-گە كېتىمەن .

قەدىردان تاماق شىرەسىگە جەينەكلەپ ، چېكىسىنى قاماللىغى-نىچە ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى . تەڭلىكتە قالغان مالىك تاماق يېگەن قاچىسىنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ ، قەدىردانغا تەسەللى بەردى :

— قەدىردان تاغا ، تولا بىئارام بولماڭ ، لىڭداڭ ھەممىمىز-دىن كىچىك بولغىنى بىلەن بەك ئەقىللىق ، بىر كۈنلىرى ئۇ سىزنى ئىزلەپ كېلىشى مۈمكىن .

— كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغىنىڭغا رەھمەت .

قەدىردان كېسەل تەگكەن مايسىدەك سولىشىپ ياتىقىغا ئارانلا قايتىپ كەلدى . ياتاقتا يېتىۋاتقان ئۈچ تىجارەتچى يىگىت بۈگۈن ئەتىگەندىلا شاڭخەيگە ماڭغانلىقى ئۈچۈن ، ھازىرچە ياتاقتا قەدىردان يالغۇزلا قالغانىدى . ئۇ ئالىقانلىرىغا بېشىنى قويۇپ تورۇسقا قادال-غان ، بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالغان قارىچۇقلىرى ھېچكىم كۆرەل-

مەيدىغان، پەقەت ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەتتىگىنەي، ئۈرۈمچىدىكى ھېلىقى ئامەتلىك يىللار بولۇپ ئۆتكەنمىدى؟! كونىلارنىڭ: «يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى كەينىدە» دېگىنى شۇكەن ـ دە! قاق مونوپوللىرى، ھايانكەشلىرى، سودىگەرلىرى، دېھقان تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ تۆپىسىنى قىلىپ، گويا ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكتەك پۈۋلەپ تۇراتتى، قەيەرگىلا بارسۇن، «بالا سەيگۇيۇەن» دېسە، ھۆرمەت ۋە ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالاتتى. قېنى شۇ ئامەت ھەم ئۇلۇغلاشلار! نەلەردە يوقالدى سۆيۈنۈپ تىلغا ئېلىشلار! ھازىر ئۇلارنىڭ ئورنىغا نەپرەت ئالماشتى! شۇنداق، نەپرەت، چەكسىز نەپرەت! توۋا، بىر ياخشى نىيەتلىك ئادەمنىڭ ئادىمىي ھايۋانغا ئۆزگىرىشى بىردەملىك ئىشكىنا! ئەلۋەتتە، نىيەت خالىس بولمىسا، پاك دىيانەت، پاكىز ئىمان دىلنى يورۇتمىسا، خۇدا ھەرقاچان ـ ھەر زامان ئۇنىڭ قېشىدا ھازىرۇ نازىركەن! خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام بۇغداي[1] دىن بىر تىلىم يەپ سېلىپ جەننەتنى بۇلغىغاندا، ئاللا ئۇنى بىر ئىرغىتىپ تاشلاش بىلەن ھاۋا ئانامدىن 40 يىل ئايرىۋەتكەندەك، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى تەڭرى قىسمەت ئالدىدا تاشقا تاشلىغان چىنىدەكلا بىر ئىشكەن.

قەدىردان ئاللا ئاتا قىلغان ئاشۇ بەخت ـ ئامەتلەرنىڭ قەدرىگە يەتمىدى، ئىبلىسنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىپ، ۋەيلۇن دوزاخ ئازابىنى ئۆزى تاللىۋالدى. لىللا گەپنى قىلغاندا، بەخت ۋە ئامەت ئۇنىڭغا سوغ كەلدى. ئۇنىڭ تاللىغان يولى ئۇنى ئۇدۇل ئازاب دېڭىزىغا ئېلىپ كىردى! گۇاڭجۇغا ئىككى قېتىم كىرىش بىلەن ئۇ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدى؟ تۇتۇلۇپ قالغاندا، ئەختەرنىسا ئادەتلەنگەن ھۈنىرى بىلەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقتى. بېيجىڭ «كۆك سارىيى» دىكى قورقۇنچلۇق كەچمىشلەر ھېلىھەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

① جەننەتتە يېيىش مەنئى قىلىنغان بۇغدايدىن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىر تىلىم يەپ سېلىپ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت كېلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، جەننەتنى بۇلغاپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانام جەننەتتىن قوغلانغان.

تۇرۇپتۇ . ھەر كۈنى دېگۈدەك ھاجەتخانىدا قېتىپ قېلىۋاتقان ئۇيۇغۇر يىگىتلىرى ، ھەپتە ، ئون كۈنلەپ مۇز ئاستىدا ياتقان جەسەتلەر ، ئۇلارنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرى ، تار گۆر ئاغزىغا پاتمىغان جەسەتلەرنىڭ مەيدىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ كىرگۈزۈشلەر ، زەھەر تاشلاش ئورۇنلىرىدا قىلغان خىياللىرى ، ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە بۇلاڭچىلار قولىدىن ئامان قېلىشلار ، خوتەندىكى ئىككى قېتىم تۇتۇلۇپ قېچىشلار ، كۈنمىڭ ، رۇيلى ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك »تە قورقۇش ، ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر ، ئەنخۇي بېكىبۇدىكى ئىدرىس مودىڭ بىلەن بولغان ئېلىشىشلار ، ئاخىرىدا توققۇز ياشلىق ئوغلىنىڭ زەھەردەك تىل ـ ھاقارەتلىرى…

پاھ ! قەدىردان بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسا ، ئۆزىنى راستىنلا يۈز ياشقا كىرگەندەك ھېس قىلىدۇ . توغرا ، ھېلىقى كۈمۈش چاچلىق پەرىشتە ئانا : «ئازابلىرىڭ قىش كېچىسىدەك ئۇزۇن بولۇر ، نادامەتكە تولغان كەچمىشلىرىڭ بىر قەرنەگە يېتىپ بارۇر ، قىسقىسى 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ، يۈز يىللىق قاباھەتلىك قىسمەتلەر بېشىڭغا كېلۇر » دېمىگەنمىدى ؟ ! دەرۋەقە ، قەدىردانىنىڭ بەخت ـ ئامەتى چۈش ۋاقتىدىكى دەرەخ سايىسىدەك قىسقا بولدى ، ئەمما ئازابلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۇلىنىپ ، ئۇنىڭغا «ئۇھ » دېگۈدەك ئارام بەرمىدى !

— ئۇھ … خۇدا ! مەن چارچاپتىمەن ، راستىلا ھالىمدىن كېتىپتىمەن ، ئەمدى … ئەمدى … بولدى قىلاي !

قەدىردانىنىڭ كۆز قۇيرۇقلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار قۇلاقلىرىدىن ساقىپ ، ياستۇققا تامماقتا ئىدى . راست ، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئېرىشكىنىدىن يوقاتقىنى كۆپ بوپتۇ ، پايدىسىدىن زىيىنى جىقكەن ! نۇرغۇن ئۆي ـ بىساتلار ، ماشىنا ، مىليونلاپ پۇللارغۇ تۇزغاقتەك توزۇپ كەتتى ، ئەمما ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى خۇن قىلىۋەتكەن جاراھەتلەر كۆڭۈلگە تالىق ئىشلار ئىدى ! 14 يېشىدا بالىلىق بوستانلىرىغا گۈل ـ چېچەكلەر چاچقان ئوماق قىز مەدىنە تۇركىيىگە كېتىپ قالدى . ئۇنىڭ يۈرەكتىكى

زېدىسى ساقايغان بولسىمۇ، دېغى ئۆنتۇلمىدى! شوخ، تېتىك كۆل-كىلىرى، بەكمۇ تاتلىق خۇلقلىرى، قايرىلىپ كۆزلىرىدە قامچا سىلىشلىرى ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قويىدىغان زۇلئايمۇ يەتتە - سەككىز ئايلىق بالىسىنى ئېلىپ، خوشمۇ دەپ قويماي كېتىپ قالدى! ھەي دەرىخا! ھېلىقى بابۇنە گۈلىدەك مۇلايىم قىز مېھرىبانچۇ؟! بۇنداق كەم سۆز، نازۇك، ھايالىق، ئاق كۆڭۈل قىزدىن بۇ پانىي ئالەمدە يەنە بىرى بارمىدۇ؟! بولسىمۇ بولار، ئەمما مېھرىبان قىزدەك سەۋر - تاقەتلىك، ئېرىگە كۆيۈنىدىغان، ۋۇجۇدىدىكى ئاللا ئاتا قىلغان مېھىر - مۇھەببەت شەربەتلىرىنى ئېرىگە ئاتىغان بۇنداق ناتىۋان مىسكىننى كۆندۈزى چىراغ يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس! ئەمدى ... ئەمدى ... دۇنيادا ... بىردىنبىر تېۋىنىدىغان، بالىغا كۆيە - كۆيە يۈرىكى بىر پارچە كاۋاپقا ئايلانغان قەدىردانىنىڭ ئوغلىغا بولغان مېھىر - شەپقەتلىرى بىر خۇداغا ئايانغۇ!

قەدىردان ئالىقانلىرىدا كۆزلىرىنى توسۇپ ئۈن سېلىپ يىغلى-ۋەتتى.

— ئاھ خۇدا، گۇناھلىرىم ئۆزۈمگە ئايان، ماڭا بەرگەن جازالىرىڭ ئۆزۈڭگە ئايان! مېنى بۇنداق قاقشال ئوتۇندەك كۆيدۈ-رۈپ كۆل قىلىۋەرمە! ئۇنىڭسىز تارتقانلىرىم ئازمۇ؟ ئوغلۇمغا ئىنساپ ئاتا قىل! ئۇ... ئۇ قايتىپ كېلىپ باغرىمدىكى داغلارنى كۆرسۇن! مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچە يىللار يىغلىدىم، ئازاب ئوتىدا ئۆرتەندىم! مېنىڭ يۈرەك - باغرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى تارغاقتا تارىغاندەك كەس - كەس تىلىنىپ كەتتى!

راست، قەدىردانغا كىچىككىنە ئوغلىنىڭ تىل - ئاھانىتى ئەددەسىز ئۆتۈپ كەتتى، بولۇپمۇ قەدىردان پويىز ئىستانسىسىدا ئوغلى بىلەن مۇڭداشقاندا، قەيسەرنىڭ: «دادام دېگەن مۇناپىق خىروئىن چېكەتتى»، «خىروئىن چەككۈچىلەرنى بوغۇپ، بوغۇز-لاپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگۈم كېلىدۇ»، «خىروئىن چەككۈچىد-لەرگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىم قان - قېنىمغا سىڭىپ، يۈرىكىمگە

ئۇغىدەك ئۇيۇپ قالدى» ، «ئاھ خۇدا ، خروئىن چېكىدىغان بىر
ئەبلەخنىڭ بالىسىكەنمەن ، قاباھەتلىك تۇڭگۇزنىڭ پۇشتىكەنمەن»
دېگەن سۆزلىرى ھەرقانداق ئۆزىنى ئادەم سانايدىغان ، غۇرۇرلۇق
ئەركەكنىڭمۇ جېنىنى سىرقىرىتىۋېتىدىغان ئىبارىلەر ئىدى ، شۇن-
داقتىمۇ قەيسەرنىڭ دېگەنلىرى ۋىجدانلىق ئىنساننىڭ خىتابى بو-
لۇپ ، ھەرقانداق غۇرۇرلۇق ئادەم ئۇنى ئەيىبلەشكە ئاساس تاپال-
مايتتى . بۇ ھەقىقەتنى قەدىرداننىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى . يەنە
بىر تەرەپتىن ، «ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر» دېگەندەك ، قەي-
سەر گۆدەك چېغىدىن باشلاپلا ، ئانىسىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ تارتقان
بالايىبەتتەرلىرى خروئىن چەككۈچىلەر تەرىپىدىن كەلگەنىدى .
ئەمدى قەدىردان قانداق قىلىشى كېرەك ؟ ئاتا - ئانا ، جەمئى-
يەت ، ئۇرۇق - تۇغقان ، دۆلەت ، ھەتتا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەيىب-
لەشتىن سىرت ، ئاشۇ كىچىككىنە ئوغلىمۇ كەچۈرمەيۋاتسا ، ئەگەر
ئوغلىنى تاپقان ياكى ئۇ ئۆزى قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ، دادىسى-
نىڭ يەنىلا خروئىن ئاشىناسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا ، ئۇ ئۆيدە
تۇرارمۇ ؟ باياشات ئائىلە مۇھىتى ، ئوقۇش پۇرسىتىمۇ كۆزىگە
كۆرۈنمىگەن قەيسەر يەنىلا دادىسىنى تاشلاپ كەتمەسمۇ ؟ ! بولدى
بەس ، قەدىردان شىنجاڭغا قايتىشى كېرەك ! ئۇ جامائەت خەۋپسىز-
لىك نازارىتىدىكى ئۇكىسى ئابدۇراخماننىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ-
دىن «تاشلاش» ھەققىدە مەسلىھەت ئالىدۇ . بۇ قېتىم ئۇ تاشلاش
جەريانىدا خۇمار ئازابىغا چىدالماي ئۆلۈپ كەتسىمۇ ، ھاياتىغا ھەر-
گىز ئېچىنمايدۇ ، چۈنكى خروئىن چېكىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ نەپرى-
تىگە سازاۋەر بولغۇچە ، ئىككى غۇلاچ يەر تېگىدىن ئورۇن تۇتقان
مىڭ ئەۋزەل !

قەدىردان ئەتىسى ئاددىيغىنا سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پو-
يىز ئىستانسىسىغا كېلىشى ، بېڭبۇ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ
بىر مىنىبۇس ماشىنىسى تىك پەلەمپەيلەر ئاستىدا توختىدى ، ئۇ-
نىڭدىن قوراللانغان خەنزۇ - ئۇيغۇر ساقچىلىرىدىن تۆت كىشى
چۈشۈپ ، قولىغا كويزا سېلىنغان ئىدرىس مودىگىنى يالاپ ئېلىپ

ماڭدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر ساقچى ئايال مالىك ، رىشات ، ئەكبەرلەرنىڭ قوللىرىدىن يېتىلەپ پويىز ئىستانسىسى كۈتۈۋېلىش زالىغا كىرىپ كەتتى . ئەسلىدە قەدىردان بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپلا بىرىنچى بولۇپ قىلماقچى بولغان ئىشى ساقچى ئىدارىسىگە كىرىش ئىدى . مانا ھازىر ئۇ خۇددى ھاردۇقى چىققاندەك يېنىك تىن ئالدى .

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىدىن تاكسى بىلەن كەلگەن قەدىر-
دان ماشىنىدىن چۈشۈپلا «مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» نى كۆرەلمە-
دى . ئۇنىڭ بەش قەۋەتلىك مېھمانخانا بىناسى ، ئاشخانا ، سۇخانا ،
ماشىنىلار رەت - رەت تىزىلىپ كېتىدىغان چوڭ قورۇسى كۆرۈن-
مەيتتى . ئۇنىڭ ئورنىدا چەمبەرسىمان گۈللۈكلەر ، تەتۈر سۆگەت ،
چىنار ، ئارچا ، ئەرمۇدۇن ، سەرۋى كۆچەتلىرى ھۆسن قوشقان ،
تەرەپ - تەرەپتە پۈركىلىۋاتقان سۇلار كۆپكۆك چىملىقلارنى يالتى-
رىتىۋەتكەن ئاجايىپ كۆركەم بىر بوستانلىق ئاپىرىدە بولغانىدى .
شەھەر كۆكەرتىش ئىدارىسىدىن ئېچىلغان گۈللەرنى كۆچۈرۈۋەت-
كەچكىمۇ ، رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ ، دىماغلارغا ئەتىر
ھىدى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . بىر يىللىرى قەدىردان :«بىر ئاتوم
بومبىسى چۈشۈپ ، مۇشۇ بىنانى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋەتكەن
بولسا» دەپ ئارمان قىلغانىدى . ئۇنىڭ تىلىكى ئەمەلگە ئېشىپ ،
«مۇساپىرلار مېھمانخانىسى» خەلق ئارام ئېلىپ ، ھاردۇق چىقىرى-
دىغان باغچىغا ئايلانغانىدى . تېخى «ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى
ئاشخانىسى»نىڭ ئورنىمۇ كۆچەتزارلىققا ئايلىنىپ ، كۆپكۆك چىم-
لىقلار ئارا ياپپېشىل شادا ئورۇندۇقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى .

قەدىردان ئەتراپنى تاماشە قىلغاچ دوستلۇق بازىرىغا باردى .
ئۇ ئانچە كۆپ ئىزلىمەيلا كازىمنىڭ كاۋاپخانىسىنى تېپىۋالدى ،
لېكىن خوجايىنىنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى . كازىم قاپقارا بۇ-
رۇت ۋە بودەك ساقال قويۇۋالغانىدى .

— ئۇستام ، قورساق بەك ئېچىپ كەتتى ، ئامالىنى قىلغىلى
بولارما ؟

— بىزدە قورساق ئاچقاننىڭ دورىسى بار .

قەدىردانىنىڭ گېپىگە مەستلىكى كەلگەن كازىم بودەك ساقال لەپپىدە قاراپلا ، چەكچىيىپ قالدى ۋە شۇ زاماتلا كاۋاپداندىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ قەدىردانىنى قۇچاقلىۋالدى :

— ۋۇي ئۇكامۇي ، سەن ··· سەن زادى بۇ دۇنيادا بارمۇ زادى ؟ — كازىم قەدىردانىنىڭ دولىسىدىن ئىتتىرىپ شىرە ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ، — قېنى ئولتا ··· ئولتا ··· خوتۇن ، قېنىققىنا دەملەپ چاي ئەكەل ، ھېلىقى مەن گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان «بالا سەيگۇيۇەن» كەلدى .

بېشىنى نىپىز رومالدا چېكىلەپ تېڭىۋالغان بۇغداي ئۆڭ ، قاڭشارلىق ، چېقىر كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان 30 ياشلاردىكى چوكان چەينەك ۋە پىيالە كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى . ئۇ قىزىق چايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ : «ئىچكەچ تۇرۇڭ ، سىزگە كاۋاپ باساي» دەپ قوپۇپ كېتىپ قالدى .

— كازىمكا ، ئەجەب ئىلىخونىڭ تارانچىلىرىدەك گەپلىرىڭ كارتۇڭ ـ كۇرتۇڭلا بولۇپ كېتىپتا ؟ — دېدى قەدىردان چايدىن ئوتلاپ قويۇپ ، — يەڭگىمىز غۇلجىلىق ئوخشىمامدۇ ؟

— بەللى ، بەللى ، سەن بەك ھوشيار جۇمۇ ! غۇلجىلىق بولغاندىمۇ ، ئىلىخونىڭ كىندىكى بەيتۇللا ئالدىدىن دېگىنە ، — كازىم كۆزىنى قىسىپ قويدى ، — ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يەڭگەڭگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى دېمەمسەن . ئۇ : «كېكەچتەك سۆزلىمەي ، بىزدەك چۇرۇڭ ـ چۇرۇڭ سۆزلىمىسەڭ تەگمەيمەن» دەپ ، سالغان تويلۇقى شۇ بولدى قارا ، قانداق قىلىمەن ، كۆڭۈل دېگەن شۇنداق ساراڭ نېمىكەن ، سۆزلەشنى ئۆگەندىم .

— خېلى ، ـ خېلى يەرلەرگە بوينۇڭ ئېگىلمەيدىغان ، ئەجەب يەڭگىمىزنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدىغان بوپقاپسىنا ؟

— ھۆيت خوتەنلىك «دېيتۇ» ، تولا بىزنىڭ ئادەمنىڭ كۆتىگە ئوت قويماڭ ، ئوت قويغىنىڭىز بىلەنمۇ تۇتاشمايدۇ ، — دېدى شوخ چوكان كاۋاپقا زىرە چېچىۋېتىپ ، — ئۇ ياقتىن كېلىپ ، بۇ ياقتىن : «ھۆيت كۇش ـ كۇش» دەۋاتقىنىنى كۆرەيمۇ .

— ئاچا ، ئېتىڭىز نېمە ؟
— «ئاچا» دېمەي ، «ھەدە» دەڭە ، مەن ئۆرۈلۈپ كەتكەن باراڭنىڭ ئاچىسى بولمىغاندىن كېيىن .
— ھە ماقۇل ، ھەدە ، — قەدىردان كۈلۈۋەتتى ، — سىزنى خوتەن پەدىسىدە ھاشىخان ، توختىخان ، ھەمشۈۋانىخان دەپ چاقىرامدۇق ياكى جۆھەرىبىبى ، رەيھانبىبى ، لەھەلبىبى دەمدۇق ؟
— ئوۋۇش ، قويىڭا ئۇنداق خانلىرىڭىزنى . قېنى ئاغزىڭىزنى تولدۇرۇپ «گۆھەر» دەپ بېقىڭا ، گاچا تىلىڭىز كېلەمدىكىن ؟
— ھەي گۆھەر ، سەنمۇزە ، — ۋارقىرىدى كازىم ، — قەدىردان ئۇياقتىن كېلىپ بولغۇچە بۇياقتىن گەپ بىلەن تويغۇزاي دەمسەن ؟
— كازىم ، سىز تولا گېپىنى قىلىپ بەرگەچكە ، ئازراق چېقىشىپ قويدۇم ، شە كۆرگەن ئادەم ھەممىنى چۈشىنىدۇ .
— قەدىردان ، — دېدى كازىم چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ ، — يۇرۇ ، دۇكان ئىچىگە كىرىپ كېتەيلى ، سىرتتا ئولتۇرساق خېرىدار كۆپ ، ئازادە گەپلەشكىلى بولمايدۇ .
كازىم بىلەن قەدىردان چەينەك ، چىنىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، دۇكانغا كىرىپ كەتتى . ئۇلار دېرىزە تۈۋىدىكى شىرەگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى ، كازىم چىنىلەرگە قايتىدىن چاي قۇيدى . شۇ ئەسنادا ئۇ دېرىزىدىن سىرتنى ئىشارە قىلدى :
— قەدىردان ، ئاۋۇ ئادەمنى تونۇدۇڭمۇ ؟
— نېمە ! — قەدىردان چۆچۈپ كەتتى ، — ئاباق توختى !
قەدىرداننىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا ئون نەچچە يىللار ئىلگىرىكى مېيىپ بالا ئىسمايىل كەلدى . ئاباق توختى ئەنە شۇنداق ھېلىقى يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك پۇت - قوللىرى ئارۋاڭ - سارۋاڭ ، گالدۇ - گۇلدۇڭ ماڭاتتى ، كۆزلىرى ئالىيىپ ،ئوچۇق قالغان ئاغزىدىن توختىماي سوزۇلۇپ چۈشۈۋاتقان شۆلگەيلىرى بويۇن - مەيدىلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى ، ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسىنى يېمەكچى بولغاندەك ، قۇرتتەك مىدىرلاپ تۇرغان بارماقلىرىنى ئاغ-

ـزىغا يېقىن ئېلىپ كېلەتتىيۇ ، لېكىن ئېڭەكلىرىدىكى شۆلگەيلىرىنى يوزلىرىگە سوۋاۋېتەتتى .
— كازىمكا ، — قەدىردان ئورنىدىن تۇردى ، — بۇ ئادەم ياخشى - يامان بولسۇن ، ماڭا ئاتا بولغان ، يانچۇقىغا بىرنەچچە يۈز سوم سېلىپ قويسام خەجلىيەلەرمۇ ؟
— بولمايدۇ ، پۇلنى بىرسەڭ چايناپ يۇتۇۋېتىدۇ ، — كازىم قەدىردانىنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى ، — ئۇ قورسىقى ئاچسىلا مېنىڭ دۇكىنىمغا كېلىدۇ . مەن ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرۈپ بىرنەچچە زىخ كاۋاپ بىلەن نان يېگۈزىمەن .
— ئۇ نەدە يېتىپ - قوپىدۇ ؟
— ئەنسىرىمە ، ھۆكۈمەت « ھۆسنارخان جەننەت نېمەتلىرى ئاشخانىسى » بىلەن ئارقا قورۇنى ئورغۇن پۇلغا سېتىۋېلىپ ، ئاھالە كومىتېتىغا تاپشۇردى . مەخسۇس بىر ئادەم ئاباق توختىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ .
گۆھەر بىر لېگەندە كاۋاپ بىلەن يۇمشاق نان ئېلىپ كەلدى . ئۇلار چايلىرىنى قايتا يەڭگۈشلەپ كاۋاپقا تۇتۇش قىلغاچ پاراڭغا چۈشتى .
— كازىمكا ، ھۆسنارخان ئاباق توختىنى ئاخىر تاشلىۋېتىپتۇ - دە ؟
— ھەي ، ئۇنداق دېسەڭ ، ھۆسنارخانغا ئۇۋال قىلغان بولىسەن ، — كازىمنىڭ تەلەپپۇزى جىددىي ئىدى ، — ھۆسنارخاننى ھۆكۈمەت قولغا ئالدى .
— قولغا ئالدى ؟ — قەدىردانىنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى ، — قاچان ؟
— ئۈچ - تۆت ئاي بولۇپ قالدى ، تېخى ھۆكۈم چىقارمىدى ، — كازىم بېشىنى چايقىدى ، — ھۆسنارخاننى ساقچىلار قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا ، ئۇ : «قېرىنداشلار ، بۇرادەرلەر ، ئاشخانا ، قورۇ - جايلارنىڭ ھەممىسى ئاباق توختىغا

مەنسۇپ ، قايسىڭلار ساتساڭلار ، ئاباق توختىنى ئاسراپ بېقىۋېلىڭ-لار ، ئۇنىڭ مەندىن ئۆزگە ھەمراھى يوق ، خارلىق - زارلىق تارتىپ قالمىسۇن ! » دەپ ۋارقىرىدى .

قەدىردان ھېلىلا دېگەن گېپىگە خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەت-تى . ئادەم دېگەن ئاجايىپ مۆرەككەپ نېمىكەن . ئۇلار تەندۇرۇس ۋە بەھوزۇر راھەتتە ياشىغانلىرىدا ئىت - مۇشۇكتەك بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ ئۆتۈشمىگەنمىدى ! ئۇلارنىڭ ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرسىمۇ ، بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - شەپقەت زەرلىرىنى تاپقىلى بولمايتتى ، چىرايلىرىدىمۇ خۇددى قېنىقماس كۆشەندىلەر-دەك ئىپادە يېلىنجاپ تۇراتتى . ھەي ... دەردىگەي ! ئادەملەرگە ئالدىراپ باھا بەرمە ! بۇ سېنىڭ ساپاسىزلىقىڭ ، نادانلىقىڭ ، ئە-قىل - ئىدرىكىڭنىڭ پىشمىغانلىقىدۇر ! ھۆسنارخاننى كىممۇ ئا-شۇنداق ھەممەتتىن ئىغىز ئاچار ، دەپ ئويلىغان ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى داۋامەت ئۆزگىرىپ ، پارچىلىنىپ تۇرىدۇ ! پارچىلانغان روھىيەتلىرى ياخشىلىق ھەم يامانلىق بولۇپ شەكىللىنىپ ، ئادەم تەبىئىتىنى مۆرەككەپ ئىككى ياقلىما خاراكتېرگە ئايلاندۇرىدۇ ، «ياخشى ئەبەدىلئەبەد ياخشى بولىدۇ ، يامانمۇ مەڭگۈ يامان بولىدۇ» دېگۈچىلەردىن : «ئۇنداقتا سەن قانداق ؟» دەپ سورىساڭ ، ئەگەر ئۇنىڭدا تېرىقتەك ئەقىل بولغان تەقدىردە ، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ ، شۇنداق ، نۇقسانسىز ئىنسان بولمايدۇ .

— قەدىردان ، ئېسىڭدىمۇ ؟ — كازىم چىنىلەرگە چاي قۇيدى ، — غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار ، ئىدرىس مودىڭلار بىلەن داۋاملىق ئاشخانىمىزغا كىرىدىغان ئەيسا خېنەنجىر دېگەن ئاق سې-رىق بىر يىگىت بولىدىغان .

— ئېسىمدە ، — قەدىردان يۈرىكى جىغلا قىلىپ قالدى ، — ھە ، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ ؟

— ئۇنى ساقچىلار چېگرىدىن تۇتۇپ كەپتۇ .

قەدىردان قىزىق چاينى بۇۋلەپ ئىچكەچ بىر چېكىتكە تىكىلىپ قالدى . ئۆز ۋاقتىدا دادى - مۇئامىلە قىلىشىپ ، ياخشى بولسۇن ،

يامان بولسۇن ، «ئاكا ـ ئىنى» دېيىشىپ ئۆتۈشكەن ھەقەمسايىلار-
دىن ئاساسىي جەھەتتىن قالماپتۇ . بىر مەزگىل بايلىققا كۆمۈلۈپ ،
توقلۇقتىن شوخلۇق قىلغان مىليونېر بايلاردىن ئابىخان لومپا ،
زاھىر لومپا ، بارى لومپا ئاكا ـ ئۇكىلار خروئىندىن بىر يىل
ئىچىدىلا ھەممىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۇ دۇنياغا كېتىپ قىلىشتى .
زوھۇر گاسىيا بولسا ئېتىلدى ! ئەسەت ئەرۋاھ بىنادىن ئۆزىنى
تاشلاپ ئۆلۈۋالدى . غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار نەق مەيداندا ئوق
يەپ ئۆلدى ! خالمەت قارىم ، تۇرسۇن كاللا ، ئەيسا خېنەنجىرلەر
تۇتۇلدى ، مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناق بېيجىڭدا غايىب
بولدى ، پەقەت ھالال ياشاپ كەلگەنلەردىن ھېلىمجان ئاۋاق ، نۇر-
مەت پاكار ، كازىملار ھېلىمۇ تىرىكچىلىكنى قىلىپ ياشاۋاتىدۇ ،
تېخى ياقۇپ ھاجىمنىڭ «كارۋان توشۇش ، يۆتكەش ئەترىتى» كې-
ڭىيىپ ، 170 ماشىنىلىق چوڭ كالونغا ئايلاندى . بۇ كالون قاغى-
لىق ، پوسكام ۋە يەكەنلەرگە ئورۇنلاشقان بولۇپ ، ئۇلار خام نې-
فىت ، خىمىيىۋى ئوغۇت ھەم سېمونت زاۋۇتلىرىنىڭ توشۇش ،
يۆتكەش ، تارقىتىش ۋەزىپىلىرىنى ھۆددىگە ئالغان .

— قەدىردان ، چەت ئەل ، ئىچكىرىلەردە كۆپ يۈرۈپ كەت-
تىڭ ، — دېدى كازىم نەسىھەت تەلەپپۇزىدا ، — خوتۇن ـ باللى-
رىڭدىنمۇ ئايرىلدىڭ ، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن ؟

— مەن بۇ قېتىم خروئىننى قەتئىي تاشلاش ئىرادىسىگە
كەلدىم ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇرتۇمغا بېرىپ بىرەر كەسىپ ياكى
تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىمەن .

— ئوبدان ئويلاپسەن ، يۇرتۇڭ بولسۇن ياكى ئۈرۈمچى بول-
سۇن ، توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانساڭ ، يەنە سېنىڭ قەدىر ـ
قىممىتىڭ بولىدۇ .

ئۇلار ئەنخۇي بېكىبۇدا قېچىپ كەتكەن قەيسەر ھەققىدە بىردەم
مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كېيىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ دۇكاندىن چى-
قىشتى .

— قايسى مېھمانخانىغا چۈشتۈڭ ؟

— مېھمانخانىغا بارغۇدەك بولمىدىم ، — دېدى قەدىردان تەمەـ
كىن ھالدا ، — ھۆسنارخان ھازىر قايسى تۇرمىدە ؟
— بىرىنچى تۇرمىدە . نېمە ، سوراپ قالدىڭغۇ ؟
— يوقلاپ بارماقچىمەن .
— ئەجەب ياخشى ئويلاپسەن ، مەن ئاغزىمدىن چىقىرالماي تۇراتتىم .
— ماڭا بىر مەزگىل ئانا بولغان تۇرسا ، — قەدىردان ئېغىر تىندى ، — ئەگەر يوقلىمىسام زۇلۇئايىنىڭمۇ روھى قورۇنۇپ قالار .
— ھەممە ئىشتا پىشىپسەن ، ئوكام ، — كازىم قەدىرداننىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ، — بۇنىڭدىن كېيىن مېنى يوقلاپ تۇ-رۇشنى ئۇنتۇپ قالما .
قەدىردان شۇ كۈنى چۈشكىچە ھەرخىل يەل ـ يېمىش ، كونـ-سېرۋا ، سۈت پاراشوك ، تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى خېلىلا مول ئېلىپ بىرىنچى تۈرمىگە باردى . ئۇ رەسمىيەت بېجىرىش ئورنىدا «قېينا-نام» دەپ جەدۋەل توشتۇردى . ئاندىن ئۇنى كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . ئارىدىن ئون نەچچە مىنۇت ئۆتكەندە ، مەھبۇسلار كىيىمى كىيدۈرۈلگەن ھۆسنارخاننى ئىككى ساقچى يالاپ ئەكېلىپ ئەينەك توسۇق يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى . ئۇ قەدىرداننى كۆرۈپلا قاپاقلىرىنى مىژژىدە تۈردى ـ دە : «سەنمىـ-دىڭ ؟ » دەپ قويدى . لېكىن ، ئۇ بۇ گەپنى تېلېفوندا دېمىگەچكە ، قەدىردان ئاڭلىيالماي ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى .
— ئاپا ، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ ؟ — قەدىردان مۇلايىملىق بىلەن گەپ باشلىدى ، — مەن ئىچكىرىدە بولغاچقا ، ۋاقتىدا يوقلاپ كېـ-لەلمىدىم .
— بولدى ، لولىلىق قىلما ! — تۇرۇپكىدا ھۆسنارخاننىڭ ئاۋازى ياڭرىدى ، — بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ ؟ مېنى مەسخىرە قىلغىلىما ؟
— ئاپا ، تۇرمۇشتىن قىينالدىڭىزمۇ ؟ ماڭا دېسىلە ، دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىمەن .

— بىلىمەن ، سەن شاۋچىنىڭ ئالىقىنىڭ كەڭرى ، مەرد گۆي-
سەن ! شۇڭا زۇلئاي قانجۇق ساڭا ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالغان .
— ئاپا ، سالامەتلىكلىرى ياخشىمۇ ؟ ئۆزلىرىنى كۆپرەك ئاس-
رىسىلا .
— گېپىمگە قوشۇق سالما ، ھەي ئوغرى ! — ئۇ ھاياجاندىن
ھاسىرىدى ، — زۇلئاينىڭ قەبرىسىگە شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ،
مىچىتنىڭ قۇببىسىدەك قىلىۋېتىپسەن . بۇلار مىنى ئاتماقچى .
مەن ئۆلسەم قەبرەمنى شۇنداق قىلارسەنمۇ ؟ مەن ھەممىنىڭ كۆزىگە
كۆرۈنۈپ تۇرغۇم بار .
— ياق !
— ياق دەيسەنغۇ ، ھەي پەسەندە ! مەندەك ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقان
ئاناڭغىمۇ ئاداۋەت قىلامسەن ؟
— ئۇنداق ئەمەس ، ئاپا ، سىلىنى تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ
تىللىشىنى ، قارغىشىنى خالىمايمەن . قەبرىلىرىنى چوقچايتىپ
قويسام ، «بىزنىڭ نۇرغۇن قىز - يىگىتلىرىمىزنى نابۇت قىلغان»
دەپ ، قەبرىلىرىگە ھەممە كىشى تۈكۈرۈپ ماڭسا ، مەن ئوغۇللىرى
نېمە بولۇپ كېتەرمەن ؟
— تولا ھىيلىگەرلىك قىلما ، دۇنيادا ياخشى ئادەملەر يادلى-
نىپ ، يامان ئادەملەر ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ ، ياخشىنى ياخشى دەپ
ياد ئەتسە ، ياماننى يامان دەپ تىلغا ئېلىشىدۇ . ھەر ئىككىسى
ئوخشاشلا ئەسكە ئېلىنىشقۇ ! — ھۆسنارخان ئېغىر ھاسىرىدى ، —
دۇنيادا ھەممىلا ئادەم ياخشى بولۇپ كەتسە ، جەننەتنىڭ توشۇپ
كېتىپ ، قالغىنىنى دوزاخقا باشلامتىڭ ؟ بىزدەك دوزاخنى ئاۋات
قىلىدىغانلارمۇ بولۇشى كېرەكقۇ ! دېگىنە قېنى ، قەبرەمنى قانداق
ياساتماقچى ؟
— قەبرىلىرىنى توپا تۇپراق قىلىپ ، خەق بىلمىگۇدەك تۈزلە-
ۋېتىمەن ، — قەدىردان يىغلاپ سالدى ، — سىلىنىڭ بۇ دۇنياغا
كەلگەن - كەلمىگەنلىرىنى ھېچكىم بىلمەيلا قالسۇن ھەم تېزلا
ئۇنتۇپ كەتسۇن

— ياشاپ كەت ، مىشىق !مانا ئەمدى ئەركەكتەك يېتىلىپ-سەن . مەن خوتۇن خەق نېمە دېسە «خوش - خوش» دەپ تۇرىدىغان لامزەللە ئەرلەرنى يامان كۆرىمەن ، — ھۆسنارخان خىر - خىر كۈلدى ، — قارىسام ، گەپلىرىمنى پىسەنتىڭگە ئالماي گەپ قىلىۋا-تىسەن ، جانلىرىم سۆيۈنۈپ كەتتى ، مانا ئەمدى زۇلئاينىڭ ئېرىگە ئوخشىدىڭ .

— ئاپا ، ئۆتنۈپ قالغىلى تاس قاپتىمەن ، — نېمە ئۈچۈندۇر قەدىرداننىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى ، — ئاباق توختى دادامغا ئاھالە كومىتېتىدىن مەخسۇس ئادەم قاراۋاتىدۇ ، تۇرمۇشى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

— ئاھ مۇرەببىيىم ، مېنىڭ مۇرەببىيىم ، قىرغىنىڭدا ئەجەبمۇ بىر دىشۋارچىلىقتا قالدىڭغۇ ، — ھۆسنارخاننىڭ ئېرىنى ياد ئېتىپ يىغلىشى قەدىرداننىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈپ ، كۆزلىرىگە ياش ياماش-تى . ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىدا : «ئاپا ، سەۋر قىلىسىلا» دېگەن تەسەللىنى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىدى .

قەدىردان كۆرۈشۈش ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپلا يىغلىۋەتتى ، ئەگەر ھۆسنارخاندىن باشقا ئەركەك بولغان تەقدىردىمۇ ، بېشىغا كەلگەن پاجىئەلىك قىسمەتلەر ئازابىغا چىدىيالماس ئىدى . ئۇ بىر جۈپ قىزى ئەختەرنىسا بىلەن زۇلئايدىن ئايرىلدى ، ئىسمايىل بالدۇرلا تاشلاپ كەتتى ، بىر تاللا تەۋەررۈك ئوغلى ئەسەت ياش ئەمەسمىدى ، ئۇمۇ ئانىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ باقىيغا رەھلەت قىلدى . ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن ، ياشلىق چاغلىرىنىڭ يالدامىسى ، بالىلىرىنىڭ دادىسى بولغان ئاباق توختى ئېلىشىپ قالدى ! توۋا ، ئۆلۈمدىن ئۆلۈمنى كۈتمەك ئازاب ! خۇدايىم بۇ ئايالنىڭ لېيىنى دوزاخنىڭ كۈلىدىن ئالغان بولغىيتتىمۇ ؟ قارالڭ ، ھەممە سىرى ئەسرارلىرىدىن ، دىلكەشلىرىدىن ، مۇڭداشلىرى-دىن ، يۈرەك پارىلىرىدىن ئايرىلغان بۇ مەزلۇمنىڭ دار ئالدىدىمۇ يەنىلا ھېچنېمە بولمىغاندەك ، بۇرۇنقى ئاچچىق تىلى يەنە بىسار ، يۈز - خاتىر قىلمايدىغان مىجەزى شۇ پېتى ، ئۆز سۆزلۈكى

ئۆزگەرمىگەن...

قەدىردان كەچكە يېقىن روھسىز هالدا جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىگە باردى . ئۇ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە كىرىپ ئىنىسى ئابدۇراخماننى ئىزلەيدىغانلىقىنى دېدى ، ئۇلار قول تېلېفونى ئارقىلىق بىردەمدىلا ئالاقىلىشىپ ، ئۇنىڭغا : «خوتەندىن ئاكاڭ كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى . قەدىردان خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە بىردەم ئولتۇرۇشى ، ساقچى فورمىلىرى بىلەن تېخىمۇ تەمبەل ، ئېگىز بولۇپ كەتكەن ئابدۇراخمان كىرىپ كەلدى . ئۇ ئاكىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، قەدىرداننى كەچلىك بازارغا ئاپىرىپ قورسىقىنى تويغۇزدى ، ئاندىن ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ ، 5 ـ كورپۇس تۆتىنچى قەۋەتتىكى ئىككى ئېغىزلىق چاققانغىنا ئۆيىگە باشلاپ كەلدى . ئابدۇراخمان ساقچى فورمىلىرىنى سېلىۋېتىپ ، چايدانىدىكى تەييار قايناق سۇ بىلەن چاي دەملىدى . ئاندىن ئەينەك شىرەگە تاتلىق ـ تۈرۈملارنى تىزىپ قويدى .

— قېنى چاي ئىچ ، ئۇسساپمۇ قالغانسەن ، — دېدى ئابدۇراخمان يۇمشاق بولكىنى ئوشتۇۋېتىپ ، — شۇنچە يىللاردىن بېرى مېنى ئىزدەپمۇ قويمىغان ئادەم ئەجەب بۇ قېتىم مېنى ئەسلەپ قاپسەن ؟

— تولا سېسىق گەپنى قىلمىۋەرمەي ، ئادەمدەك ئاۋۋال هال سورا ، ئۇقتۇڭمۇ ؟ — قەدىرداننىڭ كەيپى چىگىش ئىدى ، — بوسۇغاڭغا دەسسەپ بولغۇچە ساقچىلىقىڭنى پەش قىلماي .

— بولدى ، خاپا بولما ، ئاكا ، — ئابدۇراخمان قىزىرىپ كەتتى ، — هە ، قېنى دەپ باقە ، مېنى يوقلاپ كەلدىڭمۇ ياكى بىرەر هاجىتىڭ بارمۇ ؟

— بۇ قېتىم چوڭراق هاجەت بىلەن كەلدىم ، — قەدىردان بىردەم جىم تۇرۇۋالدى ، — زادى خروئىننى ئۇزۇل ـ كېسىل تاشلىغىلى بولىدىغان بىر ئامالنى قىلغىن .

— شۇ چاغقىچە چېكمۇاتامسەن ؟ — ئابدۇراخمان ئاچچىقىدا ئېغىر تىندى ، — تېخىچە تاشلىيالمىدىڭ ؟

— ياق ، تاشلىيالمىدىم . شۇڭا ، بىر ئامالىنى قىلارمىكىن دەپ سىنىڭ قېشىڭغا كېلىشىم .
— ئامالىغۇ بار ، لېكىن چىدىيالماسسەنمىكىن .
— مېنىڭ چىدىيالمايدىغانلىقىمنى نەدىن بىلىسەن ؟
— خوتەندە پۇت ـ قولۇڭنى باغلاپ نىمە ئىشلارنى قىلمىغان ؟ ئاڭلىسام بېيجىڭدىمۇ زەھەر تاشلاش ئورنىدا يېتىپ چىقىپسەن ، نىمە ئۈچۈن تاشلىيالمىدىڭ ، كۆتۈلۈك چىدىمىدى ، شۇنداققۇ ؟
— بۇ قېتىم چىدايمەن .
— ئەمدى چىدىمىساڭمۇ چىدايسەن . ئالدىمغا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەلدىڭمۇ ، مەن ئەمدى سېنى ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن .
— نەگە ئاپىرىپ بېرىسەن ؟
— «ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش ئورنى» غا !
— نەدە ئۇ يەر ؟
— تۆت تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ، — ئابدۇراخماننىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلۈپ ، ئاكىسىغا قولىنى شىلتىدى ، — ھېلىمۇ ياخشى خالەت قارىم ئەتكەسچى گۇرۇھىدىن ۋاقتىدا ئايىغىڭنى تارتىپسەن ، بولمىسا سېنىڭ جاجاڭ بىر پاي ئوقتى !
— سەن ••• سەن نەدىن بىلىسەن ؟ — قەدىردانىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى ، — ساڭا بىر كىم دېدىما ؟
— مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناقنى بېيجىڭدا بىز سوراق قىلغان ، ئۇقتۇڭما ؟
ئابدۇراخمان بېيجىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۇلارنى پراكتىكا ئاساسىدا جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىش نەق مەيدانلىرىغا قاتناشتۇراتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، بېيجىڭ ساقچى دائىرىلىرى ئۇيغۇر جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلغاندا تەرجىمانلىق ئۈچۈن ج خ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يۇقىرى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلاتتى . بىر قېتىم كۇنمىڭدىن كەلگەن ئايروپىلان بېيجىڭ ئايرودرومىغا چۈشۈش بىلەن ساقچىلار ئىككى گۇمانلىق ئادەمنى تۇتۇۋالدى . ئۇلار 35 ـ 36 ياشلار چامىسىدا

بولۇپ ، خوتەن شىۋىسىدە سۆزلەيتتى ، شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى خەنزۇ تىلىنى بىلمەيتتى . ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى مەتتۇرغۇن شىلىم ، يەنە بىرىنىڭ نۇرادىل پاناق ئىدى .

— ساقچى يولداش ، — دېدى مەتتۇرغۇن شىلىم ئابدۇراخمانغا يېلىنىپ ، — سومكىمىزدىن ، يانچۇقىمىزدىن يىغىنىنىڭ سۇنۇقىدەك بىر نىمە چىقمىدى ئەينا ، بىزنى قويۇپ بەرگەن بولساڭلار .

مەتتۇرغۇن شىلىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى شىۋۇ مىيىقىدا ئاچچىققىنا كۈلۈپ قويدى .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى لى مۇئاۋىن باشلىق ، — ئىككىڭلار قولۇڭلارنى كېرىپ ، ئولتۇرۇپ - قوپۇش ھەرىكىتىدىن يۈزنى قىلىڭلار ، ئاندىن مەن سىلەرنى قويۇۋېتەي .

— ئا ... قىلساق قىلدۇق ئەينا ، — دېدى نۇرادىل پاناق ھەرىكەتنى باشلاپ ، — بىر ، ئىككى ، ئۈچ ، تۆت...

— لى مۇئاۋىن باشلىق ، — ئابدۇراخمان ھەيران بولۇپ سورىدى ، — سوراقخانىدا ئۇلارنى تەنھەرىكەت ئوينىتىپ يۇرگۈچە قويۇۋەتسەك بولمامدۇ ؟

— سەن ئۇقمايسەن ، — لى باشلىق ئۇنلۇك گەپ قىلدى ، — بۇلارنىڭ ئاشقازىنىدا خروئىن بار ، ئۇلار ئولتۇرۇپ - قوپقانسېرى ئاشقازان بىر كېڭىيىپ ، بىر تارىيىپ ، چاپلىغۇچ يېشىلىپ كەتتىمۇ ، خروئىن ئاشقازىنىغا چىقىپ كېتىپ ئۆلىدۇ ، بۇنى ئۇلارغا ئۆزۈڭنىڭ گېپى قىلىپ دەپ بەرگىن .

— سىلەر ساناپ ئەللىككە بارغاندا ئۆلىسىلەر ، شۇنىمۇ بىلەلمىدىڭلارمۇ ؟ — دېدى ئابدۇراخمان ئاچچىقى بىلەن ، — ئولتۇرۇپ - قوپقانسېرى ئاشقازىنىڭلار بىر كېڭىيىپ ، بىر تارىيىپ ، چاپلىغۇچ يېشىلىپ كەتتىمۇ ، خروئىن ئاشقازىنىڭلارنى زەھەرلەپ يېرىۋېتىدۇ .

ئابدۇراخماننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناق ھەرىكەتنى دەرھاللا توختىتىپ ، بىر - بىرىگە قاراش-

تى . چۈنكى ، ئۇلار ئىككى تال «كەمپۈت» يېيىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دىلمۇرات ماكاشنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئەسلىرىگە ئېلىشقانىدى .

— ھە ، ھەرىكەتنى داۋاملاشتۇرماي توختاپ قالدىڭلارغۇ ؟ — لى باشلىقنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى ، — قېنى ، ئەمدىلا يىگىرمە سەككىزگە كەلدىڭلار .

مەتتۇرغۇن شىلىم بىلەن نۇرادىل پاناق بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ، خېلى بىر ۋاقىتچە تۇرغاندىن كېيىن ، ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى .

— باشلىق ، قورسىقىمىزدا مال بار ئىدى...

قەدىردان چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئەيسا خېنەنجىرنىڭ : «ئاشۇ توخۇ يۈرەكلەرنىڭ پاش قىلىشىدىن بىزلەر مۇشۇنداق كۈنلەرگە قالدۇق» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى .

— دورا ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى خروئىننى چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن ، — دېدى ئابدۇراخمان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — ئۇلارنى قايتا سوراق قىلغىنىمىزدا ، خالمەت قارىم ، غەيرەت جاڭدۇ ، ئەبەي گىتار ، ئەيسا خېنەنجىر ، تۇرسۇن كاللا ، دىلمۇرات ماكاش ، مەتتۇرغۇن شىلىم ، نۇرادىل پاناقلاردىن تەركىب تاپقان خروئىن ئەتكەسچىلەر گۇرۇھى ئاشكارىلاندى . ئەمما ، سېنىڭ ئىسمىڭ چىقىش بىلەن ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ ، قېقىلىپ كەتكىنىمنى بىلمەي قالدىم .

— نېمە ، مېنىڭ ئىسمىم چىقتىما ؟

— شۇنداق بولمايچۇ ، نۇرادىل پاناقنى ئايرىم سوراق قىلغىنىمىزدا ئۇ ھېچنېمىنى قويماي پاش قىلدى .

— ئەتكەسچىلەر گۇرۇھىدىكى ئادەملەرنى تولۇق پاش قىل ، — ۋارقىرىدى لى مۇئاۋىن باشلىق ، — ئەگەر بىرەرىنى يوشۇرساڭ ، گۇناھىڭنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋالىسەن .

— توغرا ، بىزدە قەدىردان دېگەن بىر ياش بالا بار ئىدى ، — نۇرادىل تورۇسلارغا قاراپ قويدى ، — ئۇنىڭ خالمەت

قارىمدا 60 مىڭ سوم پۇلى باركەن . قارىمغا بەرمەك تەس كەلگەندۇ ، 60 مىڭ سوم پۇلۇڭنى ئون ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىمەن ، دەپ ، قەدىردانىنى ئالداپ ئېلىپ كەپتىكەن . لېكىن ، ئۇ بالا گۇاڭجۇغا كەلگەندە : «مەن بۇنداق قانۇنسىز ئىشلارغا قاتناشمايمەن» دەپ ، 60مىڭ سوم پۇلىنى ئېلىپ كېتىپ قالغان .

— مەتتۇرغۇننىڭ دېيىشىچە ، خالمەت قارىم قەدىردانىنى ئەتىۋارلاپ ، «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك» كە بىللە ئېلىپ كىرىپتىكەنغۇ ؟

— شۇنداقلىقى راست ، ئەمما ئۇ چاغدا ھەممىمىز بۇ ئىشنى باشقىچە تەھلىل قىلغان .

— مەسىلەن قانداق ؟

— قەدىردان سودا ئىشلىرىغا پىششىق ، ئېپى بار ، ئەقىللىق ، ئۇسۇل - چارىلىرى كۆپ بالا بولغاچقا ، ئۇنى قارىم يېنىغا تارتىپ ، ئۆزىگە ياردەمچى قىلماقچى بولغان ، — نۇرادىل پاناق ئۇسساپ كەتتىم دېگەچكە ، ساقچى ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان سۇ ئەكېلىپ بەردى ، — لېكىن قەدىردان ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ دەرھاللا قارشى چىققان ، شۇڭا ئۇ بۇرۇنلا كېتىپ قالدى .

— يەنە دەيدىغانلىرىڭ بارمۇ ؟

— ئەمدى مەن دەيدىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېدىم ، پەقەتلا قالمىدى .

— يەنە يوشۇرغانلىرىڭ بولسىچۇ ؟

— ھۆددەس يوشۇرمىدىم ، مەن ۋىجدانىم بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەن !

قەدىردان سىركاينى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ ، شىرەگە جەينەكلىگىنىچە تېگىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ كاللىسىدىن غەلىتە ئوي - خىياللار ئۆتمەكتە ئىدى . بىر زامانلار بازاردىكى ئۇستۇنلۇكنى تالىشىپ ، قەدىردانىنى ئۇرۇپ ئېغىر ياردار قىلغان ئادەملەر شۇ ئىدى . كېيىن ئۇلارمۇ زوھۇر گاسسىيانىڭ لوكچەكلىرىدىن تاياق يەپ ، خوتەن ، ئۈرۈمچى ، ھەتتا بېيجىڭ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇلاردىمۇ تۇرالماي ، جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىغا قېچىپ كەتـ

كەنىدى . راست ، ئۇلار بىر مەزگىل بىر قازاندا قايىندى ، ئۆزئارا چۈشىنىشىپ ، بۇرادەرلىك كەمىرىنى باغلاشتى .مانا بۇگۈنكى كۈن-دە مەتتۇرغۇن شىلىم ، بولۇپمۇ نۇرادىل بۇرادەرلىك مېھرىنى يەتكۈزۈپتۇ ، «بىز كۆرگەن كۈننى ئۇمۇ كۆرسۇن ، ھەممىمىز بىر دوزاخ ئوتىدا كۆيەيلى ، بىر چاغلاردا بىزنى زوھۇر گاسىياغا ئۇر-دۇرغان ئەمەسمىدى » دەپ كۆڭلى قارىلىق قىلماپتۇ . «بىر ئادەم بولسىمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرسۇن » دېگەن مۇسۇلمان ئەقىدىسى-نى مىزان قىپتۇ . مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ سادىقىسى بولساڭ ئەرزىيدۇ .

— ئاكا ، ئۇيقۇڭ كەلدىغۇ دەيمەن ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ پۇت - قولۇڭنى يۇيامسەن قانداق؟ ئەمىسە مەن كىرىپ چىقاي ، — ئابدۇراخمان ئىككى كىشىلىك چوڭ كارىۋاتقا قاراپ قويدى ، — ئۆزۈن يىللار بوپتىكەن ، ئىككىمىز بىللە ياتمىغىنى .

زەھەر تاشلاش ئورنىنىڭ مۇددىتى قانچىلىككەن؟ — قەدىر-داننىڭ چىرايىدىن ئەنسىرەش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى ، — باسقۇچلارغا بۆلۈپ داۋالايدىغاندۇ؟

— بىر داۋالاش باسقۇچى 40 كۈن ، لېكىن سەن بارىدىغان يەرنىڭ مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش ئورنى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قال-ما ، — ئابدۇراخمان مۇنچىخانىدا پۇتلىرىنى يۇيۇۋېتىپ ۋارقىرى-دى ، — ئۇ يەردە خروئىن چېكىپ ئۆزگەرگەن ياكى ئۆزگىرىۋات-قانلار تەرتىپ يۇرگۈزىدۇ . ساقچىلار بولسا داۋالاش ، ئامانلىقنى ساقلاش ، ئېغىر پاجىئەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدۇ ، ئۇ يەردە كىملا باشقۇرسۇن ، شەرتسىز بويسۇنۇشۇڭ كېرەك .

پۇت - قوللىرىنى يۇيۇپ يوتقانغا كىرگەن قەدىرداننى نېمە ئۇچۇندۇر بىر خىل قورقۇنچ ئۆز ئىلكىگە ئالدى ، ئۇكىسى ئابدۇ-راخماننىڭ : «خروئىن چېكىپ ئۆزگەرگەن ياكى ئۆزگىرىۋاتقانلار تەرتىپ يۇرگۈزىدۇ» دېگەن گېپى ئۇنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرى-ۋەتكەندەك بولدى ، بىردىنلا كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلمى

«پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى» ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى، تۆھمەت ۋە سۇيىقەست بىلەن قارىلانغان ساقچى تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا، گۇندىخانىدىكى زوراۋانلار ئۇنىڭغا پوق، سۈيدۈك تۆكلد-رىنى توشۇتقۇزىدۇ، تاماق ۋە ھور نانلىرىنى تارتىۋالىدۇ، تېخى ئوقۇۋاتقان كىتابىنىمۇ زوراۋان ئەبلەخ: «مەن ئوقۇيمەن» دەپ ئېلىۋالىدۇ، ھەتتا كېچىسى ئۇنى يوتقانغا پۈركەپ قويۇپ قاتتىق ئۇرىدۇ، قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ تۈرمە ئىچىدە كۆرمىگەن كۈنى قالمايدۇ. ئادەتتە چەت ئەل كىنولىرىدىمۇ مەھبۇسلار زوراۋانغا خۇشامەت قىلىپ، ياۋاشلارنى بوزەك قىلىدۇ.

— بولدى بەس، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي، خىروئىنىدىن بۇ قېتىم يا ئۆلۈپ قۇتۇلىمەن، يا تىرىك قۇتۇلىمەن.

قەدىردان ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

# قىرىقىنچى باب

مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ بىجىرگەن رەسمىيىتى بىلەن ، قەدىردان «ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش ئورنى»غا قوبۇل قىلىندى . ئۇ ئۆپكە ، يۈرەك ، جىگەر ، ئاشقازان قاتارلىق ئىچكى ئەزالار ھەم قان تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىنى ئىككى سائەت ئەترا-پىدا تۈگىتىپ قايتىپ چىقتى . ئاندىن ئابدۇراخمان ئۇنى سىم تور بىلەن توسالغان داۋالاش رايونىغا كىرگۈزۈۋېتىپ قايتىپ كەتتى . قەدىرداننىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتقان ئىككى ساقچى داۋالاش رايو-نىنىڭ پەس قورۇسىغا پەلەمپەيلەر بىلەن ئېلىپ چۈشمەكتە ئىدى . بۇ چاغدا قەدىرداننىڭ كاللىسىدا خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك بىر ئۇقۇم پەيدا بولدى .

«ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش ئورنى» تۆت قورۇغا بۆلۈنگەن بولۇپ ، ھەر بىرى ئادەم چىقالمىغۇدەك ئېگىز سىم تورلار بىلەن ئىھاتە قىلىنغانىدى . بىرىنچى قورۇ «باشقۇرۇش رايونى» دەپ ئاتىلىپ ، ئۇنىڭدا ساقچىلارنىڭ ئىشخانا ، ياتاق ، دەم ئېلىش ئۆيلىرى ، شۇنداقلا قورۇسىدا ماگىزىنلار بار ئىدى . ئىك-كىنچى پەس قورۇ «داۋالاش ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رايونى»دەپ ئاتىلىپ ، كەڭ كەتكەن سېمونت مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر قورشاپ تۇراتتى . بۇ قورۇنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى سىم تور بىلەن ئايرىلغان ، ئۇ تەرىپى قىز - چوكانلارنىڭ ياتاقلىرى ئىدى . «داۋالاش ، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش رايونى» غا تام قوشنا بولغان كىچىكرەك قورۇنى «كېسەللەر رايونى» دەپ ئاتايتتى . ئۇ يەردە خىروئىن چەككۈچى ، ئوكۇل قى-لىپ سالغۇچىلارنىڭ ئاخىرقى باسقۇچتىكى بەدەنلىرىنى ھەرخىل

قاپارتما ، جاراھەتلەر قاپلاپ ، يىرىڭلىق ئىششىقلار سىيىپ ئېقىشقا باشلىغان ياكى نېرۋىسىدىن ئاداشقان ، ئىشتىھا تۇتۇلۇپ تىرىك مۇردىغا ئايلانغان قۇرۇق سۆڭەك بىمارلار بار ئىدى . بۇ قورۇغا پات - پاتلا جەسەت توشۇش ماشىنىلىرى كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى .

قەدىردانىنى ئېلىپ كەلگەن ئىككى ساقچى ياتاق ئالدىغا كېلىپ پۇشتەكنى قاتتىق چېلىشى ، ياتاقلاردىن تۆۋىنى 14 - 15 ياش ، يۇقىرىسى 40 - 50 ياشلاردىكى 80 دىن ئارتۇق ئادەم يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ، مەيدانغا ئۈچ ئەترەت بولۇپ تىزىلدى . ھەربىر ئەترەتنىڭ ئاتامانى بولسا كېرەك ، بىردىن ئادەم توپ ئالدىدا گىدىيىپ تۇراتتى . سېمىز ، قورساقلىق ساقچى قاتتىق ۋارقىرىدى :

— قۇربان ھېلىم !

— بار ! — بىرىنچى توپ ئالدىدىكى ئوتتۇرا بوي ، چىرايى قاپقارا ، 30 ياشلاردىن ئاشقان ، تەمبەل ، سۆرۈن نەلەت بىرى ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ ئىككى پۇتىنى جۈپلىدى .

— سېنىڭ ئەترىتىڭگە قەدىردان ئىسىملىك بىر ئادەم بېرىمەن . ئۇ بۇرۇن مىليونېر باي بولغان ، لېكىن خروئىندىن ئىبارەت ئالۋاستى ئۇنىڭ بايلىقىنى توزۇتۇۋەتكەن ، شۇڭا ئۇنى ئاراڭلارغا ئېلىپ ، زەھەرنى ئۈزۈل - كېسىل تاشلىشىغا ياردەم قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن .

— بەجانىدىل ئورۇنلايمەن ! — قۇربان ھېلىم يەرنى يەنە بىر قېتىم تېپىپ پۇتىنى جۈپلىدى .

— زەھەر تاشلاپ چىقىپ كەتكەن 9 - نومۇرنىڭ ئورنىدا قەدىردان ياتسۇن !

— بولىدۇ ، باشلىق ، — قۇربان ھېلىم ئارقىسىغا شارتلا بۇرۇلۇپ ، ئەترەت ئەزالىرىغا بۇيرۇق قىلدى ، — زاكىر ، ئىمىر !

— بار !

26 - 27 ياشلار ئەتراپىدىكى ، ھال رەڭ يۈزىنى قارا - قۇرا داغلار بېسىپ كەتكەن ، ئېگىز ، ئورۇق زاكىر ئىسىملىك يىگىت

بىلەن ۋىجىك، قىزىل باش، تاز چىراي ئىمىر ئىككىسى توپ ئالدىغا چىقتى. ئۇلار يۇگۇرۇشۇپ كېلىشتى ـ دە، قەدىرداننى ئارىغا ئېلىپ مېڭىشتى، ساقچىلار كېتىپ قېلىشتى. ياتاقلىرىغا تارقاۋاتقان ئادەملەر قۇربان، زاكىر، ئىمىرلارنىڭ چىرايىدىن ئەيـمىنىپ، يەر بېقىپ ماڭغىنىچە تىكىلىپ قارىيالمىدى. ئۇلار ياتاقـلىرىغا كىرىپلا غايىب بولۇشتى، بىرەرىمۇ سىرتقا چىقمىدى. قەدىردان بىناغا قەدەم ئېلىپلا ھەيران قالدى، چۈنكى 70 ـ 80 قەدەم كەلگۈدەك سېمونت كارىدورغا سۇ چېچىپ شالاقلىتىۋەتكەنىدى. بۇ 10 ـ ئاي مەزگىللىرى بولۇپ، كېچە تۇرماق، كۈندۈزلىرىمۇ سالقىن ئىدى. بۇ ئىش قەدىرداننى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى.

— كىيىمىڭنى سال، — دېدى قولىدا تاسما بەلۋاغ تۇتۇپ تۇرغان قۇربان ھېلىم قاپقارا يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — تېز بول!

— نېمە، مەنما؟ — قەدىردان دەماللىققا ھېچنېمە ئۇقالمىدى، — مېنى دېدىڭما؟

— ھـەي ھـشـىدـق سـتـارى، — ئىـمىر تاز قولىنى شىلتىدى، — قۇربان ئاكام سېنى دېمەي ھامماچاڭنى دېدىما؟ ساله كىيىمىڭنى!

— ئاناڭنى كىسپۇرۇش، — زاكىر قولىدىكى تاياقنى قەدىرداننىڭ كۆزىگە چىنىدى، — قۇربان ئاكام ئەزەلدىن بىر گەپنى ئىككى قېتىم تەكرارلىمايدۇ، ئۇقتۇڭما؟

شۇ ئەسنادا قۇربان، زاكىر، ئىمىر تازلارنىڭ ئارقىسىدا گۇپپاڭچى، خۇشامەتچى، يالاقچى لالما ئىتلاردىن يەنە ئۈچ ـ تۆت ئادەم يىغىلدى. ئۇلار بـەزىدە ئـاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشسە، بەزىدە ئـۈچ زوراۋاننىڭ قـايىسى گەپ قىلسا: «شۇنداق!»، «ئەلۋەتتە!»، «توغرا، توغرا» دېگەندەك گۇپپاڭچىلىق قىلىشىپ بېرەتتى. قەدىردان چاپىنىنى سېلىپ يەرگە تاشلىشى، زاكىر قولىدىكى ئۇزۇن تـاياق بىلـەن ئۇنىـڭ دولىسىغا بىر نەچچىنى

سېلىۋەتتى .
— ھەي جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى ، كىيىم سېلىشنىمۇ بىلمەمسەن ؟ ياكى بىز سالدۇرۇپ قويامدۇق ؟ قۇربان ئاكامنى تولا قاقشاتما جۇمۇ !
قەدىردان ھەممە كىيىمىنى سېلىپ ، كالتە ئىشتىنى بىلەنلا قالدى . ئۇنىڭ غەزەپتىن كۆزلىرى ئالىيىپ كەتكەنىدى .
— بۇنىمۇ سال ، — قۇربان كۆزلىرىنى چەكچەيتتى ، — ئۇنى ئاچاڭغا ئاياپ قويدۇڭما ؟
— ھەرقايسىڭدا ھايا دېگەن نەرسە يوقما ؟ — قەدىردانىنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى ، — بۇنى ئۆلسەممۇ سالمايمەن ، زورلىساڭ بۇ يەردە ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىقىدۇ .
— ھەي گۇيىنىڭ بالىسى ، گەپ قىلمىساق تېخى يوغانلىق قىلغۇڭ بارما ؟ — زاكىر دېۋەيلەپ كېلىپ ، ئىپگىز ، قاۋۇل قەدىردانغا بويۇنداق قارىدى ، — يەنە مېنىڭ قولۇمدا ۋەتۋەرىكىڭ چىقىپ كەتمىسۇن !
— ئۇنداقتا : «ئۆلسەم ئۆزۈمگە ھېساب» دەپ قولۇڭدىن خەت قىلىپ بەر ، ئاندىن سېنىڭ بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي ، — قەدىردان مۇشتۇملىرىنى تېخىمۇ قاتتىق تۈگدى ، — بۇرۇن سەندەك نەرسىدىن تۆتنى ئۇرۇپ بىر يىل تۈرمىدە ياتتىم ، يەنە تۈرمىگە كىرىپ قالغۇم يوق .
ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى ، قەدىردانىنىڭ كىرىشىپ كەتكەن مۇشتۇملىرىنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى ، شۇنداقتىمۇ ئۇنى بويسۇندۇرمىغاندا ، ئۆزىنىڭ زوراۋانلىق ئورنى لىڭگىر ـ تاقتاق ئويناپ قالاتتى . شۇڭا ، ئۇلار ئاتتىنىمۇ ، ئۆزەڭگىدىنىمۇ چۈشمەسلىكى ، ئاسانلا بەل قويۇپ بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى .
— سەندەك ئاغزىدا شە ئالىدىغان شاۋچىدىن كۆرمىگىنى كۆرگەن بىز ، — دېدى قۇربان گۈل چېكىلگەن تۈكلۈك قوللىرىنى شىلتىپ ، — تۆت كۈندە پىلىكتەك يۇمشاپ : «جان ئاكا» دېمىگىنىڭنى كۆرەي .

قۇربان قولىدىكى تاسما بەلۋاغ بىلەن قەدىرداننىڭ دولىسىغا «قارسلا» قىلىپ بىرنى سالدى، بۇنىڭدىن ئۆزىگە جان كىرگەن زاكىر ئىتىلىپ كەلدى:

— ھەي جالاپنىڭ بالىسى...

— نېمىگە ئادەم تىللايسەن، — قەدىردان ھۇرپەيگەنىدى، ئۈچ ئاتامان ۋە باشقىلار قارا - قويۇق ئۇرۇپلا كەتتى.

— ھەي شاۋچى ھەزىلەك، — قۇربان تاسما بەلۋاغنى شىلتىدى، — بايىقى ساقچىلار: «ئاراڭلارغا ئېلىڭلار!» دەپ تاپشۇرۇپ بەرگىنىنى ئاڭلىغانسەن؟ بىزنىڭمۇ ئارىمىزغا ئالىدىغان مىزانلىرىمىز بار، ئۇقتۇڭما؟ ھازىر خۇمارغا جەڭ ئېلان قىلىش بىرىنچى باسقۇچنى باشلايمىز.

— ئۇقتۇم، — قەدىردان بۇ ئىت - بۆرىلەر بىلەن تەڭ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، — قېنى قانداق مىزانلار بولسا مەن ئورۇنلاي.

— مەن پۇشتەكنى چېلىشىم بىلەن كارىدوردىن يۈگۈرۈپ، ئەڭ چەتتىكى ھاجەتخانا ئالدىغا بارىسەن، — دېدى زاكىر تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ، — ئىككىنچى قېتىم چالغاندا يەنە مەشەگە يېتىپ كېلىسەن، ئەگەر يېتىپ كېلەلمىسەڭ ئۆزۈڭنىڭ شورى.

زاكىر پۇشتەكنى چېلىشى، قەدىردان سۇ چېچىپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن سېمونت كارىدوردىن يۈگۈرۈپ ھاجەتخانا ئالدىغا باردى - دە، ئارقىسىغا ئۆچقاندەك ياندى. ئۇ كارىدورنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈشى، ئىككىنچى پۇشتەك چېلىندى، ئەمما ھاسىراپ، يىقىلىپ - قوپۇپ يېنىپ كەلگەندە، ھەممىسى بىردەك ئۇنى ئۇرۇپ يەرگە يىقىتتى. زاكىر بايىقى ھەرىكەتنى قايتا تەكرارلىغاندا، يالىڭاچلانغان قەدىردان يەنە جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ھەي شاۋچىلار، — دېدى قۇربان، — بۇنىڭ بۇرنىنىڭ بېزى خېلىلا يوغاندەك قىلىدۇ. ئۆزىمىزنى راسا بىر تونۇتۇپ قويايلى، لېكىن ساقچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان يەرلىرىگە ئۇرۇپ سالمايلى.

— ئۇنىڭ قاپىقىغا قايسىڭ ئۇردۇڭ ؟ — زاكىر ھەممىگە گۆلەيدى ، — ئەتىلەتىن ئوكۇل سالغىلى ساقچى دوختۇرلار كىرسە ، قۇربان ئاكامنى بالاغا تىقماقچىمىدىڭ ھەرقايسىڭ .

قەدىردانىنى ئۇزۇن سۇلۇق كارىدوردا ئۈچ قېتىم يۇگۇرتۇپ ، قارا - قويۇق ئۇرۇپ - تىللاپ ، خۇمارغا جەڭ ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، چوڭ ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرىپ دۇم ياتقۇزۇپ ساغرىسىغا كالتەك بىلەن ئوننى ئۇرۇپ ، «خۇمار قاچۇرۇش» باسقۇچىنى ئورۇنلىدى . ئاندىن ئۇنىڭ تىزىنى ئالدىغا چىقىرىپ ، ئىككى قولىنى كەڭ كېرىپ ، تامغا قاراتقىنىچە زوڭزايتىپ قويدى ، خىروئىن خۇمارىغا قارشى «جەڭ»نى ئاخىرلاشتۇرغان بۇ غالىبلار «خۇمار قاچۇرۇش» كالتە جېڭىنى تۈگىتىپ ، قەدىردانىنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى . بۇ ئەسنادا ھاجەتخانىغا كىرىپ - چىقىپ تۇرغان زەھەر تاشلاش «جەڭچى»لىرى ئۆز ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ غىپپىدىلا يوقىلاتتى . ئۇلار خۇددى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىكتەك ، قدىردانغا پەرۋامۇ قىلمايتتى . ئارىدىن ئىككى سائەتتەك ئۆتكەندە ، زاكىر بىلەن ئىمىر قىزىل باش ئىككىسى ھاجەتخانىغا كىرىپ : «يۈر !» دەپ ۋارقىرىدى ، قەدىردان ئۆرە بولالماي يىقىلىپ چۈشتى . چۈنكى ، ئۇنىڭ پەي - مۇسكۇللىرى تارتىشىپ قېتىپ قالغانىدى . ئۇ يىقىلغان يېرىدە تىز ، يوتا ، تاپانلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن ئارانلا تۇرغان بولسىمۇ ، بىراق ئالچاڭلاپ ئارانلا ماڭدى .

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا خورلۇق تېخىمۇ يامان بولدى . چوڭ ئاشخانىغا رەت - رەت بېكىتىلگەن ئۇزۇن شىرەلەردە زەھەر تاشلىغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلار قاچىلىرىدىكى تاماقلىرىنى ئالدىلىرىغا قويۇپ ئولتۇرغىنىدا ، زاكىر ، قۇربان ، ئىمىر تازلار شىرەلەرنى چۆرگىلەپ يۈرۈپ ، قاچىلاردىكى گۆشلەرنى تېرىپ ئۆزىنىڭ قاچىلىرىغا سالاتتى . ياخشىراق تاماق ئەتكەنلىرىدە ، بەزىلەرنىڭ تاماقلىرىنى قاچىسىغا بۆلۈۋالاتتى . ئەمما ، ھېچكىم ئۇلارغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى ، ھەتتا

بۇ زوراۋانلار سەللا دىتىغا ياقمىغانلارنىڭ ھور نانلىرىنى مىجىغ-
داپ ، دەسسەپ تاشلاپ بېرەتتى . لېكىن زاكىر ، ئىمىر تازلاردەك
لالما ئىتلار بەكمۇ ھوشيار ئىدى . زوراۋانلار بىرەر كىمنىڭ ئەدى-
پىنى بېرىپ ياكى ئۇنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ تىنتىش ئېلىپ
بېرىۋاتقاندا ، ھېلىقى ئىتلار : «يولداشلار ، تاماقلارنى ئىسراپ قىل-
ماي پاكىز يەيلى» ، «باشلىق ، خۇمار بېسىش دورىسى ئەكەلدىڭىز-
مۇ ؟» دەپ قاتتىق «قاۋاش» ئارقىلىق ، ساقچىلارنىڭ كەلگەنلىرى-
نى ئۆز خوجايىنلىرىغا خەۋەر قىلاتتى . ئەگەر بىرەرى ئازابقا ،
خورلۇققا چىديالماي ساقچىلارغا مەلۇم قىلغىنىدا ، توگىمەس ـ
پۈتمەس بالاغا قالاتتى . ساقچىلار سۈرۈشتە قىلىپ كىرسە ،
زوراۋانلار بۇياقتا قېلىپ ، كۆپچىلىك : «ئۇنداق ئەمەس ، مۇنداق-
تى» ، «ئۇ چىشىمىغان بولسا ، ئۇ سىيمەيتتى» دېگەندەك گەپلەر
بىلەن زوراۋانلارنى ئاقلاپ ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ئۆتەتتى . يۇقىرىغا
ئىنكاس قىلغۇچى بولسا ، كېچىچە تاياق ۋە قىيناق دەستىدە :
«جېنىم ئاكىلار ، مەن ئېزىپتىمەن ، مەن پوق يەپتىمەن» دەپ
يېلىناتتى . ئەتىسى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى ياكى خۇمار بېسىش
ئوكۇلى سالغۇچى ، دورا تارقاتقۇچى ساقچىلار كىرىپ : «پېشانەڭ-
دىكى نېمە كۆك ، بۇ نېمە ئىششىق ؟» دەپ سۈرۈشتە قىلسا ،
ئۇلار : «ھاجەتخانىنىڭ چىرىغى كۆيۈپ كېتىپتىكەن ، تېيىلىپ
كېتىپ يىقىلىپ چۈشتۈم» ، «ئىشىككە ئۇسۇۋالدىم» دەپ يالغان
ئېيتاتتى .

كەچتە ، قەدىردان بۆلۈنگەن ئەترەتنىڭ باشلىقى قۇربان ياتاققا
كىرىپ كېلىشى ، ئۇنىڭ لالما ئىتلىرى كۆچۈكلىنىپ ، قۇيرۇق
شىپاڭشىتىپ كېتىشتى .

— قەدىردان ، كۆڭلىڭىزنى سال ، — ۋارقىرىدى قۇربان
قولىدىكى يېرىم خىشنى لۆڭگىگە يۆگەۋېتىپ ، — ھازىر شامىلىڭ-
نى يىغىمىز .

— نېمە شامال ئۇ يىغىدىغان ؟

— خروئىن دېگەن ئادەم بەدىنىگە چاپلىشىۋالسا ئاجرىمايدىغان

جىن ئۇ ! — قۇربان لۆڭگىگە يۆگەلگەن يىرىم خىشنى تەڭلەپ تۇراتتى ، — ئاشۇ جىننىڭ يامراپ كېتىۋاتقان شامىلىنى يىغىمىز .
بۇ ئەسنادا زاكىر ، ئىمىر تازلارمۇ كىرىپ ، تاختاي سۆكتە ئۇنىڭغا قاراپ ئۇلتۇرۇشتى .
قۇربان قەدىردانىنىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋېتىپ ، لۆڭگىگە ئورالغان يىرىم خىش بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇننى ئۇردى ، قەدىردان بىر ھازا نەپەس قىستاپ تامغا يۆلىنىپ قالدى .
كەچتە توك قوڭغۇرىقى چىرقىراپ ئۇخلاشقا سىگنال بېرىشى بىلەن ، ھەممە ياتاقتىكىلەر ئۇخلاش تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى ، لېكىن قەدىردانغا بېرىلگەن 9 ـ نومۇرلۇق ئورۇندا يوتقان ـ كۆرپە ، ياستۇق ، ئەدىياللارمۇ يوق ئىدى ، قۇرباننىڭ ياتىدىغان ئورنىدا بولسا قوش يوتقان ـ كۆرپە ، ئەدىيال ، ياستۇقلار تۇراتتى . قەدىردان كۆكرىكىنى قامالىغان ھالدا 9 ـ نومۇرلۇق ئورۇنغا قارىدى . لېكىن ، قۇربان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ گىدىيىپ تىك تۇردى :
— ھەي ، قونداقىقا بويۇندىغان توخۇدەك ئورۇنلارغا قارايسەن-غۇ ؟ — ئۇ تاختاي سۆكنىڭ ئاستىنى كۆرسەتتى ، — مانىڭ تېگىگە كىرىپ ياتىسەن ، بۇ دېگەن خىرۇئىن خۇمارىنى «نەملىكتە زەئىپ-لەشتۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ . ئاغىنىلەر ، سىلەرمۇ ياتقانمۇ يوق ؟
— ياتقان ! — دېيىشتى ياتاقتىكىلەر ، — ئالدىمىز بەش كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ياتتۇق !
قەدىردان تاختاي سۆكنىڭ 30 سانتىمېتىرمۇ كەلمەيدىغان پاركا ئاستىغا قارىدى :
— بۇ يەرگە ئادەم قانداقمۇ پاتىدۇ ؟
— ئوڭـداڭغا يېتـىپ ، ساغـراڭ ، دۈمبەڭدە سىبجىپ كى-رىسەن .
قەدىردان «خىرۇئىنغا جەڭ ئېلان قىلىش» ، «خۇمار قاچۇ-رۇش» ، «شامىلىنى يىغىش» ، «خۇمارنى زەئىپلەشتۈرۈش» دې-گەنلەرنىڭ ھەممىسى زوراۋانلار ئۆزلىرى چىقىرىۋالغان پەتىۋا ئى-

كەنلىكىنى بىلەتتى . ئەمما ، ھەممىلا ئادەم ئۇلارنىڭ چالغان دېيىشقا ئۇسسۇل ئوينىشى ، كەتمىنىنى چىپىۋاتسا ، بۇنىڭغا نېمە ئامال ؟
قەدىردان ئۇچ كۈنگىچە «خىرويىنغا جەڭ ئېلان قىلىپ ، «خۇمار قاچۇرۇپ » ، «شامىلىنى يىغىپ » ، «خۇمارنى زەئىپلەشتۈرۈپ » ھالىدىن كەتتى . ئۇ تاختاي سۆكىنىڭ ئاستىدىكى خىش يېيىتىلغان نەم يەردە ئۇچ كۈن كېچىچە يېتىپ ، خۇمار زەئىپلەشىش ئۇياقتا تۇرسۇن ، ئۆزى ماغدۇرسىزلىنىپ ، ئولتۇرسا قوپالماس ، قوپسا ئولتۇرالماس ھالدا بەدىنىنى سوغۇق قاپلاپ كەتتى . ئۇنىڭ شۇنچىلىك سوغۇقى ئېشىپ كەتتىكى ، كېچىلىرى ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەي قوش ئالىقاندەك يەرنى لاي قىلىۋېتەتتى ، بولۇپمۇ لۆڭگىگە ئورالغان خىش پارچىسى ۋە لۆڭگە ئورالغان مۇشت بىلەن كۆكرەككە ئۇرۇپ «شامىلىنى يىغىش» قەدىرداننى ئالدىغا ئېڭىشتۈرۈپ قويدى ، ھەتتا تۆش سۆڭىكى خېلىلا ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتتى . ئۇ قىسقا ـ قىسقا يۆتىلىدىغان ۋە ھال رەڭ قان تۈكۈرىدىغان بولۇپ قالدى . تېخى ئەتىگەنلىك تاماقىچە يۈگۈرۈش ھەرىكىتى دەھشەتلىك زۇلۇم ئىدى . مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىغا تاياق ، تاسما بەلۋاغ ، شۇۋىق تۇتۇۋالغان زاكىر ، قۇربان ، ئىمىرلار ئۆزىنىڭ ئەترەتلىرىنى مەيداننى چۆرگىلىتىپ ، ھەدەپ ۋارقىراپ ، تاياق سىلىپ يۈگۈرتەتتى . ھەممىنىڭلا كۆڭلىدە : «ئاھ خۇدايىم ، يىقىلىپ چۈشمىسەم بولاتتى » دېگەن بىر ئىلتىجا بار ئىدى . چۈنكى ، يىقىلىپ چۈشسىلا ، قوپۇپ بولغۇچە ئۈستىگە تاياق يېغىپ كېتەتتى . زوراۋان قۇربان ھېلىم ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئىتىنىڭ تۇرقى ئىنتايىن ياۋۇز بولۇپ ، باشقىلارنى مەشىققە سالغانلىرىدا كۆڭلەكلىرىنى سېلىۋېتەتتى . ئۇلارنىڭ تۈكلۈك بىلەكلىرىدىن قورساقلىرىغىچە يىلان ، چايان ، ئەجدىھا چېكىلگەچكە ، يالىڭاچ بەدىنى يىراقتىنلا كۆپكۆك كۆرۈنەتتى . شۇڭا ، باشقىلار ئۇلارنى «گۈلدار جاللاتلار» دەپ قويۇشاتتى . بۇ مەخلۇقلار ئاغزىغا كەلگەن سەت تىللار بىلەن تىللاپ ، ئۇرۇپ مەشىققە سېلىۋاتقانلىرىدا ساقچىلار كېلىپ قالسا ، تاسما بەلۋاغ بېلىگە چىگىلىپ ، شۇۋىق ھەم تاياقلار

مەيدان چېتىگە تاشلىناتتى ۋە شۇ هامان پۇشتەك چېلىپ : « بىر ، ئىككى ، ئۈچ » دەپ ۋارقىراشقا باشلايتتى .

زەهەر تاشلىغۇچىلار چۈشتە بىر سائەت ئۇخلىغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار خەنزۇچە ، خەنزۇلار ئۇيغۇرچە ئىنقىلابىي ناخشا ئۆگىنەتتى ، هەربىر زەهەر تاشلىغۇچى 28 ئىنقىلابىي ناخشا ئۆگىنىش شەرت قىلىناتتى . خەنزۇ ئەترەتلەردىمۇ زاكىر ، قۇربان ، ئىمىر-لارغا ئوخشاش زوراۋانلار بارمۇ قانداق ، خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرى پات - پاتلا قەدىردانىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالاتتى ، هەتتا تىلى ئۇيغۇرچىگە ئەڭ قاتمال بولغان گۇاڭدۇڭ سىچۈەنلىك خەنزۇلارمۇ تامغا قاراپ ئۇيغۇرچە ناخشا ئېيتاتتى . بىر كۈنى قەدىردان تامغا قاراپ ناخشا مەشىق قىلىۋېتىپ ، بىر سىچۈەن-لىك خەنزۇ يىگىتنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ كۈلۈۋەتتىيۇ ، بىراق شۇ هامان كۆزلىرى ياشقا تولدى . هېلىقى خەنزۇ يىگىت ئىككى قۇلىقىنى تۇتۇپ بەخىرامان توۋلىماقتا ئىدى :

ئاناڭ مېنى تۇگكاندا ،
ئاك يوگاككا يوگىگان .
ئۆمرى ئوزۇڭ بولسۇڭ دەپ ،
بەختى بولسۇڭ دېمەگەن .

قەدىردان هازىر «ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەهەر تاشلاش ئورنى» نىڭ هەممە مىزان ، قائىدە - يوسۇنلىرىغا كۆندى . ئۇ ياتىقىدىكى ياۋاش ، مۇلايىم ، 22 ياشلاردىكى ئالىم دېگەن يىگىت بىلەن چىقىد-شىپ قالدى . ئۇلار ۋاقىت چىقىلا مۇڭدىشاتتى . بۈگۈن چۈشلۈك ئۇخلاشتا ئۇخلىمىغان قەدىردان كۆكرىكىگە ئالىقىنىنى قويغىنىد-چە ، تاش ئورۇندۇققا كېلىپ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇشى ، ئالىممۇ ئاسقاقلاپ يېتىپ كەلدى . بىر هەپتىنىڭ ئالدىدا ، مەيداندا مەشىق قىلىۋاتقاندا ، قۇربان ئۇنىڭ ئوشۇقىغا قاتتىق تېپىۋېتىپ ، شۇندىن بېرى ئۇ ئاسقاقلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى .

— قەدىردان ، مېنىڭچە زوراۋانلارنىڭ قىلىۋاتقان زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرىنى ساقچىلار بىلەمدىكىن دەيمەن ، — ئالىم ئاچچىق-قىنا كۇلۇپ قويدى ، — ماڭا ئوخشاش ئاسقاقلايدىغان ، يۈز ـ قاپاقلىرى ئىششىغانلارنى ئۇلار داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىدۇ ، بوزەك قىلىنغۇچىلار قورقۇپ يالغان ئېيتسا ، ئۇلار ئىشىنىدۇ .

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ، ساقچىلار كەلدىيۇ ، ئۇلار نېمە ئۇچۇن ئەسكىلىكنى يىغىشتۇرىدۇ ، — قەدىردان بېشىنى چايقىدى ، — ھەتتا بىر نەچچىسىنى قاراۋۇللۇققا قويۇپ ، ساق-چىلارنى كۆزىتىدۇ تېخى .

— بۇ كۆرۈنۈشتىكى ياسالمىلىقمىكىن دەيمەن ، — ئالىم ئېغىر تىنىپ قويدى ، — ئويلاپ باققىن ، بۇ گۇيلارنىڭ قىلىۋاتقان ئەسكىلىكلىرىنى ساقچىلار ھەرگىز قىلمايدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى بار . ئەمما ، نېمە ئۇچۇن بىلىپ ، كۆرۈپ تۇرۇپ توس-مايدۇ .

— مەنچە بىلمەيدۇ ، — دېدى قەدىردان كېسىپلا ، — بۇ ھەقتىكى مېنىڭ كۆز قارىشىم سىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ . خروئىن چېكىش دۇنيادا پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەيىبلەيدىغان يامان ئىللەت ، تاشلىماقمۇ تەس ! شۇڭا خروئىن خۇمارىنىڭ ئازابىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئازاب ، ئېغىر مۇھىت ۋە جىسمانىيىتىڭ كۆتۈرەلمىگۈ-دەك قىيناق بولغىنىدىلا ، خروئىنىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل سەسكىنىد-شىڭ مۇمكىن .

— ئەگەر ئاشۇ ئېغىر مۇھىت ، قىيناق جەريانىدا ئۆلۈپ كەتسەكچۇ ؟

— ھېچقىسى يوق ، — قەدىردان ئېغىر خورسىندى ، — مەن ۋە مەن تونۇغان «تونۇش»لىرىمنىڭ بېشىغا كەلگەن ئالەمچە سەت-چىلىك ، ئازاب ، خورلۇق ۋە نومۇسسىزلىقلاردىن شۇنداق ئويغا كەلدىمكى ، خروئىن چەككۈچىلەر پۈتۈن ئىنسانىيەتتىن تارتىپ ، دۆلەت ، جەمئىيەت ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغىچە ئوشۇقچە بىر ۋابا-دۇر ! بۇنداقلاردىن قانچىسى ئۆلسە ، جەمئىيەت ، دۆلەت ، ئىنساند-

يەت شۇنچە مەرەزدىن يېنىكلەيدۇ . ئاددىي بىر مىسال : ھەرقانداق ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىلىرى قازا قىلسا : «سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن كەتسەمچۇ» دەپ نالە قىلىدۇ ، لېكىن بالىلىرى خرونىندىن ئۆلسە ، ئۇلار «ئۇھ» دەپ يېنىك تىن ئالىدۇ ، مەن بۇنداقلارنى كۆپ كۆرگەن .

— بۇ گەپلىرىڭگە قارىغاندا ، بېشىڭدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئوخشىمامدۇ ؟

قەدىردان ئىززىنىڭ نىۇرغۇن مال ـ دۇنيالىرىنىڭ ، شۆھرەت ـ ئىناۋەتلىرىنىڭ قانداق بولۇپ توزۇپ ۋە سورۇلۇپ كەتكەنلىكى ، ھېيجىڭدىكى ئۆلۈكى خارلىقتا قالغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى ، ئۇلارنى دەپنە قىلىشتىكى ۋەھشىيلىكلەر ، زۇلئاي بىلەن مېھرىبانىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ياشلا كەتكەنلىكى ، يەتتە ـ سەككىز ئايلىق بالىسىنىڭ قورساقتا تۇرۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىشىگە كىم سەۋەب بولغانلىقى ، ئابابەكرىنىڭ نومۇسسىزلىقلىرى ، ئاخىرىدا توققۇز ياشلىق ئوغلىنىڭ زەھەردەك ئاچچىق تىللىرى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ بەرگەندە ، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى .

— ئويلاپ باق ، ئالىم ، مەن ھېيجىڭدىمۇ زەھەر تاشلاش ئورنىدا تۇرغانمەن ، — دېدى قەدىردان ياشلىرىنى سۇرتۇۋېتىپ ، — ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى گويا بىر ساناتورىيە ، ئۆزۈڭنى دەم ئېلىۋاتقاندەك ھېس قىلىسەن . بىراق ، مەن ئۇ يەردىن چىقىپلا خرونىنغا يەنە كىرىشىۋالدىم .مەن بۇنى ئىرادەمنىڭ بوشلۇقىدىن كۆرسەممۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن زەھەر تاشلاش ئورنىدا روھىي ۋە جىسمانىي دۇنيارىمغا چاقماقتەك تەسىر قىلغان بىرەر ئىش بولمىغانلىقتىن كۆرىمەن . ئېھتىمال مەن خەنزۇچىنى تولۇق بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ خرونىن ھەققىدە يۇقىرى سەۋىيىلىك نەزەرىيە ، ئىبرەتلىك ھېكايەت ، پاجىئەلىك قىسمەت رىساللىرىنى ئاڭلىيالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن .

— نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟ — ئالىم قەدىرداننىڭ كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشىنەلمەيلا قالدى .

— 29 غا .

— ياق ، 30 غا كىرمەي تۇرۇپ كۆرگەن قىسمەتلىرىڭدىن ، — ئالىم باش چايقىدى ، — ئادەم سىنى 100 ياشقا كىردىمەكى دەپ قالىدىكەن .

— توغرا دەيسەن ، بۇ 14 يېشىمدا چۈشۈمدە ئايان بولغان ، — قەدىردان يىراقلارغا تىكىلدى ، — بىر پەرىشتە ئانا : «سىنىڭ يېشىڭ 30 غا كەلمەي تۇرۇپ ، 100 يىللىق قىسمەتلەر بېشىڭغا كېلۇر » دەپ بېشارەت بەرگەنىدى . راست دېگەندەك ، كۆمگىنىم ئاز قالدى .

— سىنىڭ قىسمەتلىرىڭنى ئاڭلاپ ، بايىقى كۆز قاراشلىرىڭنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم ، — ئالىمنىڭ چىرايىدىن يەنىلا قانائەت قىلمىغانلىق چىقىپ تۇراتتى ، — ئۇنداقتا زاكىر زابوي ، قۇربان توڭگۇز ، ئىمىر تازلارنىڭ قىلمىشلىرىنى يوللۇق دېمەكچىمۇ سەن ؟

— يا ، يا ، ياق ! سەن يەنىلا مېنى خاتا چۈشىنىپسەن ، — قەدىردان كۈلۈپ قويدى ، — ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى قانداقمۇ توغرا دېگىلى بولسۇن ؟ دېمەكچى بولغىنىم ، خروئىن تۇپەيلىدىن بېشىڭغا ئالەمشۇمۇل بالايىئاپەتلەر ياغسا ، ھەرقانداق بېسىم ۋە قىيناقلار سىنىڭ تاشلىشىڭغا تۈرتكە بولىدۇ دېمەكچىمەن .

— زاكىر زابوي ، قۇربان توڭگۇز ، ئىمىر تازلار نېمە ئۈچۈن ساقا بولغان بېسىمنى توختاتمايدۇ ، بىلەمسەن ؟

— ياق ، بىلمەيدىكەنمەن .

ئالىم بۇ يەرگە قەدىرداندىن بۇرۇن كىرگەنلىكى ئۈچۈن ، زاكىر زابوي ، قۇربان توڭگۇز ، ئىمىر تازلارنىڭ يېڭى كىرگەنلەرگە زۇلۇم سېلىش بىلەن ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن نەپسانىيەتچىلىكىنى بىلەتتى ، بولۇپمۇ پۇلدار ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قول ئىلكىدە بارلار كىرىپ قالسا ، ئۇنداقلارنى ئېغىر قىيناش ئارقىلىق ، نېمە شەرت قويسا بېجىرىدغان دەرىجىدە يورەكسىزلەندۇرۇۋېتەتتى . ئەگەر ئۇنداقلارنىڭ ئۇ

رۇق ـ تۇغقانلىرى ، يېقىن ـ يورۇقلىرى يوقلاپ كەلسە ، بىر پارچە تىزىملىكنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ : «تىزىملىكتىدىكى نەرسىلەردىن بىرى كەم بولمىسۇن ، ئاقىۋىتىڭنى ئويلاپ بىر ئىش قىلارسەن» دەپ قورقاق سالاتتى . تىزىملىك ئىچىدە ئالىي تاماكا مۇنچە قاپ ، سۈت پاراشوكى مۇنچە بولاق ، ناۋات ، كەمپۈت ، كونسېرۋا ، شاكىلات ، بولكا ، يەل ـ يېمىش دېگەندەك نەرسىلەردىن باشقا ، مەلۇم پۇل كارتىنىڭ نومۇرىنى يېزىپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا مۇنچە مىڭ سوم سېلىنۋەتسۇن ، دەيتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، «ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش ئورنى» دىكى ماگىزىندا ئىشلەتكىلى بولىدىغان كارتا بار ئىدى ، ئۇنى قانچە پۇللۇق ئالىمەن دېسە ، ماگىزىندىن سېتىپ بېرەتتى . تىزىملىككە : «ئۆزىمىزدە ئىشلىنىدىغان كارتىدىن مۇنچە پۇللۇقتىن مۇنچىنى ئال» دەپ يېزىپ قويغاچقا ، ئۇنىمۇ ئالماي مۇمكىن بولمايتتى . تۇغقىنى كەلگەن ئۇ بىچارە بۇ بۇيرۇقلارنى ئورۇنلىماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

— پاھ ، بۇ خەقنىڭ نەپسى نېمە دېگەن يامان ، — دېدى قەدىردان غەزىپى كېلىپ ، — ئاشۇ نەرسىلەردىن ئىگىسىمۇ بەھرىمەن بولىدىغاندۇ ؟

— نەدىكىنى ، ئۇچ بۆرى ھەممىنى بۆلۈشۈپ ساندۇقلىرىغا سېلىۋالىدۇ ، ئىگىسىگە بىر تال كەمپۈتمۇ بەرمەيدۇ ، — ئالىم قەدىردانغا لەپپىدە قاراپ قويدى ، — ئەمدى سېنى قىيناشنى توختاتمىغانلىقى ، ساقچىلار سېنى «مىليونېر باي بولغان» دەپ تونۇشتۇرغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇلار سېنىڭدىن خېلى جىق نېمە تەمە قىلىۋاتىدۇ .

— مەندىنما ؟ ئۇخلاپ چۈشى ! ھىھى ، — قەدىردان قەھر بىلەن دىمىقىنى قاقتى ، — مەن بۇ يەردىن خىرۇئىننى ئۇزۇل ـ كېسىل تاشلاپ چىقىپ كەتكۈچە ، ئۇلار قانداق قىينىسا كۆتۈرىمەن . بۇنىڭ سەۋەبى ، ئازاب ۋە زۇلۇم بىلەن ئۆزۈمنى بىر سىناپ كۆرەي دەيمەن ، لېكىن ئۇلار بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە ئەدىپىنى بېرىمەن .

— تولا يوغان سۆزلىمە، ئۇلار قولىدىن ھەربالا كېلىدىغان لۈكچەكەر.

— ۋاقتى كەلگەندە كۆرۈپ قالىسەن.

ئالىم يەنە نېمىدۇر دېمەكچى ئىدى، بىراق ساقچى دوختۇر ئايال چاقىرىپ قالدى:

— قەدىردان، ياتاققا كىر، سالامەتلىكىڭنى تەكشۈرىمەن.

قەدىردان بىلەن ئالىم ياتاققا كىرگەندە، زاكىر زابوي، قۇربان تۇڭگوز، ئىمىر تازلار ئەنۋەر دېگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى كىرگۈزگەن گۆشلۈك پولۇنى يەۋاتاتتى. ئەنۋەر بولسا بىر چەتتە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. دوختۇر قەدىرداننىڭ كۆڭلىكىنى سالدۇرۇپلا، ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى ئۇ قەدىرداننىڭ كۆكرىكىدىكى كۆپكۆك ئىششىقنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەنىدى. دوختۇر ھەر كۈنى دېگۈدەك كىرىپ «خۇمارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلى» سېلىپ ۋە ھەرخىل تابلېتكا دورىلارنى بېرىپ چىقىپ كەتكەچكە، ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى. تېخى بۇ ئىششىق ھەپتە ئالدىدا قاپقارا، قوڭۇر قان ئۇيۇپ كەتكەن بولۇپ، قارىغانلىكى ئادەمنىڭ تېنى شۈركۈنەتتى.

— قايسىڭ ئۇرۇشتۇڭ بۇنى، — ۋارقىرىدى دوختۇر پولۇ يەۋاتقان ئۈچ زوراۋانغا قاراپ، — شۇنچىۋالا قاتتىق ئۇرغان بارمۇ؟

— ھەي قەدىردان، — قۇربان مايلىق قولىنى شىلتىدى، — بىز سېنى ئۇردۇقما؟

— مەن بىر كىمگە ئۇردى دېمىگەندىمەن، — قەدىردان دوختۇرغا قارىدى، — مەن سىزگە دېدىممۇ يا؟

— ئۇرمىسا مۇشۇنداق بولۇپ كېتەمدا؟ — دوختۇر ئۈچ زوراۋانغا گۇمان بىلەن قارىدى، — بۇ چوقۇم سەنلەرنىڭ ئىشى.

— ھەي ھىشىق ستارى، — ۋارقىرىدى ئىمىر تاز، — ئۆزۈڭنىڭ كېچىدە ھاجەتخانىدا يىقىلىپ چۈشكىنىڭنى دېمەمسەن؟

— قانداق جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى ماۋۇ، — زاكىر زابوي دېۋەيلەپ كەلدى، — كېچىدە ھاجەتخانىدىن ئاغزى ـ بۇرنۇڭ قان،

مەيدەڭنى تۇتۇپ كىرمىدىڭما ، جالاپنىڭ بالىسى !
— ھەي لۈكچەكلەر ، نېمە ئاغزىڭنى بۇزسەن ، تۇرقۇڭدىنلا ياخشى نەرسىلەر ئەمەسلىكىڭ چىقىپ تۇرىدۇ .
— ئەستاغپۇرۇللا ، گۈيلارنى ، — قۇربان زاكىرنىڭ بېشىغا چاڭگىدە بىر شاپىلاق سالدى ، — دوختۇر خانىمنىڭ ئالدىدا نېمە ئەدەپسىزلىك قىلىشىسەن ـ ھە ؟
— قەدىردان ، مەيدەڭنىڭ مۇشۇنداق بولغىنىغا قانچىلىك بولـ دى ؟ — سورىدى دوختۇر ئايال .
— 10 كۈندىن ئاشتى .
— راست يىقىلىپ چۈشتۈڭما ؟
— شۇنداق !
— يۈرە ، — دوختۇر دورا ساندۇقىنى قولىغا ئالـ دى ، — يۈرىكىڭنى تەكشۈرىمەن .
دوختۇر ئايال قەدىردانىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ، قۇربان ئېڭىكىنى قامالالاپ ، زاكىر بىگىز قولىنى شىلتىپ ، ئىمىر تاز ئالىيىپ ، قەدىردانغا : «ئاغزىڭغا ھېزى بول» دەپ بېشارەت بەرـ دى ، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ تۇيىقى سەل سىرقىراپ قالدىمۇ نېمە ، دەرھاللا ئالىمغا قاراشتى .
— ئالىم ، مەيداندا قەدىردان ئىككىڭلار پاراڭلىشىۋاتاتـ تىڭلار ، — دېدى قۇربان قولىدىكى سۆڭەكنى داستىخانغا تاشلاپ ، — ئۇ ساڭا نېمە دېدى ؟
— خاتىرجەم بولۇڭلار ، ئۇ سىلەر توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمەيدۇ ، — ئالىمنىڭ تەلەپپۇزى ئادەتتىكىدەك ئىدى ، — ئۇ سىلەردىن بەكمۇ مەمنۇنكەن .
— نېمە دېدىڭ ؟ — زاكىر بوينىنى سوزۇپ گۆلەيدى ، — ئۇ ... ئۇ بىزدىن تېخى مەمنۇنمىكەن ؟
— شۇنداق ! — ئالىم بېشىنى لىڭشىتتى ، — ئۇ دەھشەتلىك ئازاب ۋە زۇلۇم بىلەن ئۆزىنى سىناقتىن ئۆتكۈزىدىكەن .
ئۈچ زوراۋان تېڭىرقاپ قېلىشتى . بىرى ئاغزىدىكى ئاشنى

چاينىماي توختاپ قالسا ، يەنە بىرى قولىدىكى سۆڭەكنى چىشلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى ، ئىمىر تاز بولسا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ، ئىككى بۇرادىرىگە قاراپ قالغانىدى ، ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئۆزىنى تىڭشاپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . «دەھشەتلىك ئازاب ۋە زۇلۇم بىلەن ئۆزىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش» دېگەن بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىچىنى ساپان سالغاندەك تىلغىۋەتكەنىدى ، كۆپ ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، نۇرغۇن قازانلاردا قاينىمىغان ئادەم ھەرگىز بۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتى .

— ئۇ ئاداش بۇرۇن نېمە ئىشلارنى قىپتىكەن ؟ — قۇربان ئالىمدىن سورىدى ، — سىلەر يېقىن بولىغاندىن كېيىن دەپ بەرگەندۇ ؟

— ئۇ بېيجىڭ ، شاڭخەي ، گۇاڭجۇ ، بېڭبۇ ، كۇنمىڭ ، رۇيلى ، يەنە چەت ئەللەردە ، ھەتتا «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»لەردىمۇ جاھانسازلىق قىپتىكەن ، بېشىدىن ئاجايىپ ۋەھشىي ۋەقەلەر ئۆتۈپتىكەن .

— «ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك»كىمۇ كىرىپتىكەن ـ دە ! — زاكىر زابوي تۇكۇرۇكىنى غۇرتتىدە يۇتتى ، — ئۇ يەرگە ئۇنداق ـ مۇنداق ئادەملەر كىرەلمەيدۇ .

قۇربان ، زاكىر ، ئىمىرلار باش ئىشارىسى بىلەن سىرتقا چىقىپ ، يوگۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى تاش ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە كەلدى .

— ئاغىنىلەر ، قارىغاندا بۇ ئاداش بوش نەرسىدەك قىلمايدۇ ، — دېدى قۇربان توڭگۇز ، — ئېسىڭلاردىمۇ ، دەسلەپكى «خروئىنغا جەڭ ئېلان قىلىش» باسقۇچىدا ، ئۇنىڭ : «زورلىساڭ بۇ يەردە ئۆلۈم ۋەقەسى كېلىپ چىقىدۇ» دېگەن سۆزى .

— راست ، ئۇ تېخى ، — زاكىر زابوي خېلىلا قورقۇپ قالغاندەك قىلاتتى ، — «ئۆلسەم ئۆزۈمگە ھېساب» دەپ قولۇڭدىن خەت قىلىپ بەر ، ئاندىن سەن بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي ، بۇرۇن سەندەكتىن تۆتنى ئۇرۇپ بىر يىل تۈرمىدە ياتتىم ، يەنە تۈرمىگە

كىرىپ قالغۇم يوق ، دېگىنى ئېسىڭلاردا باردۇ ؟
— ئاغىنىلەر ، — قۇرباننىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەنىدى ، — بۇندىن كېيىن ھەرقانداق جايدا ئۇچىمىز تەڭ تۇرايلى ، بولمىسا بۇ گۆي سەل خەتەرلىكتەك تۇرىدۇ .
— توغرا ، — ئىمىر تازغىمۇ جان كىردى ، — بۇ چاغقىچە ئۇچىمىز بىردەك ھەرىكەت قىلغاچقا ، ئۇ قورقۇپ بىزگە چېقىلال-مىدى ، بۇندىن كېيىنمۇ بىر يەڭدىن مۇشت ، بىر ياقىدىن باش چىقىرايلى .
قۇربان ، زاكىر ، ئىمىرلار سىرتتا بىرەر سائەتتىن ئارتۇق كۇسۇرلىشىپ ياتاققا كىرگەندە ، قەدىردان ، ئالىم ، ئوقۇتقۇچى ئەنۋەرلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلار ئۆز پارىڭى بىلەن بولۇپ ، كىرگەنلەرگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەچكە ، قۇربان توڭگۇزنىڭ قورسىقى كۆپتى بولغاي ، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىماقچى بولدىيۇ ، ئۆزىنى ئەستە بېسىۋالدى . چۈنكى ، دوختۇر ئايال قەدىر-داننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بەرگەنلى-كىنى بىلىشى كېرەك ئىدى .
— ھەي قەدىردان ، — دېدى ئۇ پېتىدىن چۈشمەي ، — باشقۇرۇش بۆلۈمىگە چىقىپ كەتكەنىدىڭ ، نېمىلەرنى دېيىشتىڭلار ؟
— باشقۇرۇش بۆلۈمىگە ئەمەس ، دوختۇرخانىغا دېمەمە-سەن ، — قەدىردان ئۇنىڭ چۆچۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىل-دى ، — دوختۇرخانىدا ماشىنىلارغا سېلىپ تەكشۈردى شۇ ، لېكىن نەتىجىسى ئەتە چىقىدىكەن .
— شۇنىما ؟ — زاكىر كالپۇكلىرىنى يالاپ قويدى ، — باشقا گەپلەرمۇ بولغاندۇ !؟
— خاتىرجەم بول ، زاكىر ، سىلەرمۇ خاتىرجەم بولۇڭ-لار ، — قەدىردان قۇربان بىلەن ئىمىر تازغا قاراپ قويدى ، — ئۆزۈڭلارغا مەلۇمغۇ ، مەن ياۋاش - يۇمشاق ئېغىر كارۋانمەن ، باشقىلارغا ئالدىراپ - سالدىراپ بىر نېمە دېمەيمەن .
ئۈچ زوراۋاننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى . ئەمما ،

ئەتسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقتا «خۇمارنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ئوكۇلى سېلىنۋاتقاندا ، دوختۇر ئايال :

— قەدىردان ، سېنى كېسەللەر رايونىغا يۆتكىمەكچى ، نەرسە - كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر ، — دەپ ئۇقتۇردى . لېكىن ، ئوكۇل سېلىنغان بىلىكىنى قامالللىۋالغان قەدىردان دوختۇر ئايال-نىڭ قېشىغا كېلىپ يېلىندى .

— دوختۇر ئاپپاي ، مېنىڭ كېسىلىم ئۇنچە ئېغىر ئەمەسقۇ ، ناھايىتى شۇ ھاجەتخانىدا يىقىلىپ كېتىپ ،مەيدەم سېمونت قىرغاق-قا تېگىپ كەتتى ، — دېدى قەدىردان مۇلايىملىق بىلەن ، — مەن بۇ ياتاقتىكىلەر بىلەن چىقىشىپ قالدىم . ئەگەر پەقەتلا بولمايدۇ دېسىڭىز ، ئۈچ - تۆت كۈن مەشەدە تۇرۇپ باقسام ، ماقۇل دەڭە .

— باشقىلار كېسەللەر رايونىغا چىقالماي ھەلەك ، — دوختۇر ئايال سەل خاپا بولغاندى ، — سەن بولساڭ چىقمىسام دەپ يالۋۇ-رىسەن . بوپتۇ ، ئۆزۈڭ بىل ، لېكىن كېيىن پۇشايمان قىلساڭ ئورنىغا كەلمەيدۇ .

دوختۇرلار نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ «قۇتقۇزۇش» A ، B ياتاقلىرىغا چىقىپ كېتىشتى . ئۇ يەردە يېڭىدىن كىرگەن زەھەر تاشلىغۇچىلار بولۇپ ، ئۇلار كارىۋاتلارغا باغلىۋېتىلگەنىدى . چۈنكى ، خۇمارى تۇتقان ھامان بەزى خەتەرلىك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغاچقا ، تا خۇمار پەسەيگەنگە قەدەر باغلاقلار يېشىلمەيتتى . بۇنداق خۇمار تۇتقان چاغلاردا بىر ئادەمگە بەش - ئالتە ئادەمنىڭ كۈچى يەتمەيتتى .

— قەدىردان ئاكا ، كېسەللەر رايونىغا چىقماي يامان قىلدىڭ ، — دېدى ئالىم بېشىنى چايقاپ ، — ئۇ يەرنىڭ شارائىتى ، تامىقى ، مۇئامىلىسى باشقىچىلا ياخشى .

— لېكىن بۇ يەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئارتۇقچىلىقى بار ئەمەس-مۇ ، — دېدى قەدىردان كۈلۈپ قويۇپ ، — ئۇ يەرگە بارسام ، بۇ يەردىكى كۆڭۈللۈك ئىشلاردىن قۇرۇق قالىدىكەنمەن .

— قانداق كۆڭۈللۈك ئىشلاركەن ئۇ ،ئەجەب بىز سېزەلمەپ-

تۇققۇ ؟

— مەن بۇ يەردە : «ھەي ھىشىق ستارى ، غۇپ ـ غۇپ ئۆتۈك ، ساقال تارغىقى ، ئېشەك قوشقىنى ، لايدىن سۇزۇۋالغان قوزۇق» دېگەن تىللارنى ئاڭلىسام ، ئۆز يۇرتۇم خوتەننى كۆرگەندەك بولىمەن ، شۇنداققۇ ئىمىر ؟ !

قەدىردانىنىڭ ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي دەۋاتقان گەپلىرى باشقىلارغا يۇرەك پەيدا قىلىپ ، قىزىقتۇرۇپ قويدى ، ئەنۋەر مۇئەللىم ، ئالىم ، يەنە بىر نەچچە يىگىتلەر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى .

— يەنچۇ ؟ — سورىدى ئەنۋەر .

— «ھەي شاۋچى ، سولامچى ، ئاقسا ھېجىقىز ، ئەزمەيلا كۆت» دېگەن تىللارنى ئاڭلىسام ، قەشقەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدۇ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، قۇربان ؟

قۇربان بويۇنلىرىنى تولغاپ غوتۇلداپ قويدى .

— راست ، بىز بىلەلمىگەن كۆپ ئالاھىدىلىكلىرى باركەن ، — دېدى ئالىم كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ، — ئۇلاردىن باشقا يەنە بارمۇ ؟

— يەنە بار ، — دېدى قەدىردان ئىشەنچلىك ھالدا ، — «ھەي جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى ، ئاناڭنى ، كىسپۇرۇش» دېگەن تىلنى ئاڭلىسام ، غۇلجىغا بارغاندەك بولۇپ قالىمەن ، قانداق دېدىم ، زاكىر بايۋەچچە ؟

ئۈچ زوراۋان تۇنجى قېتىم ئىنامىغا پېتىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ، بىراق چۈشتىن كېيىنكى «ھەربىي مەشىق» دەپ ئاتالغان مەيداننى چۆرگىلەپ يۈگۈرۈشتە ئۈچىنى ئېلىشتى . قۇربان توڭگۇز مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ يۈرۈپ ، پۇشتەكنى شۇنداق تېز چالدىكى ، يۈگۈرۈۋاتقانلار بىر ـ بىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلاتتى . يىقىلغانلىرى باش ، دۈمبە ، ساغرىلىرىغا چۈشكەن تاياقتىن سەكرەپ تۇرۇپ ، يەنە يۈگۈرەيتتى . قەدىردان يۈگۈرۈشتىن قورقمايتتى . بىراق ، ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئايىغى ئۆزىگە دۈشمەن بولغانىدى . ئوڭ پۇتىنىڭ ئايىغى كۈندىلا يۈگۈرۈۋېرىپ ، ئوتتۇرىدىن ئۈزۈلۈپ

چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ، پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئوچۇق تۇراتتى . ئەمدى سول پۇتىدىكى ئايىغىنىڭ چەمى پاشنىسىغىچە ئاجراپ كەت-كەنلىكى ئۈچۈن ، يۈگۈرگەندە پالاقلاپ پۇتلىشاتتى . ئوڭ پۇتىنىڭ يېرىمىدا ئاياغ ، يېرىمىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، خۇددى پۇتىغا ياغاچ ئاياغ بېكىتىۋالغاندەك ئەپسىز ئىدى . قەدىردان ئىككىلا ئايە-غىنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغ يۈگۈرمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇنىڭغا قۇربان توڭگۇز رۇخسەت قىلمىدى .

— بۇ دېگەن ھەربىي مەشىق ، — قۇربان قولىدىكى تايىقنى شىلتىدى ، — يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ .

«خىروئىنغا جەڭ ئېلان قىلىش» ، «خۇمار قاچۇرۇش» ، «شامىلىنى يىغىش» ، «خۇمارنى زەئىپلەشتۈرۈش» ، شۇنداقلا تاسما بەلۋاغ ، تاياق ، شاپىلاق بىلەن ئىنقىلابىي ناخشا ئۆگىتىش ، ھەربىي مەشىققە سېلىپ يۈگۈرۈش ۋە باشقا قىيناقلار قەدىرداننى تەۋرىتەلمىدى ، تېنىنى ئاجىزلاشتۇرغان بولسىمۇ ، ئىرادىسىنى سۇندۇرمىدى ، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق تاۋلىدى ، پەقەت ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىر ئايدىن بېرى خىروئىن چەكمىگەنلىكى ۋە خۇمارنىڭ پەيدىنپەي قېلىۋاتقانلىقى ئىدى . لېكىن ، ئۇنى دەھشەت-لىك قىيناۋاتقىنى پىت ئازابى بولدى . ئۇنىڭدا ئالماشتۇرىدىغان ھېچقانداق ئىچ كىيىم ۋە تاش كىيىم بولمىغاچقا ، داۋاملىق سالماي كىيىۋاتقان كىيىملىرى مىغىلداپ كەتكەن پىتنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلان-دى . ئەلۋەتتە ، پىت مەينەتچىلىكتىن ئاپىرىدە بولىدىغانلىقى ھەم-مىگە ئايان . قەدىردان يۈگۈرگەن ، تەرلىگەن ، يەنە قۇرۇغان ، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ كىيىملىرى قېتىپ سۇنغۇدەك ھالەتكە كەل-گەنىدى . قەدىرداننىڭ بەدەنلىرى تاتىلاۋېرىپ قوتۇر بولۇپ كەتتى . كېچىلىرى ياتالماي ، ئوغرىلىقچە كارىدورغا چىقىپ چىراغ يورۇقى-دا پىت باقاتتى . قەدىردان ئۆكسى ئابدۇراخمانغا شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كەتتىكى ، ئىچىدە : «ساقچى سەندەك باغرىتاش بولىدىغان بولسا ، ساقچى بار كوچىغا كىرمەسمەن» دەپ قەسەم قىلدى . ئەگەر ج خ نازارىتىدە ئىشلەۋاتقان ساقچى كادىرى : «ئاكامنى يوقلاپ

بارسام ، تەسىرى يامان بولىدۇ» دەپ ئويلىغان تەقدىردە ، بىر ئىككى قۇر كىيىم ئەۋەتىپ بەرسە بولمامتى ؟ يەنە كېلىپ ، قەدىر-دان 100 مىڭ سومدىن ئارتۇق پۇلنى ئابدۇراخمانغا بېرىپ قويغان تۇرسا .

قۇربان توخگۈزنىڭ زوراۋانلىقى ، قىمىلداپ كەتكەن پىتلار-نىڭ زەھەردەك چېقىشلىرى راسا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى نۆۋەتچى ساقچى ياتاققا كىرىپ كەلدى ، ئۇ ئول-تۇرغانلارغا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ، قولىدىكى تىزىملىكنى ئوقۇدى :

— قەدىردان ، ئاچاڭ گۈلنۇر بىلەن ئۇنىڭ يولدىشى سابىت ئىككىسى كۆرۈشكىلى كېلىدۇ . كەم نەرسىلىرىڭ ھەققىدە كاللاڭدا سان بولسۇن .

— قاچان ، باشلىق ؟

— قاچان بولاتتى ، ھەر پەيشەنبە كۆرۈشتۈرۈش كۈنى ئىكەن-لىكىنى بىلمەمتىڭ ؟

— ئەمىسە ئەتە كېلىدىكەن - دە ؟

— شۇنداق ، كەلگەندە سېنى چاقىرىمىز .

ساقچى تىزىملىكتىكى ئالىم ، ئەنۋەر قاتارلىق بىر نەچچە ئا-دەمگە ئۇقتۇرۇش قىلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى .

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 10 لار بىلەن قەدىردانغا ئۇقتۇرۇش قىلىنغاندا ، قۇربان توخگۈز ئۇنىڭغا بىر ۋاراق تىزىملىكنى تۇتقۇز-دى - دە ، كۆرۈشتۈرۈش ئۆيىگە ئۆزى بىللە باردى . قەدىر-دان 7 - نومۇرلۇق تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ قېشىغا باردى ، مۆل-دۈردەك تۆكۈلۈپ تۇرغان گۈلنۇر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇراتتى . ئېرى سابىت ئۇنىڭ قولىقىغا نېمىلەرنى-دۇر دەپ تەسەللى بېرىۋاتاتتى .

— ئۇكام قەدىردان ! — قەدىردان تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە ، گۈلنۇر ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى ، — جېنىم ئۇكام ، نېمانداق جۇدەپ كەتتىڭ ؟ ۋاي خۇدايىم ، ئۇستىۋې-

شىلاڭ نېمىسانچە مىەينەت ھىەم جىۆلجۆل ، پىۈتۈڭدىكى قانداق نېمە ئۇ ؟ !

گۈلنۇر بىلەن سابىت قەدىردانىنىڭ پۇتىدىكى باشلىقى يوق ، پاشنىسى بار ، يەنە بىر پۇتىدىكى بارماقلىرى چىقىپ قالغان ئايىغىغا قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى .

— جېنىدىم ئىاچا ، بىولدى يىغلىمىا ، — قەدىردانمۇ يىغلىغۇەتتى ، — قېرىنداشمۇ شۇنداق بولامدۇ ؟ ئابدۇراخمان دېگەن مۇناپىق مېنى بۇ يەرگە بىر ئەكېلىپ بەرگەنچە ئاياغ باسمىدى ، مېنىڭدىن نومۇس قىلغان تەقدىردىمۇ ، باشقىلاردىن بولسىمۇ ئالىماشتۇرغۇدەك بىرەر قۇر كىيىم كىرگۈزۈپ بەرسە بولمامدۇ ، ئۇچامدىكى كىيىملەر مەن كەلگەن ۋاقتىدا كىيىپ كەلگەن كىيىملەر ! ئەگەر ئۇ مائاشىنى خەجلەشكە قورسىقى ئاغرىسا ، مەن ئۇنىڭغا 110 مىڭ سومدەك پۇل بەرگەنغۇ !

— ئەمىسە ئۇ ، ئىككى قۇردىن ئىچ كىيىم ، تاش كىيىم ئاپىرىپ بەردىم ، دەيدىغۇ .

— يالغان ، ئۇ كىمگە بېرىپتىكەن ؟

— مەشەدىكى ساقچى ئاغىنىسى ئەركىنگە .

— مەن تاپشۇرۇۋالمىدىم ، — قەدىردان ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان قۇربانغا قارىغانىدى ، ئۇ چەتكە قارىۋالدى ، — مەن ئۇنى چوقۇم سۈرۈشتە قىلىمەن .

— بولدى ، ئۇكام ، بۇ سومكىدا ھەممە نەرسە بار ، — گۈلنۇر سومكىنى ئېرىگە بەرگەنىدى ، ئۇ ساقچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ، — ئۇكام ، ساڭا يەنە نېمە كېرەك ؟

قەدىردان قولىدىكى تىزىملىكنى ئوتتۇردىكى توسۇق ئەينەككە چاپلىدى ، گۈلنۇر ئۇنى ئوقۇپ سابىتقا قارىدى . ئاندىن ئىككىسى باش لىڭشىتىپ قويۇشتى .

— بولىدۇ ، ئۇكام ، بۇ تىزىملىكتىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ چۈشتىن كېيىن يەنە كېلىمىز .

— ئاچا ، سىلەر ئۇرۇمچىگە يىغىنغا كەلگەنما ؟

— ياق ، دوختۇرخانىدىن يازلىق ساياھەتكە ئېلىپ كەلگەن .
— ئەمىسە ، ئاچا ، خوش .
قەدىردان ساقچىنىڭ قولىدىكى سۇلىياۋ سومكىنى ئېلىپ مې-
ڭىشى ، ئۇنىڭ پۇتىدىكى غەلىتە ئايىغىغا ، تىكىشلىرى سۆكۈلۈپ ،
جەينەك ، مۇرە ، دۇمبىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان مەينەت كىيىملىرىگە
قاراپ ، گۈلنۇر يەنە يىغلىۋەتتى . سابىت بولسا ئېغىر تىنىپ بېشى-
نى چايقىدى .
— گۈلنۇر ، بىر ئىشنى سەزدىڭىزمۇ ؟
— نېمىنى ؟
— ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىلىرى بولمىغاچقا ، كۆپكۆك
ئىششىپ كەتكەن مەيدىسىنى كۆرۈپ قالدىم . خېلىلا ئېغىر دەك
قىلىدۇ . ئۆزىمۇ ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ قاپتۇ .
— راست دەيسىز ، ئۇ پات ـ پاتلا مەيدىسىنى تۇتسىمۇ ئانچە
سىنەكىمەپتىمەن دېسە ، — گۈلنۇر لەۋلىرىنى چىشلىدى ، —
تېخى ھېلىقى قارىۋاتقۇ سىمىز بىزگە ئالىيىپلا تۇرىدۇ .
— توغرا ، — دېدى سابىت باش لىڭشىتىپ ، — قەدىردانغا
مېنىڭچە ئېغىر بېسىم باركەن ، تىزىملىكتىكى كارتا نومۇرىغا 3
مىڭ سوم سېلىۋېتىڭلار دەپتۇ ، بەلكىم ئاشۇ قارا ئادەمنىڭ كارتى-
سى بولۇشى كېرەك .
— راست دەيسىز ، — گۈلنۇرنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىك
قاپلىدى ، — تېخى زەھەر تاشلاش ئورنىدىكى ماگىزىنىدىن 300
سوملۇق كارتىدىن بىرنى دەپتۇ .
— بۇ ئىشلاردا ، — سابىت ئويلىنىپ قالدى ، — چوقۇم بىر
سىر بار ، كۆرگەنسىز ، قەدىردان قورقماي ، دادىل گەپ قىلالمى-
دى ، نېمىدىندۇر ئەندىكىپلا تۇرىدۇ .
— ۋاي خۇدايىم ، ئۇكام قاتتىق بېسىم ، ئىسكەنجىدە
قاپتۇ ، — دېدى گۈلنۇر يىغلاپ تۇرۇپ ، — مەن ··· مەن دادام
بىلەن ئانامغا ھازىرلا تېلېفون بېرىمەن .
سابىت بىلەن گۈلنۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان مۇشۇ پەيت-

تە ، قەدىردان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ياتاققا كىردى . ئۇنىڭغا سوڭ-
دىشىپ قۇربان توڭگۇزمۇ بوسۇغىغا قەدەم ئالدى . ئىگىسىنىڭ
تاشلاپ بېرىدىغان سۆڭەككە تەمە قىلىپ ئولتۇرغان زاكىر زابوي ،
ئىمىر تازلار قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ يېتىپ كەلدى . لېكىن ، قە-
دىردان ئۇلارغا قاراپمۇ قويماي سومكىنى ئاچتى - دە ، ئالىم ،
ئەنۋەرلەرگە ئالما ، نەشپۈت تاشلاپ بەردى . ئاڭغىچە قۇربان پۇشاڭ-
شىپ كەلگەنچە قەدىرداننىڭ قولىدىكى سومكىنى تارتىۋالدى . ئۇ-
كىسى ئابدۇراخمان ئەۋەتكەن كېيىملەرنى مۇشۇ پوركۆتەكتىن گۇ-
مانلىنىپ تۇرغان قەدىردان قورساق كۆپۈكىدە يېرىلالماي تۇراتتى .
ئاڭغىچە قۇربان توڭگۇز گەپ باشلاپ قالدى :

— ئۇكاڭدا 110 مىڭ سوم پۇلۇڭ بولغانىدىن كې-
يىن ، — قۇربان تۇكلۈك قوللىرىنى شىلتىدى ، — مەن يېزىپ
بەرگەن كارتا نومۇرىغا 3 مىڭنى ئەمەس ، 10 مىڭنى سېلىۋەتسۇن ،
ئۇقتۇڭما ؟ چۈشتىن كېيىن ئاچاڭ كەلگەندە تاپىلاپ قوي .

— يەنچۇ ؟ — قەدىرداننىڭ غەزىپى يۈزىدىن بىلىندى ، —
يەنە قانداق بۇيرۇقلىرىڭ بار ؟

— ھەي سولامچى ئاقسا ، سەن قاچانغىچە يوغانچىلىقىڭنى
قويمايسەن ؟ ماۋۇ سومكىنىمۇ ، — قۇربان سومكىدىن بىر قاپ
«قىزىل مۇنار» ماركىلىق تاماكىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى - دە ،
بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى ، — ئاۋۋال ماڭا بېرىش كېرەك
ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭما ؟ ئەجەب خورىكىڭ ئۆسۈپ كەتتا
سېنىڭ .

— سىرتتىن ھەرقانداق نەرسە كەلسە ، — دېدى زاكىر قۇر-
بانغا كۈچۈكلىنىپ ، — باش - بۇرنىنى قۇربان ئاكام تېتىيدىغانلى-
قىنى بىلمەمسەن ؟

— راسا دۆت نېمىكەن ، — ئىمىر تازمۇ خوجايىنىغا خۇشامەت
قىلدى ، — تاياق ھالال بۇ گۇيغا .

قۇربان لالما ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرىنى ئاڭلىغاچ ، سومكا ئى-
چىگە قول تىقىپ ، ئىككى بولاق «قىزىل مۇنار» ماركىلىق قىم-

مەت باھالىق تاماكىنى ئېلىپ بىر يانغا قويدى ، ئاندىن دىچۆلياك ئىشتانىنىمۇ سۆلىياۋ خالتىسى بىلەنلا تاماكا ئۈستىگە ئالدى . ئىچ كىيىملەردىن ئىككى قىزىل رەڭلىك يەڭسىز مايكىنى زاكىر بىلەن ئىمىر تازغا تاشلاپ بەردى . قەدىردانغا ئىنىسى ئابدۇراخمان ئەۋەت-كەن كىيىملەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىش ۋە يەنە كونا - يېڭى قورساق كۆپۈكلىرىنى چىقىرىش پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنىدى . قەدىردان ئورنىدىن تۇردى - دە ، قۇربان ئىگىلىگەن ئىككى بولاق تاماكا بىلەن دىچۆلياك ئىشتانىنى شارتلا ئېلىپ سومكىغا سالدى . ئۇ قايرىلىپلا مېڭىشى ، قۇربان يېنىغا تاشلاپ قويغان تاسما بەلۋاغ بىلەن قەدىردانىڭ دۈمبىسىگە «قارسلا» قىلىپ سېلىشى ، ئۇزۇن ۋاقىت يۇيۇلماي قېتىپ كەتكەن كۆڭلەك دولىسىدىنلا بۆسۈلۈپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى . قەدىردان قولىدىكى سومكىنى تاشلىۋې-تىپ ، قۇيۇندەك پىرقىراپ بىر پەشۋا ئۇرۇشى ، تاختاي سۆكىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان قۇربان ئېڭىكىنى قاماللىغىنىچە سۆكىدىن خىشلىق يەرگە ئۇچۇپ چۈشتى . بۇنداق تۇيۇقسىز زەربىدىن گاڭ-گىراپ قالغان قۇربان ئوڭ - سېپىنى تېپىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بولغۇچە ، ئۇچقاندەك كەلگەن قەدىردان ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋې-لىپ ئارقا - ئارقىدىن گاچىلدىتىپ تۆتنىلا ئۇرۇشى ، ئۇنىڭ قاق سۆڭەك مۇشتۇمى قان ھەم ماڭقا بىلەن بۇلغىنىپ كەتتى . ئاڭغىچە يۈگۈرۈپ كەلگەن زاكىر قەدىرداننى ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋېلىشى ، قەدىردان بېشىنى دوڭغايتىپ تۇرۇپ ئارقىسىغا بىر سىلكىشى ، زاكىرنىڭ ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان چىقىپ ، سۇنۇپ كەتكەن ئىككى چىشى قەدىردانىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىنى يىرىۋەتتى ، زاكىر ئالىقانلىرىدا ئاغزى - بۇرنىنى تۇتۇپ يەردىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى . بۇ ئارىلىقتا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىمىر تاز نەق كۆزىگە تەگكەن بىر مۇشت بىلەن سەنتۈرۈلۈپ ، تاختاي سۆكە گىرۋىكىگە يىقىلدى ، بۇ چىدىماس تاز شۇ ھامان پەرياد كۆتۈردى :

— ۋاي ، ۋاي ، ۋاي ، — ئىمىر تاز بىر كۆزىنى چىڭ تۇتۇۋال-غانىدى ، — ۋاي كۆزۈم ، ئوت چاقناپ كەتتىيا ! ما ھىشىق كۆزۈمە-

نى قويۇۋەتتىمۇ نېمە ؟
ئىمىر تاز ۋايساپ بولغۇچە ، قەدىردان ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قامالّلاپ پارۋايغا بىر ئۇستۇرۇشى ، تاز بېشىنىڭ نەچچە يېرىدىن قان يامراپ چۈشتى . بۇ چاغدا تامغا يامىشىپ ئورنىدىن قوپقان قۇربان بازغاندەك مۇشتۇمى بىلەن بىر ئۇرۇشى ، ئارقىچە ئولتۇ- رۇپ قالغان قەدىرداننىڭ چېكىسىدىن قان شۇرقىراپ تۆكۈلۈپ ، بىردەمدىلا يۈزلىرىنى بويىۋەتتى . غەزەپ ئاچچىقىدا غالجىرلاشقان قەدىردان سەنتۈرۈلۈپ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان قۇرباننىڭ نەق مەيدىسىگە «گۈپ »قىلىپ تېپىۋەتتى . ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئىشىك تۈۋىگە يىقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى . قەدىردان ئۇنىڭ تاختايلا- دىن ياسىۋالغان قىزىل ساندۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، سۆكە ئۇستى- دىن يەرگە قاتتىق تاشلىشى بىلەن نەچچە پارچە بولۇپ ، ئىچىدىكى بولاق - بولاق كەمپۇت ، ناۋات ، ھەرخىل ئېسىل تاماكىلار ، سوت پاراشوك ۋە قاتلاقلىق كىيىملەر يەرگە چېچىلدى .
— ھەي شاۋچى سولامچى ، سەن مېنىڭ ساندۇقۇم- نى ، — قۇربان قولىنى شىلتىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى ، تېخىچىلا غەزىپى يانمىغان قەدىردان ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تىزىدا دەس- سلاپ تۇرۇپ ، قارا - قويۇق ئۇرغىلى تۇردى .
— ئالىم ، ئەنۋەر ، — ۋارقىرىدى قەدىردان ، — تېز بولۇڭلار ، ساقچىلانى «ئادەم ئۆلدى» دەپ چاقىرىپ كېلىڭلار ، ئۇلار ماۋۇ ساندۇقتىكىلەرنى كۆرسۇن .
ئەنۋەر بىلەن ئالىم ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى ، كۆكرىكىنى دەسلاپ تۇرغاچقىمۇ ، قۇربان بارغانسېرى نەپەس ئالالماي خىرقىراپ قېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، كانىيىنى بوغۇۋالغان قەدىرداننىڭ پەنجىلىرى بارغانسېرى كىرىشىپ ، قۇرباننىڭ كۆزلىرى ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتكەنىدى . ئۇ بەكمۇ زەئىپ ئاۋازدا پىشىلداپ پىچىرلاشقا باشلىدى :
— بولدى ، بولدى ئەمدى ، ئەمدى ئۇرما ، قەدىردان ، بولدى قىل ... مەن ... مەن سەندىن ئۆتۈنەي .

جاھاندا «بىر مەن» دەپ يۈرگەن زوراۋان توڭگۇزنىڭ يىغلام-
سىراپ يېلىنىشى زاكىر بىلەن ئىمىر تازنى سۈغا چۆشكەن مۈشۈك-
تەك شۈمشەيتىپ قويدى .
قۇربان توڭگۇز تامغا نىقتىلىپ قالغىنىچە ئوڭدىسىغا يېتىپ ،
خىرقىراپ تۇرغىنىدا ، ياتاقتا «ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش
ئورنى »نىڭ باشلىقى قاھار ئىككى ساقچىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى .
ئۇلارنىڭ بىرى نۆۋەتچى ساقچى تۇرسۇن ، يەنە بىرى ئابدۇراخمان-
نىڭ ئاغىنىسى ئەركىن ئىدى . ئۇلار ئەندىككەندەك بىر ھازا گەپ
قىلالماي تۇرۇپ قېلىشتى . چۈنكى قەدىردان ، قۇربان ، زاكىر ،
ئىمىرلارنىڭ ھەممىسىلا قانغا چىلىشىپ قالغانىدى ، بولۇپمۇ قە-
دىردانىنىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىدىن ھەم چېكىسىدىن ئاققان قان ئۇ-
نىڭ باش ، يۈز ، بويۇنلىرىنى قان ئۇيۇتمىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغا-
نىدى .
— قەدىردان ، تارت قولۇڭنى ، — باشلىق قاھار بىلەن تۇر-
سۇن قەدىردانىنىڭ قولتۇقلىرىدىن تارتىشتۇرۇپ ئاجرىتىۋالدى ، —
ھەرقايسىڭغا زادى نېمە ئىش بولۇشتى ، دېگىنە ؟
— كۆرگەنلەر دېسۇن ، باشلىق ، — دېدى قەدىردان ئەنۋەر ،
ئالىملارغا قاراپ ، — بۇ يەرگە كىرگەنلەر زەھەرنىڭ دەردىنى
تارتامدۇ ياكى بۇ زوراۋانلارنىڭ بۇلاڭچىلىقىنى كۆتۈرەمدۇ ؟
— قەدىردانىنىڭ ئاچىسى خوتەندىن كەپتىكەن ، ئۇنىڭ ئېلىپ
كەلگەن بىر سومكا كىيىم - كېچەك ، تاتلىق - تۇرۇملىرى-
نى ، — ئالىم ئالدىراپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، — قۇربان ،
زاكىر ، ئىمىرلار ئۆزئارا ئۈلەشكىلى تۇردى . قەدىردان ئۇنداق
قىلماڭلار ، دەپ سومكىسىنى ئېلىۋالسا ، قۇربان تاسما بەلۋاغ بى-
لەن بىر ئۇرۇپ قەدىردانىنىڭ كۆڭلىكىنى بۆسۈۋەتتى .
— ھەي ھېجىقىزلار ، ھاماچاڭنىڭ ھەققى بولسىمۇ ، —
قەدىردان زاكىر بىلەن ئىمىرغا قولىنى شىلتىدى ، — بۇلىغان
نەرسىلەرنى دەرھال چىقار ، بولمىسا ھېلى ئانا - ماناڭنى كۆزۈڭگە
كۆرسىتىمەن !

زاكىر بىلەن ئىمىر قەدىرداننىڭ ئەلپازىدىن تىترىگىنىچە رەڭلىك مايكىلارنى سومكىغا تاشلىدى . قاھارنىڭ غەزەپتىن كۆز-لىرى قىسىلىپ ، چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىشقا باشلىدى .

— كۆرۈڭ ، باشلىق ، ماۋۇ ساندۇقتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى داۋالانغىلى كەلگەن بالىلارنىڭ نەرسىلىرى ، — قەدىردان ساندۇققا قول شىلتىدى ، — ئىگىلىرىگە بىر تال كەمپۈت ، بىر چىكىم تاماكا تەگمەيدۇ ، ھەممىنى مۇشۇ زوراۋان بىلەن مۇنۇ يالاقچىلىرى بۆلۈشۈۋالىدۇ ، تېخى بىرەر كىمنىڭ تۇغقىنى كەلسە ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەزىپە چۈشىدۇ…

قەدىردان يانچۇقىدىن نەرسە - كېرەكلەر تىزىملىكىنى ئېلىپ باشلىق قاھارغا تۇتقۇزدى . قاھار تىزىملىككە كۆز تاشلاپ ، چىرايى كەكرى يۇتۇۋالغاندەك تۇرۇلۇپ كەتتى . بۇ ئارىلىقتا قەدىردان ساندۇقتىكى قاتلاقلىق كىيىم - كېچەكلەرنى ئالدى - دە ، قوپماي ئىنجىقلاپ ياتقان قۇرباننىڭ قېشىغا كەلدى :

— ھەي بۇلاڭچى ئوغرى ، بۇ كىيىملەر كىمنىڭ ؟ مېنىڭ ئۇكام ئابدۇراخمان ئەۋەتكەن كىيىملەر شۇمۇ ئەمەسمۇ ؟

— شۇ ! — قۇربان توڭگۇز بېشىنى لىڭشىتتى ، — ئۇنى ماڭا ئەركىن ساقچى ، ئۆزۈڭدىن ئاشقىنىنى تۇتقۇزۇپ قوي ، دەپ بەر-گەن ، لېكىن مەن …

— ئىگىسىگە بەرمىگىنىڭگە قارىغاندا ، — دېدى ساقچى تۇر-سۇن ، — ھەممىسى ئۆزۈڭدىن ئاشماپتۇ - دە ، شۇنداقما ؟

— ئەركىن ساقچىنىڭ نېمە ھەققى باركەن مەندە ؟ — قەدىردان ئەركىنگە مىختەك قادالدى ، — دەپ باققىنا ، ھەي ساقچى ئاداش ، بىراۋنىڭ ئامانىتىنى باشقىلارغا نەزىر قىلىۋېتىدىغان بۇ سېنىڭ تۈزۈمىڭما ؟

— ھەي ، ھەي ، تۈزۈك گەپ قىل جۇمۇ ، — ئەركىن ئەمدىلا ئاغزىنى ئېچىشى ، قەدىردان قان ئۇيۇپ كەتكەن مۇشتۇمىنى شارتلا تەڭلىدى :

— ھەي ئىسىت ، ساقچى فورمىسى ئۈستۈڭدە بولۇپ قالدى .

بولمىسا ماۋۇ ئۈچ لالما ئىتتىن بەتتەر قان يالىتاتتىم . ھېلىمۇ تالا ـ تۈزلەرگە فورمىسىز چىقىپ قالما ، مېنىڭ مۇشتۇمۇم ئادەم تونۇمايدۇ .

— قوپە ، ھەي مۇتتەھەم ، — باشلىق قاھار قۇربانىنىڭ بىقىنىغا پۇتى بىلەن نوقۇدى ، — سېنى ئەستايىدىل تەكشۈرمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ .

قۇربان ئىنجىقلاپ قوپۇپ ، سۆكىگە كېلىپ ئولتۇرۇشى ، قەدىردان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك تۇردى .

— ئاغىنىلىرىم قاچانكى سېنىڭ مەشەدىن چىققىنىڭنى خەۋەر قىلسا ، مەن سېنىڭ ئالدىڭغا چىقىمەن ، — قەدىردان قۇربانىنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى ، — بىلىپ قوي ، تاز قوشقارنىڭ ئەنتى مۇڭگۈزلۈكىدە قالىدىغان ئىش يوق ، ئەگەر ئوغۇل بالا بولساڭ پەرتىندە قېچىپ كەتمەيسەن !

— بولدى ، قەدىردان ، بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ ئانچە خەۋىرىم بولماپتۇ ، — دېدى باشلىق قاھار ئەركىنگە ئالىيىپ قويۇپ ، — بۇ مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقى ۋە بيۇروكراتلىق مەندە ئېغىر بولغانلىقتىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر .

— ئۇكامنىڭ دېيىشىچە ، — قەدىردان ئەركىنىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادالدى ، — سەن ئۇنىڭ يېقىن ئاغىنىسىكەنسەن ، لېكىن مەن سىلەرنىڭ دوستلۇقۇڭلاردىن گۇمانلىنىپ قالدىم . سەن ساقچى سەپداشلىرىڭغا قارىغاندا ، زوراۋانلارغا يېقىن ئوخشايسەن ، بىلمىدىم ، سەن ئۇلاردىن قانچىلىك نەپ ئالىسەنكىن !

قەدىردان چۈشتىن كېيىن ئاچىسى گۈلنۇر ، قېيناكىسى سابىت بىلەن كۆرۈشكىلى چىققاندا ، ئۇلار قەدىردانىنىڭ پېشانە ھەم بېشىنىڭ ئارقىسىغا چاپلانغان داكىلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىشتى . ئۇنىڭ چىرايىمۇ خېلىلا تاتىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى .

— ۋاي جېنىم ئۇكام ، ئەتىگەنلا ساق تۇراتتىڭ ، پېشانە ، باشلىرىڭنى تېڭىۋاپسەنغۇ ؟ — گۈلنۇر ئۇكىسىنىڭ قىزىققانلىقىدىن بەكمۇ ۋايىم يەيتتى ، — يەنە بىر ئىش چىقارغان ئوخشىد-

مامسەن ؟
— ئاچا ، هېلىقى كارتا نومۇرىغا پۇل سالمىغانسىلەر ؟ — ئالدىراپ سورىدى قەدىردان ، — ئەمدى سېلىشنىڭ هاجىتى يوق .
— نېمىشقا ئەمدى ؟
— نېمىشقا ئىكەنلىكىنى سورىما ، هە راست ، ئابدۇراخمان راست كىيىم ئەۋەتىپتىكەن ، ئۇنىمۇ تاپتىم .
— نەدىن تاپتىڭ ؟
— ئۇ كىيىملەرنى جان ـ جىگەر ئاغىنىسى ئېلىپ قويۇپ ، — قەدىردان ئاچىسىنىڭ يۈزىگە قارىمىدى ، — ماڭا بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىكەن .
— شۇنداقمۇ ئىش بولامدىكى ، راست گەپ قىل ، سەن يەنە بىر ئىش چىقارغان ئوخشايسەن .
— ۋاي بولدىلا ، باشقا گەپلەرنى قىلىشمايلى . ئەتىگەن سوراشنى ئۇنتۇپتىمەن ، — قەدىردانىڭ كۆزىگە ياش كەلدى ، — دادام ، ئانىلار ئوبدان تۇرغاندۇ ؟
— ئۇلارمۇ ياخشى ، ئەتىگەن مەشەدىن كېتىپلا ئابدۇراخماننىڭ ئۆيىدىن خوتەنگە تېلېفون بەردىم ، — گۈلنۇر يەنە يىغلىۋەتتى ، — سېنىڭ ئەهۋالىڭنى دېۋىدىم ، ئانام ئابدۇراخماننى تىللاپ بەشپۇچۇق قىلىۋەتتى هەم : «هازىرلار قايتۇرۇپ چىقمىساڭ ، سەندەك بالام يوق» دەپ تېلېفوننى جاقلا قويۇۋەتتى . شۇڭا ، ئابدۇراخمان بۈگۈندىن تارتىپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن سېنى قايتۇرۇپ چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمەكچى .
— چاتاق قىپسەن ، ئاچا ، — دېدى قەدىردان سەل تېرىكىپ ، — ماڭا هازىر 33 كۈن بولدى . يەنە يەتتە كۈندە بىر قارار تۈگەيدى ئەمەسمۇ ، ۋاقىت توشمىسا قايتۇرۇپ چىقىش رەسمىيىتى ئۆتىمەك تەس .
— زادى تاشلىيالىغانلىقىڭغا ئىشەنچىڭ بارمۇ ـ يوق ؟
— خاتىرجەم بول ، ئاچا ، يۈزدە يۈز دېگىنە ، ئەمدى هاياتىمنى

قايتىدىن باشلايمەن .

گۈلنۇر بىردىنلا ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى . نېمىلا دېگەنبىلەن قېرىنداشتە ! يەنە كېلىپ قىز قېرىنداشلار ئو- غۇل قېرىنداشلىرىغا بۆلەكچىلا مېھرىلىك بولىدۇ . بۇنى كونىلار ، قىزلار ئاجىز بولغاچقا ، ئوغۇللارنى يۆلەنچۈكىمىز ، بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە شاپائەتچىمىز ، ياتلارنىڭ ياتلىشىشىغا ئۇچرىغاندا پا- سىبانىمىز ، دەپ چوڭ بىلگەنلىكتىن دەپ قارىشىدىكەن ، ئېھتىمال شۇنداقتۇر . بىراق ، قىزلاردا ئوغۇل قېرىنداشلىرىغا بولغان مې- ھىر- شەربەتلىرى زوۋۇلىسىغا قېتىلىپ كەتكەن بولىدۇ ، دېيىشى- دىكەن ئانىلار !

گۈلنۇر ئىچ كىيىم ، تاش كىيىم ، بىرقانچە دانە پايپاق ، ئاياغ ، شۇنداقلا سوپۇن پاراشوكى ، يۈز سوپۇن ، چىش پاستىسى قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنغان چوڭ سۇلياۋ خالتىنى ئۇكىسىغا تۇتقۇزدى .

— ئەتە ، كېچىكسە ئۆگۈنلۈككە سېنى ئالغىلى كېلىمىز ، — دېدى گۈلنۇر ئىشەنچ بىلەن ، — شۇ چاغقىچە يوتقان تاش ، كۆرپە ئەستەر ھەم كىيىملىرىڭنى قايناق سۇغا بېسىپ ، ئاپتاپقا يايغىن . مۇنچىدا پاكىز يۇيۇنۇپ ، كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇر ، ئىلاج بار كونىلىرىنى ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەت ، بىز ئاچىقىپ كەتكۈچە روھ- لۇق ، تېتىك ، پاكىز بولۇپ تۇرغىن .

— رەھمەت ، ئاچا ، قېرىنداشلىقنى يەتكۈزدۈڭ ، — قەدىردان تۆكۈلۈپلا تۇراتتى ، — سېنىڭدەك كۆيۈملۈك ئاچامنىڭ بولغانلىقى- دىن ئۆزۈمنى قانچىلىك بەخت ، ئامەتلىك ھېس قىلىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن ؟

— ئۇنداق دېمە ، بىر قورساقتا ياتقان ، بىر ئەمچەكنى تالى- شىپ ئەمگەن قېرىنداشلار تۇرساق ، ئۇنچىلىك قىلىشمىز نورمال ئىشقۇ .

گۈلنۇر ، سابىتلار قايتىپ كېتىپ ئۈچىنچى كۈنى ، رەتلىك كىيىنگەن ، ئاپئاق ئات يۈزلۈك چىرايىغا قاپقارا توم ، قوشۇما

قاشلار ، قارا چوڭ كۆزلەر ، قىزلاردىمۇ كەم تېپىلىدىغان قويۇق كىرپىكلەر خۇددى ئاق خەسىگە تۆكۈلگەن قارا سىياھتەك يارقىن يارىشىپ تۇرغان قەدىردان «ئاق تۇمان مەجبۇرىي زەھەر تاشلاش ئورنى» دىن چىقتى . ئۇلار ھويلىدىن چوڭ كوچىغا چىقىشى ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا سالاپەتلىك ، چارلاشقان كەكە ساقال ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر كىشى «مۇبارەك ! ··· مۇبارەك !» دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇ يېقىن كەلگەندىلا ، قەدىردان ئۇنى تونۇپ ، قۇچىقىنى كەڭ ئاچتى .

— ياقۇپ ھاجىم ! ئاھ ، ياقۇپ ھاجىم ! ئامەتلىك دەۋرلىرىمىنى ، غۇبارسىز چاغلىرىمنى ئەسكە سالغان ھاجىم ، باللىقىمنى ياندۇرۇپ بەرگەن ھاجىم !

قەدىردان بىلەن ياقۇپ ھاجىم يول ئۈستىدىلا قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىشتى .

— مەن خوتەندىلا ئابدۇراخماننىڭ جىخ نازارىتىدە ئىشلەيدىغانلىقىنى ئابباس بۇجاڭ ، خەيرىگۈل خانىملاردىن ئاڭلىغاچقا ، — دېدى ياقۇپ ھاجىم ھاياجان بىلەن ، — ئۇدۇللا شۇ يەرگە بېرىپتىمەن ، لېكىن سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كەتكىنىڭلارنى ئاڭلاپ ئارقاڭلاردىن قوغلاپ كېلىشىم .

ياقۇپ ھاجىم ئۇلارنى «تويوتا» ماركىلىق ھەيۋەتلىك ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى . ئۇلار شىنجاڭ مېھمانخانىسىنىڭ ھەيۋەتلىك بېزەلگەن خاس بۆلۈمىگە كىرىشى بىلەن ، مۇلازىم قىزلار ئېسىل تائام ، مەززىلىك قورۇمىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلىپ كەلدى . قىزىق دەملەنگەن چايلار تارتىلدى ، ئەمما ھەممىدە بىر خىل قورۇنۇش ۋە تارتىنىش ئالامىتى بولغاچقا ، داستىخانغا قول ئۇزىتالماي سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى . بۇ جىمجىتلىقنى گۈلنۇرنىڭ ئېرى سابىت دوختۇر بۇزدى :

— قېنى ، ساھىبخان ئىككى كەلىمە گەپ قىلىپ بەرسە ، ئەلۋەتتە ، بىزنى بۇ يەرگە سەۋەبسىزلا ئېلىپ كەلمىگەندۇ .

— توغرا ، — دېدى قەدىردان كۈلۈپ تۇرۇپ ، — ھاجىمنىڭ

تەنبىھ ، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىمۇ ئۇزۇن يىللار بوپتۇ .
ياقۇپ ھاجىم ئورنىدىن تۇردى ، ئۇنىڭ ناۋات رەڭ كەمزۇلى ، ھەرەمنىڭ ئاق تور دوپپىسى ، سۇس مايسارەڭ كەشتىلەنگەن چوڭ ياقىلىق كۆڭلىكى بەكمۇ ياراشقان بولۇپ ، خۇددى مېھرابتىن ھېلىلا چىققان مويسىپىت ئاخۇنۇمغا ئوخشاپ قالغانىدى .
— بۇ ئاددىيغىنا داستىخاننى ھەرقايسىلىرىغا تەييارلىشىمدىكى سەۋەب ، ئازراق دىل سۆزلىرىم بار ئىدى ، — ياقۇپ ھاجىم سالاپەت بىلەن يۆتىلىپ قويدى ، — مېنىڭ ھازىر خۇدا بەرگەن 170 ماشىنىلىق «كارۋان» يۈك توشۇش ، يۆتكەش كالونۇم بار ، بۇ كالوننىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنى بىر ساخاۋەتچىمنىڭ خالىسانە قىلغان شاپائەتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ ، ئۇ بولسىمۇ ئىنىم قەدىردانىدۇر . ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مىننەت ـ تەمەسىز ، ھىممەت قولىنى سوزۇپ ، ماڭا ئامەت يوللىرىنى ئېچىپ بەرگەنىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ تۈرلۈك سوۋغات تەييارلىدىم :
بىرىنچىسى ، قەدىردانىنى قاغىلىقتىكى 50 ماشىنىلىق «دۇلدۇل» ئەترىتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىپ كەلدىم .
ئولتۇرغانلار بىردىنلا چاۋاك چېلىشتى .
— ئىككىنچىسى ، — ھاجىم دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ ، سىرتقا قولىنى چىبىندى ، — ئەنە ئاشۇ چەت ئەلنىڭ «لادا» ماشىنىسىنى قەدىردانىغا سوۋغات قىلدىم .
گۈلنۇر ، سابىت ، قەدىردانلار ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىكى مېغىز رەڭلىك يالتىراپ تۇرغان ماشىنىغا قاراپ ، ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىشتى .
— ئۈچىنچىسى ، — ياقۇپ ھاجىم سەل تىنىۋالدى ، — بۇ قېتىم چەت ئەلگە بارغىنىمدا ئالماس كۆزلۈك بىر ئۈزۈك ئالغاچ كەلگەنىدىم ، ئەمما ياتاقتا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ . يۇرۇڭلار ، مۇشۇ بىرىنچى قەۋەت 3 ـ ئۆيدە ، كۆرۈپ كېلەيلى .
ياقۇپ ھاجىم قەدىردان ، گۈلنۇر ، سابىتلارنى باشلاپ ياتاق ئالدىغا كەلدى ـ دە ، كارتىنى تۈز قۇلۇپ كارتا تۆشۈكىگە سېلى-

شى ، زىل سىگنال بېرىپ ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى .

— قېنى قەدىردان ئىنى ، ئۇزۇك دىۋان ئۇستىدە ، ئاۋۋال سەن كىرىپ كۆرگىن ، چۈنكى ئۇزۇڭ سىىنىڭكى ، ئاندىن كېيىن بىز كۆرسەكمۇ ئۇلگۇرىمىز .

قەدىردان كىرىپ كەتتى . گۇلنۇر ، سابىتلار تېڭىرقاپ قېلىشتى . گۇلنۇر كۆڭلىدە : «بىر ئۇزۇكنى نېمانچە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىدىغاندۇ» دەپ غىجىنسا ، سابىت ئىچىدە ، ھاجىمنىڭ بىر ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى مۇسەللەپ بولدى . نەق شۇ چاغدا ، ياتاق ئىچىدىن شادلىق ، جۇدالىق ، سېغىنىش پىراقلىرى مۇجەسسەملەنگەن مۇڭلۇق بىر نىدا ياڭرىدى !

— قەدىردان !

— مەدىنە !

— يۇرۇڭلار ، بىز تاماق يەيلى ، — دېدى ھاجىم ھەيرانلىق ئىلكىدە چەكچىيىپ قالغان گۇلنۇر بىلەن سابىتقا قاراپ ، — قەدىردان ئالماس كۆزلۈك ئۇزۇكىنى تاپشۇرۇۋالدى .

ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز خاس خانىغا كىرىپ كېتىشتى .

# خاتىمە

چەكسىز تەكلىماكان قۇملۇقى ، قەدىمكى توغراق ئورمانلى-
رى ، گاھ ـ گاھ ئۇچراپ قالىدىغان قۇملۇق گىياھلىرى ، ھال
رەڭ قىزارغان يۇلغۇنلار ، گويا پايانسىز بوز رەڭ رومال ئۈستىگە
قارا لېنتا تاشلانغاندەك ئاسفالت يول ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا سوزۇلغا-
نىدى . مانا ئاشۇ يولدا مېغىزرەڭ «لادا» شامال سايىسىدەك كېتىد-
ۋاتىدۇ . بېشىدىن ئالەمچە كەچمىشلەر ئۆتكەن قەدىردان رولنى
تۇتقىنىچە ، خىجىللىق ، تەشۋىش ئىسكەنجىسىدە بوغۇلۇپ يىراقلارغا
باقماقتا ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان مەدىنەنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈل-
گەن ئۇنچىدەك ياشلار يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى .

— ئۇ يىگىت بىر يىلدەك كەينىمگە كىرىۋالدى ، — دېدى
مەدىنە قىسمەتلىرىنى بايان قىلىپ ، — مەن ئۇنىڭغا ئۇنىمىدىم ،
كېيىن ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزگە دېمەيلا توي تەييارلىقىغا چۈشۈپ-
تۇ . ئاخىر ئۇ يىگىتنى ئالداشنى خالىمىدىم ، ئوچۇق گەپنى قىل-
دىم . شۇنىڭ بىلەن توي بۇزۇلدى .

— ئۇنىڭدىن كېيىن توي قىلىشنى ئويلاشمىدىڭمۇ ؟ —
قەدىردان مەدىنەنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى ، — ياكى خالىمى-
دىڭمۇ ؟

— ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈمگە ئايان تۇرسا ، — مەدىنە
ئېسەدەپ كەتتى ، — يەنە باشقىلارنى ئالدىسام بولمايدۇ ـ دە ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ، «سەت» نامى چىققان قىزنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن
خېرىدارى بولمايدۇ .

— شۇندىن كېيىن ساڭا پەقەتلا ئەلچى كىرمىدىمۇ ؟

— كىردى ! — مەدىنە ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ خېلىغىچە گەپ
قىلالمىدى ، — مېنى ئالماقچى بولغان يىگىتنىڭ 68 ياشلىق

دادىسى تۆتىنچى خوتۇنلۇقتا ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ . كاپىتالىستلاردا
هايا ـ نومۇس بولمايدىكەن ، مەن خورلۇقتا چىدىيالماي ، ئىستاز-
بۇل مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كەتتىم .
— كەچۈر ، مەدىنە ، سېنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭغا مەن
سەۋەب بولدۇم .
— ئۇنداق دېمە ، ئۇ چاغدا ئىككىمىزلا كېيىنكى ئاقىۋەتنى
ئويلىمىغان . شۇنداقتىمۇ مەن ئېچىنمايمەن .
— دوختۇرلۇقتا قانچە يىل ئوقۇدۇڭ ؟
— سەككىز يىل .
مېغىزرەڭ «لادا» يول چېتىگە چىقىپ توختىدى . ئۇلار ماشى-
نىدىن چۈشۈپ توق هال رەڭ تاۋلانغان يۇلغۇنلار ئارا ، يېقىنلا
يەردە كۆرۈنگەن ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىغا باردى ، قۇچاق
يەتكۈسىز قېرى توغراقلار هەرخىل شەكىللەردە قەد كېرىپ تۇراتت-
تى . بەزىلىرىنىڭ قېلىن قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ ، ئاپئاق تېنى
ئېچىلىپ قالغان بولسا ، بەزىلىرىنىڭ ئىچى بىر ئۆيدەك كاۋاكلى-
شىپ كەتكەنىدى . ئەسىرلەردىن بېرى ئۈنگەن ، كۆكەرگەن ، قېرى-
غان ، يىقىلغان توغراقلار تەبىئىي ئوتۇن تاغلىرىنى هاسىل قىلغا-
نىدى . قەدىردان بىلەن مەدىنە يۇمشاق قۇمدا چوڭقۇر ئىزلارنى
قالدۇرۇپ ئايلانغاندىن كېيىن ئارقىغا ياندى .
— قەدىردان ، بىز ئايرىلغاندىن كېيىن سەن ئۆيلەنگەنسەن ؟
— ئىككى قېتىم ئۆيلەندىم ، ئىككىسىلا ئۆلۈپ كەتتى ، —
قەدىردان مەدىنەنى ئالداشنى خالىمىدى ، — بولۇپمۇ مېهرىبان ساڭا
بەك ئوخشىغانلىقى ئۈچۈنلا ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان .
— ئۇنداقتا مېنى ئۇنتۇماپسەندە ـ دە ؟
— بالىلىقتىكى تۇنجى مۇهەببەت يۈرەك ـ قەلبىڭگە ئوتلۇق
مۆهۈردەك بېسىلىپ كېتىدىكەن ، سېنىڭچۇ ؟
— شـۇڭلاشقا يـاقۇپ هـاجىمغا يېلىنـىـپ يىنىپ كەلدىم-
غۇ ، مەن ··· مەن بەختىمنى پەقەت سەندىنلا تاپالايمەن !
ئۇلار بۆك يۇلغۇنلار دالدىسىدا يېقىنلاشتى ، هە ئىككىسىدىلا

بۈندىن 15 يىل مۇقەددەم تامباغ ئورمانلىقى ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىزتىراپ ، ھاياجان تىترىكى قايتا نامايان بولدى . قەدىردان مەدىنە-نىڭ ئەۋرىشىم بەللىرىدىن قامالالاپ ئۆزىگە تارتتى ، مەدىنە تېلىقىپ-قىنا ئۇنىڭغا چاپلاشتى .

— ھازىر ئۆيدىكىلەر تويغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندۇ ـ ھە ؟ — دېدى قەدىردان ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ ، — مەن تويدىن كېيىن قاغىلىقتا كەتسەم ، سەنچۇ ؟

— شۇنچە يىل جۇدالىق ئازابىنى تارتتىم ، يېتەر ! — مەدىنە قىزىرىپ كەتتى ، — ئەمدى سايەڭدەك نەگىلا بارساڭ ، مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن .

— بىرەر دوختۇرخانىلاردا ئىشلەشنى ئويلاپ كۆرمىدىڭمۇ ؟

— ياق ، ئۆز ئالدىمغا دوختۇرخانا ئاچايمىكىن دەيمەن .

— توغرا ، مەنمۇ شۇنداق ئويدىمەن .

مېغىز رەڭلىك «لادا» تەكلىماكان ئىچىدىكى قارا لېنتىنى بويلاپ ، بارا ـ بارا مانانلار ئىچىدە غايىب بولدى...

مەسئـۇل مۇھەررىرى : مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كورركتورى : ئايگۈل سابىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : مىرزات ئابدۇللا تاجى

**ئامەت ۋە ئاپەت ( 2 )**

ئاپتورى : جالالىدىن بەھرام

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى : 880×1320 مىللىمېتر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 15.75 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىلى 12 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى : 5 001 — 10 000
ISBN 7—228—09997—4
باھاسى : 32.00 يۈەن